





# رەقىپلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار







شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى







ISBN7−5371−1922−8

I • 653(民文) باھاسى : 8.60 يۈەن





جون. ۋ. گارۋېر (ئامېرىكا)

# رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار

تەرجىمە قىلغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت
سىدىقهاجى روزى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

جون. ۋ. گارۋېر [ئامېرىكا]

# رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئوسمانجان ساۋۇت
سىدىقھاجى روزى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

بۇ كىتاب ئىجتىمائىي پەن ھۆججەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992- يىلى 2 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据社会科学文献出版社 1992 年 2 月第 2 版第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس

# رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار

*

جون. ۋ. گارۋېر (ئامېرىكا)
ئوسمانجان ساۋۇت
سىدىقھاجى روزى
تەرجىمىسى

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168 ×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 21.25
1994 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1994 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7—5371—1922—8/I・653
سانى: 7070 — 1
باھاسى: 8.60 يۈەن

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ ئامېرىكا جورجىيا تەبىئىي پەن ئىنستىتۇتى سىياسەت ئىلمىنىڭ پروفېسسورى گارۋېر (جون گارۋېر، Johnw. Garver) نىڭ خەلقئارا سىياسەت تارىخى توغرىسىدا يازغان مەخسۇس ئەسىرى. كىتابتا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا سانلانغان ئۇرۇش مەزگىلىدىكى دىپلوماتىيىگە دائىر ئارخىپلاردىن پايدىلىنىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى جۇڭگو سوۋېت مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇر تەسىرىنى جۇڭگونىڭ مىللەتچىلىكى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە كۆرۈنۈش نۇقتىسىدىن چوڭقۇر تەھلىل ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى تارىخى تۆھپىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زەئىپ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى تەنقىد قىلغان، ئەينى چاغدىكى خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدىمۇ بىر مۇنچە يېڭى كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

# مۇندەرىجە


**بىرىنچى باب ئىغىر پەردە — سۇن جۇڭشەن، جياڭ جيېشى، ماۋزېدۇڭلار بىلەن ستالىن ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي مۇناسىۋەت** ........................................ 1

1. سۇن جۇڭشەن، جياڭ جيېشى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ مىللىي مۇددىئاسى ........................................ 1

2. ستالىن ۋە جۇڭگودىكى سىياسىي بورانلار ...... 13

**ئىككىنچى باب كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا — ستالىن بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى** ........... 30

1. ستالىن بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ ئورتاق بىخەتەرلىك مەنپەئىتى ........................................ 30

2. «ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» ھىلىسىدىكى ئېلىشىش ........................................ 40

3. جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ دەيدىغان خام خىيالىنىڭ بەربات بولۇشى.................. 51

4. جياڭ جيېشىنىڭ ستالىننى قىستايدىغان يېڭى تەدبىرى........................................ 62

5. ۋۇخەن ئۇرۇشى: جياڭ جيېشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقى........................................ 76

6. جياڭ جيېشىنىڭ نومىن توقۇنۇشىدا قوللانغان تاكتىكىسى ........................ 86

7. ستالىن ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشنىڭ ئورنىغا جۇڭگوغا ياردەم بېرىشنى قويىدى ........................ 95

8. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ۋە جۇڭگونىڭ ئەمەلدارلار سورۇنى ........................ 106

9. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان
ياردىمىنىڭ ئۆزئارا سېلىشتۇرمىسى ...................... 126
10. ماۋ زېدۇڭنى تىزگىنلەش: جياڭ جيېشى بىلەن
ستالىننىڭ ھۆججەتلەشمىگەن ئىتتىپاق شەرتنامىسى ... 130
**ئۈچىنچى باب : تارىخىي پۇرسەت — ماۋ زېدۇڭ**
**بىلەن ستالىن ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ........... 137**
1. جۇڭگو ئىنقىلابى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مەنپەئىتى
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ................................ 137
2. ستالىن ئىنقىلابنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
خەۋپسىزلىكىنى قوغداش تەرەپكە يېتەكلىدى. ........... 141
3. ماۋ زېدۇڭنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش تاكتىكىسى بىلەن
ئىنقىلاب ستراتېگىيىسىنىڭ بىرلىكى .................. 144
4. ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىن «ئالاھىدە ئەلچى» لىرىنىڭ
دەسلەپكى ئېلىشىشى ........................................ 155
5. ستالىننىڭ «تازىلاش» ئەندىزىسى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ دانا
سىياسىي ئۇسۇلى ........................................... 163
6. كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىككى رەھبىرىنىڭ
جەنۇبىي شىمالدا زور كۈچ سىنىشىشى .................. 171
7. ۋاڭ مىڭ ۋۇخەندە مەغلۇپ بولدى: ستالىننىڭ
تاكتىكىسى ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىدى .................. 181
8. ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىننىڭ تۇنجى مېتىم
مۇرەسسەلىشىشى .............................................. 186
9. جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق
كوممۇنىستىك پارتىيىنى چەكلەش ستراتېگىيىسىنىڭ بەربات
بولۇشى ....................................................... 198
**تۆتىنچى باب قويۇقلاشقان ئۇرۇش بۇلۇتلىرى —**
**جياڭ جيېشى بىلەن ستالىن ئوتتۇرىسىدىكى ھەپىلىشىش**
210 ................................................................
1. ستالىننىڭ جياڭ جيېشىنىڭ ستراتېگىيىسىنى رەت

قىلىشى ............................................ 210
2. جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ـ ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىشتىكى خىلمۇ خىل چارە ـ تەدبىرلىرى ... ............................................ 227
3. ئاۋاز بېرىشتىن ۋاز كېچىش قوزغىغان جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى بوھران ............................................ 237
4. ستالىننىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردەمنى ۋاقىتىنچە توختىتىشى ............................................ 251
5. جياڭ جيېشىنىڭ ياپونىيە كوزىرى ............ 266
6. ستالىننىڭ جياڭ جيېشىنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرگەن مەۋقەسى ............................................ 275
7. جياڭ جيېشى ستالىننىڭ «ئاسىيلىقى» ئېتىراز بىلدۈرۈشى ............................................ 281
8. جياڭ جيېشىنىڭ پەسكويغا چۈشۈشى ............ 291
**بەشىنچى باب مۇشەققەتلىك يىللار — ستالىن ۋە گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھەمكارلىقى** ............................................ 295
1. ماۋ زېدۇڭنىڭ ستالىننىڭ جانلىق ستراتېگىيىسىنى قارشى ئېلىشى ............................................ 295
2. ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى ئەپچىللىك بىلەن تىكلىدى ............................................ 303
3. ستالىن جياڭ جيېشىنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى. ............ 311
4. ستالىن ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنقىلابىي كۈچلەرنى كېڭەيتىشنى توسىدى ............................................ 317
5. ستالىن، ماۋ زېدۇڭ ۋە يۈز تۈەنئۆرۈشى...... 343
6. «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى»نىڭ ستالىنغا بولغان بېسىمى ............................................ 347
7. ستالىننىڭ مۇرەسسەچىلىك ئىنكاسى ............ 355

8. ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىننىڭ يېڭى چۈشىنىش ھەسىل قىلىشى ............................................ 360
**ئالتىنچى باب شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇن — ماۋ زېدۇڭ، ستالىن، جياڭ جيېشىلارنىڭ سىياسىي ئۈچ بۇرجىكى** ........................................ 363
1. ستالىن شېڭ شىسەيدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنى تىزگىنلىدى ............................................ 363
2. ستراتېگىيىلىك يول ۋە تەسىر دائىرە ......... 370
3. ماۋ زېدۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى كۆچى.................. 374
4. جياڭ جيېشىنىڭ نارازىلىقى ۋە ھەربىي قامال... 386
5. چوڭ مىللەتچىلىكنىڭ پۇشايمىنى.................. 394
6. شىنجاڭدىن چېكىنىش.................................. 410
7. جاللاتلارنىڭ ئۆزگىرىشى............................ 424
8. جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭنى تىزگىنلىشى ...... 428
**يەتتىنچى باب خەلقئارا شاھمات تاختىسى — جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە دۇنيا ئۇرۇشى ......** ................................................................ 432
1. سوۋېت بىلەن ياپونىيىنىڭ بىتەرەپ تۇرۇشى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ قارشى تەدبىرى ................................ 432
2. قاتناش كىرىزىسى ۋە جۇڭگونىڭ ئاخبارات ئىدارىسى ... 447
3. جياڭ جيېشى ستراتېگىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ... 458
4. چوڭ دۆلەت قۇرۇش چۈشى ۋە يوشۇرۇن ئىنقىلاب ................................................................ 461
5. قاھىرەدىكى بىنورمال كەچكى زىياپەت ......... 471
6. جياڭ جيېشىنىڭ ئامېرىكا كوزىرى ۋە كوممۇنىستلارنى يوقىتىپ، سوۋېتكە قارشى تۇرۇش تەدبىرى .............. 478
7. روزۋېلتنىڭ سالاچىلىقى............................ 493
8. دۇنيادۇن كاۋچۇكزارلىقى يىغىنى: جياڭ جيېشى بىلەن ستالىننىڭ ئېلىشىشى ................................ 499

9. جىياڭ جيېشى ۋە يالتا شەرتنامىسى ...... 505
10. تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدىكى تالاش-تارتىش 519
11. پرىنسىدامدىكى «تاۋكا» دا جىياڭ جيېشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ...... 540
12. سىنىق - سىپايە مۇرەسسە ۋە ئەمەلىيەتتىكى يول تۇتۇش ...... 545
13. تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىللىكىنىڭ تەسىرى 556

سەككىزىنچى باب ئىچكى ئۇرۇش ھارپىسى — ماۋزېدۇڭنىڭ ستالىننىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلۇشى ... 561
1. ستالىننىڭ نىشانى ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ ئايلانما ستراتېگىيىسى ...... 561
2. ستالىن ۋە يەنئەن ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ...576
3. ئىچكى ئۇرۇشنىڭ بۇرۇلۇشى ماۋزېدۇڭ، جىياڭ جيېشى ۋە ستالىن ...... 593
4. فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاق ئاستىدىكى ماۋزېدۇڭ بىلەن جىياڭ جيېشى ...... 605
5. ماۋزېدۇڭنىڭ ئاخىرقى تەييارلىقى ...... 631
6. ئاچقۇچلۇق پەيتتە ستالىننىڭ بىۋاسىتە ئارىلىشىشى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ جانلىق تاقابىل تۇرۇش سىياسىتى ...... 638

توققۇزىنچى باب ئىلاھىي قەھرىمان — تارىخنىڭ جاۋابى ...... 648
1. جىياڭ جيېشى نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولدى؟ ... 648
2. ماۋ زېدۇڭ نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى؟ ...653
3. كەلگۈسىدىكى تارىخىي شەرت: ماۋ زېدۇڭ، جىياڭ جيېشى ۋە ستالىن توغرىسىدا تەھلىل ...... 660

بىرىنچى باب

# ئىغىر پەردە — سۇن جۇڭشەن، جياڭ جيېشى، ماۋ زېدۇڭلار بىلەن ستالىن ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي مۇناسىۋەت

## 1. سۇن جۇڭشەن، جياڭ جيېشى ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ مىللىي مۇددىئاسى

بۇ كىتابتا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالاھىدە تارىخىي مەزگىلدىكى مۇرەككەپ ۋە نازۇك مۇناسىۋەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. X X ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرى ئالتوپىلاڭ تىنىماي كۆتۈرۈلۈپ، داۋالغۇپ تۇرغان يىللار بولۇپ، جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى ياپونغا قارشى ئومۇمىي خەلق ئۇرۇشى جەريانىدا قان بىلەن ئوتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتى.

جۇڭگو مىللەتچىلىرى، قۇدرەتلىك ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ۋە مىللىي ئىپتىخارلىقنىڭ ئۇنىۋېرسال مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇنلا ياۋروپانىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان ھەم ئۇنى بىئارام قىلغانىدى. فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇنى بۇرۇندىن ھاكىممۇتلەقلىققە ئىتائەتمەن بولۇپ كەلگەن كەڭ خەلق ئاممىسىنى «ئۆز» مەملىكىتىنىڭ تەقدىرىگە ئۆزلۈكىدىن كۆڭۈل بۆلىدىغان ھالەتكە كەلتۈردى. ناۋادا بۇنداق بۇرۇلۇش بارلىققا كەلگۈدەك بولسا، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان

ئاددىي يۇقىرى دۆلەتنىڭ سىياسىي پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلىنىپ، توسۇغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىم ھاسىل قىلىدۇ ھەمدە شۇ يوسۇندا ئاتالمىش ھازىرقى زامان سىياسىيسىنىڭ ئېغىر پەردىسى ئېچىپ تاشلىنىدۇ.

جۇڭگودا مىللەتچىلىكنىڭ گۈللىنىشى، غەرب جىنايىسى جاھانگىرلىك تۈزۈمىگە بېرىلگەن جاۋاب بولۇپ، ئۇنى غەرب مىللەتچىلىكىنىڭ ئىنكاسى دەپ بىلىشكىمۇ بولىدۇ. نەچچە مىڭ يىللىق شەپقەتسىز تارىخنىڭ تاسقىشى ئارقىسىدا، جۇڭگولۇقلاردا ئۆزلىرىنىڭ تەڭداشسىز مەدەنىيىتىنى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ مەركىزى ئورنىغا قويىدىغان ئەقىدە تۇرغۇزۇلدى.

گەرچە ئۇلاردا بۇ خىل مىللىي غۇرۇر ئۇرغۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ھاكىمىيەت ئالماشقان، بوھرانلىق پەيتلەردىن باشقا چاغلاردا، ئادەتتىكى جۇڭگولۇقلار بۇ مەملىكەتنى ئىنتايىن ئاز تەن ئالدى، ئۇلار بۇ دۆلەتنىڭ تېخىمۇ قۇدرەت تېپىشىغا بەكمۇ ئىنتىزار ئەمەس ئىدى. پەقەت غەرب جاھانگىرلىكىنىڭ ئەنئەنىۋى جۇڭگو جەمئىيىتىگە ئەكەلگەن بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى تەسىرىگە ئەگەشكەندىلا، ئاندىن بۇ جەھەتلەردە ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

1840 ـ يىلى، جۇڭگو ـ ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا، جۇڭگولۇقلارغا ئار ـ نومۇس كەلتۈرگەن ئەپيۇن ئۇرۇشى پارتلىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، جۇڭگونىڭ بىرمۇنچە مۇتەپەككۇرلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ غەربنىڭ ھۇجۇمىغا قارشىلىق قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئىسلاھاتچىلىق قىلىش غەرىزىدە تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ، چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈردى.

XIX ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، غەرب مۇشتۇمزورلىرىنىڭ خورلىشى تۈپەيلىدىن ئارلىنىش تۇيغۇسى كەڭ يېيىلىپ، ئۇلاردا: ئىسلاھاتچىلىق بولمىسا دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزغىلى، نىجاتلىققا چىقارغىلى بولمايدۇ، دېگەن ئەقىدە

تىكلەندى. ۋەھالەنكى، بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندىلا ئاندىن بازار تېپىپ، ھازىرقى زامان تۈسىنى ئالغان مىللەتچىلىك پەيدىنپەي گۈللىنىشكە باشلىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، 1900 - يىلىدىكى يىخېتۇەن ھەرىكىتىنى جۇڭگودىكى كەڭ كۆلەملىك تۇنجى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى جۇڭگودا، مىللەتچىلىك ئىدىيىسى سىياسىي پائالىيەتلەردىكى ئورتاق تىلغا ئايلاندى. 1911 - يىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ مېغىزى — زەئىپ يات مىللەت (مانجۇلار) ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بۈيۈك خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. نەتىجىدە، يېڭى بىر ھاكىمىيەت مانجۇ ئىستىبداتلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى. يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاددىي پۇقرالار دېموكراتىك پارلامېنت تۈزۈمى ئارقىلىق ھاكىمىيەتكە قىسمەن ئارىلىشىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولدى.

1911 - يىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ئەربابى سۇن جۇڭشەن ئاۋام تەرەپتىن دۆلەت ئاتىسى دەپ تونۇلدى. 20 - يىللارنىڭ دەسلەپىدە، سۇن جۇڭشەن ئۆزىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى سىستېمىلىق تۈردە ئۈچ بۈيۈك مەسىلىككە يىغىنچاقلىدى، ئۈچ بۈيۈك مەسىلىنىڭ بىرىنچىسى مىللەتچىلىك بولۇپ، سۇن جۇڭشەن ئۇنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جۇڭخۇا مىنگوغا بولغان ساداقىتى دەپ تەرىپلىدى.

ئۈچ بۈيۈك مەسىلىنىڭ مەقسىتى توغرىسىدا توختالغىنىدا، سۇن جۇڭشەن ئېنىق قىلىپ ئۇنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى نىجاتلىققا چىقىرىش، يەنى جۇڭگونى باشقا دۆلەتلەر بىلەن باراۋەر ئورۇنغا دەسسىتىپ، دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا مەڭگۈ تۇرغۇزۇش، دەپ ھېسابلىدى. دېمەك، جۇڭگونىڭ مەۋجۇت

بولۇپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بۇ تېخى باسقان تۇنجى قەدەمدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئىككىنچى قەدىمى بولسا، جۇڭگونىڭ تارىختىكى، بولۇپمۇ يەر - زېمىن، ئۆرپ - ئادەت ۋە دۆلەت كۈچى جەھەتلەردىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك خەلقئارا ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەسلىدە باشقا مىللەتلەردىن كۆپ ئۈستۈن تۇراتتى. سۇن جۇڭشەن بۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغا قەدەم قويغانىكەنمىز، دېمەك، جۇڭگو مەدەنىيىتى باشقىلاردىن بىر دەرىجە يۇقىرى تۇرۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلايتتى. ئەمما، يېقىنقى بىرنەچچە يۈز يىل ئىچىدە، ياۋروپا پەن - تېخنىكا ساھەسىدە يېڭى كۈچلەر بىراقلا ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، جۇڭگو ئۆزىنىڭ مىللىي مەنمەنلىكىنى بارا - بارا يوقىتىپ قويدى. دېمەك، جۇڭگو پەقەت ياۋروپا، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات يولىنى بويلاپ ماڭغاندىلا، ئاندىن ئۆز ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساقلاپ قالىدۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىمۇ ھالاكەتلىك ئاقىۋەتكە قالمايدۇ.

سۇن جۇڭشەننىڭ ئىدىيىسى X X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ياش جىياڭ جېيشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. 1919 - يىلىدىكى ۋېرسال تىنچلىق شەرتنامىسىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تەڭسىز مۇئامىلىسىنىڭ نەتىجىسى بولغان «4 - ماي» ھەرىكىتى زور بىر تۈركۈم مىللەتچىلەردە جاھانگىرلىككە قارشى خاھىش پەيدا قىلدى. 20 - يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئوقۇغۇچى، سودىگەر، كارخانىچى، ئىشچى ۋە زىيالىيلارنىڭ كۆپچىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللەتچىلىك ھەرىكىتى غەربنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئىتىگە كۈچلۈك خىرىس پەيدا قىلدى.

ماركسىزم - لېنىنىزم جۇڭگوغا دەسلەپ كىرگىنىدە، ئۇ مىللەتچىلىك بىلەن كەم دېگەندىمۇ شەكىل جەھەتتىن روشەن سېلىشتۇرما بولغانىدى. جۇڭگو ئىنقىلابچىلىرى، پەقەت كېيىنكى چاغلاردىلا مىللەتچىلىك بىلەن ماركسىزمنىڭ قوشۇلۇپ

كېتىشىنىڭ ماركسىزمغا بولغان ئېھتىياجىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغانلىقىنى پەيدىنپەي تونۇپ يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار 20، ـ 30 ـ يىللاردابۇنداق قوشۇلۇش يولىدا جاپالىق كۈرەش ئېلىپ باردى. ئاخىرىدا، ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى پەيلاسوپلار بۇنداق قوشۇلۇشنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئورۇندىدى. ماۋ زېدۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئىشداشلىرى جۇڭگوچە كوممۇنىزم ئاڭ فورماتسىيىسىنى بەرپا قىلىپ، بۇ خىل ئاڭ فورماتسىيىسىنىڭ جۇڭگو زىيالىيلىرى ساھەسىدىكى ئۇنۇم نىسبىتىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. چۈنكى، جۇڭگودىكى زىيالىيلار ساھەسى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ھەم غەربتىن، ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مۇستەقىللىككە ئىگە بولۇشىغا تەشنا ئىدى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆزىمۇ مىللەتچىلىك ئارقىلىق ماركسىزمنى تاپقانىدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەسەرلىرى، جۇڭگو خەلقى ھەددى ـ ھېسابسىز بالايىئاپەتلەرگە قېلىپ، ۋەتەنسىز قۇللاردىن بولۇپ قالىدىغان تەقدىرگە قالارمىكىن (ياكى جۇڭگولۇقلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا مۇنقەرز) بولۇش دېگەندەك ئەندىشىلەر بىلەن تولغان... 20 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ماۋ زېدۇڭ ئاساسەن مىللەتچىلىكتىن قېلىپ، ئىنقىلابچىغا ئايلاندى، بىراق ماۋ زېدۇڭنىڭ ھاياتىنى باشتىن ـ ئاخىر كۆزەتسەك، مىللەتچىلىكنىڭ ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە يەنىلا خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى بىلىمىز.

1931 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى شېنياڭ ۋەقەسىدىن كېيىن، ياپونلارنىڭ مانجۇرىيىگە بېسىپ كىرىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىل جەريانىدا شىمالىي جۇڭگوغا كېڭىيىشى جۇڭگو مىللەتچىلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. دەسلەپتە ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن كۈرەشكەن ھەرقايسى گۇرۇھلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دېموكراتىيە، مەركەزلەشتۈرۈش

تۈزۈمىگە تايىنىپ، تېزلا مىللەتچىلەرنى قانداق رام قىلىش كويىغا چۈشكەن سىياسىي پارتىيىلەرگە ئايلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە شەك ـ شۈبھىسىزكى، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئالدىنقى قاتاردا ئىدى. 30 ـ يىللاردىكى ۋەزىيەت تەرەققىياتى بىلەن جۇڭگونىڭ سىياسىي ئىلگىرىلەپ، مىللەتچىلەر سىياسىيىسىگە ئايلاندى. گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش، ھەممىشە كىم جۇڭگو مىللەتچىلىك مەنپەئىتىنىڭ قانۇنىي ۋە سادىق ۋەكىلى بولۇش دېگەن بۇ مەركىزىي نۇقتىنى دەۋر قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. X X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى جۇڭگودا، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن بۇ ئىككى پارتىيە خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە مىللەتنى ساقلاپ قېلىش مەقسەت قىلىنغان پروگرامما ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈشكە، تەشكىلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى ۋە بۇ پروگرامما ۋە سىياسەتلەردىن ھاسىل بولغان ئاددىي ئىنساننىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىدىن تولۇق پايدىلاندى. 1935 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پارتلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ كەڭ كۆلەملىك تەسىرى، ئاممىنىڭ بۇ خىل ئويغىنىشىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى بولدى. بىر يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن شىئەن ۋەقەسى مىللەتچىلىك قىزغىنلىقىنىڭ تېخىمۇ ئەۋج ئالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھەددىن ئۆلچىگۈسىز مىللەتچىلىك قىزغىنلىقى جياڭ جيېشىنى ئىختىيارسىز ھالدا كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ھەربىي پىلانىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ خىرىسىغا يۈزلىنىشكە مەجبۇرلىدى. مىللەتچىلىك قىزغىنلىقى شۇنداقلا ماۋ زېدۇڭنىڭ باشچىلىقىدىكى كوممۇنىستلارنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي تەشەببۇسىدىن، جۇملىدىن جياڭ جيېشى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت تەشەببۇسىدىن ۋاقىتىنچە ۋاز كېچىپ، ياپونغا قارشى بىرلىك سەپتە ئىككىنچى

ئورۇندا تۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. دەھشەتلىك سىياسىي رېئاللىق، بولۇپمۇ مىللەتچىلىك نۇقتىئىنەزەرىدىكى كۈچلەرنىڭ مەيلى ئۇلارنىڭ قايسى پارتىيىگە خاس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ياپونغا قارشى بىرلىك سەپتە ئۆز ئالدىغا تەنها تۇرالمايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى.

1937 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە بولغان مەزگىلدە، جۇڭگودىكى مىللەتچىلىك قىزغىنلىقى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ياپون ئارمىيىسىنىڭ قارغىش تەگكۈر ۋەھشىيانە زوراۋانلىقلىرى، يات مىللەت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يېڭىباشتىن باش كۆتۈرۈشىدەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەر ۋە جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتەلمىكىدەك دەھشەتلىك رېئاللىقلار ھەرقايسى سىنىپىي لاگېرلارنى قاتتىق لەرزىگە سالدى. جۇڭگونىڭ ئاددىي پۇقراسى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەسىلىسىدە باشقا يول تاللىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بوھراننىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان خەلق ئاممىسى — مىللەتنىڭ تەقدىرى بىزلەرنى باتۇرلۇق بىلەن ياپونغا قارشى ئاتلىنىشقا چاقىرىۋاتىدۇ دېگەندەك ئورتاق خۇلاسىگە كەلدى. بوھراننىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۆز ئارا ئوخشاشمايدىغان ئۈچ خىل كۈچ — گومىنداڭ، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ۋاڭ جىڭۋېي باشچىلىقىدىكى ياپونپەرەس ھاكىمىيەت — مىللەتچىلىكنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى بولۇش يولىدا كەسكىن ئېلىشتى.

جياڭ جيېشى بىلەن ماۋ زېدۇڭ بۇ خىل مىللەتچىلىك قىزغىنلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى ھەم ئۆز پارتىيىلىرىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىردىنبىر سادىق ۋە ئىشەنچلىك ۋەكىلى قىلىپ تىكلەشكە تىرىشتى. تەبىئىيكى، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي

كۇرەشنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ئۆزلىرىنىڭ مىللەت ۋەكىللىكىنى قانۇنىيلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭغا مۇناسىپ هالدا، هەر ئىككى تەرەپنىڭ تەشۋىقات ئاپپاراتلىرى بىر - بىرىنى مىللىي مەنپەئەتنىڭ خائىنى دەپ ئۆزئارا هۇجۇم قىلىشتى. گومىنداڭ كوممۇنىستىك پارتىينى رۇسلارنىڭ قورچىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىكى 5 - كالوننىسى دەپ قارىلىدى. كوممۇنىستىك پارتىيە ئىلكىدىكى رايونلارنى سوۋېتلىكلەرنىڭ دۇنياسى دەپ هېسابلىدى. گومىنداڭ بىلەن مانجۇرىيە دۆلىتى (ياپونىيلىكلەر 1932 - يىلى مانجۇرىيىدە تىكلىگەن قورچاق هاكىمىيەت) ياكى ياپونىيلىكلەر شىمالىي جۇڭگودا قۇرغان باشقا «هاكىمىيەتلەر» نىڭ هەننىۋاسى بىر يەردىن چىقتى، يەنە بىر تەرەپتىن، كوممۇنىستىك پارتىيە گومىنداڭنى جاهانگىر مۇشتۇمزورلارنىڭ ئالدىدا لەببەي دەپ تەزىم قىلدى، دەپ ئەيىبلىدى. ماۋ زېدۇڭ گومىنداڭنىڭ سىنىپىي ماهىيىتى شۇنداق بولغانىكەن، دېمەك بۇ ئۇنىڭ جاهانگىرلىكنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزىغا قارشى باتۇرانە كۇرەش قىلىشىغا رەهبەرلىك قىلالمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن دەپ هېسابلىدى. مەيلى ماۋ زېدۇڭ ياكى جياڭ جيېشى بولسۇن، ئۇلار ئۆز رەددىيەسىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىشەتتى. دېمەك، ئۇلارنىڭ هەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى.

ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا هۇجۇمى ياپونغا قارشى بىرلىك سەپنىڭ ئېهتىياجىغا ئاساسەن، گاه كۈچىيىپ، گاه پەسىيىپ تۇردى. بۇنداق سىياسىي ئەلپاز ئاشۇ دەۋردىكى مىللەتچىلىك قىزغىنلىقىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەهۋالدا مەيلى قايسى پارتىيىنىڭ سۈركىلىش پەيدا قىلىشى ياكى بىرلىك سەپنى بۇزۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بەرىبىر مىللەت خائىنى، تار پارتىيە - گۇرۇھ ياكى ئاڭ

فورماتسىيە مەنپەئەتىنى مىللىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن قويۇشتەك جىنايى ھەرىكەت دەپ قارىلاتتى.

ھالبۇكى، مەيلى گومىنداڭچىلار ياكى كوممۇنىستلار بولسۇن، ئۇلار بىر تەرەپتىن قارشى تەرەپنىڭ ھەرىكىتىنى قاتتىق كۆزىتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز كۈچلىرىنى مۇمكىنقەدەر كۈچەيتىشكە ئۇرۇناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى تەرەپمۇ مىللەت مەنپەئەتىنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان ھالدا، قارشى تەرەپنىڭ خىلاپلىق ھەرىكەتلىرىنى ئەيىبلەپ، ئۆزلىرىنى ئاقلىشاتتى. ماۋ زېدۇڭنىڭ نەزەرىدە كوممۇنىستىك پارتىيە ئارمىيىسى بىلەن تايانچ بازىلارنىڭ زورىيىشى — ياپونغا قارشى ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەرنىڭ زورىيىشى؛ جياڭ جيېشىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كۈچلىرىنى قامال قىلىشى ئاسىيلىق قىلمىش ئىدى، ئەمما كوممۇنىستلارنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ قامالىنى بۇزۇپ تاشلىشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەت بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، جياڭ جيېشى خىلمۇ خىل ھەربىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كوممۇنىستلارغا قارشى تۇردى، بۇ تەدبىرلەرنى كوممۇنىزم كۈچلىرىنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇشتا ناھايىتى زۆرۈر، ئۇنداق قىلىنمايدىكەن، كوممۇنىزمنىڭ كېڭىيىشى ياپونىيە بىلەن مۇرەسسەلىشىپ ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونى قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي تىزگىنلىۋالىدۇ دەپ ھېسابلىدى. دېمەك، بۇ ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا ئاۋامنىڭ مىللەتچىلىك ساداسىنى قوزغايدىغان كەسكىن سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشتى.

تەبىئىيكى، ئۇرۇش يىللىرىدىكى جۇڭگو سىياسىيسىدا نوقۇل مىللەتچىلىك مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مىللىي مەسىلىنى يادرو قىلىدۇ

دېگەندە، مەھەللىۋازلىق، مەزھەپچىلىك ۋە سىنىپىي زىددىيەتلەرمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ يېزىلاردا، چەكسىز ۋە يۇكسەك دەرىجىدە مەۋھۇملاشقان مىللىي مەنپەئەتلەر ھەمىشە تار يۇرت مەنپەئىتىدىن كېيىن تۇرىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ يېزىلاردىكى مىللەتچىلىكمۇ كارامەت چوڭ رول ئوينايدۇ. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۇرۇش ستراتېگىيىسىنىڭ بىرى، مىللەتچىلىكنى قوزغىتىش ئارقىلىق شەھەر زىيالىيلىرىنى يېزىلارغا بېرىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، تار دېھقانلار سىنىپىنى تەشكىللەش، تەربىيىلەش ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىغاندا، ماۋ زېدۇڭنىڭ ستراتېگىيىسى مىللىي مەسىلە بىلەن سىنىپىي مەسىلىنى بىر گەۋدە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، پەقەت بۇ ئىككىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىلا غەلىبە قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق تەدبىرى بولالايدۇ، ھەرقانداق يەكپايلىقتىن ئىبارەت بىر تەرەپلىمىلىكلەر مۇقەررەر ھالدا مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ باراتتى.

XX ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىدىكى جۇڭگونىڭ ئىچكى سىياسىي ئەھۋالى شۇنى كۆرسەتتىكى، كىم جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىمەن دېسە، شۇ مىللىي مەنپەئەتنى سۆزلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالى شۇنى كۆرسەتتىكى، كىم جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىمەن دېسە، شۇ جۇڭگونىڭ ئەتراپىنى ئىگىلەپ ياتقان كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغىنى ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل ئىدى. بۇنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، جياڭ جيېشى بىلەن ماۋ زېدۇڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان سىياسىتىنى

چۈشەنگىلى بولمايتتى. جياڭ جېيشىنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىدىكى ئاچقۇچ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قانداق تەسىر كۆرسىتىش جياڭ جېيشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان سىياسىتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشىنىڭ ئىنچىل مەركىزىي نۇقتىسى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى جياڭ جېيشى بىلەن ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇچرىشىشىدا ئىنتايىن زور تەسىرگە ئىگە ئىدى. ئوخشاشلا، ماۋ زېدۇڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان كۆز قارىشىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماۋ زېدۇڭ جياڭ جېيشىگە قاراتقان سىياسىتىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئويلاشماي قالمايتتى. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ بارلىق مۇناسىۋەتلەر گىچماچ ھالدا بىر يەرگە جۇغلانغان بولۇپ، ئۇلارنى تەكشۈرگەندە رېئاللىقتىن داجىغىلى بولمايتتى.

تەبىئىيكى، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جياڭ جېيشى، ماۋ زېدۇڭ ۋە ستالىنلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن خەلقئارالىق تەرتىپ، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان بىر پارچە پولات تاختا ئەمەس ئىدى. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، 1937-يىلدىن 1945-يىلغىچە، ھەرقايسى كۈچلۈك دۆلەتلەر — سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىلەرنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈش ئەندىزىسى ئەمەلىيەتتە ئۆز ئارا ئوخشىمايدىغان تۆت تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈردى.

بىرىنچى باسقۇچتا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىلەرنىڭ سىياسىتى كەڭ ئىتتىپاقلىشىش بولۇپ، گېرمانىيە بىلەن ياپونىيىگە بىردەك قارشى تۇرۇش ئىدى.

1936- يىلى 12 - ئايدا، بېرلىن بىلەن توكيو ئۈچىنچى خەلقئارالىق شەرتنامىگە قارشى تۈزۈش نامى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئىتتىپاق تۈزدى. ستالىن غەرب دېموكراتىيىسىنى مەدھىيىلەش ئارقىلىق كوللېكتىپ بىخەتەرلىكنى تەكىتلەپ، فاشىزمغا قارشى تۈرماقچى بولدى. لوندون، پارىژ ۋە ۋاشىنگتونلار ستالىننىڭ كوللېكتىپ بىخەتەرلىك تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ لېكىن گېرمانىيە، ياپونىيىلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا كەڭ كۆلەمدە قارشى تۇرۇش سىياسىتىدە يەنىلا چىڭ تۇردى.

ئىككىنچى باسقۇچ، 1939 - يىلى 8 - ئايدىكى گېرمانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى ۋە تەخمىنەن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتىكى گېرمانىيە بىلەن ياپونىيىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدىن باشلىنىدۇ. بۇ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشى ستالىننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىسىنى ئوق مەركىزى گۇرۇھى ئىتتىپاقىغا بىۋاسىتە كىرگۈزدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ، گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشى ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ موسكۋانى جىددىي قۇتقۇزۇش تەدبىرى قوللانغان چاغدىن باشلىنىدۇ. بۇنداق بۈيۈك ئىتتىپاق تاكى ئۇرۇش ئاياغلىشىشقا يېقىنلاشقاندىلا ئاندىن يەر شارى خاراكتېرلىك ئىتتىپاققا تەرەققىي قىلىپ يىراق شەرققىچە كېڭەيدى.

1945 - يىلى 4 - ئايدا، ستالىن ياپونىيە بىلەن تۈزگەن بىتەرەپلىك كېلىشىمىنى يىرتىپ تاشلىدى ھەمدە ئارىدىن تۆت ئاي ئۆتۈپ ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. نەتىجىدە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى خەلقئارالىق تەرتىپ تۆتىنچى باسقۇچقا كىردى.

جياڭ جيېشى، ماۋ زېدۇڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان

سىياسىتى خەلقئارالىق ھاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەي تۇرالمايتتى. بۇ ئۇلارنىڭ دىپلوماتىيە فاكچىنىنىڭ مۇقەررەر ھالدا گاھ ئۇ تەرەپتە، گاھ بۇ تەرەپتە بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مەلۇم باسقۇچتا، ئېھتىمال ئۇلار ستالىننىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن كېيىنكى باسقۇچقا كەلگەندە، ئۇلار ئېھتىمال ستالىننىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەسلىكى ھەتتا قارىمۇ قارشى ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بىراق، پۈتكۈل ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جياڭ جيېشى بىلەن ماۋ زېدۇڭ قوغلاشقان مىللەت نىشانىدا ئىپادىلىگەن سۇباتلىقلىق قارىماققا باشتىن - ئاخىر بىردەك بولدى. ئۇلارنىڭ فاكچىن - سىياسەتلىرى ئۆز ئالدىغا باشقا - باشقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قوغلىشىۋاتقان نىشان ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان نىشان ئەمەس ئىدى. ئېھتىمال، بۇنداق نىشان قوغلىشىشنىڭ تۇراقلىقلىقى — ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى جۇڭگو مىللەتچىلىك قىزغىنلىقىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىغا، جياڭ جيېشى بىلەن ماۋ زېدۇڭنىڭ مىللەت ئىستىكىگە ئاشكارا ئاسىيلىق قىلمايدىغانلىقىدەك مۇنداق بىر ئاددىي ھەقىقەتكە تەئەللۇق بولۇشى لازىمدۇر.

## 2. ستالىن ۋە جۇڭگودىكى سىياسىي بورانلار

بەلكىم، جياڭ جيېشى، ماۋ زېدۇڭلارنىڭ مىللەتچىلەرنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئۈنۈملۈك چارىسى ئۇلار ئوتتۇرىغا چىقارغان بىر يۈرۈش مىللەتنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى پروگراممىلار بولسا كېرەك. بۇ پروگراممىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەزمۇنى ئۆزئارا بىر- بىرىگە زىت بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسىدىلا ئۆز مەقسەتلىرىنىڭ

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، جۇڭگونى قۇدرەتلىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىكەنلىكى ئىزھار قىلىنغان.

جياڭ جيېشىنىڭ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى پروگراممىسىدىمۇ ياپونىيىنى ھەربىي جەھەتتىن مەغلۇپ قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. 1937 - يىلى ئۇرۇش پارتلاشتىن ئىلگىرىلا جياڭ جيېشى بىر خۇلاسىگە كېلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتچىلىك قىزغىنلىقىنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن ياپونلارنىڭ شىددەت بىلەن بېسىپ كىرىشتەك تاجاۋۇزچىلىقى تىنچلىق توغرىسىدىكى ھەممە خىياللارنى كۆپۈككە ئايلاندۇرىدۇ، دەپ قارىغانىدى. لېكىن مەيلى جياڭ جيېشىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ئورنىنى مۇستەھكەملىشى جەھەتتىن ئېيتقاندا بولسۇن ياكى ياپونىيىلىكلەرنى چەكلەش قارا نىيىتىدىن ئېيتقاندا بولسۇن، ياپونىيىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى زىيان تارتىشى كەم بولسا بولمايدىغان ئالدىنقى شەرت ئىدى. تەبىئىيكى، جياڭ جيېشى ياپونلارنىڭ 1945 - يىلىدىكى ئېغىر مەغلۇبىيىتىنى ئويلاپ يەتمىگەنىدى. ئەمما ئۇ چەكلىك ھەربىي غەلىبە ئارقىلىق كۈچلۈك دۆلەت قىياپىتىدە مەيدانغا چىققان جۇڭگونى ياپونىيە بىلەن ياخشى - خوپ بولۇپ قېلىشقا مەجبۇرلاشنى راستىنلا ئۈمىد قىلاتتى.

جياڭ جيېشىنىڭ گۈللەندۈرۈش سىياسىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئەتىگە شەك - شۈبھىسىز زىيان يەتكۈزەتتى. 1919 - يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى X I X ئەسىردىكى شەرتنامىلەرگە ئاساسەن، جۇڭگودا ئېرىشكەن ئىمتىيازلىرىدىن رەسمىي ۋاز كەچتى. 1924 - يىلى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى نورماللاشقاندا بۇنداق ۋاز كېچىش تېخىمۇ تەن ئېلىندى. 1935 - يىلى جۇڭگو شەرقىي قىسمىدىكى تۆمۈريولنى ياپونىيىگە سېتىپ بەردى ۋە شۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

مانجۇرىيەدىكى ئىمتىيازىنىڭ ئاخىرقى ساقىندىلىرىنىمۇ پاك-
پاكىز تازىلىۋەتتى. ئەمما، جياڭ جيېشىنىڭ كۆز قارىشىغا
ئاساسلانغاندا، جۇڭگونىڭ تالاي زېمىنى يەنىلا سوۋېتلىكلەرنىڭ
قولىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى شىنجاڭ بىلەن تاشقى
موڭغۇلىيە ئىدى. ناھايىتى روشەنكى، ئەگەر جۇڭگو قولىدىن
كەتكەن بۇ يەرلىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولسا، مۇقەررەر ھالدا
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالاتتى.
ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ مانجۇرىيىنىڭ كەلگۈسىگە
قاتتىق كۆڭۈل بۆلمەكتە ئىدى. 1904 - يىلى بۇكان
قېزىلمىلىرى مول، كەڭرى رايون ۋە يەنە بۇ يەردىكى سوۋېت
دېڭىز ئارمىيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا كۆڭۈلدىكىدەك،
توڭلىماس پورت ئۈچۈن، چارروسىيە ياپونىيە بىلەن قوراللىق
ئېلىشقانىدى. 1929 - يىلى مانجۇرىيەدىكى ئىمتىيازىنى قوغداش
ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو بىلەن قىسقا مەزگىللىك
ئۇرۇش قىلغانىدى. 1935 - يىلىغا كەلگەندىلا ستالىن ياپونىيە
بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ
ئىمتىيازلاردىن زورىغا ۋاز كەچتى. مانجۇرىيە دۆلىتى
قۇرۇلغاندىن كېيىن، ستالىن ناۋادا ياپونلار مەغلۇپ بولۇپ
قالغۇدەك بولسا، مانجۇرىيە دۆلىتى ئۆز ئىگىسىگە قايتامدۇ يوق؟
بۇ بىر مەسىلە بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھېسابلىدى. شۇڭا،
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەڭ
ياخشىسى مۇستەقىل ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىستائەت
قىلىدىغان مانجۇرىيە دۆلىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن
تۈزۈكى يوق ئىدى.

جياڭ جيېشىمۇ ياپونلارنى مەغلۇپ قىلىشتا سوۋېت
ئىتتىپاقى ھەمكارلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى ئىشىنەتتى. جۇڭگونىڭ
ھەربىي كۈچى تولىمۇ ئاجىز بولغاچقا، ياپون قاراقچىلىرىنى
جۇڭگو ئۆزى يالغۇز يېڭەلمەيتتى، شۇڭلاشقا باشقا كۈچلۈك

دۆلەتلەرنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بولماي مۇمكىــن ئەمەس ئىدى. 1937 ـ يىلى جياڭ جېيشى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىدىن جۇڭگونى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، ئىقتىسادىي ۋە مالىيە جەھەتتىن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل جازالاش تەدبىرى يۈرگۈزۈشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇرۇش باشلانغان دەسلەپكى بىرقانچە يىلدا جياڭ جېيشىنىڭ دىپلوماتىيە يۆنىلىشىنىڭ تۇرغۇسى باشتىن ـ ئاخىر ياپونىيىنى جازالاشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. 1940 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلدى. لېكىن، 1937 ـ يىللىرىدىمۇ جياڭ جېيشىنىــــڭ ھەربىـــي ياردەم ئىزدەشتىكى مۇھىم نىشانى ۋاشىنگتون ياكى لوندون ئەمەس، بەلكى موسكۋا بولغانىدى. روسىيىلىكلەر بىلەن ياپونىيىلىكلەر ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن تارىختا ئۆزئارا ئاق تاغلىق قاراتاغلىق بولۇشقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1931 ـ يىلىدىن كېيىن، سوۋېت ـ ياپونىيە مۇناسىۋىتى ئىزچىل تۈردە بوھرانغا يۈز تۇتتى، بولۇپمۇ «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ئىككى دۆلەت بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇش گىرۋىكىگە بېرىپ قالغانىدى. 30 ـ يىللاردا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ۋە سانائەت كۈچلىرى تېز سۈرئەتتە كېڭەيدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مۇداپىئە خىراجىتىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىپ، كۈنسايىن كاساتلىشىۋاتقان ئىقتىسادنى خاتا ھالدا تەڭپۇڭلاشقان خامچوت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلىۋاتقان پەيتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمەلىي كۈچى بىرىنچى، ئىككىنچى بەش يىللىق پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئەگىشىپ تېز سۈرئەت بىلەن ئېشىپ كەتتى. «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدىلا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتىكى ئەسكىرىي كۈچى تۆت ھەسسە ئېشىپ، 400 مىڭ كىشىگە يەتتى. 1935ـ يىلىدىن باشلاپ، مانجۇرىيىدىن سىبىرىيە چېگرا سىزىقىنى بويلاپ يۈز بەرگەن توقۇنۇش يىراق شەرق رايونىــــدا ھەم سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە قارىمۇ قارشىلىقىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى، جياڭ جيېشىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا قاتنىشالايدىغانلىقىدىن ئۈمىد كۈتكۈزدى. جياڭ جيېشىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، مۇبادا، ياپونىيە ئارمىيىسى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ئىسكەنجىگە چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر دوستانە ياردەم بېرىش پوزىتسىيىسىنى قوللانسا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئاللىقاچان زەئىپلىشىپ كەتكەن ياپون ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سېپىگە قاتتىق زەربە بەرگەن بولاتتى - دە،. شۇ ئارقىلىق سوۋېت - جۇڭگو ھەمكارلىقى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇل كېسىل غەلىبىسىگە ئېرىشكەن بولاتتى.

ياپونىيە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان كۈچلۈك دۆلەتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەمكارلىقى بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جياڭ جيېشى ھەتتا شۇنىمۇ كۆرۈپ يەتتىكى، جۇڭگو غەلىبە قىلغۇچى دۆلەتلەرنىڭ بىر ئەزاسى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ۋەزىيەتتە سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ، پەقەت كىچىككىنە بىر ئەرزىمەس ھەمراھ بولۇپلا قالاتتى. ۋېرسال تىنچلىق يىغىنىنىڭ تەجرىبىسى جياڭ جيېشىنىڭ كاللىسىدا ھەمىشە پەيدا بولۇپ تۇراتتى. 1919 - يىلىدىكى پاجىئەنىڭ يېڭىباشتىن يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىنتايىن روشەنكى، ھەرقايسى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، تولىمۇ مۇھىم ئىدى.

لېكىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى بېسىش مۇقەررەر ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان

يەتكۈزەتتى. چۈنكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ئىرماش - چىرماش مۇناسىۋەت بار ئىدى. 1919 - يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال (ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونال) قۇرۇلغاندىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسىتى ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمەتكە، پارتىيىنىڭ پارتىيىگە قاراتقان ئىككى قۇتۇپلۇق پرىنسىپىغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلدى. تىزگىنلەنگەن كوممۇنىزم ھەرىكىتى 30 - يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت كۈچلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ستالىنغا تەڭداشسىز خەلقئارالىق تەسىر ئەكەلدى. بۇ يەنىلا ئاجىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆپ ئېرىشكىلى بولمايدىغان مۇھىم تۆلەنمە ئىدى. يەنە كېلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولۇپ، 1933-1934 - يىللاردىن باشلاپ، گىتلېر گېرمانىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى ئورنى ۋە رولى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى، شۇڭلاشقا، جىياڭ جيېشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى باستۇرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئەتىگە شەك - شۈبھىسىز ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپ قوياتتى.

مىللەتنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا ماۋ زېدوڭنىڭمۇ بىر پروگراممىسى بار ئىدى، گەرچە ماۋ زېدوڭمۇ جىياڭ جيېشىغا ئوخشاش، قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش، تەڭسىز شەرتنامىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ياپونىيىنى مەغلۇپ قىلىش — جۇڭگوغا نىسبەتەن مۇتلەق زۆرۈر دەپ ھېسابلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پروگراممىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بار بولۇپ، بۇ ئۆزگىچىلىك شۇكى، ماۋ زېدوڭ ئۈزۈل - كېسىل ئىجتىمائىي

ئۆزگىرىشلا جۇڭگونى گۈللەندۈرۈشنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى بولالايدۇ، دەپ ھېسابلايتتى. پەقەت چەت ئەل جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ سىياسىي كۈچلىرىنى يىمىرىپ تاشلىغاندىلا ئاندىن جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونى تىزگىنلەيدىغان ۋە ئۇنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ئېلىس تىرنىقىنى كېسىپ تاشلىغىلى بولاتتى. ماۋ زېدۇڭنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، پەقەت ئېكسپىلاتاتسىيە مۇناسىۋەتلىرىنى يوقاتقاندىلا، ئاندىن كەڭ ئاممىنىڭ دۆلەت قۇرۇش قىزغىنلىقىنى قوزغىغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئاممىۋى قىزغىنلىق دۆلەت بايلىقى بىلەن دۆلەت كۈچىنى ئارتتۇرۇشنىڭ مەنبەسى ئىدى. يەنە پەقەت سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم بەرپا قىلىش ۋە دۆلەت پىلانى بىلەن جۇغلانما مەبلەغ ئارقىلىقلا ئاندىن جۇڭگونى تېز ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا قۇدرەتلىك سانائەت دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا بولاتتى. پەقەت بۇنداق بىر ئىجتىمائىي ئىنقىلابنى ئۇزۇل - كېسىل ئېلىپ بارغاندىلا ئاندىن مۇستەقىل، قۇدرەتلىك يېڭى جۇڭگو دۇنيانىڭ شەرقىدە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرىدۇ ھەمدە ئۇ ئۆزىنىڭ خەلقئارا سەپتىكى يۈكسەك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ.

ماۋ زېدۇڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئارقىلىق مىللەتنى گۈللەندۈرۈش پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ستالىننىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، ماۋ زېدۇڭ دەۋرىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىنقىلابچىلارنىڭ بىرى، ئۇ زىيالىيلار ھەرىكىتى بىلەن دېھقانلار ھەرىكىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى ھەمدە بۇنىڭ كەينىدىنلا جۇڭگونى بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن بىر ئىنقىلابچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش پروگراممىسى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ ستالىننىڭ جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلۇش ـ قۇتۇلالماسلىقىغا باغلىق ئىدى.

ماۋ زېدۇڭ ھەم بىر قىزغىن مىللەتچى شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا سادىق ۋە ستالىننىڭ قوماندانلىقىغا ئىتائەت قىلمىغان ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بىر ياچېيكىسىنىڭ رەھبىرى ئىدى. تىتو ۋە ماۋ زېدۇڭدىن كېيىنكى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىدىن 30 ـ يىللاردا پولات تاختىدەك ئىنتىزامى قاتتىق خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ماۋ زېدۇڭ بولسا خۇددى تىتوغا ئوخشاش بۇ ھەرىكەت يول قويغان دائىرىدىلا ئىنقىلاب بىلەن شۇغۇللىنالايتتى. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىزگىنلىشىدىكى پولات تاختىدەك كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ زەربىسىدە بىتچىت بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ سەركەردىسى دەل ماۋ زېدۇڭ ئىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، 1937 ـ 1945 ـ يىللاردىكى جۇڭگونىڭ مىللەتچىلىكى يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇرەسسەلىشىپ ئۇنىڭغا يول قويۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۆتكەندىكى بىرمۇنچە تەرجىمىھاللاردا ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنقىلابىي تاكتىكىسى تەھلىل قىلىنىپ ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەرەققىي قىلىش، زورىيىش مۇساپىسى ماۋ زېدۇڭ دەسلەپ ھوقۇق تۇتقان چاغلارغا ئەكېلىنىدۇ. يەنە بەزى تەرجىمىھاللاردا، ماۋ زېدۇڭنىڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر، جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى تەھلىل قىلىنىدۇ. بۇ كىتابتا دەل ئاشۇ تەرجىمىھاللاردا سەل قارالغان يەنە ماۋز بدۇڭ جياڭ جيېشىنىڭ باستۇرۇشىغا دۇچ كەلگەن ھەمدە ستالىن چەكلىگەن ھەتتا قارشى تۇرغان شارائىتتىمۇ قانداق قىلىپ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئېگىلمەي ـ سۇنماي ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي تەلىماتىنى ئىزچىللاشتۇرغانلىقى بايان

قىلىنىدۇ.

بۇ مەزگىلدىكى ستالىن ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىش ئۈچۈن، ياچېيكا پارتىيە بولغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. دۇنيا ئىنقىلابىي پارتىيىسى بولغان كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بولشېۋىك رەھبەرلەر 1919 ـ يىلى قۇرغان پارتىيە بولۇپ، ئۇنىڭ نېگىزى دېموكراتىك ـ مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىدىن ئىبارەت. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، موسكۋادا تۇرۇشلۇق «خەلقئارا رەھبەرلەر» بىلەن ھەرقايسى ياچېيكا پارتىيىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى بىر دۆلەتنىڭ ئىچىدىكى پارتىيىنىڭ سىياسىي بيۇروسى بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئاپپاراتلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايتتى. بۇ ئىككى خىل شارائىتتا، تۆۋەندىكى تەشكىلاتلار يۇقىرىدىكى تەشكىلاتلارغا ئەستايىدىل، شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك. ھەرقايسى ياچېيكا پارتىيىلەر ئىنتېرناتسىئونالنىڭ لۇشيەنىنى كەم ـ كۈتىسىز ئىجرا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىنتېرناتسىئونال رەھبەرلىرى ئۆزلىرى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ لۇشيەنىگە ئاسىيلىق قىلدى، دەپ ھېسابلىغان ھەرقايسى ياچېيكا پارتىيىلەرنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.

ھەرقايسى ياچېيكا پارتىيىلەرنىڭ ئىتائەتمەنلىكىگە ھەقىقىي تۇردە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خىلمۇ خىل تەشكىلىي ئاپپاراتلار قۇرۇلدى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ھەرقايسى ياچېيكا پارتىيىلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدى، ئۇ يەنە ھەر خىل يىغىنلارغا ئىشتىراك قىلىش ۋە قاتنىشىش ئۈچۈن ھەرقايسى ياچېيكا پارتىيىلەرگە تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل ئەۋەتەلەيتتى. ھەرقايسى ياچېيكا پارتىيىلەرنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە، ئۇ كوممۇنىستىك

ئىنتېرناتسىئونال ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزەلەيتتى. 20 - يىللاردىن 30 - يىللارغىچە بولغان مەزگىلدە، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ۋەكىل ئەۋەتمىگەن بۇنداق قىلمىقلىرى ھەممىشە يۈز بېرىپ تۇردى.

بەزى كۆلكىلىك دېلولار كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئو-نالنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تىزگىنلىگەنلىكىنى قىزىقارلىق تۈردە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. 1929 - يىلى 12-ئايدا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئاتالمىش «ئۈچىنچى دەۋر» نىڭ رادىكال لۇشيەنىگە ئاساسەن، «جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنى» نى كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن، يېزىلاردا پارتىزانلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە يوليورۇق بەردى. بۇ يوليورۇقنىڭ روھىغا ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رەھبىرى لى لىسەن يېڭىدىن تەشكىللەنگەن دېھقانلار ئارمىيىسىنى ۋۇخەن، چاڭشا، نەنچاڭ قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا پۈتۈنلەي قاتناشتۇرۇشنى قارار قىلدى. ئەمما، موسكۋا بۇ رادىكال ھەرىكەتلەر سوۋېت - ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، دەپ ئەنسىرىگەچكە ۋە لى لىسەننىڭ قىلچە تەييارلىقسىز ھۇجۇم قوزغاشتەك قاراملىق ھەرىكەتلىرىدىن چۆچۈگەچكە چاپسانلا نىيىتىدىن يېنىۋالدى. لى لىسەن موسكۋانىڭ پىكرى بويىچە «سول» چىل تەۋەككۈلچىلىكنى تېزلىك بىلەن چەكلىيەلمىگەچكە، ستالىن ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىن ئالماشتۇرۇۋېتىشنى قارار قىلدى. كېيىندىنلا، موسكۋا لى لىسەننىڭ خىزمەتتىن ئالمىشىشىنى شەخسەن ئۆزى نازارەت قىلىش ئۈچۈن، موپ ئىسىملىك بىر ۋەكىلنى جۇڭگوغا ئەۋەتتى. موپ گىدەيگەن پېتى جۇڭگوغا كېلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغۇچى بۈيۈك خادىمغا ئايلاندى. ئۇ لى

لىسەن ۋە ئۇنىڭ ئىشداشلىرىنى خىزمەتتىن ئېلىۋېتىپلا قالماستىن، بەلكى ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ دۆلەتكە قايتقان بىر تالاي جۇڭگو ياشلىرىنى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرى — موپىنىڭ ئۆزى خۇرسەن ئىلىنغان ئوقۇغۇچىسى ۋاڭ مىڭ ئىدى.

ۋاڭ مىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە موسكۋادا تۇرۇشلۇق مۇھىم ۋەكىلى ئىدى. ئۇنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىچىدە ۋە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە بەجايىكى بىر يېڭى يۇلتۇزدەك چاقناپ چىقالىشى ئاساسەن ئۇنىڭ موسكۋاغا سادىقلىقىدىن ئىدى. 1925 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەمدىلا 21 ياشقا كىرگەن ۋاڭ مىڭنى موسكۋا جۇڭشەن داشۆسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئۇ رۇس تىلىنى، ماركسىزملىق پەلسەپىنى ناھايىتى تېز ئۆگىنىۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭشەن داشۆسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇدىرى، ئاتاقلىق خەنزۇشۇناس موپىنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغانىدى. 20 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ۋاڭ مىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بىرىنچى قېتىم تەرجىمان ۋە ئالاقىچى بولغانىدى. 1930 - يىلى ئۇ ۋەتەنگە قايتىدىغان بىر توپ ياشنى باشلاپ ۋەتەنگە يېنىپ كېلىپ، موپىنىڭ لى لىسەننى خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلىشىغا ياردەملەشتى. 1932 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋاڭ مىڭ موسكۋاغا يەنە بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان ئىشداشلىرى بوگۇ، جاڭ ۋېنتيەنلەرگە قالدۇردى. كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە، موسكۋادىكى ۋاڭ مىڭدىن كېلىۋاتقان قوللاپ - قۇۋۋەتلەشلەر بولغاچقا، ئۇلار مەركەزنىڭ

نامى بىلەن ماۋ زېدۇڭ قۇرغان دېھقانلار قوراللىق قوشۇنى ۋە سوۋېت ھاكىمىيىتىنى تېزلا تىزگىنلىدى. 1933 ـ، 1937 ـ يىللىرى موسكۋادا تۇرغان مەزگىللىرىدە، ۋاڭ مىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ لۇشيەنلىرىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ ماھىرى بولۇشقا مۇناسىپ كەلدى ھەمدە بۇ لۇشيەنلەرنى جۇڭگودا زورمۇزور ئىشلەتتى. ئۇ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنىڭ ئالاقە خىزمەتلىرىگىمۇ مەسئۇل بولغانىدى. 1933 ـ يىلى، ۋاڭ مىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىغا كىردى، 1935 ـ يىلىدىكى 7 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا، ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. باشقىچە ئېيتقاندا، ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ۋاڭ مىڭ باشتىن ـ ئاخىر كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ سادىق ۋەكىلى بولدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە ستالىننىڭ قورقۇنچلۇق زور تازىلاش ھەرىكىتى يۈز بەردى، بۇ ھەرىكەتنىڭ شامىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغىمۇ تېگىپ، بۇ ئاپپاراتنىڭ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. 30 ـ يىللاردىن باشلاپ، ستالىن ئەمەلىيەتتە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ستالىننىڭ تىزگىنلىشىدە، ئالايلۇق، ئىنتېرناتسىئونال تىزگىنلەش كومىتېتى (بۇ كومىتېت ئىنتېرناتسىئولنىڭ لۇشيەنىگە ئاسىيلىق قىلىشقا پېتىنغان ياكى ئۇنىڭغا قارشى ھەرقانداق ھەرىكەتلەرنى چەكلەيتتى) قاتارلىق ئاپپاراتلارنىڭ ھوقۇقى كۈنسايىن زورىيىپ كەتكەنىدى. ئىنتېرناتسىئونال تىزگىنلەش كومىتېتى بىلەن ستالىننىڭ ئىككى مەخپىي ساقچى تارمىقى- بىرلىككە كەلگەن دۆلەت سىياسىي بيۇروسى ۋە خەلق ئىچكى

ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى تولىمۇ زىچ ئىدى. ستالىن ئوخشاش بولمىغان سىياسىي كۆز قاراشتىكى كوممۇنىستلار بىلەن غەيرىي كوممۇنىست ئىنقىلابچىلارنى ئەڭ خەتەرلىك رەقىب دەپ قارايتتى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەشكىلى چىڭ ئاپپاراتلار بۇ كىشىلەرنى شەپقەتسىز تازىلىدى. چەت ئەل كوممۇنىستلىرىغا كەلسەك، مەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى، مەيلى چەت ئەلنىڭ كوممۇنىستلىرى بولسۇن بۇ تازىلاشتىن ئامان قالمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچىدە، بولۇپمۇ سەرگەردان كوممۇنىستلار ئىنتايىن ئاسانلا قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى دېگەن گۇمانغا قالاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا سەرگەردان بولۇپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن كوممۇنىستىك تەشكىلاتلار (مەسىلەن، يۇگوسلاۋىيە، پولشا، گېرمانىيە) نىڭ رەھبەرلىرى ستالىننىڭ مەخپىي ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. قوۋۇقتا ئوت كەتسە، كۆلدىكى بېلىقنىڭ ھالىغا ۋاي دېگەندەك كەڭ كۆلەملىك تازىلاش چەت ئەللەرگىمۇ يېيىلدى. ستالىنغا بولغان نارازىلىقنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشتىكى چەت ئەللىك كوممۇنىستلار ۋە ئىنقىلابچىلار تۇركۈملەپ ئۆلتۈرۈلدى. گەرچە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يەتتىنچى دۇنياۋى قۇرۇلتىيى ھەرقايسى ياچېيكا پارتىيىلەرگە كۆرۈنۈشتە تېخىمۇ زور ئىگىلىك ھوقۇقى بەرگەندەك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئالاقىدار سىياسەتلەرنى تۈزۈش ھوقۇقى يەنىلا ستالىننىڭ قولىدا ئىدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى ستالىن بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە تۇتقان ئورنىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئۇ چاغلاردا، ستالىنغا بولغان چوقۇنۇش پەلەككە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىغا «دۇنيا ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى» دېگەندەك سەلتەنەتلىك تاج ـ ئۇنۋانلار كىيگۈزۈلگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيا

ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى دېگەن ئەپسانىمۇ كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە كەڭ تارقالغانىدى. دېمىسىمۇ، ئىقتىسادى ۋەيران بولغان، مىللىي كەمسىتىشلەر ئەۋج ئالغان كاپىتالىزم دۇنياسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەڭداشسىز سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ خىل چوقۇنۇشنى شەك ـ شۈبھىسىز ھەقىقەتكە ئايلاندۇرغانىدى. ستالىننىڭ كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان ھەرىكەتلىرى كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندىلا ئاندىن ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. گەرچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىچىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر ستالىننىڭ ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئۆز ۋاختىدىلا تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ — ماۋ زېدۇڭ شۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرلىرىنىڭ بىرى ئىدى — لېكىن كۆپ ساندىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى يەنىلا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ستالىنغا خۇراپىيلارچە چوقۇنغانىدى. بۇ، دۇنيانى لەرزىگە كەلتۈرگەن ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغان مەزگىلدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاڭ فورماتسىيىسى بىلەن تەشكىلىي ئاپپاراتىدا ستالىننىڭ قالتىس زور تەسىر كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىچىدە ستالىنغا ساداقەتمەنلەرنىڭ ھەر خىل ناملىرى بولۇپ ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى «ئىنتېرناتسىئونال گورۇھى» دىن ئىبارەت ئىدى.

تا 1935 ـ يىلىغا قەدەر، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى باشتىن ـ ئاخىر ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ كەلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ فاڭجېن ـ تەدبىرى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ لۇشيەنىگە ساداقەتلىك بىلەن ئەمەل قىلىش بولۇپ، ئەيىبلەنگەن پارتىيە رەھبەرلىرى ھەمىشە موسكۋانىڭ لۇشيەنىنى ئىجرا قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولاتتى.

ئېيتىپ كەلسەك، 1935 ـ يىلدىن بۇرۇنقى جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخى، چوڭ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، موسكۋانىڭ يولىيورۇقلىرىنى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش تارىخى ئىدى. ماۋ زېدۇڭنى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى رەھبەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقلىق يېرى شۇكى، ئۇ ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يولىيورۇقىدا ئىسپادىلەنگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىنقىلابىنىڭ مەنپەئەتىنى روشەن پەرقلەندۈردى. 1927 - يىلىدىن 1935 - يىلىغىچە، ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى، سىياسەتتىكى روشەن ئۆزگىچىلىك، ئالايلۇق، يېزىلاردا تايانچ بازىلارنى قۇرۇش، يېزىلاردا كىچىك كۆلەمدە غەيرىي مۇنتىزىملىق پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ لۇشيەنىگە خىلاپ ئىدى.

زور ئىختىلاپنىڭ بىرى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى توغرىسىدىكى كۆز قاراشتا، يەنى كونا تەرتىپ - تۈزۈملەرنى يىمىرىپ تاشلايدىغان ئاساسىي كۈچ زادى شەھەر پرولېتارىياتىمۇ ياكى دېھقانلار سىنىپىمۇ دېگەنگە بېرىپ تاقىلاتتى. ماۋ زېدۇڭ يېزىلاردا كونا تەرتىپ - تۈزۈملەرنى بىتچىت قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئاساس قۇرۇش لازىم، دەپ ھېسابلايتتى. موسكۋا دېھقانلار ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىش دېگەننى تەن ئالسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنداق پايدىلىنىشنى ئۆزىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدىغان چارە، يەنە كېلىپ بۇنداق پايدىلىنىش ھەر خىل ئىدېئولوگىيە فورماتسىيىسىدىكى خەۋپ - خەتەرلەر بىلەن تولغان دەپ قارايتتى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تايانچ بازىلارنى شەھەرلەردە قانچە بالدۇر قۇرسا، ئىدىيىدە ئىشەنچلىك ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دېھقان كادىرلارنىڭ ئورنىنى ئېلىشى شۇنچە تېز بولىدۇ، جۇڭگو

ئىنقىلابىمۇ شۇنچە ئۇزۇل - كېسىل بولىدۇ، دەپ ھېسابلايتتى. ستالىنىنىڭ دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابىي رولىنى ئىنكار قىلمىغىنىغا ئوخشاش، ماۋ زېدۇڭمۇ شەھەر ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رولىنى ئىنكار قىلمايتتى. ھەتتا پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىك رولىنى ئىنكار قىلمايتتى، ئەمما تەكىتلەيدىغان مۇھىم نوقتىلارنىڭ ئوخشاشماسلىقى، سىياسەتتىكى زور ئىختىلاپلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ماۋ زېدۇڭ بىلەن ۋاڭ مىڭ «دېھقان — يېزا» بولۇش كېرەكمۇ ياكى «شەھەر — ئىشچى» بولۇش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىدە ھەمىشە دەتالاش قىلاتتى. ئۇلار ئىككىسىلا ئۆز نەزەرىيىلىرىنىڭ ماركسىزمغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى، قارشى تەرەپنىڭ بولسا ماركسىزمغا ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى دەلىللىمەكچى بولاتتى. ماركسىزم - لېنىنىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىغاندا، بۇ دەتالاشلار كىشىنى خېلى قىزىقتۇرسىمۇ، لېكىن بۇ دەتالاشلار ئۈستىدە تەپسىلىي تەلقىن يۈرگۈزۈش بەربىر بۇ كىتابنىڭ مەقسىتى ئەمەس.

ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىكى رەھبەرلىك ئورنىغا ئېرىششتە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، لېكىن كەم دېگەندە ئىنتېرناتسىئونالنىڭ قوللىشىغىمۇ ئېرىشمىدى. 1934 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇزۇن سەپەر باشلىنىشتىن بۇرۇنقى جياڭشى سوۋېت رايونىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، ماۋ زېدۇڭ پارتىيىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. ئۇزۇن سەپەر باشلانغاندىن كېيىن، 1935 - يىلى 1 - ئايدا زۇنيىدىكى سىياسىي بيۇرونىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى بىر سەۋەب شۇكى، شۇ چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسى سىياسىي بيۇروسى بىلەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تېلېگراف ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغانىدى، ئۇزۇن سەپەر ئاياغلىشىپ شەنشى ئۆلكىسىدىكى يەنئەنگە كەلگەندە، ماۋ زېدۇڭ ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ فاشىزمغا قارشى تۇرىدىغان بۇرژۇئازىيە بىلەن ياپونغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇش توغرىسىدىكى لۇشيەنى ئۆزئارا دۇكان ئايرىپ، ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرغىنىغا بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولغانىدى. 1936- يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن ماۋ زېدۇڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بىرلىك سەپ توغرىسىدىكى يولىيورۇقىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن 1936 - يىلى 6 - ئايدىكى غەربىي جەنۇب مىلىتارىستلىرىنىڭ جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرۇشى ۋە شۇ يىلى 12 - ئايدا گېنېرال جاڭ شۆلياڭ، ياڭ خۇچېڭلارنىڭ جياڭ جيېشىنى نەزەربەند قىلىپ قويغانلىقىدەك مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا، ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىننىڭ پىكرى يەنىلا بىر يەردىن چىقمىدى. شۇنداق قىلىپ، 1937 - يىلىدىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ رەھبەرلىرى (ستالىن، دىمىتروۋ، ۋاڭ مىڭ) ماۋ زېدۇڭنى ئاسىي كوممۇنىزمچى دەپ ھېسابلاش ئۇچۇن تولۇق سەۋەبكە ئىگە بولدى. چۈنكى، ماۋ زېدۇڭ خەلقئارا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ «پولاتتەك ئىنتىزامى»غا بويسۇنۇشنى رەت قىلغانىدى.

ئىككىنچى باب

# كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا — ستالىن بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى

## 1. ستالىن بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتلىك مەنبەئىتى

ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى ئىككى يىلدا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭخۇا مىنگو ئىتتىپاق تۈزدى. 1937 - يىلى ئىككى تەرەپ تۈزگەن ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئاساسىدا، ئىككى تەرەپنىڭ دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي ھەمكارلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ شەرتنامە ئىككى دۆلەتنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ئورتاق قارشى تۇرۇشىدىكى ئاچقۇچىغا ئايلاندى. دىپلوماتىيە جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭخۇا مىنگو ئورتاق تىرىشىپ، غەربتىكى دېموكراتىك دۆلەتلەرنى ياپونغا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ھەربىي جەھەتتە، مەيلى جۇڭخۇا مىنگو، مەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى بولسۇن، قارشى تەرەپنى ياپوننى ئىسكەنجىگە ئېلىشتا بار كۈچى بىلەن رىغبەتلەندۈردى. بۇ ۋاقىتلىق ئىتتىپاق ئىككى تەرەپكىمۇ ئىنتايىن پايدىلىق ۋە ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپلارمۇ مەۋجۇت ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىختىلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتنىشىشى توغرىسىدىكى مەسىلە ئىدى. جياڭ جيېشى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىسىگە بالدۇرراق ئۇرۇش ئېلان قىلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ستالىن بولسا ھەنىنسىۋا ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۇرۇشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرىش مەسىلىسىدىمۇ تالاش - تارتىش مەۋجۇت ئىدى. ۋەزىيەت جۇڭخۇا مىنگوغا ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى. ئۇ جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ماددىي ئەشيالار جەھەتتە، موسكۋانىڭ ياردىمى گەرچە ئىنتايىن ئۇچۇق قوللۇق بىلەن قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن جياڭ جيېشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن تولىمۇ يىراق ئىدى. ئاخىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تېزلىك بىلەن گۈللىنىشى گومىنداڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى رول ئوينىۋاتىدۇ دېگەن گۇمانىنى قوزغىدى؛ بۇ گۇمان ئىتتىپاقنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. ۋەھالەنكى، ئىتتىپاقنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بۆلۈنۈپ كېتىشى بۇ ئىچكى توقۇنۇشلاردىن ئەمەس، بەلكى 1939 - يىلى كۈزدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ يېڭىباشتىن تەرتىپكە سېلىنىشىدىن بولغانىدى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلىدا، ستالىن بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ دىپلوماتىيە نىشانى ئاساسەن بىردەك بولۇپ، ئىككى تەرەپمۇ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەمكارلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇش غەربتىكى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ياپونغا قارشى بىرلىك سەپكە قاتنىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىشقانىدى. شۇڭا، جۇڭخۇا مىنگو موسكۋانىڭ تەشەببۇسىنى قەتئىي قوللاپ، غەربتىكى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى ئىمزالىشىغا ماقۇل بولدى. موسكۋا بولسا، جۇڭگونىڭ غەربتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ياپونىيىنى جازالىشى ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. ستالىن ۋە جياڭ جيېشى جۇڭخۇا مىنگو سوۋېت ئىتتىپاقى،

ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تىنچلىق لاگېرى»نى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. ناۋادا بۇ «تىنچلىق لاگېرى» قۇرۇلۇپ قالغۇدەك بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا چېگرىسىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى ـ دە، شۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىشىغا يول قويغىلى، ھەتتا ئۇنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولاتتى. جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنىڭ ئېغىرلىقىنى تامامەن چۈشىنەلەيتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن غەرب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى لاگېرنى ياۋروپا ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، موسكۋانىڭ يىراق شەرق رايونىدا ئاكتىپ سىياسەت يۈرگۈزۈشىدىكى بىر خىل ئۇسۇل دەپ قارايتتى.

ياپونىيىنىڭ ھەربىي تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش جۇڭگو-سوۋېت تۈزگەن ئىتتىپاقنىڭ ئاساسى ئىدى. جۇڭخۇا مىنگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيە بىلەن ئېلىشىدىغان ئاكتىپ ياكى يوشۇرۇن ھەربىي ھەمراھلار بولغاچقا، توكيو ئەسكىرىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ جۇڭگو ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆزى يالغۇز تاقابىل تۇرالمايتتى. جياڭ جيېشى پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى مانجۇرىيە ۋە چاۋشيەن چېگرىسىغا ئەسكەر توپلىسىلا، ياپونىيە بۇنىڭغا جاۋابەن خېلى چوڭ كۆلەمدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ ـ دە، شۇ ئارقىلىق ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا يوپۇرۇلۇپ ھۇجۇم قىلىشىنى ئىسكەنجىگە ئالغىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. جياڭ جيېشى يەنە تېخىمۇ بىۋاستە ھەمكارلىشىشنى، ئەڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى سوۋېت ـ جۇڭگو ئىتتىپاقىنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا بىۋاستە قاتناشتۇرۇشقا قايىل قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى

تەرەپتىن ئېيتقاندا، جۇڭگو فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىراق شەرقتىكى ئاساسىي كۈچى بولۇپ، پەقەت جۇڭگو ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلسا ۋە ئۇنى ئۇزۇنغا سوزسىلا ياپونىيىنىڭ ھەربىي كۈچى جۇڭگونىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشىدۇ ـ دە، شۇ ئارقىلىق توكيونى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراملىق بىلەن ئۇرۇش ئاچالمايدىغان قىلىپ قوياتتى. 1937ـ يىلىدىن 1940ـ يىلىغىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تەھدىت سېلىشتا، جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش ئىقتىدارىغا ناھايىتى زور دەرىجىدە تاياندى. ئەمما، شۇنى چۈشەندۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، موسكۋانىڭ تەھدىت سېلىش سىياسىتى ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىشتەك ئارزۇ ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى.

جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، موسكۋانىڭ جۇڭگونى قۇربان قىلىپ توكيو بىلەن يارىشىۋېلىشىدىنمۇ ئەنسىرەيتتى. جاڭ گۇفېڭ ۋەقەسىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىگە نىسبەتەن «تىنچلىق سىياسىتى» دە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش مەسىلىسىدە ياپونىيە بىلەن مۇرەسسەگە كېلىش ئارزۇسىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىنچلىق سىياسىتى ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالاشنى ئۈزلۈكسىز تەكلىپ قىلىش، يېڭى «مانجۇرىيە دۆلىتى» ھاكىمىيىتىنى كۆڭلىدە ئېتىراپ قىلىش ۋە 1935 ـ يىلى 3 ـ ئايدىكى ئىراق شەرق تۆمۈريولىنى ياپونلارغا سېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. پەقەت 1936 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گېرمانىيە، ياپونىيە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا قارشى شەرتنامە ئىمزالىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ستالىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇشىنى قوللاشنى قارار قىلدى. جياڭ جيېشى مۇنداق بىر

ئېھتىماللىقنى، يەنى ستالىن ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىنى قوللاپ، قۇۋۋەتلىگەندىمۇ پايدىلىقراقتۇر دەپ قارايدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق بىر قارارغا كېلىدۇ دېگەننى تىنماي ئويلايتتى. بۇ مۇناسىۋەت ياپونىيىنىڭ مانجۇرىيە ۋە شىمالىي جۇڭگودىكى ئەۋزەل مەنپەئەتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلاتتى، شەرت ئالماشتۇرغاندا بولسا، ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە، شىنجاڭ ۋە غەربىي شىمالنىڭ قىسمەن رايونلىرىدىكى ئەۋزەل مەنپەئەتىنى ئېتىراپ قىلدى. جياڭ جيېشىنىڭ ئەنسىرىشى بىھۇدە ئەنسىرەش ئەمەس ئىدى، خۇددى كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، 1939 - يىلى سوۋېت - گېرمانىيە ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن ستالىن پۈتۈن كۈچى بىلەن سوۋېت - ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن، 1937 -، 1939 - يىللىرى جياڭ جيېشى جۇڭخۇا مىنگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زىچ ھەمكارلىقى ئارقىلىق سوۋېت - ياپونىيە مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا توسۇپ قالدى.

1937 -، 1939 - يىللىرى، جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۈچ مۇھىم مەسلىھەتچىسى بار بولۇپ، بۇ ئۈچ كىشى 1936 - يىلى 10 - ئايدىن، 1937 - يىلى 11 - ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىككە تەيىنلەنگەن جياڭ تىڭفۇ، قانۇن تۈزۈش پالاتاسى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ قانۇن تۈزۈش ئالىي ئورگىنى) نىڭ پالاتا باشلىقى، سۈن جۇڭشەننىڭ ئوغلى سۈن كې، 1935 - يىلىدىن 1937 - يىلىغىچە ھەربىي ئىشلار كومىتېتى باش شتابىنىڭ سىجاڭى، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچى بولغان ياڭ جيېلاردىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ مىجەز -

خۇلقى ۋە سىياسىي نۇقتىئىنەزەرى ئۆزئارا ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇرۇش مەزگىلىدىكى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن.

بۇ ئۈچ ئادەم ئىچىدە، جياڭ تىڭفۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا تولىمۇ ئۈمىدسىز كۆز قاراشتا بولدى. 1931 - يىلى ياپونىيە مانجۇرىيىنى بېسىۋالغاندا، جياڭ تىڭفۇ چىڭخۇا داشۆ تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، جۇڭگو - سوۋېت دىپلوماتىيە تارىخىنىڭ نوپۇزلۇقى ئىدى. بۇ چاغدا، ئۇ جۇڭگودىكى ئۇرۇشقا قارشى نۇقتىئىنەزەرلەردىكىلەرنىڭ داھىيسى سۈپىتىدە ئەمدىلا تونۇلۇۋاتاتتى، ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا بولغان بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، جياڭ تىڭفۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا قوشۇلغانىدى. لېكىن، پۈتكۈل 30 - يىللار داۋامىدا ئۇ باشتىن-ئاخىر سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو تۈپەيلىدىن ياپونىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدۇ دەپ قاراپ كەلگەنىدى. جياڭ تىڭفۇنىڭ قارىشى بويىچە، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو-ياپونىيە توقۇنۇشىغا ئارىلىشىدۇ دېگەن خام خىيالدا بولۇشى ئىنتايىن زىيانلىق ئىدى. بۇ خىيال جۇڭگونى پۈتۈنلەي دېگۈدەك مەغلۇپ بولىدىغان بىر ئۇرۇشقا تەۋەككۇل قىلىشقا كۈشكۈشلەيتتى. بىراق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشتىنمۇ يامىنى شۇ ئىدىكى، جۇڭگو بۇنىڭ بىلەن ھازىرقى ھالىتىدىنمۇ بەتتەر بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ، جۇڭگونىڭ كۈچى ياپونىيىنىڭ كۈچىدىن ئېشىپ كېتىشتىن بۇرۇن، ياخشىسى ئاۋۋالقى پوزىتسىيىدە تۇرۇش كېرەك دېگەن كۆز قاراشتا چىڭ تۇراتتى. غەلىبە قىلىش ئىشەنچى بولمىغان دۆلەت ئۇرۇش قىلماسلىقى كېرەك. بۇ جياڭ تىڭفۇنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزەرى ئىدى. جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ نوپۇزلۇق ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن سولپەرەس ئەربابى بولغان جياڭ تىڭفۇ جياڭ

جېيشىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشتى. 1935 - يىلىدىن باشلاپ، جياڭ جېيشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەتتە ئۇنى ئىشلىتىشكە باشلىدى.

ياڭ جيې بىلەن سۇن كېمۇ جياڭ تىڭفۇغا ئوخشاش سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ دەسلەپكى تەرغىباتچىلىرىدىن ئىدى. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشامدۇ يوق دېگەن مەسىلىدە ئۇلارنىڭ پىكرى جياڭ تىڭفۇ بىلەن ئۆزگىرا زىت ئىدى. ياڭ جيې جياڭ جېيشىگە ئوخشاش ھەربىي بولۇپ، ئۇمۇ ياپونىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان، پەقەت جياڭ جېيشى ئۇنىڭدىن بالدۇر بارغانىدى. ئۇ 1926 -، 1927 - يىللاردىكى شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىدا دىۋىزىيە كوماندىرى بولغاندىن باشلاپ، جياڭ جېيشى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان، كېيىن جياڭ جېيشىنىڭ شتاب مۇدىرى بولغانىدى. 1930 - يىلى جياڭ جېيشى — يەن شىشەن - فېڭ يۈشياڭ ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇ جياڭ جېيشىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرى بولغان، 1931 - يىلى گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىغا كىرگەن، 1928 - يىلى مەركىزىي قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆسىنىڭ مۇدىرى بولغان ھەمدە تاكى 1938 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچى بولغىچە ۋەزىپىنى ئۇدا ئۆتەپ كەلگەن ئىدى.

30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ياڭ جيې سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنىشكە باشلىدى. 1933 -، 1934 - يىللىرى ئۇ ياۋروپا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ھەربىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، بىر پارچە كىتاب يېزىپ جۇڭگو - سوۋېت گۇرۇھىنىڭ ياپونىيىنى يېڭىدىغانلىقىنى تەرغىپ قىلدى. ياڭ جيې ھەربىي كومىتېت باش شتابىنىڭ سىجاڭى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆسىنىڭ مۇدىرى ۋە گومىنداڭ

مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پايدىلىق ئورۇندا تۇراتتى. ئۇ جياڭ جيېشىغا يېقىنلىشالايتتى ۋە ئۇنىڭغا گەپ يېگۈزەلەيتتى. 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا جياڭ جيېشى ياڭ جيېنى موسكۋاغا ئەۋەتتى، بۇ قارىماققا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي سانائىتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە جۇڭگوغا ھەربىي ياردەمنى كۆپەيتىش توغرىسىدا ستالىنغا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

پۇتكۇل 1937 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسىدە ئۈمىد ـ ئىشەنچكە تولۇپ تاشقاندى، ئەمما ياڭ جيې بىلەن جياڭ تىڭفۇلار ئوخشاشمىغان كۆز قاراشتا بولدى. جياڭ تىڭفۇ ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1937 ـ يىلىدىكى قىش ماڭا ئەڭ مۇشەققەتلىك قىش بولدى، چۈنكى گېنېرال ياڭ جيې ۋېييۈەنجاڭغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىدا ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولۇپ تاشقاندى. مېنىڭ تېلېگراممامدا بولسا ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىك ئىپادىلەنگەندى.» 1937 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەنجىڭ قولدىن كەتكەندىن كېيىن، جياڭ تىڭفۇ جياڭ جيېشىغا تولىمۇ چۈشكۈن بىر تېلېگرامما ئەۋەتتى.

ئۇ: ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاۋۋال قول سالمىسىلا، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلمايدۇ، دەپ جەزم قىلدى. دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ چۇڭخۇي دۆلەت مۇداپىئە ئەڭ ئالىي مەجلىسىنىڭ بىر قېتىملىق مەخپىي يىغىنىدا، بۇ تېلېگراممىنى ئوقۇپ ئۆتتى، سون كې جياڭ تىڭفۇنىڭ موسكۋادىكى «مەغلۇبىيىتى» بىلەن موسكۋانىڭ غەرىزى توغرىسىدىكى سەھۋەن قارىشىنى دەرھال ئەيىبلىدى. جياڭ تىڭفۇ كېيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بەلكىم باشقا سەۋەبلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن، مەن قايتۇرۇپ كېلىندىم».

1938 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ياڭ جيې جياڭ تىڭشۈنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى بولدى. ئۇ شۇنىڭدىن تاكى 1940 - يىلى 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگە كەلگەندىلا ئاندىن ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى. جياڭ جيېشى دەسلەپتە جياڭ تىڭشۈنىڭ ئورنىغا مول تەجرىبىلىك دىپلوماتىيە ئەمەلدارى گۇ يېنجۈننى قويماقچى بولسىمۇ لېكىن گۇيېنجۈن ئۆزرە قويۇپ رەت قىلدى. جياڭ جيېشىنىڭ ئەڭ ئاخىرى ياڭ جيېنى باش ئەلچى قىلىشىدىكى سەۋەب تا ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس، ئەمما ياڭ جيېنىڭ تېگى - تەكتى ھەربىي بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ جياڭ جيېشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئالاقىدار بولۇشى مۇمكىن. خۇددى ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ دەپ ئىشەنگىنىگە ئوخشاش، 1937-، 1938- يىللاردا، ياڭ جيې جياڭ جيېشىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىدىغىنىغا ساناقلىق كۈنلەر قالدى دەپ توختىماي ئېيتىپ كەلگەنىدى. ھەتتا ئۇنىڭ شەخسەن ئۆزى سوۋېت - ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش قوزغىماقچىمۇ بولغانىدى.

سۈن كې جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى مەسىلىسى بويىچە ئۇچىنچى مۇتەخەسسىسى ئىدى. ئۇ دادىسى تۈپەيلىدىن شۇ چاغلاردا شۆھرەت قازانغان بولۇپ، يەنە ئېنى گومىنداڭنىڭ بىر سولچىل گۇرۇھىغا رەھبەرلىك قىلاتتى. سۈن كې جۇڭگو - سوۋېت ئىناقلىقى بىلەن جۇڭگونىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئىلغارلىق ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ ھېسابلايتتى. ھەمدە بۇ ئىككى نىشاننى پائال قوللايتتى. پۈتكۈل 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە، سۈن كې ياپونىيىگە دەرھال ئۇرۇش ئېچىش ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەققانىي كۈرىشىنى قوللايدۇ، ئەگەر ياپونىيە جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ناھايىتى تېزلىك

بىلەن جۇڭگو تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ دەيدىغان سەل-پەل رومانتىك تۇسكە ئىگە كۆز قاراشقا مايىل ئىدى.

خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ كۆز قاراش جياڭ تىڭفۇغا زىيانلىق كۆز قاراش بولۇپ تۇيۇلدى. 1936- يىلى 12 - ئايدىكى شىئەن ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇ جياڭ جيېشىغا موسكۋاغا سۇن كې باشچىلىقىدا مەخسۇس ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىش ھەققىدە تەسھەت قىلىپ، سۇن كېنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىشىنى خالىمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلدى. ۋەھالەنكى، جياڭ جيېشى بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جاڭ تىڭفۇ بۇ ئۇنىڭ «ئۆزىدىكى سەۋەب»لەر تۇپەيلىدىن بولدى دېگەنىمىش، تاكى 1937 - يىلى 11 - ئايغا كەلگەندىلا ئاندىن جياڭ جيېشى موسكۋاغا سۇن كې باشچىلىقىدا مەخپىي ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، موسكۋادىن ياردەم سورىدى. سۇن كې ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 1938 - يىلى 1 - ئايدا موسكۋاغا يېتىپ باردى. سۇن كې سوۋېت ئىتتىپاقى مەسىلىلىرى بويىچە جياڭ جيېشىغا ئەڭ ئۇزاق مەسلىھەتچى بولغانىدى. 1938 - يىلىدىن 1940 - يىلىغىچە سۇن كې سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىگە بولغان نۇرغۇن خام خىياللىرىنى ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىدى. ئەمما، تاكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقىچە ئۇ، سوۋېتپەرەسلىك يۆنىلىشى جۇڭگونىڭ ئۆزىدىكى ئىلغارلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن كۆز قاراشقا يەنىلا ئىشىنىپ كەلدى.

## 2. «ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» ھېلىسىدىكى ئېلىشىش

1937 - يىلى 8 - ئايدا ئىمزالانغان جۇڭگو - سوۋېت ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى جۇڭگو - سوۋېت دۆلەتلىرىنىڭ 1938 -، 1939 - يىللاردىكى ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىقىغا ئاساس يارىتىپ بەردى. ئەمەلىيەتتە 1932 - يىللىرى، جۇڭگو - سوۋېت دۆلەتلىرى ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلىۋاتقان چاغلاردىلا، ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ياكى بىخەتەرلىك شەرتنامىسى تۈزۈش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىغانىدى. شۇ چاغدا، جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى لو ۋېنگەن بۇنداق شەرتنامە تۈزۈشكە چىن قەلبىدىن قوشۇلغانىدى. ئۇ ھەتتا 1933 - يىلى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە جۇڭگو - سوۋېت ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ لايىھىسىنىمۇ تاپشۇرغانىدى. چېن لىفۇ گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ جىگەر پارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 1935-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسى بوگومولوۋ بىلەن قىلغان سۆھبەت مەزگىلىدە، ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى توغرىسىدا 1932 - يىلى لوۋېنگەن ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسلار بىلەن جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرىش مەسىلىسىنى يېڭىباشتىن ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، بوگومولوۋ بۇنداق شەرتنامە «تولىمۇ خەتەرلىك» دەپ ھېسابلىدى. چېن لىفۇنىڭ ئىزاھلىشىچە، بوگومولوۋنىڭ غەرىزى، گەرچە بۇ شەرتنامە ياپونىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىكى تەسىرىنىڭ كېڭىيىشىگە قارشى تۇرۇشىغا قاتتىق زەربە بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو ئاجىز بولغاچقا،

ناۋادا ياپونىيە ـ سوۋېت ئۇرۇشى پارتلاپ قالغۇدەك بولسا، جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەقىقىي تۈردە ھېچقانچە ياردەم بېرەلمەيدۇ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. 1936 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، چېن لىفۇ موسكۋاغا مەخپىي بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە خەلق كومىسسارى لىتۋىنوۋ بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى. موسكۋا يەنىلا بەكمۇ ئېھتىياتچان ئىدى، گەرچە بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە ئىككى تەرەپ كېلىشىمگە كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يۆنىلىشتە بەزى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

1936 ـ يىلى، يىل ئاخىرىدا، جياڭ جيېشى زادى ياپونىيە بىلەن مۇرەسسە قىلىش كېرەكمۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييارلىنىشى كېرەكمۇ دېگەننى پىلانلاش مەقسىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بولغان يوشۇرۇن قوللىشىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، جياڭ تىڭفۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلەندى. ئۇنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسىگە ئالاقىدار سۆھبەت ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. جياڭ تىڭفۇ موسكۋادا تۇرغان بىرىنچى يىلى، سوۋېت ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۆزئارا ياردەم قىلىش خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى ياكى ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈش مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە خەلق كومىسسارى لىتۋىنوۋ ئۆزئارا ياردەم قىلىش خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى تۈزۈشنى خالىمايتتى. چۈنكى ئۇ يىراق شەرق توقۇنۇشىغا كىرىپ قېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي زېمىنىدا بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىدىن شۇنداقلا، يەنە شۇ تۈپەيلى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان گۇمانىنى كۈچەيتىۋېتىشتىن ھەمدە ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا بولغان ھېسداشلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىشتىن ئەنسىرەيتتى.

لىۋنوۋنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە، جۇڭگونى قوللاش مەسىلىسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنگلىيە، ئامېرىكا بىلەن تەڭ قەدەم تاشلىشى، يەنى ئۇلارنىڭ ئالدىغىمۇ چىقىپ كەتمەسلىكى، كەينىدىمۇ قالماسلىقى كېرەك ئىدى. گەرچە لىۋنوۋ ئۆزئارا ياردەم بېرىش خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى تۈزۈشنى رەت قىلىسىمۇ، لېكىن يەنىلا جۇڭگو بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈشنى خالايتتى. بۇ شەرتنامە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئۇسكۇنىلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن جۇڭگوغا قەرز پۇل بېرىشنى بىر سىياسىي ئاساس بىلەن تەمىن قىلاتتى. بىراق، لىۋنوۋنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، بۇنداق شەرتنامە موسكۋادا ئەمەس، بەلكى نەنجىڭدە ئىمزالىنىشى كېرەك ئىدى. جياڭ تىڭفۇ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش شەك - شۈبھىسىزكى بۇ شەرتنامىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئاجىزلىتىدۇ، دەپ قارايتتى. روشەنكى، جياڭ تىڭفۇ بىلەن لىۋنوۋنىڭ ھەر ئىككىسىلا شەرتنامە دېگەن سۆزنى چۈشىنىشىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ شەرتنامە ئۇ ئۆزى زىممىسىگە ئالغان مەجبۇرىيەتنىڭ چەك - چېگرىسىنىڭ سىمۋولى ئىدى ياكى ئۇ پەقەت شەرتنامىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ئەمەس، بەلكى رايون خاراكتېرلىك ئەھمىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. جياڭ تىڭفۇ جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلىپ: ئۆزئارا ياردەم قىلىش خەۋپسىزلىك شەرتنامىسىنى تۈزۈش مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان قوشۇمچە شەرتنامە، ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىمۇ ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ دەپ ھېسابلايمەن دېگەنىدى. ئۇ جياڭ جيېشىغا نوقۇل جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىلا ئەمەس، بەلكى باشقا چوڭ دۆلەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىتتىپاقنى بۇ شەرتنامىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى.

لىۋنوۋنىڭ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىزدىنىشى روشەنكى ستالىننىڭ بېسىمىغا ئۇچراۋاتاتتى. 1937 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ياپونىيە قوزغىغان لۇگوچياۋ ۋەقەسىدىن بىر ئاي بۇرۇن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلىيەتتە ئۆزئارا ياردەم بېرىش خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى تۈزۈشى توغرىسىدا جۇڭگوغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكلىپ بەردى. 1937 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بوگومولوۋ جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ چۇڭخۇيغا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى يىراق شەرقتە ئوخشاش بولغان «خەلقئارالىق مۇھىت» ئىزدىشى كېرەك، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى قۇدرەتلىك، گۈللەنگەن جۇڭگونى كۆرۈشنى خالايدۇ، جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارانىيىتى يوق، قۇدرەتلىك جۇڭگو يىراق شەرق تىنچلىقىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپ قالىدۇ. ئەمما ئاجىز جۇڭگو بولۇپ قالسا ئۇرۇشنىڭ ئوت ئالدۇرغۇچ پىلتىسى بولۇپ قالىدۇ دېگەننى ئۇقتۇردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بوگومولوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ كوللېكتىپ خەۋپسىزلىك شەرتنامىسىنى تۈزۈش مەقسىتىدە خەلقئارا يىغىن چاقىرىش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، گوللاندىيە، ياپونىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىگە تەشەببۇس قويۇشى كېرەك، دېدى. بوگومولوۋ يەنە: ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى مۇشۇنداق تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويسا، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنداق تەشەببۇسنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەمدە باشقا دۆلەتلەرنى بۇ تەشەببۇستىكى شەرتنامىگە ئورتاق قاتناشتۇرۇشقا پائال سەپەرۋەر قىلىدۇ، دېدى. ناۋادا رايون خاراكتېرلىك كوللېكتىپ خەۋپسىزلىك شەرتنامە ماقۇللانماي قالغانلىقى دەلىللەنسە، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو بىلەن سۆز ـ ئىبارىلىرى كەسكىن

بولغان ئۆز ئارا ياردەم بېرىش خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى تۈزىدۇ. ئۇ بۇ سۆزلەردىن كېيىن، ۋاڭ چۇڭخۇيغا بىر نۇسخا لايىھە سۇنىدۇ. بوگومولوۋنىڭ قارىشىچە، ئىككى تەرەپلىمىلىك شەرتنامە تۈزۈشتىن ئىلگىرى، خەلقئارالىق خەۋپسىزلىك يىغىنى ئېچىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. ئەگەر بۇ يىغىن ياخشى نەتىجە ھاسىل قىلسا، ئۇ چاغدا ئىككى تەرەپلىمىلىك شەرتنامە بىھاجەت ئىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن ۋاڭ چۇڭخۇي سوۋېت ئىتتىپاقى نېمە ئۈچۈن تىنچ ئوكيان رايونى يىغىنى ئېچىشنى شەخسەن ئۆزى تەكلىپ قىلمايدۇ، دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويدى. بوگومولوۋ ئىزاھلاپ كېلىپ، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇنداق بىر يىغىننى چاقىرسا نۇرغۇن شەك - شۈبھىلەرگە قالىدۇ، دېدى.

ھەيران قالارلىقلىقى شۇكى، ۋاڭ چۇڭخۇي بوگومولوۋنىڭ مۇھىم تەكلىپىنى جياڭ جيېشىغا دەرھال يەتكۈزمەي تاكى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، يەنى لۇگۇچياۋ ۋەقەسىنىڭ ئىككىنچى كۈنىگىچە سۆرەپ ئاندىن يەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەتتا بوگومولوۋ سۇنغان لايىھىنى توپمۇ توغرا بىر ئايدىن كېيىن جياڭ جيېشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جۇ شىسەينىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، ۋاڭ جۇڭخۇي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ خەلقئارا يىغىنىنى چاقىرىش نىيىتىدىن ئىنتايىن گۇمانلانغان. ۋاڭ چۇڭخۇي بۇنداق بىر خەلقئارالىق يىغىننى جۇڭگونىڭ يالغۇز چاقىرىشى مۇۋاپىق ئەمەس، ئۇنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە جۇڭگو ئورتاق چاقىرىشى كېرەك دەپ ھېس قىلاتتى. جۇ شىسەي يەنە تاكى لۇگۇچياۋ ۋەقەسى پارتلىغانغا قەدەر ۋاڭ چۇڭخۇي يەنىلا بوگومولوۋ بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ تۇردى، دەيدۇ.

7 ـ ـئاينىڭ 7 ـ كۈنى يۈز بەرگەن ئۇرۇش جياڭ جيېشىنى ۋاڭ چۇڭخۇينىڭ ئېھتىياتچانلىقىغا قاراپ تۇرغۇزۇۋەرمىدى، 7ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۇ لۇشيەندە قانۇن تۈزۈش پالاتاسىنىڭ باشلىقى سۇن كې ۋە ۋاڭ چۇڭخۇيلار بىلەن كۆرۈشتى. گەرچە جياڭ جيېشى لۇگۇچياۋ ۋەقەسىنىڭ تىنچىش ـ تىنچىماسلىقىغا ھۆكۈم قىلالمىسىمۇ، لېكىن ئىشنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ قويۇشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ، ئەگەر توقۇنۇش داۋاملىق سوزۇلۇۋەرسە، ئۇ چاغدا ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ، دېدى. بۇ ئۇرۇشتىكى «ئەڭ ئاچقۇچلۇق ئامىل» سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كېلىشىم تۈزۈش، ھەربىي قورال ـ ياراغلارنى سوۋېت تەرەپ تەمىنلەش ھەمدە جۇڭگو ـ سوۋېت ئۆزئارا ياردەم بېرىش خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى تۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ۋاڭ چۇڭخۇي جياڭ جيېشىغا بوگومولوۋنىڭ 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى تەكلىپىنى دوكلات قىلغاندىن كېيىن، جياڭ جيېشى دەرھال ۋاڭ چۇڭخۇي بىلەن سۇن كېغا شائخەيگە بىللە بېرىپ، بوگومولوۋنىڭ بىر ئاي بۇرۇنقى تەشەببۇسىنىڭ مۇقامى بويىچە ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم ئىمزالاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

لۇشەن يىغىنىدىن كېيىن، ئۆزئارا ياردەم بېرىش خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى دىپلوماتىيە تارىخىدىن غايىب بولدى. جۇ شىسەينىڭ يېزىپ قالدۇرغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ۋاڭ چۇڭخۇي بىلەن سۇن كې شائخەيگە بېرىپ بوگومولوۋ بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسى ھازىر ئۆزئارا ياردەم بېرىش خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى تۈزۈشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى دېگەن كۆز قاراشتا چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇ بۇنداق شەرتنامە تۈزۈشتىكى مەقسەت ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، لېكىن ھازىر ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، ناۋادا 1931ـ يىلى ياپونىيە مانجۇرىيىنى ئىشغال قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا

بۇنداق شەرتنامە تۈزۈلگەن بولسا، ئۇ چاغدا، بۇ شەرتنامە بەلكىم ياپونىيە قوزغىغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئالالىغان بولاتتى، ھالبۇكى ئەمدى كېچىكىپ قالدۇق، دېدى. ئۇ شەرھلەپ كېلىپ: ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى ھازىر جۇڭگو بىلەن بۇ شەرتنامىنى تۈزسە، ئۇ ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ياپونىيىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى مۇمكىن، بىراق سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق قىلغىنى يوق، شۇڭا نۆۋەتتە جىم ياتقان يىلاننىڭ بېشىغا دەسسەش روشەنكى ئاقىلانىلىك ئەمەس، دېدى. بوگومولوۋنىڭ يەكۈنى، نۆۋەتتە بەجا كەلتۈرۈشكە بولىدىغان ئەڭ ياخشى ئىش جۇڭگو - سوۋېت ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈش دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

جياڭ جيېشىگە بىر قەدەم چېكىنىدىغان بۇ لايىھىنى قوبۇل قىلماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى. شۇڭا، 1937 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈشكە ماقۇل بولدى. 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شەرتنامە سىرتقا قارىتا ئېلان قىلىندى. 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى دۆلەت مۇداپىئە مەجلىسى تەرىپىدىن تەستىقلاندى. ئىنتايىن ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى ئەڭ ئالىي دۆلەت مۇداپىئە مەجلىسى 1938 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگە كەلگەندىلا ئاندىن بۇ شەرتنامىنى قانۇن پالاتاسىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇندى ۋە مەمۇرىي پالاتانىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇردى. بۇنداق كېيىنكە سۆرەش ئېھتىمال بەزى كىشىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شەرتنامە تۈزۈش، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھەرىكەت قوللىنىشىغا قولايسىزلىق پەيدا قىلىدۇ دېگەن ئويىدىن ھاسىل بولغان دىلىغۇللۇقتىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. 1938 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قانۇن تۈزۈش پالاتاسى ئاخىرى بۇ شەرتنامىنى ماقۇللىدى.

1937 - يىلى 8 - ئايدىكى شەرتنامە پەقەت بىز يولۇقتۇرغان

ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشماسلىق توغرىسىدىكى بىرنەچچە شەرتنامىنىڭ تۇنجىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. 30 - يىللاردا، «ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق» ئاكتىپ دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىۋاسىتە ئۇرۇشتىن تاشقىرى ئاكتىپ سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي ئىشلاردىكى ھەمكارلىقتىن دېرەك بېرەتتى. 30 - يىللاردىكى ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى 80 - يىللاردىكى دوستانە ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى دەپ ئاتالغان شەرتنامىلەردىنمۇ ئەھمىيەتلىك ئىدى.

1937 - يىلىدىكى جۇڭگو - سوۋېت شەرتنامىسىنىڭ ئىككى مۇھىم رولى بار: بىرىنچىدىن، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭخۇا مىنگوغا كەڭ كۆلەمدە ياردەم بېرىپ، ھەربىي ئۈسكۈنە سېتىپ بېرىشنى سىياسىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىككى تەرەپتىكى ھەرقانداق بىر تەرەپنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدە ياپونىيە بىلەن سودا قىلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. كېيىنكى بىر نۇقتىدىكى ماددىدا: ئەگەر شەرتنامە ئىمزالىغان دۆلەتلەردىن بىر تەرەپ ياپونىيىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا، يەنە بىر تەرەپ پۈتكۈل توقۇنۇش مەزگىلىدە ھەرقانداق ۋاسىتىلىك ۋە بىۋاسىتە شەكىل ئارقىلىق ياپونىيىگە ياردەم بەرمەيدۇ ھەمدە ياپونىيىگە پايدا يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ھەرىكەت قوللىنىش ياكى ياپونىيىگە پايدا يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق كېلىشىم تۈزۈشتىن ساقلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، شەرتنامە تەستىقلانغان چاغدا، قانۇن تەسىس قىلىش پالاتاسى بىز شەرتنامىدىكى بۇ ماددا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمىز، دەپ جاكارلىدى.

جياڭ جيېشىمۇ، ئىككىنچى نۇقتا، يەنى شەرتنامىنىڭ

ئىنكار قىلىدىغان تەرىپى ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىش ئېھتىمالىغا بولغان بىر خىل ئىسكەنجە بولىدۇ، دەپ قارايتتى. بىراق، جياڭ جيېشى بۇ شەرتنامىنىڭ بۇنداق ئىككى يۈزلىمىلىكىنىڭ ئالدىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئالالايدىغان ــ ئالالمايدىغانلىقىغا گۇمان بىلەن قارايتتى. 8 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى، يەنى جياڭ جيېشى بۇ شەرتنامىنى تەستىقلىغان كۈنى، خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغانىدى: سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ كېلىشىمدىن پايدىلىنىپ ياپونىيىگە بېسىم ئىشلىتىشنى، شۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيە بىلەن مۇشۇ تەقلىتتىكى كېلىشىم تۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىتەرەپلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

باشقىچە ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونى قۇربان قىلىپ ياپونىيە بىلەن مۇرەسسە قىلىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە جۇڭگونى بۆلۈشۈۋالىدۇ دېگەندەك ئەندىشە جياڭ جيېشى ئىدىيىسىنىڭ مېغىزى بولۇپ پۈتكۈل ئۇرۇش جەريانىدا ھەمىشە مۇشۇ ھەقتە ئەندىشە قىلىپ كەلگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىنىڭ مۇرەسسە قىلىشى جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ياكى جۇڭگو بىلەن گېرمانىيە ئۆزئارا مۇرەسسە قىلىشى مۇمكىن دېگەن ئەنسىرەشتىن كېلىپ چىققانىدى. خۇددى گومىنداڭنىڭ پېشۋاسى، 1940 ــ يىلى ياڭ جيېنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىككە تونۇشتۇرغان شاۋلىزى نۇرغۇن تەقرىزلىرىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، موسكۋانىڭ ياپونىيە بىلەن سودا قىلمايمىز دەپ بەرگەن ۋەدىسىگە ماس ھالدا جۇڭگومۇ ياپونىيە، گېرمانىيە ياكى ئىتالىيىلەرنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى ھەرقانداق شەرتنامىسىگە كىرمەيمىز دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. نۇرغۇن جەھەتلەردىن قارىغاندا، جۇڭگو ــ سوۋېت شەرتنامىسىنى ئاسانلا چۈشەنگىلى بولاتتى، كەم دېگەندە موسكۋانىڭ نەزەرىدە شۇنداق ئىدى. 1936 ــ يىلى 11 ــ ئايدىكى كوممۇنىستىك

ئىنتېرناتسىئونالغا قارشى كېلىشىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى، شۇڭا موسكۋا جۇڭگونى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا قارشى ئىتتىپاققا قايتا كىرگۈزمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا ئىدى.

نۇرغۇن جۇڭگولۇقلار 1937 - يىلىدىكى شەرتنامە ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكىلارنىڭ بۇ شەرتنامىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش پوزىتسىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتسە ئىكەن دەپ ئۈمىد قىلاتتى. بۇ ھەقتە جياڭ تىڭفۇنىڭ ئەسلىمىسىدە نۇرغۇن بايانلار بار. جياڭ تىڭفۇ ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: 1936 - يىلى 10 - ئايدا مەن «ئەڭ چوڭ، ئەڭ قىزغىن ئۈمىد» لەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلەنگەنىدىم. ھەر خىل ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بىلەن گۇرۇھلار مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ھەربىر يىغىلىشتا مەن كىشىلەرنىڭ ماڭا دىققەت بىلەن تىكىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق قىلىپ بولمىسۇن تىرىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو بىلەن بىرلىكتە ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بەزىلەر مېنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىيالايدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتى، يەنە بەزىلەر گەرچە شۇنداق دەپ ئۈمىد قىلىشسىمۇ، لېكىن دەرگۇماندا ئىدى. بۇنداق مۇرەككەپ ھېسسىيات ئادەتتىكى ئاممىنىڭ ئوي - پىكرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنىدى.

جياڭ تىڭفۇ شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، موسكۋا باشتىن - ئاخىر جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇنداق ئۈمىدىنى تىزگىنلەش ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىگە يېتەتتى. بۇ مەقسەت مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بىرىنچى، جۇڭگونى ياپونىيە بىلەن تىركىشىشكە ئىتتىرىش، ئىككىنچى، مۇبادا ئۇرۇش پارتلاپ قالسا ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش. موسكۋانىڭ 1937 - يىلى 6 - ئايدا ئۆز ئارا

ياردەم بېرىش خەۋپسىزلىك شەرتنامىسىنىڭ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئېھتىمال ئۇنىڭ جۇڭگونى ياپونىيە بىلەن بولغان جىددىي مۇناسىۋىتىنى كۆچەيتىشكە كۈشكۈرتۈش ئۈچۈن قىلغان بىر خىل تىرىشچانلىقى بولسا كېرەك. جياڭ تىڭفۇنىڭ ئەسلىشىگە قارىغاندا، بوگومولوۋ ئەپچىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ جۇڭگودا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش ئەسەبىيلىكىنى قوزغاتقان. بولۇپمۇ ئۇ بەزى جۇڭگولۇقلار بىلەن تولىراقى سىياسىي داھىي ۋە مۇخبىرلار بىلەن ئۆز ئالدىغا كۆرۈشكەندە، ئەگەر جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشى پارتلاپ قالسا سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا زۆرۈر بولغان بارلىق ياردەمنى بېرىشكە تەييار دېگەندىن ھەمىشە بېشارەت بېرەتتى. جياڭ تىڭفۇنىڭ ئېيتىشىچە، بوگومولوۋ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىچىدە ئېھتىيات بىلەن سۆزلەيدىغانلاردىن ھېسابلىناتتى. ئەمما، ئۇ جياڭ تىڭفۇغا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزئارا ياردەم بېرىش خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى تۈزۈشنى خالايدۇ ھەمدە جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىدا جۇڭگوغا ئەمەلىي ھەربىي ياردەم بېرىدۇ دەپ كەم دېگەندە بىر قېتىم ئېيتقانىدى.

ئۇرۇش بولغان دەسلەپكى 18 ئايدا، جياڭ جيېشى ستالىننى ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش توغرىسىدا قىزىل ئارمىيەگە بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە قايىل قىلماقچى بولدى. ستالىن بۇ تەلەپنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن رەت قىلدى، چۈنكى ئۇ قوپاللىق بىلەن رەت قىلسا جياڭ جيېشىنىڭ ياپونىيە بىلەن يارىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

## 3. جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ دەيدىغان خام خىيالىنىڭ بەربات بولۇشى

موسكۋا دۆلەت بىلەن دۆلەت، سىياسىي پارتىيە بىلەن سىياسىي پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى قوش تەرەپلىمىلىك يوللار ئارقىلىق يىراق شەرق تىنچلىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. جۇڭخۇا مىنگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈزگەن ئىتتىپاقى ئاساسەن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى قوزغىتىلغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىلىرى بىلەن ئىلغار تەشكىلاتلارنىڭ «خەلقئارا ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش لاگېرى» غا كىرىش ھەرىكىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. تەخمىنەن 35 دۆلەتنىڭ ياچېيكىسىدا، ياپونىيە ماللىرىنى چەكلەش، ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ زوراۋانلىقلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە پاش قىلىش، جۇڭگو مۇساپىرلىرى ئۈچۈن مەبلەغ توپلاش قاتارلىق ھەرىكەتلەر تەشكىللىك ھالدا يۈرگۈزۈلدى. 1938 ـ يىلى ۋە 1939 ـ يىلى بىرنەچچە قېتىم خەلقئارالىق يىغىن چاقىرىلدى. بۇ ھەرىكەتلەر دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ جامائەت پىكرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغاشتا مۇھىم ئامىل ئىدى.

دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىدە، مەيلى نەنجىن، مەيلى موسكۋا بولسۇن، ھەر ئىككىسىلا جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسىنىڭ ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە غەربتىكى باشقا كۈچلۈك دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىنچ ئوكيان ئورتاق خەۋپسىزلىك سىستېمىسىنىڭ بىر تەشكىلىي قىسمىغا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. لۇگوۋچياۋ ۋەقەسى پارتلىغان دەسلەپكى بىرنەچچە ئايدا، جۇڭگو ئەمەلدارلىرى غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ياپونىيىگە قارىتا كۈچلۈك ھەرىكەت قوللىنىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. 7 ـ ئاينىڭ

16 ـ كۈنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا، بېلگىيە، گوللاندىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەسلەتمە تاپشۇرۇپ، ياپونىيىنىڭ شىمالىي جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشى جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى بىشەملىك بىلەن ئاياغ ئاستى قىلغانلىق، «توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسى»، «پارىژ ئۇرۇشسىزلاشتۇرۇش ئەھدىنامىسى» ۋە «دۆلەت ئىتتىپاق شەرتنامىسى» نىڭ ماددىلىرى ۋە ئۇنىڭ روھىغا ئوچۇقتىن ئوچۇق خىلاپلىق قىلغانلىق دەپ ئەيىبلىدى. بۇنىڭ كەينىدىنلا نەنجىن ھەرقايسى دۆلەتلەرنى ياپونىيىگە بېسىم ئىشلىتىشكە سەپەرۋەر قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە جياڭ جيېشى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ئىتالىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ باش ئەلچىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ دۆلەتلەردىن جۇڭگونىڭ كۈرىشىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەشنى تەلەپ قىلدى. نەنجىن دەسلەپتە 1937 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە بىريوسىلدا ئېچىلغان «توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسى» يىغىنىدا غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنى ئاكتىئاللىق ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىش يولىغا يېتەكلەش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق 19 دۆلەت قاتناشتى، ياپونىيە بىلەن گېرمانىيە يىغىنغا قاتناشمىدى. ئەينى چاغدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، بېلگىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچى چيەن تەيىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، جۇڭگولۇقلار يىغىنغا تولىمۇ زور ئۈمىد باغلىغانىدى، بولۇپمۇ ئۇلار يىغىن جۇڭگوغا ماددىي ياردەم — قورال ـ ياراغ ۋە قەرزپۇل بېرىشنى قارار قىلالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەنە سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ مانجۇرىيە چېگرىسىدا ئەمەلىي كۈچ كۆرسىتىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ ھەمدە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت تىنچ ئوكياندا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ مانېۋۇرىنى ئۆتكۈزىدۇ دەپ ئۈمىد قىلغانىدى. ئۇلار كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ياپونىيىگە ئىقتىسادىي جازالاش

ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلغانىدى.

ئەنجىڭدىكى جۇڭگو ئەمەلدارلىرى غەربنىڭ ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىش - قوللانماسلىقىدىن ئۈنچىۋالا ئۈمىدۋار ئەمەس ئىدى. بىريۇسسېل يىغىنى ئېچىلىشتىن تەخمىنەن بىر ئاي ئىلگىرى، ۋاڭ چۇڭخۇي جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىگە مەخپىي يوليورۇق بېرىپ يىغىنغا تاقابىل تۇرۇشنى ئېيتقانىدى. ۋاڭ چۇڭخۇي: يىغىننىڭ جۇڭگو - ياپونىيە تالاش - تارتىشىنى ياراشتۇرماقچى بولۇشى ئىشقا ئاشمايدۇ دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئەمما، جۇڭگونىڭ بارلىق قاتناشقۇچى دۆلەتلەرگە بولغان پوزىتسىيىسى تولىمۇ سوغۇققان بولۇشى، ئۇلارغا سەت كۆرۈنمەسلىكى كېرەك ئىدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو يىغىننىڭ جۇڭگو - ياپونىيە توقۇنۇشىنى «توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسى» ئاساسىدا ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىشى لازىم ئىدى. جۇڭگونىڭ مەقسىتى يىغىن مۇقەررەر ھالدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كۈچلۈك دۆلەتلەرنى ياپونىيىنى جازالاش چارىسىنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بىريۇسسېلدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ھەتتا «بار كۈچى بىلەن ئامال قىلىپ ئەنگلىيە، ئامېرىكىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قوراللىق قارشى تۇرۇشنى قوللاش ۋە ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈشكە مەجبۇر قىلغانىدى.»

جۇڭگونىڭ غەربنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىرلەشمە ھەرىكەت قوللىنىپ، ياپونىيىگە قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىش پىلانى موسكۋا تەشەببۇس قىلغان كوللېكتىپ خەۋپسىزلىك ستراتېگىيىسى بىلەن ئۆزئارا ماس كېلەتتى. موسكۋا بىريۇسسېل يىغىنىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بەرگەنىدى، دىپلوماتىيە خەلق كومىسسارى لىۋىنوۋنىڭ يىغىنغا ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ بېرىشى بۇنىڭ روشەن دەلىلى ئىدى. بىريۇسسېل يىغىنىدا لىۋىنوۋ جۇڭگو ئوتتۇرىغا قويغان بارلىق «تىنچلىقپەرۋەر دۆلەتلەر» بىرلىشىپ، ياپونىيىنى ئورتاق

جازالاش توغرىسىدىكى مۇراجىئەتنى قەتئىي قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى، ئۇ يىغىندىكىلەرگە جۇڭگو ـ ياپونىيە توقۇنۇشىنى ياراشتۇرۇش تىرىشچانلىقى مەغلۇپ بولدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىنى ئۈنۈملۈك چەكلەش ئۈچۈن ئورتاق تەدبىر قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ يەتتى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشقا قاتنىشىشنىڭ تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويىدى دەپ كۆرسەتتى.

چۇڭچىڭگە نىسبەتەن (چۇڭچىڭ 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭگونىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى پايتەختى بولغانىدى) ئېيتقاندا، ئىنتايىن بەختسىزلىك شۇ ئىدىكى، ئامېرىكا ئۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ ياپونىيىگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى يەنىلا ياپونىيىنى خاتىرجەم قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا، ئامېرىكىنىڭ باش ۋەكىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنى يىغىننىڭ ھەرىكەت پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان گۇرۇپپا ھەيئىتىدىن چىقىرىۋېتىش تەكلىپىنى بەردى. غەرب دۆلەتلىرى موسكۋانى چەتكە چىقىرىۋەتسە، توكيونى قاتناشتۇرۇپ قىلىشىمىز مۇمكىن دەپ ئۈمىد قىلىشاتتى. لىۋىنوۋ بۇ ھەرىكەتتىن قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى كەمسىتىشكە ئۇچرىدى دېگەننى سەۋەب قىلىپ يىغىندىن چېكىنىپ چىقتى.

بۇ چۇڭچىڭ دىپلوماتىيىسىگە قاتتىق زەربە بولدى. چيەن تەينىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى چېكىنىپ چىققاندىن تارتىپ، يىغىن جۇڭگونى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغان «ئاكتىپ تەدبىر» نى قايتا مۇھاكىمە قىلىپ باقمىغانىدى. جياڭ تىڭفۇغا ئوخشاش جۇڭگو دىپلوتىيە ئەمەلدارىمۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ لايىھىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى جاھىللىق بىلەن چەتكە قېقىپ چىقىرىشىغا نىسبەتەن گاڭگىراپ قالدى. جياڭ تىڭفۇنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەتلەر

ئىتتىپاقى ياكى بىرىنۇسىلدا قوللانغان ھەرقانداق ھەرىكەتنى ۋاشىنگتون بىلەن لوندون تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمايدىغان ھەرىكەت دەپ قارالدى، ئەمما جىياڭ تىڭفۇ بۇنداق قىلىشنىڭ قىلچە ئالدىن كۆرەرلىك ئەمەسلىكىگە ئىشىنەتتى. بىريوسىل يىغىنى ئەڭ ئاخىرى جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنى باشقا دۆلەتلەر تەمىنلىگەن ياردەمدىن پايدىلىنىپ توقۇنۇشنى بالدۇرراق تۈگىتىشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان بىر ھەل قىلىش چارىسىنى ماقۇللاپ چىقتى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى يىغىننىڭ بۇ ئەرزىمەس نەتىجىسىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. غەربنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈمىدىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى جۇڭخۇا مىنگونى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تېخىمۇ يۆلىنىدىغان قىلىپ قويدى.

توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسى يىغىنى ئېچىلىۋاتقان چاغدا، موسكۋا ئۆزىنىڭ جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ قالىدىغانلىقىدىن داۋاملىق بېشارەت بەردى. جىياڭ جېيشىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، يىغىن مەزگىلىدە، ستالىن جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن. ستالىن جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ ياپونىيە بىلەن باتۇرانە ئېلىشقانلىقىنى مەدھىيىلىگەن ھەمدە جۇڭگو مەسلىھەتچىسىگە: ئەگەر جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتى يامانلىشىپ قالغۇدەك بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشى مۇمكىن دېگەن. ياڭ جېيمۇ ستالىن ۋە دۆلەت مۇداپىئە خەلق كومىسسارى ۋوروشىلوۋ بىلەن سۆھبەتلەشكەن چاغدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا ساناقلىق كۈنلەرلا قالدى دەپ ھېسابلىغانىدى. 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ياڭ جېيې جىياڭ جېيشىغا مەزمۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا چېتىلىدىغان ئىككى پارچە تېلېگرامما يوللىدى. بىرىنچىسى تېلېگراممىدا ياڭ جېيې ستالىننىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى پەقەت ياپونىيە خەلق

ئاممىسىنى ھۆكۈمەت ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ياپونىيىنىڭ ئۇرۇشقا قارشى ھەرىكىتى مەغلۇپ بولىدۇ دېگەنىدى. ياڭ جيې ستالىنىنىڭ يەكۈنىدىن پايدىلىنىپ، جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلىپ: «شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى پايدىلىق پۇرسەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈشى كېرەك، پايدىلىق پۇرسەت يېتىپ كەلگەندىلا ئاندىن ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا توغرا كېلىدۇ» دېگەنىدى. ياڭ جيېنىڭ ئىككىنچى تېلېگراممىسىدا يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە ئۇنىڭ ۋوروشىلوۋ بىلەن قىلغان سۆھبەت ئەھۋالى يەكۈنلەنگەنىدى. ياڭ جيې: ۋوروشىلوۋ جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى يىراق شەرق تىنچلىقىنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەيدۇ دېگەن كۆز قارىشىغا قوشۇلىدۇ، دېدى. ئەمما ئۇ يەنە ۋوروشىلوۋ سوۋېت ئىتتىپاقىدا نۇرغۇن گۇمان ۋە ئەندىشىلەر بار دەيدۇ، دەپ ئەسكەرتتى. چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي قىسمىدىكى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىلسە، غەربىي قىسمىدىكى ئۇرۇش بۇ ئۇرۇشقا سوڭدىشىپلا يېتىپ كېلەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا ئىككى قىسىمدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلالمايتتى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى نۆۋەتتە بۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق تەييارلىق قىلىشى كېرەك ئىدى. بىراق ياڭ جيې جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما ئارقىلىق دوكلات قىلغاندا ۋوروشىلوۋ بۇنداق تەييارلىقلار ئىنتايىن تېزلىك بىلەن پۈتىدۇ دېدى دەپ جار سالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئەمەلدارلىرى تولىمۇ سالماقلىق سۆزلەيتتى، ئۇلار جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ دېگەن ئۈمىدىدىن ۋاز كېچىشىنى خالىمايتتى.

12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ياڭ جيې جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۆزىنىڭ ۋوروشىلوۋ بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ياڭ جيې دوكلات قىلىپ مۇنداق دېدى: ستالىن بۇنداق ھەرىكەت پۈتۈن دۇنيانى

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشى قىلىپ قويىدۇ دەپ ئەنسىرەۋاتىدۇ. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى پەقەت جۇڭگوغا ماددىي ياردەملا بېرەلەيدۇ. ستالىن جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇشىنىڭ ئىنتايىن جاپالىقلىقىنى بىلەتتى، لېكىن ئۇ «ئاخىرقى غەلىبىنىڭ جۇڭگوغا مەنسۇپلۇقىغا، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش لازىملىقى»غا قاتتىق ئىشىنەتتى. بۇ تېلېگراممىنىڭ ئاخىرىدا، «كۆزىتىشىمچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىش مەسىلىسىدە تەشۋىش - ئەندىشىلىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۇرۇشقا مۇتلەق قاتناشمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ» دەپ ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ياڭ جيې جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيىلەرنى «نىسپىي كاپالەت» بىلەن تەمىنلەشكە تىرىشىپ مەجبۇر قىلىپ، مۇھىتنى ئۆزگەرتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆزلۈكىدىن ئەسكەر چىقىرىشقا قىستاش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

1937 - يىلى يىل ئاخىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى يىراق شەرق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى، 20 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە گالۇن دېگەن نام بىلەن جۇڭگودا خىزمەت ئۆتىگەن مارشال بۇلۇخېر نۇتۇق ئېلان قىلدى. ئۇمۇ ئۆز نۇتقىدا جۇڭگونى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ دېگەنگە ئىرىشىپ ئىشەندۈرمەكچى بولدى. گومىنداڭ مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى خەلقئارا تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى دۇڭ شيەنگۇاڭ بۇلۇخېر دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشقا زۆرۈرلا بولىدىكەن، سوۋېت ئىتتىپاقى قىلچە ئارىسالدى بولماستىن دۆلەت چېگرىسىدىن ئاتلاپ چىقىپ ئۇرۇش قىلىدۇ دەپ ئېيتتى، دېدى. دۇڭ شيەنگۇاڭنىڭ قارىشىچە، بۇلۇخېرنىڭ نۇتقى ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇز كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى چەكلەش، شۇ ئارقىلىق ياپونىيىنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىشىنى توسۇشنى مەقسەت قىلاتتى.

جياڭ تىڭفۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، گېنېرال ياڭ جېي ۋوروشىلوۋ بىلەن سۆھبەت قىلغان چاغدا، ناۋادا ياپونىيە ئەنجىڭنى ئىشغال قىلىۋالسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ دېگەن تەسىراتقا كەلگەن. ياڭ جېي تېخى بۇ «ئاخبارات»نى جياڭ جيېشىغا تېلېگراممىا ئارقىلىق مەلۇم قىلغانىدى. ياڭ جېي بۇ تېلېگراممىنى جياڭ تىڭفۇنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا سۇنمىغان بولسىمۇ، لېكىن جياڭ تىڭفۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «ياڭ جيېنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ موللۇقىدىن ھەيران قېلىپ»، جياڭ جيېشىغا دەرھال تېلېگرامما يوللاپ، جياڭ جيېشىغا ياڭ جيېنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭ دېگەنىدى. بىراق، 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەنجىڭ قولدىن كەتكەندىن كېيىن جياڭ جيېشى يەنىلا ستالىنغا تېلېگرامما بېرىپ، ياڭ جېي بىلەن ۋوروشىلوۋنىڭ سۆھبىتىنى ئاساس قىلىپ، ئۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىشىنى تەلەپ قىلدى. جياڭ تىڭفۇنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، ياڭ جېي سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەسكەر چىقىرىشقا مەجبۇرلاشنى لايىھىلىمەكچىمۇ بولغان. 1937 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جياڭ تىڭفۇ جياڭ جيېشىنىڭ باجىسى، مۇھىم مالىيە مۇتەخەسسىسى كۇڭ شياڭشى قاتارلىق جۇڭگو ئەمەلدارلىرى بىلەن لوندونغا بېرىپ ئەنگلىيە پادىشاھى گېئورگى VI نىڭ تاج كىيىش مۇراسىمىغا قاتناشماقچى بولغاندا، كۇڭ شياڭشىنى لوندوندا رەيتېر ئاگېنتلىقىغا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى ھەپتە ئىچىدە ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ دەپ ئېلان قىلىشقا كۈشكۈرتكەن. بۇ ئەلۋەتتە قىلچە ئاساسسىز ئىدى. بىراق ياڭ جېي ياپونىيە مۇبادا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قالغۇدەك بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا سەن مۇشت ئاتقۇچە مەن مۇشت ئېتىۋالاي دېگەن بويىچە ھۇجۇم قىلىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرگىلى بولىدۇ دەپ قارىغانىدى. جياڭ تىڭفۇ ياڭ جيېنىڭ بۇ پىلانىنى رەت قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى نەنجىڭ قولدىن كەتتى، بۇنىڭغا سوڭدىشىپلا ياپونىيە ئارمىيىسى نەنجىڭ ئاھالىسىنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلدى. نەنجىڭ قولدىن كەتكەندىن كېيىنمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكەر چىقىرىپ ئارىلاشمىغاچقا، ياڭ جيې 1938 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ ئۈنى جياڭ جيېشىغا ئۇزۇن بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۆز خىزمەتلىرىنى دوكلات قىلدى. خەتتە، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەرھال ئەسكەر چىقىرالماسلىقىدىكى ئۈچ سەۋەبنى كۆرسىتىپ بەردى: بىرىنچى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا جامائەت پىكرى جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىدا جۇڭگوغا ھېسداشلىق قىلىدۇ، لېكىن ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا بولسا كۆزىتىپ بېقىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىدۇ (بۇ يەردە، ستالىن ياڭ جيې ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىغا بولغان كۆز قارىشىنى، يەنى بۇ ئۇرۇش ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنى ئۇ ئۆزى تەشەببۇس قىلغان تاجاۋۇزچىلىققا قارشى لاگېرغا كىرگۈزۈشنىڭ يولى دېگەن كۆز قاراشنى ۋاستىلىك ھالدا ئىپادىلەيدۇ)، ئىككىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فاشىزمغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، لېكىن بۇ بىرلىك سەپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ئىككى سەپنىڭ ئۇرۇشۇپ قېلىش خەۋپىدىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇشى كېرەك. ئۈچىنچى، ستالىن ئەنگلىيىنىڭ سىياسىتىدىن تولىمۇ گۇمانلىنىدۇ. ئۇ ئەنگلىيە جۇڭگونىڭ ياپونىيىنى يېڭىۋېلىشىنى خالىمايدۇ ھەمدە ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىمۇ ئۇرۇش پارتلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ دەپ قارايتتى. بۇنداق بولغاندا، ئەنگلىيە ئۇرۇشتىكى ئاجىز تەرەپكە ياردەم بېرەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ياڭ جيې خېتىدە ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەسكەر چىقارتقۇزۇش ھەققىدىكى پىكرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھىلەپ،

ئۆزىنىڭ جىياڭ تىڭفۇغا تەكلىپ قىلغان ئاشۇ ھېيلىسىنى ئىشلىتىش لازىملىقىنى پۇراتتى. ياڭ جىيې مۇنداق دەپ يازىدۇ: «پېقىر ئۆز پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا نىسبەتەن خىلمۇ خىل ئەندىشىسى بار، شۇڭا، ياپونىيىنىڭ زىتىغا تېگىدىغان ياكى پايدا-زىيىنى ئوخشاش بولغان دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئۇرۇشقا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتەك ئۈنۈملۈك ئۇسۇلنى قوللانساق بولامدۇ يوق؟ دېگەنىدىم ... قىسقىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرىمىز دېسەك، پېقىرنىڭ پىكرى شۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۇرۇشقا قاتناشمىسا بولمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ چارىسى، بىرىنچى، ئامال قىلىپ، ئەنگلىيە، ئامېرىكىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەينىدىن ياردەم بېرىدىغان قىلىش ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەينىدە غەربىي ياۋروپا خەۋپسىزلىكى كاپالىتىنى ھازىر قىلىش لازىم. ئىككىنچى، جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى كۈنسايىن زىچلاشقانسېرى ياپونىيە تەرەپ بۇنى ئۆزىگە پايدىسىز ھېس قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىغۋاگەرلىك قىلىدۇ-دە، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنىڭغا بىتاقەت بولۇپ، ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ ياپونىيە بىلەن ھەپىلىشىشكە باشلايدۇ».

باشقىچە ئېيتقاندا، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنىمۇ ئىتتىپاقلىشىشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى كۈچەيتىدۇ. بۇنداق كۆز قاراش ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، جۇڭچىڭ بىلەن موسكۋانىڭ ئىتتىپاق تۈزۈش سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بولغانىدى.

جىياڭ جېيشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتكەن ئۈچ ئەلچىسى ئىچىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشتا ئەڭ كۆپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنى سۈن

كې بولدى. 1938 - يىل 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ستالىن جياڭ جيېشىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى سۇن كې بىلەن كۆرۈشتى. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە ئىككىيلەن تاكى ئېغىر ياتقۇغىچە هاراق ئىچكەچ سۆھبەتلەشتى. ستالىن جۇڭگونى چىدامىلىق بولۇشقا ھەمدە يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئارىلىشىش ئېھتىمالىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۈندىدى. ستالىن نۆۋەتتىكى خەلقئارالىق ۋەزىيەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىشىغا يار بەرمەيدۇ، يەنىلا پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئەگەر ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىكتە تەدبىر قوللىنىشنى خالىسا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگودا تۇرۇشقا ئەسكەر ئەۋەتىدۇ، دېدى. ستالىن يەنە ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى هازىر يەككە - يېگانە هالدا ئەسكەر چىقارسا گېرمانىيە، ئىتالىيىنى ياپونىيىگە ياردەم بېرىشكە مەجبۇرلاپلا قالماستىن، ھەتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونى قىزىللاشتۇرماقچى دەيدىغان سەۋەن كۆز قاراشنى ئاۋۇتۇپ قويىدۇ دېدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەنپەئىتىگە زىت كېلەتتى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى هازىرقى بىۋاسىتە ئارىلاشماسلىق سىياسىتىنى داۋاملىق يۈرگۈزۈشنى قارار قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونى ماددىي ياردەم بىلەن تەمىنلىمەكچى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيىنى جۇڭگونى قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە رىغبەتلەندۈرمەكچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ستالىن يەنە بىر جۈملە سۆز قوشۇپ، جۇڭگو رەھبەرلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرمەسلىك ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتىكى قىسىملىرى «پائال ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ، جەڭگە ئاتلىنىشقا تەييار تۇرغان» لىقىنى ئېيتتى. 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سۇن كې سۆھبەت مەزمۇنىنى مۇھاكىمە قوشمايلا جياڭ

جىيشىغا تېلېگرامما ئارقىلىق دوكلات قىلدى.

## 4. جياڭ جيېشىنىڭ ستالىننى قىستايدىغان يېڭى تەدبىرى

جياڭ جيېشىنىڭ غەربنىڭ قوللىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش تىرىشچانلىقىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى جياڭ جيېشى بىلەن توكيونىڭ تىنچلىق سۆھبىتى قىلىشىغا يول ئېچىپ بەردى. سۆھبەت ئاۋۋال گېرمانىيىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن، كېيىن بىۋاسىتە ئېلىپ بېرىلدى. دەسلەپتە جياڭ جيېشى ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ كېپىللىكى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتەكچى بولغانىدى، ئەمدى ئۇ ياپونىيە بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مەخپىي قورالدىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا ياكى كەم دېگەندىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماددىي ياردىمىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە مەجبۇر قىلماقچى بولدى. خۇددى 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1938- يىلى جياڭ جيېشى ئىزدىگەن تىنچلىق تامامەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئۈچۈن بولمىغىنىغا ئوخشاش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشىمۇ جياڭ جيېشىنىڭ بىردىنبىر كۆڭۈل بۆلىدىغان نەرسىسى دېگەنلىك ئەمەس ئىدى. جياڭ جيېشى ئەلۋەتتە توكيونىڭ ئۆزىگە ئابروي-ئېتىبارلىق تىنچلىق بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن ئۇ يەنە ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا بولغان قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. خۇددى كېيىنكى بابلاردا كۆرۈپ ئۆتىدىغىنىمىزغا ئوخشاش، جۇڭگو - ياپونىيە توقۇنۇشىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش

ئېھتىماللىقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەتتىكى رولىغا تەسىر قىلىدىغانلىقىنى جياڭ جيېشى ئېنىق بىلەتتى.

جياڭ جيېشىنىڭ بىرىنچى قەدەمدىكى ھەرىكىتى گېرمانىيە ئاللىبۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان ياراشتۇرۇش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش بولدى. پۈتكۈل 1937 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، بېرلىن ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستى جۇڭگو (1928 - يىلدىن بېرى) بىلەن يېڭى ئىتتىپاقدىشى ياپونىيە (1936 - يىلدىكى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا قارشى كېلىشىمدىن كېيىن) ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ھەل قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭ ھەل قىلىش شەكلى ياراشتۇرۇش ھەمدە بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىش ئىدى. جياڭ جيېشى گېرمانىيىنىڭ ياراشتۇرۇشىغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ رەقىبى موسكۋادىن بىرمۇنچە پايدىغا ئېرىشتى، ئارىغا گېرمانىيىنىڭ تارتىلىپ كىرىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو بىلەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا قارشى گۇرۇھلار ئىتتىپاق تۈزۈپ كېتەرمۇ دېگەن ئەندىشىسىنى تېخىمۇ قوزغىدى. ئەگەر بېرلىن توكيونى جۇڭگوغا كەڭ دائىرىدە تىنچلىق بېرىشكە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قايىل قىلالايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا گېرمانىيە، ياپونىيە، جۇڭگو كوممۇنىزمغا قارشى ھەمكارلىشىشتا ئورتاق ئىلگىرىلەيتتى. موسكۋانىڭ بۇنداق ئېھتىماللىقتىن ئەنسىرىشى ئۇنى جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى تېخىمۇ مەردلىك ۋە تېخىمۇ قەتئىيلىك بىلەن قوللاشقا مەجبۇر قىلدى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى گېرمانىيە باش ئەلچىسى تاۋدېمان ياپونىيىنىڭ تىنچلىق ماددىلىرىنى جياڭ جيېشىغا تاپشۇردى. توكيو ئاگاھلاندۇرۇپ ئۇرۇش قانچە ئۇزۇنغا سۆرەلسە، ياپونىيىنىڭ شەرتى شۇنچە رەھىمسىز بولىدۇ، دېدى. جياڭ جيېشى ياپونىيىنىڭ ئۆزى قوبۇل قىلالمايدىغان بۇ ماددىلىرىنى

رەت قىلدى. شۇ چاغدا غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر بىريوسىلدا يىغىن ئېچىۋاتاتتى، يىغىن جۇڭگو - ياپونىيە توقۇنۇشىنى ھەل قىلىش لايىھىسىنى تۈزۈۋاتقان چاغدىكى بىسىمنى يەڭگىللىتىش يولىدا بىرەر ئىش قىلىشقا جياڭ جيېشىنىڭ كۆڭلى تارتمىدى. خۇددى جياڭ جيېشى تاۋدىمانغا ئېيتقاندەك: «جۇڭگو ياپونىيىنىڭ تەلىپىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلمايدۇ، چۈنكى جۇڭگو دەل توققۇز دۆلەتنىڭ بىريوسىل يىغىنى باش قاتۇرىدىغان نىشان، ھەرقايىسى دۆلەتنىڭ كاتتىباشلىرى توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسىگە ئاساسەن تىنچلىق يولىنى ئىزدەيدۇ».

12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بىريوسىل يىغىنى ئاياغلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي جياڭ جيېشى گېرمانىيىنىڭ ياراشتۇرۇشىنى ئەمدى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى تاۋدىمانغا ئۇقتۇردى. ھالبۇكى، سۆھبەت باشلىنىشتىن بۇرۇن نەنجىڭ قولدىن كەتتى، يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى، ياپونىيىلىكلەرنىڭ ماددىلىرى تېخىمۇ رەھىمسىزلىشىپ كەتتى. 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تاۋدىمان ياپونىيىنىڭ يېڭى ماددىسىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تاپشۇردى، توكيو ئەمدى جۇڭگودىن مانجۇرىيە دۆلىتىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىش، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ھەمكارلىشىش سىياسىتىدىن ۋاز كېچىش، ياپونىيە ۋە مانجۇرىيە بىلەن بىرلىكتە كوممۇنىزمغا قارشى ھەمكارلىشىش، جۇڭگو ئىچكى موڭغۇلىيە بىلەن شىمالىي جۇڭگودا قورالسىز رايون قۇرۇش ھەمدە شىمالىي جۇڭگودا «ئالاھىدە سىياسىي تەشكىلات» بەرپا قىلىش، جۇڭگو ياپونىيە، مانجۇرىيە دۆلىتى بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق شەرتنامىسى ئىمزالاش ۋە جۇڭگونىڭ ئۇرۇش چىقىملىرىنى تۆلەشكە ماقۇل بولۇشنى تەلەپ قىلىشتا چىڭ تۇردى. ئەڭ ئاخىرى ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئەگەر جۇڭگو يۇقىرىقى ماددىلارنى تامامەن قوبۇل قىلسا، ياپونىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بىۋاسىتە ئىككى تەرەپلىك سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى

بىلدۈردى. جۇڭگونىڭ بۇ ماددىلارنى قوبۇل قىلىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا قاتتىق زەربە ئىدى. چۈنكى، بۇ ماددىلار ياپونىيىنىڭ جەنۇبتىكى جەڭ مەيدانىنى مۇستەھكەملەيتتى ھەمدە ئۇنىڭغا ئېشىنچە كۈچلىرىنى شىمالغا يۆتكەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتىنى بېرەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ماددىلار يەنە گېرمانىيە، ياپونىيىدىن ئىبارەت سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى گۇرۇھنى جۇڭگونىڭ ماددىي بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ياپونىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسىدا ئەسكەر تۆپلاش ئىمكانىيىتىسىمۇ ئىگە ئىلاتتى.

تاۋدىمان ياپونىيىنىڭ ماددىسىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن كۈنى، ئەڭ ئالىي دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، بۇ ماددىلارنى مۇھاكىمە قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى يىغىندا، جياڭ جيېشى ياپونىيىنىڭ يېڭى ماددىسى سۆھبەتنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكى كۈندە تىنچلىق كېرەك دېسەك تەسلىم بولۇشىمىز، ھاياتلىق كېرەك دېسەك قارشىلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك» ھالبۇكى، جياڭ جيېشى سۆھبەت ۋاقتىنى غەنىيمەت بىلىپ جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. شۇڭا، جياڭ جيېشى ياپونىيىگە ۋاقىتىنچە رەسمىي جاۋاب بەرمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە توكيونىڭ يېڭى ماددىسىنى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، فرانسىيىلەرگە ئۇقتۇردى. ياپونىيىنىڭ يېڭى ماددىسىنى ستالىنغا ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق ستالىنغا: ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى يېتەرلىك بولمىسا، جۇڭگو ياپونىيە بىلەن سودىلىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ دېگەندىن بېشارەت بەردى.

ستالىن جياڭ جيېشىغا ھەممە كارامىتىنى ئاشكارىلاشقا

مەجبۇر بولدى. ئەمما ئۇ شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنەتتىكى، جياڭ جيېشى ياپونىيىلىكلەرنىڭ ھاقارەتلىك تىنچلىقىنى قوبۇل قىلماسلىق بىلەن سىياسىي جەھەتتىن غۇلاپ چۈشىدىغان ئاقىۋەتكە قالمايتتى. ياپونىيىلىكلەر تىنچلىق لايىھەسىدە ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە نىسبەتەن ستالىن جياڭ جيېشىغا 12 - ئايدا يوللىغان جاۋاب تېلېگراممىسىدا، ياپونىيە پەقەت شىمالىي جۇڭگودىن ئەسكەر چېكىندۇرۇش ھەمدە 1937 - يىلى 7 - ئايدىن بۇرۇنقى ھالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلسىلا، جۇڭگو ئاندىن ياپونىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى كېرەك، دېدى. بىراق، ياپونىيە ئۆزى ئىمزالىغان ھەرقانداق ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى يىرتىپ تاشلايتتى، چۈنكى ياپونىيە ئىمزالىغان بۇ شەرتنامىلەر پەقەت گېرمانىيىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، ستالىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىسى تەھدىت ئالدىدا تەسلىم بولۇش ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ مىللەتنىڭ ھۆكۈمىتى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن سۆز قىلىش» . سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسى ستالىننىڭ 12 - ئاينىڭ 26 - كۈندىكى تېلېگراممىسىنى تولۇقلىدى. شۇ كۈنى، كوڭ شياڭشى سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ھېسداشلىق قىلىدۇ، جۇڭگوغا ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە كۆپ ماددىي ياردەم بېرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىۋاسىتە ئەسكەر ئەۋەتىپ جۇڭگونىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا ياردەم بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، دېدى.

جياڭ جيېشى بۇنىڭ كەينىدىنلا ستالىنغا جاۋاب بېرىپ، سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ گېرمانىيىنىڭ ياراشتۇرۇشقا بەرگەن باھاسى بىلەن مېنىڭ پىكرىم ئوخشاش دېدى. جياڭ جيشى يىراق شەرق تىنچلىقىغا ئاساس سېلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتىنىڭ جۇڭگوغا «ئەمەلىي ياردەم» بېرىشىنى ئۈمىد

قىلالتتى. دىپلوماتىك سۆز ـ ئىبارىلەرنى چىقىرىۋەتكەندە، جياڭ جيېشىنىڭ ستالىنغا بەرگەن جاۋابى ئەمەلىيەتتە: بىز گېرمانىيە، ياپونىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەسلىك توغرىسىدىكى كېلىشىمگە رىئايە قىلىشنى خالايمىز، ئەمما سىلەرنىڭ تېزلىك بىلەن ئەسكەر چىقىرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز دېگەنلىك ئىدى. بۇ يەردە ئېنىق بولمىغان تەھدىت «ئەمما» دېگەن سۆز ئىدى، ئەلۋەتتە.

12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كەچتە كۇڭ شياڭشى تاۋدىمان بىلەن كۆرۈشۈپ، جياڭ جيېشىنىڭ ياپونلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنى توسۇش ھەمدە سۆھبەتنى سوزۇش ئارقىلىق ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش سىياستىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. كۇڭ شياڭشى يەنە گېرمانىيىنىڭ توكيو تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان ماددىلارنى يېنىكلەشتۈرۈشكە كۈچ چىقىرىشى ئۈچۈن، جۇڭگودا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كوممۇنىزمنىڭ تەسىرى كېڭىيىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ گېرمانىيىنىڭ ئەندىشىسىنى ئاۋۇتماقچىمۇ بولدى. كۇڭ شياڭشى تاۋدىمانغا، جۇڭگو ئاخىرغىچە ئۇرۇشۇشقا بەل باغلىدى، ئۇرۇش ۋاقتى ئۇزارغانسېرى، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداشلىقىمۇ بارغانسېرى مۇستەھكەملىنىدۇ، جۇڭگودىكى بولشېۋىزمچىلارمۇ بارغانسېرى كۈچىيىدۇ، دېدى.

جياڭ جيېشىنىڭ كەينىگە سوزۇش ستراتېگىيىسى ياپونىيىنىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قايناتتى. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا توكيو جياڭ جيېشى 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىسىدا ياپونىيە ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلمايدىكەن، ياپونىيە «ھازىرقى ۋەزىيەتنى تامامەن ئوخشاش بولمىغان نۇقتىئىنەزەر بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ» دەپ جار سالدى.

بۇ 1938 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى ياپونىيە

گۋاردىيىسى باياناتىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندى، باياناتتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەنىدى: «ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئۆزىگە دۈشمەن ھېسابلىمايدۇ». نەتىجىدە، ياپونىيىنىڭ باياناتى بۇ مەۋقەنى كۈچەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپونىيە جۇڭگودا قورچاق ھۆكۈمەت قۇرۇشنى پىلانلاشقا باشلىغانىدى. جياڭ جيېشى جۇڭگونىڭ ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنى چاقىرىۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە ياپونىيە ئوتتۇرىغا قويغان تىنچلىق ماددىسىنىڭ تەپسىلىي مەزمۇنىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى. ياپونىيە بۇنىڭغا جاۋاب ئورنىدا جۇڭگودىن ئۆزىنىڭ باش ئەلچىسىنى چاقىرىۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى رەسمىي ئۈزۈلدى. 1938 - يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرى بۇزۇلۇشى جياڭ جيېشى بىلەن موسكۋانى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. ستالىن بۇ مەزگىلدە شۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشەندىكى، جياڭ جيېشىنىڭ ياپونىيە بىلەن سىياسىي جەھەتتە قوبۇل قىلالايدىغان تىنچلىق شەرتنامىسى تۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان مۇناسىۋەتنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، جياڭ جيېشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، توكيو بىلەن يېڭىباشتىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى.

گېرمانىيە ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋاستىچىلىك قىلغان تىنچلىق سۆھبىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جياڭ جيېشى ياپونىيە بىلەن بىۋاستە سۆھبەت قىلىشقا باشلىدى. بۇ سۆھبەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، جياڭ جيېشى بىر غەيرىي رەسمىي ئۇرۇشقا قارشى تەشكىلاتتىن ياردەم تەلەپ قىلدى، بۇ تەشكىلات گومىنداڭ پېشۋاسى ۋاڭ جىڭۋېينىڭ كەينىدىن ئىزمۇ ئىز چاپاتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا، جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى جۇڭگونى ھالسىرىتىدۇ ھەتتا

يىمىرىپ تاشلايدۇ، شۇ ئارقىلىق كوممۇنىستلارنىڭ ھوقۇق تارتىشىلىشىغا ئىشىك ئېچىپ بېرىدۇ، دەپ ھېسابلايتتى. ئۇلار يەنە، ئەينى ۋاقىتتا ئەۋج ئالغان جۇڭگودىكى ياپونىيىگە قارشى ئەسەبىيلىك كەيپىياتى ھۆكۈمەتنى جۇڭگو كوممۇنىستىنىڭ پارتىيىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى كېڭەيتىشكە ئۈنسىز سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ دەپ ھېسابلايتتى. بۇنداق ئەنسىرەش ئەڭ ئاخىرىدا، ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن بۇ تەشكىلاتتىكى باشقا ئەزالارنى 1938 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا، قارشىلىقتىن ۋاز كېچىپ ياپونىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشنى قارار قىلىشقا ئەكەلدى. ھالبۇكى بىزنىڭ بۇ يەردە كۆڭۈل بۆلىدىغىنىمىز ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بۇ ئادەملەر يەنىلا جياڭ جيېشىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى تەرىپىدىن پايدىلىنىلغانىدى.

1938 ـ يىلىنىڭ دەسلىپىدە، جەنۇبىي مانجۇرىيە تۆمۈريولىنىڭ ۋەكىلى ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستى، جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ئاسىيا مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گاۋ زۇڭۋۇغا تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ كەلگۈسى مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ بەردى. بۇ دەسلەپكى ئۇچرىشىشلارنىڭ نەتىجىسى، 2 ـ ئايدا دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ياپونىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دۇڭداۋنىڭ بىلەن ئۇرۇشقا قارشى گۇرۇھتىكى يادرولۇق كىشىلەرنىڭ ياپونىيە بىلەن بولغان سۆھبەتكە بېرىشىدىن ئىبارەت بولدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن دۇڭداۋنىڭ گومىن ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ كاتىبات باشلىقى جاڭ چۈن بىلەن ئارمىيە سىياسى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خې يىڭچىنغا ئۇلارنىڭ ياپونىيىلىك قەدىناس دوستلىرىنىڭ خېتىنى ئېلىپ جۇڭگوغا قايتىپ كەلدى. 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گاۋ زۇڭۋۇ مەركەزگە بۇ ئۇچرىشىش ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى دوكلات قىلدى. شۇڭا، جياڭ جيېشى بۇنداق قىلىشقا قوشۇلمىغان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ مەخپىي سۆھبەتلەردىن خەۋىرى بار دېيىشكە بولاتتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، گاۋ زۇڭۇ شياڭگاڭدا ياپونىيە ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا: جۇڭگو ياپونىيە نىشانىنىڭ مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنچىسى، ئۆز خەۋپسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش، ئىككىنچىسى، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ياپونىيىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش دەپ ئېيتقانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا، گاۋ زۇڭۇ جۇڭگو مانجۇرىيە بىلەن ئىچكى موڭغۇل مەسىلىسىنى ۋاقىتىنچە قويۇپ تۇرماقچى بولدى. دېمەك، جۇڭگو ياپونىيىنىڭ مانجۇرىيە بىلەن ئىچكى موڭغۇلدىكى ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن شىمالىي جۇڭگودىكى باشقا جايلار جۇڭگوغا قايتۇرۇلۇشى، ياپونىيە سەددىچىن سېپىلىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىكەنلىكى بىلەن ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك دېدى. گاۋ زۇڭۇ يەنە ئەگەر ياپونىيە بۇ پرىنسىپلارنى قوبۇل قىلسا ئالدى بىلەن ئۇرۇش توختىتىشى لازىم، شۇ چاغدىلا تىنچلىق سۆھبىتى قىلغىلى بولىدۇ دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ياپونىيە 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بۇ تەكلىپكە ئىنكاس قايتۇرمىدى، شۇڭا جياڭ جيېشى تىنچلىق ئۇرۇنۇشلىرىنى توختىتىش ھەمدە شياڭگاڭدىكى پائالىيەتتە ئاخبارات توپلاش بىلەنلا چەكلىنىش توغرىسىدا گاۋ زۇڭۇغا بۇيرۇق بەردى. بۇ چاغدا، ياپونىيىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئەھۋالى مۇرەسسە قىلىشقا بارغانسېرى پايدىلىق بولۇپ قالغانىدى. بىراق، جياڭ جيېشىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى كىشىلەرگە يېقىنلىشىشنىڭ باشقا يوللىرىمۇ ئېچىۋېتىلگەنىدى. 1938 - يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جىنۋېي ۋېنمو يول قويغان ئىمتىيازغا كاپالەتلىك قىلىنغان ئەھۋال ئاستىدا، يۇفىڭ يىچىڭ گۋاڭتەن خۇڭيىنىڭ ئورنىغا جىنۋېي

ۋېنمو كابېنتنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرى بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق ئىدى. يۈفېڭ يىچېڭ توقۇنۇشنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشنى كۈچلۈك مۇراجىئەت قىلدى، ئۇ ياپونىيە جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنى يىمىرىۋەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا ياپونىيىگە كوممۇنىستىك پارتىيە پارتىزانلىرىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان، كۆلىمى كەڭ ئۇرۇشىغا تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيتتى. يۈفىڭ يىچېڭنىڭ قارىشىچە، خۇددى 1866 - يىلى ئاۋستىرىيە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بىسمارك ئاۋستىرىيىگە تىنچلىق بەرگىنىگە ئوخشاش، جياڭ جيېشىغا ئابروي - ئېتىبارلىق تىنچلىق بېرىش ئارقىلىق ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇشتىنمۇ باشقا ياخشى چارە يوق ئىدى.

يۈفېڭ يىچېڭ جياڭ چۈننىڭ قەدىناس دوستى ئىدى، جاڭ چۈن يۈفېڭ يىچېڭنىڭ خىزمەتكە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان ئۇنىڭغا دەرھال بىر پارچە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى. خەتتە، جاڭ چۈن ئۆزىنىڭ جۇڭگو - ياپونىيە دوستلۇقى ھەم تىنچلىق سۆھبىتىگە بولغان ئۈمىدىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭمۇ شەخسىي سۆھبەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. يۈفېڭ يىچېڭ تېزلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ، شياڭگاڭدىكى ياپونىيە باش كونسۇلى جۇڭسۇن فېڭيى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن جاڭ چۈننىڭ شياڭگاڭغا بىر نەپەر ۋەكىل ئەۋەتىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كۇڭ شياڭشىنىڭ خۇسۇسىي كاتىپى چياۋ فۇسەن شياڭگاڭدا جۇڭسۇن فېڭيى بىلەن كۆرۈشتى. كۇڭ شياڭشى جياڭ جيېشىنىڭ باجىسى ۋە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي تەۋكاسىنىڭ ئىچىدىكى ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى كەم دېگەندىمۇ جياڭ جيېشىنىڭ يەڭ ئىچىدە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئۇچراپ تۇراتتى، بۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى.

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، چياڭ فۇسەن جۇڭ سۇن فىڭيىغا مۇقامى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان يەتتە نۇقتىلىق بىر تىنچلىق لايىھىسىنى سۇندى. چياڭ فۇسەن تەكلىپىدە جۇڭگو ياپونىيە ۋە مانجۇرىيە دۆلىتى بىلەن شەرتنامە ئىمزالىشى كېرەك دېدى. بۇ دېمەك، جۇڭگو مانجۇرىيە دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، جۇڭگو يەنە ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئاپتونومىيىسىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ، يەنە كېلىپ باراۋەرلىك، ئۆز-ئارا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ياپونىيە بىلەن ھەمكارلىشىپ شىمالىي جۇڭگودىكى بۇ رايونلارنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى ئاچىدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يەنە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى ياپونغا قارشى پائالىيەتلەرنى باستۇرىدۇ دېگەندىن بېشارەت ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا چۇڭچىڭمۇ ياپونىيىنىڭ شىمالىي جۇڭگودا «قورالسىز رايون» قۇرۇش تەلىپىنى ئويلىشىپ بېقىشقا ماقۇل بولدى. ئۇ يەردە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن جۇڭگو قايتا ئەسكەر ئەۋەتمەيدىغان بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا، بىز ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ئەڭ مۇھىم بولغان بىر نۇقتا شۇكى، جۇڭگو ياپونىيە بىلەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا قارشى كېلىشىم تۈزۈشنى ئويلىشىپ بېقىشقا ماقۇل بولغانىدى. بۇ ماددىلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ياپونىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلىشىش ئورنىنى شەك - شۈبھىسىزكى ئىنتايىن زور دەرىجىدە كۈچەيتىۋېتەتتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ ماددىلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ھەمكارلىقتىن ۋاز كېچىشكە ماقۇل بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەنگە باراۋەر بولۇپ، جۇڭگونى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. گەرچە بۇ تەكلىپ ماددىلارنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن سۇس بولسىمۇ، لېكىن تاشقى ئىشلار ۋەزىرى يوفېڭ يىچېڭنىڭ قارىشىچە يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. يوفىڭ يىچىڭ جياڭ جيېشى تەختتىن چۈشىلا

تىنچلىقتا يول ئېچىلىدۇ دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردى. 9- ئاينىڭ باشلىرىغىچىمۇ چياڭ فۇسەن بىلەن جۇڭسۇن فىڭيىنىڭ سۆھبىتى بۇ توسالغۇلارنى تۈگىتىشنىڭ يولىنى تاپالمىدى. 9- ئاينىڭ 29- كۈنى يۇفىڭ يېچىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرلىكىدىن ئىستېپا بەردى. شۇنىڭ بىلەن سۆھبەتمۇ توختاپ قالدى.

روشەنكى، بۇ تىنچلىق كېلىشىمى ماددىلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ چوڭ دۆلەتلىك خىيالى روشەن سېلىشتۇرما پەيدا قىلغانىدى. بىزنىڭ بۇ زىددىيەتنى شەرھلىمىگىنىمىز ئىنتايىن قىيىن؛ چۈنكى بۇ ئىنتايىن سەزگۈر مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بۇ نۇقتىدىن پايدىلىنىپ جياڭ جيېشىنىڭ مىللەتچى سۈپىتىدىكى ئوبرازىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى ئىكەنلىكىنى قوشساق، گومىنداڭنىڭ قولىدا جياڭ جيېشىنىڭ بۇ تەكلىپلەرگە يول قويۇشىدىكى سەۋەبلەرنى شەرھلەيدىغان ئاشكارا ماتېرىياللار كۆپ ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە، گومىنداڭنىڭ ئادەتتىكى چاغدا بۇ تىنچلىق تىرىشچانلىقلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قارشى تۇرۇشى پەقەت ئۇلارنىڭ ئالىمقاچان مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن ئىدى، كەم دېگەندىمۇ جياڭ جيېشىنىڭ بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن ئىدى. ئەمما دەل بىزنىڭ بىلگىنىمىزدەك، بەزى ئاساسلار شۇنى ئىپادىلىدىكى، بۇ تىنچلىق سۆھبەتلىرىگە جياڭ جيېشىنىڭ خۇپىيانە قاتنىشىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن ئىدى. ۋەھالەنكى، بۇ قانداقمۇ جياڭ جيېشىنىڭ ئادەتتە جار سېلىپ يۈرىدىغان جۇڭگونى يېڭىباشتىن قۇدرەتلىك بىر دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىمەن دەيدىغان ئارزۇسى بىلەن بىردەك بولسۇن؟ روشەنكى، جياڭ جيېشىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق باھانە — سەۋەبلىرى بار ئىدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى رەت قىلغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى جياڭ جيېشىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشتىن يىراق ئىدى،

ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېيىنكى بابتا كۆرسىتىپ ئۆتىدىغىنىمىزدەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ياپونىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىمالىي جۇڭگودا ئۆز ئاساسىنى تېزلىك بىلەن كېڭەيتكەنىدى. ئۇرۇش جاڭ جيېشىنىڭ دەسلەپكى چاغلاردا ئالدىن مۆلچەرلىگىنىدەك، يەنى ئۇنىڭ دەسلەپتە ئۇرۇش پەقەت ئالتە ئايلا بولىدۇ دېگىنىدەك بولمىغانىدى. 1938 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە، جياڭ جيېشىنىڭ روھى شۇنچىلىك چۈشۈپ كەتتىكى، ئۇ ھەتتا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ياپونىيە تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان قاتتىق تەلەپلىك شەرتنامىسىنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭگونىڭ زور بىر پارچە زېمىنىنى ياپونىيە تەسىر دائىرىسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. بۇ جياڭ جيېشىنىڭ ئۈمىدسىزلىكىمۇ؟ باشقىچە ئېيتقاندا، جياڭ جيېشى «ۋەتەن ساتقۇچ خائىن» بولماقچىمۇ؟ بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم، ئەگەر جاۋاب مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن جاۋاب بولسا، ئۇ چاغدا، مېنىڭ جياڭ جيېشى قەتئىي تەۋرەنمەس مىللەتچى دېگەن نۇقتىئىنەزەرىمنى ئۆزگەرتىشىمگە توغرا كېلىدۇ. ئەپسۇسكى بىزنى جياڭ جيېشىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى ئىچكى دۇنياسى ھەققىدە ئىزدىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدىغان ماتېرىيال ۋە ھۆججەتلەر يوق. مەن شەخسەن ئۆزۈم بۇنداق ماتېرىياللار مەڭگۈ بولمايدۇ دەپ ھېسابلايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر قانچە يىللاردىن كېيىن مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلە، ئەمما ھەممىدىن ئېنىقى شۇكى، جياڭ جيېشى بۇنداق قىلسا رەقىبى موسكۋا بىلەن توكيوغا تەسلىم بولۇشقا تەييارلىنىۋاتقان ۋاشىنگتوندىن مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ يەتكەنىدى. يەنە كېلىپ، ئۇ مەنپەئەتلەردىن چېۋەرلىك بىلەن پايدىلانغانىدى، نېمىلا دېگەنبىلەن، جياڭ جيېشىنىڭ ئىچكى ۋەھىمىسى بىلەن ئارىسالدىلىقى ۋە دىپلوماتىيە تەڭپۇڭلۇقى

توغرىسىدىكى ئىنچىكە ئويلىنىشلىرى كەم دېگەندىمۇ 1938 ـ يىلقى تىنچلىق دىپلوماتىيىسىنى قىسمەن ياكى تولۇق ئىنزاھلار بىلەن تەمىنلەيتتى.

جياڭ جېيشى بىر تەرەپتىن توكيو بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تېخىمۇ كۆپ ياردەم بېرىش توغرىسىدا مۇراجىئەت قىلدى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بەزى چاغلاردا تامامەن بىردەك بولماي قالدى. بىر تەرەپتىن، تىنچلىق سۆھبىتى موسكۋانى جۇڭگوغا بولغان ياردەمنى كۆپەيتىشكە قىستاپ شۇ ئارقىلىق جۇڭگونى تەسلىم بولۇشتىن توسۇپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جياڭ جېيشىگە قىلىدىغان ياردىمىنىڭ كۆپىيىشى ھەم توكيونى تىنچلىق شەرتلىرىنى تۆۋەنلىتىشكە قايىل قىلىشقا مەنپەئەت يەتكۈزۈشى ھەم جياڭ جېيشىنى موسكۋا ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلىشى، ھەم ياڭ جېنىڭ 1938 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى جياڭ جېيشىغا بەرگەن تېلېگراممىسىدا ئېيتقىنىدەك، ياپونىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتۈشىمۇ مۇمكىن ئىدى. مەيلى قايسى خىل نەتىجە بولمىسۇن، ھەممىسىلا جياڭ جېيشىغا پايدىلىق ئىدى. بۇ پەردە ستالىن 1938 ـ يىلىدىكى مەخپىي سۆھبەتنى بىلىدۇ دەپ پەرەز قىلىنغان، ئۆز نۆۋىتىدە جياڭ جېيشىمۇ ستالىننىڭ ئۆز ئىچكى ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى، ئەلۋەتتە، چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىكى ئاخباراتچىلىق خىزمىتى ئالاھىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەخپىي سۆھبەتنىڭ ئەھۋالاتى جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ گېزىتلىرىدە ھەمىشە خەۋەر قىلىنىپ تۇرغاچقا، بۇ پەرەز ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. ناۋادا بۇ پەرەز توغرا بولۇپ چىقسا، بىز جياڭ جېيشىنىڭ ستالىنغا ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرىشىنى مۇنداق شەرھلەيمىز: بىز سىزنىڭ ياپونىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشىڭىزنى خالايمىز، لېكىن بىزنىڭ ئەمەلىي

كوچىمىز تولىمۇ چەكلىك، ئەگەر بىز تەسلىم بولساق، بۇ سىزنىڭ دۆلىتىڭىزنىڭ خەۋپسىزلىك مەنپەئەتىگە تولىمۇ زىيانلىق بولىدۇ، ئەگەر سىز بىزنىڭ داۋاملىق قارشىلىق قىلىشىمىزنى خالىسىڭىز، كەم دېگەندە سىز بىزگە تېخىمۇ كۆپ ياردەم بېرىشىڭىز كېرەك. بىۋاسىتە ئەسكەر چىقارسىڭىز تېخىمۇ ياخشى، ئەلۋەتتە. جياڭ جيېشىنىڭ توكيو بىلەن قىلغان تىنچلىق سۆھبىتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تېخىمۇ كۆپ ياردەم سوراش توغرىسىدىكى تەلىپى بىر تومپۇرنىڭ ئىككى تەرىپى ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ مەخپىي ئەلچىلىرى ياپونىيە بىلەن تىنچلىق شەرتلىرىنى مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، ياپونىيىنىڭ كۈنسايىن كېڭىيىۋاتقان تاجاۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، باشقا بىرمۇنچە كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى ياردىمىنىڭ كېڭىيىدىغانلىقىغا تولىمۇ كېپىللىك قىلىپ كەتتى.

## 5. ۋۇخەن ئۇرۇشى: جياڭ جيېشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقى

1938 ـ يىلىنىڭ دەسلىپىدە جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ كەڭ كۆلەمدە بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلمەكتە ئىدى. 3 ـ ئايدا، ياپونىيە ئارمىيىسى سەندۇڭنىڭ جەنۇبىدىن جياڭسۇنىڭ شىمالىدىكى شۈيجۇغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. شۇڭا ئۇرۇش شىمالىي جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلدى، شۈيجۇ مۇھىم تۆمۈريول تۈگۈنى بولۇپ، جۇڭگو بۇ يەرنى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن مۇھاپىزەت قىلاتتى. شۈيجۇغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، مانجۇرىيىدە تۇرۇۋاتقان ياپون ئارمىيىسىنى جەنۇبقا يۆتكەشكە توغرا كېلەتتى. بۇ قىسىملار ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلاتتى، دېمەك، بۇ ياپون

ئارمىيىسىنىڭ قىزىل ئارمىيىگە تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتەتتى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشقا قاتناشسا ياكى مانجۇرىيە چېگرىسىغا قىسىملارنى يۆتكەپ پات پۇرسەتتە ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان ئەلپاز پەيدا قىلسا، بۇنىڭ جۇڭگونىڭ شۈيجۇنى مۇستەھكەم مۇھاپىزەت قىلىنىشىغا ياردىمى تېگەتتى.

جياڭ جيېشى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، موسكۋادىكى ياڭ جيېگە تېلېگرامما بېرىپ، ئۇنىڭ ۋوروشىلوۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. جياڭ جيېشى، ياپونىيە جۇڭگونىڭ ئىچكىرىسىگە سەككىزدىن ئون ئىككىنچە دىۋىزىيە- پولكنى يۆتكىگەچكە، ئۇنىڭ مانجۇرىيىدىكى قوغدىنىش كۈچى قۇرۇقدىلىپ قالدى، دېدى. ياڭ جيې ۋوروشىلوۋقا مۇشۇ تاپتا مانجۇرىيە ياكى چاۋشيەنگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بەكمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىشى كېرەك ئىدى. جياڭ جيېشى ستالىننىڭ 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سۇن كې بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئېيتقان سوۋېت ئارمىيىسىنى يۆتكەش مەسىلىسىنى يەنە ئوتتۇرىغا قويدى. جياڭ جيېشى ياڭ جيېغا ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى ھازىر يەنىلا بىۋاسىتە ئەسكەر چىقىرالمىسا، ئۇ چاغدا، ياپونىيىنىڭ تېخىمۇ كۆپ دىۋىزىيە - پولكلىرىنى جەنۇبقا يۆتكەپ جۇڭگو ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ۋوروشىلوۋتىن ئەسكىرىي كۈچىنى مانجۇرىيە ۋە چاۋشيەن چېگرىسىغا توپلاشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. جياڭ جيېشى مۇشۇنچىلىك ھەرىكەت بولغان تەقدىردىمۇ بۇنىڭ «كۆپ پايدىسى» بارلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شۈيجۇ قولدىن كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ مۇراجىئىتىگە ئىنكاس

قايتۇرغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان دەلىللەر يوق ئىدى: سوۋېت ئىتتىپاقى شۈيجۇ ئۇرۇشىنى قوللاش يۈزىسىدىن چاۋشيەن بىلەن مانجۇرىيە چېگرىسىغا ۋاقتىدا ئەسكەر توپلىمىدى. شۈيجۇ قولدىن كەتكەندىن كېيىن بۇنىڭغا ئۇلىشىپلا ۋۇخەننى مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى، 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى ئەنچىڭ قولدىن كەتتى. ياپون ئەسكەرلىرى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى خېفېي شەھىرى ئەتراپىغا توپلىنىپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىنى بويلاپ، ۋۇخەنگە ئىلگىرىلىمەكچى بولدى. خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ مەركىزي ۋۇخەن بولسا ھېلىغىچە ياپونلارنىڭ قولىغا چۈشمىگەن جۇڭگونىڭ ئەڭ ئاخىرقى سانائەت شەھىرى بولۇپ، ئۇ جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىدىن قالسىلا مۇھىم تۆمۈريول تۈگۈنى ئىدى. بۇ شەھەر چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شەرقىي غەرب غول لىنىيىسىگە جايلاشقان، مۇنبەت ۋە ئادىمى زىچ مەركىزي شەھەر ۋە شۇنداقلا جۇڭگو جەنۇبىي شىمال تۆمۈريولىنىڭ تۇتىشىش تۈگۈنى ئىدى. ۋۇخەننىڭ قولدىن كېتىشى ئەمەلىيەتتىمۇ دەل جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش تىرىشچانلىقلىرى ئۇچرىغان زور ئوڭۇشسىزلىق بولدى. ۋۇخەت مۇداپىئە ئۇرۇشى 15 ئاي داۋاملاشقان جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ياپونلارنىڭ تەمىنلەش لىنىيىسى بىر خىلدا سوزۇلۇۋېرىپ ياپون ئارمىيىسى تارقاقلىشىپ كەتكەچكە ئاجىز ۋە ھارغىن ئىدى. ئەكسىچە، جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى بىلەن گومىنداڭ ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھەمكارلىقى مىسلى كۆرۈلمىگەن يۇكسەكلىككە يەتكەنىدى. ئەگەر ياپونىيە ھۆججۇمىنىڭ توسۇلۇش ئېھتىمالى بولسا، ئۇ چوقۇم

ۋۇخەندە توسۇلاتتى. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكەر چىقارماقچى بولسا، ۋۇخەن ئۇرۇشى دەل ئۇنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان ئەڭ پايدىلىق پۇرسىتى ئىدى.

6 ـ ئايدا، ياپونىيە ئارمىيىسى ۋۇخەنگە يۈرۈش قىلغان مەزگىلدە، گېرمانىيە يۇقىرى قاتلام ئەربابلىرىنىڭ ئىچىدىكى كەسكىن مۇنازىرە ئەمدىلا ئاياغلاشقان، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رىبېنتروپنىڭ ياپونىيە پەرەسلىك نۇقتىئىنەزەرى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەنىدى. گېرمانىيە سىياسىتىنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشى جۇڭخۇا مىنگونىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغان بىر مۇھىم كۈچىنى يوقىتىپ قويغانلىقى ھەمدە بۇنىڭ جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقىنى تېخىمۇ كۈچىيىشكە ئەكەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. نۇرغۇن ھەرىكەتلەر گېرمانىيە سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، گېرمانىيىنىڭ مانجۇرىيە دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلىشى بىلەن جۇڭگوغا ستراتېگىيىلىك ئەشيالارنى توشۇشنى توختاتقانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەردى. 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، گېرمانىيە جۇڭگودا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىنى چاقىرىۋالدى. چاقىرتىۋېلىنغان بۇ ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئىچىدە جۇملىدىن جياڭ جيېشىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ھەمدە تەجرىبىلىك ئالىي مەسلىھەتچى گېنېرال فاگىن خاۋسىن بار ئىدى. بېرلىنىنىڭ جۇڭگودىن ۋاز كېچىشى چۇڭچىڭنىڭ موسكۋاغا بولغان يۈلىنىشىنى كۈچەيتتى.

جياڭ جيېشى دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ كېتىپ قالغان گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىشىنى تەلەپ قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى جياڭ تىڭفۇنىڭ ئورنىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىككە

تەيىنلەنگەن ياڭ جيېڭغا تېلېگراممىا بېرىپ، ستالىن بىلەن ۋوروشىلوۋتىن ۋۇخەنگە قابىل، خۇددى گېنېرال گالۇندەك بىر ئادەمنى جياڭ جيېشىنىڭ «باش مەسلىھەتچىسى» قىلىپ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا يولىيورۇق بەردى. گېنېرال گالۇن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خاباروۋسكىدىكى يىراق شەرق ئالاھىدە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ئىدى. ئەگەر ئۇ فاگېن خاۋسىنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، جياڭ جيېشىنىڭ باش مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونى قوللىشىدىكى قۇدرەتلىك سىمۋول بولۇپ قالاتتى. 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جياڭ جيېشى ياڭ جيېڭغا يەنە تېلېگراممىا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋۇخەندىكى باش ئەلچىسىنى چاقىرتىۋېلىشى، ئۇنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەمدۇ ـ قانداق دېگەن مەسىلىنى سورۇشتە قىلدى، جياڭ جيېشى گېرمانىيە سىياسىتىنىڭ يېقىندىن بېرى ئۆزگىرىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلغانىدى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەھلىل قىلىپ چىقارغان ھۆكۈمىگە ئاساسلانغاندا: «ياپونىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ ئۇزاققا بارماي روسىيەگە يەۋقۇلئاددە ھەرىكەت قوللىنىشى» مۇمكىن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، جياڭ جيېشى ستالىنغا، جۇڭگو ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ دۈشمىنى بولغان ئوق ئەللەر تەرەپتە ئەمەس، پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتە تۇرىدۇ. ھۆۋەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۆزئارا يېقىنلىشىۋاتىدۇ، شۇڭا، ستالىنىنىڭ بىردىنبىر ئاقىلانە ھەرىكىتى گېرمانىيە بىلەن ياپونىيە بىرلەشمە ھەرىكەت قوللىنىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئىتتىپاقچىسى جۇڭگو بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، تېز ئارىدا ياپونىيەنى مەغلۇپ قىلىشى كېرەكلىكىنى ئىزھار قىلماقچى ئىدى.

1938 - يىلى 7 - ۋە 8 - ئايلاردا، سوۋېت - چاۋشيەن چېگرىسىدىكى خاسان كۆلىنىڭ غەربىي يېنىدىكى جاڭگۇفېڭ ئەتراپىدا زور كۆلەملىك توقۇنۇش پارتلىدى. بۇ تۇنجى قېتىملىق ياپونىيە - سوۋېت توقۇنۇشى بولۇپ، بۇ توقۇنۇشتا ئىككى تەرەپ قۇرۇقلۇق ئارمىيە دىۋىزىيىسى، بىرونېۋىك قىسىملار ۋە هاۋا ئارمىيىسىنى ئىشقا سالدى. بۇ توقۇنۇش جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا بولغان ئۈمىدىنى زور دەرىجىدە قوزغىۋەتتى. جاڭگۇفېڭدىكى ئېلىشىش 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن ۋۇخەندىكى كەچكى زىياپەتنىڭ سۆهبەت تېمىسىغا ئايلاندى. ئەينى چاغدا خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئەمدىلا ۋەتەنگە قايتقان، سىياسىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جياڭ تىڭفۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئاشۇ قېتىمقى كەچلىك زىياپەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەر جاڭ گۇفېڭ ۋەقەسى سوۋېت - ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ سىگنالى دەپ تولىمۇ قەتئىيلىك بىلەن ئىشىنىشكەنىكەن. جۇڭگودىكى مۇهىم گېزىت «داگۇڭباۋ» نىڭ باش تەهرىرى جاڭ جىلەن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈمىدۋارلارنىڭ بىرى ئىدى. زىياپەتكە قاتناشقان بەزى كىشىلەر تېخىمۇ ئەزۋەيلىشىپ كەتكەنىدى، هەتتا ئۇلار ياپونىيە مالىيىسى 9 - ئايدا ۋەيران بولىدۇ دەپ كېسىپ ئېيتقانىدى. جياڭ تىڭفۇ ئەينى چاغدىلا مۇنازىرە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشقا قاتناشمايدۇ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئىككى دۆلەت هۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، بەلكى پەقەت ئىككى دۆلەت چېگرىسىدىكى كوماندىرلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قىلغان قارارىدىن ئىبارەت. گېنېرال گالۇن جاڭگۇفېڭغا هۇجۇم قىلىشتا هەتتا هۆكۈمەتنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن دېدى. جياڭ تىڭفۇنىڭ قارىشىچە، نۇرغۇن كىشىلەر ئېيتىپ يۈرگەن ئۈمىدۋار گەپ - سۆزلەر جياڭ جېيشىغا ياخشىچاق بولۇش ۋە خۇشامەت قىلىش ئۈچۈنلا ئىدى. كەچكى زىياپەت

ئاياغلاشقىلى تۇرغاندا، جياڭ جيېشى جياڭ تىڭغۇنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە جۇڭگو يەنىلا بۇرۇنقىدەك، بەجايىكى جاڭ گۇفېڭ ۋەقەسى يۈز بەرمىگەندەك ھالەتتە بولىدۇ دېدى. جياڭ تىڭفۇ جياڭ جيېشى گەرچە ئىلگىرىكى چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاسىتە ئەسكەر چىقىرىشىغا ئۈمىد باغلىغان بولسىمۇ، لېكىن 1938 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىگە كەلگەندە، بۇنداق ئۈمىدتىن ۋاز كەچتى، دەپ قارايتتى.

ئەمەلىيەتتە، جياڭ جيېشى ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىشىغا باغلىغان ئۈمىدىدىن جياڭ تىڭفۇ ئويلىغاندەك پۈتۈنلەي ۋاز كەچمىگەن بولۇشى مۇمكىن. جياڭ جيېشى پەقەت شۇنى تونۇپ يەتتىكى، ئۇنىڭ شەخسەن ئۆزى چەت ئەلنىڭ ئارىلىشىشىنى ھەرقانچە ئۈمىد قىلغان تەقدىردىمۇ، لېكىن بۇنداق سورۇنلاردا ئۇنداق ئۈمىدلىنىشلەرنى ئاشكارىلاشنىڭ ئورنى يوق ئىدى ھەمدە بۇ ھەقتىكى زىيادە ئۈمىدلىنىشلەر ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىپ قوياتتى. ئالايلۇق، 1938 ـ يىلى 1 ـ ئايدىلا، جياڭ جيېشى بىر قېتىمقى يىغىندا، ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچى خادىملىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە جۇڭگو تۆت خاتالىق ئۆتكۈزدى. بۇنىڭ بىرىنچىسى، باشقا چوڭ دۆلەتلەر ياپونىيىگە قارشى تەدبىر قوللىنىدۇ دەپ خاتا ھالدا ئىشىنىپ كەتتى. شۇڭا جۇڭگو پەقەت ئۆزىنى قوغداشقىلا موھتاج، دېگەنىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەيلى جياڭ جيېشىنىڭ شەخسەن ئۆزى 1938 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىشىنى قانچىلىك كۈچلۈك ئارزۇ قىلغان بولمىسۇن، ئۇ ئۆز قول ئاستىدىكىلىرى ئىچىدە بۇنداق كەيپىياتنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى خالىمايتتى. قىسقىسى، جياڭ جيېشىدىكى كۆز قاراشنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ يەنىلا سوۋېت

ئىتتىپاقىنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشۋاتاتتى.

7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، جياڭ جيېشى ياڭ جيېغا تېلېگرامما يوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاڭگۇفېڭ ۋەقەسىگە قانداق ئىنكاس بىلدۈرىدىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلدى. سوۋېت ئەمەلدارلىرىغا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن، جياڭ جيېشى ياڭ جيېغا يولىيورۇق بېرىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ياپونىيىنىڭ بىر چېگرا كومىتېتى قۇرۇش ئارقىلىق ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى بوھراننى يوقىتىشنى تەكلىپ قىلىشى ھەمدە جۇڭگودىكى ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچى بىلەن جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن، بۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيە قولىنى سوزۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرىدۇ. ياپونىيىنىڭ غەرىزى شۇنچىلىك ئېنىق تۇرغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىگە ئالدانماسلىقى كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن جياڭ جيېشى ياڭ جيېدىن: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ زادى قانچىلىك قەتئىيلىكىنى، چاقىرىققا بىنائەن ۋەتىنىگە قايتقان سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسىنىڭ جۇڭگوغا قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق سوراپ بىلىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ياڭ جيېنىڭ باش ئەلچى بىلەن كۆرۈشكەن - كۆرۈشمىگەنلىكىنى سورىدى. جياڭ جيېشى بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە پاتراق جاۋاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ جياڭ جيېشىنىڭ بىتاقەت بولۇۋاتقانلىقى بىلەن ياڭ جيېنىڭ خىزمىتىدىن ئانچە رازى ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەپ قويىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاڭ گۇفېڭ ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشى جياڭ جيېشىنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى. موسكۋا بۇ قېتىمقى چېگرا توقۇنۇشىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقىلا ماقۇل بولۇپ قالماستىن، بەلكى چېگرا مەسىلىسىنى ياپونىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھەل قىلىشقىمۇ ماقۇل

بولغانىدى. بۇ ياپونىيىنىڭ جۇڭگو مانجۇرىيىسىگە بولغان ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئىدى. جياڭ جيېشى كۈندىلىك خاتىرىسىدە، ئۆزىنىڭ جاڭ گۈفېڭ ۋەقەسىنىڭ تىنچلىق يول بىلەن ھەل قىلىنىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى ئاچچىق تەلەپپۇز بىلەن ئىزھار قىلغانىدى. جياڭ جيېشى يېزىپ كىلىپ: ئەگەر ياپونىيە جۇڭگو بىلەن ھەمكارلىشىپ كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇشنى سەمىمىي تەشەببۇس قىلسا، ئۇ چاغدا، ئۇ جاڭ گۈفېڭ ۋەقەسىدە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىنمۇ ئۇنچىۋالا رەسۋا، ئۇنچىۋالا موللىموشۇك بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى.

9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ياپونىيە ئارمىيىسى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ۋۇخەنگە ھۇجۇم قىلدى. جياڭ جيېشى 1938 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلىپ ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەدبىر قوللىنىپ ياپونىيىنى توسۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىسى بىلەن سۆھبەتلىشىش ئەھۋالىنى تېلېگراممىا ئارقىلىق ياڭ جيېغا ئۇقتۇردى. خۇددى سۇنكېيىنىڭ 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈندىكى تېلېگراممىسىدىكىگە ئوخشاش، جياڭ جيېشى ياڭ جيېغا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئىتتىپاق تۈزۈش شەرتنامىسى ئىمزالاش ھەققىدە تەكلىپ بېرىش ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قوللىنىدىغان «ھەربىي جازالاش» تەدبىرىنىڭ تەييارلىقى پۈتكەن ـ پۈتمىگەنلىكىنى ستالىن بىلەن ۋۇروشىلوۋتىن ئۇقۇپ بېقىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. جياڭ جيېشى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ خۇددى سوۋېت ـ

فرانسىيە شەرتنامىسى بىلەن سوۋېت - چېخوسلوۋاكىيە شەرتنامىسىگە ئوخشاش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى تۈزۈشى كېرەك دېدى. يېقىندا مېيۈنخېندا ئىمزالانغان «تۆت دۆلەت كېلىشىمى» شەك - شۈبھىسىز ھالدا جياڭ جيېشىنىڭ ئېسىدە ئىدى، ئۇ ياڭ جيېنى ستالىنغا مۇنۇلارنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدى:

«بىز، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇشۇ پەيتتە يىراق شەرق تاجاۋۇزچىلىرىنى ئەڭ ئۈنۈملۈك جازالاپ، دۆلىتىمىزگە تېخىمۇ يېقىنلىشىشى كېرەك دەپ ھېسابلايمىز. نۆۋەتتە ياۋروپا ۋەزىيىتىنىڭ ۋاقتىنچە تىنچلىنىپ قالغانلىقىدىن ھازىرچە ئۇمىد كۈتكىلى بولىدۇ، غەربتىن ئەنسىرەشنىڭمۇ ئورنى يوق. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يىراق شەرق تاجاۋۇزچىسى بولغان ياپونىيىنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويۇش كېرەك. كېيىنكى كۈنلۈكتە گېرمانىيىنى پۈتۈن دۇنياغا بالايىئاپەت بولۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلقىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئېزىلگەن دۆلەتلەرگە ياردەم بېرىشنى دۆلەت سىياستى قىلغان دۆلەت، ئەمەلىيەتتە جۇڭگونىڭ ئەڭ ھەقىقىي قېيامەتلىك دوستى، دەپ ئومۇميۈزلۈك تەن ئالىدىغانلىقىنى جاكارلاشقا توغرا كېلىدۇ. بىز ھازىر ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلغىلى 15 ئاي بولدى. جۇڭگونىڭ سەپەرۋەر قىلىنغان ئەسلىدىكى كۈچلىرى ئىشلىتىلىپ تۈگىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ئاغىرى ئاشقا تەگكەندە بۇرنى قاناپ، يىراق شەرق تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئەزۋەيلەپ كېتىشىنى خالىمايدۇ، بۇنداق بولغاندا دۇنيادىكى بالايىئاپەتلەرنى يىغىشتۇرۇش تېخىمۇ تەسكە توختايدۇ.

جياڭ جيېشى ياڭ جيېغا: ستالىن بىلەن ۋوروشىلوۋقا بۇ سەۋەبلەرنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، جۇڭگونىڭ سەمىمىي ئارزۇسىنى ئىزاھلاش، سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىدە پائالىيەت يۈرگۈزۈش ۋە ھەننىۋا تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى «ئاكتىپ

سىياسەت» يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلىش توغرىسىدا يولىيورۇق بەردى. جياڭ جېيشى ياڭ جېيغا جاۋاب تېلېگراممىا بېرىۋېتىشنىمۇ تاپىلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جياڭ جېيشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسى بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتى.

دېمىسىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى 1938 ـ يىلىدىكى جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىغا قاتناشمىدى. 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، جياڭ جېيشى ۋۇخەندىن چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى. 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ۋۇخەن قولدىن كەتتى.

## 6. جياڭ جېيشىنىڭ نومغىن تەۋرىنىشىدا قوللانغان تاكتىكىسى

1938 ـ يىلىنىڭ دەسلەپكى سەككىز ئېيىدا، مەيلى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمكارلىقىنىڭ كۈچىيىشى ياكى كۈچىيىشتىن كەلگەن ئاجىزلىشىش بولسۇن، ھەممىسىلا ياۋروپا ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بۇ ئامىل توغرىسىدا باش قاتۇرۇشى كېرەك ئىدى. پۈتۈن 1938 ـ يىلىدا، گېرمانىيىنىڭ زېمىن تەلىپى تۈپەيلىدىن، ياۋروپا بوھرانغا پېتىپ قالدى. 3 ـ ئايدا گېرمانىيە ئاۋستىرىيىنى يۇتۇۋالدى. بۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپلا، گىتلېر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەلەپ قويۇپ فرانسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن چېخوسلىۋاكىيىدىن سوۋېت رايونىنى ناتسىستلار گېرمانىيىسىگە كېسىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چېخوسلوۋاكىيە زۇڭتۇڭى بېنىش ئۇرۇشقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قىسمەن سەپەرۋەر قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. ئۇن كۈندىن كېيىن، گىتلېر گېرمانىيىنىڭ چېخوسلوۋاكىيىگە قارشى ئۇرۇشقا تەييار تۇرۇش

سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقىغا ئىمزا قويىدى. چېخوسلوۋاكىيىنى قاپلىغان بوران ياز پەسلىگە كەلگەندە تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بوراننىڭ ياۋروپاغا ئۇرۇش ئوتى يېقىشىدىن ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن ئىدى، ئاخىرقى نەتىجە — ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە، فرانسىيە 9 - ئايدىكى ميۇنخېن يىغىنىدا گېرمانىيىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت بولدى، ئەلۋەتتە.

غەربنىڭ گېرمانىيىنى خاتىرجەم قىلىشى جياڭ جيېشىغا خوش ياقتى، چۈنكى 1938 - يىلىدىكى ياۋروپا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى، جۇڭگونىڭ خەلقئارانىڭ يىراق شەرق بوھرانىغا قاتنىشىشنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىغا ئەجەللىك زەربە بولغانىدى. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىلار ياۋروپا ئۇرۇشىغا تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولسا، ئۇلار بىر ۋاقىتتا يىراق شەرقتىكى ياپونىيىگە تاقابىل تۇرۇشنى خالىمايتتى. شۇڭا، گومىنداڭنىڭ «مەركەز گېزىتى» ميونخېن كېلىشىمىنى مەدھىيىلىدى. ھالبۇكى، موسكۋانىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ قارىغاندا، جۇڭچىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىتىگە قارشى مۇقام تۇۋلاۋاتاتتى، چېخوسلوۋاكىيىدىكى بوران 1938 - يىلى تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكتىن موسكۋا پۈتۈن كۈچى بىلەن لوندون بىلەن پارىژنى قەتئىي پراگا بىلەن موسكۋا تەرەپتە تۇرۇپ، گىتلېرنىڭ يولسىز تەلەپلىرىگە قارشى تۇرۇشقا كۈندۈردى. لېكىن، جۇڭچىڭ موسكۋا قارشى تۇرىدىغان مادارا چىلىق سىياسىتىنى مەدھىيىلىدى ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى. موسكۋا جۇڭگونىڭ ياۋروپا ۋەزىيىتىگە بولغان تەسىرىنىڭ ئەھمىيەتسىزلىكىنى ئەلۋەتتە تونۇپ يەتكەنىدى، لېكىن جۇڭچىڭنىڭ ياۋروپا سىياسىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ مۇددىئاسىغا بولغان گۇمانىنى كۈچەيتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ جياڭ جيېشىغا بولغان قەھر -

غەرپنى قوزغاپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان دىپلوماتىيە مەقسىتى بىلەن ھەربىي ياردىمىنىڭ سەۋىيىسى ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى جۇڭگو بىلەن ئىتتىپاقداشلىقنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلاتتىكى، بۇنىڭ ئەكسىچە، گىتلېرغا ھېسداشلىق قىلىپ غەربنىڭ ناتسىستلار ئاپىتىنى شەرققە باشلىشىنى ئۈمىد قىلمايتتى.

ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ميۇنخېن ۋەقەسى موسكۋا بىلەن غەربتىكى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق خەۋپسىزلىك ستراتېگىيىسىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ناتسىستلار گېرمانىيىسى بىلەن تىرىشىپ مۇرەسسە قىلىشىنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. 1939 - يىلى باھارغا كەلگەندە، داغدۇغىلىق سوۋېت - گېرمانىيە سۆھبىتى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىتىنىڭ رەتكە سېلىنىشى جۇڭگونىڭ موسكۋا ئالدىدىكى ستراتېگىيىلىك قىممىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى. خۇددى بىزنىڭ بىلگەنلىرىمىزگە ئوخشاش، موسكۋا گومىنداڭ جۇڭگوسىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەشنى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى خەۋپسىزلىك ھەمكارلىقىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىكى بىر خىل ئۇسۇل دەپ قارايتتى، ناۋادا موسكۋا بۇنداق ھەمكارلىشىش ئۈمىدىدىن ۋاز كېچىپ، بىر ئۆرۈلۈپلا ناتسىستلار گېرمانىيىسى بىلەن يارىشىۋالسا، ئۇ چاغدا، بۇ ئامىلنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونى داۋاملىق باغلاپ تۇرۇشقا ياردىمى تەگمەيتتى. 1939 - يىلى 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە، ئىككى دۆلەتنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاقتا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى ياپونىيىگە قارىتىلغان ئىقتىسادىي جازالاشنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق ھەمكارلىشىپ خىزمەت ئىشلىدى. ھالبۇكى، بۇنداق ھەمكارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيىسىدە 1939 - يىلى يازغىچە

داۋاملاشقان ئەنگلىيە ـ سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبىتىگە ئوخشاش ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مولوتوۋ بىلەن رىبىنتروپ سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنى ئىمزالاش ھەققىدە مەسلىھەتلەشمەكتە ئىدى.

ئەمما، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقىنىڭ ئىككىنچى ئاساسى يەنى ياپونىيىگە ھەربىي جەھەتتىن ئورتاق قارشى تۇرۇش يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بىلەن قارىغاندا، 1939 ـ يىللاردا، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ئېھتىياجى تېخىمۇ كەسكىن ئىدى، چۈنكى بۇ يىلنىڭ ئەتىياز ۋە ياز ئايلىرىدا، مانجۇرىيە، موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى توقۇنۇشلار تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى. 1939 ـ يىلىدىكى موسكۋا بىلەن چۇڭچىڭنىڭ ۋەزىيىتى 1938 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى موسكۋا بىلەن چۇڭچىڭنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ تامامەن ئەكسى ئىدى. بۇ مەزگىلدە، موسكۋا ياپونىيىنىڭ شىمالدىكى بېسىمىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن جۇڭگودىن تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلغان، چۇڭچىڭ بولسا بۇ تەلەپنى كەينىگە سۈرەپ، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى «جىمجىت كۆزىتىۋاتقان» ئىدى.

30 ـ يىللاردىكى ياپون ـ سوۋېت چېگرا توقۇنۇشى 1939ـ يىلىنىڭ دەسلىپىدە، مانجۇرىيە ۋە ئىچكى، تاشقى موڭغۇلىيەلەرنىڭ چېگرىلىرى تۇتاشقان جايدىكى نومغىن ۋەقەسى بىلەن باشلانغانىدى. 1939 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ تالاش ـ تارتىشلىق بۇ رايونغا كىرگەن ئاتلىق چارلىغۇچىلىرى ياپونىيىنىڭ خىرىسىغا ئۆزلۈكسىز دۇچ كېلىپ تۇردى، 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ، قىزىل ئارمىيە ياپونىيىنىڭ بىر ئاتلىق پولكىنى يوقاتتى. 6 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ رايونغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا

ئەسكىرىي كۈچ ئورۇنلاشتۇردى، ھەتتا بۇنىڭغا ياپونىيىنىڭ مانجۇرىيىدىكى ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ ھەرىكىتى قەستەن ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، ئۇنىڭغا شىددەتلىك قايتۇرما زەربە بېرىش كېرەك دەپ ھېسابلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ياپونىيە 130 ئايروپىلان بىلەن تەخمىنەن 100 كىلومېتىرچە (60 ئىنگلىز چاقىرىمى) ئىچكىرىلەپ كىرىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ـ موڭغۇلىيە ھاۋا ئارمىيىسى بازىسىنى بومباردىمان قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ 15 مىڭ ئەسكىرى برونېۋىك قىسىملار، توپچى قىسىملار ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ھۇجۇمغا ئۆتتى. سوۋېت ئارمىيىسى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، 11 كۈن ئىچىدە، ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزچى قىسىملىرىنى مەغلۇپ قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ياپونىيە يېڭىباشتىن تەشكىللىگەن تاجاۋۇزچى جىنايەتچىلەرمۇ مەغلۇپ بولدى. 7 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى نومغىنغا تېزلىك بىلەن ياردەمچى قىسىملارنى ئەۋەتتى. گېنېرال گىئورگى ژۇكوۋنىڭ قوماندانلىقى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەش پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى ۋە بەش تانكا برىگادىسىدىن تەركىب تاپقان كۈچلۈك قوراللىق قىسىملىرى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ياپونىيە ئارمىيىسىگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى، شىددەتلىك ئۇرۇش بىرنەچچە ھەپتىگە سوزۇلۇپ، ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزى تەلەپ قىلغان چېگرا سىزىقىغا ئىلگىرىلەپ كىردى ھەمدە ئۇ پەردە قوغدىنىش ئىستىھكامى قۇردى.

6 ـ ئاي بىلەن 7 ـ ئايدا، نومغىن توقۇنۇشى پەيدىنپەي ئەۋج ئېلىۋاتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىكى ھەربىي مەسلىھەتچىسى جياڭ جيېشىنى ئوتتۇرا جۇڭگودا زور ھۇجۇم

قوزغاشقا كۆشكۈشلەشكە باشلىغانىدى. بۇنداق قىلغاندا، ياپونىيىنىڭ مانجۇرىيە، موڭغۇلىيە چېگرىسىغا جۇڭگودىن ئەسكەر يۆتكىشىنى ئىسكەنجىگە ئالغىلى بولاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىكى ئالىي مەسلىھەتچىسى ئالېكساندىر كارىياكىننىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى نومغىن توقۇنۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىچەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى گېنېرال چېرېپانوۋ (20 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە گومىنداڭنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولغان) مۇنداق بىر لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى: گومىنداڭ ئارمىيىسى 6- ۋە 7- ئايلاردا ئىككى قېتىم زور ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ مەقسىتى ۋۇخەننى قايتۇرۇۋېلىش ۋە 1938 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇنقى جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. چېرېپانوۋنىڭ تەكلىپى مۇنداق بىر كۆزىتىشنى ئاساس قىلغانىدى: ياپونىيە ئارمىيىسى چاڭجياڭ دەرياسى لىنىيىسىنى بويلاپ گانتېل شەكلىدە مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى نەنچاڭ ـ يۆياڭ ـ ۋۇخەن قاتارلىق ئىچكىرى جايلار بىلەن شاڭخەي ـ نەنجىڭ ـ خاڭجۇ قاتارلىق دېڭىز بويى رايونلىرىدا ئىدى. لېكىن ئىككى چوڭ ھەربىي توپلاشقان جاينى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان چاڭجياڭ دەرياسى بويىدا بۇ يولنى پەقەت ئىككى دىۋىزىيىلا قوغداپ تۇراتتى. ئەگەر چاڭجياڭ دەرياسى بويىدىكى بۇ يول كېسىۋېتىلسە، ئۇ ھالدا، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ياپونىيە ئارمىيىسى يەككە ـ يېگانە ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتى ـ دە، مەغلۇپ بولاتتى. چېرېپانوۋ لايىھىسىنىڭ بىرىنچى قەدىمى نەنجىڭ بىلەن ۋۇخەننىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى جۇجياڭ شەھىرىنى قايتۇرۇۋېلىش بولۇپ، ئىككىنچى قەدىمى ۋۇخەنگە ھۇجۇم قىلىپ

ئۇنىمۇ تارتىۋېلىش ئىدى. جۇڭگونىڭ 9 - ئارمىيىسى بۇ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چېرىپانوۋ بۇ لايىھەنى جياڭ جيېشىغا تاپشۇرغاندا، نومغىن ئۇرۇشىنى ياپونىيىنى ۋۇخەندىن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىمۇ ھازىر جۇڭگوغا پايدىلىق دەپ شەرھىلىگەنىدى.

چېرىپانوۋ ئۆزىنىڭ لايىھىسىنى جياڭ جيېشىغا تاپشۇرغان ۋاقىت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ئۈچىنچى قېتىملىق قەرز پۇل بېرىش كېلىشىمىنى ئىمزالىغانلىقىنىڭ ئالتىنچى كۈنى ئىدى. خۇددى تۆۋەندە كۆرسىتىپ ئۆتىدىغىنىمىزدەك، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگوغا بەرگەن ئەڭ كۆپ قەرز پۇل ئىدى. جۇڭگو گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۇرغۇن قەرز پۇل ياردىمىنى ئالغان بولسىمۇ يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى رەت قىلالمايتتى. لېكىن جياڭ جيېشى 1938 - يىلىدىكى كەچۈرمىشلەر تېخى ئۇنتۇلۇپ كەتمىگەچكە ياكى ياپونىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلاردا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرىنىڭ تېزلىك بىلەن كېڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتقاچقىمىكىن، بۇ تەلەپلەرگە جاۋاب بېرىشكە يەنىلا قىزىقمايتتى. شۇڭا، كارياكىننىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسەن كېيىنكى سۆرەش سىياسىتى قوللىنىشقا توغرا كېلەتتى. 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى گومىنداڭ ھەربىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا چېرىپانوۋنىڭ بۇ لايىھىسى مۇھاكىمە قىلىندى، جياڭ جيېشى بۇ پىلانغا قوشۇلۇپ 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھۇجۇم قىلىش قارار قىلىندى. ۋەھالەنكى، خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھۇجۇم قىلىش تاكى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگە قەدەر

كېچىكتۈرۈلدى.

1939 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ستالىن بىلەن ۋوروشىلوۋ جىياڭ جيېشىگە خەت يېزىپ، ئۇنى چېرىپانوۋ تەكلىپ قىلغان ئۇرۇشنى قوزغاشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ستالىن جۇڭگونى داۋاملىق قوللاشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە موسكۋادا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سوۋېت - ئەنگلىيە سۆھبىتىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئىنتايىن ئۈمىدۋار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ستالىن ئەگەر بۇ سۆھبەتلەر قانائەتلىنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشسە، ئۇ مۇقەررەر ھالدا «ئۇنۇملۇك تەدبىر» گە ۋە يىراق شەرقتە تىنچلىقپەرۋەر دۆلەتلەرنىڭ بىر بىرلەشمە تەشكىلاتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئېلىپ كېلىدۇ دېدى. ستالىن تېخى مەنىلىك قىلىپ: «ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداق بىرلەشمە تەشكىلات شەكىللەنمەكتە» دەپ بېشارەت بەردى. يېقىندا ياپونىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقى «ياپونىيىنىڭ ئەدىبىنى بېرىۋاتىدۇ»، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىمۇ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا كىرمەكچى بولۇپ پۇرسەت كۈتۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇڭگومۇ ئۆز ۋۇزغا بارماي ياپونىيىگە «مەغلۇبىيەتگە ۋە ئۇنىڭغا ئۈنسىز ئىنكار ئىكەنلىگىنى مۇپاپاك قىلىدۇ» دېدى.

ستالىننىڭ جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيىلەر بىرلىشىپ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش توغرىسىدىكى سۆھبىتى قەستەن خاتا خەۋەر تارقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى بۇنداق بىرلىشىش 1939 - يىلىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ئەسلا ئىشقا ئاشمايتتى ھەمدە ئۇ چاغدا سوۋېت - گېرمان سۆھبىتى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. روشەنكى،

ستالىننىڭ قارىشىچە، بۇ تىلتۇمارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش جياڭ جيېشىنى يېڭى ئۇرۇش قوزغاشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشقا پايدىلىق بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ياپون ئارمىيىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغىلى بولاتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ھەربىي مەسلىھەتچىسى جياڭ جيېشى قەستەن ئارسالدى بولغان بولۇۋېلىپ «خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈتۈۋاتىدۇ» دەپ ھېس قىلماقتا ئىدى. بۇ سوۋېت - ياپونىيە ئۇرۇشى توغرىسىدىكى سىپايە كۆز قاراش ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ نومغىن ۋەقەسىنى قانداق قىلىپ سوۋېت - ياپونىيە ئۇرۇشىغا ئايلاندۇرماقچى بولغانلىقىنى مۆلچەرلەپ بېقىش تولىمۇ قىزىقارلىق ئىدى. جياڭ جيېشى ستالىنغا يەنە جۇڭگو - سوۋېت ئورتاق مۇداپىئەلىنىش كېلىشىمى تۈزۈش تەكلىپىنى قويارمۇ؟ ياكى تېخىمۇ پەسەيتىش ئېھتىماللىقى بارمۇ يوق دەپ توكيونى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چېكىپ باقارمۇ؟ ئۇنىڭ ھەر ئىككىسىنىمۇ قوللىنىشى مۇمكىن ئىدى. قىسقىسى، ئىنتايىن ئېنىقكى، 1938 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، مەيلى ستالىن ياكى جياڭ جيېشى بولسۇن ھەر ئىككىسىلا قارشى تەرەپ ئۆز مۇددىئاسىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ قارشى تەرەپنىڭ ياپونىيە بىلەن بولغان توقۇنۇشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلىتىشقا كۈشكۈرتتى دەپ بىر - بىرىدىن گۇمانلاندى ھەمدە ھەربىر تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ ياپونىيە بىلەن توقۇنۇشىنى ئامال قىلىپ ئۆرلىتىشكە بەل باغلاش بىلەن بىللە، يەنە قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭ بۇرنىدىن يېتىلەپ مېڭىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن تولۇق ئىشەنچ بولۇپ باقمىغانىدى، 1939

- يىلىغا كەلگەندە بار بولغان ئازغىنە ئىشەنچمۇ پۈتۈنلەي تۈگىگەنىدى.

## 7. ستالىن ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشنىڭ ئورنىغا جۇڭگوغا ياردەم بېرىشنى قويىدى

1937 — 1939 - يىللىرىدىكى جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقىنىڭ ئەڭ زور ئەھمىيىتى بەلكىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا بەرگەن كەڭ كۆلەملىك ۋە كۆپ تەرەپلىمە ياردىمىدە بولۇشى مۇمكىن. جۇڭگو- سوۋېت ئوتتۇرىسىدا 1938 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، 1938 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، 1939 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يەنە 1 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرلىق قەرز پۇل كېلىشىمى ئىمزالاندى. بۇ قەرز پۇللارنىڭ سانى گەرچە ناھايىتى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن جۇڭگو دەسلەپتە ئەمەلىي تەلەپ قىلغان ساندىن ئاز بولۇپ، بۇ ئۇنچىۋالا ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. قەرز پۇل كېلىشىمىنىڭ مۇھىم سۆھبەت ئىشتىراكچىسى سۇن كېنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، جۇڭگو دەسلەپتە تەلەپ قىلغان بىرىنچى قېتىملىق قەرز پۇل سانى 1 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئىككىنچى قېتىملىق قەرز پۇل سانى 3 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەرز پۇلى ئادەتتە جۇڭگونىڭ خام ئەشيا ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن قايتۇرۇلۇپ، قايتۇرۇلۇش مەزگىلى بەش يىلدىن 15 يىل، يىللىق ئۆسۈمى ئۈچ پىرسەنت ئىدى.

2—1 ـ جەدۋەل

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1937 ـ يىلىدىن 1941 ـ يىلىغىچە جۇڭگوغا بەرگەن ياردىمى

| تۈرى | | 1937ـ يىلىدىن 1939ـ يىلىغىچە تاپشۇرۇلغىنى | | 1940ـ يىلى دېكابىردىن 1941ـ يىلى يانۋارغىچە تاپشۇرۇلغىنى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | پىلاندىكى ئومۇمىي سان (1941—1937) | سانى | پىرسەنتى | سانى | پىرسەنتى |
| بومباردىمانچى ئايروپىلان | 348 | 278 | 80 | 100 | 29 |
| كۆرەشچى ئايروپىلان | 542 | 452 | 83 | 150 | 28 |
| مەخسۇس ئايروپىلان | 44 | 100 | | | |
| بارلىق ئايروپىلان سانى | 904 | | | | |
| T—26 تىپلىق تانكا | 82 | | | | |
| | 1938 ـ يىلى مارتتىن بۇرۇن تاپشۇرۇلغان ماللارنىڭ «مۇھىم قىسمى» | | | | |
| ئاپتوموبىل | 2,118 | 1,315 | 62 | 300 | 14 |
| زەمبىرەك | 1,140 | 960 | 84 | 250 | 22 |
| زەمبىرەك ئوقى | 2,000,000 | 2,000,000 | 100 | 2,000,000 | 06 |
| پىلىموت | 9720 | 8300 | 85 | 1300 | 13 |
| مىلتىق | 50,000 | 100,000 | 50 | | |
| ئوق ـ دورا (بىرلىكى مىليون) | 180 | 130 | 67 | 18 | 1 |
| ھاۋادىن تاشلايدىغان بومبا | 31,600 | | | | |

1937 ـ 1941 ـ يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا تاپشۇرغان ھەربىي ئەسلىھەلىرىنىڭ ئەمەلىي سانى 1.2 ـ جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى. قەرز پۇل كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن ماللارنىڭ ئەمەلىي تاپشۇرۇلۇشى تامامەن ئوخشاشمايدىغان ئىككى ئىش ئىدى. بىرىنچى قېتىمقى قەرز پۇل كېلىشىمى ئىمزالىنىشتىن بۇرۇن، ماللار جۇڭگوغا پاراخوت بىلەن ئەكېلىنگەنىدى. دەسلەپكى قەرز پۇل كېلىشىمى 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1938 ـ يىلىنىڭ دەسلىپىدە جۇڭگوغا توشۇلغان ماللارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1938 ـ يىلى 7 ـ ئاي ۋە 1939 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى كېلىشىم ئىمزالانغاندا، ئۇنىڭغا ئۆزۈندىن ئۆزۈن بەلگىلىمە قوشۇمچە قىلىنغان بولۇپ، ماللارنىڭ مەخسۇس تۈرى، مىقدارى ۋە قەرز پۇل كېلىشىمىگە ئاساسەن سېتىش باھاسى بەلگىلەنگەنىدى. سېتىش كېلىشىمى تۈزۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئالاھىدە ئەشيالارنى جۇڭگوغا پاراخوت بىلەن توشۇش ياكى توشۇماسلىق بۇ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ۋە خەلقئارا ئامىلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى. بۇنىڭ كېيىنكىسى توغرىسىدا، 1939 ـ يىلىدىكى سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىدىن كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1939 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ياردىمىنى بىلىش تولىمۇ مۇھىم.

1938 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ياپونىيە ئارمىيىسى گۇاڭجۇنى ئىشغال قىلىشتىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم قىلغان تەخمىنەن 60 مىڭ توننىچە قورال ـ ياراغ بىلەن زور تۈركۈمدىكى ماددىي ئەشيا ئاۋۋال گۇاڭجۇ پورتى ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈريول بىلەن جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى رايونلارغا توشۇلغانىدى. بەزى ماددىي ئەشيالار قۇرۇقلۇق يولى يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدىكى تۈركىستان ـ سىبىرىيە تۆمۈر

يولى لىنىيىسىگە جايلاشقان ئالمۇتانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سارى ئۆزەك ئارقىلىق تەخمىنەن 2925 (1814 ئىنگلىز چاقىرىمى) كىلومېتىر يىراقلىقتىكى لەنجۇغا توشۇلاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىر ئالىمنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، 1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1939 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە 5640 ئات ھارۋا جۇڭگو چېگرىسىغا مال توشۇغان، كېيىن بۇ ماللار 5260 دانە ماشىنا بىلەن شىنجاڭغا ئەكېلىنگەن. قىش پەسلى ئىشلەمچىلەر قارنى كۈرەپ سارى ئۆزەك ـ لەنجۇ تاشيولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان ھەمدە مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان تۆگىلەر يول بويىدىكى تەمىنلەش پونكىتلىرىغا تەمىنات بۇيۇملىرىنى توشۇغان. ۋەھالەنكى لەنجۇغا بارىدىغان تاشيولنىڭ شارائىتى تولىمۇ ناچار بولغاچقا، ترانسپورت ئىقتىدارىنى چەكلەپ قويغانىدى. بۇ توسالغۇلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۇرۇش باشلانغان دەسلەپكى ئىككى يىلدا، جۇڭگونىڭ يۈز مىڭ ئەمگەكچىسى سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدىكى ئوفېتسېرلەرنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا شىنجاڭ تاشيولىنى ياسىدى ۋە ئاسرىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورال يەتكۈزۈپ بېرىشى جۇڭگو ئارمىيىسى ئۈچۈن ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ قوراللار ئەمەلىيەتتە ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچە ئېيىدا ئىگە بولغان ئوت كۈچى ئەۋزەللىكىنى ئاجىزلاشتۇرغانىدى.

1938 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تەيئېرجۇاڭدا جۇڭگونىڭ تۇنجى قېتىم ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قازىنىشىغا سوۋېت ئىتتىپاقى بەرگەن مىلتىقلار بىلەن 26 — T. تىپلىق تانكىلارنىڭ ئىنتايىن زور ياردىمى تەگكەنىدى. جۇڭگو ئارمىيىسى تەيئېرجۇاڭدا ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىككى سەر خىل دىۋىزىيىسىنى تارمار قىلغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

پولكوۋنىكى ئالېكساندىر كارىياكىننىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ، 1938 - يىلى 5 - ئايدىن 1939 - يىلى 11 - ئايغىچە، جۇڭگو قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى قۇرۇلۇش ئەسكىرى قىسىملىرى قوماندانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى بولغان، 1938 - يىلى يازدا ۋۇخەندىكى جىددىي ئۇرۇشتا جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ ئوت كۈچى ئېغىر ۋە يېنىك پىلىموتنىڭ سانى جەھەتتىن ئالغاندا ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ دۈشمىنى ياپونىيىدىكىدىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان، ياپونىيە ئارمىيىسى پەقەت ھاۋا ئارمىيىسى، بىرونېۋىك ۋە زەمبىرەكچى قىسىملار جەھەتتىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. 1939 - يىلى 12 - ئايدا T—26 تىپلىق 15 تانكىدىن تەشكىللەنگەن بىر نارماق ئەترەت جەنۇبتىكى گۇاڭشى ئۆلكىسىنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

خۇددى 1932 - يىلى ئەنگلىيىدىن سېتىۋېلىنغان ئالتە تونىلىق ۋىك تانكىسىغا ئوخشاش، T — 26 تىپلىك تانكىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 30 - يىللاردىكى ئاساسلىق ئۇرۇش تانكىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. تەخمىنەن ئىشلەپ چىقىرىلغان 120 مىڭ تانكىنىڭ نۇرغۇنى جۇڭگو، ئىسپانىيە، نومغىن ۋە فىنلاندىيىگە ھۇجۇم قىلىنغان قىش پەسلىدىكى ئۇرۇشلاردا ئىشلىتىلگەنىدى. بۇ تانكىنىڭ ئېغىرلىقى توققۇز تونىنا، سائەتلىك سۈرئىتى 20 كىلومېتىر (12 ئىنگلىز چاقىرىمى) ھەمدە تېلېگرافى بار بولۇپ ئۇ 40 گرادۇسلۇق يانتۇلۇقلارغا چىقالايتتى، جۇڭگوغا ئەكېلىنگەن T—26 تىپلىق 82 تانكىنىڭ كۆپىنچىسىدە زەمبىرەك مۇنارىسى يوق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاغزى 45 مىللىمېتىرلىق بىر زەمبىرەك بىلەن ئاغزى 7.62 مىللىمېتىرلىق ئىككى پىلىموت ئورنىتىلغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسى مارشال گىزىگورى ژۇكوۋنىڭ قارىشىچە، T—26 تىپلىق تانكا كالانپاي، قوغدىنىش ئىقتىدارى

ئاجىز، بۇزۇلغاق بولۇپ جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. ئەمما، بۇ تانكا تاكى 1931 - يىلىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە گېرمانىيە برونېۋىك قىسىملىرىغا دۇچ كەلگەندىلا ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى بىلەن ئالدىنقى سەپتە جەڭگە قاتناشتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ئەكەلگەن ئايروپىلانلىرىنىڭ سۈپىتى تەكشى ئەمەس بولۇپ، ئىقتىدارى ئەلا بولغان 1—16 كۈرەشچى ئايروپىلان بىلەن SB—2 بومباردىمانچى ئايروپىلان ھەمدە كونىراپ كەتكەن 1—15 تىپلىق قوش قاناتلىق كۈرەشچى ئايروپىلان بار ئىدى. 1938 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە، كەم بولغاندىمۇ 1—16 تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلاندىن ئون ئالتىسى جۇڭگوغا ئەكېلىنگەنىدى. بۇ ئايروپىلان 1933 - يىلى 12 - ئايدا تۇنجى قېتىم سىناق تەرىقىسىدە ئۇچقاندىن كېيىن، دۇنيادىكى بىرىنچى دەرىجىلىك يالاڭ قانات كۈرەشچى ئايروپىلانغا ئايلاندى؛ شۇنداقلا بۇ ئايروپىلانغا بىمالال سوزۇلىدىغان ۋە يىغىلىدىغان كۆتۈرۈلۈش ۋە قونۇش جازىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ ئايروپىلان تۇنجى قېتىم ئىسپانىيىدە تاكى 1943 - يىلى يازغىچە سوۋېت ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئالدىنقى سەپتە ئىشلىتىلدى. 1938 - يىلىدىكى قوش ماتورلۇق SB—2 تىپىدىكى بومباردىمانچى ئايروپىلانمۇ ئەلا ئىقتىدارلىق ئايروپىلان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۈچ نەپەر ئايروپىلان خادىمى بولاتتى ۋە ئەڭ يىراق ئۇچۇش مۇساپىسى 1200 كىلومېتر (745 ئىنگلىز چاقىرىمى) سائەتلىك ئەڭ يۇقىرى ئۇچۇش سۈرئىتى 412 كىلومېتر (255 ئىنگلىز چاقىرىمى)، يۇقىرىغا ئۆرلەش چېكى 9510 مېتر (31200 ئىنگلىز چىسى)، بىر قېتىمدا قاچىلايدىغان بومبىسى 600 كىلوگرام (1320 قاداق) ئىدى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئالدىنقى قاتاردىكى بومباردىمانچى ئايروپىلانى ئىدى. سوۋېت ئارمىيىسى 1938 -

يىلى ۋە 1939 ـ يىلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى يىراق شەرق چېگرا توقۇنۇشىدا بۇ ئايروپىلاننى ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىپ ياپونىيىگە زەربە بەرگەنىدى. فىنلاندىيە بىلەن بولغان قىشتىكى ئۇرۇشتىمۇ مۇشۇ ئايروپىلان ئىشلىتىلگەنىدى. ھالبۇكى يەنە بىر تەرەپتىن 15 — 1 تىپلىك قوش قاناتلىق ئايروپىلانلارنىڭ ئىقتىدارىنىڭ ياپونىيىنىڭ كۆپ ساندىكى ئايروپىلانلىرىنىڭ ئىقتىدارىدىن تۆۋەنلىكى جۇڭگودا ئىنتايىن تېزلىك بىلەن ئىسپاتلىنىپ قالدى. خۇددى ئىسپانىيىگە ئوخشاش جۇڭگومۇ ئاساسلىق كۈچلۈك دۆلەتلەر ياسىغان يېڭى قوراللار سىستېمىسىنى پايدىلىق سىناق مەيدانى بىلەن تەمىنلىدى.

بۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا يەنە سوۋېت قىزىل ئارمىيىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ھەربىي ئوفىتسېرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەخمىنەن 1500 ھەربىي مەسلىھەتچى ئەۋەتتى.

1938 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىخانىسىنىڭ ھەربىي كاتىپى بولۇپ تەيىنلەنگەن گېنېرال گىرىگورىي ژوكوۋ كېيىنسكە كېلىپ نومىغىندا ياپونىيە ئارمىيىسىنى تارمارقىلغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مەشھۇر مارشالىغا ئايلانغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا ستالىنگراد مۇداپىئە ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلغان گېنېرال ۋاسلى سويىكوۋ كېيىنكى چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مارشالى بولغان گېنېرال پ، ئې بازىسكى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قىزىل ئارمىيىنىڭ مەشھۇر دالا ئارمىيىسى قوماندانى بولغان پولكوۋنىڭ ئاندېرى ئا. ۋېلاسوۋلارمۇ بۇ مەزگىلدە جۇڭگوداتۇرۇشلۇق ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئىدى. خۇددى ئىسپانىيىگە ئوخشاش جۇڭگومۇ سوۋېت ئوفىتسېرلىرىنىڭ تەجرىبە مەيدانىغا ئايلانغانىدى.

1938 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى ئالىي

مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى جۇڭگوغا كەلگەن، ئەينى چاغدا گېرمانىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى جۇڭگودىن ئايرىلغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ ئالىي شتابى بىلەن ھەرقايسى رايونلارغا تەقسىم قىلىندى. ئۇلار زەمبىرەك، برونېۋىك، تەرجىمە، قۇرۇلۇش، خەۋەر - ئالاقە، ئاخبارات، ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇچقۇچىلىق قاتارلىق ساھەلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر تەتقىقات ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1939 - يىلى 2 - ئايغىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەمئىي 3665 نەپەر «ھەربىي مۇتەخەسسىسى» جۇڭگودا خىزمەت قىلغان. بۇ سان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىدائىي ئۇچقۇچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ سانلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگەنلىكى تولىمۇ روشەن ئىدى. ئالايلۇق، پولكوۋنىك كارىياكىن تەكىتلىگەن نىقابلىنىش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىش ۋە يوشۇرۇن جايدىن ئوت ئېچىش، ئۇنىڭ جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۇسلۇبىغا قوشقان ئىككى چوڭ تۆھپىسى ئىدى.

بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت تېخنىكا مەسىلىسى بىلەنلا چەكلىنەتتى، چېرېپانوۋدەك ئاز ساندىكى مەسلىھەتچىلەر بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى، چېرېپانوۋ 1939 - يىلىدىكى ۋۇخەننى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ مۇھىم رول ئوينىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى مەسلىھەتچىلىكتىن سىقىپ چىقىرىلغان يەردە، ئۇلارنىڭ سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدىكى مۇھاكىمىگە قاتنىشىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. بۇ جەھەتتىن، 30 - يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوينىغان

رولى 1923 - 1927 - يىللاردا گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلاشقان مەزگىلدىكى ئوينىغان رولىغا باققاندا تېخىمۇ زور چەكلىمىگە ئۇچرىغانىدى. بۇنداق چەكلىمە جياڭ جيېشىنىڭ ھەمكارلىشىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەرىزى بىلەن ھەرىكىتىگە بولغان كۆز قارىشىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. جياڭ جيېشى موسكۋا بىلەن دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي جەھەتتىن ھەمكارلىشىشقا تەرەددۇت قىلغاندىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو ئىنقىلابىغا مەدەت بېرىدۇ دېگەندىن يەنىلا قاتتىق گۇمانلاندى، دەل شۇنداق بولغاچقا، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيىتىنى خېلىلا تار دائىرە ئىچىدە چەكلەپ قويدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك تۈر ئاۋىئاتسىيە ئىدى. 1937 — 1938 - يىللاردا دۇنيا قۇراللىرى قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئۇرۇشى بىلەن يىراق مۇساپىلىك ستراتېگىيىلىك بومباردىمان ئۇزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن دەۋرگە ئەمدىلا قەدەم قويغانىدى ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلاشتىن ئىلگىرى، جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىتالىيە ۋە ئامېرىكىدىن ياردەم سوراپ، ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي ھالەتتىكى ھاۋا ئارمىيىسىنى راۋاجلاندۇرماقچى بولدى. ياپونىيىنىڭ ھەربىي ئايروپىلانلىرى بۇ ھاۋا ئارمىيە كۈچىنى كۆك ئاسماندىن ئىنتايىن تېزلىك بىلەن قوغلاپ چىقاردى. جياڭ جيېشى جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك بىر ھاۋا ئارمىيىسى قۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ ئىتتىپاقدىشى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جىددىي ياردەم سورىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلان، ئايروپىلان سايمانلىرى، ھاۋا ئارمىيە بازىسىغا كېرەكلىك پۈتۈن خادىملارنى بېرىشكە ماقۇل بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن شىنجاڭنىڭ دىخۇا (ئۈرۈمچى) ۋە غۇلجا (ئىلى) ھەمدە سىچۇەننىڭ چېڭدۇ شەھەرلىرىدە ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. سوۋېت

ئارمىيىسىنى تېلېگراف، ماي قاچىلاش ساندۇقى، ئايروپىلان مېيى ۋە ئايروپىلاندا ئىشلىتىلىدىغان قورال دېگەندەك ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنجۇ شەھىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ تىپتىكى ھاۋا ئارمىيە بازىسىنى قۇرۇلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە جۇڭگوغا ئۆزى بەرگەن ئايروپىلانلارنى ھەيدەيدىغان پىدائىي ئۇچقۇچىلارنىمۇ ئەۋەتتى. بۇ پىدائىي خادىملار ئادەتتە مۇستەقىل ھاۋا ئارمىيە گەۋدىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا كوماندىرى، ئايروپىلان خادىملىرى ۋە ئارقا سەپ تەمىناتى بار ئىدى. ئۇلار ئاددىي كىيىم كىيگىنى بىلەن ھاۋا ئارمىيە ئۇنۋانىنى يەنىلا ساقلاپ قالغانىدى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتسا مۇكاپاتلىناتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇچقۇچىلىرى جۇڭگودا ئادەتتە ئالتە ئاي ئىشلەيتتى، ھەر قېتىمدا 200 ـ 300 ئۇچقۇچى كېلەتتى. جۇڭگودا جەمئىي 2000 ئۇچقۇچى ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مۇھىم رول ئوينىغان مۇنەۋۋەر ئۇچقۇچىلار ئىدى. ئۇلار ياپونىيىنىڭ 986 ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ، ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەركىن ئۇچۇشىنى چەكلەپ، ياپونىيە بازىسى بىلەن ئالاقە يوللىرىنى ئۇنۇملۇك بومباردىمان قىلغان (كەم دېگەندە تەيۋەنگە قارىتىلغان بىر قېتىملىق تۇيۇقسىز ھاۋا ھۇجۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، شۇ ئارقىلىق جۇڭگو ئەسكەرلىرى بىلەن جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ شىجائىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئۇچقۇچىسى جۇڭگودا قۇربان بولدى، ئۇلارنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن 50 ـ يىللاردا، ۋۇخەندە خاتىرە مۇنارىسى ئورنىتىلدى.

1937 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى

تۇركۇم پىدائىي ئۇچقۇچىلىرى شۇيجۇ بىلەن لەنجۇغا يېتىپ كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ I-16 تىپلىق 23 كۇرەشچى ئايروپىلانى بىلەن SB-2 تىپلىق 20 بومباردىمانچى ئايروپىلاندىن تەشكىللەنگەن ئايروپىلان ئەترىتى نەنجىڭگە قونۇپ، ۋۇخەن مۇداپىئەسىگە ئۆز ۋاقتىدا ياردەم بېرىلدى، 40 ئايروپىلان نەنچاڭغا (جياڭشى ئۆلكىسى) ئورۇنلاشتۇرۇلدى، چاڭشا ۋە خېڭياڭ (خۇنەن ئۆلكىسى) ۋە گۇاڭجۇ (گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى) لاردىمۇ سەپلەنگەن هاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئۇچقۇچىلار ئەترىتى بار ئىدى.

1938 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇچقۇچىلىرى بىلەن ئايروپىلانلىرى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق هاۋا ئۇرۇشىدا مۇهىم رول ئوينىدى. جۇڭگو - سوۋېت ئوفىتسېرلىرى ساماۋى پادىشاھ يۇرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ۋۇخەنگە هاۋادىن تۇيۇقسىز هۇجۇم قوزغاش ئېهتىمالىنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇنداق بىر هىيلە ئىشلەتكەنىدى. 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قۇرۇقلۇقتا ئىشلەيدىغان خىزمەتچى خادىملار ماشىنا بىلەن ئاشكارە يۆتكەپ كېتىلدى هەمدە هاۋا ئارمىيىسىنىڭ مۇهاپىزەت ئوتتۇرا ئەترىتىمۇ ۋۇخەندىن ئايروپىلان بىلەن كېتىپ قالدى، بۇ هەرىكەتلەر هەققىدىكى ئاخباراتنى ياپونىيە جاسۇسلىرىغا ئۇقتۇرغاندىن كېيىن ئايروپىلان ۋە ياردەمگە كەلگەن قىسىملار ئەتراپتىكى تەييارلاپ قويۇلغان بازىغا كېچىلەپ ئاستا - ئاستا قايتىپ كېلىشكە باشلايدۇ، ئەتىسى ياپونىيىنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى يېتىپ كەلگەندە جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلىشىپ تەدبىر قوللىنىدۇ - دە، ياپونىيە ئون ئايروپىلاندىن ئايرىلىدۇ.

## 8 . سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ۋە جۇڭگونىڭ ئەمەلدارلار سورۇنى

1937 ـ يىلىدىن 1939 ـ يىلىغىچە، جۇڭگونىڭ ياردەمگە بولغان غايەت زور ئېھتىياجى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بەرگەن چەكلىك ياردەم ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تۈپەيلىدىن جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقى كەسكىنلىشىۋەردى. بۇ تۈپ مەسىلە جۇڭگونىڭ ئەمەلدارلىق سورۇنىنىڭ تارقاقلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قورال سېتىپ بېرىش توغرىسىدىكى سۆھبىتى بىلەن جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىل جەھەتتىن ئۆزگىرىشى زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى سەككىز ئېيىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم بېرىش لايىھىسى ئەمەلىيەتتە خېلىلا قالايمىقان بولغانىدى. جياڭ جيېشى جياڭ تىڭفۇ بىلەن ياڭ جيې ئىككىيلەننىڭ ئوخشاش تېپىتكى قوراللار ياردىمى توغرىسىدىكى سۆھبەتكە مەسئۇل قىلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى دوستانە بولمىغان بۇ ئىككى ئادەم ئارقىلىق ئۆزئارا پاراللېل بولغان ئىككى يولنى ئاچتى. جياڭ جيېشى جاڭ تىڭفۇ بىلەن ياڭ جيېغا بەرگەن تېلېگراممىسىدا يېڭى ياردەم سوراش تەلىپىنى قايتا ـ قايتا ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق ۋەكىلىگە بەرگەن بۇ يوليورۇقىدا روشەن ھالدىكى بىتاقەتلىك بار ئىدى.

1937 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ياڭ جيې جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما ئارقىلىق ئەسلەتمە يوللاپ، ئۆزىنىڭ ستالىن بىلەن قىلغان سۆھبىتىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەم قىلىپ ھەر خىل

ئېغىرلىق زەمبىرەكلەرنى ئىشلەپ چىقىرالايدىغان بىر قورال - ياراغ زاۋۇتى، دەسلەپكى ھەربىر ئايدا 50 ئايروپىلان ئىشلەپ چىقىرالايدىغان ئايروپىلان زاۋۇتى قۇرۇپ بېرىشنى خالايدۇ. ئەمما بۇ ئايروپىلانلارنىڭ ماتورى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەكېلىنىشى كېرەك (بۇ دەل كېيىنكى چاغلاردا جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىدە تولىمۇ مەشھۇر بولغان شىنجاڭ دىخۋا ئايروپىلان زاۋۇتىنىڭ ئالدىنقى گەۋدىسى ئىدى. بۇ مەسىلە كىتابنىڭ ئالتىنچى بابىدا بايان قىلىنىدۇ). ستالىن يەنە شەنشى، سىچۈەن ۋە شىنجاڭنىڭ نېفىت مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگوغا نېفىت مۇتەخەسسىسلىرى ئەۋەتىش بىلەن نېفىت ئۈسكۈنىلىرى بېرىشكە ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا، جۇڭگو بۇ نېفىتلىكلەر ئىشلەپ چىقارغان نېفىت بىلەن ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان بولىدۇ. تېلېگراممىدا يەنە ستالىننىڭ جۇڭگو ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە ۋە گېرمانىيىدىن ھەربىي ياردەم ئېلىشى كېرەك، ئەگەر بۇ دۆلەتلەر ياردەم بېرىشنى خالايدىغان بولسا دەپ قارايدىغانلىقىمۇ ئېيتىلغانىدى.

جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە بولغان ئېھتىياجى بارغانسېرى كۆچەيمەكتە ئىدى. 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 200 كورەشچى ئايروپىلان، ئېغىر تىپلىق 100 زەمبىرەك ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگە كەلگەندە، جياڭ جيېشى ياڭ جيېغا نەچچە يۈزقوش ماتورلۇق كورەشچى ئايروپىلان بىلەن ئايروپىلان ماتورىنى ياساشقا كېتىدىغان ماتېرىياللار ۋە 100 تانكا، 60 زېنىت پىلىموت 300 زەمبىرەك سېتىۋېلىشنىڭ يولىنى قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يىگىرمە دىۋىزىيىنىڭ پۈتۈن ئەسلىھەسىنى ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا ياڭ جيېغا

بۇيرۇق بەردى، يەنە كېلىپ بۇ ئەسلىھەلەر ئۈچ ئاي ئىچىدە توشۇلۇپ بولۇشى، بۇنىڭدىن باشقا 15 ئايروپىلان بىر ئاي ئىچىدە كەلتۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جياڭ جيېشى ياڭ جيېغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تولۇقلىما بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تېخىمۇ كۆپ ئېغىر زەمبىرەك، تانكىغا قارشى زەمبىرەك ۋە پىلىموتلارنى ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلىگەن 20 دىۋىزىيىگە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، جياڭ جيېشى ياڭ جيېغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 30 مىڭدىن 50 مىڭغىچە تاپانچە ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

1938 ـ يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە، جۇڭگو ئېھتىياجلىق بولغان ياردەم مىقدارىنىڭ جىددىللەپ ئېشىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بەرگەن ياردەمنىڭ نامۇۋاپىق ئىشلىتىلىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى قوبۇل قىلالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدى. ياڭ جيې 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى تېلېگراممىسىدا جياڭ جيېشىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا سوۋېت ئىتتىپاقى بەرگەن قورال- ياراغلارنى توشۇيدىغان ۋە جۇڭگونىڭ خام ئەشيالىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ قايتىدىغان ترانسپورت پاراخوتلىرىدىن ئانچە رازى ئەمەسلىكىنى يوپۇتۇپراق ئاشكارىلىدى. ياڭ جېي سوۋېت ئەمەلدارلىرى جۇڭگو جۇڭگوغا مال توشۇيدىغان ئىككىنچى پاراخوتنىڭ ماللىرىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى ئېنىق ئىسپاتلاشتىن بۇرۇن پاراخوت ئىجارىگە ئېلىشنى خالىمايدۇ دېدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ نۇقتىدىكى ئىنتايىن زور دىققەت ـ ئېتىبارى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەمگە بەرگەن نەرسىلەرنى جۇڭگونىڭ تاپشۇرۇۋالغان ـ تاپشۇرۇۋالمىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپمۇ جۇڭگونىڭ خىيانەتچى ئەمەلدارلىرى ياردەمگە بېرىلگەن ماددىي ئەشيالارنى پۇۋ دېمەي يالماۋېتىدىغان ئەھۋاللار ھەمىشە يۈز بېرىپ تۇراتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەمگە-بەرگەن ماددىي ئەشيالارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولغان بەزى مۇھىم ۋەكىللەرنىڭ ئاشكارا خىيانەت قىلىشىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت سوۋېت ئىتتىپاقىنى جۇڭگونىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ قويغانىدى. مەسىلەن، 1939 - يىلىنىڭ دەسلىپىدە، باش ئەلچى ياڭ جيې فرانسىيە بىلەن بولغان ئېغىر، قانۇنسىز قورال سودىسىغا كىرىپ قالدى، جياڭ تىڭفۇ: ياڭ جيې سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سېتىۋالغاندا، باشتىن - ئاخىر ئىشەنچسىز ئادەملەرنى ئىشلەتتى ھەمدە چۇڭچىڭغا يالغان دوكلات يازدى دېگەنىدى. ياڭ جيې يەنە بىر ياۋروپالىق يەھۇدىي مۇساپىرغا جۇڭگونىڭ چېگرىدىن كىرىش تەستىقنامىسىنى سېتىش سۇيىقەستىگىمۇ كىرىپ قالغانىدى. چۇڭچىڭ بۇ ئىشلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بىر مۇئاۋىن مىنىستىرىنى موسكۋاغا ئەۋەتتى. 1939 - يىلى 6 - ئايدا دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ياڭ جيېنى چاقىرتىۋېلىشنى قارار قىلدى. ھالبۇكى، ياڭ جيېنىڭ ئورنىغا نامزات تاللاش تەسكە چۈشكەچكە ياڭ جيېنى چاقىرتىۋېلىش كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتى. ياڭ جيې تاكى 1940 - يىلى 4 - ئايدا چۇڭچىڭنىڭ سوۋېت، فىنلاندىيە قىشلىق ئۇرۇشىغا قاراتقان سىياسىتىگە قارشى چىقىپ خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەنگە قەدەر باش ئەلچى سۈپىتىدە موسكۋادا تۇرۇۋەردى. ۋەھالەنكى، ياڭ جيې ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە كۆندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. 1939 - يىلى ياڭ جيې ئۆزىنىڭ پات يېقىندا چاقىرتىلىپ ئەكېتىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ۋوروشىلوۋدىن ياردەم سوراپ، مەن جۇڭگودىكى چېغىمدا باشتىن - ئاخىر جياڭ جيېشىغا بويسۇندۇم، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ۋەزىپەم بولسا پەرمانبەردارلىق ۋە ۋوروشىلوۋقا

ئەگىشىش بولدى دەپ جار سالدى. ئېيتىلىشىچە، ياڭ جېينىڭ جۇڭگولۇق تەرجىمانى بۇ سۆزلەرنى تەرجىمە قىلىشنى رەت قىلغاندا، ياڭ جېينىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن بۇ سۆزلەر ئەينەن تەرجىمە قىلىنغان، بۇ بىر كىچىككىنە قىستۇرما چۈڭچىسىدا شاڭخوغا ئايلىنىپ كەتكەندى. ئىنتايىن روشەنكى، جۇڭگو - سوۋېت ھەمكارلىقىدا ياڭ جېينىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيتتى.

رەت تەرتىپىدىكى ئامىللار جۇڭگو - سوۋېت سۆھبىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ تۇراتتى. سۇن كې بىلەن ياڭ جېي بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگوغا ياردەم بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەتلەشسە، يەنە بىر تەرەپتىن پارىژدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان جۇڭگو - فرانسىيە ئورتاق خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى توغرىسىدىكى سۆھبەتكە قاتنىشاتتى. خام خىيالغا تولۇپ تاشقان بۇنداق تىرىشچانلىقلار سۇن كې بىلەن ياڭ جېينى 1938 - يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، موسكۋا بىلەن پارىژ ئارىسىدا ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلغانىدى. لېكىن بۇنداق قاتناپ تۇرۇشلار موسكۋا سۆھبىتىدىكى قىيىنچىلىقلارنى زور دەرىجىدە كۆپەيتىۋەتكەنىدى. بەزىلەر ھەتتا قىياسەنلا زېرىكەرلىك موسكۋادا تۇرغاندىن پارىژدا تۇرغان كۆڭۈللۈك بولۇشى مۇمكىن دېيىشكەنىدى.

1937 - يىلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، جياڭ جېيشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نارازىلىقىغا ئىنكاس بىلدۈردى ۋە سۇن كېنى موسكۋا سۆھبىتىگە ئەۋەتىپ، جۇڭگو - سوۋېت ياردەم مۇناسىۋىتىنى تەرتىپكە سالدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يېرىم يىل ئىچىدە، سۇن كې سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ھەممىشە جەڭگى - جېدەل بولىدىغان سۆھبىتىدە جاڭ جېيشى ئۈچۈن ئەندىشە - ئازابنى تۈگىتىپ بېرىدىغان قابىل ياردەمچىگە ئايلاندى. سۇن كې سوۋېت

ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشتا ياڭ جېيدىنمۇ ئامەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرى نۇرغۇن قېتىم ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغاندا سوڭ كې قاتمال ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلىغانىدى. سۇن كې بىلەن ستالىن تۇنجى قېتىم 2-ئاينىڭ 4 - كۈنى كۆرۈشكەن بولۇپ، ئۇ چاغدا بۇ ئىككىيلەن ھاراق ئىچكەچ تاكى تۇن نىسبىگىچە سۆھبەتلەشكەنىدى. 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سۇن كې جياڭ جېيشىغا بەرگەن ئۇزۇن تېلېگراممىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردەم تۈرلىرى توغرىسىدىكى قايغۇ - ھەسرىتىنى قىسقىچە بايان قىلدى. سۇن كې دوكلات قىلىپ؛ ستالىن تۈگىمەس - پۈتمەس ھەر خىل تەلەپلەرنى قاندۇرۇشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ستالىن ئىككى تەرەپ قورال سېتىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي كېلىشىم ئىمزالاپ قەرز پۇلنىڭ ئاخىرقى چېكى بەلگىلىنىشى كېرەك دەپ قارىماقتا دېدى.

بۇنىڭدىن باشقا جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقىغا «ئىمكانىيەت يار بەرگەن چاغ» تە خام ئەشيا چىقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورال - ياراغلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. جۇڭگو بۇنداق ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سەمىمىيىتىنى ئىسپاتلىغاندىلا ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا تېخىمۇ كۆپ ياردەم بەرگۈسى كېلەتتى. سۇن كې يەنە دوكلات قىلىپ، تەكرارلانما ئالاقە يوللىرىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر جۇڭگونىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئاتتاشىسى جۇ شىمىڭ بۇيرۇق بويىچە ئالاھىدە مەسىلە توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولسا، ئۇ چاغدا، بۇ سۆھبەتكە قول تىقىش تىرىغىسىدا ياڭ جېيگىمۇ بۇيرۇق بەرمەسلىك كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي ئىشلارغا ئائىت مەسىلىلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسى بىلەن ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ۋوخەندىكى ئاتتاشىسى بىلەن مۇھاكىمە قىلىش كېرەك دېدى.

سۇن كې ئەڭ ئاخىرىدا دوكلات قىلىپ: گەرچە مۇشۇنداق ئىختىلاپلار بولسىمۇ ستالىن يەنىلا 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قەرز بېرىشكە ماقۇل بولدى، دېدى. 3 - ئاينىڭ 1- كۈنى بۇ كېلىشىم ئىمزالىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي سۇن كې پارىژغا كەتتى.

ياڭ جېي سۇن كې موسكۋادىن كەتكەندىن كېيىن، جياڭ جيېشىنىڭ 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى تېلېگراممىسى بويىچە، 1938 - يىل 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جۇڭگونىڭ تەلەپلىرى توغرىسىدىكى ئۇزۇندىن ئۇزۇن بىر تىزىملىكنى ۋوروشىلوۋقا تاپشۇردى. ياڭ جيېنىڭ نېمە ئۈچۈن سۇن كې بىلەن چېپىسلاشمىغانلىقى ۋە نېمە ئۈچۈن ئۆز تەلەپلىرىنى سۇن كې موسكۋادىن كەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئوتتۇرىغا قويغانلىقى قاراڭغۇ ئىدى. بەلكىم ياڭ جېي بىلەن سۇن كېنىڭ خۇسۇسىي مۇناسىۋىتى كەسكىنلەشكەن بولۇشىمۇ ۋە بەلكىم ياڭ جېي سۇن كېدىنمۇ كۆپ ۋە يۇقىرى سەۋىيىدىكى ياردەمنى قولغا كەلتۈرەلەيمەن دەپ ھېس قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدىكى، ئەمما ئۇنىڭ بۇ نەتىجىلەردىن سۇن كې بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئويلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ياڭ جيېنىڭ تەلىپىگە ۋوروشىلوۋنىڭ قايتۇرغان ئىنكاسى ياڭ جيېدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمى توغرىسىدىكى لايىھىنى ھەقىقىي يوسۇندا تەرتىپكە سېلىشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. ياڭ جېي 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جياڭ جيېشىغا بەرگەن تېلېگراممىسىدا ۋوروشىلوۋنىڭ تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى ئوخشاشمىغان تۈرلەر بويىچە ئۈچ مۇستەقىل توختام تۈزۈش، ھەربىر توختام ئوخشاشمىغان قەرز تۆلەش تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش، سوۋېت ئىتتىپاقى قەرز پۇلىنىڭ خېلى بىر قىسمى جۇڭگونىڭ خام ئەشياسى بىلەن ئەمەس سۈپەتلىك ماللار ئارقىلىق قايتۇرۇلۇشى كېرەك دېگەن تەشەببۇسلىرىنى بايان قىلدى، ۋوروشىلوۋ بۇ مۇۋاپىق، چۈنكى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنى جۇڭگوغا ئىنتايىن تېزلىك بىلەن يەتكۈزۈش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنتايىن زور بەدەل تۆلەيدۇ دېگەندە چىڭ تۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، ۋوروشىلوۋ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى چەت ئەللەردىن ھەمىشە تاشقى پىرىۋوت خەجلەپ ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋالىدىغان بولغاچقا جۇڭگونىڭ بۇنداق قىلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق دېدى.

ۋوروشىلوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى ياردىمىنى تەڭشەشنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى توغرىسىدا ئاۋۋال زۆرۈر تېپىلغانلىرىنى تۆلەش چارىسى ھەققىدە كېلىشىمگە كېلىپ تۇرۇپ، ئاندىن جۇڭگوغا بېرىلىدىغان ياردەمنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشاق دېگەندە چىڭ تۇردى. ئۇ ياڭ جىيېغا، ئالايلۇق، ئەسلىدە جۇڭگوغا بېرىش قارار قىلىنغان 120 ئايروپىلاننىڭ ماتورى تاپشۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى جۇڭگو نەق پۇل تۆلىشى كېرەك، ئەگەر جۇڭگو بۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەر قانداق بىر ياردەمنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلماقچى بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى «ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جۇڭگوغا ياردەم قىلىدۇ»، «پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشىغا توسقۇن بولمايدۇ» دېدى. ۋوروشىلوۋ كەلگۈسىدە بېرىلىدىغان ياردەمنىڭ دائىرىسى ھەققىدە توختىلىپ ئىككى يىل ئىچىدە 500 مىليون يۈەن ياردەم قىلىش ئويلىنىپ بېقىشقا بولىدىغان مۇۋاپىق سان دەپ كۆرسەتتى. جياڭ جيېشى ياڭ جيېنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنى، سۇن زىۋېننىڭ شياڭگاڭدىن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنىمۇ تاپشۇرۇۋالدى، ئۇ تېلېگراممىسىدا جۇڭگوغا ياردەم قىلىنغان 65 يېنىك تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلان بېسىلغان پاراخوت تاكى جۇڭگو توختام بويىچە مەدەنلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاپشۇرغانغا

قەدەر كىچىكلىدىكەن، دېدى.

1938 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، يەنى جياڭ جيېشى ۋوروشىلوۋ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپنى دوكلات قىلغان ياڭ جيېنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالتە كۈندىن كېيىن، ۋوروشىلوۋقا جاۋاب بېرىپ؛ جۇڭگو ياپونىيە بىلەن سۈلھى قىلىشى مۇمكىن دېگەننى سەل - پەل پۇراتتى، ئۇ: مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ئاۋۋال 50 تىن 60 قىچە بومباردىمانچى ئايروپىلان بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى. ئۇ يەنە «بۇ ئىش جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ئالاقىدار» ، مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىزنىڭ قىيىن شارائىتتا جەڭ قىلالماي قېلىشىمىزغا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، دېدى.

جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى توغرىسىدا ۋوروشىلوۋ ئېيتقان سوۋېت ئىتتىپاقى 500 مىليون يۈەن ياردەم بېرىدۇ دېگەن تەكلىپكە ماقۇل بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمىغا قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئەسلىھەلىرىنى، بەشتىن تۆت قىسمىغا ئايروپىلان سېتىۋېلىشتا چىڭ تۇردى. بۇنىڭدىن باشقا بۇ قەرز پۇل ھەر يىلى 50 مىليونلۇق جۇڭگو ماددىي ئەشياسى ئارقىلىق پۈتۈنلەي تۆلەپ تۈگىتىلىشى كېرەك ئىدى (جەمئىي ئون يىل ئىچىدە) . ۋوروشىلوۋ جياڭ جيېشىنىڭ مۇرەسسە قىلماسلىق پوزىتسىيىسى بىلەن ئۇ پۇراتقان ياپونىيە بىلەن سۈلھى قىلىشتىن ئىبارەت قىستاش ئۇسۇلىغا دەرھال ئىنكاس قايتۇردى. ئۇ ياڭ جيېغا 1937 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 1938 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە جۇڭگوغا توشۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق قورال - ياراغلىرىنىڭ تىزىملىكىنى تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بۇ تىزىملىكنى كۆرۈپ چىقىشنى ۋە ئۇنىڭغا قول قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ياڭ جيې

تىزىملىكنى جاۋاب ئورنىدا ۋوروشىلوۋقا تاپشۇرۇپ بەردى ـ دە، ئۆزىنىڭ تىزىملىكنى كۆرۈپ چىققانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭدا «چاتاق يوق» لۇقىنى ئېيتتى. جۇ شىسەينىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ياڭ جېي ۋۇخەنگە قايتىپ كېلىپ جۇڭگو تاپشۇرۇۋالغان ماللارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىلگىرى بۇ تىزىملىككە ئىمزا قويۇشنى خالىمىغانىدى. قانداق سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىشقىلىپ ياڭ جېينىڭ تىزىملىككە قول قويغۇسى كەلمىگەنىدى. ۋوروشىلوۋ ياڭ جېيغا ئۇنىڭ 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئوتتۇرىغا قويغان بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى تەلىپىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېرىدىغان جاۋابى جۇڭگونىڭ بۇ ئۈچ تىزىملىكنى قوبۇل قىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ دەپ ئۇقتۇردى. بۇ ئۈچ تىزىملىك ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئالتە ئېيىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالىرىنىڭ تۈرلەر بويىچە تەپسىلىي جەدۋىلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي سانى 2ـ2 ـ جەدۋەلدە بېرىلدى.

ۋوروشىلوۋ جۇڭگو تەرەپتىن تەپسىلىي تىزىملىك تۈزۈپ چىقىپ ماللارنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى دەلىللەشنى تەلەپ قىلدى. ياڭ جېي 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى جياڭ جېيشىغا يوللىغان تېلېگراممىسىدا ۋوروشىلوۋنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەبلەرنى ئىزاھلاپ كۆرسەتتى. ياڭ جېي ۋوروشىلوۋنىڭ بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىدىكى سەۋەب يوللانغان ماللارغا ئۇنىڭ شەخسەن ئۆزى مەسئۇل بولۇشى كېرەك ئىدى، دېدى. 20 دىۋىزىيىنىڭ قورال ـ ياراغلىرى جۇڭگوغا كېمە بىلەن توشۇپ كېلىنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەق تۆلەش چارىسى ھەققىدە كېلىشىم تۈزۈلمىگەنىدى. ۋوروشىلوۋ جۇڭگو ھۆكۈمىتى قورال ـ ياراغ سېتىۋېلىنغان بۇ 600 مىليون پۇلنى قاچان ۋە قانداق تۆلەشنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرۇشتىن ئىلگىرى «ياردەم

بېرىشنى داۋاملىق مۇھاكىمە قىلالمايدۇ» دېدى. كەلگۈسىدىكى ياردەم‌ھەققىدە بولسا ۋوروشىلوۋ ئەۋۋىلەم قەرز پۇلنىڭ سانى بىلەن تۆلەش چارىسىنى ھەل قىلىش كېرەك دەپ ھېسابلىدى.

موسكۋا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى بۇ بوھراننى نەزەردە تۇتۇپ جياڭ جيېشى شۇ چاغدا پارىژدا تۇرۇۋاتقان سۇن كېغا موسكۋاغا قايتىپ كېلىپ ياڭ جيېغا ياردەملىشىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. سۇن كې بۇيرۇق بويىچە موسكۋاغا قايتىپ كەلدى. روشەنكى ئۇ ۋوروشىلوۋ ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ تىزىملىك ھەققىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلالايتتى. سۇن كې 1938 - يىل 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جياڭ جېشىغا يوللىغان تېلېگراممىسىدا دوكلات قىلىپ: ئىككىنچى قېتىملىق قەرز پۇل سۆھبىتى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى، ستالىن قەرز پۇل بېرىش ھۆججىتىگە ياڭ جيېنىڭ ئىمزا قويۇشىغا ماقۇل بولدى، دېدى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا كېلىشىم تۈزۈلۈپ، جۇڭگونىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قەرز پۇلغا سېتىۋالىدىغان ئەسلىھەلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن موسكۋا بۇ كېلىشىمگە دەرھال ئىمزا قويمىدى. چۈنكى سوڭ زىۋېن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا كىرگۈزۈلگەن ماللىرىنىڭ تىزىملىكىنى موسكۋاغا تېخىچە تاپشۇرۇپ بەرمىگەنىدى. جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي قەرز پۇلىنى خەم ئەشيا ئارقىلىق تۆلىمەكچى بولغان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ خام ئەشيا مىقدارىدىن نارازى ئىدى.

1938 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىككىنچى قېتىملىق جۇڭگو - سوۋېت قەرز پۇل كېلىشىمى ئىمزالاندى، ۋەھالەنكى، ئالاھىدە ئەسلىھەلەرنى تاپشۇرۇش كېلىشىمى تۈزۈش سەل كەينىگە سۈرىۋېتىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جياڭ جيېشى تېلېگراممىا ئارقىلىق ياڭ جيېدىن نېمە ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىملىق مال سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالانمىغانلىقىنى سوراشتۇردى ۋە ياڭ جيېنىڭ تاكى مال سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالانغىچە موسكۋادا قېلىپ سۆھبەتكە قاتنىشىشى ھەمدە ماددىي ئەشيالارنى تاپشۇرۇۋېلىش تىزىملىكى تەييارلاش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. تۆت كۈندىن كېيىن، جياڭ جيېشى ئىمكانقەدەر ۋاقىتنى سوزماسلىق ھەققىدە ستالىن بىلەن ۋوروشىلوۋغا بىۋاسىتە مۇراجىئەت قىلدى. جياڭ جېشى ستالىنغا يوللىغان تېلېگراممىسىدا: جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا كىردى، جۇڭگو كۆرەشچى ئايروپىلان، بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە ئوق ـ دورىغا جىددىي موھتاج، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ نەرسىلەرنى ئىمكانقەدەر تېز يەتكۈزۈپ بېرەلەمدۇ ـ يوق؟ سوۋېت ئىتتىپاقى قورال ـ ياراغنى بىر كۈن بالدۇر تاپشۇرسا، جۇڭگونىڭ غەلىبىگە بولغان ئۈمىدى بىر ئۇلۇش ئاشىدۇ، دېدى.

7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، جياڭ جېشى ياڭ جيېدىن تېلېگراممىا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىنى ستالىنغا يەتكۈزگەن. يەتكۈزمىگەنلىكىنى سوراشتە قىلدى ھەمدە ياڭ جېدىن تەپسىلىي دوكلات تەييارلاپ، قورال ـ ياراغ سېتىۋېلىش توختامىنى ئىمزالاشنىڭ نېمە ئۈچۈن كېچىككەنلىكى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ياڭ جيې 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جاۋاب تېلېگراممىا يوللاپ، تېخنىكا مەسىلىسى روشەن تۈسالغۇ بولۇۋاتىدۇ، ئالدىنقى مىساللارغا ئاساسلانغاندا كېلىشىمگە تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل ئىمزا قويىدۇ، مەن بولسام پەقەت بىر ئالاقىچى ۋەكىلمەن، خالاس دەپ كۆرسەتتى.

1937 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋۇخەن ئۇرۇشى تازا

جىددىي بولۇۋاتقاندا، جياڭ جيېشى ستالىن بىلەن ۋوروشىلوۋتىن ياردەم تەلەپ قىلدى، جياڭ جيېشى: جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا كىردى، جۇڭگو توختامدا بەلگىلەنگەن ستراتېگىيىلىك ماددىي ئەشيالارغا تولىمۇ موھتاج، دېدى. جياڭ جيېشى ماددىي ئەشيالارنى سۆيلەپ: بۇ ماددىي ئەشيالار 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شياڭگاڭغا يېتىپ كېلىشى كېرەك. چۈنكى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياپونىيە ۋۇخەنگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن دېدى. جياڭ جيېشى ستالىنغا: بۇ ئۇرۇش ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش، شۇنداقلا شەرقىي ئاسىيا تىنچلىقىنىڭ مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ، دېدى. ئاخىرى، 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگونىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلىپ: موسكۋا جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋالىدىغان ستراتېگىيىلىك ماددىي ئەشيالار توغرىسىدىكى قىممىتى بىر مىليارد ئىككى يۈز مىليونلۇق بۇيرۇتمىسىنى قوبۇل قىلدى، دېدى. بۇيرۇتمىنىڭ مەزمۇنى 3-2- جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

موسكۋا جياڭ جيېشىنىڭ توختامدا بەلگىلەنگەن ماددىي ئەشيالارنى ئىمكانقەدەر تېز تاپشۇرۇش توغرىسىدىكى تەلىپىنى روشەن ھالدا قاندۇرغانىدى. 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ياڭ جيې دوكلات قىلىپ: ئىككىنچى مەزگىللىك توختامدا بەلگىلەنگەن قىسمەن ماددىي ئەشيالار پاراخوت بىلەن شياڭگاڭغا يەتكۈزۈلىدۇ، پاراخوت ھازىر ئودېسسا بىلەن ئوكرائىنادا مال قاچىلىماقتا، چوڭ تىپتىكى ماددىي ئەشيالار يەنى ئايروپىلانلار ماشىنا بىلەن يەتكۈزۈلىدۇ، دېدى.

## 2 — 2-جەدۋەل

## سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بەرگەن ياردىمى

(1938. 2. 14 — 1937. 10. 24)

| باھاسى (دوللار) | سانى | تۈرى |
|---|---|---|
| 3760000 | 94 | I—16 تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلان (تاق قاناتلىق) |
| 2170000 | 62 | I—15 تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلان (قوش قاناتلىق) |
| 6820000 | 62 | SB يېنىك تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلان |
| 1440000 | 6 | TB—3 ئېغىر تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلان |
| 2100000 | 60 | N—15 تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلان (قوش قاناتلىق) |
| 417500 | 13 | YT تىپلىق مەشق ئايروپىلان |
| 12009956 | | ئايروپىلان ماتورى، زاپچاس، ئوق - دورىلىرى |
| 448000 | 400 | 3ИС—5 تىپلىق ئاپتوموبىل |
| 994936 | 130 | قورال - ياراغ، ئوق - دورا (ئاغزى 37ۋە 45مىللىمېتىر) |
| 1042387 | 20 | ئاغزى 76 مىللىمېتىرلىق زېنىت توپ ۋە ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قوراللىرى |
| 2120840 | 82 | سىمسىز رادىئو ئۈسكۈنىسى ۋە زاپچاسلار سەپلەنگەن T—26 تىپلىق تانكا |
| 6492800 | 240 | قورال - ياراغ، ئوق - دورا (ئاغزى 76 ۋە 45مىللىمېتىر) |
| 3178810 | | زەمبىرەك |
| 1017500 | 1880 | پىلىموت ۋە ئوق |
| 311800 | | ھەربىي ئىنشائاتلار |
| 54547 | | يول سېلىش |
| 2987853 | | باشقۇرۇش، تۈمۈريول ۋە باشقا ئىشلار ئۈچۈن كەتكەن خىراجەت |
| 47262929 | | جەمئىي |

2.3 جەدۋەل

1938 - يىلى 8 - ئايدىكى يېتىۋېلىش كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنى

| سانى | تۈرى |
|---|---|
| 120 | يېنىك تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلان |
| 10 | ئېغىر تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلان |
| 220 | كۈرەشچى ئايروپىلان |
| 100 | مەشق ئايروپىلان |
| 200 | زاپاس ئايروپىلان ماتورى |
| 200 | تېز قۇراشتۇرۇشقا بولىدىغان كۈرەشچى ئايروپىلان |
| 100 | زېنت پىلىموت |
| 1000000 دوللار | ئايروپىلان ياساش ئۈسكۈنىلىرى |
| 500000 دوللار | ئايروپىلان مەشق ئۈسكۈنىلىرى |
| 2500000 دوللار | زاپاس زاپچاسلار |

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەرز پۇل بېرىش توغرىسىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق سۆھبىتى 1939 - يىلى 3 - ئايدا باشلاندى. خۇددى ئىلگىرىكى مەزگىلدىكى قەرز پۇل سۆھبەتلەرىگە ئوخشاش بۇ قېتىمقى سۆھبەتمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدى. روشەنكى، سۇن كې ئۈچىنچى قېتىملىق قەرز پۇلنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىنى تۈزدىيۇ تەپسىلاتلارنى ياڭ جيېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى پارىژغا كەتتى. نەتىجىدە، ياڭ جيې يەنىلا سۆھبەتنى باشقا چىقىرالمىدى، بەلكىم بۇنىڭدا ئۇنىڭ شەخسىيىتى يەنە توسقۇنلۇق پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەينى چاغدا جياڭ جيېشىنىڭ

مەسلىھەتچىلىك ئورگىنىدا ئىشلىگەن ئادەمنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، سۇن كې 1939 ـ يىلى باھاردا موسكۋادا تۇرغان مەزگىلىدە، جياڭ جيېشىغا قىلغان دوكلاتىدا ياڭ جيېنى قاتتىق ئەيىبلىگەنىدى. سۇن كې: سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلدارلىرى بىلەن سۆھبەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە ياڭ جيې بەكمۇ ھاكاۋۇرلۇق قىلغاچقا سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى ئۇنى بىزەمۇ ياقتۇرمىدى، دېدى. سۇن كې دوكلات قىلىپ: ياڭ جيې ئۆزىنىڭ باش ئەلچىلىك سۈپىتىنى ساقلىماي «كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى» بىلەن شوغۇللاندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ شاللاقلىق قىلىپ كەتتى، دېدى.

جياڭ جيېشى سۇن كېدىن يەنە ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا پارىژدىن موسكۋاغا بېرىپ ياڭ جيېغا ياردەملىشىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. سۇن كې موسكۋاغا باردى. 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سۇن كې جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ۋوروشىلوۋ ۋە مولوتوۋلار (مولوتوۋ 1939 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى لىۋىنوۋنىڭ ئورنىغا دىپلوماتىيە مىنىستىرى بولغان) بىلەن قىلغان سۆھبىتى ئاساسىدا جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا مۇتلەق ھالدا داۋاملىق ياردەم قىلىدۇ، دېدى. ئۇ دوكلات قىلىپ، يەنە مۇنداق دېدى: سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسەت يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى دېگەن پىتنە ـ ئىغۋالار قىلچە ئاساسسىزدۇر.

كۆتۈلمىگەندە، سۇن كې ئۇمىدۋارلىق بىلەن دوكلات قىلىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ياردەم بېرىش ھەققىدىكى سۆھبىتىنى تۇيۇقسىزلا توختاتتى. بۇ سۇن كېغا توپمۇ توغرا ئوچۇق ھاۋادىكى گۈلدۇرماما بولۇپ تۇيۇلدى، ئۇنىڭ 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى جياڭ جيېشىغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى مۇشۇنداق ئىدى. سۇن كې دوكلات قىلىپ: شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەن ۋوروشىلوۋ بىلەن قانائەتلىنەرلىك

سۆھبەت قىلغانىدىم، سۆھبەتنىڭ ئۇزۇلۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، جۇڭگونىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىكى «بەزى كىشىلەر» جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىمكانقەدەر تېزلىك بىلەن جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى» دەپ پىتنە - ئىغۋا تاراتتى، دېدى. سۇن كې ھەقىقىي سەۋەب مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمانلىناتتى ۋە سۆھبەتنىڭ ئۇزۇلۇپ قېلىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەبنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو بىلەن قىلىنۋاتقان سۆھبىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا خۇپىيانە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان سوۋېت - ئەنگلىيە سۆھبىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرىۋاتقانلىقىدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئەمدى قارىغاندا سۇن كېنىڭ پەرىزى خاتا پەرەز ئىدى. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نارازىلىقى راست بولسا، ئۇ چاغدا، كىشىنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىدىغان بۇنداق پىتنە -ئىغۋالار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرى - غەزىپىنى قوزغىۋېتەلەيتتى - دە، موسكۋا ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئىغۋاگەرلىك ۋە تەھدىت ئىچىدىن ئۇچۇشلۇق بىر يول تېپىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان بولاتتى. نومغىن توقۇنۇشى يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىشى مۇمكىن دەپ تۇرغاندا، بۇ پىتنە - ئىغۋالار شەك - شۈبھىسىزكى يول قويغىلى بولمايدىغان ئىغۋاگەرلىك دەپ قارالغانىدى.

جياڭ جيېشى 1939 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى موسكۋا سۆھبىتىنىڭ توختىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىر مەزگىل پارىژغا قايتىپ تۇرغان ياڭ جيېغا: موسكۋاغا قايتىپ بېرىپ، سۆھبەتنىڭ نېمىشقا توختىغانلىقىنى ئېنىقلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. جياڭ جيېشى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يەنە ستالىنغا بىۋاستە تېلېگىراممىا يوللاپ سۆھبەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن سىزنىڭ ئادالەت تۇيغۇسىغا باي ئىكەنلىكىڭىزگە، ئۇششاق - چۈششەك

ئىختىلاپلار تۈپەيلىدىن مۇتلەق تەۋرىنىپ قالمايدىغانلىقىمىزغا ۋە جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى مۇقەددەس ئۇرۇشىغا تاكى ئۇ غەلىبە قىلغانغا قەدەر پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياردەم قىلىدىغانلىقىمىزغا قاتتىق ئىشىنىمەن» . جياڭ جيېشىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنى جۇڭگونىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ئەۋج ئېلىپ پەلەككە يەتكەن باسقۇچتا ستالىن جۇڭگوغا قورال - ياراغ بېرىشنى تېزلىتەمدۇ - يوق دېگەن مەسىلە ئىدى.

جياڭ جيېشىنىڭ بىۋاسىتە ستالىندىن ياردەم تەلەپ قىلىشى ۋە نومىخىن رايونى ۋەزىيىتىنىڭ كۈنسايىن يامانلىشىشى، سۆھبەت ئۈچۈن مۇئەييەن ئۈنۈم پەيدا قىلدى. ئۈچىنچى قېتىملىق قەرز پۇل كېلىشىمى ئاخىرى 1939 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىمزالاندى. بۇ كېلىشىمنىڭ قەرەلى 1939 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1941 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە بولۇپ ئۆسۈمى ئۈچ پىرسەنت ئىدى ۋە 1941 - يىلىدىن باشلاپ جۇڭگونىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن خام ئەشيالىرى ئارقىلىق تۆلىنىشكە باشلايتتى.

ئۈچىنچى قېتىملىق قەرز پۇل كېلىشىمى ئىمزالىنىپ ئالتە كۈندىن كېيىن، موسكۋادا يەنە بىر يېڭى سودا شەرتنامىسى ھاسىل قىلىنىپ، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى تەرەپلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. بۇ شەرتنامىدە بەلگىلەنگەن ھەمكارلىق بىر تەرەپتىن سودا تەرەپتىكى ھەمكارلىق، يەنە بىر مۇھىم تەرەپتىن ئاخبارات خىزمىتىگە ئالاقىدار ھەمكارلىق ئىدى. سۇن كې سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلدارلىرىغا بىر سودا كېلىشىمى لايىھىسىنى سۇندى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ لايىھىنىڭ مەزمۇنىنى كېڭەيتتى، بۇ مەزمۇن دېڭىز بويىدىكى شاڭخەي، ۋۇخەن، تيەنجىن، گۇاڭجۇ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى لەنجۇ قاتارلىق شەھەرلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ئورگانلىرىنى قۇرۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. لەنجۇنى

ھېسابقا ئالمىغاندا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ياپونىيىنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى شەھەرلەر ئىدى. شۇڭا، ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە جۇڭگو ـ سوۋېت سودىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ شەھەرلەر سودا مەركىزىلىك رول ئوينىيالمايتتى. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقى سودا ۋەكىللىرى دىپلوماتىك كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى — جۈملىدىن ئۆز دۆلىتىنىڭ جۇڭگودىكى ئورگانلىرى بىلەن مەخپىي شىفىر ئارقىلىق ئالاقىلىشىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى، كېيىن ئۇلار تۈزىتىلگەن سودا كېلىشىمىدە بۇ بەلگىلىمە بار ئىدى. ئۇلار شۇ ئارقىلىق ياپونىيىنىڭ جۇڭگودىكى پائالىيەتلىرىنى كۆزىتەلەيتتى ۋە ئۆز دۆلىتىگە دوكلات قىلالايتتى، بۇنداق قانۇنىي ھەرىكەتكە ياپونىيىنىڭ چىشىنى چىشلىمەكتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ جۇڭگو ـ ياپونىيە ئارىسىدا ئۇرۇش مەۋجۇت ئەمەس، بۇ توقۇنۇش «ئۇرۇش» ئەمەس، بەلكى «ۋەقە» دېگەن قاراشتا چىڭ تۇراتتى. ئىشغالىيەت ئاستىدىكى نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق گېرمانىيىنىڭ بىر دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ياپونىيىنىڭ بۇنداق پەرقلەندۈرۈشىنى مەسخىرە قىلىپ: ياپونىيە بىرىنچى دۇنيا ۋەقەسىگە قاتناشقان دېگەندى (بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى دېمەكچى — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

جياڭ جيېشى ئۈچىنچى قېتىملىق قەرز پۇل كېلىشىمى ئىمزالىنىشى بىلەنلا قورال ـ ياراغنى تېزلىك بىلەن تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يەنە ھەيدەكچىلىك قىلغىلى تۇردى. 7 ـ ئايدا، جياڭ جيېشى ياڭ جيېغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىنى ۋوروشىلوۋغا يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: خەلقئارا ۋەزىيەت كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتىدۇ، جۇڭگو قورال ـ ياراغقا جىددىي موھتاج بولۇۋاتىدۇ، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوراللىرى ياۋروپادا ئۇرۇش پارتلاپ قېلىشتىن ئىلگىرى جۇڭگوغا يۆتكەپ كېلىنمىسە

ئۇ چاغدا، قوراللارنى ئەكېلىپ بېرىش تېخىمۇ تەسكە توختايدۇ. ناۋادا بۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، جۇڭگونىڭ تەمىناتى بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش پىلانىغا ئېغىر تەسىر يېتىدۇ. ئاخىرىدا، جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقى قوراللىرىنىڭ جۇڭگوغا يېتىپ كېلىدىغان ئېنىق ۋاقتىنى سۈرۈشتە قىلدى.

گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1939 - يىلى 6 - ئايدا بەرگەن قەرز پۇلى ئالدىنقى بەرگەن ئىككى قېتىملىق قەرز پۇلنىڭ يىغىندىسىدىن ئۆچتىن بىر ئۇلۇش كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇ قەرز پۇل بېرىش كېلىشىمى ئۆتكەندىكىدەك ئۇنداق ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا قىلىنمىدى. 1940 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە ياپونىيە - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىۋاتقان ياردىمى ئۈزۈلۈپ قالدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سوۋېت ئىتتىپاقى بەرگەن قەرز پۇللارنى خام ئەشيا ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن تۆلىگەنىدى. 1938 - يىلى 12 - ئايدىن باشلاپ، جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىغا لەنجۇ ئارقىلىق ئون مىڭ دانە كالا تېرىسى، 28 مىڭ دانە ئۆچكە تېرىسى، 2000 دانە قوتاز تېرىسى، 56 توننا چوشقا يايلىسى ۋە 2548 توننا چاي تاپشۇردى. 1939 - يىلى 2 - ئايدىن 1940 - يىلى 11 - ئايغىچە جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىغا 84 توننا سۈرمە، 5000 توننا سىنك، 7000 توننا ۋولفرام ۋە 50 توننا سىماب تاپشۇردى. 1938 - يىلى 11 - ئايدىن 1939 - يىلى 10 - ئايغىچە تاپشۇرۇلغان كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى كىرا ھەققىنىمۇ قوشۇپ ھېسابلىغاندا 6942400 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، بۇ 1938 - يىلى 3 - ئايدا ۋوروشىلوۋ يېزىپ بەرگەن ئۈچ پارچە مال

تېز ىملىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ماددىي ئەشيالىرى قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ كان مەھسۇلاتلىرى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئەشيالار بولۇپ، شۇ چاغدىكى غالجىرلىق بىلەن ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىۋاتقان دۇنيا ۋەزىيىتىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈچۈن خېلى مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ۋەھالەنكى، موسكۋا چۇڭچىڭ تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى تاپشۇرۇشى كېرەك دەپ قارايتتى. مەسىلەن، 1939 ـ ۋە 1940 ـ يىللىرى جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىغا بەرگەن ۋولفىرامنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 1938 ـ ۋە 1939 ـ يىللىرى جۇڭگو گېرمانىيىگە بەرگەن ۋولفىرامنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ پەقەت 53 پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيتتى. گېرمانىيە جۇڭگوغا بولغان ياردەمنى توختاتقىلى خېلى ئۇزۇن بولغان 1939 ـ يىلىدىمۇ جۇڭگو گېرمانىيىگە يەنىلا تۆت مىڭ توننا ۋولفىرام بەرگەنىدى. موسكۋا شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا چۇڭچىڭ ئۆزىنىڭ موسكۋا ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلىشتا گېرمانىيىنىڭ كونا قەرزىنى تۆلىگەندىكىدىنمۇ ئەستايىدىل بولۇش كېرەك دەپ ھېسابلايتتى.

## 9. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ياردىمىنىڭ ئۆزئارا سېلىشتۇرمىسى

ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىنكى 12 ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ئۆز ۋاقتىدا، داۋاملىق ۋە مەردلىك بىلەن ياردەم بېرىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ قەتئىي، ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئۇزاققىچە ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ نۇقتا ئۇستىدە توختالغاندا، 1938 ـ يىلىدىكى ياردەم بېرىش سۆھبىتى مەزگىلىدە، جۇڭگو ـ ياپونىيە تىنچلىق

سۆھبىتىنىڭمۇ ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو ۋەكىلىنىڭ تەسلىم بولۇش ۋە ياپونىيە بىلەن ھەمكارلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ماددىلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ئەستە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ موسكۋاغا ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىنى ئۇنۇملۇك قوللىمىسا، بۇنىڭ نەتىجىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تولىمۇ زىيانلىق دېگەن ئۇچۇرنى بېرىپ قويغانلىق ئىدى. جياڭ جيېشى جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇچۇن ياپونىيە ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش رولىنى ئوينىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇمۇ تەبىئىي يوسۇندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ جۇڭگونىڭ تۆھپىسى ئۇچۇن مۇئەييەن بەدەل تۆلىشىنى تەلەپ قىلدى. جياڭ جيېشى ياپونىيە بىلەن سۈلھى قىلىشتىن ئىبارەت بۇ تەھدىتلىك ئۇسۇل ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى جۇڭگوغا تېخىمۇ كۆپ ياردەم بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. جياڭ جيېشى ئۈزلۈكسىز ياردەم جۇڭگونىڭ داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىشىدىكى زۆرۈر شەرت ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا تەكىتلەيتتى. جياڭ جيېشى بىلەن ستالىن شۇنى ئېنىق بىلەتتىكى، پەقەت جۇڭگو ياپونغا داۋاملىق قارشى تۇرىدىغانلا بولسا، ياپون ئارمىيىسى سىبىرىيىگە ھۇجۇم قىلالمايتتى.

جۇڭگو - سوۋېت ھەمكارلىقىغا سىياسىي جەھەتتىكى بۇ روشەن مەسىلىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويغاندىمۇ يەنە ئىككى تەرەپتىكى خىلمۇ خىل سۈركىلىشلەر دەخلى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئالدى بىلەن، جۇڭگولۇقلار ئېھتىياجىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن تاپشۇرۇشنى تېزلىتىش تەلىپى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلدارلىرىنى چارىسىز قالدۇرغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇڭگونىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۇچۇن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز ئارمىيىسىنىڭ ئەسلىھەلىرىنى قالايمىقان قىلىشى كېرەك ئىدى. ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۆز ياردىمىنىڭ كەلسە

- كەلمەس ئىشلىتىلىشىدىن روشەن ھالدا ئەنسىرەيتتى. ئۈچىنچىدىن، جۇڭگو تەرەپ قەرز پۇلنى تۆلەش ئۈچۈن توختام بويىچە خام ئەشيا بىلەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى يەتكۈزۈپ بەرمىگەنىدى. جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نارازىلىقىغا بەرگەن جاۋابى بىز سۆھبەت ۋاقتىدا كۈتۈلمىگەن ۋە ساقلانغىلى بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا ماللارنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرغىلى بولمايدۇ دەپ ئەسكەرتكەنىدۇق دېگەندىن ئىبارەت بولدى. دېمىسىمۇ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى كۆزلۈك يىغىمدىن ئىلگىرى تاپشۇرغىلى بولمايتتى. مەسىلەن، چاينى 10 - ئايدىن بۇرۇن پىششىقلاپ ئىشلىگىلى بولمايتتى، بولمىسا نىخسىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۆزىمۇ جۇڭگو تەرەپ تاپشۇرغان ماللارنى تاپشۇرۇۋېلىشتا ھەمىشە سۆرەلمىلىك قىلاتتى. تۆتىنچىدىن، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىش بېجىرىش يوللىرى تولىمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىمىي رەسمىيەتلىرى ھەمىشە يېتىشمەيتتى. جۇڭگو بۇلارغا جاۋاب بېرىپ: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سودا مونوپول گورۇھى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشمۇ ئىنتايىن ئاۋارىچىلىق ۋە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى دېگەنىدى.

بۇنداق سۈركىلىشلەر بولغىنى بىلەن، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا مەردلىك بىلەن ياردەم قىلدى. جۇڭگوغا توشۇلغان ئېغىر قوراللار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇشۇ تىپتىكى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىچىدە خېلىلا زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى 18 ئېيىدا، جۇڭگوغا كەلتۈرۈلگەن 376 كۈرەشچى ئايروپىلان ۋە 82 تانكا 1938 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشلەپ چىقارغان ئايروپىلان بىلەن تانكىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 6.8 بىلەن 3.
6 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەنىدى. ئۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىمۇ جىددىي ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاچقا، بۇ ماددىي

ئەشيالارنى سىرتقا چىقىرىش ئىنتايىن زور قۇربان بېرىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ياردەم بېرىش ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيىلەر جۇڭگوغا ئېغىر قوراللارنى سېتىپ بېرىشنى خالىمايۋاتقان شارائىتتا بولۇۋاتاتتى.

كىشىلەر ھەمىشە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ياردىمىنىڭ كۆلىمىنى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ياردىمى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىدۇ. 1941 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئامېرىكا جۇڭگوغا 2 مىليارد 100 مىليونلۇق ئىجارىگە ئېلىنغان ماددىي ئەشيانى يۆتكىدى. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1 مىليارد 912 مىليونلۇق ياردىمىنى ھەربىي ياردەم دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1937 — 1941 - يىللىرى جۇڭگوغا قىلغان ھەربىي ياردىمى ئامېرىكىنىڭ 1941 — 1943 - يىللىرى قىلغان ياردىمىنىڭ 95 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىسەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ھەربىي ياردىمى روشەنكى تولىمۇ مەردلىك بىلەن قىلىنغان ياردەم بولىدۇ. لېكىن، ئەگەر غەيرىي ھەربىي ياردەمنى بۇنىڭ ئىچىگە قوشۇپ ھېسابلىساق ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ياردىمى سوۋېت ئىتتىپاقىنىكىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ كەتكەنىدى. 1938 - يىلى 12 - ئايدىن 1940 - يىلى 11 - ئايغىچە، ئامېرىكا ئىمپورت - ئېكسپورت بانكىسى بەرگەن تۆت يۈرۈش قەرز پۇلنىڭ ئىناۋەتلىك قەرز مىقدارى 1 مىليارت 200 مىليون دوللار بولۇپ، جۇڭگو بۇ قەرز پۇللارنى تۇڭيۇ يېغى، سىنىك، ۋولفىرام، مانگان، سۇرمە قاتارلىق ماددىي ئەشيالار ئارقىلىق ئاران تۆلەپ تۈگەتكەنىدى. مەرۋايىت پورتى ۋەقەسىدىن كېيىن، ئامېرىكا جۇڭگوغا ئالتۇن، قەغەز پۇل ۋە ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىش ئۈچۈن 4 مىليارد 850 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بەردى. ئەگەر ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا

بەرگەن ياردىمىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرساق، ئۇ چاغدا، ئامېرىكىنىڭ بەرگەن ياردىمىنىڭ مىقدارى 6 مىليارد 860 مىليون دوللار، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەرگەن ياردىمىنىڭ مىقدارى 1 مىليارد 912 مىليون دوللار بولىدۇ، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەرگەن ياردىمى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا بەرگەن ياردىمىنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 28 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ۋەھالەنكى، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى يەنىلا كەمسىتىدۇرۇشقا بولمايدۇ.

## 10. ماۋ زېدۇڭنى تىزگىنلەش: جياڭ جيېشى بىلەن ستالىننىڭ ھۆججەتلەشمىگەن ئىتتىپاق شەرتنامىسى

1937 — 1939 - يىللاردىكى جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقى جياڭ جيېشى بىلەن ستالىننىڭ ھەر ئىككىسىگىلا پايدىلىق بولدى، جياڭ جيېشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئىتتىپاق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي جەھەتتىن ياپونىيىنى يېڭىش بىلەن جۇڭگونىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى بىرلىكىنى قوللاپ- قۇۋۋەتلىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. بۇ كېيىنكى بابتا تونۇشتۇرۇلىدۇ، بۇ ئىككى تەرەپلا جياڭ جيېشىنىڭ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش پىلانىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. تەبىئىيكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتناشمىغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونى قوللىشى جياڭ جيېشى ئۈمىد قىلغان دەرىجىگە يەتمىدى. جياڭ جيېشى ئاخىرى، ئۆزىنىڭ دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى ئۈمىد

قىلغانلىقىنىڭ خام خىيال ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندە سوۋېت ئىتتىپاقىغا نەپرەتلەنگەنىدى. ئەمما بۇ نەپرەتنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بەرگەن كەڭ كۆلەملىك ياردىمى بېسىپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورال - ياراغلىرى، مەسلىھەتچىلىرى ۋە ئۇچقۇچىلىرى غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئېھتىيات قىلىپ بىتەرەپ تۇرۇشلىرى بىلەن رۇشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلدى. جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداش دوستى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قانچىلىك نارازى بولمىسۇن، ئۇ يەنىلا موسكۋانىڭ جۇڭگوغا قىلغان ھەربىي ياردەمدە ھەرقانداق غەرب دۆلىتىدىنمۇ بەكرەك مەردلىك قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى.

جياڭ جيېشى بىلەن بولغان بۇنداق قىسقىغىنە ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋەت ستالىنغىمۇ پايدىلىق ئىدى. چۈنكى، تەخمىنەن 1 مىليون ياپون ئەسكىرى جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدا ئىسكەنجىگە ئېلىنغانىدى، شۇڭا، 1938 -، 1939 - يىللاردىكى چېگرا توقۇنۇشىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ياپونىيە ئارمىيىسى ئۈستىدىن ناھايىتى ئاسانلا قىسمەن ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ توقۇنۇشلاردىكى غەلىبىسى ئاخىرى ياپونىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇرۇش قىلىش تەۋەككۇلچىلىكتىن ئىبارەت ئىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۇردى. شۇڭا، بىز شۇنى كېسىپ ئېيتالايمىزكى، جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىنىڭ ئۇرۇشۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يولىدا بىۋاستە ۋە مۇھىم تۆھپە ياراتتى.

جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقىغا كاشىلا بولغان نۇرغۇن ئامىللار جۇڭگو - ئامېرىكا ئىتتىپاق تۇزگەن كېيىنكى چاغلاردا، يەنى 1942 — 1945 - يىللاردا ئاشكارىلىنىپ چىققانىدى. بۇ ئامىللار گومىنداڭ ھاكىمىيىتىدە بار ئامىللار ئىدى. جۇڭگو

تەرەپتىكى خىيانەتچىلىك رەزىللىكلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداشىغا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى پەيدىنپەي يوقىتىپ قويغانىدى. جۇڭگونىڭ تارقاقلىقى — ياڭ جيې بىلەن سۇن كېنىڭ موسكۋا ـ پارىژ ئارىسىدا موكىدەك قاتناپ تۇرۇشلىرى، جياڭ تىڭفۇ بىلەن ياڭ جيې ئوتتۇرىسىدىكى يۇت تېپىشىشلەر، جۇڭگونىڭ خىلمۇ خىل ئالاھىدە تەلەپلىرى — بۇلار ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىقى ۋە ئۆزئارا ئىشىنىشىنى كۈچەيتىشكە پايدىسىز ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو ۋەكىللىرىدە تەشكىلىي-ئىنتىزامچانلىق روشەن ھالدا كەمچىل ئىدى. مەسىلەن: ياڭ جيې تاشقى ئىشلار پائالىيىتىدە قارشى تەرەپنى ھۆرمەت قىلىسمۇ، لېكىن كېيىنكى چاغلاردا ئۇ ئۆز ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلدارلىرىدىن مەدەت تىلىدى ۋەھاكازا. موسكۋادا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىللەردە ياڭ جيېنىڭ شەخسىيىتىدە ئىپادىلەنگەن روشەن كەمچىلىكلەر كىشىنى جياڭ جېيشى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىتتىپاقدىشى بولغان دۆلەتكە ئاچقۇچلۇق ۋەكىل قىلىپ تاللايدۇ دەپ ئىختىيارسىز سوئال قويۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بەلكىم جاۋابنى چوقۇم ياڭ جيې بىلەن جياڭ جېيشىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە سادىق مۇناسىۋىتىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلەر، ئەگەر ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق بولسا، ئۇ چاغدا، دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولغان بىر كىشىنىڭ شەخسىي ساداقەتنى ئۆز ئىقتىدارىنىڭ ئۈستىگە قويۇشى مۇۋاپىق بولمايدۇ.

جياڭ جېيشى جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقىدا، كېيىنكى چاغلاردا جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىتتىپاقداشلىقىدىمۇ ھەمىشە ئىشلەتكەن ئۇسۇللارنى قوللاندى، ئۇ بولسىمۇ، ئىتتىپاقنى ۋاپاسىزلىق قىلىش پوپوزىسى بىلەن قوشنا دۆلەتكە تەھدىت قىلىشتىن ئىبارەت. گېرمانىيىنىڭ ۋاستىچىلىكى ئارقىلىق 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، 1938 ـ يىلىنىڭ

ئوتتۇرىلىرىدا ياپونىيە ۋەكىللى بىلەن شياڭگاڭ ۋە توكيولاردا ئېلىنىپ بېرىلغان سۆھبەتلەر ۋە ياپونىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ھەققىدىكى بېشارەتلەر جياڭ جيېشىنىڭ 1942 ـ، 1943 ـ يىللىرى ئامېرىكىغا بېشارەت بېرىش، ناۋادا ئامېرىكا بىز ئۈمىد قىلغان بەزى تەدبىرلەرنى قوللانمىسا، جۇڭگونىڭ غۇرۇرى ۋە ياپونغا قارشى تۇرۇش جۈرئىتى سۇنۇشى مۇمكىن دېگىنىگە ئوخشايتتى. جياڭ جيېشى چېچەن، ھەرقانداق ئىشتىن يانمايدىغان سىياسىئون بولغاچقا، جۇڭگونىڭ ئىتتىپاقداشلىرى مەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى، مەيلى ئامېرىكا بولسۇن، جۇڭگودىن ياپونغا قارشى تۇرۇشنى توختىتىشنى ئۈمىد قىلماي، بەلكى ياپونغا قارشى تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىشى كېرەك دەپ كېسىپ ئېيتقانىدى. جياڭ جيېشىنىڭ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قىلىۋاتقىنى جۇڭگونىڭ ئاجىزلىقىنى سودىلىشىدىغان كاپىتال قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئۇسۇللار ئىتتىپاقداشلارنىڭ ئىشەنچىنى پەيدىنپەي يوقىتىپ تۈگىمەس گۇمانلارنى پەيدا قىلاتتى. شۇڭا، بۇنداق ئۇسۇللار پەقەت قىسقا مەزگىل ئىچىدىلا رول ئوينىيالايتتى.

جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقىنىڭ بۇزۇلۇشى جياڭ جيېشى بىلەن ستالىنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلار تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن ياپونغا قارشى سەپنى كېڭەيتىشنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. جياڭ جيېشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ياكى ياپونىيە بىلەن ئۆز ئالدىغا يەككە ئىتتىپاق تۈزۈشنىڭ ناھايىتى زور خەۋپ ـ خەتىرى بار دەپ ئەنسىرەيتتى. بۇ ناھايىتى چوڭ يېڭىلىش ئىدى. خۇددى جياڭ جيېشىنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئېيتقىنىدەك، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن زىيادە زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىش سوۋېت ئىتتىپاقىغا جۇڭگونى تىزگىنلەش ئىمكانىيىتىنى بېرىپ قوياتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، جياڭ جيېشى

ياپونىيە بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ھاقارەتلىك تىنچلىقنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىنىڭ مۇرەسسەلىشىپ، جۇڭگونى ئورتاق بۆلۈشۈۋېلىشىغا ئەكېلىشىدىنمۇ ئەندىشە قىلاتتى. بۇنداق ئىلگىرىلەشمۇ، چېكىنىشمۇ قىيىن بولغان ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، جياڭ جيېشى جۇڭگو دىپلوماتىيىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش، يەنى جۇڭگو دىپلوماتىيىسىنى ياپونىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگودىن ئىبارەت يىراق شەرق ئۈچ بۇرجەكلىك مۇناسىۋىتىنىڭ مەركىزىگە قويۇشنى ئۈمىد قىلدى. ئەگەر باشقا چوڭ دۆلەتلەر — ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە ناتسىستلار گېرمانىيىسى — يىراق شەرق مەسىلىسىگە قول تىقسا، جۇڭگومۇ تېخىمۇ زور مۇرەسسەلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولاتتى، يەنى باشقا چوڭ دۆلەتلەر تەسىرىنىڭ موسكۋا بىلەن توكيونى چەكلەشكە ياردىمى تېگەتتى. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىشىنى رەت قىلىشى جياڭ جيېشىنىڭ موسكۋا بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتىن خەۋپسىرەش تۇيغۇسىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىۋەتتى، بۇ خەۋپسىرەش تۇيغۇسىنىڭ نۇرغۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قوللاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەش ئىدى.

جياڭ جيېشى، گومىنداڭ بىلەن بولغان ھەمكارلىقتىن پايدىلىنىپ، خۇددى 1923 — 1927 - يىللىرى جۇڭگو - سوۋېت ھەمكارلاشقان مەزگىللەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى كۈچەيتىۋېتىشتىن بەكمۇ ئەندىشە قىلاتتى. بۇنداق ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جۇڭگودا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ پائالىيىتى ھەربىي ئىشلار دائىرىسى بىلەنلا چەكلەندى، بۇ ھەقتە يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇنىڭدىن تاشقىرى، جياڭ جيېشى باشقا مەخپىي ساقچىلارغا سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ شەخسىي پائالىيەتلىرىنى قاتتىق

پايلاش؛ سوۋېت ئىتتىپاقى بەرگەن ستراتېگىيىلىك ماددىي ئەشيالارنىڭ كوممۇنىستلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئەشيالارنى قاتتىق تىزگىنلەش ھەققىدە بۇيرۇق بەرگەنىدى.

جياڭ جيېشى بىلەن ستالىن ئوتتۇرىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قوللىماسلىقى توغرىسىدىكى چۈشىنىشى جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقىنىڭ بىر تەرىپى ئىدى. جياڭ جيېشى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جۇڭگو ياچېيكىسىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدىكى پائالىيىتىنى چەكلەشكە ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ ستالىندىن جۇڭخۇا مىنگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زىچ ھەمكارلىشىشى ھېسابىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلماسلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەلىل - ئىسپاتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، جياڭ جيېشى بىلەن ستالىننىڭ ۋەكىللىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىي خاھىشى بىلەن رادىكاللىق خاھىشلارنى چەكلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلغانىدى. لۇگۇچياۋ ۋەقەسى پارتلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، جياڭ جيېشى چېن لىفۇنىڭ مۇرىتى جاڭ چۇڭنى دائىمىي تۇرۇشلۇق ئالاقىلىشىش ۋەكىلى قىلىپ موسكۋاغا ئەۋەتتى، جاڭ چۇڭ 1936 — 1937 - يىللاردىكى گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ مەسىلىسى ھەققىدىكى سۆھبەتكە قاتناشقانىدى، 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋاڭ مىڭ جاڭ چۇڭ بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە جاڭ چۇڭدىن ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە قايتىشىغا نەنجىڭدىن رۇخسەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، جياڭ چۇڭ ۋاڭ مىڭنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى ۋە نەنجىڭمۇ بۇ تەلەپنى تەستىقلىدى. ناۋادا جياڭ جيېشى بىلەن ستالىن بۇ قارارغا ئارىلاشقان بولسا،

ئۇ ھالدا، جۇڭگو – سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەسىلىسىدە تېخىمۇ زور سۈكۈت قىلىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. جياڭ جيېشى بۇ مەزگىللەردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلىش ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئارمىيىسىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش يولىدا تازا كۈچ چىقىرىۋاتاتتى. خۇددى كېيىنكى بابلاردا كۆرۈپ ئۆتىدىغىنىمىزغا ئوخشاش، ستالىن ئەمەلىيەتتە جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تىزگىنلىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايتتى، گەرچە بۇنداق ھەمكارلىق كېلىشىمنامىدە بەلگىلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچە يىلىدا، ئۇ ستالىن – جياڭ جيېشى ھەمكارلىقىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

جياڭ جيېشىنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قوللاش ئېھتىماللىقى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى – ياپونىيىنىڭ جۇڭگونى تەڭ بۆلۈشۈۋېلىش سودىسى زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بىر تەرەپتىن، ئەگەر ستالىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قوللىسا، بۇ ئۇنىڭ جياڭ جيېشى بىلەن ھەمكارلىشىپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى قايتا ئۈمىد قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگودا ياپونىيە بىلەن تەسىر دائىرىسى بۆلۈشۈشكە ماقۇل بولسا، ئۇ چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقى تەسىر دائىرىسىنىڭ شۇ جايدىكى ۋەكىلىگە ئايلىنىپ قالاتتى. شۇڭا، جياڭ جيېشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قوللاش - قوللىماسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو بىلەن ياپونىيىگە بولغان مۇددىئاسىنىڭ ئەڭ ياخشى بارومېترى ئىدى.

# ئۈچىنچى باب

# تارىخىي پۇرسەت — ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىن ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش

## 1. جۇڭگو ئىنقىلابى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت

ماۋ زېدۇڭمۇ خۇددى جيالڭ جيېشىغا ئوخشاش ئۇرۇشتىن كېيىن شەرقتە يېڭى جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە ئىنتىزار ئىدى. جيالڭ جيېشىغا ئوخشاشمايدىغىنى شۇكى، ئۇ، قۇدرەتلىك جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئىنقىلاب قىلىش كېرەك، ھالبۇكى جۇڭگو — ياپونىيە ئۇرۇشى بۇنداق ئىنقىلاب ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت يارىتىپ بەردى دەپ قارايتتى. ئۇرۇش بىلەن ئىنقىلاب ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەتلەر ماۋ زېدۇڭغا پىششىق تونۇش بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋىيىسى دەسلەپكى يىللاردىكى بولشېۋىكلارنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئۇ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ جۇڭگو خەلقىنى پرولېتارىيات يەنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش مۇمكىنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ماۋ زېدۇڭ ئۇرۇش پارتلىغان دەسلەپكى بىرنەچچە ئايدا، 1917 - يىلىدىكى روسىيىگە ئوخشاش، كونا ھاكىمىيەتنى ئۇرۇشنىڭ بېسىمى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھاكىمىيەتنى ئۇرۇشتا

تارتىۋېلىش كېرەك دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئىنقىلابىي كۈچلەرنى كېڭەيتىش، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلارنى كۈچەيتىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. پەقەت مۇشۇ مەقسەتكە يەتكەندىلا ئاندىن باشقا ئىشلارغا يول قويغىلى بولاتتى. ناۋادا ئىنقىلابىي كۈچلەر زورىيىپ قالغۇدەكلا بولسا، مەيلى ئۇرۇش مەزگىلى ياكى ئۇرۇشتىن كېيىن بولسۇن، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت تاپالماي قېلىشتىن غەم يېيىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

بۇنداق تەشەببۇس ستالىن جياڭ جيېشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى ساقلاپ قېلىشىنى قوللايدۇ دېگەن ئارزۇ بىلەن قارىمۇ قارشى ئىدى. ئىنقىلاب كۈچلىرىنىڭ زورىيىشى جياڭ جيېشىنى ياپونىيە تەرەپكە ئىتتىرىۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى، كەم دېگەندىمۇ ياپونغا قارشى تۇرۇشتىكى زېھنىي كۈچىنى تارقاقلاشتۇرۇۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىرى ئەنگلىيە، ئامېرىكىلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇشىنىمۇ خالىمايتتى. شۇڭا ستالىن دىپلوماتىيە ۋە «سوتسىيالىستىك ۋەتەن» نىڭ خەۋپسىزلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ماۋ زېدۇڭ ئويلاپ چىقارغان ئىنقىلابىنى چەكلەشكە مەجبۇر بولدى.

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ توقۇنۇشى ئەمەلىيەتتە ستالىن بىلەن ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بولۇپ، بۇ توقۇنۇش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى زىددىيەتلەر بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانىدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپىدە، ماۋ زېدۇڭنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى نوپۇزلۇق ئورنى مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت 1935 ـ

يىلى 1 ـ ئايدىلا پارتىيىنىڭ داھىيلار قاتلىمىغا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرى دۆلەت ئىچىدە تېخى كەڭ كۆلەمدە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەشكە ئېرىشمىگەنىدى، خەلقئارانىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن بولسا تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ماۋ زېدۇڭنىڭ پارتىيە ئىچىدە يەنە ئىنتايىن كۆپ كۈچلۈك دۈشمەنلىرى بار بولۇپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ ھوقۇقىغا ۋاڭ مىڭدىن تاشقىرى، جاڭ گوتاۋ، بوگۇ قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ زور تەھدىتى بار ئىدى. ئەگەر ئۇلار بىرلىشىپ ۋاڭ مىڭنىڭ خەلقئارالىق لۇشيەننى قوللىسا، ئۇ چاغدا، ئۇلار ماۋ زېدۇڭنى ئاسانلا تېپىپ تاشلايتتى. شۇڭا، مەلۇم دەرىجىدىن ئالغاندا، ستالىن بىلەن ماۋ زېدۇڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا رىقابەت بار بولۇپ، كىم ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولالىسا، شۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تىزگىنلىيەلەيتتى.

ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال يېتەكچىلىكىدىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مەجبۇر قىلماقچى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىلەن ستالىن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈچىيىپ كەتكەنىدى. ماۋ زېدۇڭغا ئىنتايىن ئېنىق ئىدىكى، ئۇنىڭ پارتىيىدىكى ھوقۇقى ھازىرچە مۇقىم ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو ئەڭ ئاخىرىدا ئىنقىلابىي ئۆزگەرتىشنى ئورۇنداش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇ رىقابەتتە غەلىبە قىلىش ئىشەنچى بولغان تەقدىردىمۇ ھازىرچە ستالىندىن يۈز ئۆرۈمەسلىكى كېرەك ئىدى.

جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى باشلانغاندا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ سىياسىي لۇشيەنىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى «فاشىزمغا قارشى بىرلىك سەپ» قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ستالىن گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ تەھدىتىنى ھېس قىلغان 1934

- يىلدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى غەرب كاپىتالىزم دۆلەتلىرى، ئاساسەن ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا بىلەن بولغان دۈشمەنلىشىش سىياسىتىدىن ۋاز كەچتى - دە، بۇ «كاپىتالىستىك دېموكراتىيە دۆلەتلىرى» بىلەن بىرلىشىپ گېرمانىيە ۋە ياپونىيىگە تاقابىل تۇرۇش كويىغا چۈشتى. 1935 - يىلى 7 — 8 - ئايلاردا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال 7 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، بۇ لۇشيەننى رەسمىي ئېلان قىلىپ، رادىكال «ئۈچىنچى مەزگىل» نەزەرىيىسىنى چۆرۈپ تاشلىدى ۋە گېرمانىيە بىلەن ياپونىيىگە ئورتاق زەربە بېرىش ئۈچۈن ھەرقايسى تەشكىلاتلار بىلەن قاتلاملارنى بىرلىك سەپ قۇرۇشقا چاقىردى. فاشىزمغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى فاشىزمغا قارشى تۇرۇش جەريانىدا ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىشقا مەجبۇرلاپ، «كوللېكتىپ خەۋپسىزلىك» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. موسكۋا شۇنى ئېنىق بىلەتتىكى، پەقەت كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال يەنىلا ئىنقىلابنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىدىكەن، بۇ كاپىتالىستىك دۆلەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلاشمايتتى. باشقىچە ئېيتقاندا، موسكۋا شۇنى تونۇپ يەتكەنىدىكى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ھەرقايسى ياچېيكىلىرىنىڭ كوممۇنىزم كۈچلىرىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشى بىلەن غەربنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ گېرمانىيە ۋە ياپونىيىگە زەربە بېرىشى ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئىدى. بۇ زىددىيەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتىنى ۋاقتىنچە كېچىكتۈرمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

## 2. ستالىن ئىنقىلابنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغداش تەرەپكە يېتەكلىدى

30 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، موسكۋا جۇڭگو بىلەن ئىسپانىيىدە مۇشۇنداق ئىنقىلاب بىلەن كوللېكتىپ خەۋپسىزلىك تاكتىكىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە دۇچ كەلدى. بۇ ئىككى دۆلەتتىمۇ جۇش ئۇرۇۋاتقان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا قاراشلىق كوممۇنىستىك پارتىيىلەر بار ئىدى. موسكۋا بۇ ئىككى دۆلەتتىمۇ ئىنقىلابنى تىرىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغدايدىغان تەرەپكە يېتەكلىشى كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەمەلىيەتتە، موسكۋانىڭ بۇ ئىككى دۆلەتتە قوللانغان ماسلاشتۇرۇش ھەرىكىتى ئۆز ئارا تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى. شۇڭا ئاۋۋال ستالىننىڭ ئىبېرىيە يېرىم ئارىلىغا سىڭدۈرگەن ئەجرىنى كۆرۈپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

1936 - يىلى 7 - ئايدا، ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە قارشى چىققان گېنېرال فرانسىسكو فرانكو توپىلاڭ كۆتۈردى. ئىسپانىيىنىڭ بىرقانچە ئايدىن بۇيان جىددىيلەشكەن سىياسىي ۋەزىيىتى تېخىمۇ يامانلىشىپ، پۈتۈن مەملىكەت ئىككى يىل سەككىز ئايغىچە ئىچكى ئۇرۇش ئىچىدە قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىتالىيە بىلەن گېرمانىيە فرانكونى قوللايدىغانلىقىنى دەرھال ئېلان قىلدى. ستالىننىڭ ئىسپانىيىنى قوللىشىدىكى سەۋەبىنىڭ بىرى: ئۇ ئىتالىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئىسپانىيىدىكى كېڭىيىشىنى قەتئىي توسۇش ئارقىلىق

كوللېكتىپ خەۋپسىزلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرمەكچىدى؛ يەنە بىر سەۋەب بولسا، گىتلېر ئارمىيىسىنى سوۋېت - گېرمانىيە چېگرىسىدىن يىراقلاشتۇرۇپ تۇرۇش ئىدى. ستالىن، فرانسىيە بىلىنۇس تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا گېرمانىيىگە بېقىندى بولغان بىر دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ. ئوخشاشلا، ئەنگلىيىمۇ گېبرالتار بوغۇزىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا «ھىندىستاننىڭ ھەلقۇمى» دىن قىسىدىغان بىر ئامبۇرنىڭ سوزۇلۇپ چىقىشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ دەپ قارايتتى. ئەمما بۇ ئىككى «دېموكراتىك دۆلەت» ھەمىشە ئېھتىياتچانلىق قىلغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى خەۋپ - خەتەرنى ھېس قىلىپ يېتىش ۋە ھەرىكەت قوللىنىشتىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسپانىيىگە ياردەم بېرىشكە مەجبۇر ئىدى.

ۋەھالەنكى، جۇمھۇرىيەت لاگېرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاۋارىچىلىكلەر پەيدا بولۇپ، ھۆكۈمەتسىزلىككە ئىشىنىدىغان ئىشچىلار، دېھقانلار، تىروتسكىچىلار ۋە رادىكال سوتسىيالىستلار ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلماقتا ئىدى. ستالىن: بۇ ھەددىدىن زىيادە رادىكاللار ئىسپانىيىدە يۈگەنسىز ئىنقىلابنى قوزغايدۇ، ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ غەربتە تېررورلۇق پەيدا قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەمكارلىشىش نىشانلىرىنى قاچۇرۇۋېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەيتتى. ستالىن: «دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ۋەتىنى» بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئىتى ئىسپانىيىدىن ئىنقىلابنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا، ئۇ ئىسپانىيىگە بارلىق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. 1937 - يىلى باھاردا، كوممۇنىستىك پارتىيە كېيبدئو سوتسىيالىستىك پارتىيىسىنىڭ مۆتىدىل ھۆكۈمىتىنى قوللاپ، ئىنقىلاب قەدىمىنى تىرىشىپ ئاستىلاتتى. 1937 - يىلى 5 - ئايغا كەلگەندە، ئىسپانىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى

كېيىدىئونىڭ تېخى دېگەندەك مۆتىدىل ئەمەسلىكىنى بىلىپ، لىبىرال بۇرژۇئازىيىدىن بولغان جۇمھۇرىيەتچى پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ كابىنېت تەشكىل قىلىشىنى قوللاشقا باشلىدى.

ئىسپانىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يول قويۇشى ستالىننىڭ سىياسىي ساقچى ئورگىنى - ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى مىنىستىرلىكىنىڭ قوللىشى بىلەن قىلىنغان ئىش ئىدى. 1936 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى مىنىستىرلىكى «ئالاھىدە ھەرىكەت» پىلانىنى تۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىرتىدىكى بولۇپمۇ ئىسپانىيىدىكى ئۆزگەرمەس سول قانات ئۇنسۇرلارنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىسپانىيىدىكى تروتسكىچىلار بىلەن ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇرلار چوڭ تازىلاشقا دۇچ كېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى ۋەھىمە قاپلاپ كەتتى. 1937 - يىلىدىن 1938 - يىلىغىچە بولغان ئىككى يىلدا، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى مىنىستىرلىكى ئىسپانىيىدە قولغا ئالغان ۋە ئۆلتۈرگەن «بىدئەتچىلەر» سانىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى چۆچۈتىدۇ.

1936 — 1938 - يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيىسى ئېھتىياجلىق بولغان يۈكسەكلىكتىن قارىغاندا، جۇڭگو بىلەن ئىسپانىيىنىڭ ۋەزىيىتى ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى. موسكۋا ئىسپانىيە ھۆكۈمىتىنى قوللاش ئارقىلىق غەربىي گېرمانىيە ۋە ئىتالىيىگە قارشى تۇرغۇزۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئوخشاشلا يەنە جۇڭگوغا قىلىنغان ياردەمنىڭ غەربىي ياپونىيىگە زەربە بېرىشكە قوزغىشىنىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى: ياپونىيە جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلغاندا، بولۇپمۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتى مەركەزلەشكەن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ۋادىسىغا كېڭەيگەندە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈنلا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىپ

ياپونغا قارشى تۇرغانلىقىنى ئاندىن بىلىنىپ يېتىدۇ دەپ مۆلچەرلەيتتى. ئەمما، ئىسپانىيىدە بولغاندەك، ستالىننىڭ ستراتېگىيىسىنى جۇڭگو ئىنقىلابچىلىرى بىلەن زىتلىشىپ قالغانىدى.

## 3. ماۋ زېدۇڭنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى تاكتىكىسى بىلەن ئىنقىلاب ستراتېگىيىسىنىڭ بىرلىكى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىنى مۇھاكىمە قىلىشى، ئەڭ دەسلەپ 1937 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا شەنبېينىڭ لوچۇەن دېگەن يېرىدە چاقىرىلغان سىياسىي بيۇرو يىغىنىدا بولغانىدى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا، ماۋ زېدۇڭ بىلەن شۇ چاغدىكى باش شۇجى جاڭ ۋېنتيەن: گومىنداڭ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىگە ئاساسەن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ماۋ زېدۇڭ تەھلىل قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: گومىنداڭ مۇقەررەر ھالدا بۆلۈنۈش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئوڭ قانىتى ياپونىيىگە تەسلىم بولىدۇ. سول قانىتى بولسا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىرلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈنلەي مۇستەقىللىكنى ساقلاپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى پاش قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەڭ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، پارتىيە تەشكىلاتى بىلەن ئارمىيىسىنى كېڭەيتىشى كېرەك. ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسى

ياپونىيە ئارمىيىسى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىشى، كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ دۈشمەن ئارقا سېپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشى، ياپونغا قارشى كۈچلەرنى تېزلىك بىلەن كېڭەيتىشى كېرەك. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئارمىيىسى ھەم گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىماسلىقى، ھەم گومىنداڭنىڭ ھەرقانداق ھەربىي ئەمەلدارىغا بويسۇنماسلىقى كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يۇكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز پاش قىلىشى كېرەك. گومىنداڭ مەغلۇپ بولغان، بىزنىڭ تايانچ بازىلىرىمىز كېڭەيگەن، پارتىزان ئەترەتلىرىمىز زورايغاندا بولسا، بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو مىللىي ئازادلىقىنىڭ رەھبىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەپەۋەر قىلىمىز ۋە يېتەكلەيمىز.

ئاخىرىدا، ماۋ زېدۇڭ پۈتۈن پارتىيىنى ياپونغا بىردەك قارشى تۇرۇشقا، شۇنداقلا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كۈچىنى تېزلىك بىلەن كېڭەيتىشكە ۋە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ قويۇشقا چاقىردى.

ئەمما، ماۋ زېدۇڭ، جاڭ ۋېنتيەنلەرنىڭ تەشەببۇسى، بەزى كىشىلەرنىڭ — ئاساسلىقى جاڭ گوتاۋنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. جاڭ گوتاۋ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سان ۋە ئابروي جەھەتتە جۇ دې ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ قىزىل ئارمىيىسىگە دولا چىقىرالايدىغان بىر قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغانىدى. 1937 - يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئۇ ئەمەلىي ھوقۇقىنىڭ نۇرغۇن قىسمىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى. لوچۈەن يىغىنىدا ئۇ ماۋ زېدۇڭ بىلەن جاڭ ۋېنتيەنگە ئالدى بىلەن قارشى

چىقتى. جاڭ گوتاۋ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: جياڭ جيېشىنىڭ ياپونىيە تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىشىغا قاراپ تۇرۇش خاتا، ئەگەر جياڭ جيېشى مەغلۇپ بولسا، جۇڭگو ياپونىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىدۇ، بۇ پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرى، جۈملىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈچۈن ھالاكەتلىك بالايىئاپەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئاجىزلاپ قالمايدۇ، ئەكسىچە، خەلقنى ياپونغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرغانلىقى ئۈچۈن گومىنداڭنىڭ خەلق نەزەرىدىكى قىممىتى ھەسسىلەپ ئۆسۈپ، گومىنداڭنىڭ ئوڭ قانىتى ياپونىيىگە تەسلىم بولغان تەقدىردىمۇ، لېكىن بۇ بەرىبىر ئاساسىي ئېقىم ئەمەس، شۇڭا، كوممۇنىستىك پارتىيە مۇستەقىللىكنى ئۆلۈك ھالدا تەكىتلىسە، چوقۇم بىرلىك سەپنى دەپنە قىلىپ، مىللەتنى مەغلۇپ قىلىشتىن ئىبارەت پاجىئەنى پەيدا قىلىدۇ.

جۇ ئېنلەي جياڭ جيېشىنىڭ راستىنلا تەسلىم بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىغا دەرگۇماندا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ، جياڭ جيېشىنىڭ خاراكتېرى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ئورنى ئۇنىڭ ياپونىيىگە تەسلىم بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، دەپ ھېسابلايتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، دۆلەت ئىچىدە مىللەتچىلىك ئۆسۈپ قالغان تەقدىردىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شەرت - شارائىت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، ياپونغا قارشى كۆرەشنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق پارتىيىنىڭ پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ئورنىنى ئىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك ئىدى. ئۇ: گومىنداڭ بىلەن بولغان سۈركىلىشنى ئازايتىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۈشمەن ئارقا سېپىدە تايانچ بازىلارنى قۇرغاندا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك، دەپ تەكلىپ بەردى. ئارمىيە مەسىلىسىدە جۇ ئېنلەي: كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئارمىيىسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ

ياردىمى بىلەن ھەربىي خىراجىتىنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ ۋە جياڭ جيېشىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن سىياسىي كومىسسارلىق تۈزۈمى بىلەن سىياسىي بۆلۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرمىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ قول ئاستىدىكى بىرمۇنچە ھەربىي ئىشلار سەركەردىلىرى، جۈملىدىن 8 - ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى پېڭ دېخۇەيمۇ «ئارمىيىنى تارقاقلاشتۇرۇپ، ئاۋۋال كىچىك كۆلەمدە پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىش» تەشەببۇسىغا قارشى چىقتى، پېڭ دېخۇەي دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقىمۇ، «دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىدىن داجىپ، ئۇنىڭ ئاجىز جايىغا ھۇجۇم قىلىش» پرىنسىپىغىمۇ قارشى تۇرمايتتى — بۇ ماۋ زېدۇڭ ھەربىي ستراتېگىيىسىنىڭ مېغىزلىق مەزمۇنى ئىدى. لېكىن، ئۇلار كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئارمىيىسى دوست ئارمىيىنىڭ ياپونغا قارشى مۇنتىزىم ئۇرۇشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن تېخىمۇ ماسلىشىشى كېرەك دەپ ھېسابلايتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سەركەردىلىرى بىلەن موسكۋا ئوتتۇرىغا قويغان «ھەرىكەتچان ئۇرۇش» ئۇقۇمى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئوزۇنغا سوزۇلىدىغان پارتىزانلىق ئۇرۇش تەلىماتى بىلەن ئىنتايىن ئاسانلا ئايرىلىشىپ كېتەتتى. بۇ ئىككى تەرەپ مۇنازىرە قىلىدىغان مۇھىم نۇقتا ئىدى، شۇڭا، ئەڭ ئاۋۋال «ھەرىكەتچان ئۇرۇش» نەزەرىيىسىنىڭ ئىچكى مەزمۇنىنى ئېنىقلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئامېرىكا ئالىمى كاتائوكا «ھەرىكەتچان ئۇرۇش» نەزەرىيىسىنى ئىنتايىن توغرىلىق بىلەن تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلىغانىدى: بىرىنچى، گومىنداڭ ئارمىيىسى جۇڭگونىڭ مۇھىم قوراللىق كۈچى، ئىككىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئارمىيىسىنىڭ قىلىدىغىنى ئاساسەن پارتىزانلىق ئۇرۇشى بولۇپ، ئالاھىدە شارائىتتا دوست

ئارمىيىنىڭ مۇنتىزىم ئۇرۇشقىمۇ قاتنىشىدۇ، ئۈچىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسى ئۆزىنىڭ دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدىكى پائالىيىتى بىلەن دوست ئارمىيىنىڭ پائالىيىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ، ئەمما ئۆز مۇستەقىللىكىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. تۆتىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن قورال - ياراغ تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە مۇنتىزىم ئارمىيە بولۇش نىشانىغا قاراپ تېزلىك بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ. قارىماققا بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدىغان، پارتىزانلىق ئۇرۇش بىلەن ھەرىكەتچان ئۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ستراتېگىيىنىڭ سىياسىي ئاقىۋىتى ئۆزئارا تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ. ماۋ زېدۇڭنىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇش ستراتېگىيىسىگە ئاساسلانغاندا، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كادىرلىرى زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ياپونىيە تازىلاش ئېلىپ بارغان ئەمما، ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزەلمىگەن كەڭ يېزىلاردا ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن ھۆكۈمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا توغرا كېلەتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ زور بىر قىسىم خادىملىرى بىلەن ماددىي ئەشيالىرى خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەش، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، باج يىغىش سىستېمىسى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش ئورگانلىرىنى بەرپا قىلىش، جۇڭگو ئارمىيىسى چېكىنگەندە چۈشۈرۈپ قويغان قورال - ياراغلارنى يىغىش ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قوللاش يۈزىسىدىن يۈرگۈزۈلىدىغان سىياسىي تەلىم - تەربىيە قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىشى كېرەك ئىدى. ھەرىكەتچان ئۇرۇش ستراتېگىيىسى ئۇنداق ئەمەس ئىدى، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەربىي كۈچلىرىدىن ياپونغا قارشى ئۇزۇش قىلىشنى، ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملارنىڭ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىنى قوللىيالايدىغان رايونلارغا

ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى؛ مەمۇرىي خادىملارنىڭمۇ ھەربىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنى تەلەپ قىلاتتىكى، قىزىل رايونلارنىڭ يەر مەيدانى بىلەن جان سانىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلمايتتى. ئەڭ مۇھىمى گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئورتاقلىشىشقا يۈزلەندۈرۈش ئىدى، چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئورۇشتىن پايدىلىنىپ كەلگۈسىدىكى ھوقۇق تارتىشىشقا تەييارلىق قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ، گومىنداڭنى غەمدىن خالاس قىلغىلى بولاتتى.

ماۋ زېدۇڭ ستراتېگىيىسى ئىجتىمائىي ئىنقىلاب قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى، شۇڭلاشقا، تايانچ بازىلاردا بۇ ستراتېگىيىنى يۈرگۈزگەندە قانداق ئۇسۇل قوللىنىش — مۆتىدىل ياكى كەسكىن- مۇھىم ئەمەس ئىدى، مۇھىمى بۇ رايونلارنى ئەمەلىيەتتە تىزگىنلەش، كېيىنكى كۈنلۈكتە دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئاساس سېلىش ئىدى. دۈشمەننىڭ ئادەم كۈچىنى يوقىتىش، دۈشمەننى ئىمكانقەدەر ئىسكەنجىگە ئېلىشتا بولسا، ئەلۋەتتە، ھەرىكەتچان ئۇرۇش تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو بىلەن بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە سوۋېت جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ ھەمكارلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇش تۇيغۇسىدىن قارىغاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۈشمەن ئارقا سېپىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارماستىن، پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇنتىزىم ئۇرۇش قىلىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى روشەن ئىدى.

لوچۈەن يىغىنىدىكى تالاش - تارتىش ماۋ زېدۇڭنىڭ يول قويۇشى بىلەن نەتىجىلەندى. ئىنقىلابىي كۈرەشكە دائىر سۆزلەر

بىلەن جىياڭ جيېشى چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ دېگەن سۆزلەر يىغىن ماقۇللىغان قارار لايىھىسىدىن چىقىرىپ تاشلاندى. لېكىن، لايىھىدە گومىنداڭنىڭ «ئەكسىيەتچى» سىياستى يەنىلا قاتتىق تەنقىد قىلىنغان بولۇپ، ئاساسەن گومىنداڭنىڭ ئاممىنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا تولۇق سەپەرۋەر قىلمىغانلىقى، سىياسىي ئىسلاھاتقا تۇرلۇك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ توسقۇنلۇق قىلغانلىقى كۆرسىتىلگەنىدى. لايىھىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: بۇ خاتا سىياسەتلەر «ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئەكېلىدۇ»، سىياسىي ئىسلاھاتنى ئۇرۇشتىن كېيىنكى مەزگىلگە سۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان ئاشۇ كىشىلەر بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشلىرى كېرەك. يىغىن يەنە ئون ماددىلىق پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى (يەنى: «ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ ئون چوڭ پروگراممىسى» - خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھى). بۇنىڭدا ئاساسەن دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي تۈزۈمنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش مۇراجىئەت قىلىنغان. ماۋ زېدۇڭمۇ ھەربىي ستراتېگىيىدە مۇرەسسە قىلدى. يىغىن: ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسىمۇ دوست ئارمىيە بىلەن ھەمكارلىشىدۇ ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقا تەييار، دەپ قارار قىلدى. لېكىن ناۋادا ياپونىيە ئارمىيىسى دۆلەت مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلىسا ھەمدە مەركىزىي جايلارغا ئىچكىرىلەپ كىرسە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسى كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ، شىمالدىكى خېبېي، چاخار، سەندۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردە مۇستەقىل پائالىيەت ئېلىپ باراتتى.

لوچۈەن يىغىنىدىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ زور كۆپچىلىك يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرى

شىمالىي جۇڭگو، ئوتتۇرا جۇڭگولارغا بېرىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. ماۋ زېدۇڭ بىلەن جاڭ ۋېنتيەن بولسا يەنىلا يەنئەندە قالغاندى. بىر ئايدىن كېيىن ماۋ زېدۇڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشنى پۇتكۇل شىمالىي جۇڭگو خىزمىتىنىڭ بىردىنبىر يۆنىلىشى قىلىش توغرىسىدا جۇ ئېنلەي، ليۇ شاۋچى، ياڭ شاڭكۇنلارغا: ھەرقايسى خىزمەتلەر، ئېيتايلۇق، ئاۋام خەلق ھەرىكىتى، بىرلىك سەپ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پارتىزانلىق ئۇرۇشنى دەۋر قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، مۇبادا شىمالىي جۇڭگودىكى مۇنتىزىم ئۇرۇش مەغلۇپ بولسا، مەسئۇلىيەتنى بىز ئۈستىمىزگە ئالمىساقمۇ بولىۋېرىدۇ، لېكىن ناۋادا، پارتىزانلىق ئۇرۇشى مەغلۇپ بولسا، بۇ مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز، دەپ يولىيورۇق بەرگەنىدى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ يولىيورۇقى روشەن ھالدا ئېتىبارغا ئېرىشمىگەنىدى، شىمالىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ماۋ زېدۇڭنىڭ يولىيورۇقى ئۆزئارا تولىمۇ زىت ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرەپتىكى ماتېرىياللار شۇنى كۆرسەتتىكى، بۇ مەزگىلدە پارتىيىنىڭ بىر مۇنچە رەھبەرلىرى: 8 ـ ئارمىيە دوست ئارمىيىگە ماسلىشىپ سەنشى ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى تەييۈەندە نۇقتىلىق مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىش كېرەك دەپ ھېسابلىغان. ئۇلار ياپون ئارمىيىسىنىڭ سەنشى ئۆلكىسىگە كىرىشىنى توساش تېخىمۇ مۇھىم، 8 ـ ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئۆزىنىڭ سوزۇلىدىغان ياپونغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى مۇداپىئە ئۇرۇشىنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇشى كېرەك، دەپ ھېس قىلىشاتتى.

شىمالىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ ھەرىكەتچان ئۇرۇش نۇقتىئىنەزەرى ئاساسەن، 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى بىر قاراردا گەۋدىلىنىپ قالغانىدى، بۇ قارار ماۋ زېدۇڭ يولىيورۇق بېرىپ

تەخمىنەن ئىككى ھەپتىدىن كېيىن چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇ، مۇنتىزىم ئۇرۇش ئىدىيىسىنىڭ تىپىك مىسالى ئىدى. قارار‌دا مۇنداق دېيىلگەنىدى: شىمالىي جۇڭگونى تالىشىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتا سەنشى ئەمدى تولىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى، ئەگەر تەييۇەن بىلەن جىنجۇڭ تاغلىق رايونلىرىنى تۇتۇپ تۇرالىساق بۇ جايلارنى قورغان قىلىپ تۇرۇپ، بېيپىڭ - ۋۇخەن لىنىيىسىگە ستراتېگىيىلىك قايتۇرما ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرغىلى بولىدۇ، بۇنداق قايتارما ھۇجۇم شىمالىي جۇڭگونىڭ پۈتۈن ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن. «دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى پايدىلىق ئۆزگىرىش» كە ئەگىشىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. بۇ قارار‌دا مۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتىلغانىدى: سەنشىنى تۇتۇپ تۇرۇش ۋە قايتۇرما ھۇجۇمنى ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ شىمالىي جۇڭگو ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىش ئېھتىماللىقى مەۋجۇت. بۇ نىشان ئۈچۈن كۆرەش قىلىش نۆۋەتتە شىمالىي جۇڭگودىكى بارلىق سىياسىي، ستراتېگىيىلىك خىزمەتلەرنىڭ مەركىزى. ئەمەلىيەتتە شىمالىي جۇڭگودا ئىجرا قىلىنغىنى ماۋ زېدۇڭنىڭ 9 - ئاينىڭ 25 - كۈندىكى يوليورۇقى بولماستىن، بەلكى شىمالىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ 10 - ئاينىڭ 8 - كۈندىكى قارارى ئىدى.

لوچۈەن يىغىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا ماۋ زېدۇڭنىڭ تەشەببۇسلىرى قارشىلىققا ئۇچرىدى، بۇ ماۋزېدۇڭنىڭ ۋاڭ مىڭنىڭ سىياسىي بېسىمىغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. پېڭ دېخۇەي بىلەن جاڭ گوتاۋ قاتارلىق كىشىلەر گەرچە ۋاڭ مىڭنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ۋاڭ مىڭنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. بۇ، ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋاڭ مىڭدىن ئىبارەت ستالىننىڭ بۇ ئەلچىسى بىلەن ئېلىشىشتىن بۇرۇن

ئاۋۋال ئۆزىنىڭ مەۋقەسىنى پۇختىلىۋېلىشىنىڭ لازىملىقىدىن دېرەك بېرەتتى. رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن، بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە تايانماي، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆگۈت – نەسىھەت ۋە يېتەكلەشكە تايىنىش كېرەك.

11 – ئاينىڭ 9 – كۈنى تەييۈەننىڭ قولدىن كېتىشى ماۋ زېدۇڭنىڭ تەشەببۇسلىرىنىڭ بىر دەلىلى دېگىلى بولىدۇ. خۇددى 10 – ئاينىڭ 8 – كۈنىدىكى شىمالىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ قارارىدا ئېيتىلغىنىدەك تەييۈەن سەنشى ئۆلكىسى مۇداپىئەسىنىڭ ئاچقۇچى، ئۇنىڭ قولدىن كېتىشى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ سەنشىنى قوغداشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا شىمالىي جۇڭگونىڭ ياپونىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. لوچۈەن يىغىنىدا ھاسىل قىلىنغان مۇرەسسەگە ئاساسلانغاندا، بۇ شىمالىي جۇڭگودا ھەرىكەتچان ئۇرۇشنىڭ ئاللىقاچان ئاياغلىشىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەت شەكلىگە ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

11 – ئاينىڭ 12 – كۈنى، ماۋ زېدۇڭ تەييۈەن قولدىن كەتكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇھىم بىر دوكلات قىلىپ، يېڭى سىياسەتنىڭ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلىدى. دوكلاتتا گومىنداڭنىڭ ياپونغا بىر تەرەپلىمە قارشى تۇرۇش سىياسىتىگە زەربە بېرىپ، بۇنداق سىياسەتنىڭ شاڭخەي بىلەن تەييۈەنگە مەغلۇبىيەت ئېلىپ كەلگەنلىكى كۆرسىتىلدى. (شاڭخەي ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلاپ ئۈچ ئاي كېيىن 11 – ئاينىڭ 9 – كۈنى قولدىن كەتكەنىدى). ماۋزېدۇڭ: گومىنداڭ پەقەت ياپونغا بىر تەرەپلىمە قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىلا قىلىدۇ، بۇ ئۇرۇش جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ دەپ قارىدى. ئەمەلىيەتتە، گومىنداڭ ياپونغا بىر تەرەپلىمە قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقى ئىپادىلىنىپ قالغان بولۇپ، بىرلىك سەپنىڭ ئوڭ قانىتى

ئىنتايىن تېزلىك بىلەن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۆزىنى ياپونىيىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىشى، بىرلىك سەپنىڭ يادروسى بولسا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە يېقىنلىشىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگو دۇچ كەلگەن ئەڭ مۇھىم سىياسىي مەسىلە: بىرلىك سەپتە، پرولېتارىيات بۇرژۇئازىيىگە رەھبەرلىك قىلامدۇ ياكى بۇرژۇئازىيە پرولېتارىياتقا رەھبەرلىك قىلامدۇ؟ گومىنداڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنى جەلپ قىلامدۇ ياكى كوممۇنىستىك پارتىيە گومىنداڭنى جەلپ قىلامدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

تەييۈەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىكى زور كۆپچىلىك سەركەردىلەر ماۋ زېدۇڭنىڭ پارتىزانلىق ستراتېگىيىسىنى قوبۇل قىلدى، ماۋ زېدۇڭ يەنە بىر مۇنچە تەشكىلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ ئارمىيىدىكى رەھبەرلىك هوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلدى. جۇ ئېنلەيمۇ روشەن هالدا ماۋ زېدۇڭ تەرەپتە تۇرۇشقا باشلىدى، كەم دېگەندىمۇ شىمالىي جۇڭگودا شۇنداق قىلدى. ماۋ زېدۇڭ يەنە هەرىكەت قوزغاپ جاڭ گوتاۋنىڭ ئۇزۇن سەپەردىكى «خاتالىق»لىرىنى تەنقىد قىلىشقا كىرىشتى، بۇ جاڭ گوتاۋنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ ئاجىزلىتىۋەتتى. ئەمما، ماۋ زېدۇڭنىڭ تەشەببۇسلىرىغا قارشى كۈچلەر يەنىلا ئىنتايىن زور ئىدى. ماۋ زېدۇڭ كېيىنكى چاغلاردىكى ئەسەرلىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: تەييۈەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن، مەن 1937 - يىلى 11 - ئايدا يەنئەندىكى پارتىيە پائالىيەتچىلىرى يىغىنىدا دوكلات بەردىم، «مۇشۇ مەزگىلدىن باشلاپ پارتىيە ئىچىدىكى ئوڭچىل پۇرسەتپەرەسلەر بۇ تېزىسقا قارشى چىقتى، تاكى 1938 - يىلى 10 - ئايدىكى پارتىيىنىڭ 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىدىلا ئاندىن بۇنداق ئوڭ ئاغمىچىلىقلار تۈگىتىلدى».

## 4. ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىن «ئالاھىدە ئەلچى» لەرنىڭ دەسلەپكى ئېلىشىشى

1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋاڭ مىڭ ئون يىل تۇرغان موسكۋا بىلەن خوشلىشىپ جۇڭگوغا قايتىپ كەلدى. يۇقىرىقى بابتا ۋاڭ مىڭنىڭ 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا شەنشى، گەنسۇ، نىڭشىيا چېگرا رايونىنىڭ مەركىزى يەنئەنگە كەلگەنلىكىنى، سەپەرداشلىرى ئىچىدە يەنە كاڭ شېڭ، چېن يۈن، ياڭ سۇڭ ۋە بىرمۇنچە سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەتچىلىرى بار ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرغانىدۇق. كاڭ شېڭ، ياڭ سۇڭلار ۋاڭ مىڭنىڭ موسكۋادا تۇرغان چېغىدىكى قول ـ قاناتلىرى ئىدى. زۇنيى يىغىنىدىن كېيىن، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ماۋ زېدۇڭنى قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. كاڭ شېڭ ئەكسىچە، بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلدى، شۇنداقلا نەسىھەت قىلىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋاڭ مىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ داھىيسى بولۇشىنى قوللىشى كېرەك دېدى. شۇنداقلا كاڭ شېڭ بىلەن ياڭ سۇڭ يەنە ۋاڭ مىڭنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ، 1935 ـ 1936 ـ يىللىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مانجۇرىيىدىكى پارتىيە تەشكىلاتىنى بىۋاسىتە تىزگىنلىشىگە ياردەم قىلغانىدى. ئالاقىدار مەسىلىلەر كېيىنكى سەككىزىنچى بابتا تىلغا ئېلىنىدۇ. ۋاڭ مىڭ قاتارلىق كىشىلەر چۈشكەن مەخسۇس ئايروپىلان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنئەنگە قونغان تۇنجى ئايروپىلانى بولۇپ، ئايروپىلاندا يەنئەن بىلەن موسكۋا ئوتتۇرىسىدىكى خەۋەرلىشىش مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئەكېلىنگەن چوڭ تىپتىكى بىر رادىئو ئىستانسىسى بار ئىدى. بۇ رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۆزىگە ۋاڭ مىڭنىڭ

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدىكى يۇقىرى ئورنى ۋە ئۇنىڭ موسكۋادا ۋەتەنگە قايتىش مەسىلىسىدە جاڭ چۇڭ بىلەن قىلغان تالاشلىرىنى قوشساق، بۇلار ۋاڭ مىڭنىڭ ستالىننىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ۋەتەنگە قايتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىز ۋاڭ مىڭ يەنئەنگە ئۇچۇپ بارغان چاغدا، ئۇنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن بولغان ئېنىق مۇناسىۋىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ۋاڭ مىڭ ۋەتەنگە قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ «ۋەكىلى» سالاھىيىتى بىلەن بىر قېتىمقى سىياسىي بيۇرو يىغىنىغا قاتناشقان. چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى بىر تارىخچىنىڭ قارىشىچە، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىنتېرناتسىئونالىزم بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ۋاڭ مىڭنىڭ قولى ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنى گومىنداڭ، جياڭ جېيشىگە يول قويۇشقا، كوممۇنىستىك پارتىيىنى گومىنداڭنىڭ ئىچىگە كىرىشكە مەجبۇر قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاڭ مىڭ ھەمىشە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ قاپىقىغا قاراپ ئىش كۆرگەچكە، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ سىياسەتلىرىنى بولجۇتماستىن ئىزچىل ئىجرا قىلغان. ۋاڭ مىڭنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنى تەرتىپكە سېلىش كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن ۋەتەنگە قايتقانلىقى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن، تەرتىپكە سېلىش كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىسى ھەرقايسى دۆلەت پارتىيىلىرى بىلەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال لۇشيەنىدىكى ئېغىشلارنى تۈزىتىش بولۇپ، ئۇ، بۇ مەزگىلدە ھەرقايسى ياچېيكىلارغا ھەمىشە ئالاھىدە يولىيورۇقلارنى بېرىپ تۇرغانىدى. ۋاڭ مىڭنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق

ۋەكىللى بولۇپ، ئالاھىدە ھوقۇقتا، جۈملىدىن مەركەزنىڭ سىياسەتلىرىنى قارار قىلىدىغان ۋە رەت قىلىدىغان ھوقۇقتا ئىگە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ۋاڭ مىڭ كەم دېگەندىمۇ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ماۋ زېدۇڭ بۇنداق يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ۋاڭ مىڭنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدىكى ئورنى ماۋ زېدۇڭنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى، پەقەت شۇنداق بولۇپلا قالماستىن يەنە، ۋاڭ مىڭنىڭ ستالىن ۋە دىمىتروۋلار بىلەن ئارىدىن قىل ئۆتمەيدىغان خۇسۇسىي مۇناسىۋىتىمۇ بار ئىدى.

گەرچە ۋاڭ مىڭنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئېنىق سالاھىيىتىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بىر نۇقتا ئېنىق ئىدىكى، ئۇ بولسىمۇ، ۋاڭ مىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندە ماۋ زېدۇڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىكى باشقا رەھبەرلەرنىڭ ئەدەب بىلەن كۈتۈۋېلىشىغا سازاۋەر بولدى. ۋاڭ مىڭنىڭ سىياسىي بيۇرونىڭ لۇشيەنى بىلەن تەشكىلىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتەلىشىدىكى سەۋەب، خۇددىي جاڭ گوتاۋ تەسۋىرلىگەندەك؛ ۋاڭ مىڭ موسكۋادىن ئۇچۇپ كەلگەن «پەرىشتە» بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا «مىسران قىلىچ» بار ئىدى.

ۋاڭ مىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، سىياسىي بيۇرو يەنئەندە بىر قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى، يىغىندا ۋاڭ مىڭ ئەكەلگەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ «يوليورۇق» لىرى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى خىزمەتلىرى يەكۈنلەندى. ۋاڭ مىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئۈچ يوليورۇقىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قول تىقىشقا باشلىغانىدى.

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئالدى بىلەن ماۋ زېدۇڭنى ماركسىزمنى بىلمەيدۇ، ئىنتېرناتسىئونالىزملىق كۆز قارىشى كەم، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى پەقەت تار تەجرىبىگە ئاساسلىنىپلا بەلگىلەيدۇ، دەپ تەنقىد قىلغانىدى. گەرچە ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرىگە ئايلانغان بولسىمۇ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىنى تۈگىتىش ۋە تولۇقلاش ئۈچۈن، پەقەتلا موسكۋادا تەربىيىلەنگەن كادىرلارنى ۋەتەنگە قايتۇراتتى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال يەنە جاڭ ۋېنتيەننى باش شۇجىلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ دەپ ئەيىبلىدى، يولىيورۇقتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە، جياڭ ۋېنتيەن 20 - يىللاردا، موسكۋا جۇڭشەن داشۆسىدە تەشكىللىگەن پارتىيە ۋە ئىتتىپاق تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تروتسكىچى ئۇنسۇرلار بولۇپ، گەرچە جاڭ ۋېنتيەننىڭ ئۆزى تروتسكىچىلار گۇرۇھىغا بىۋاسىتە قاتناشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا «ئىنتايىن گۇمان» لىق، دېيىلگەن. ئەڭ ئاخىرىدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال يولىيورۇق بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: جاڭ گوتاۋغا قارشى ھەرىكەت تولىمۇ ئاشۇرۇۋېتىلدى، ئۇنىڭغا ئوخشاش يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە رەھبەرنى ئاشكارا تەنقىد قىلماسلىق كېرەك ئىدى. بۇ ئۈچ نۇقتىلىق يولىيورۇق، ماۋ زېدۇڭنىڭ ھوقۇقىغا بىۋاسىتە خىرىس قىلماقتا ئىدى. بىزگە مەلۇمكى، جاڭ ۋېنيتەن ماۋ زېدۇڭنىڭ يېقىن بۇرادىرى، جاڭ گوتاۋ بولسا ماۋ زېدۇڭنىڭ كۈچلۈك رەقىبى ئىدى، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئەگەر ماۋ زېدۇڭنىڭ شەخسەن ئۆزى مۇكەممەل ماركسىزمچى بولمىسا، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ھازىرقى لۇشيەندە مەسىلە بولغان بولاتتى.

دەرۋەقە، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يولىيورۇقىنى يەتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ۋاڭ مىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ گومىنداڭغا قاراتقان «چەكتىن ئاشقان» سىياسىتىنى تەنقىد قىلىشقا باشلىدى. ۋاڭ مىڭ مۇنداق دېدى: گومىنداڭ ياپونغا ئاكتىپ قارشى تۇردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى گومىنداڭ بىلەن بۇ نۇقتىدا تولۇق ھەمكارلىشىشى كېرەك. بۇ ياپونىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش خەۋپىنى يوقىتىشتىكى ئاچقۇچ. ئەگەر جۇڭگو ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا ئۇزۇن مەزگىلگىچە چىڭ تۇرالىسا، ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلالمايدۇ، بۇ دۇنيا پرولېتارىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. ئەكسىچە، ئەگەر گومىنداڭغا بېسىم ئىشلىتىلسە، ئۇنى تەسلىم بولۇشقا قىستىساق، ئۇ ھالدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە ئۇنىڭغا گېرمانىيىنىڭ مۇرەسسەلەشتۈرۈشى قوشۇلۇشى تۈپەيلىدىن ۋەزىيەت تولىمۇ خەتەرلىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق شارائىتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن گومىنداڭنى قوللىشى، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. ۋاڭ مىڭ يەنە: گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ زىچ ھەمكارلىقى ئامېرىكىنى خەلقئارا فاشىزمغا قارشى سەپكە قاتنىشىشقا مەجبۇر قىلىدۇ دەپ قارايتتى.

بۇنىڭغا ئۇلاپلا، ۋاڭ مىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ لوچۇەن يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان لۇشيەنى بىلەن تەييۇەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن سۆزلىگەن نۇتقىغا ماددىمۇ ماددا رەددىيە بەردى. ئۇ: ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى، ماۋ زېدۇڭ كېسىپ ئېيتقاندەك، گومىنداڭغا قارشى تۇرۇش ئارقىلىق قولغا كەلگەن ئەمەس، ئەكسىچە، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ئارقىلىقلا قولغا كەلگەن دەپ كۆرسەتتى. ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى

مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەرمۇ ماۋ زېدۇڭ ئېيتقاندەك، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىدىن كەلگەن بولماستىن، بەلكى ياپونىيىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئۈستۈنلۈكىدىن بولۇپ، بۇ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكتىن ساقلانغىلى بولمايتتى. ياپونغا قارشى تۇرۇش - تۇرماسلىق، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھەمكارلىشىش - ھەمكارلاشماسلىقىدىكى بىردىنبىر پرىنسىپ ئىدى. گومىنداڭ ياپونغا قارشى بىر خىل كۈچ، ئۇنىڭدا ئوڭ، ئوتتۇرا، سول دېگەن پەرقلەر يوق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى گومىنداڭ بىلەن تامامەن، ئۈزۈل كېسىل ھەمكارلىشىشى، ئىككى پارتىيىنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقى كېڭىيىشى كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى گومىنداڭدىن قۇسۇر تاپماي، ھەتتا ئۇنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنماي، ئەكسىچە، تۈرلۈك - تۈمەن چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، گومىنداڭنى مۇستەھكەملىشى كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى گومىنداڭنىڭ بۆلۈنۈشىنى ئەمەس، بەلكى گومىنداڭغا كىرىپ، بىرلەشكەن ھۆكۈمەت ۋە بىرلەشكەن ئارمىيە تەشكىللەشنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىرلىك سەپنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالماستىن، بەلكى گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئورتاق رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشى كېرەك. بىرلىك سەپتە گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئورنى باراۋەر بولۇشى، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئورتاق يۈرگۈزۈشى كېرەك، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەكىتلەش — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشىدىن سۆز ئېچىش تۇرماق، ياپونپەرەسلەرگە دەستەك تېپىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا، تروتسكىچىلارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىرلىك سەپكە بۆلگۈنچىلىك قىلىدۇ.

ۋاڭ مىڭ يەنە بىرلىككە كەلگەن ئارمىيە قۇرۇشنىڭ «كونكرېت چارىلىرى» نى بىر - بىرلەپ مىسال كەلتۈردى. بەلكى بۇنىڭ ئىچىدىكى 6 - ماددا ئەڭ مۇھىم ماددا بولۇشى مۇمكىن، ئۇ، ھەقىقىي يوسۇندا، قوماندانلىقى، شتاتى، قورال-ياراغنى، ئىنتىزامى، تەمىناتى، ئۇرۇش پىلانى ۋە ئۇرۇش ھەرىكىتى بىرلىككە كەلگەن ئارمىيە بەرپا قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى، ئۇ 8 - ئارمىيىنىڭ «مۇستەقىللىكىنى ساقلاپ» قېلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيە كادىرلىرى يادروسىنى قۇرۇشى ۋە بەلگىلىك چەكلىمە دائىرىسىدە سىياسىي خىزمەت قىلىشىغا قوشۇلغانىدى، لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ: قوماندانلىق، تەرتىپ - ئىنتىزام، ئۇرۇش قىلىش پىلانى ۋە تەمىنات جەھەتلەردە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بويسۇنۇشى كېرەك؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسى دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە ئايانچ بازىلار بىلەن پارتىزان ئەترەتلىرىنى كېڭەيتمەستىن، ئەڭ ئاخىرىدا كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى كېرەك، دەپ ئېنىق بىلدۈرگەنىدى. ئەمما، مەيلى قانداق بولسۇن، ۋاڭ مىڭنىڭ ماۋ زېدۇڭنى ئەسلىدىكىسى بىلەن زىت بولغان لۇشيەننى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلالىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت، ماۋ زېدۇڭنىڭ ھوقۇق ئاساسىنىڭ يەنىلا ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىنى، ۋاڭ مىڭنىڭ بولسا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ۋاڭ مىڭ يەنە ماۋ زېدۇڭنىڭ تەسىرىنى تەشكىلىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئۇ كاڭ شېڭنى سىياسىي بيۇروغا ئەكىردى ۋە ئۇنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى، جاڭ ۋېنتيەننى باش شۇجىلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنى سىياسىي بيۇرودىكى يەتتىنچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن يەنە جاڭ گوتاۋغا قارشى ھەرىكەتنىمۇ توختاتتى. كاڭ شېڭ بىلەن ۋاڭ مىڭنىڭ مۇناسىۋىتىنى يۇقىرىدا

بايان قىلىپ ئۆتكەندۇق. جاڭ گوتاۋغا كەلسەك، ئۇ ئۆزىنىڭ 30 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ھەرىكەتلىرىنى ئاقلىغان چاغدا، مەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يولىيورۇقلىرىنى ئىجرا قىلدىم دېگەندە چىڭ تۇردى، بۇ جاڭ گوتاۋ لۇشيەنى بىلەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال لۇشيەنىنىڭ بىردەكلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. لوچۇەن يىغىنىدا جاڭ گوتاۋمۇ ماۋ زېدۇڭغا قارشى تۇرغانىدى، بۇ ئامىللار ۋاڭ مىڭنى جاڭ گوتاۋنىڭ قوللاپ- قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ۋاڭ مىڭنىڭ ئۆزىمۇ چوتنى دەل مۇشۇنداق سوققانىدى. ۋاڭ مىڭ باش شۇجى بولۇشقا ئۇرۇنۇپمۇ كۆردى، لېكىن بۇ ئۇرۇنۇش يولىدا ھەرىكەت قىلمىدى، چۈنكى ۋاڭ مىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى، ئەگەر بۇ ۋەزىپە ماۋ زېدۇڭغا تەھدىت بولۇپ قالىدىغان بولسا ئۇنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ ئۇنىڭغا تەسكە چۈشمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى.

12 ـ ئايدىكى يىغىن يەنە ۋاڭ مىڭ ئوتتۇرىغا قويغان يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە پارتىيىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيىنى ئېچىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى، ۋاڭ مىڭنىڭ مەقسىتى بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدىن پايدىلىنىپ ماۋ زېدۇڭنىڭ ھوقۇقىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. كېيىنكى بىر يىلدا، ۋاڭ مىڭ بىرنەچچە قېتىم تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ماۋ زېدۇڭ بۇ تەكلىپلەرنى ھەر قېتىمدا قەتئىيلىك بىلەن بىردەك رەت قىلدى. ماۋ زېدۇڭ پارتىيە ئىچىدىكى ھوقۇق ئاساسىنى مۇقىملاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا ئاندىن 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پارتىيىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيىنى ئاچتى.

## 5. ستالىننىڭ «تازىلاش» ئەندىزىسى ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ دانا سىياسىي ئۇسۇلى

«تروتسكىنىڭ تەسىرى» گە زەربە بېرىش ۋاڭ مىڭنىڭ ماۋ زېدۇڭغا ھۇجۇم قىلىشىدىكى بىر ئۆتكۈر خەنجەر ئىدى. 1937 — 1939- يىللاردىكى خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە «تروتسكىچىلار» نى تەنقىد قىلىش ئىشىغا سەل قارىغىلى بولمايتتى. «تروتسكىچى» دېگەن قالپاقنى كىيىش، كەم دېگەندە خەلقئارا كوممۇنىزم ـ ھەرىكىتىدىن چىقىرىلىش دېگەن سۆز بولۇپ، ئەمەلىي ئاقىۋىتى بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا، مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئادەملەر يوقىلاڭ «تروتسكىي سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھى» غا كىرىپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى تۈرمىلەرگە تاشلانغانىدى. ئىسپانىيىدىكى تروتسكىچىلارنىڭ زور بىر قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ «تازىلاش» لىرىدىن قۇتۇلالمىغانىدى.

1937 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ۋاڭ مىڭ تروتسكىزم مەسىلىسىنى تەكرار ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى بىر دوكلاتىدا تروتسكىي ئىدىيىسىنى ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈن تەنقىد قىلىپ، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئىچىدىكى «ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر» تروتسكىچىلارنىڭ سەپىنىگە پىلىڭ پاپىلىشىۋالدى دەپ ئەيىبلىدى. دوكلات باشلىنىش بىلەنلا: ھازىرقى ۋەزىيەتتىكى ئەڭ زور خەۋپ دۈشمەن كۈچلۈك بىز ئاجىزلىق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ياپونىيىنىڭ «جۇڭگولۇقلاردىن پايدىلىنىپ جۇڭگونى باشقۇرۇش، خائىن… تروتسكىچىلارنى كۈشكۈرتۈپ» مىللىي بىرلىك سەپكە بۆلگۈنچىلىك سېلىش قەستىدە بولۇشى» دىن ئىبارەت دەپ كېسىپ ئېيتىلغانىدى. كېيىندىنلا ئۇ تروتسكىچىلارنىڭ تەشەببۇسلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى؛ بىرىنچى،

گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ھەمكارلىقىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىغا سەل قاراش؛ ئىككىنچى، «ياپونغا قارشى تۇرۇش ھەممىدىن بۈيۈك، ھەممە ياپونغا قارشى تۇرۇشقا بويسۇنۇش كېرەك» دېگەن تەشەببۇسنى ئىنكار قىلىش؛ ئۈچىنچى، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئارىسىدا سۈركىلىش پەيدا قىلىپ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇش؛ تۆتىنچى، گومىنداڭ ئىچىدە كوممۇنىزمغا قارشى فاشىستلار بار دەپ قاراش؛ بەشىنچى، كوممۇنىستىك پارتىيە ياپونغا قارشى تۇرۇش ئارقىلىق جۇڭگو ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالىدۇ، دەيدىغان ئىدىيىنى تارقىتىش؛ ۋاڭ مىڭ بۇ «تروتسكىچىلارنىڭ تەشەببۇس»لىرىنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق تىغ ئۇچىنى ئىنتايىن روشەنكى، ماۋ زېدۇڭغا قاراتقانىدى، ناۋادا ۋاڭ مىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆزىنى تروتسكىچى دېمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا، ھېچ بولمىغاندا ئۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ نۇرغۇن تەشەببۇسلىرى تروتسكىزمنىڭ تەشەببۇسلىرى دېگەنىدى.

ئەمەلىيەتتە، ماۋ زېدۇڭ بىلەن تروتسكىينىڭ بۇ مەزگىلدىكى نۇرغۇن كۆز قاراشلىرى بىردەك ئىدى. 1937 - يىلى 7 - ئايدا تروتسكىي بىر پارچە باھا ئېلان قىلىپ تەكىتلەپ مۇنداق دېگەنىدى: جۇڭگو ئىنقىلابچىلىرى جياڭ جيېشىنى ياپونغا قارشى داھىي سۈپىتىدە ئاۋامىلىق قوللاۋەرمەي، ئۇنىڭ پۈتۈن مىللەتنى ياپونغا قارشى سەپەرۋەر قىلىش جەھەتتىكى مەغلۇبىيىتىنى ئەيىبلىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە، تروتسكىي، جۇڭگو ئىنقىلابچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتەلەيدۇ، جياڭ جيېشىنى يوقىتىپ، ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ ھەمدە جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، دەپ قارايتتى. تروتسكىينىڭ ماۋ زېدۇڭغا ئوخشىمايدىغان يېرى پەقەت ئۇ شەھەر پرولېتارىياتىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئاساسى

قىلاتتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىتائەتمەن قورالىغا ئايلىنىپ قالدى دەپ قارايتتى. ماۋ زېدۇڭ بولسا ئۇنداق قارىمايتتى. لېكىن، ھەجۋىرلىك يېرى شۇ ئىدىكى، تروتسكى بىلەن ماۋ زېدۇڭمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ئالقىنىغا ئېلىۋالسا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، كەلگۈسىدە ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاساس يارىتىۋېلىشىغا توسقۇنلۇق بولىدۇ دەپ قارايتتى.

12 - ئايدىكى يىغىندا، ۋاڭ مىڭ «تروتىسكىچىلار» نىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە سىڭىپ كىرگەنلىكىنى توغرىسىدا ئىككى تىپىك مىسال كەلتۈردى. بۇنىڭ بىرىنچىسى، جياڭ ۋېيتيەننىڭ پارتىيىنىڭ باش شۇجىسى بولغانلىقى، بۇ نۇقتىمىنى يۇقىرىدا مۇھاكىمە قىلغانىدۇق. ئىككىنچىسى، چېن دۇشيۇنى پارتىيىگە قايتا قوبۇل قىلماقچى بولۇش، بۇ نۇقتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى ئەسلەپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

1927 - يىلىدىن بۇرۇن، چېن دۇشيۇ ئىزچىل ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ داھىيسى بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇ 1929 - يىلى پارتىيىدىن چىقىرىلغاندىن كېيىن تروتسكىچىلار تەشكىلاتىنى قۇردى، 1932 - يىلى 10 - ئايدا گومىنداڭ تۈرمىسىگە قامالدى، 1937 - يىلى 8 - ئايدا گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە بىرلىك سەپ قۇرغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سىياسىي جىنايەتچىلەرگە كەڭ كۆلەمدە كەچۈرۈم ئېلان قىلغاندا، چېن دۇشيۇمۇ تۈرمىدىن بوشاپ چىققانىدى. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، مەشھۇر زىيالىي ۋە ئىنقىلاب داھىيسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنىلا ئەتىۋارلىق ئىدى؛ ئۇنىڭ ئاتاق - ئابرويى بىلەن گەپ - سۆزلىرى يەنىلا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى بىلەن دىققىتىنى قوزغايتتى. چېن

دۇشيۇ تۇرمىدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي جياڭ جيېشى ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن قارشىلىشىدىغان بىر «يېڭى كوممۇنىستىك پارتىيە» قۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن چېن دۇشيۇ جياڭ جيېشىنىڭ بۇ دەۋىتىنى رەت قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چېن دۇشيۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا خەت يېزىپ، ياپونغا قارشى بىرلىكسەپنى «قەتئىي قوللايدىغان» لىقىنى، پارتىيىگە يېڭىباشتىن خىزمەت قىلىش» نى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. سىياسىي بيۇرو بىلەن ماۋ زېدۇڭ چېن دۇشيۇنىڭ تەلىپىنى ئويلىشىپ، مۇزاكىرە ئارقىلىق «ياپونغا قارشى بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ئۈچۈن» ئالاھىدە شەرت ئاستىدا چېن دۇشيۇنىڭ پارتىيىگە قايتىدىن كىرىشىنى قارشى ئېلىشنى قارار قىلغانىدى. بۇ ئالاھىدە شەرتلەر ئۈچ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ماۋ زېدۇڭ ۋە جياڭ ۋېنتيەن بەرگەن تېلېگراممىدا چېن دۇشيۇغا ئېيتىلغانىدى. چېن دۇشيۇ تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جاۋاب خېتىدە ئۆزىنىڭ يەتتە نۇقتىلىق پىلانىنى ئەۋەتتى. سىياسىي بيۇرو بۇ يەتتە تەشەببۇسنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، چېن دۇشيۇنىڭ مەيدانى ئاساسەن مەركەزنىڭ مەيدانى بىلەن بىردەك ئىكەن دەپ ھېسابلىدى ھەمدە چېن دۇشيۇ بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن جۇ ئېنلەي بىلەن دۇڭ بىۋۇنى ۋۇخەنگە ئەۋەتتى. ۋاڭ مىڭ ۋۇخەنگە قايتقان چاغدا بۇ سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانىدى.

بىز كەينىمىزگە يېنىپ سىياسىي بيۇرونىڭ 12 - ئايدىكى يىغىنىنى داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىمىز. يىغىندا، ۋاڭ مىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ چېن دۇشيۇنىڭ يەنئەنگە بېرىش تەشەببۇسىغا قوشۇلغانلىقىغا قەتئىي قارشى چىقتى ھەمدە چېن دۇشيۇ بىلەن داۋاملىق سۆھبەتلىشىشنى قارىلىدى، ئۇ: چېن دۇشيۇ ياپونىيىنىڭ گوماشتىسى، «خائىن» ، جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسى مەيلى قانداق بولمىسۇن چېن دۇشيۇ ۋە باشقا تروتسكىچىلار بىلەن ھەمكارلاشماسلىقى كېرەك، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى «كوممۇنىزمغا قارشى» جىياڭ جىيېشىنىڭ «ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىملىرى» بىلەن ھەمكارلىششى كېرەككى، ئەمما تروتسكىچىلار بىلەن زادىلا ئۇچراشماسلىقى كېرەك دەپ كېسىپ ئېيتتى.

ۋاڭ مىڭ يەنە جېن دۇشيۇنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە «سىڭىپ» كىرىشى ئۈستىدە توختىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ تازىلاش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى ھەققىدە داۋراڭ سالدى. ئۇ ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلگىرى تۆھپە قوشقان ئىنتايىن نۇرغۇن كىشىلەرنى پارتىيىدىن تازىلىۋەتتى. ئۆتكەنكى تۆھپە پەقەت ئۆتكەنكىنىلا چۈشەندۈرىدۇ، ئۇ ھازىرقى جىنايەتنى يەڭگىللىتىشنىڭ باھانىسى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ستالىن ئېلىپ بېرىۋاتقان تازىلاش لېنىنىزمنى ئىجادچانلىق بىلەن راۋاجلاندۇرغانلىق، شۇنداقلا ئۇنىڭ تالانتىنىڭ ئىنكاسى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تروتسكىچىلارغا قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئەگەر نۇرغۇن تروتسكىچىلار سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (ب) پارتىيىسىگە كىرىۋالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالامدۇ؟ ئەلۋەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ۋاڭ مىڭ مۇنداق دېدى: ھازىر يەنىلا ئىنتايىن كۆپ تروتسكىچىلار ۋە پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇرلار پارتىيە ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ، بۇنداق كىشىلەرگە قارشى كۈرەش يەنىلا ئۆتكۈر، ئۇزۇل - كېسىل بولمايۋاتىدۇ.

خۇددى جۇڭگونىڭ بىر تارىخچىسى ئېيتقاندەك، ۋاڭ مىڭنىڭ چېن دۇشيۇغا قىلغان ھۇجۇمى قىزىم ساڭا ئېيتاي كېلىنىم سەن ئاڭلا دېگەندەك دارىتما بولۇپ، ئۇ شۇ ئارقىلىق

ماۋ زېدۇڭنى يوقاتماقچىدى. ۋاڭ مىڭ تروتسكىچىلارغا قارشى كۈرەش قوزغىغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چېن دۇشيۇ بىلەن سۆھبەتلىشىشنى توختاتتى، سىنونىڭ «غەربكە ساياھەت» دېگەن كىتابىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ماۋ زېدۇڭنىڭ شەخسەن ئۆزى قىسقارتىۋەتكەنىدى. چۈنكى، بۇ كىتابتا ماۋ زېدۇڭ چېن دۇشيۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى سىياسىي تەسىرى بىلەن سالاھىيىتىنى تەن ئالغانىدى، بۇ ۋاڭ مىڭنىڭ قارىشىچە، شەك - شۈبھىسىزكى، ناپسەت نەرسىلەر ئىدى.

1938 - يىلىنىڭ دەسلىپىدە، ۋاڭ مىڭ قوزغىغان تروتسكىچىلارغا قارشى كۈرەش كۈچىيىپ كەتتى. بۇ چاغدا، كاڭ شېڭ مەركىزىي سىياسىي مۇداپىئە بيۇروسىنى باشقۇراتتى، بۇ بيۇرو سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تەڭ بولۇپ، ھوقۇقى ھەقىقەتەن چوڭ ئىدى. كاڭ شېڭ «ئازادلىق ھەپتىلىك گېزىتى» ۋە «شىنخۇا گېزىتى» دە بىر قاتار ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، چېن دۇشيۇنى ھەرقايسى جايلاردىكى تروتسكىچى - فاشىست سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھىنىڭ سەردارى دەپ ئەيىبلىدى. كاڭ شېڭ: چېن دۇشيۇ « 8 - ئارمىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىلىرىنى ئۆلتۈرۈش» نى قەستلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالماقچى بولدى، ئۇ قارىماققا ئاكتىپ، قىياپەتتە، ياپونغا قارشى بايراقنى كۆتۈرۈۋالغان بىلەن يەڭ ئىچىدە ياپونلۇقلارنىڭ «نەپەقە» سىنى ئالىدۇ، ئۇ ياپونىيىنىڭ بىلىم ساھەسىدىكىلەر بىلەن ئىنتايىن قويۇق ئالاقىدە، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھەمكارلىقىغا تۆرلۈك يوللار بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، دېدى. تروتسكىچىلار گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ دېگەن قاراشنى كۆزدە تۇتۇپ، كاڭ شېڭ

«ئازادلىق ھەپتىلىك گېزىتى» گە يازغان ماقالىسىدە ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ھەربىر ئادەم ئۆز مەيدانىنى مۇستەھكەملىشى كېرەك. ياپونغا قارشى ئۇرۇش ھەممىدىن ئەلا، تروتسكىچى بۆلگۈنچىلەرنىڭ تەشۋىقاتىغا ئالدىنىپ كەتمەڭلار».

قىسقىسى، ۋاڭ مىڭ، كاڭ شېڭلار: تروتسكىچىلارنىڭ تەشەببۇسلىرى پارتىيە ئىچىدە ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ھەتتا لوچۇەن يىغىنىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىمۇ تروتسكىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھازىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە سىڭىپ كىرىش ھەمدە 8-ئارمىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان، چوڭ تازىلاشتىن ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا كىروۋ ۋە ستالىننى ئۆلتۈرمەكچى بولغان سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. چېن دۇشيۇغىمۇ جان كىرىپ قالدى، لېكىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىرىنىڭ پوزىتسىيىسى ھېلىمۇ مۇجمەل بولۇۋاتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمەلىيىتى، شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، بۇنداق مۇجمەللىكلەر خەلقنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ. دەپ جەزملەشتۈردى. ۋاڭ مىڭ مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىنىمۇ تازىلاش، تروتسكىچىلارغا قارشى كۈرەشنى چىڭ تۇتۇش، تروتسكىچىلارنى تازىلاش، تروتسكىچىلار ئىدىيىسىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇش لازىم.

ئەمەلىي ئۈنۈمىدىن قارىغاندا، چېن دۇشيۇغا ئالاقىدار بولغان بۇ قىستۇرمىنىڭ بەلكىم ماۋ زېدۇڭغا ياردىمى تەگكەن بولۇشى مۇمكىن. چېن دۇشيۇ ئابروي - ئىناۋەتلىك ئادەم بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى

ئۇ ھەقتە ئىنچىكە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇنى يەنىلا پارتىيىنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشالايدۇ دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاڭ مىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كەلگەنلىكتىن پارتىيىنىڭ قارارى مەجبۇرىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇ ۋاڭ مىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلى ئىدى، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلىدى — يەنى ئۇنىڭ چاۋسى چىنقا يېپىلدى. ماۋ زېدۇڭ بولسا، يىراقنى ئويلايدىغان ستراتېگىيىچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشكە باشلىغانىدى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭنىڭ تەڭداشسىز سىياسىي ئۇسۇللار ئارقىلىق قىلغان ئۇرۇنۇشلىرى پەيدىنپەي ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلغىلى تۇردى، چېن دۇشيۇغا قارشى ھەرىكەتنىڭ ۋاڭ مىڭدىن ئىبارەت بۇ قوزغىغۇچىسى ئاخىرى ئۆزىنىڭ نەچچە ئايدىن بۇيان قاراپ تۇرۇپلا چېن دۇشيۇنىڭ «ئوڭچىل تەسلىمچىلىك لۇشيەنى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن روھىي ئامىللار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بەزى رەھبەرلىرىنى ماۋ زېدۇڭنى قوللاشقا مەجبۇر قىلدى. ۋاڭ مىڭ، كاڭ شېڭلار ستالىننىڭ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئەنزىسىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىچىدىكى كۆرەشكە ئەكىرمەكچىدى، لېكىن پارتىيە ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى چوڭ تازىلاشنىڭ خاراكتېرى بىلەن دائىرىسىنى چۈشىنەتتى. ئۇلار بۇ خىل ئۇسۇلغا بولغان ئەندىشىسىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، ۋاڭ مىڭنى ھۇرمەتلەپلا قوياتتىيۇ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايتتى. جاڭ گوتاۋ: ئەگەر ستالىننىڭ «دەھشەتلىك ئۇسۇلى» قوللىنىلىدىغان بولسا ئۇ ھالدا ۋاڭ مىڭ كىمنى «تروتسكىچى» دېسە شۇ «تازىلىنىدۇ»، دەپ ھېسابلايتتى. جاڭ گوتاۋ گەرچە ۋاڭ مىڭنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىغا قوشۇلسىمۇ، لېكىن يەنىلا

سەل - پەل ئېھتىياتسىزلىق قىلساملا ۋاڭ مىڭ مېنى يوقىتىۋېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئېتىشقا رازى ئىدىكى، ۋاڭ مىڭغا ياردەم بېرىشكە رازى ئەمەس ئىدى. بۇنداق كۆز قاراشتىكى ئادەملەر پارتىيە ئىچىدە ئېھتىمال يالغۇز جاڭ گوتاۋلا ئەمەس ئىدى. بۇنداق كۈچلۈك ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئېڭى، پارتىيىنىڭ بەزى رەھبەرلىرىنى شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر - ئىككى يىل ئىچىدە، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەتراپىغا يېڭىباشتىن ئۇيۇشۇپ، ۋاڭ مىڭنىڭ تەشەببۇسلىرىنى رەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

## 6. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىككى رەھبىرىنىڭ جەنۇبىي شىمالدا زور كۈچ سىنىشىشى

1937 - يىلىدىكى يىغىن يەنە ۋاڭ مىڭنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چاڭجياڭ بيۇروسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەپ ۋۇخەنگە ئەۋەتىشنى، جۇ ئېنلەي، بوگۇلارنىڭ ۋاڭ مىڭنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىدىغانلىقىنى قارار قىلدى. بۇ ئورۇن ئۇنىڭ گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ھەمكارلىقىدىن ئىبارەت فاڭجېننى يۈرگۈزۈشكە ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى. ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن، مەركەز يەنىلا يەنئەندە بولغاچقا ۋۇخەندە تۇرۇۋاتقان ۋاڭ مىڭغا ئارىلىق يىراقلىق قىلاتتى، پۈتۈن پارتىيىنى بىۋاسىتە تىزگىنلەپ تۇرۇش بىئەپ ئىدى.

ئەمدى قارىغاندا، كېيىنكىسى تېخىمۇ مۇھىم ئىدى. ۋاڭ مىڭنى ۋۇخەنگە ئورۇنلاشتۇرۇش بەلكىم ماۋ زېدۇڭنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى غەلىبىسىنىڭ بەلگىسى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ۋاڭ مىڭ خىزمەت تاپشۇرۇۋالغان چاغدا بۇنى ئاڭقىرىپ

يەتمىگەندى.

ماۋ زېدۇڭ يەنئەندە ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى داۋاملىق يۈرگۈزدى، ۋاڭ مىڭ ۋۇخەندە ماۋ زېدۇڭغا داۋاملىق قارشى تۇردى. ۋۇخەنگە بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ۋاڭ مىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ دۈشمەن ئارقا سېپىدە ئىنقىلابىي كۈچلەرنى كېڭەيتىش دېگەن فاڭجېنىغا بىۋاسىتە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 1938 - يىلى 1 - ئايدا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ شىمالىي جۇڭگودىكى ۋەكىلى بىر چېگرا رايون ھۆكۈمىتىنى قۇردى، بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۈشمەن ئارقا سېپىدە قۇرغان تۇنجى «يېڭى تىپتىكى دېموكراتىك ھاكىمىيىتى» ئىدى. يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ «ۋاقىتلىق مەمۇرىي كومىتېتى» خىتابنامە ئېلان قىلىپ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە جياڭ جيېشى بىلەن يەن شىسەنگە تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

ۋاڭ مىڭ بۇنىڭغا دەرھاللا ئىنكاس بىلدۈردى، ئۇ: بۇ ھەرىكەت قارىمىلىق بىلەن قىلىنغان ئىغۋاگەرلىك ھەرىكەت دەپ ھېسابلىدى. 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىي بيۇروسىغا سۆز - ئىبارىلىرى قاتتىق بولغان بىر پارچە تېلېگراممىا يوللاپ، يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇش ھەرىكىتىنى ئەيىبلىدى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەندى: ئەگەر سىياسىي بيۇرو گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلغانىكەن، ئۇ ھالدا، يېڭى ھۆكۈمەت ئاپپاراتىنى بۇنداق بىر تەرەپلىمە قۇرۇش، ئالىقاچان ۋۇجۇدقا چىقىپ بولغان پاكىتنى جياڭ جيېشىنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ قويىدۇ - دە، بۇنىڭ نەتىجىسى پەقەت بىرلىك سەپنى بۇزۇشلا بولىدۇ، خالاس. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پەقەت جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى يول قويغان شارائىت ئاستىدىلا يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇشى كېرەك.

ۋاڭ مىڭ گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە بىرلىككە

كەلگەن رايوندا تارقىتىلىدىغان كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تۇنجى گېزىتى «شىنخۇا گېزىتى» دىن پايدىلىنىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ زادىكال لۇشيەنىگە ھۇجۇم قىلدى. ۋاڭ مىڭ «شىنخۇا گېزىتى» گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى بولغاچقا، 1938 - يىل 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن باشلاپ، بۇ گېزىت بەزى مۇھىم مەسىلىلەردە ۋاڭ مىڭنىڭ لۇشيەنىنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى پارتىزانلىق ئۇرۇشى بىلەن مۇنتىزىم ئۇرۇشنىڭ قايسىسىنىڭ ياخشى، قايسىسىنىڭ ناچارلىقى ھەققىدىكى مۇھاكىمە بولدى. «شىنخۇا گېزىتى» ئىنتايىن زور سەھىپە ئاجرىتىپ، ئىنتايىن كۆپ ماقالىلەرنى زېرىكمەي - تېرىكمەي ئېلان قىلىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى ستراتېگىيىسىنى ئىنكار قىلدى، ئەمما ۋاڭ مىڭ: قوماندانلىقنى، تەمىناتنى، قورال - ياراغنى، تەرتىپ - ئىنتىزامنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى مۇراجىئەت قىلىدىغان ئارمىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى.

1938 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يەنئەندە سىياسىي بيۇرونىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، ئاساسەن ۋاڭ مىڭنىڭ تەلىپى بويىچە، نۆۋەتتىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى بىلەن «7 - قۇرۇلتاي» غا تەييارلىق كۆرۈش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى. يىغىنغا قاتناشقان سەككىز ئادەمنىڭ ئىچىدە پەقەت جاڭ ۋېنتيەن بىلەن رېن بىشىلا ماۋ زېدۇڭنى قەتئىي قوللاپ، ۋاڭ مىڭغا قارشى تۇردى. ۋاڭ مىڭ يىغىندا «ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى بىلەن ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى قانداق داۋاملاشتۇرۇش ۋە ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا ئۇزۇن دوكلات بېرىپ، ماۋ زېدۇڭنى قاتتىق ئەيىبلىدى. ھەربىي ستراتېگىيە ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇ.

«ھەرىكەتچان ئۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، قارار گاھ ئۇرۇشىنى ماسلاشتۇرۇش، پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قوشۇمچە قىلىش» تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى بەلگىلەش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك يۈرگۈزۈشى؛ ۋۇخەندەك بۇنداق چوڭ شەھەرنى «پارتىزانلىق ئۇرۇشى ماسلاشتۇرۇلغان ھەرىكەتچان ئۇرۇشقا قارارگاھ ئۇرۇشىنى يانداشتۇرۇش ئۇسۇلى» نى قوللىنىش ئارقىلىق مۇداپىئە قىلىش كېرەك دەپ تەكىتلىدى. ۋاڭ مىڭ دوكلاتىدا: ھازىرقى باسقۇچتا ۋۇخەننى مۇداپىئە قىلىش مېغىزلىق مەسىلە، مۇمكىنچىلىكى بولغان بارلىق كۈچلەرنى قوزغىتىپ بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسى جياڭ جيېشىنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى، ۋاڭ مىڭ بىرلىك سەپنىڭ ئالاقىدار ھۆكۈمەت شەكلىگە توختالغاندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دائىرىلەرنىڭ رازىلىقىنى ئالمايلا يېڭى ھۆكۈمەت قۇرغانلىقىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭدىن ئاشقىرى، دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايونلار قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن بارلىق مەمۇرىي خادىملار گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىر تۇتاش تەيىنلىنىدۇ، دېدى. ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش توغرىسىدا ۋاڭ مىڭ مۇنداق دېدى: «ئۇلارنى خىزمەت قىلىۋاتقان يېرى بىلەن تۇرۇۋاتقان رايونى» بويىچە تەشكىللەش كېرەك، يەنى بۇ، شەھەر ئاھالىسىنى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئېيتقىنى بويىچە يېزىلارغا ئەۋەتكىلى بولمايدۇ، ھازىر بار بولغان ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەككى، يېڭى تەشكىلاتلارنى قۇرۇشقا بولمايدۇ ھەمدە بۇ ئاممىۋى تەشكىلاتلار ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى، ئۆزلىرىنى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا تىزىملىتىشى لازىم. گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە بىرلىككە كەلگەن رايوندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى

قانۇنى شەكىل ئارقىلىق ئاشكارا پائالىيەت قىلىشى كېرەك، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ نىشانى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە «ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە ياردەم بېرىش» دېگەنلىك ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، ۋاڭ مىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ لۇشيەنىنى «خاتا» ھالدا دېھقانلار تەركىبى ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن ۋە سەۋىيىسى تۆۋەنرەك دەپ يەكۈنلىدى. ۋاڭ مىڭ بۇ كەمچىلىكلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تېخىمۇ پرولېتارلىشىش، ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا مۇراجىئەت قىلدى.

ۋاڭ مىڭنىڭ فېۋرالدىكى دوكلاتى ماۋ زېدۇڭنىڭ تاغلىق جايلاردا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش ستراتېگىيىسىنى يۈرگۈزۈشكە ئىنتايىن زور توسالغۇ بولدى ۋە دۈشمەن ئارقا سەپىدىكى كەڭ يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدا كوممۇنىستىك پارتىيە كۈچلىرىنى كېڭەيتىشكىمۇ پايدىسىز بولدى. ۋاڭ مىڭ پارتىيە ئۆزىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئاساسى زېھنى كۈچىنى يېڭىباشتىن شەھەرلەرگە قارىتىشى كېرەك، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. گەرچە ئۇ دوكلاتىدا ماۋ زېدۇڭنىڭ ھوقۇقىغا بىۋاسىتە خىرىس قىلمىغان بولسىمۇ لېكىن روشەن بېشارەت بېرىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ ماركسىزم، لېنىنىزمغا بولغان چۈشەنچىسى كەمچىل، پارتىيىنىڭ داھىيلىق ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، دېدى.

فېۋرال يىغىنىدا، ۋاڭ مىڭ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى پۇختادىن چىققۇدەك بايان قىلىۋالغان بولسىمۇ لېكىن سىياسىي تاكتىكا بىلەن ئەسلى تاكتىكىدا غەلىبە قازانغان يەنىلا ماۋ زېدۇڭ بولدى. ماۋ زېدۇڭ، جياڭ ۋېنتيەن ۋە رېن بىشىلار قارشى تۇرغانلىقتىن ۋاڭ مىڭنىڭ دوكلاتى ئاۋازغا قويۇلمىدى، رەسمىي رەۋىشتە

قوبۇلمۇ قىلىنمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يىغىنىدىن ھېچقانداق «يەكۇن» ياكى ھېچقانداق «خۇلاسە» مۇ چىقىرىلمىدى.

فېۋرال يىغىنىدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن چاڭجياڭ بيۇروسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ بارغانسېرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. ماۋ زېدۇڭ ياپونغا قارشى تايانچ بازىلارنى كېڭەيتىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە باشلىدى، ۋاڭ مىڭ ۋەتەنگە قايتقاندىن ئېتىبارەن بۇ جەريان روشەن ھالدا ئاستىلاپ قالغانىدى. 2 ـ، 3 ـ ئايلاردا، يېڭى 4 ـ ئارمىيىنىڭ تارماق ئەترىتى خۇبېي ئۆلكىسى بىلەن ئەنخۇي ئۆلكىسى چېگرىلىنىشىدىغان رايونغا ئەۋەتىلدى. 3 ـ، 4ـ ئايلاردا، بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى تارماق ئەترەت چاڭجياڭ دەرياسى بىلەن جەنۇبىي ئەنخۇي ئارىلىقىغا ئەۋەتىلدى. 5 ـ ئايدا، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يېڭى 4 ـ ئارمىيىگە شەرق ۋە شىمالغا كېڭىيىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. 6 ـ، 7 ـ ئايلارغا كەلگەندە، يېڭى 4 ـ ئارمىيە جياڭسۇ ئۆلكىسى بىلەن شىمالىي ئەنخۇيغا ئىچكىرىلەپ كىردى. بۇ رايونلار، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئارمىيىسىگە بەلگىلەپ بەرگەن پائالىيەت دائىرىسىگە تەۋە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ھەرىكەتلەر يەنە ئەسكەر مەنبەسىنى تولۇقلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى گومىنداڭ بەلگىلەپ بەرگەن 20 مىڭدىن خېلىلا ئاشۇرۇۋەتتى.

ۋۇخەندە، ۋاڭ مىڭمۇ ئۆزىنىڭ لۇشيەنىنى بۇرۇنقىدەكلا يۈرگۈزۈۋەردى، ھەتتا سەل ـ پەل ئاشۇرۇۋېتىۋەتتى. 3 ـ ئايدا، ۋاڭ مىڭ ۋۇخەندە گومىنداڭنىڭ ۋاقىتلىق قۇرۇلتىيىنى ئېچىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ھۆكۈمەتكە كىرگۈزمەكچى بولدى، لېكىن ئىشتىن بۇرۇن مەركىزىي كومىتېت سىياسىي

بيۇروسىنىڭ ماقۇللۇقى ئېلىنمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ۋاڭ مىڭ گومىنداڭغا تەكلىپ بېرىش بىلەن بىللە، تەكلىپنىڭ كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسىنى سىياسىي بيۇروغىمۇ ئەۋەتكەنىدى. سىياسىي بيۇرو بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مۇزاكىرە ئارقىلىق ۋاڭ مىڭنىڭ تەشەببۇسىنى رەت قىلدى ھەمدە ۋاڭ مىڭغا نىيىتىدىن يېنىش توغرىسىدا تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق بېرىشنى قارار قىلدى. ۋاڭ مىڭ يەنئەنگە جاۋاب بېرىپ: سىياسىي بيۇرونىڭ قارارى بەكمۇ كېچىكىپ تەگدى، مەن پىلانىمنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئاللىقاچان تاپشۇرۇپ بولدۇم دەپ ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشنى رەت قىلدى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن سىياسىي بيۇرونىڭ بۇ قارارىنى ئاشكارا قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمى بىلەن گومىنداڭ ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە ئارىسىدىمۇ ياخشى تەسىر پەيدا قىلمايتتى. شۇنىڭ بىلەن 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ۋاڭ مىڭ چاڭجياڭ بيۇروسىدا تىزگىنلەپ تۇرغان «ئاۋام» ژۇرنىلىدا، ئۇنىڭ 2 - ئايدا سىياسىي بيۇرو يىغىنىغا بەرگەن دوكلاتى بېسىلىپ چىقتى ۋە ئۇنى سىياسىي بيۇرو چىقارغان «خۇلاسە» دەۋالدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشمۇ مەركەزنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەنىدى.

ۋاڭ مىڭ ۋۇخەننى بېسىپ يېتىپ، پارتىيىنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامىنى بارغانسېرى كۆزگە ئىلماي كېتىۋاتقان مەزگىللەردە، ماۋ زېدۇڭنىڭ قولىدىكى ھوقۇقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيمەكتە ئىدى. 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جاڭ گوتاۋ چىڭچەك- چوكان ئايىمىدە گومىنداڭ باشچىلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن پادىشاھنىڭ قەبرىسىنى سۈپۈرۈش مۇراسىمىغا قاتنىشىۋېتىپ ئاسىيلىق قىلىپ قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن سىياسىي بيۇرودا ماۋ زېدۇڭنىڭ بىر رەقىبى كېمەيدى. شۇنداقلا، ماۋ زېدۇڭنىڭ پارتىيە ئىچىدە ئوڭچىل خەۋپىنى تۈگىتىشتىكى كۈچى نىسپىي

ھالدا كۆپەيدى، ۋاڭ مىڭ بولسا بىر قوللىغۇچىسىدىن ئايرىلدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سەركەردىلىرى ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەربىي لۇشيەنىنىڭ ئىستىقبالىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە پارلاقلىقىنى، ۋاڭ مىڭ لۇشيەنىنىڭ بولسا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئاڭقىرىشقا باشلىغانىدى. قىسقىسى، سىياسىي بيۇرودىكى قەتئىي ئىنقىلابچىلار بارا - بارا شۇنى ئېنىق كۆرۈپ يەتكەنىدى: ماۋ زېدۇڭنىڭ ستراتېگىيىسى ئەڭ ئاخىرىدا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرەلەيدۇ، ۋاڭ مىڭنىڭ ستراتېگىيىلىك مۇددىئاسى بولسا پەقەتلا سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغداش ئىدى.

1938 - يىلى 5 - ئايدا، ماۋ زېدۇڭ ۋاڭ مىڭغا رەددىيە بېرىش يۈزىسىدىن، ئىككى پارچە ئۇزۇن ماقالە ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىرى «ياپونغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك مەسىلىسى»، يەنە بىرى «ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا». «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ ئالدىنقى ماقالىگە بەرگەن ئىزاھاتىدا: بۇ ماقالە ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى «پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك رولىنى كەمسىتىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۈمىدىنى مۇنتىزىم ئۇرۇشقا بولۇپمۇ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا باغلايدۇ» دېيىلگەن. ماۋ زېدۇڭ «ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» نى يېزىپ بولغاندا سىياسىي بيۇرو ۋاڭ مىڭغا بۇ ماقالىنى «شىنخۇا گېزىتى» گە بېسىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋاڭ مىڭ ماقالە بەك ئۇزۇن ئىكەن دەپ باھانە كۆرسەتكەچكە، سىياسىي بيۇرو ئۇنىڭدىن ھەربىر سانغا ئۇلاپ بېسىشنى تەلەپ قىلدى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشى ستراتېگىيىسىنى ئەر - ئايال، قېرى ياشنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك بىلەتتى، ئۇنى مۇنداق بىر نەچچە جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى ئاساسىي ۋەزىپە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى بىلەن تايانچ بازىلارنىڭ دائىرىسىنى بەرپا قىلىش، مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، تايانچ بازىلار بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇرۇش ئىككىنچى باسقۇچقا كىرىدۇ، بۇ باسقۇچتا دۈشمەنگە كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىغىلى بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، ئىنقىلابىي كۈچلەر زورايغان چاغدا دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى يەككە - يېگانە شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى قايتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. بۇ بىر ئاقىلانە ئالدىن كۆرەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئالدىن كۆرەرلىكنى ئاسان چۈشەنگىلى بولاتتى. ئەمما ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇش ستراتېگىيىسىنى نۇرغۇن ئادەملەر بىلمەيتتى؛ ماۋ زېدۇڭ بىر مەزگىل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا تايانغىلى بولىدۇ دەپ ئىشەنگەن ھەمدە بۇ قاتنىشىش ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭكى ئاچقۇچلۇق ھالقىغا ئايلىنىدۇ دەپ ئۈمىد قىلغانىدى. «ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە ماۋ زېدۇڭ تەھلىل قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: خەلقئارالىق ياردەم ۋە دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ قوللىشى جۇڭگونى ياپونىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ». ماۋ زېدۇڭ دېگەن خەلقئارالىق ياردەم ئەڭ مۇھىمى شەك - شۈبھىسىز ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى كۆرسىتەتتى:

«سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھازىرقى خەلقئارا سىياسىيدا ئىنتايىن مۇھىم ئامىل. بۇ ئامىل مۇقەررەر ھالدا

جۇڭگوغا ئىنتايىن زور قىزغىنلىق بىلەن ياردەم قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم شارائىتلارنى ياراتتى ۋە يارىتىۋاتىدۇ. نۇرغۇن بىۋاستە ياردەملەر ھازىرچە تېخى يوق بولسىمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېلىشى كۈتۈلمەكتە. لېكىن جۇڭگو ئىلغارلىق ۋە چوڭ دۆلەتلىك شەرتىگە ئىگە بولۇپ ئۇرۇشنىڭ ۋاقتىنى كېيىنگە سوزالايدۇ، خەلقئارا ياردەمنىڭ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ ۋە ئۇنى كۈتەلەيدۇ... خەلقئارالىق ياردەم جەھەتتە ھازىرچە تېخى نۇرغۇن ۋە بىۋاستە ياردەم كۆزگە چېلىقمىغان بولسىمۇ لېكىن خەلقئارالىق ۋەزىيەت ئۆتكەنكى ۋەزىيەتكە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، نۇرغۇن ۋە بىۋاستە ياردەم بېرىش غۇلغۇلا قىلىنىۋاتىدۇ...

خۇددى ئىككىنچى بابتا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، 1938 - يىلى 5 - ئايغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونى كەڭ كۆلەملىك ياردەم بىلەن تەمىنلىدى، گومىنداڭغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل بىلەن قورال - ياراغ «ئۆكسۈپ» قالمىدى. ئەمما ماۋزېدۇڭنىڭ كۈتكىنى بۇنداق ياردەم ئەمەس ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 1938 - يىلى كەلگەن «بىۋاستە ۋە كەڭ كۆلەملىك» ياردەم دېگەندە ئاساسەن ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى قوراللىرى كۆزدە تۇتۇلاتتى. ماۋ زېدۇڭ ئۆز كىتابخانىلىرىغا: بۇنداق ياردەم «غۇلغۇلا ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ»، «كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ» دەپ كېپىللىك قىلغانىدى. ياپونىيىنى يېڭىشتىن ئىبارەت يىراق مەنزىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىرلا پەش قېقىپ ئادا - جۇدا بولالمايتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كۈچلىرىنى كېڭەيتىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ماۋ زېدۇڭنىڭ ستراتېگىيىسى يىراقنى كۆرۈشكە باي ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ھەم ئىنقىلابنى قانات يايدۇرۇش، ھەم ياپونغا قارشى تۇرۇشتىكى ئەڭ ئېسىل چارە

ئىدى. لېكىن، موسكۋانىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلۇش ستراتېگىيىسى بىرىنچى باسقۇچتا پەقەت ئىنتايىن چەكلىك ياپونىيە ئارمىيىسىنى يوقىتىش ۋە ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىشتىنلا دېرەك بېرەتتى. گومىنداڭنىڭ ياپونىيىنىڭ ۋۇخەنگە ھۇجۇم قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇشىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىنى ھازىر يەنە بىر قۇر ئەسلەپ باقساقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىش تەسكە چۈشمەيدۇ. موسكۋانىڭ ۋۇخەننى مۇداپىئە قىلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى بىلەن ماۋ زېدۇڭنىڭ 1938 - يىلى يىل ئوتتۇرىسىدا يۇرگۈزگەن ستراتېگىيىسى روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلدى. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو ئىنقىلابى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئوتتۇرىسىدىكى پايدا - زىيان توقۇنۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

## 7. ۋاڭ مىڭ ۋۇخەندە مەغلۇپ بولدى: ستالىننىڭ تاكتىكىسى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى

يۇقىرىقى بابتا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، 1938 - يىلى يىل ئوتتۇرىلىرىدا، ۋۇخەننى مۇداپىئە قىلىش گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ھەمكارلىقىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولغانىدى. ۋۇخەننى مۇداپىئە قىلىش جۇڭگو سوۋېت چېگرىسىدىن يىراق تۇرۇش ھەمدە ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى كۈچلىرى مەركەزلەشكەن مەركىزىي رايوندا ئۇرۇش قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى. بۇ موسكۋاغا ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنى جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىغا سۆرەپ كىرىش پۇرسىتىنى بېرەتتى. ۋۇخەننى مۇداپىئە قىلىش - جۇڭگولۇقلارغا ياپونغا قارشى تۇرۇشتا خۇددى ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ مادرىدنى قوغدىغىنىدىكىگە ئوخشاش بىر خىل ئۇيۇشۇش كۈچىنى مۇ

بېرەتتى. 1936 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان مادرىدنى مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشى ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر چوڭ ھەربىي غەلىبىسى بولۇپ، ئۇ جۇمھۇرىيەت ئارمىيىسىنى بەرپا قىلىش يولىدا كۆرەشنى ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشتۇرۇپ قولايلىق پۇرسەت ياراتتى (مادرىد 1939 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قولدىن كەتكەنىدى). موسكۋا ۋۇخەننىڭمۇ جۇڭگودا مۇشۇنداق رول ئوينىشىنى، شۇنداقلا مادرىدنى قوغداش ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىكىدەك، يېڭى قۇرۇلغان ئىشچى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھىم رول ئوينىشىنىمۇ ئۈمىد قىلاتتى.

1938 ـ يىللىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو «سول» چىلىرىنىڭ نەزەردە مادرىد بىلەن ۋۇخەن ھەيران قالغۇدەك ئوخشاشلىققا ئىگە ئىدى. ۋاڭ مىڭ ئۆز پىلانىدا ۋۇخەننى مۇداپىئە قىلىش ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارىغانىدى. ۋاڭ مىڭ 1938 ـ يىلى سىياسىي بيۇرونىڭ فېۋرال يىغىنىغا بەرگەن دوكلاتىدا جۇڭگونىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ «ئىمكانىيىتى بار ھەننىۋا كۈچلەر» نى سەپەرۋەر قىلىپ ۋۇخەننى مۇداپىئە قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. چۈنكى ۋۇخەن جۇڭگودىكى مادرىد ئىدى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ئەگەر ۋۇخەن قولدىن كەتسە، جۇڭگو ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا چىڭ تۇرغان ھالەتتىمۇ ئوخشاشلا كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزدىن ئايرىلىمىز، بۇ قەستەن سىرلىقلاشتۇرغانلىق ئەمەس، بەلكى بۇ پارتىيىنىڭ كادىرلىرى يۈكسەك ئېتىبار بېرىشكە، پارتىيىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى قول تىقىپ شۇغۇللىنىشقا تېگىشلىك تۈپ خاراكتېرغا ئىگە زور ئىش.

1938 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، دەل ياپون ئارمىيىسى ۋۇخەنگە زور كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقان پەيتتە، ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ نامىدا ۋاڭ مىڭنىڭ چاڭجياڭ بيۇروسىغا تېلېگراما بېرىپ، چاڭجياڭ بيۇروسىغا، بارلىق خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى خۇبېينىڭ شىمالىدىكى

خۇبېي، خۇنەن، ئەنخۇيدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكىنىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئۇستىگە قويۇش، ئوقۇغۇچى، ئىشسىز قالغان ئىشچىلار بىلەن ئىنقىلابىي زىيالىيلارنى يېزىلاردىكى يۇرتلىرىغا قايتۇرۇپ، ئۇ يەرلەردە پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋۇخەندىكى زور كۆپچىلىك كادىرلىرىمۇ يېزا رايونلىرىغا بېرىپ ئۇ يەرلەردە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، پارتىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى؛ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ۋۇخەندىكى خىزمىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ يەنىلا بۇ يولىيورۇق بويىچە ئىش يۈرگۈزۈش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئېنىق يولىيورۇق بەردى. ئەمما بۇ يولىيورۇق بىلەن ۋاڭ مىڭنىڭ ۋۇخەننى مۇداپىئە قىلىش تەشەببۇسى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن توقۇنۇش يۈز بەردى، نەتىجىدە ۋاڭ مىڭ ئۇنى بىر چەتكە چۆرۈۋەتتى.

بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ۋاڭ مىڭ سىياسىي بيۇرونىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەيلا ئۆزىنىڭ ۋۇخەننى مۇداپىئە قىلىش پىلانىنى يەنە ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ۋۇخەننى مۇداپىئە قىلىشنى «ھازىرقى باسقۇچتىكى ستراتېگىيە مەركىزى» قىلىپ، ۋۇخەننىڭ قولدىن كېتىشى دۆلەت ئىچى بىلەن خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ، دەپ جار سالدى. ئۇنىڭ كېپىچە ۋۇخەننى تۇتۇپ تۇرۇش — ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى ساقلاپ تۇرۇش ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىمۇ «ئىنتايىن مۇھىم» ئىدى. ۋۇخەن ياپونلۇقلارنىڭ قولىغا چۈشمىگەن بىردىنبىر ئاساسلىق ئىقتىسادىي مەركەز بولۇپ، ئۇنىڭدا بار سانائەت ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ ستراتېگىيىلىك قايتۇرما ھۇجۇم بازىسىغا ئايلىنىشىغا كۇپايە قىلىدۇ. ۋۇخەندە زور بىر تۈركۈم ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنى بار ھەمدە ئۇ ئۇزۇن مەزگىللىك ئىنقىلابىي كۈرەش تارىخىغا ئىگە شەھەر. ۋۇخەندە 1911 - يىلىدىكى ئىنقىلاب

پارتلىغان، ئۇ 1925 — 1927 - يىللاردىكى ئىنقىلابنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، ۋۇخەن ئەمدى جۇڭگونىڭ مادرىدى» بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى. ئويغانغان ۋۇخەن ئىشچىلىرى ۋە ئاھالىسى، خۇددى ئەسكەرلىرى شەھەرگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن فرانكوغا قارشىلىق كۆرسەتكەن مادرىد ئاھالىسىگە ئوخشاش ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇم قىلىش قەدىمىنى توختىتالايدۇ. جۇڭگو خەلقى بىلەن جۇڭگو ئارمىيىسى ۋۇخەننى تۇتۇپ تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە. بۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن «بارلىق ھەربىي كۈچلەرنى توپلاپ» ۋۇخەننى مۇداپىئە قىلىش كېرەك. شەھەردىكى ئىشچىلار ۋە باشقا تەشكىلاتلار مادرىدتىكىگە ئوخشاش تەشكىللىنىشى ۋە قوراللىنىشى كېرەك، بۇنىڭدىن باشقا، ھازىر باز بولغان ئارمىيە (جۈملىدىن كوممۇنىستىك پارتىيە ئارمىيىسى) دىن ئەڭ سەرخىل خادىملارنى تاللاپ، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ تايانچىلىرى سۈپىتىدە نەچچە ئون يېڭى ۋە يېڭى تىپتىكى قورال - ياراغقا ئىگە قىسىملارنى قۇرۇپ، ياپون ئارمىيىسىنىڭ ۋۇخەنگە قاراتقان ھۇجۇمىنى بۇزۇپ تاشلاش ۋە ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۈچۈن، خېنەن، ئەنخۇيلارغا ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتىش كېرەك. ۋاڭ مىڭ چەت ئەللەرنىڭ تەجرىبىسىنى بولۇپمۇ ياۋروپا ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبىسىنى يەنە بىر قېتىم ئەينەن كۆچۈرۈپ كەلگەنىدى.

ۋاڭ مىڭ بۇ لۇشيەننى چىقىش نۇقتا قىلىپ، سىياسىي بيۇرونىڭ قارارىغا بويسۇنماي، پارتىيىنىڭ كادىرلىرى بىلەن ئاكتىپلىرىنى ئالدىنقى سەپتىن يىراقتىكى يېزىلارغا ئەۋەتىشنى رەت قىلدى. 4 - ئايدا ئۇ يەنە يەنئەندىن ۋۇخەنگە ئەۋەتىلگەن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان ۋەكىلنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ مەخسۇس تەربىيىلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇپ پارتىزانلىق ئۇرۇشى تەربىيىسىنىمۇ ئېلىپ بارمىدى، ئەكسىچە، ئۇ گومىنداڭ تەشكىللىگەن تەربىيىلەش كۇرسىغا ئادەم ئەۋەتتى.

8 ـ ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋۇخەن ئىشچىلار خەلق ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرغانلىقتىن، ۋاڭ مىڭنىڭ لۇشيەنى ئىغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. بۇ خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەش چاڭجياڭ بيۇروسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق نەتىجىسى ئىدى. دۆلەت قانۇنىغا رىئايە قىلىش ئۈچۈن، ۋاڭ مىڭ خەلق ئەسكەرلىرىگە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تىزىمغا ئالدۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشلەتتى، ئەمما ئاخىرىدا شۇنى بايقاپ قالدىكى، ئۇ بۇ يول قويۇشلاردىن كېيىنمۇ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بازىسىنى ساقلاپ قالالمىغانىدى. بۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسلىدىكى ئىككى ھۆكۈمىنى دەلىللەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى: بۇنىڭ بىرى، گومىنداڭنىڭ ماھىيىتى ئەكسىيەتچى، يەنە بىرى، چەت ئەللەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىش جۈملىدىن ئاتالمىش بىرلىك سەپ رەھبەرلىرى — «ئىلغار» بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنلىرىغا قارىغۇلارچە بويسۇنۇش نادانلىق دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

ياپونىيە ئارمىيىسى دېڭىز بويى شەھىرى، گۇاڭجۇ ـ ۋۇخەن تۆمۈريولىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى گۇاڭجۇنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، ۋۇخەننى قورشىغىلى تۇردى. 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى ۋۇخەننى تاشلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ۋۇخەننىڭ قولدىن كېتىشى ياپون ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ھۇجۇمدىن مۇداپىئەگە ئۆتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ۋاڭ مىڭنىڭ 1938 ـ يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە ئوتتۇرا جۇڭگودا مەغلۇپ بولۇشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بۇ يەردە ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، ياپونىيە ۋە ئۇنىڭ جۇڭگودىكى قارانچۇقلىرى بولسا پۇرسەتتىن پايدىلانغانىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋاڭ مىڭنىڭ

تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ۋۇخەننى مۇداپىئە قىلدى، ئەمما پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، گومىنداڭ ۋە ياپونىيىلىكلەردىن بۇرۇن، چاڭجياڭ ۋادىسىدا سىياسىي كۈچلىرىنى كېڭەيتمىدى. 1938 ـ يىلى كۈزگە كەلگەندە، ماۋ زېدۇڭنىڭ لۇشيەنى بويىچە شىمالىي جۇڭگودا بىرنەچچە چوڭ تايانچ بازىلار قۇرۇلۇپ ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ ئاجىزلىقلىرى ۋە ئوڭۇشسىزلىقلىرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلدى. بۇ سۇ بۆلگۈچكە ئايلاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سىياسىي بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋاڭ مىڭدىن ئىبارەت بۇ موسكۋانىڭ خان ئەركىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلماي، ماۋ زېدۇڭنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغان بولدى.

## 8. ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىننىڭ تۇنجى قېتىم مۇرەسسەلىشىشى

زۇنيى يىغىنى تىكلىگەن ماۋ زېدۇڭنىڭ داھىيلىق مەرتىۋىسى ئارىدىن ئۈچ يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاندىن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تەن ئېلىشىغا ئېرىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بۇنداق زور ئۆزگىرىشلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ئىنتايىن كۆپ ئامىللار بولۇپ، ئەڭ مۇھىمى ماۋ زېدۇڭنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ گوماشتىسى ۋاڭ مىڭنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى بولسا كېرەك. 1938 ـ يىلى كۈزگە كەلگەندە، ماۋ زېدۇڭ بىرلا ئىرغىپ ۋاڭ مىڭنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى ـ دە، ۋاڭ مىڭ ماۋ زېدۇڭ بىلەن ئېلگىرىكىدەك تەڭ تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. ماۋ زېدۇڭ سىياسىي بيۇرونىڭ زور كۆپچىلىك ئەزالىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، زور كۆپچىلىك سەركەردىلەرنىڭ ساداقىتىگە نائىل

بولغانىدى. گەرچە ۋاڭ مىڭ قارشى تۇرغان بولسىمۇ لېكىن ماۋ
زېدۇڭ شىمالىي جۇڭگودا ئۆز لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇردى. ماۋ
زېدۇڭ ۋاڭ مىڭنىڭ پارتىيە ئىچىدە تازىلاش ئېلىپ بېرىش ۋە
«7 - قۇرۇلتاي» نى چاقىرىش غەرىزىنى پەيدىنپەي مەغلۇپ
قىلدى. ۋاڭ مىڭ ۋۇخەندىكى مۇھىم ۋەزىپىسىدىن يۆتكىۋېتىلدى
ۋە بارغانسېرى كۆپىنىڭ قارغىش نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى.
شۇنىڭدىن بۇيان، ستالىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە
بولغان ئىلگىرىكى تەسىرىنى يەنىلا ساقلاپ قالىمەن دېسە، ماۋ
زېدۇڭ بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىشىشكە مەجبۇر ئىدى.

ئەمما، ستالىن يەنىلا جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقى
ئارقىلىق ياپونىيە بىلەن قارشىلىشىشنى ئويلايتتى، بۇ ماۋ
زېدۇڭنى قوللاش تۈپەيلىدىن جىياڭ جېيشىدىن يىراقلاشقىلى
بولمايدۇ دېگەنلىك ئىدى. ستالىن شۇنى كۆرۈپ يەتتىكى، ئۇ
ماۋ زېدۇڭدىن پايدىلىنىپ شىمالىي جۇڭگودا پارتىزانلىق
كۈچلەرنى بەرپا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى، ئەمما بۇ
كۈچلەر گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن ۋاز كېچىش پەيدا قىلغان
زىياننى ھەرگىزمۇ تولدۇرالمايتتى. چۈنكى، پارتىزانلىق كۈچلەر
ياپونغا قارشى ئىتتىپاقداش ئارمىيە بولالمايتتى، ماۋ زېدۇڭمۇ
ستالىندىن ئادا - جۇدا بولۇشنى خالىمايتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى
تەقلىدىدىكى «كوممۇنىزم» نىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى كادىرلىرىنىڭ ئىچىدە يەنىلا ئىنتايىن زور تەسىرى بار
ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ستالىن بىلەن بىرىكىلىشىپ قېلىش
تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. ستالىن يەنىلا ماۋ زېدۇڭنى
«تروتسكىچى» دەپ ئاشكارا ئېلان قىلالايتتى، پارتىيە ئىچىدە
ماۋ زېدۇڭغا قارشى ھەرىكەت قوزغىيالايتتى، بولمىدى دېگەندە
بىرمۇنچە پېششىقەدەم كادىرلارنى ئۇنىڭغا سالالايتتى. بۇنىڭدىن
باشقا، ماۋ زېدۇڭ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورال - ياراغ
ياردىمىگە ئېرىشىشنىمۇ ئۈمىد قىلاتتى، ھەتتا ئالاھىدە

ۋاقىتلاردا، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بىۋاسىتە ئەسكەر چىقىرىپ ياپونغا قارشى تۇرۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا ئۇ تەۋەككۇل قىلىشنى خالىمايتتى. بۇ ئامىللار، ماۋ زېدوڭ بىلەن ستالىننىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى تۈنجى قېتىملىق مۇرەسسەلىشىشىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ماۋ زېدوڭنى تەن ئالدى، ئۇ بەرپا قىلغان دېھقانلار ئارمىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ مەدھىيىگە ئېرىشتى. ستالىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن يەنىلا جياڭ جيېشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە سادىق بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، جياڭ جيېشىنى شەك - شۈبھىسىز خالاس قىلماقچى بولدى.

1937 - يىلى يىل بېشىدا، سىياسىي بيۇرونىڭ ئەزاسى ۋاڭ جياشياڭ (كېيىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق تۈنجى باش ئەلچىسى بولدى) داۋالىنىش ئۈچۈن موسكۋاغا باردى. ۋاڭ مىڭ 1937 - يىلى 11 - ئايدا ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، ۋاڭ جياشياڭ ئۇنىڭ ئورنىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولدى. 1937 — 1938 - يىللىرى، ۋاڭ جياشياڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ماۋ زېدوڭنىڭ تەشەببۇسلىرىنى پائال قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى ۋە پائال تەشۋىق قىلدى، بولۇپمۇ «بىرلىك سەپتە ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش»، ۋاڭ مىڭنىڭ تەسلىمچىلىك لۇشيەنىگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنى ماۋ زېدوڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر قىلغان ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى.

1938 - يىلى 4 - ئايدا رېن بىشى موسكۋاغا بېرىپ ۋاڭ جياشياڭنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئو- نالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالدى. رېن بىشى جۇڭگو ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى

مەخسۇس دوكلاتىنى ئىلىپ بېرىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تەستىقلاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ يەنە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالىنىڭ نۇرغۇن ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ماۋ زېدۇڭنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىدى. بەختىگە يارىشا، رېن بىشىنىڭ بىر ياردەمچىسى موسكۋادىكى پائالىيەتلەرنى خاتىرىلەپ تۇرغانىدى، بۇ خاتىرىلەردىن شۇنى كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، رېن بىشى دەسلەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان مەزگىلدە قارشىلىققا ئۇچرىغانىدى. ئۇنىڭ ياردەمچىسى مۇنداق دەپ يازىدۇ:

> «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدىكى ناھايىتى كۆپ ئادەملەر يەنىلا ۋاڭ مىڭنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە ئىشىنىدىكەن، پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىيىتىنى بەكمۇ ئاز بىلىدىكەن. ئۇلار ھەتتا جۇڭگو ئىنقىلابى ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن مەغلۇپ بولدى دەپ قارايدىكەن. ئۇلار پارتىيىمىز چىڭ تۇرغان ياپونغا قارشى ئۇرۇش لۇشيەنىنى تونۇپ چۈشەنمەيدىكەن، ئېچى ۋاڭ مىڭنىڭ لۇشيەنىنى ماركسىزملىق لۇشيەن، ۋاڭ مىڭلا جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى دەپ قارايدىكەن.»

رېن بىشى «بۇنداق مۇجمەل كۆز قاراشتىكىلەر» گە قايىل قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ باردى. ئۇ موسكۋاغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىغا «ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە رەھبەرلىك قىلىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا بىر دوكلات سۇندى. رېن بىشى دوكلاتتا ماۋ زېدۇڭنىڭ 20 ـ يىللار ۋە 30 ـ يىللارنىڭ بېشىدا كەڭ يېزا تايانچ بازىلىرى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئارمىيىسىنى قانداق

قۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ماۋ زېدۇڭ لۇشيەنىنىڭ توغرىلىقىنى، ئىسپاتلايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ زۇنيى يىغىنىدا ئەڭ ئالىي داھىي قىلىپ سايلىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئاساسەن ئۇنىڭ لۇشيەنىنىڭ توغرىلىقى تەن ئېلىنغانىدى. رېن بىشىنىڭ دوكلاتىنىڭ نېگىزلىك مەزمۇنى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ: «پەقەت يولداش ماۋ زېدۇڭلا پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقىي داھىيسى» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

رېن بىشى يەنە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال مەسئۇللىرىنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىنى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسەر ۋە تەلىماتىنى تەرجىمە قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى ۋە شەخسەن ئۆزى نۇرغۇن كۆپ ماقالىلەرنى يېزىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى چۈشەندۈردى. رېن بىشى نۇرغۇن «قېرىنداش پارتىيە» ۋەكىللىرىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا «ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان» لىقىنى كۆرۈپ، يولداشلىرىغا بۇ ۋەكىللەرنى يىغدۇردى ۋە ئۇلارغا ماۋ زېدۇڭنىڭ تايانچ بازىلارنى قۇرۇپ، يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىسىنى يېشىپ بەردى. قېرىنداش پارتىيە ۋەكىللىرى ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئەسەرلىرىدىن بۇنداق يېڭى كۆز قاراشلارنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ كۆز قاراشلارغا تولىمۇ قىزىقتى. رېن بىشى يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلدى ۋە ۋاڭ مىڭنىڭ سۈرىتىنى يىرتىپ تاشلاپ، ماۋ زېدۇڭ ۋە جۇ دېنىڭ سۈرەتلىرىنى ئاستى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى يەنە ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگەندى. رېن بىشى ئاڭ ھالىتى جەھەتتىكى بۇنداق

ئۆزگىرىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، يولداشلار «ئىدىيىۋى مەسىلىلەر» گە يولۇققاندا، ئۇ ئۆزى يالغۇز، تەپسىلىي خىزمەت ئىشلىدى ۋە بىرمۇنچە كادىرلارنى يەنئەنگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. رېن بىشى يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كادىرلىرىغا ئالاقىدار بىرمۇنچە دېلولارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقتى، بۇ كىشىلەر ۋاڭ مىڭغا ئازدۇر - كۆپتۇر قارشى تۇرۇپ قويغانلىقتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىغا ئەۋەتىلگەنىدى. نۇرغۇن ناھەق دېلولار بۇ ئېنىقلاش تۈپەيلى ئاقلاندى، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئېنىقلاش تۈپەيلى قويۇپ بېرىلىپ، يېڭىباشتىن خىزمەت ئورۇنلىرىغا قايتتى.

1938 - يىلى 8 - ئايدا ۋاڭ جياشياڭ كېسەلدىن ساقىيىپ ۋەتەنگە قايتماقچى بولدى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، ئۇ رېن بىشى بىلەن بىرلىكتە دىمىتروۋ بىلەن جۇڭگو ۋەزىيىتى ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشتى. ۋاڭ جياشياڭ بىلەن رېن بىشى ھازىرقى گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپى1923 — 1927 - يىللاردىكى گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھەمكارلىقىغا پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. دىمىتروۋ بەس - مۇنازىرە ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دوكلاتىنى قوبۇل قىلدى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ داھىيلىق ئورنىنى تەن ئالدى. دىمىتروۋ مۇنداق دېدى:

«سىلەر پۈتۈن پارتىيىگە ئېيتىپ قويۇڭلار، پۈتۈن پارتىيە يولداش ماۋ زېدۇڭنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ داھىيسى سۈپىتىدە قوللاپ - قۇۋۋەتلىسۇن، ماۋ زېدۇڭ ئەمەلىي كۈرەش تەجرىبىسىگە باي بىر رەھبەر. باشقىلار ئۈستىدە ئالايلۇق، ۋاڭ مىڭ ئۈستىدە ئەمدى قايتا تالاش - تارتىش قىلماڭلار».

دىمىتروۋنىڭ سۆزى ۋاڭ جىياشياڭنى تولىمۇ ئىلھاملاندۇرۇۋەتتى، چۈنكى ئۇلار نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان ئۇلۇغلاپ كېلىۋاتقان ماۋ زېدۇڭ ئاخىرى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە ئۇنىڭ «ئەڭ ئالىي نوپۇزلۇقى» نىڭ تەن ئېلىشىغا ئېرىشكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، ۋاڭ جىياشياڭ دىمىتروۋنىڭ تەن ئېلىشى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋ زېدۇڭغا ئەۋەتكەن بىرمۇنچە مۇھىم ھۆججەتلەرنى ئېلىپ يەنئەنگە قايتىپ كەلدى.

ستالىن بىلەن ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسە 1938- يىلى 9 - ئايدىكى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باياناتى» دا ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەنگەنىدى. 1936 - يىلى شىئەن ۋەقەسى مەزگىلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پوزىتسىيىسى باياناتىنىڭ بېشىدىلا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئىككى تەرەپ تىنماي تالاش - تارتىش قىلىۋاتقان مەسىلىدە ماۋ زېدۇڭنىڭ يول قويغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. بايانات يەنە موسكۋانىڭ جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت خەۋپسىزلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى تەھلىلىنىمۇ قوبۇل قىلغانىدى.

باياناتتا: جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى ئىنتايىن زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، چۈنكى، بۇ ئۇرۇش ياپون ئارمىيىسىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى ئىسكەنجىگە ئالدى، دېيىلگەنىدى:

«(جۇڭگونىڭ) ياپونغا قارشى ئۇرۇشى ياپونىيىنى زور زىيانلارغا ئۇچراتتى، ئۇنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتتى. ياپونىيە جۇڭگودىكى

ئەسكىرىي كۈچىنى كۆپەيتىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇرۇشنىڭ
ۋاقتى ئۇزارغانسېرى ياپونىيىنىڭ مۇشكۈلاتلىرىمۇ بارغانسېرى
كۆپىيىپ، ئۇزۇل - كېسىل ھالاكەت گىرداۋىغا بارغانسېرى
يېقىنلىشىپ قالدى.»

باياناتتا جاڭ جيېشىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى يەنىلا تەن ئېلىنىپ، جياڭ جيېشىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سىياسىي، ھەربىي جەھەتلەردە داۋاملىق بىردەك ئىتتىپاقلىشىش چاقىرىقى قىلىنغانىدى، لېكىن باياناتتا ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇشتىن ئىبارەت تاغلىق جايلار پارتىزانلىق ئۇرۇشى ستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇلغان بولۇپ، تايانچ بازىلاردىكى دېھقانلارنى تەشكىللەپ، بۇ سىياسىي ھەرىكەتنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش تەلەپ قىلىنغانىدى. لېكىن، بۇ ھۆكۈمەتكە بويسۇنۇش بىلەن مەنتىقە جەھەتتە ئۆزئارا قارىمۇ قارشى ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىر تەرەپتىن جياڭ جيېشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز كۈچلىرىنى تېزلىك بىلەن كېڭەيتمەكچى بولدى.

دىمىتروۋ بىلەن ستالىن مۇزاكىرىلىشىپ رېن بىشى سۇنغان ھۆججەتنى (ئېھتىمال رېن بىشى 4 - ئايدا موسكۋاغا ئەكەلگەن ھۆججەتنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن) تەستىقلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىجرائىيە كومىتېتى ئىككى بايانات ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىرى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي لۇشيەنلىرىگە «تامامەن قوشۇلۇش» ۋە جاڭ گوتاۋنى پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى قوللاش توغرىسىدىكى بايانات؛ يەنە بىرى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىغا بېرىلىدىغان ياردەمنى كۆپەيتىشكە

قوشۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى باياناتى ئىدى.

بۇ ئىككى بايانات ئۇستىگە ستالىن بىلەن ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسە ۋە چۈشىنىش قوشۇلۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىغا ئاساس يارىتىپ بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1938 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە يەنئەندە كېڭەيتىلگەن 6 - نۆۋەتلىك 6 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئاچتى. بۇ ماۋ زېدۇڭ داھىي بولغاندىن كېيىن ئاچقان تۇنجى ئومۇمىي يىغىن ئىدى. بۇ قېتىمقى يىغىن پارتىيىنىڭ 1928 - يىلىدىكى «6 - قۇرۇلتىيى» دىن كېيىن ئەڭ ئۇزۇن ئېچىلغان يىغىن بولدى. يىغىن 40 كۈنگە يېقىن ئېچىلىپ، ئۇنىڭغا ئىلگىرى ئەڭ ئۇزۇن ئېچىلغان «6 - قۇرۇلتاي» غا قارىغاندىمۇ بىر ھەسسە ئارتۇق ۋاقىت كەتكەنىدى (جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى 1928 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە ئېچىلغانىدى). بۇ قېتىمقى يىغىن ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنىڭ مۇقىملىقىنى، ھەمدە سىياسەت بىلەن ھوقۇق ئوتتۇرىسىدىكى سودىنىڭ تېپىك مىساللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. ماۋ زېدۇڭ ستالىننىڭ مىللىي بىرلىك سەپ لۇشيەنىنى، جۇملىدىن جياڭ جيېشىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تەن ئېلىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. ستالىن ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ داھىيسى بولۇشىغا ئىجازەت بەردى ۋە ئۇنىڭ دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىغا قوشۇلدى.

ۋاڭ مىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنغا ئىنتايىن نارازىلىق بىلەن قاتناشتى. ۋاڭ جياشياڭنىڭ ئەسلىشىگە قارىغاندا، ۋاڭ مىڭ ماۋ

زېدۇڭنىڭ ئۆزىنىڭ 6 ـ ئومۇمىي يىغىنغا قاتنىشىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئومۇمىي يىغىن ۋۇخەن ياكى شىئەندە يەنى بىرلىككە كەلگەن رايوندا ئېچىلىشى كېرەك، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان. سىياسىي بيۇرو ۋاڭ مىڭنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ۋاڭ مىڭ ۋاڭ جياشياڭنى ۋۇخەنگە كېلىپ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يوليورۇقلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزىگە ئوگچە دوكلات قىلىشقا مەجبۇر قىلغانىمىش. پەقەت ماۋ زېدۇڭ ۋە ۋاڭ جياشياڭنىڭ قايتىدىن ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە بۇيرۇق قىلىشى بىلەنلا ئاندىن ۋاڭ مىڭ يەنئەنگە يىغىنغا بېرىشقا ئاران ماقۇل بولدى.

6 ـ ئومۇمىي يىغىن رەسمىي باشلاندى. ئالدى بىلەن ۋاڭ جياشياڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يوليورۇقى بىلەن دىمىتروۋنىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىك ئورنى توغرىسىدىكى پىكرىنى يەتكۈزدى. بۇنىڭ كەينىدىن ماۋ زېدۇڭ ئۇزۇن دوكلات بەردى. بۇ دوكلات بىلەن كېيىنكى بىرنەچچە قېتىملىق نۇتۇق (جۈملىدىن بۇ نۇتۇقلارغا ئاساسەن تۈزۈلگەن قارارلار) دا پرولېتارىيات بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپتىكى رەھبەرلىك ھوقۇقى تىلغا ئېلىنمىغان، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رولى تىلغا ئېلىنغاندا، كوممۇنىستلار جاپالىق، كەمتەرلىك ۋە خالىسلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق «مىللىي ئۇرۇشتا ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رول ئوينىشى لازىم» دېيىلگەنىدى، خالاس. ماۋ زېدۇڭ بىر يەردە گومىنداڭنىڭ «ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە» ئىكەنلىكىنى تەن ئالغان بولۇپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ قاراردا، «رەئىس جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگو خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقى» تىلغا ئېلىنغانىدى. ماۋ زېدۇڭ نۇتقىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى گومىنداڭ ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە

ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئورتاق ھەمكارلىشىش شۇنداقلا ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ساقلىشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ بۇنداق ئۆزئارا ياردەملىشىشنى نۇرغۇن قېتىم تىلغا ئالغانىدى. مەسىلەن، بىرلىك سەپتىكى ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئۇ: «ئىتتىپاقلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدىغان مۇۋاپىق سىياسەت يۈرگۈزۈش كېرەك» دېگەنىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، ماۋ زېدۇڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال كۆرسىتىپ بەرگەن لۇشيەننى قوبۇل قىلغانىدى، يەنە كېلىپ بۇ لۇشيەن ۋاڭ مىڭ بىر يىل ئىلگىرى تەشەببۇس قىلغان لۇشيەن ئىدى. ماۋ زېدۇڭ باشقا بىر ئاچقۇچلۇق مەسىلىدىمۇ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ لۇشيەننى قوبۇل قىلغانىدى: گەرچە گومىنداڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا روشەن بۆلگۈنچىلىك ئالامەتلىرى بولغان، كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئالامەتلەر ئۆزلۈكىدىن ئاشكارىلانغىلى تۇرغان بولسىمۇ ماۋ زېدۇڭ گومىنداڭنىڭ تەسلىمچىلىك قىلىش ياكى ئۇنىڭ ئوڭ، سول قاناتلىرىنىڭ بۆلۈنۈش ئېھتىمالىنى كۆرسەتمىگەنىدى. ئەكسىچە، ئۇ گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە بىرلىك سەپتە ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغۇچە چىڭ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئەمما بۇنداق كۆز قاراشنى ماۋ زېدۇڭنىڭ شەخسەن ئۆزى 1937-يىلى يىل ئاخىرىدا كەسكىن تەنقىد قىلغانىدى.

ستالىنمۇ بىرنەچچە مۇھىم مەسىلىدە ماۋ زېدۇڭغا يول قويغانىدى. ستالىن ئەڭ ئاۋۋال ماۋ زېدۇڭنىڭ يېزىلاردا پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىسىگە قوشۇلغانىدى. 6 - ئومۇمىي يىغىن قارار چىقىرىپ، تايانچ بازىلار بىلەن پارتىزانلىق كۈچلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلغانىدى، گەرچە بۇنداق قىلغاندا گومىنداڭ

بىلەن سۈركىلىش پەيدا قىلسىمۇ لېكىن ئاشۇ خىرىسلىق مەخپىي ھەرىكەتلەرنى ئىمكان بار ئازايتىش ئارقىلىق بۇ سۈركىلىشلەرنى پەسەيتكىلى بولاتتى. ئىككىنچى يول قويۇش بولسا، ستالىن ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تەن ئالغانىدى. ماۋ زېدۇڭ ۋاڭ مىڭنى مەغلۇپ قىلالايتتى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ماۋ زېدۇڭنى تەن ئېلىشى بىردىنبىر ئامىل بولمىسىمۇ لېكىن مۇھىم سەۋەب ئىدى. خۇددى ماۋ زېدۇڭ 1945 - يىلى 4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ «7 - قۇرۇلتىيى» دا ئېيتقاندەك، ئەگەر كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ «يوليورۇقى» بولمىسىغان بولسا، 6 - ئومۇمىي يىغىندا ئوڭچىل پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تولىمۇ تەس ئىدى. ۋاڭ مىڭنىڭ ماۋ زېدۇڭغا قارشى تۇرۇشتىكى ئىدىيىسىۋى قورالى ماۋ زېدۇڭ ياخشى ئىنتېرناتسىئونالىزمچى ئەمەس دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما دىمتىروۋ بىلەن ستالىن ماۋ زېدۇڭنى تەن ئالغاندىن كېيىن ۋاڭ مىڭنىڭ ئاغزى تۇۋاقلانغانىدى. شۇڭا ماۋ زېدۇڭ 6 - ئومۇمىي يىغىندا «پەقەت سىياسىي كاللىسى يوق ياكى رەزىل نىيەتلىك كىشىلەرلا بىزنى خاتالىق ئۆتكۈزدى دەپ قارىغۇلارچە ئەيىبلەيدۇ، بىزنى ئىنتېرناتسىئونالىزمدىن ۋاز كەچتى دەيدۇ» دېگەنىدى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىندىكى يەنە بىر ۋايىغا يەتكەن كارامىتى — موسكۋانىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن — بۇ كارامەت ماۋ زېدۇڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن قىلغان نەزەرىيىۋى ئىجادىيىتى يەنى «جۇڭگوچە ماركسىزم» ئىدى. ماۋزېدۇڭ 1937- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا ماركسىزمنىڭ جۇڭگودا ئىشلىتىلىشىدىن ئۆزگەرتىشنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ 1938 - يىلى كۈزگە كەلگەندە، ئەسلىدىكى ماركسنىڭ ئۇزۇنىدە سۆزلىرىنى نەقىل قىلىشتىن ماركسىزمنى

جۇڭگو رېئاللىقىنىڭ سىياسىي مۇھىتى بىلەن بىرلەشتۈرەلەيدىغان ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن تارىخىي مىراسلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىگە تەرەققىي قىلدى. بۇنداق «جۇڭگوچە ماركسىزم» نىڭ تەسىرى تولىمۇ چوڭقۇر بولدى. ئالدى بىلەن «جۇڭگوچە ماركسىزم» ماركسىزم - لېنىنىزملىق تەلىماتنى جۇڭگونىڭ مىراسلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى ئىشلىتىلىشىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ مۇناسىۋىتىدە نەزەرىيە نۇقتىسىدىن موسكۋا بىلەن ئوخشاشمايدىغان ھۆكۈم چىقارغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق «جۇڭگولاشتۇرۇش» جەريانىنى موسكۋا ئەمەس بەلكى پەقەت جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئادا قىلىش كېرەك ئىدى. باشقىچە ئېيتقاندا «جۇڭگولاشتۇرۇش» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ موسكۋادىن مۇستەقىل تۇرۇشىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ماۋ زېدۇڭ 6 - ئومۇمىي يىغىندا «جۇڭگوچە ماركسىزم» ئىدىيىسىنى بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويدى. موسكۋانى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، بۇ ئىدىيە يىغىنىنىڭ قارارىغا كىرگۈزۈلمىگەنىدى.

## 9. جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق كوممۇنىستىك پارتىيىنى چەكلەش ستراتېگىيىسىنىڭ بەربات بولۇشى

ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچە يىلىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىمالىي جۇڭگودا ئۆز كۈچلىرىنى تېزلىك بىلەن كېڭەيتتى، ئەمما پارتىيە ئىچىدىكى

قارشى پىكىر ۋە موسكۋادىن كەلگەن بېسىملار تۈپەيلىدىن بۇ جەريان تاشلاپ قويۇلدى. 1938 - يىلىنىڭ بېشىدا ماۋزېدۇڭ ئۆز چامىسىنى دەڭسەپ كۆرۈپ پۈتۈن كۈچ بىلەن دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ شىمالىي جۇڭگودا تايانچ بازىلارنى قۇردى. 6 - ئومۇمىي يىغىن ۋاڭ مىڭ لۇشيەنى بىلەن ۋۇخەن «مۇستەقىل پادىشاھلىقى»نى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن، كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرا جۇڭگودىكى كېڭىيىشنى تېزلىتىشكە باشلىدى.

1938 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى شۇنداق تېز، دائىرىسى شۇنداق كەڭ بولدىكى، ھەتتا بۇنىڭغا گومىنداڭ رەھبەرلىرىمۇ ھەيران - ھەس قالدى. ۋاڭ جىڭۋېي گۇرۇھى بىز ياكى ياپونىيە بىلەن ھەمكارلىشىش، ياكى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ جۇڭگودا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل تاللاشقا دۇچ كەلدۇق، دەپ ھېسابلىدى. ئۇلار ئالدىنقىسىنى تاللىۋالدى، ۋاڭ جىڭۋېي 1938 - يىل 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۇڭچىڭدىن خېنىيغا ئايروپىلان بىلەن بېرىپ ئاشكارا تۈردە ئۆزىنى ياپونىيىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. جياڭ جيېشى ۋاڭ جىڭۋېينىڭ بۇ تاللىشى جۇڭگونى بىر قانچە ئەسىرگىچە ياپونىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، مەن بۇنداق ئاقىۋەتنى قوبۇل قىلمايمەن دەپ ھېسابلىدى. بىراق، جياڭ جيېشىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ كەلگۈسىدە ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ يەتكەنىدى، شۇڭا ئۇ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ زورىيىشىنى چەكلەش كېرەك دەپ قارايتتى.

6 - ئومۇمىي يىغىندا ماۋزېدۇڭنىڭ ۋاڭ مىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئەمەلىيەتتە جياڭ جيېشىنىڭ كوممۇنىستىك

پارتىيىسىنى چەكلەش ستراتېگىيىسىنىڭمۇ مەغلۇبىيىتى ئىدى، ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغان چاغدا، جياڭ جيېشى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بېسىمى ئارقىلىق ماۋ زېدۇڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلغانىدى، بىرلىك سەپكە بويسۇنۇش ستالىننىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىشتىكى تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بىرى ئىدى. لېكىن ماۋ زېدۇڭ بۇ تىرىشچانلىقلارنى چېچەنلىك بىلەن تۈزىتىۋەتتى. ئەمەلىيەتتە، 6 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ ئېچىلىشى جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى چەكلەش ستراتېگىيىسىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى جاكارلىدى. 1938 ـ يىلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە ئېيىدا، جياڭ جيېشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تاقابىل تۇرىدىغان يېڭى سىياسەت تۈزۈش ئۈچۈن، ستالىن بىلەن ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەمەلىي مۇناسىۋىتىنى يېڭىباشتىن ئويلىشىشقا مەجبۇر بولدى.

جياڭ جيېشى 6 ـ ئومۇمىي يىغىن توغرىسىدا نېگىزلىك چۈشەنچىگە ئىگە ئىدى. ۋاڭ مىڭ، بوگۇ ۋە ۋۇ يۈجاڭلار يەنئەندىن چۇڭچىڭگە مۇددەتتىن بۇرۇن قايتىپ بارغاندا، جياڭ جيېشى ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئالتە سائەت سۆھبەتلەشتى ۋە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ: «گومىنداڭغا كىرسەڭلار يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار بولىسىلەر» دېدى. جياڭ جيېشىغا ۋاڭ مىڭنىڭ موسكۋا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلۇقى تولىمۇ ئايدىڭ ئىدى. شۇڭا ئۇ چوقۇم ۋاڭ مىڭنىڭ 6 ـ ئومۇمىي يىغىندىكى مەغلۇبىيىتى ستالىننىڭ ماۋ زېدۇڭنى تىزگىنلەش كۈچىنىڭ بەكمۇ چەكلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ دەپ ئويلايتتى. شۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بەكمۇ ئاز ماددىي ئەشيا بەرگەنلىكىنىمۇ بىلەتتى، بۇمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ تولىمۇ يىراق

ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. جياڭ جيېشىنىڭ يەنئەندە بىر مۇنچە ئالاقىچى ئەمەلدارلىرى بولۇپ، ئۇلار جياڭ جيېشىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىدىكى يۈزلىنىشلەرنى ھەمىشە دوكلات قىلىپ تۇراتتى. جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بەرگەن قورال - ياراغلارنىڭ تولىمۇ ئازلىقىنى بىلگەن ھامان سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە نوتا يوللاپ مەمنۇنلۇقىنى بىلدۈرەتتى.

جياڭ جيېشى ستالىن بىلەن ماۋ زېدۇڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى ھېس قىلىپلا قالماستىن، يەنە ستالىننىڭ ماۋ زېدۇڭنى تىزگىنلەش كۈچىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئەمما جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى باستۇرۇشىغا موسكۋانىڭ قاراپ تۇرۇش - تۇرماسلىقى ياكى يول قويۇش - قويماسلىقىغا ئىشەنچ قىلالمايتتى. ناۋادا جياڭ جيېشى مەجبۇرلاش ھەرىكىتى قوللىنىپ قالغۇدەك بولسا، موسكۋانىڭ يەنىلا جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا «ئارىلاشماسلىق» مەيدانىدا چىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىقىغا جياڭ جيېشىمۇ كېپىللىك قىلالمايتتى. ئۇ ئېھتىمال موسكۋا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ماددىي جەھەتتىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە باشلىغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بەرىبىر كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ مۇھىم بىر ياچېيكىسى، ئۇ موسكۋانىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن موسكۋانى ئۈنۈملۈك ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن دەپ ئالدىنئالا سېزىۋالغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە جىددىي موھتاج ئىدى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى جياڭ جيېشىنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرگەندە يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

قاپقىنغا قاراپ ئۇيلاپ ئىش قىلىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

1939 ـ يىلى 1 ـ ئايدا گومىنداڭ 5 ـ نۆۋەتلىك 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا، جياڭ جيېشى ئۇرۇش مەزگىلىدە كوممۇنىستىك پارتىيىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئىككىنچى ستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يېڭى ستراتېگىيە موسكۋا بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مۇناسىۋىتىدىكى يېڭى پەرەزلەر نېگىزى ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. بۇ پەرەز ئەسلىدىكى ستراتېگىيە تەركىبىدىكى پىكىرلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسى ئىدى، ئەسلىدىكى ستراتېگىيىدە جياڭ جيېشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى زىچ، شۇڭا ستالىن ماۋ زېدۇڭنى تىزگىنلىيەلەيدۇ دەپ ھېسابلىغانىدى. ئەمما جياڭ جيېشى يېڭى ستراتېگىيىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى تولىمۇ يىرىك، كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن قازىكالانلىق تالىشىش كۈرىشىدە ستالىننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قۇربان قىلىۋېتىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن دەپ ھېسابلىدى. جياڭ جيېشى ئەگەر ستالىن ماۋ زېدۇڭنى تىزگىنلىيەلمىسە، ئۇ چاغدا، جياڭ جيېشى ئارمىيىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ھۇجۇم قىلغاندا ستالىن قۇتۇلدۇرماي قاراپ تۇرۇشى مۇمكىن دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. ماداسىكى، ماۋ زېدۇڭ ستالىننىڭ ئادىمى بولمىغانىكەن، دېمەك، ئۇ ھالدا ستالىننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گومىنداڭنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە ياپونىيىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت مۇددىئا تۈپەيلى ماۋ زېدۇڭنى قۇربان قىلىۋېتىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن ئىدى.

گومىنداڭنىڭ 1 ـ ئايدىكى يىغىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاش بىلەن بىللە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كېڭىيىشىنى چەكلەش دېگەندىن ئىبارەت يېڭى

سىياسەتنى تۈزۈپ چىقتى؛ ئومۇمىي يىغىن بىر قاتار قاتتىق چارە - تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، جۈملىدىن جۇڭگونىڭ XI V ئەسىردىكى بىر تۇتۇن گۇناھ ئۆتكۈزسە بىرنەچچە تۇتۇننى جازالايدىغان «نوپۇس تۈزۈمى»نى ئەسلىگە كەلتۈردى؛ كوممۇنىزمغا قارشى تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى ۋە كوممۇنىزمنىڭ كېڭىيىشىگە قارشى كەسكىن ماددىلارنى تۈزدى. لېكىن ئەڭ مۇھىمى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ قولىدىن كەتكەن رايونلاردىكى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش توغرىسىدىكى قارار ئىدى. شۇڭا، گومىنداڭ ئىككى پارتىزانلىق بەلبېغىنى بەلگىلىدى. گومىنداڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا بۇ چارە - تەدبىرلەرنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. دېمەك، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىنلىك ۋە توقۇنۇش يەنە بىر قېتىم پىچاقنىڭ بىسىغا چىققانىدى.

كوممۇنىزمغا قارشى بۇ يېڭى تاكتىكىنىڭ جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە كەلتۈرگەن تەسىرىگە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ. جياڭ جيېشى 1939 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 5 - نۆۋەتلىك 5 - ئومۇمىي يىغىندا بەرگەن بىر قېتىملىق مەخپىي دوكلاتىدا بۇ خىل تەسىرگە قايتا تەھلىل يۈرگۈزگەن. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ئاجىزلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتكەن.

1939 - يىلى ئەتىياز ۋە ياز ئايلىرىدا، گومىنداڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارىتا ھەربىي بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، گومىنداڭ ئارمىيىسى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونىغا 12 قېتىم ھۇجۇم قوزغىغان. لېكىن 1939 - يىلىغا كەلگەندە بۇ خىلدىكى ھۇجۇملار 50 قېتىمغا يەتكەن. چېگرا رايوندا 11 مىڭ 404 نەپەر ئادەم قازا تاپقان. 1938 - يىلى 12-

ئايدىن 1939 - يىلى 10 - ئايغىچە، تايانچ بازىلاردىكى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا 150 قېتىم سۈركىلىش پەيدا بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە 28 قېتىملىق سۈركىلىش گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كادىر ياكى قوشۇنلىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشى تۈپەيلىدىن سادىر بولغان، بىرمۇنچە توقۇنۇشلار ئىنتايىن دەھشەتلىك بولغان. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، 1939 - يىل 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى خۇنەن ئۆلكىسىدىكى پىڭجياڭ دېگەن جاينى مۇھاسىرىگە ئېلىپ يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان، ئاقىۋەتتە يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ ئىككى نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارى قازا تېپىپ، نۇرغۇن كىشىلەر تۇتقۇن قىلىنغان. 1938 - يىلى ئەتىياز ۋە ياز ئايلىرىدا، 8 - ئارمىيە ستاتىستىكىسىغا قارىغاندىمۇ 6 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ئىككى تەرەپ 90 قېتىم توقۇنۇشۇپ، 8 - ئارمىيىنىڭ 1350 ئادىمى قازا تاپتى ۋە 812 ئادىمى قولغان ئېلىندى.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بىلدۈرگەن ئاشكارا ئىنكاسى خېلىلا مۆتىدىل بولدى. دەسلەپتە، جۇ ئېنلەي جياڭ جيېشىغا خەت يېزىپ، گومىنداڭنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى. ئەمما ئۇ كوممۇنىزمغا قارشى بۇنداق ھەرىكەت ئەمەلىيەتتە ياپونىيىگە تەسلىم بولۇشنىڭ تەرەددۇتىدىن ئىبارەت دەپ قويۇپلا كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقان ھەربىي توقۇنۇش، جۈملىدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى يۈز بەرگەن پىڭجياڭ پاجىئەسىدىن ئېغىز ئاچمىدى، ھالبۇكى بۇ پاجىئە كېيىنكى چاغلاردا كوممۇنىستىك پارتىيە گومىنداڭنى ئەيىبلەيدىغان ئاچقۇچلۇق مەزمۇنغا ئايلانغانىدى. 1939 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ لۇگوچياۋ ۋەقەسىنىڭ ئىككى يىللىقىنى خاتىرىلەش توغرىسىدىكى باياناتىدا بۇ ھەربىي

توقۇنۇشلارنى تىلغا ئالمىغانىدى. ئەكسىچە، باياناتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سىياسىي بيۇروسىنىڭ «رەئىس جياڭ جيېشى»غا بولغان «يۈكسەك ئېھتىرامى» بىلدۈرۈلگەنىدى. باياناتتا ئىنتايىن كەڭ سەھىپە ئاجرىتىلىپ، ۋاڭ جىڭۋېي ئېقىمىدىكى «خائىنلار» ئىتتىپاقلىقتا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تۆھمەت چاپلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى نابۇت قىلماقچى بولدى، دەپ ئەيىبلەنگەنىدى. ئەمما بۇ «تەسلىمچىلىك» ھەرىكەتلەر 5 - ئومۇمىي يىغىندىكى كوممۇنىزمغا قارشى قارار بىلەن باغلاشتۇرۇلمىغان ۋە 5 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ئېلان قىلىنغان كوممۇنىزمغا قارشى ھەر خىل ماددىلارنى تۈزىتىشمۇ تەلەپ قىلىنمىغانىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە كەلگەندىلا ئاندىن 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى «پىڭجياڭ پاجىئەسى»دە قازا بولغانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنى ئاچتى. ماۋ زېدۇڭ شۇ كۈنى 5 - ئومۇمىي يىغىننىڭ كوممۇنىزمغا قارشى ماددىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى تەلىپىنى ئاخىرى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەمما ماۋ زېدۇڭ يەنىلا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئەيىبلىمىدى، پەقەت پىڭجياڭ پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارنى جازالاشنى مۇراجىئەت قىلىپلا، گومىنداڭنىڭ ھۇجۇمىغا قورال كۈچى ئارقىلىق قارشى تۇرۇش ئېھتىماللىقىنىمۇ بىلدۈرمىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سوۋېت - گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىنىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈلگەندىن كېيىنلا ئاندىن گومىنداڭنىڭ ھۇجۇمىغا ئاشكارا قارشى تۇرۇشقا باشلىدى.

ماۋ زېدۇڭ 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان چاغدا، گومىنداڭنىڭ يېقىنقى قوراللىق

ھۇجۇمنى قاتتىق ئەيىبلەپ، بۇ ھەرىكەتلەر مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن بولۇۋاتىدۇ دەپ كۆرسەتكەندى، شۇنداقلا كېيىنكى ھۇجۇملارغا تاقابىل تۇرۇش فاڭجېنىنى يەنى: «بىزنىڭ پوزىتسىيىمىز مۇنداق: باشقىلار بىزگە چېقىلمىسا بىزمۇ باشقىلارغا چېقىلمايمىز، باشقىلار بىزگە چېقىلىدىكەن بىزمۇ باشقىلارغا چېقىلىمىز» دېگەن فاڭجېننى ئاشكارا ئېلان قىلدى. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسى باش ئەتىيازدىلا بۇ قاتتىق لۇشيەن بويىچە ئىش كۆرۈشكە باشلىغانىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى 1938 - يىلى 2 - ئايدا يوليورۇق چىقىرىپ، ھەرقايسى قىسىملارغا گومىنداڭنىڭ قوراللىق ھۇجۇمىغا ھۇجۇمغا قارشى تۇرۇش ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش، «ئوڭايلىقچە يول قويماسلىق» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. ماۋ زېدۇڭ ھەرقانداق كۈچنىڭ ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولۇشىنى خالىمايتتى، ئەكسىچە پۇرسەت بولسىلا ئۆزىنىڭ فاڭجېنىنى تېزلىك بىلەن يۈرگۈزەتتى.

1939 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ گومىنداڭنىڭ بېسىمىغا نىسبەتەن بىلدۈرگەن مۆتىدىل ئىنكاسى ئېھتىمال ئەينى چاغدا مانجۇرىيە بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ چېگرىسىدا يۈز بەرگەن سوۋېت - ياپونىيە توقۇنۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچى بابتا، 6 — 7 - ئايلاردا، ستالىن ۋە چۇڭچىڭدە تۇرۇۋاتقان گېنېرال چېرېپانوۋ ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ مانجۇرىيىگە بولغان بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، جياڭ جيېشىنى ۋۇخەنگە ھۇجۇم قىلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەيدەكچىلىك قىلغانلىقىنى ئېيتقانىدۇق. ئەمما جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى چەكلەش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى ئەمەلگە ئاشمىسا، بۇنداق

ھەرىكەت قوللىنىشنى خالىمايتتى. يەنە بىر نۇقتىدىن قارىساق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قانچە ئىتائەتمەن بولسا، جياڭ جيېشىمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ياپونغا شۇنچە قارشى تۇراتتى، 1938 ـ يىلى كۈزدە، ماۋ زېدۇڭ ستالىننى ئۆزىنىڭ بىر ياخشى ئىنتېرناتسىئونالىست ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى بولدى، ستالىنمۇ بۇنى تەن ئالدى. شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭغا ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «ئىنتېرناتسىئونال» نىزمىنىڭ ستالىننى رازى قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىشى كېرەك بولۇپ قالغانىدى.

يەنە بىرمۇنچە دەلىل ـ ئىسپاتلار كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بۇ مەسىلىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىتىگە بولغان تەسىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. 1939 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋۇخەنگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا جياڭ جيېشىگە نەسىھەت قىلىنىۋاتقان چاغلاردا، ستالىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جياڭ جيېشىگە تەھدىت بولالمايدۇ دەپ يەنە بىر قېتىم مەيدىسىگە ئۇرغانىدى. ستالىن 1939 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگو ـ سوۋېت سودا ئەھدىنامىسى ئىمزالانغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە مەيدىسىگە ئۇرغانىدى. ستالىن موڭغۇلىيە بىلەن مانجۇرىيە چېگرىسىدىكى ئۇرۇشنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ مۇنداق دېگەنىدى:

ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى، جۇڭگونىڭ سولچىللىرى جۈملىدىن كوممۇنىستىك پارتىيىمۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ فاڭجېنىنىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىمۇ چۈشەنمەيتتى، بۇ خاتا ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەسىھەتى ۋە يېتەكچىلىكى ئارقىلىق بۇ ئادەملەر ھازىر جانابلىرىنى (جياڭ جيېشىنى دېمەكچى — تەرجىماننىڭ ئىزاھى) مىللىي ئۇرۇش

بىلەن دۆلەت قۇرۇلۇشىدىكى ئورنىنى ساداقەت بىلەن قوللاپ -
قۇۋۋەتلىمەكتە. شۇڭا جۇڭگونىڭ ئىتتىپاقى تېخىمۇ
كۈچەيدۇ، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە
ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق باش قاتقۇدەك مەسىلە يوق.»

چۇڭچىڭ بىلەن توكيو ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش موڭغۇلىيە بىلەن مانجۇرىيىنىڭ چېگرا توقۇنۇشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1939 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى مۆتىدىللىكىنى ساقلىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. بۇ ۋاقىتتا ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىن بىردەك بولۇپ: ھەر ئىككىلىسىمۇ جياڭ جيېشىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى توختىتىپ قويماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. ماۋ زېدۇڭ 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى نۇتقىدا: نۆۋەتتىكى مەركىزىي مەسىلە سىلىي تەسلىمچىلىك ئېھتىماللىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى، دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇ: خەلقئارا ۋەزىيەت بولۇپمۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكىلارنىڭ پائالىيىتى جۇڭگو - ياپونىيە تىنچلىق سۆھبىتى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ، بىز گومىنداڭنىڭ ياپونىيىگە تەسلىم بولۇشىدەك ئىنتايىن زور خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتىمىز دەپ ھېسابلىدى. گومىنداڭنىڭ ئىچىدىكى «تىنچلىق تەشەببۇسكارلىرى» ياپونىيىنى خورىتىشنى ئۈمىد قىلاتتى ھەمدە «خەلقئارا بېسىم» ئارقىلىق ياپونىيىنى يول قويۇشقا مەجبۇر قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى، مانا بۇ تىنچلىق سۆھبىتىگە ئىشىك ئاچقانلىق ئىدى. بۇ «تىنچلىق لاگېرى» دىكىلەر خەلقئارالىق يىغىن ئېچىپ، تىنچلىق سۆھبىتى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا، ماۋ زېدۇڭ «ياپونغا قارشى بىرلىك سەپتىكى بەزى كىشىلەر ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ تەۋرىنىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەسلىمچىلىك — نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەتتە مۇھىم خەۋپ»

دەپ كۆرسەتكەنىدى.

ھالبۇكى، كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقان «تىنچلىق سۆھبىتى خەۋپى» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1939 - يىلىدىكى مۆتىدىل سىياسىتىنى دەل جايىدا ئىزاھلاپ بېرەلمەيتتى. بۇنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئالايلۇق، 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1940- يىلى گومىنداڭنىڭ تەسلىم بولۇش خەۋپى ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەنىدى، لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆز - ئۆزىنى چەكلەش بىر ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە گومىنداڭنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش ھېسابىغا «ياپونغا قارشى كۈچ»لەرنى كېڭەيتىشنى جىددىيلەشتۈرمەكتە ئىدى. شۇڭلاشقا، 1939- يىلى يەنە باشقا ئامىللارمۇ رول ئوينىغانىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم ئامىل «خەلقئارالىق ئامىل» (يەنى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بېسىمى) ۋە شۇ چاغدىكى سوۋېت - ياپونىيە چېگرا توقۇنۇشىغا ئالاقىدار بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى مەسىلىسى ئىدى.

## توتىنچى باب

# قويۇقلاشقان ئۇرۇش بۇلۇتلىرى — جياڭ جيېشى بىلەن ستالىن ئوتتۇرىسىدىكى ھەپىلىشىش

### 1. ستالىننىڭ جياڭ جيېشىنىڭ ستراتېگىيىسىنى رەت قىلىشى

1938 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئىمزالانغان سوۋېت- گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيىنى ئىتتىپاق تۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق جۇڭگو - سوۋېت سىياستىنىڭ بىردەكلىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى يىلىدا مەۋجۇت بولۇشتىن قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پەقەت غەربتىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە ھەمكارلىشىشنى خالىسىلا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياستى ئومۇمىي جەھەتتىن بىردەكلىكنى ساقلاپ قالاتتى، لېكىن، ناۋادا سوۋېت ئىتتىپاقى ناتسىستلار گېرمانىيىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزسە، بۇنداق بىردەكلىك شۇ زامات يوقالغان بولاتتى. ئەينى چاغدا، موسكۋا ئەمدىلا بارلىققا كەلگەن ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلاشماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن جياڭ جيېشىنىڭ ئەنگلىيە، ئامېرىكا لاگېرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈنسايىن كۈچەيمەكتە ئىدى. 1940 - يىلى، جياڭ جيېشى بىلەن ستالىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋەزىيىتىدە بىر - بىرىگە

دۈشمەن بولغان ئىككى تەرەپتە تۇردى.

1939—1941 ـ يىللىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ مەيدانىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى مەيدانىدا تۇرۇۋەردى. شۇڭلاشقا، بۇ مەزگىلدىكى جۇڭگو- سوۋېت مۇناسىۋىتىگە باھا بەرمەكچى بولساق، ئەڭ ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ھەمكارلاشقانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم ئىدى. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاۋۋال گېرمانىيە بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى، كېيىن يەنە بېرلىننىڭ شېرىكى ياپونىيە بىلەن ياراشتى. بىز پەقەت مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەنسەكلا، ئاندىن نېمە ئۈچۈن موسكۋانىڭ بۇ مەزگىلدە جۇڭگونىڭ غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشىگە قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز. بۇ مەزگىل ئىچىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ناتسىستلار گېرمانىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق خېلىلا قويۇق ئىدى، كەم دېگەندىمۇ 1940 ـ يىلىدىن ئىلگىرى باشتىن ـ ئاخىر شۇنداق بولغانىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيىسى ۋە تەشۋىقاتى گىتلېرنىڭ غەربتىكى «ساختا ئۇرۇش» مەزگىلىدە ئىشلەتكەن نەيرەڭلىرى بىلەن ئۆزئارا دوست تارتىشقانىدى. بۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيىگە ستراتېگىيىلىك كان مەھسۇلاتلىرىنى، نېفىت، پاختا چىقىرىشنى تېزلىك بىلەن كۆپەيتكەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيىنى پەقەت تاۋار بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى تۆمۈريول قاتنىشى بىلەنمۇ تەمىنلەپ، تىنچ ئوكيان قىرغىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنى سىبىرىيە ئارقىلىق گېرمانىيىگە ئۇزۇلدۇرمەي توشۇپ بەرگەنىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى بەرگەن بۇ ياردەملەر ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيە بىلەن ئاتلانتىك ئوكيان ۋە ئوتتۇرا

دېڭىزدا سودا ئالاقىسى قىلىشىنى رەت قىلىشتەك قىلىقلىرىنى تۈپتىن ئەھمىيەتسىز قىلىۋەتكەنىدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، موسكۋا بېرلىن بىلەن يەنە نۇرغۇن قېتىم مۇھىم ھەربىي ھەمكارلىشىشلاردا بولغان، گېرمانىيە پولشىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە مۇشۇنداق ھەمكارلىشىشتا بولغان، سوۋېت ئىتتىپاقى فىنلاندىيىگە ھۇجۇم قىلغاندىمۇ مۇشۇنداق ھەمكارلىششتا بولغانىدى. ۋەھالەنكى، ئەڭ مۇھىم دەلىل ـ ئىسپاتلار 1940ـ يىلى 5 — 6 ـ ئايلاردا گېرمانىيە فرانسىيىگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىغان چاغدا پەيدا بولغانىدى، دەل سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە بىلەن دوستانە ھەمكارلاشقانلىقى ئۈچۈنلا ئاندىن گىتلېر غەربىي لىنىيىگە كۆپ قىسىم ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ فرانسىيىگە ھۇجۇم قىلالىغانىدى. شۇ چاغلاردا شەرقىي لىنىيىدە گىتلېرنىڭ پەقەت بەش ـ ئالتە دىۋىزىيىسىلا قالغانىدى، خۇددى 1940 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتە مولوتوۋنىڭ گىتلېرنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتقىنىدەك، سوۋېت ـ ئەنگلىيە مۇناسىۋىتى بىلەن سوۋېت ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى كۆنسايىن يىرىكلەشكەن، بۇنداق ھالەت تاكى 1942 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىگىچە داۋاملاشقانىدى.

جياڭ جيېشىنىڭ سىياسىتى سوۋېت ئىتتىپاقى — غەرب ـ جۇڭگو ئىتتىپاقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىش بولغاچقا، موسكۋا بىلەن گېرمانىيىنىڭ قايتا ئىتتىپاق تۈزۈشى شەك ـ شۈبھىسىزكى بۇ سىياسەتكە قاتتىق زەربە بولدى. جياڭ جيېشى ئەلۋەتتە ئەسلىدىكى فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرالايتتى، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈمىدى تولىمۇ ئاجىز ئىدى. 1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1941 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا جياڭ جيېشى ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، ئامېرىكىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، يا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ،

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش يولىنى تاللىشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى جياڭ جيېشى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونى قوللىشىنى، ھەم ئامېرىكىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ياردىمىگە ئىگە بولۇشىنى ئويلايتتى ۋە تەدبىر قوللىنىپ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتمەسلىككە ئۇرۇناتتى. ئۇ موسكۋا ۋە ۋاشىنگتون بىلەن بولغان ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشنى كەسكىن ئۈمىد قىلىپلا قالماستىن، بەلكى موسكۋانى قايىل قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىنى بارغانسېرى قاتتىق جازالىشىنى قوللاتقۇزۇشقا ئۇرۇناتتى. ئۇ يەنە موسكۋانى جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئارىسىدىكى كۈنسايىن كېمىيىۋاتقان مۇناسىۋەت ۋە جۇڭگو بىلەن غەرب لاگېرىنىڭ ئىتتىپاقى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەھدىت بولمايدۇ دېگەنگە ئىشەندۈرۈشكىمۇ ئۇرۇناتتى. ئەمما بۇ تىرىشچانلىقلار پەقەت چەكلىك مۇۋەپپەقىيەتكىلا ياراپ، جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى يەنىلا ئۈزلۈكسىز يامانلاشماقتا ئىدى.

1939 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىلەن گېرمانىيە ئارىسىدا ئۇرۇش ھالىتى بارلىققا كەلدى، بۇ داۋالغۇش ئىچىدە تۇرغان خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ بىر مۇھىم ئامىلىنى شەكىللەندۈرۈپ، جياڭ جيېشىنىڭ دىپلوماتىك سىياسىتىگە يەنە بىر زەربە بولدى. چۈنكى بىز شۇنى بىلىمىزكى، جياڭ جيېشى ياۋروپا دۆلەتلىرىنى يىراق شەرق رايونىدا تېخىمۇ ئاكتىپ سىياسەت قوللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، باشتىن ـ ئاخىر ياۋروپا تىنچلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كويىغا كىرگەنىدى. جياڭ جيېشى ئەنگلىيە ـ فرانسىيە لاگېرى ئارقىلىق بۇ زىيانلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇناتتى. ھالبۇكى، ئۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيىنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ كەتكەچكە، جۇڭخۇا مىنگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ

كەتكەندى.

ياۋروپا ئۇرۇشى پارتلاپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گۇ ۋېيجۈن جۇڭچىڭگە: ئەنگلىيە، فرانسىيە بىلەن رەسمىي ئىتتىپاق تۈزۈش ھەمدە بىرلەشمە ھەربىي ھەرىكەتنى ئادەم ۋە ماددىي كۈچ بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدا تەلەپ قويدى. گۇ ۋېيجۈن بۇنداق باياناتنىڭ ئەنگلىيە، فرانسىيىنىڭ ياپونىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشىنى توسۇشقا ياردىمى تېگىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. سوۋېت - گېرمانىيە شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ياپونىيە بىلەن گېرمانىيە ھەمكارلىقىغا قاتتىق زەربە بولغانلىقتىن، گېرمانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى پەيدا قىلغان پايدىسىز ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، ئەينى چاغدىكى ياپونىيىنىڭ ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنىڭ پېيىگە چۈشۈش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. گۇ ۋېيجۈن: مۇنداق بىر خەۋپ، يەنى لوندون بىلەن پارىژ، توكيو بىلەن بېرلىننىڭ ئارىسىغا پانا قېقىپ قويۇش ئۈچۈن، ياپونىيىنىڭ تەلىپىگە ئاۋاز قوشۇپ قويۇش خەۋپى مەۋجۇت دەپ قارايتتى. ئەمما، ئەگەر جۇڭگو ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئىتتىپاققا رەسمىي قوبۇل قىلىنسا ئۇ چاغدا، ياپونىيە ئەنگلىيە، فرانسىيەلەرنىڭ جۇڭگونى قوللىشى كېسىپ تاشلىناتتى. گۇ ۋېيجۈن: جۇڭگو بىلەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈش خىتابنامىسى تەپسىلىي تەتقىق قىلىنىشى، ھەرگىزمۇ خىتابنامە تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېلىغا تېگىپ قويماسلىق كېرەك دەپ ھېسابلايتتى، ئەمما ئۇ يەنە بۇنداق قىيىنچىلىقلارنى يەڭگىلى بولىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەتتى.

چۇڭچىڭ گۇ ۋېيجۈننىڭ تەكلىپىنى بەكمۇ ئالقىشلىدى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن لوندوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى گو تەيچىگە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تەكلىپكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى

بىلىپ يېقىش توغرىسىدا يولىيورۇق بەردى. ئەمما پارىژ بۇ تەكلىپكە ئانچە قىزغىن بولمىدى. چۈنكى ئۇ جۇڭگونىڭ ئىتتىپاققا كىرىشى ياپونىيە بىلەن گېرمانىيىنى يېڭىباشتىن ئىتتىپاق تۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ قويۇشى مۇمكىن دەپ ئەنسىرەيتتى. گەرچە لوندون جۇڭگونىڭ ئىتتىپاققا كىرىشىگە قارشى تۇرمىسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ تېخىمۇ كۆپ ياردەم بېرىش ـ بېرەلمەسلىكىدىن گۇمان قىلاتتى. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقى قارشى تۇرغانلىقتىن، ئاخىرىدا جۇڭگو ئىتتىپاققا كىرىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. خۇددى گۇ ۋېيجۈن ئەسلىمىسىدە ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئۇنىڭ پىلانى سوۋېت ئىتتىپاقى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى غەربىي پولشىغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى شەكىللەنگەن ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ ئىتتىپاققا كىرىش ئالدىنقى شەرتى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۇرۇشقا ئارىلاشمايدۇ دەپ قىياس قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ناۋادا سوۋېت ئىتتىپاقى بىتەرەپلىكنى ساقلىماي، ئېنىق ھالدا گېرمانىيىنىڭ ئاكتىپ شېرىكىگە ئايلانسا، چوڭچىڭ پارىژ ۋە لوندون بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتە ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك ئىدى.

ياۋروپا ئۇرۇشى پارتلىشى بىلەنلا، جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا سىياسىتىنىڭ يۆزلىنىشىنى چېكىپ بېقىشقا باشلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى جياڭ جيېشى سۇن كېنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا ئۇرۇشىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بىلىپ بېقىشقا بۇيرۇدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن، جياڭ جيېشى يەنە سۇن كېغا تېلېگراممىا يوللاپ، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ياۋروپا ئۇرۇشىغا بولغان پوزىتسىيىسىگە قانداق باھا بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىشقا بۇيرۇدى. ئۇ سۇن كېغا: جۇڭگو ئۆزىنىڭ ياۋروپا ئۇرۇشىغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى ئۈستىدە

ئويلىشىۋاتىدۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك خاھىشى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى پولشىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىش، خەلقئارا ئىتتىپاقنى قەتئىي قوغداشتىن ئىبارەت، دېدى. لېكىن ئەڭ ئاخىرقى سىياسەتنى بەلگىلەشتىن ئىلگىرى جياڭ جيېشى جۇڭگونىڭ ياۋروپا ئۇرۇشىغا بىلدۈرگەن ئىنكاسىغا ستالىننىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

سۈن كې 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، جياڭ جيېشىغا جاۋاب بېرىپ، جۇڭگونىڭ ياۋروپا ئۇرۇشىدا بىتەرەپلىكنى ساقلىغانلىقى ئەڭ بەلەن سىياسەت بولۇشى مۇمكىن، دېدى. 9 - ئاينىڭ 18- كۈنى (قىزىل ئارمىيە پولشىغا ھۇجۇم قىلىپ ئىككىنچى كۈنى) ، سۈن كې جياڭ جيېشىغا يەنە تەپسىلىي دوكلات قىلدى. ئۇ جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلىپ: گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ياۋروپا ئۇرۇشىدا بىتەرەپلىكنى ساقلايمىز دېسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پولشىغا قىلغان ھۇجۇمى گېرمانىيىگە ياردەم بولدى، باشقىچە ئېيتقاندا، موسكۋا ياۋروپا ئۇرۇشىدا ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ كۆشەندىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى، دېدى.

ستالىننىڭ قارشى چىقىشى جۇڭگونىڭ 1939 - يىلى 9- ئايدا ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش پىلانىنى ئۈزۈل - كېسىل بۇزۇۋەتتى. 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى گۇ ۋېيجۈنگە تېلېگرامما يوللاپ، بۇ پىلاننى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى شەرھىلىدى. تېلېگراممىدا: خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جۇڭگونىڭ ئىتتىپاققا قاتنىشىش زۆرۈرىيىتى يوق دېيىلگەنىدى. تېلېگرامما جەمئىي يەتتە ماددىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئالدىنقى ئۈچ ماددىدا ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىتەرەپلىكنى ساقلاپ، ياۋروپا ئۇرۇشىدىكى ھەرقانداق بىر تەرەپ بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەسلىك سۆزلەنگەنىدى. تۆتىنچى ماددىدا بولسا، موسكۋا

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ياردىمى ۋە قوللىشىنىڭ «بۇرۇنقىدەكلا داۋام قىلىدىغان» لىقىغا؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنلىكى ۋە ئۇلارغا ۋەكالىتەن جۇڭگوغا بەزى تەلەپلەرنى قويغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىڭ «پۈتۈنلەي ئۆسەك بولۇپ، قىلچە پاكىت ئاساسى يوق» لۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. تېلېگراممىنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈچ ماددىسىدا، ئاساسەن چۇڭچىڭ بىلەن موسكۋانىڭ مۇناسىۋىتى سۆزلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي مۇددىئا: جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ داۋاملىق قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە تەرەپتە تۇرغاندا جۇڭگو بىتەرەپلىكنى ساقلايدۇ دەپ كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. بۇ ھېيلىگەرلىك بىلەن قوللىنىلغان ئۇسۇل ئىدى: جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارشى تۇرۇشى تۈپەيلىدىن ياۋروپا ئۇرۇشىغا ئارىلاشماسلىقنى قارار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بۇ نۇقتىدىن پايدىلىنىپ، پارىژ بىلەن لوندوندىن ئۇندۇرۇۋالغۇدەك نەرسە بولسىلا ئۇندۇرۇۋالماقچى بولدى. ئەمما، گۇ ۋېيجۈن ئەسلىمىسىدە دەلىللەپ ئۆتكەندەك، بۇنداق قىلىشتىكى ھەقىقىي سەۋەب سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېكىنىشىغا تېگىپ قويۇشتىن قورقۇش ئىدى. جياڭ جيېشى بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ئەنگلىيە - فرانسىيە لاگېرىغا كىرىشىنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن موسكۋانى قايىل قىلىپ، يىراق شەرق رايونىدا دېموكراتىك دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىشقا ئۇرۇناتتى.

گەرچە ناتسىستلار گېرمانىيىسىگە بولغان مۇئامىلە مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى غەربتىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر بىلەن ئوخشاش بولمىغان مەۋقەدە بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇلاردا ياپونىيىگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. ناۋادا

ئۇلار بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسا، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو بىلەن غەرب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان توقۇنۇش يوقالغان بولاتتى، بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن يەنە پارىژ بىلەن لوندوننىڭ ياپونىيىنى بېزلەش خاھىشىنىمۇ چەكلىگىلى بولاتتى. جياڭ جيېشىنىڭ قوغلىشىدىغىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر گۇرۇھىنىڭ ياۋروپادا بىتەرەپلىكنى ساقلىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە ـ جۇڭگونىڭ يىراق شەرقتىكى ئاكتىپ ھەمكارلىشىشىغا چۇڭچىڭنىڭ مەۋقەسى بويىچە قاراش بولۇپ، بۇنداق ستراتېگىيە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىدى. ئۇ ھەم موسكۋانىڭ زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يىراق شەرق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى، ھەم ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىنى بېزلىشىنى چەكلىدى، شۇنداقلا، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ھەمكارلىقىغا ئاساس يارىتىپمۇ بەردى.

گۇ ۋېيجۈن 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ۋە 26 ـ كۈنى جياڭ جيېشىغا يوللىغان تېلېگراممىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: خەلقئارالىق يېڭى سىستېمىنىڭ خىلمۇ خىل خۇسۇسىيەتلىرى بۇ پىلاننى ئىنتايىن ئاسانلا ئىشقا ئاشۇردى، ياۋروپا ئۇرۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا ھەممىنى ياۋروپا چوڭ دۆلەتلىرىنى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ مەسىلىسىگە كىرگۈزۈپ قويدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلاشماسلىقى بولسا، موسكۋاغا ياپونىيىگە قارىتا تېخىمۇ قاتتىق سىياسەت قوللىنىش ئىمكانىيىتىنى بېرىشى مۇمكىن، سوۋېت ـ گېرمانىيە شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشى گېرمانىيە بىلەن ياپونىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئاساسىنى يىمىرىپ تاشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىش ئەندىشىسىنى يوقاتتى، شۇنداقلا، بۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيە بىلەن تىركىشىش جاسارىتىنىمۇ

ئاشۇردى. گۇ ۋېيجۇن جاڭ جيېشىغا: جۇڭگو ياپونىيە يېتىم ھالەتكە چۈشكەن ناھايىتى ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، موسكۋانى ئامېرىكا بىلەن ھەربىي جەھەتتە ھەمكارلىشىپ، ياپونىيىگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇشقا قايىل قىلىش كېرەك، ئەگەر موسكۋانى مانجۇرىيە چېگرىسىدا ئەسكەر كۆپەيتىشكە قايىل قىلالىساق، ئەگەر ئامېرىكىنى تىنچ ئوكيان رايونىغا ھەربىي كاراپ ئەترىتى ئەۋەتىشكە قايىل قىلالىساق، ئۇ چاغدا ياپونىيە ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، جۇڭگونىڭ بىرلەشمە كۈچىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولاتتى.

جياڭ جيېشى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يوللىغان ئىككى پارچە تېلېگراممىسىدا گۇ ۋېيجۈننىڭ تەكلىپىنى ئالقىشلىغانىدى. سوۋېت ـ گېرمانىيە شەرتنامىسى شۇ كۈنى تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ياۋروپا ئۇرۇشى تېخى پارتلىمىغانىدى. جياڭ جيېشى گۇ ۋېيجۈنگە ئەنگلىيە، فرانسىيە ھۆكۈمەتلىرىنى يىراق شەرق رايونىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەنىدى. ھالبۇكى، ئۇ چاغدا دۇنيا ۋەزىيىتىنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان قازىكالان ئامېرىكا ئىدى. جياڭ جيېشى؛ ئەگەر روزۋېلتنى قايىل قىلىپ، تىنچ ئوكيان رايونىدا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، فرانسىيەلەرنى ھەمكارلىشىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدۇرالىساق، موسكۋا بۇنىڭغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشىدۇ، دېگەنىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، جياڭ جيېشى يەنە سۇن كېيغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرق رايونىدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

9 ـ ئاينىڭ بېشىدا، پارىژدا ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىلىرى سۆھبەتلەشكەندە، گۇ ۋېيجۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ھەمكارلىقىدىن ئىبارەت بۇ پىلاننى

ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلىدى. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسىنىڭ پوزىتسىيىسى كىشىنى مەيۈسلەندۈرۈۋەتتى. ئۇ: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيە بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ يىراق شەرق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پارىژ بىلەن لوندوننىڭ ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلى تۈزۈلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ياۋروپا ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۆزىنى ئاسىيادا تېخىمۇ ئاكتىپ پوزىتسىيە قوللىنىشقا مەجبۇرلايدۇ دەپ ھېس قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى لوندون بىلەن پارىژغا ئەسلا ئىشەنمەيدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلدارلىرى سۇن كېغا: سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە ياكى فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا يىراق شەرق رايونىدا ھەمكارلاشقۇدەك ھېچقانداق «ئەمەلىي ئاساس» يوق. ئامېرىكىنىڭ پوزىتسىيىسى تولىمۇ ساختا، چۈنكى ۋاشىنگتون كۆڭلىدە سوۋېت - ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىنى كۈتمەكتە. جۇڭگو ئەڭ ياخشىسى «ۋاشىنگتون، لوندون ۋە پارىژنىڭ گەپلىرىگە بەكمۇ ئىشىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك» دېدى.

1939 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، سۇن كې موسكۋادىن جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما ئارقىلىق: موسكۋا ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئۆز باشلىرىدىكى بېسىمنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن سوۋېت - ياپونىيە ئۇرۇشى قوزغاشنى ئۈمىد قىلىدۇ، دەپ گۇمان قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىشقا قايىل قىلىش تولىمۇ قىيىن، دەپ دوكلات قىلدى. سۇن كې دوكلاتىدا مۇنداق دېدى: موسكۋا ۋاشىنگتون ۋە لوندون بىلەن ھەمكارلىشىشقا ئىشتىياق باغلاشتىن ئىلگىرى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنى ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ ياپونىيىنى چەكلەتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن

گۇمانلىنىپ قالىدۇ - دە، جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئىش كۆرىدىكەن دېگەن پەرەزگە كېلىپ قالىدۇ. 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جياڭ جيېشى ستالىننىڭ سۈن كې ۋە تاشقى سودا خەلق كومىسسارى مىكويانىدىن ئەۋەتكەن خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى، ستالىن مۇنداق دېگەنىدى: مەن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا چىن كۆڭلىدىن ياردەم بېرىۋاتقانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن خەۋەر تېپىشنى خالايمەن. ئەمما، ۋاشىنگتون 1911 - يىلى ياپونىيە بىلەن تۈزگەن سودا كېلىشىمىنى 1939-يىلى 7 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇۋاتقان تۇرۇقلۇقمۇ يەنىلا ياپونىيىنى مۇھىم ھەربىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرق رايونىدا ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىش زۆرۈرىيىتى يوق. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن غەربنىڭ قىلچە ھەمكارلىشىش ئىمكانىيىتى يوق دېگەنلىك ئىدى.

موسكۋا گەرچە جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەرب دۆلەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇشى توغرىسىدىكى تەلىپىنى رەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكىلارنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرىشىگە قارشى تۇرمىغانىدى. سوۋېت - گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ياڭ جيې جياڭ جيېشىغا ئۆزىنىڭ يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن دىپلوماتىيە خەلق كومىسسارى بىلەن قىلغان سۆھبىتىنى دوكلات قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا ياپونىيىنىڭ شەرقىي ئاسىيا يېڭى تەرتىپى جۇڭگونى يۇتۇۋېتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەھدىت سېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ، موسكۋا يەنىلا جۇڭگونىڭ ئازاد بولۇشىنى، يەنىلا جۇڭگونىڭ ئەنگلىيىدىن ياردەمگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەنگلىيە بىلەن «زۆرۈرىي بولغان مۇناسىۋەت» نى ساقلاپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ياڭ

جىيې دوكلات قىلىپ مۇنداق دېگەندى: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن دىپلوماتىيە خەلق كومىسسارىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا: «سوۋېت ئىتتىپاقى ئەزەلدىن جۇڭگونى ئەنگلىيە بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىدىن ۋاز كېچىشكە قىستىغان ئەمەس». دېمىسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا بېرىۋاتقان ياردىمىنى كۈنسايىن ئازايتىۋاتقان چاغدا ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمىنى كۆپەيتسە، بۇنىڭ تېخىمۇ ئاسانلا سوۋېت - ياپونىيە ئىناقلىقى بىلەن ياپونىيە - ئامېرىكا قارىمۇ قارشىلىقىغا ئەكېلىشى مۇمكىن.

جياڭ جيېشى موسكۋانىڭ جۇڭگونى داۋاملىق قوللاش توغرىسىدا بەرگەن ۋەدىسىدىن ھەم موسكۋانىڭ جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ كۈنسايىن كېڭىيىۋاتقان ئىككى تەرەپلىمە مۇناسىۋىتىنى چىن كۆڭلىدىن قوللاش - قوللىماسلىقىدىن گۇمانلىناتتى. بۇنداق گۇمانلىنىش 1940 - يىلىغا كەلگەندە كۈنسايىن كۈچەيگىلى تۇردى. جياڭ جيېشى: سوۋېت ئىتتىپاقى بەرگەن كاپالەتلەر باھانە - سەۋەب تېپىپ، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشىگە بولغان دۈشمەنلىك قارىشىنى سۇسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ ھېس قىلاتتى. 1939 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسى ۋانيۇشكىن بىلەن كۆرۈشتى. بۇ باش ئەلچى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنى ياۋروپا ئۇرۇشىغا ئارىلاشتى دەپ ئەيىبلىگەن چاغدا جياڭ جيېشى تېخىمۇ تاقابىل تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىپ يىراق شەرق مەسىلىسىنى ئورتاق ھەل قىلىشقا چاقىردى. جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى دۆلەت ئالىبۇرۇن ماقۇللىغان سىياسەتنى داۋاملىق ئىجرا قىلىش كېرەك دېگەنلىك، ئامېرىكىنى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، يىراق شەرق مەسىلىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىكتە

ھەل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش دېگەنلىك ئىدى. جياڭ جېيشى ۋاشىنگتوننىڭ 1911 - يىلىدىكى شەرتنامىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى، ئامېرىكىنىڭ پوزىتسىيىسىمۇ بارغانسېرى ئاكتىپلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. جياڭ جېيشى يەنە مۇنداق دېگەنىدى: بۇ دەل جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئاللىبۇرۇن كۈتۈپ كېلىۋاتقان ۋە باشتىن - ئاخىر ئىزدەۋاتقان نەتىجە ئىدى، ئەمدى سوۋېت ئىتتىپاقى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىپادىسى باشقىلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىنى خۇشال قىلىدىكەن دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلسا، ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىنى شۇ زامان ئۆزگەرتىپ ياپونىيىنىڭ ئالدىدا چېكىنىشى مۇمكىن ئىدى. ۋانيۇشكىن جياڭ جېيشىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بېرىۋاتقاندا، جياڭ جېيشى ۋانيۇشكىندىن سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيە گېرمانىيىلەرنىڭ جۇڭگونى بۆلۈۋېلىشىغا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئىزاھلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ۋانيۇشكىن بۇ خەۋەرلەر پۈتۈنلەي پىتنە - ئىغۋا دېدى. جياڭ جېيشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە ئىككى تەرەپلىمە ئۆيغۇن - ئۇيقاشلىق مۇناسىۋەت ئورنىتامدۇ - يوق دەپ سورىغاندا، ۋانيۇشكىن: سودا مۇئامىلىسىگە توسقۇنلۇق قىلىشتا كۈنسايىن كېڭىيىۋاتقان توسالغۇلار مەۋجۇت ئەمەس دەپ جاۋاب بەردى.

شۇڭلاشقا، جياڭ جېيشى: سوۋېت ئىتتىپاقى سوۋېت - ياپونىيە ئىناق ئۆتىدىغان سىياسەت يۈرگۈزمەسلىكى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. جياڭ جېيشى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇنداق سىياسەت چوقۇم بالايىئاپەت ئەكېلىپ، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە بىرلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرۇشتەك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ناۋادا ياپونىيە بىلەن

سودا مۇئامىلىسى قىلسا، ئۇ ھالدا بۇ مۇئامىلە ئامېرىكىغا قاتتىق زەربە بولىدۇ، چۈنكى بۇ مۇئامىلە ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىگە قارىتا يۈرگۈزىدىغان ئىقتىسادىي جازالىشىنى قىلچە ئەسقاتمايدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەگەر ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن خام ئەشيا ۋە باشقا تاۋارلارنى قولىنى سۇنۇپلا سېتىۋالالايدىغان بولسا، ئامېرىكا ياپونىيىگە قايتا ئىقتىسادىي جازالاش يۈرگۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش چوقۇم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىنى بىر كېچىككە كىرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ ـ دە، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىگە يۈرگۈزىدىغان ئىقتىسادىي قامالىنى كۈچىدىن قالدۇرىدۇ، ھازىرقى چاغدا ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرق مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان بىردىنبىر قورالىنىڭ ئىناۋەتلىك ياكى ئىناۋەتسىزلىكى «تامامەن» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پوزىتسىيىسىگە باغلىق.

جاڭ جېيشى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ستالىنغا يازغان خېتىدە بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنى بايان قىلغانىدى (سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن فىنلاندىيە ئوتتۇرىسىدا قىشلىق ئۇرۇش پارتلىغاچقا، بۇ خەت ئىككىنچى يىلىنىڭ تۆتىنچى ئېيىغا كەلگەندىلا ئاندىن ستالىننىڭ قولىغا تەگكەنىدى). جياڭ جېيشى ئالدى بىلەن ياۋروپا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بولغان ياردىمىنى كېمەيتمىگەنلىكتىن ئىبارەت بۇ نۇقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەشەككۈر بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: ئامېرىكا يىراق شەرق مەسىلىسىدە كۈنسايىن ئاكتىپ بولۇۋاتقاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىزچىل سىياسىتى، يەنى باشتا تىنچ ئوكيان دۆلەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ ياپونىيىگە تاقابىل تۇرۇش سىياسىتى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىگە دۇچ كەلگەنىدى. جياڭ جېيشى ستالىنغا: سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، ئامېرىكىلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى يىراق شەرق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم شەرت ئىكەنلىكىنى

ئېيتقانىدى. گەرچە ياۋروپا مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇش ئېھتىمالى مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يىراق شەرق مەسىلىسىدىكى مەنپەئەتى بىردەك ئىدى. جياڭ جيېشى ستالىنغا: ئەنگلىيە، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ ياپونغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشنى جىددىي ئۈمىد قىلىدۇ دەپ كاپالەت بەرگەنىدى.

جياڭ جيېشى ستالىنغا يەنە مۇنداق دېگەنىدى: يىراق شەرق مەسىلىسىنىڭ تەرەققىياتىدا قوللىنىشقا بولىدىغان مۇنداق ئىككى ئۇسۇل بار، بۇنىڭ بىرى: سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيىلەر بىردەك ئىتتىپاقلىشىدۇ، «بۇ ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ»، بۇ گۇرۇھ ياپونىيىگە قارشى قۇدرەتلىك بىر بىرلىك سەپ شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پائالىيىتىنى جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى بىلەن قايتىدىن ماسلاشتۇرۇش كېرەك. يەنە بىرى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياپونىيە لاگېرىنى شەكىللەندۈرۈش بولسا كېرەك. جياڭ جيېشى مۇنداق دېدى: ياپونىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى: مۇشۇنداق بىر لاگېرنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. توكيو ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ۋاشىنگتون، لوندونلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يېڭى ئاسىيا تەرتىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ناۋادا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا لاگېرى بىلەن جۇڭگو مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كېلىشىم ھاسىل قىلىنسا، بۇنىڭدىن كېيىن توكيو پۈتۈن كۈچى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇراتتى. جياڭ جيېشى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى: ياپونىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان دوستانىلىقىدا سەممىيەت يوق، ياپونىيىدىكى

ئىككى گۇرۇھنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. جىياڭ جيېشى داۋاملاشتۇرۇپ، مۇنداق دېگەنىدى: «ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىر ـ بىرىگە كۆشەندە» دېگەن بۇنداق كۆز قاراش ياپونىيە جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى قاتلام ئەربابلىرىنىڭ ئىدىيىسىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن. موسكۋا ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق ياپونىيە ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى يامانلاشتۇرۇشتىن ئۈمىد كۈتمەسلىكى كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش جەھەتتە ئالغا بىر قەدەم تاشلانسا، ۋاشىنگتون بىلەن لوندون ئالغا ئىككى قەدەم تاشلايدۇ. ياپونىيە ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ يېڭى ئاسىيا تەرتىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەنپەئەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق بۇ دۆلەتلەرنى خۇش قىلىشنىمۇ، لېكىن جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش بۇنداق «ئىنقىلابىي دۆلەت» لەرگە مۇتلەق تاقەت قىلالماي تۇرالمايتتى.

قىسقىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيە بىلەن ھەدەپ دوستانە ۋە ئىتتىپاق ئۆتتۈشنىڭ كويىغا چۈشكەن بولسىمۇ، ئاخىرقى نەتىجە چوقۇم ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا بىرلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئورتاق قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ چىقاتتى.

جىياڭ جيېشىنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ئەلۋەتتە مەغلۇپ بولدى. تولىمۇ مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن ئەھۋاللار جىياڭ جيېشىنىڭ قوغلاشقىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم ياۋروپا ئۇرۇشىدا بىتەرەپلىكنى ساقلىمىدى، ھەم يىراق شەرق رايونىدا غەرب دۆلەتلىرى بىلەن ھەمكارلاشمىدى، بەلكى، يىراق شەرق رايونىدا ئارىلاشماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، ياۋروپا ئۇرۇشىدا باشقا دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلاشتى.

## 2. جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت - ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىشتىكى خىلمۇ خىل چارە - تەدبىرلىرى

جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قاراتقان سىياسىتىنىڭ پىردەكلىكى، 1937 - يىلى 7 - ئايدىن 1939- يىلى 8 - ئايغىچە، جۇڭگو - سوۋېت ھەمكارلىقىنىڭ ئاساسى بولدى. 1939 - يىلى 9 - ئايدىن كېيىن، جۇڭگو - سوۋېت سىياسىتىدە ئىختىلاپ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. 1939 - يىلى 9 - ئايدىن 1941 - يىلى ئەتىيازغىچە، سوۋېت - ياپونىيە مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، جۇڭگو - سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر كەسكىنلەشكىلى تۇردى.

سوۋېت - گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن ياپون ئارمىيىسىنىڭ نومغىندىكى پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتى تۈپەيلىدىن ياپونىيىنىڭ پوزىتسىيىسى ئۆزگىرىشكە باشلىغان ۋە شۇ ئارقىلىق سوۋېت - ياپونىيە دوستانە مۇناسىۋىتى بارلىققا كەلگەنىدى. تەبىئىيكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بەكمۇ قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى. 1939 - يىلى ستالىن رىبېنتروپ ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللارغا جاۋاب بەرگەن چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەيدانىنى بىلدۈرگەنىدى. ستالىن مۇنداق دېگەنىدى: ئەگەر ياپونىيە تىنچلىقنى ئۈمىد قىلسا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭ بىلەن جان دەپ بىللە بولىدۇ، ئەگەر ياپونىيە ئۇرۇشنى ئۈمىد قىلسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن جان دەپ بىللە بولىدۇ. 1936 - يىلىدىن باشلاپ، ياپونىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان ستراتېگىيىسى باشتىن-

ئاخىر گېرمانىيە ـ ياپونىيە ئىتتىپاقى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىككى سەپتە جەڭ قىلىشتىن ئىبارەت تەھدىت شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنى چەكلەشكە مەستانە بولۇش ئىدى. 1939 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈشنى ئۈشتۈمتۇتلا قارار قىلدى، بۇ قارارنىڭ ئاساسىي مەقسىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنى تېخىمۇ ئىتائەتمەن قىلىش ئىدى. ستالىن بىر تەرەپتىن گىتلېر بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياپونىيىنىڭ سەرخىل قىسىملىرىغا ئەجەللىك زەربە بەردى ۋە شۇ ئارقىلىق ياپونىيىنىڭ ستراتېگىيىسىنى ئەپچىللىك بىلەن بۇزۇپ تاشلىدى. شۇڭا، ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يارىشىش كويىغا كىرىشكە باشلىغانىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ياپونىيىنىڭ يېڭى سىياسىتىنى تولىمۇ ياقتۇراتتى. 1939 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15ـ كۈنىدىكى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى نومۇن ئۇرۇشىدىن قالغان ئىس ـ تۈتەكلەرنى سۈرۈپ تاشلىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە ئىككى تەرەپلىمىلىك سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە باشلاپ، ياپونىيىنىڭ شىمالىي ساخالىن ئارىلىدىكى كان ئېچىش ئالاھىدە ھوقۇقى، سىبىرىيىدە بېلىق تۇتۇش ھوقۇقى قاتارلىق سەزگۈر مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى. موسكۋا بىلەن توكيونىڭ ھەر ئىككىلىسىمۇ ئەمدىلا ئورناتقان دوستلۇق مۇناسىۋەتنى شەرتنامە شەكلى ئارقىلىق تۇرغۇنلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. 1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1941 ـ يىلىغىچە، موسكۋا بىلەن توكيو سۆھبەت شىرەسىدە ھەرقايسىسى ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسىتىشىپ بىر بىتەرەپ شەرتنامە ئىمزالاشقىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالاشقا تىرىشتى. 1937 ـ

يىلىدىكى جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسى ۋە 1939 ـ يىلىدىكى سوۋېت ـ گېرمانىيە شەرتنامىلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ چاغدىكى ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە ئىنتايىن زىچ ھەمكارلىشىشتىن، ھالبۇكى، بىتەرەپ شەرتنامە بولسا ئىنتايىن چېچىلاڭغۇ بىر ئىتتىپاقتىن دېرەك بېرەتتى. ئەمەلىيەتتە، بىتەرەپ شەرتنامە پەقەت شەرتنامىگە ئىمزا قويغان ئىككى تەرەپنى قارشى تەرەپنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتىن چەكلەپلا تۇراتتى، ۋەھالەنكى ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى بولسا، ئورتاق دۈشمەنگە زەربە بەرگەندە پائال ھەمكارلىشىشتىن دېرەك بېرەتتى.

1939 ـ يىلى كۈزدىن 1940 ـ يىلى يازغىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ياپونىيە بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالاشنى تولىمۇ ئالقىشلىدى. موسكۋا باركۆچى بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشقىلى بولىدىغان «ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق» مۇناسىۋىتىنى قوغلاشتى. چۈنكى، پۈتۈنلەي بىتەرەپ شەرتنامە سىبىرىيە چېگرىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى ۋە سوۋېت ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەمما، توكيونىڭ ئالدى بىلەن ئويلايدىغىنى ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشىدىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش ئىدى، يەنە كېلىپ موسكۋا بىلەن ھەددىدىن زىيادە قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىنمۇ قاتتىق خاۋاتىرلىنەتتى. شۇڭا، توكيو موسكۋا بىلەن بوشراق بىر بىتەرەپ شەرتنامە ئىمزالاشنى ئۈمىد قىلاتتى. ۋەھالەنكى، 1940 ـ يىلى موسكۋا بىلەن توكيونىڭ ھەر ئىككىلىسىمۇ ئۆز مەيدانلىرىنى ئۆزگەرتىشتى. فرانسىيىنىڭ 6 ـ ئايدا دراماتىك يوسۇندا قولدىن كېتىشى ۋە ياپونىيىنىڭ شەرقىي

جەنۇبى ئاسىياغا قاراتقان ھەربىي يۈرۈشنى جىددىيلەشتۈرۈشكە ئەگىشىپ، موسكۋا «پۈتۈنلەي» بىتەرەپ مەيداننى جان دېپ قوبۇل قىلىدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەنىدى، موسكۋانىڭ ئالدىنقى شەرتى توكيونىڭ شىمالىي ساخالىندىكى ئالاھىدە ھوقۇقىنى بىكار قىلىش ئىدى. ياپونىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ شەرتىنى قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بولدى، لېكىن يەنە: ئەگەر ياپونىيە شىمالىي ساخالىن ئارىلىدىكى ئالاھىدە ھوقۇقىنى بىكار قىلسا، سوۋېت ئىتتىپاقى جياڭ جيېشىغا بېرىدىغان ياردەمنى توختىتىشى كېرەك، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمى 1939 — 1941 - يىللاردىكى سوۋېت - ياپونىيە سۆھبىتىدە باشتىن - ئاخىر ئاساسىي تېما بولۇپ كەلدى.

جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى سوۋېت - ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قىلىدىغان ياردىمىنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىدۇ، دەپ بەكمۇ ئەندىشە قىلاتتى، 9 - ئايدا، سۇن كې بىلەن ياڭ جيې ئىككىسىمۇ جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلىپ: موسكۋا توكيو بىلەن تېخىمۇ قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، دېدى. سۇن كې 9 - ئاينىڭ 17-كۈنى دوكلات قىلىپ: ئەگەر ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان ئىغۋاگەرلىك سىياسىتىدىن ۋاز كەچسە، سوۋېت ئىتتىپاقى شۇ ھامان «ئۆزىنىڭ چېگرىسىنى مۇداپىئە قىلغان» دىن باشقا، ياپونىيە بىلەن بولغان كۈرەشنى جان دەپ توختىتىدۇ، دېدى. موسكۋا ياپونىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايتتى، ھەتتا جۇڭگوغا بېرىلىدىغان ياردەم بۇ ئۇرۇشنى قوزغايدۇ دەپ ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭلاشقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ئەمدى بېرىدىغان ياردىمى تېخنىكا ۋە قورال - ياراغلار بىلەنلا چەكلىنەتتى. جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا

ئارىلىشىپ، بىرلىكتە ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى ئۈمىد قىلىشقا كەلسەك بۇنىڭ قىلچە مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى.

ۋەھالەنكى، جياڭ جيېشى پەقەت سوۋېت ـ ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنىڭ ئازىيىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمىنى توختىتىشىدىن ئەنسىرەپلا قالماستىن، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىنىڭ جۇڭگونى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بۆلۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. 1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، جياڭ جيېشى ئاخبارات تاپشۇرۇۋېلىپ: ياپون ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابى ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ياپونپەرەس گورۇھىنىڭ ئەزالىرىغا جۇڭگونى ياپونىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىزگىنلىشىدىكى ئىككى قىسىمغا بۆلۈش توغرىسىدىكى لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى بۇ شىنجاڭ، تاشقى موڭغۇلىيە، تىبەت ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىي قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىزگىنلىشىدە بولىدۇ دېگەنلىكتۇر، دېگەنىدى. جياڭ جيېشى يەنە جۇڭگونىڭ ۋاشىنگتون ۋە لوندوندىكى باش ئەلچىخانىلىرىدىن سوۋېت ـ ياپونىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالاش سۆھبىتىنىڭ باشلىنىپ كەتكەنلىكىگە دائىر ئاخباراتلارغا ئىگە بولغانىدى. بۇ بەزىدە كىشىنى سوۋېت ـ ياپونىيە ئىككى تەرەپنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جۇڭگونىڭ بەزى رايونلىرىنى تىزگىنلىشى بۇ شەرتنامىنىڭ بىر مەزمۇنى ئىكەن دېگەنگە تېخىمۇ ئىشەندۈرەتتى.

چۇڭچىڭ تەبىئىي ھالدا ئەمدىلا مەيدانغا كەلگەن سوۋېت ـ ياپونىيە دوستانە مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى ئويلايتتى. جياڭ جيېشى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جاڭ چۈننىڭ تەكلىپى بىلەن ياڭ جيې بىلەن سۇن كېغا موسكۋا بىلەن ياپونىيىنىڭ ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈشنى توسۇش توغرىسىدا تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق بەردى. جياڭ جيېشى:

سوۋېت ـ ياپونىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى جۇڭگو خەلقىنى رەنجىتتى، بۇ 1937 ـ يىلىدىكى جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسىگە خىلاپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ جۇڭگو مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارىنىڭ روھىغىمۇ خىلاپ، دېدى. گەرچە بۇ دەلىللەش تامامەن ئىز بېسىپ تۇرالىسىمۇ، لېكىن، ئەگەر موسكۋانىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى نەزەردە تۇتۇلسا، بۇنداق مۇۋاپىق دەلىللەشلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭمۇ قىلچە پايدىسى يوق ئىدى.

جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ۋەكىلى سوۋېت دائىرىلىرىدىن توكيو بىلەن ئىمزالىنىش ئېھتىمالى بولغان شەرتنامە توغرىسىدىكى ئاخباراتنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى قايتا ـ قايتا سۈرۈشتە قىلدى. موسكۋانىڭ جاۋابىغا تامامەن ئىشىنىپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. ياڭ جيې 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى: مولوتوۋ ماڭا: مەن گېرمانىيىنىڭ ياپونىيىنى موسكۋا بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىم، دېدى دەپ دوكلات قىلدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ياڭ جيې يەنە دوكلات قىلىپ: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن دىپلوماتىيە مىنىستىرى ماڭا: ياپونىيە تېخى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمەت تەرىپىگە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈش توغرىسىدىكى مەسىلىنى قويمىدى، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەرلىرى ئىنتايىن خاتا بولۇپ دەل پاكىتنىڭ ئەكسى، دېدى. 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سۇن كې يەنە بىر قېتىم دوكلات قىلىپ، ستالىن تاشقى سودا خەلق كومىسسارى مىكويان ئارقىلىق ماڭا: ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق توغرىسىدا تەكلىپ بەرمىدى، ئەكس ھالدىكى خەۋەرلەر تولىمۇ ناتوغرا دەپ ئېيتتى، دېدى. بۇنىڭدىن باشقا، نومىخن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى قوشۇمچە قىلىنغان ھېچقانداق سىياسىي

شەرت يوق ئىدى. پاكىت شۇنداق دەپ جاكارلايدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونى قوللىشى بۇرۇنقىدەكلا، جۇڭگو بۇنىڭغا ھەرقانداق گۇماندا بولماسلىقى كېرەك. جىددىي ئېيتساق، سوۋېت ئىتتىپاقى ئېيتقان ياپونىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالاش توغرىسىدا تەكلىپ بەرمىدى دېگەن بۇ نۇقتا توغرا بولۇپ، بۇنداق شەرتنامىنى ئىمزالاش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان ياپونىيە ئەمەس، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزى ئىدى.

جياڭ جيېشى ياپونىيىگە قارشى تۇرۇش ۋە موسكۋانىڭ توكيوغا ئېغىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقىنى يېڭىباشتىن بەرپا قىلىش تەكلىپىنى بەردى. ئەمما، 1937—1938 ـ يىللاردىكى تەكلىپنىڭ ئەكسىچە، 1939 ـ 1940 ـ يىللاردىكى تەكلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا نۇرغۇن پايدا يەتكۈزىدىغانلىقى، جۈملىدىن ئۇرۇشتىن كېيىن جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقىنى بازا ۋە بىر قاتار ئالاھىدە ھوقۇقلار بىلەن تەمىن ئېتىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. 1939 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ۋەكىلى خې ياۋزۇغا بىر پارچە خەت ئەۋەتىپ ئۇنى ستالىنغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى. خې ياۋزۇنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، جياڭ جيېشى 1939 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ خېتىدىكى بەزى كۆز قاراشلارنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى. جياڭ جيېشى ئەمدى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو بىلەن قويۇق دىپلوماتىيىلىك ھەمكارلىقتا بولۇشىنى ئاددىيلا تەلەپ قىلىپ قالماستىن، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا، جۇڭگو بىلەن بىرلىكتە ياپونغا قارشى تۇرۇشقا چاقىردى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگودا ھەربىي بازىغا ئىگە بولىدۇ دەپ ۋەدە بەردى. بۇ مەسىلە توغرىسىدا بىز كېيىنن يەنە مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز.

جياڭ جيېشى سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، ياۋروپا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپادىكى چېگرىسىنى تېخىمۇ خەۋپسىزلەندۈرەتتى ـ دە، ئۇنى ياپونىيىگە جان دەپ ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلاتتى. لېكىن، جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلىشتىن تاشقىرى يەنە باشقا بىر مەنپەئەتدارلىق مۇددىئا تۈپەيلى جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئەگەر جياڭ جيېشىنىڭ 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى تەشەببۇسىدىن ياپونىيىنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرى خەۋەر تېپىپ قالغۇدەك بولسا، ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تېخىمۇ گۇمانلىناتتى ـ دە، شۇنىڭ ئارقىسىدا، ياپونىيىنى جياڭ جيېشى بىلەن پىلانلىنىش ئىچىدە تۇرغان، شياڭگاڭدىكى ياپونىيە تەرەپنىڭ سالاچىسى قاتناشقان مەخپىي سۆھبەتنى جان دەپ ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلاتتى.

سوۋېتلىكلەرنىڭ نەزەرىدە جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈپ، ياپونغا ئورتاق قارشى تۇرۇشى — سوۋېت ـ ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرلىك قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. گېنېرال سورىكوۋ 40 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە ھەربىي ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ ئەسلىمىسىدە جۇڭگولۇقلارنىڭ «ئىغۋاگەر» لىكى ئۈستىدە توختالغانىدى. جياڭ جيېشىنىڭ خانىمى ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ياپونىيىگە قارشى تۇرۇشى جۇڭگوغا بولغان ئەڭ چوڭ ياردەم دەيتتى ھەمدە ئۇنى ھەمىشەم يالغان ئاخبارات بىلەن تەمىنلەپ، بۇ نەرسىلەر ئارقىلىق سوۋېت ـ ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى بۇزۇشقا ئۇرۇناتتى. سورىكوۋنىڭ

قارشچە، سوۋېت ـ ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش يولىدىكى بۇ تىرىشچانلىقلارمۇ جياڭ جيېشىنىڭ بىر «مۇھىم ۋەزىپىسى» ئىدى.

جۇڭگونىڭ باياناتچىسى يەنە ياپونىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ھەربىي تەھدىتىنى مۇبالىغە قىلىش، تارىختا جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىنىڭ يېقىنلىقىنى چەكلەشكە ئۇرۇندى. مەسىلەن؛ 1940ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدا قىزىل ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 22 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. تەبرىكلەش يىغىنىدا جاڭ چۈڭ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى قەتئىي جەڭگىۋارلىق كۈچكە، قاتتىق ئىنتىزام ۋە يۈكسەك غايىگە ئىگە، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن گومىن ئىنقىلابىي ئارمىيىسى ئاكا ـ ئۇكا قىسىملار، ئۇلار تاجاۋۇزچىلىققا قارشى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشتا مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىدۇ، دەپ ئالقىشلىدى. 1940 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ چۇڭخۇي «جۇڭگو ـ سوىېت مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا ماقالە يېزىپ، بولشېۋىكلار قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ 23 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. سوۋېت ـ گېرمانىيە مۇناسىۋىتى ئارىدىن قىل ئۆتمەيدىغان دەرىجىگە بارغان، سوۋېت ـ ياپونىيە دوستلۇقىنىڭ قەدىمى تېزلىشىۋاتقان چاغدا ۋاڭ چۇڭخۇي ياپونىيىنىڭ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ھەدەپ دەلىللەيتتى. ۋاڭ چۇڭخۇي مۇنداق دېگەنىدى: 1917 ـ يىلقى ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن تاھازىرغىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگو ئىنقىلابىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ كەلدى، جۇڭگو بىلەن كۆپ تەرەپلەپ ھەمكارلاشتى، ياپونىيە بولسا جۇڭگو ئىنقىلابى بىلەن سوۋېت

ئىتتىپاقى ئىنقىلابىغا باشتىن - ئاخىر قارشى تۇردى ۋە تەھدىت سېلىپ كەلدى. ياپونىيە ئالدى بىلەن جۇڭگونى، ئاندىن جۇڭگونىڭ ئادەم ۋە ماددىي كۈچى ئارقىلىق دۇنيانى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، ھالبۇكى بىرىنچى بولۇپ زەربىگە ئۇچرايدىغىنى سوۋېت ئىتتىپاقى. ۋاڭ چۇڭخۇي تەكىتلەپ مۇنداق دېگەنىدى: سوۋېت ئىتتىپاقى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقان ئەڭ چوڭ قىياسەن دۇشمىنى. ۋاڭ چۇڭخۇينىڭ نۇقتىئىنەزەرىگە ئاساسلانغاندا، ياپونىيىنى چەكلەشنىڭ بىردىنبىر يولى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ئىدى. ۋاڭ چۇڭخۇي يەنە كىتابخانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: ياپونىيە كۆپ قېتىملاپ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كېلىشىم ئىمزالاشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ قەتئىي رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى، دېدى.

جۇڭچىڭ بارلىق چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سوۋېت-ياپونىيە دوستلۇقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولسىمۇ، لېكىن بۇ چارە - تەدبىرلەرنىڭ قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى، چۈنكى جۇڭگونىڭ دۆلەت كۈچى تولىمۇ ئاجىز بولغاچقا، موسكۋانى ياپونىيە بىلەن شەرتنامە ئىمزالاشتىن ۋاز كەچكۈزۈپ پايدىغا ئېرىشتۈرەلمەيتتى.

گەرچە جۇڭچىڭ كۆپ تەرەپلەپ مۇراجىئەت قىلىپ، ئەتراپلىق دەلىللەپ، مەزدلىك بىلەن ۋەدە بېرىپ، ھەدەپ ئېزىقتۇرغان، ھەتتا خىلمۇ خىل تەھدىتلەرنى سېلىشتىن ئايانمىغان بولسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا ياپونىيە بىلەن مۇناسىۋىتىنى مەزمۇت قەدەملەر بىلەن ياخشىلاۋەردى. تولىمۇ مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، موسكۋانىڭ ياپونىيىگە بولغان دۈشمەنلىكى بارغانسېرى يوقىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ۋاشىنگتون تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى كۆپەيتتى ۋە ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزىنى چەكلەش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىش

قارارىغا كەلدى. ئامېرىكا 1911 ـ يىلى ياپونىيە بىلەن ئىمزالىغان سودا كېلىشىمىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا توختاتتى. بۇ جۇڭگوغا تازا خۇش ياقتى ۋە ئۆتكەندىكى سىياسەتنى يېڭىباشتىن يۈرگۈزۈپ، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا بىلەن يىراق شەرق رايونىدا «تاجاۋۇزچىلىق» قا قارشى ھەمكارلىشىش توغرىسىدا موسكۋاغا يەنە بىر قېتىم ھەيدەكچىلىك قىلدى. چۇڭچىڭ موسكۋاغا كاپالەتلىك قىلىپ: ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىشلىرىغا تېخىمۇ كۆپ ئارىلىشىشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەھدىت سالالمايدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئەتىگە زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدۇ، دېگەنىدى. بەختكە قارشى بولغىنى شۇكى، ئىشنىڭ تەرەققىياتى چۇڭچىڭگە: جۇڭخۇا مىنگو بىلەن غەربنىڭ كۈنسايىن قويۇقلىشىۋاتقان ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزگەنلىكىنى چۈشەندۈرگەندى.

## 3. ئاۋاز بىرىشتىن ۋاز كېچىش قوزغىغان جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى بوھران

1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، چۇڭچىڭ موسكۋا بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈش تەكلىپ لايىھىسىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويدى، ھالبۇكى، سوۋېت ـ ياپونىيە دوستلۇقى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىگە يېڭى جىددىيچىلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەندى. لېكىن، جۇڭگو ـ سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۆرسىتىپ بەرگىنى، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى بىلەن غەربنىڭ بىرلەشمە تۈزۈمىدە مەجبۇر قىلغان بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن فىنلاندىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئىدى. جۇڭگو ئەمەلىيەتتە كېيىنكىسىگە تۇردى. 1940 ـ يىلى ئەتىيازغا

كەلگەندە. جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى روشەنكى ئايرىم - ئايرىم ھالدا، ئىككى چوڭ قارىمۇ قارشى لاگېردىكى دۈشمەن تەرەپ بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى.

1939 - يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى فىنلاندىيىگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قىشلىق ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. 1940 - يىل 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى سوۋېت - فىنلاندىيە شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى جاكارلىدى. يۇقىرىدا، قىشلىق ئۇرۇشتا بېرلىننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوللىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نورۋېگىيىنى غەربنىڭ فىنلاندىيىگە قىلىدىغان ماددىي ياردىمىنى ئۆز زېمىنىدىن ئۆتكۈزمەسلىككە ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. ھالبۇكى، غەرب دۆلەتلىرى ئىچىدە پەقەت جامائەت پىكرىلا ئالاھىدە فىنلاندىيە پەرەس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فىنلاندىيىگە ھۇجۇم قىلىشى ئۇنىڭ گېرمانىيە تەرەپتە تۇرۇپ ياۋروپا ئۇرۇشىغا ئارىلاشقانلىقى ئىدى. شۇڭا، ئەنگلىيە، فرانسىيە ھۆكۈمەتلىرى فىنلاندىيىگە كۆپلەپ قورال- ياراغ ياردەم قىلىپلا قالماستىن، ھەتتا فىنلاندىيىگە قوشۇن ئەۋەتىپ ياردەم قىلىشنىمۇ ئويلاشقانىدى.

چۇڭچىڭنىڭ قارىشىچە، ئەڭ ياخشى چارە، سوۋېت - فىنلاندىيە قىشلىق ئۇرۇشىغا ھېچقانداق پوزىتسىيە بىلدۈرمەسلىك ئىدى، چۈنكى فىنلاندىيىنىڭ جۇڭگو بىلەن ئارىلىقى يىراق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ جۇڭگوغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. لېكىن چۇڭچىڭ قىشلىق ئۇرۇش جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئىتتىپاق يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقىغانىدى. جۇڭگو بىر تەرەپتىن، خەلقئارالىق قانۇن ۋە خەلقئارالىق ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق

ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىلەردىكى ئەپكار ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكچى بولدى، ئۇ ئۆزىنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، بىر ئاجىز، ۋەھشىي ئىمپېرىيىنىڭ زۇلۇمىنى يەتكۈچە تارتقان بىر دۆلەت سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، غەرب دۆلەتلىرىنىڭمۇ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئاجىز دۆلەتلەرگە قىلغان ۋەھشىيانە تاجاۋۇزىغا ھەققانىي قەھرۇ غەزەپتە بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئەگەر جۇڭگو ۋەكىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فىنلاندىيىگە قىلغان تاجاۋۇزىنى ئاقلىسا، بۇ نىشانلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگونىڭ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن دوستلۇقىغا داۋاملىق ئېرىشىشنى ئويلاپ، موسكۋانى جۇڭگونىڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقداش ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، چۇڭچىڭ يەنە سوۋېت - ياپونىيە ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بەرپا قىلىنىشىنى كەينىگە سۈرەشنى ياكى ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. فىنلاندىيە مەسىلىسىدە، جۇڭگو بىلەن غەرب ئەگەر بىرلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرسا، بۇ نىشانلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى چوقۇم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايتتى.

1939 - يىل 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، جۇڭگونىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گوتەيچى جۇڭگونىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خۇشىغا بەرگەن تېلېگراممىسىدا، ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ جۇڭگودا ئىككى تەرەپلىمە بېسىم پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى ئىزاھلىغانىدى. گو تەيچى مۇنداق دېگەنىدى: فىنلاندىيە ئۇرۇشىدا، ئەگەر قانۇن ۋە ئەخلاق مەيدانىدىن قارايدىغان بولساق، جۇڭگو ھەرگىزمۇ سۈكۈت قىلماستىن ۋە بىتەرەپلىكنى ساقلاپ تۇرماستىن، فىنلاندىيىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى كېرەك. ۋەھالەنكى، جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى يەنە ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېغىرىغا تەگمەسلىكىنىمۇ

بەلگىلىگەن. شۇڭا، جوڭگو ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشى، دۇنيادىن ئايرىلىپ قالماسلىقى، بولۇپمۇ ئامېرىكا خەلقىنىڭ ھېسداشلىقىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقى كېرەك. خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ مۇدىرىيەت دۆلەتلىرى خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ئىجرائىيە ئورگانى بولۇپ، ھەرقانداق ئەزا دۆلەتنى خەلقئارا ئىتتىپاقتىن قوغلاپ چىقىرىشمۇ بۇ ھەيئەتنىڭ ھەممىگە غەيرىي دائىمىي مۇدىرىيەت دۆلەتلىرى ئەزالىرىنىڭ بىردەك ماقۇللۇقىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. توققۇز غەيرىي دائىمىي مۇدىرىيەت دۆلىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان جوڭگو باشقا دۆلەتلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى خەلقئارا ئىتتىپاقتىن قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. مانا بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. ئەگەر جوڭگو رەت قىلىش ھوقۇقىنى ئىشلەتسە، غەرب جامائەت پىكرى جوڭگودىن سوۋۇپ كېتەتتى. ئەگەر جوڭگو رەت قىلىش ھوقۇقىنى ئىشلەتمىسە، موسكۋا جوڭگودىن سوۋۇپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، مۇدىرىيەت دۆلەتلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش جوڭگو ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى جوڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىغا يېتەكلەشتە جوڭگوغا ياردىمى تېگەتتى.

جوڭگونىڭ بۇ ئورۇننى ساقلاپ قېلىش ئارزۇسى جوڭگونىڭ مەيدانىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. غەيرىي دائىمىي مۇدىرىيەت دۆلەتلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش [illegible] بەلگىلىك ئادەتتە ئۈچ يىل بولۇپ، جوڭگو بۇ ۋەزىپىنى [illegible] ئىككى قېتىم ئۆتىگەنىدى. 1939 - يىلى [illegible] - [illegible] جوڭگو ئۈچىنچى قېتىم بۇ ۋەزىپە [illegible] قولغا [illegible] ئېرىشىپ، [illegible] يەتتى.

12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى فىنلاندىيە ھۆكۈمىتى خەلقئارا ئىتتىپاقىغا سوۋېت ـ فىنلاندىيە توقۇنۇشىغا ئارىلىشىشىنى مۇراجىئەت قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئارگېنتىنا ۋەكىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنى خەلقئارا ئىتتىپاقتىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلىپ، يىغىنغا تەكلىپ قويدى. كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئاجىز قوشنا دۆلەتلەرنى ھاپ ئېتىپ يۇتۇۋېتىشىنى چەكلەش جەھەتتە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ جانجان مەنپەئەتى تۈپەيلى يىغىنىنىڭ تەدبىر قوللىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى خەلقئارا ئىتتىپاقتىن قوغلاپ چىقىرىشىنى باشلامچىلىق بىلەن مۇراجىئەت قىلدى. ئىككىنچى كۈنى مۇشۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس قۇرۇلغان ھەيئەت ئاخبارات ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فىنلاندىيىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى خەلقئارا ئىتتىپاقتىن قوغلاپ چىقىرىشنى قارار قىلدى. بۇلغارىيە بىلەن جۇڭگونى ھېسابقا ئالمىغاندا، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر بۇ ئاخبارات بىلەن بۇ قارارنى بىردەك ماقۇللاپ مۇدىرىيەت ھەيئىتىنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىغا تاپشۇردى. 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مۇدىرىيەت ھەيئىتىمۇ قارار ماقۇللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فىنلاندىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنى ئەيىبلەپ، ئۇنى بۇ تەشكىلاتتىن قوغلاپ چىقىرىشنى قارار قىلدى ھەمدە ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەرنى بىردەك ھەرىكەتلىنىپ فىنلاندىيىنى قوللاشقا چاقىردى. جۇڭگو بۇ قارارغا قارشى ئاۋاز بەرمىدى، لېكىن گرېتسىيە، يۇگوسلاۋىيىلەر بىلەن بىرلىكتە ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى. باشقىچە ئېيتقاندا، جۇڭخۇا مىنگو ئۆزىنىڭ رەت قىلىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى خەلقئارا ئىتتىپاقتىن قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدىكى تەكلىپنى رەت قىلمىدى.

گۇ ۋېيجۈن خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى

قوغلاپ چىقىرىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان هامان جۇڭچىڭدىن يولىيورۇق سورىغانىدى. جۇڭچىڭ ئۇنىڭغا: سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەيىبلەيدىغان ھەرىكەتلەردە ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش، سەت كۆرۈنۈپ قېلىش ۋە مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، زۆرۈر تېپىلغاندا مۇدىرىيەت ھەيئىتىدىن چېكىنىپ چىقىش توغرىسىدا يولىيورۇق بەرگەنىدى. شۇچاغدا، گۇ ۋېيجۈن جۇڭگونىڭ مۇدىرىيەت ھەيئىتىدىكى ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمىغان ياكى يەنىلا جۇڭچىڭنىڭ غەرىزىنى ئاڭقىرالمىغان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇ يەنە جۇڭچىڭدىن تېلېگرامما ئارقىلىق يولىيورۇق سورىغانىدى. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى جۇڭچىڭ بىلەن جەنۋەنىڭ تېلېگراممىسىدىنمۇ تېز بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغلاپ چىقىرىش مەسىلىسى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مۇدىرىيەت ھەيئىتىگە قويۇلغان چاغدا، گۇ ۋېيجۈن جۇڭچىڭنىڭ جاۋاب تېلېگراممىسىنى تېخىچە تاپشۇرۇۋالمىغانىدى، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ھوقۇقىدىن ۋاز كەچمەكتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.

ئومۇمىي يىغىن بىلەن مۇدىرىيەت ھەيئىتىنىڭ مۇنازىرىسىدە گۇ ۋېيجۈن قىسقىلا سۆزلىدى. ئۇ ئومۇمىي يىغىندا: يىغىن چۈشەنگەن ئەھۋالدا، جۇڭگو مەخسۇس كومىتېت ئاخباراتىنىڭ ھەنىۋا ماددىلىرىغا ھوقۇقتىن ۋاز كېچىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ، دەپ جاكارلىدى. مۇدىرىيەت ھەيئىتى يىغىنىدا گۇ ۋېيجۈن يەنە يىغىنىنىڭ باياناتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئەڭ يېڭى يولىيورۇقىنى تاپشۇرۇۋالمىغان شارائىت ئاستىدا، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش بېلىتى تاشلايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئەمما، گۇ ۋېيجۈننىڭ 12 - ئاينىڭ 14 - كۈندىكى باياناتى روشەن ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۈس ئالغانىدى. ئۇنىڭ «يىغىن ئىگىلىگەن ئەھۋال» دېگىنى ئەمەلىيەتتە جۇڭگونىڭ ئاساسىي

پرىنسىپتىن ۋاز كەچكەنلىكى ئۈچۈن ئەگىتىپ ئەپۇ سوراش ئىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خاتا قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇگوسلاۋىيە، گرېتسىيە ۋەكىللىرىنىڭ ئەكسىچە، گۇ ۋېيجۈن ئۆزىنىڭ يىغىننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدىكى قارارىغا قارشى تۇرغانلىقىنى ئېغىزغا ئالمىغانىدى.

جۇڭگو رەت قىلىش هوقۇقىنى ئىشلەتكىلى ئۇنىمىغاچقا موسكۋا قاتتىق نارازى بولدى. 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، جياڭ جيېشى موسكۋاغا ئەۋەتكەن پەۋقۇلئاددە ئەلچى خې ياۋزۇ جياڭ جيېشىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنكاسىنى دوكلات قىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نارازى بولغانلىقى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلاشقانلىقى تۈپەيلى خې ياۋزۇنىڭ 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى خەتنى ستالىنغا تاپشۇرۇشى «خېلىلابىئەپ» بولۇپ قالغانىدى. ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، جياڭ جيېشىنىڭ يادرو گۇرۇھىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ شىجيې سوۋېت - فىنلاندىيە مەسىلىسىنى تېلېگراممىا ئارقىلىق خۇشىغا ئۇقتۇرۇپ: جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى چۈڭچىلىك دۇچ كەلگەن ئەڭ قىيىن، ئەڭ كەسكىن مەسىلىگە ئايلاندى، دېگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگودىن خەلقئارا ئىتتىپاقىنىڭ مۇدىرىيەت يىغىنىدا قىلىنغان ئۇرۇش مەسىلىسىگە ئاۋاز بېرىپ، جۇڭگونى جازالاشقا قارشى تۇرۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. جۇڭگونىڭ هوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئېيتقاندا هەرگىزمۇ كۇپايە قىلمايتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى ئاكتىپ قوللاش ئىدى.

1 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياڭ جيې بىلەن ئاچقان يىغىندا، مولوتوۋ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونى قوللاش مەسىلىسى بىلەن جۇڭگونىڭ سوۋېت - فىنلاندىيە ئۇرۇشى

توغرىسىدىكى سىياسىتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈردى. مولوتوۋ مۇنداق دېگەنىدى: سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا داۋاملىق ياردەم قىلىشىنىڭ يوللىرىنى قاراشتۇرۇشنى خالايدۇ، لېكىن، بۇنىڭ بىرقىسمى جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىگە باغلىق. ئەگەر جۇڭگو تەدبىر قوللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوغلاپ چىقىرىلىشىغا قارشى تۇرسا، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ، ئەمما، جۇڭگونىڭ ھەرىكىتى لوندون بىلەن پارىژنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەم قىلىشتىن ئىبارەت بولدى، بۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو تاكى ھازىرغىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا جەنۋەدىكى ھەرىكەتنىڭ كەينىدە زادى قانداق غەرەزنىڭ بارلىقىنى ئىزاھلىمىدى. مولوتوۋ يەنە مۇنداق دېگەنىدى: جۇڭگو جامائەتچىلىكى شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فىنلاندىيىگە بەرگەن ياردىمى بىلەن قويغان تەلىپى تامامەن يوللۇق، فىنلاندىيە ئەينى ۋاقىتتا چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرىغانىدى.

1940 - يىلى 1 - ئايدا، ياڭ جيې سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى، بۇنىڭدىكى بىر قىسىم سەۋەب ئۇنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ فىنلاندىيە ئۇرۇشىدىكى دىپلوماتىيىلىك پائالىيەتلىرىگە باشقىچە قاراشتا بولغانلىقى ئىدى. ياڭ جيېنىڭ شۇ چاغلاردىكى بىر ياردەمچىسىنىڭ ئەسلىشىگە قارىغاندا، ياڭ جيې جياڭ جيېشىنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ ئامېرىكىغا يېقىنلىشىش سىياسىتىگە قوشۇلماستىن... جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش»نى مۇراجىئەت قىلىدىكەن. ياڭ جيېنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرى تۈپەيلىدىن جياڭ جيېشى ئۇنى داۋاملىق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىگە قويۇشنى خالىمىغانىدى. ياڭ جيې شەخسەن ئۆزى ھېچقانداق ئەسلىمە قالدۇرمىغان بولسىمۇ (ئۇنى

بەلكىم گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى 1949 ـ يىلى شياڭگاندا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن) لېكىن ئۇنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ غەرب دۆلەتلىرىگە قاراتقان سىياستىنى تەڭشىشىدىن تازا رازى ئەمەسلىكى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن ئىدى.

1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە، ياڭ جيېنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان ھەربىي ياردەم توغرىسىدىكى سۆھبەتكە مەسئۇل بولغان خې ياۋزۇ تېلېگراممىا ئارقىلىق يولىورۇق سوراپ: موسكۋا جۇڭگو ۋەكىلىنىڭ نېمە ئۈچۈن جەنۇۋەدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھىمايە قىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بەرسەم بولىدۇ، دېدى. ئۇ يەنە بىر پارچە تېلېگراممىا يوللاپ موسكۋانىڭ ئالەمشۇمۇل مۇددىئاسىنى مۇنداق تەھلىل قىلدى: سوۋېت ئىتتىپاقىنى خەلقئارا ئىتتىپاقتىن قوغلاپ چىقىرىش سوۋېت ئىتتىپاقىنى تېخىمۇ يېتىم ھالەتكە چۈشۈرۈشى ۋە موسكۋا ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى تەرەپكە قېيىپ كېتىشى مۇمكىن. موسكۋا جۇڭگوغا شۇنىڭ ئۈچۈن كۈنسايىن سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇۋاتىدۇكى، ئاساسلىقى ئۇ جۇڭگو ـ سوۋېت سۆھبىتىنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرىمەن دەپ ئويلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا بىرلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشتا زادى نەگىچە باردىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى.

1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى خې ياۋزۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. جياڭ جيېشى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ: خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغلاپ چىقىرىش تەدبىرى جۇڭگو ۋەكىلىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى، بەختسىزلىك شۇ يەردىكى، گۇ ۋېيجۈن جەنۇۋەدە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىلى بىلەن ئۈچ ـ تۆت قېتىم كۆرۈشكەن بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى

ۋەكىلى ئۈنىڭغا يىغىنىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغلاپ چىقىرىش تەدبىرىنى قوللىنىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىمىغان. «شۇڭا، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو بىلەن ئىشتىن بۇرۇن سەممىي سۆزلىشىدىغانلا بولسا، جۇڭگو ھەرقانداق ئىشنى جان دەپ ئورۇنداپ، ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە فاڭجېنى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە فاڭجېنى ئارىسىدىكى بىردەكلىكنى ساقلايدۇ». شۇنىڭدىن كېيىن جياڭ جېيشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمىنى كېچىكتۈرگەنلىك مەسىلىسىنى بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىتىنى ئۆزگەرتمىگەن، ھېلىھەم ياپونىيىگە ياخشىچاق بولمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، جۇڭگو - سوۋېت كېلىشىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، جۇڭگونى جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان كۆرەشچى ئايروپىلان، بومبا ۋە باشقا ئاللىقاچان كېلىشىم ئىمزالىنىپ بولغان ھەربىي قورال - ياراقلار بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. جۇڭگو موسكۋا تەلەپ قىلغان ماددىي ئەشيالارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا خۇشاللىق بىلەن توشۇپ بېرىدۇ، لېكىن، جۇڭگونىڭ توشۇش سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى تۆۋەن بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا بۇجەھەتتە ياردەم قىلىشى كېرەك. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى ساپ سودا مۇناسىۋىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزگە كەڭ دائىرىلىك سىياسىي مەنپەئەتنى ئاساس قىلىش كېرەك، ئەمەلىيەتتە، ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى، ئىككى دۆلەت كېلىشىمىنىڭ ئەمەلىيلىشىش - ئەمەلىيلەشمەسلىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمىنىڭ داۋاملىشىش - داۋاملاشماسلىقى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى تامامەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا سەممىي بولۇش - بولماسلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا

قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىش - ئۆزگەرمەسلىكىگە باغلىق ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگوغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا باغلىق بولۇپ، جۇڭگو قايتا - قايتا تەلەپ قىلغان بىلەنمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

جياڭ جيېشىنىڭ ستالىنغا ئەۋەتكەن خېتى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، جياڭ جيېشىمۇ خۇددى خې ياۋزۇغا ئوخشاشلا جۇڭگونىڭ جەنۇبدىكى ھەرىكەتكە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نارازى بولۇشى خۇپسەنلىك دەپ قارايتتى. موسكۋا ياپونىيە بىلەن بولغان دوستلۇقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن باشتىن - ئاخىر جۇڭگودىن يىراقلىشىشنىڭ كويىدا ئىدى، جۇڭگونىڭ جەنۇبدە قوللانغان تەدبىرى پەقەت موسكۋا ئۈچۈن باھانە بولغانىدى، خالاس. موسكۋا 1939 - يىلى كۈز پەسلىدىن بۇيان ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ باشتىن - ئاخىر ئۆزگەرمىگەنلىكى توغرىسىدا قايتا - قايتا كاپالەت بېرەتتى. جياڭ جيېشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، موسكۋادىن ماددىي ياردەم بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى دەلىللەشنى تەلەپ قىلدى. موسكۋا بىلەن چۇڭچىڭ ئورتاق ھالدا: ئىككى دۆلەتنىڭ ياپونىيە مەسىلىسىدىكى مەنپەئىتىنىڭ بىردەكلىكى ئالدىدا جەنۇب ماجىراسى روشەنكى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ دەپ قارايتتى. موسكۋا سىياسىتىنى ئۆزگەرتسە، ھەرگىز جۇڭگونىڭ جەنۇب يىغىندىكى ھەرىكىتى تۈپەيلى ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ ئەمدىلىكتە ئىككى دۆلەتنىڭ ياپونىيە مەسىلىسىدىكى ئورتاق مەنپەئىتىنى بىردەك دەپ قارىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزگەرتتى.

جياڭ جيېشىنىڭ خې ياۋزۇغا بەرگەن يوليورۇقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەزىپىنى باسالمىدى. 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى خې ياۋزۇ جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلىپ: دۆلەت مۇداپىئە خەلق كومىسسارى ۋوروشىلوۋ (شۇ چاغدا ۋوروشىلوۋ دەل ھەربىي ياردەم توغرىسىدا جۇڭگو بىلەن قىلىنىدىغان سۆھبەتكە مەسئۇل

ئىدى) دەرھال جۇڭگونىڭ جەنۇبدىكى ھەرىكىتىنى ئىزاھلاشنى تەلەپ قىلىشۋاتىدۇ، بولمىسا مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلاشمايدىكەن، دېدى. بۇنداق دوستانە بولمىغان پوزىتسىيە روشەنكى دەرھال ئۆزگەرگەنىدى، چۈنكى ئىككىنچى كۈنىلا ئىككىيلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەنىدى. ئەمما، خې ياۋزۇ بىلەن ۋوروشىلوۋنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشى مەغلۇپ بولغانىدى.

خې ياۋزۇنىڭ چۈشىنىشىچە، ياۋروپا ئۇرۇشى جەنۇبى جۇڭگونىڭ خەيفېڭ بىلەن ياڭگۋاڭدىن ئۆتىدىغان دېڭىز نەقلىيات لىنىيىسىنى قامال قىلىشقا مەجبۇر قىلىشى مۇمكىن دەپ ئەنسىرەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ۋوروشىلوۋ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: خې ياۋزۇنىڭ پوزىتسىيىسى ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا «دوستانە بولمىغان پوزىتسىيە» تۇتىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. شۇڭا، ۋوروشىلوۋ جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا خام ئەشيالارنى ئايرىپ بەرمىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. خې ياۋزۇ ۋوروشىلوۋنىڭ ئەيىبلىشىگە جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋوروشىلوۋ خې ياۋزۇنىڭ جاۋابىدىن قانائەت ھاسىل قىلمىدى. ئىش ئۆتكەندىن كېيىن، جياڭ جيېشى بۇ مەسىلىدە ۋوروشىلوۋقا قاتتىق پوزىتسىيە قوللانمىدىڭ دەپ خې ياۋزۇنى ئەيىبلىدى. كېيىنىسىگە كەلگەندە، جياڭ جيېشى خې ياۋزۇغا، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا سوغۇق پوزىتسىيە تۇتىدىغان بولسا، خې ياۋزۇنىڭ تۈركىيىگە بېرىپ ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستلىرىنى زىيارەت قىلىشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، جياڭ جيېشى چۈشكىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش مەسلىھەتچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، جۇڭگونىڭ جەنۇبدىكى ھەرىكىتىنى شەخسەن ئۆزى

ئاقلىدى. جياڭ جيېشى مۇنداق دېدى: جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى خەلقئارا ئىتتىپاقتىن قوغلاپ چىقىرىشنى توسماسلىقى قەستەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ھودۇقۇشتىن بولغان. جۇڭگو ھۆكۈمىتى جەنۋەدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلىگە سوۋېت - فىنلاندىيە ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەيىبلەيدىغان ھەرقانداق تەكلىپ لايىھىسىگە ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش بېلىتى تاشلاش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن. ئەمما، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى خەلقئارا ئىتتىپاقتىن قوغلاپ چىقىرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ھېچكىممۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەن. ئەگەر جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ مۇددىئاسىدىن خەۋەر تاپقان بولسا، پەقەت ۋاز كېچىش بېلىتى تاشلاپلا ئىشنى تۈگىتىپ قالماستىن، بەلكى تەبىئىي ھالدا قارشى تۇرۇش بېلىتى تاشلىغان بولاتتى. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۋەدىكى ۋەكىلى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە تەدبىر قوللىنىشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن قېتىم گۇ ۋېيجۈن بىلەن كۆرۈشكەن تۇرۇقلۇق بۇ مەسىلىنى ئاغزىغا ئېلىپمۇ قويمىغان. جياڭ جيېشى يەنە مولوتوۋنىڭ جۇڭگونى سۆكۈپ «سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغلاپ چىقىرىش تەدبىرىنى ئەيىبلىمىدى» دېگەن سۆزلىرىگە رەددىيە بەردى. جياڭ جيېشى: بۇنداق گەپلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دېدى. ئەمەلىيەتتە، خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ يىغىنى ئاخىرلىشىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى جياڭ جيېشىنىڭ شەخسەن ئۆزى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋانيۇشكىن بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا، خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ تەدبىرىنى «تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەنىدى. . ئۇنىڭدىن باشقا، دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ چۇڭخۇيمۇ ۋانيۇشكىنغا: خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ئىجرائىيە مۇدىرىيەت دۆلىتى بولغان جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىنى جازالايدىغان ھەرقانداق ھەرىكەتلەرنى

توسىدۇ دەپ ئېيتقانىدى. جياڭ جيېشىغا ئۆزى بىلەن ۋاڭ چۇڭخۇينىڭ سوۋېت باش ئەلچىسىگە يەڭ ئىچىدە بەرگەن كاپالەتلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئەنگلىيە، ئامېرىكا جامائەتچىلىكى ئالدىدىكى ئوبرازىغا زىيان يەتكۈزمىگەنلىكىنى ئىزاھلاپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. جياڭ جيېشى بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىسى بىلەن ئۇچرىشىشتا جەنۇە ماجىراسىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىمكانقەدەر تۆۋەنلەتسە، بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتى ئۆزگەردىمۇ - يوق دېگەن مەسىلىنى ئەگىتىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى دەلىللەشنى تەلەپ قىلدى. مولوتوۋ 1 - ئايدا ياڭ جيېدىن ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكىلار جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرەلەمدۇ - يوق دەپ سورىغانىدى. جياڭ جيېشى بۇ مەسىلە توغرىسىدا مولوتوۋنىڭ تەلەپپۇزىغا: «تولىمۇ ھەيران قالىمەن، جۇڭگو ئەزەلدىن باشقىلاردىن ياردەم سورىغان ئەمەس، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ياردىمى بولغىنىغۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش، ئەمما بۇنداق ياردەم يوق بولغان تەقدىردىمۇ جۇڭگو ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ، » دېگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن جياڭ جيېشى موسكۋانىڭ ئاساسىي فاڭجېنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغانىدى:

بىر قانچە ئايدىن بۇيان، دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى موسكۋا، جەنۇە قاتارلىق جايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى بىلەن قانداق قىلىپ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «دىپلوماتىك ھەرىكەتتىكى بىردەكلىكى» نى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. بىز بۇ توغرۇلۇق ئۆزىمىزنىڭ بىر قاتار كۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدۇق. لېكىن، بىز ھازىرغىچە، ھېچقانداق جاۋاب ئالالمىدۇق. بۇ مۇنداق بىر

كۆز قاراشنى، يەنى جۇڭگونىڭ خەقلەر بىلەن سىياسەت مەسىلىلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىش سالاھىيتى يوق ياكى دوستلۇقنى يەتكۈزەلمەيدۇ دېگەن كۆز قاراشنى ئەكس ئەتتۈرەمدۇ - يوق؟ بىز زادىلا بىلەلمىدۇق. ئەمما، جۇڭگونىڭ ئۆزى بارلىق مەسىلىلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇھاكىمە قىلغان ھەمدە ئاغىنىدارچىلىق بۇرچى بىلەن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغانىدى.

سوۋېت - جۇڭگو مۇناسىۋىتىدىكى فىنلاندىيە بوھرانى 2 - ئايغا كەلگەندە ئۆتۈپ كېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ھەربىي ياردەم بېرىشى توغرىسىدىكى سۆھبەت يەنە ئۆتكۈزۈلمەكتە ئىدى. ۋەھالەنكى، سۆھبەتتە ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆز-ۋىشتىن ئىلگىرىكى مەنپەئىتىنىڭ بىردەكلىكى مەۋجۇتلۇقتىن قالغانىدى. موسكۋانىڭ پۈتۈن يەر شارى سىياستى، سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، غەرب بىلەن قارشىلىشىدىغان ھەمدە ياپونىيە بىلەن ئۆزئارا قايتا دۈشمەنلەشمەي يارىشىشنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەنىدى. موسكۋا بىلەن چۇڭچىڭنىڭ ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇشقانىدى.

### 4 . ستالىنىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمى ۋاقىتىنچە توختىتىشى

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە ئىتتىپاق تۈزگەن مەزگىلدە، جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردەمنى كۆنسايىن ئازايتامدۇ ۋە ئۇنى قايسى دەرىجىدە ئازايتىدۇ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ جەھەتتىكى دەلىل - ئىسپاتلار ئېنىق ئەمەس ئىدى.

لېكىن، 1940 ـ يىلى جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردەم زور دەرىجىدە ئازايغانىدى. ئەلۋەتتە، قەرز پۇل كېلىشىمىنىڭ رەسمىي ئىمزالىنىشى بۇنداق ئازىيىشنىڭ يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۇرمەيدۇ. لېكىن، بىزنىڭ بىلگىنىمىزگە ئوخشاش، قەرز پۇل كېلىشىمى، ھەتتا سودا كېلىشىمىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن ئەمەلىي ھېساب ـ كىتاب قىلىش تامامەن ئىككى ئىش ئىدى.

ماددىي بايلىقلار ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ۋېن ۋېنخاۋ 1939 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى باش ئەلچى خۇ شىغا يازغان خېتىدە: ئۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بەرگەن ياردىمى «ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئىنتايىن ئوچۇق قوللۇق بىلەن قىلىنغان ياردەم ئىدى» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

جۇ شىسەيمۇ مۇنداق دېگەنىدى: 1939 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتى 1939 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بۇ كېلىشىمنى رەسمىي تەستىقلىغاندىن كېيىن «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر خىل قوراللىرى كەينى ـ كەينىدىن جۇڭگوغا توشۇلدى»، لېكىن، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان دەلىل ـ ئىسپاتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، 1940 ـ يىلىنىڭ دەسلىپىدە جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا سوۋېت ـ فىنلاندىيە ئۇرۇشى توغرۇلۇق ماجىرا پەيدا بولغان چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمى ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان توختاپ كەتكەنىدى. مەسىلەن، 1940 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ياڭ جيېنىڭ ئورنىغا جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىكىگە رەسمىي تەيىنلەنگەن شاۋ لىزى موسكۋا 1939 ـ يىلى جۇڭگونى مۇھىم ياردەم بىلەن تەمىنلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇنغا بارماي ياردەم بېرىدىنلا توختاپ قالدى، دەپ جاكارلىغانىدى. پەقەت 1940 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلگەنىدى. شاۋ لىزى مۇنداق دەيدۇ:

1940 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى (لۇگۇجياۋ ۋەقەسى خاتىرە كۈنى) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىكى تۇرۇشلۇق باش مەسلىھەتچىسى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە: غەيرىي ھەربىي ئايروپىلانلار تەييارلاپ قويۇلدى، ياردەم بۇ يىل قىشتا شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگوغا توشۇلىدۇ دەپ ئۇقتۇرغانىدى.

1940 - يىلىنىڭ ئالدىنقى ئون ئېيىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمى توغرىسىدا نۇرغۇن قېتىملىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈپ، نۇرغۇن تالاش - تارتىشلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي تەدبىرلەر قانداقتۇر ئىنتايىن ئاز قوللىنىلغانىدى. 1940 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خې ياۋزۇ ۋوروشىلوۋقا بىر مال زاكاز قىلىش تالونى تاپشۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 80 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق قورال - ياراغ سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خې ياۋزۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 1 - ئايدا تاپشۇرغان مال بۇيرۇتۇش تالونىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەمىنلىيەلمىگەن قورال - ياراغلارنىڭ ئورنىغا 800 مىڭ دانە مىلتىق ۋە 96 دانە كالتە ستۋوللۇق ئېغىر زەمبىرەك سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا 1 - ئايدىكى مال بۇيرۇتۇش تالونىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى دەسلەپكى مەزگىلدىكى مال بۇيرۇتۇش تالونىدا كۆرۈلگەن ئالاھىدە ئۆزگىرىشلەرگە ئېتىراز بىلدۈرگەنىدى. 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، خې ياۋزۇ جياڭ جيېشىنىڭ خېتىنى ستالىنغا بېرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى دەپ ھېس قىلىپ، خەتنى مولوتوۋغا تاپشۇردى. خەت بىلەن بىللە يەنە بىر ئۇزۇن مال بۇيرۇتۇش تالونى تاپشۇرۇلغان بولۇپ ئۇنىڭدا جياڭ جيېشى سېتىۋېلىشنى ئۈمىد قىلغان ھەر خىل قورال - ياراغلار، جۈملىدىن 200 ئايزوپىلان، 10 مىڭ پىلىموت، 560 زېت پىلىموتنىڭ تىزىملىكى بار ئىدى. ئەينى چاغدىكى سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ بۇ تەلەپلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھەرقانداق دەلىل - ئىسپاتلار يوق ئىدى. ئاكى 9 - ئايغىچە كۈتكەن شاۋ لىزى خې ياۋزۇنىڭ 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋە 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى پۈتۈن مال بۇيرۇتۇش تالونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پارچە مال سېتىۋېلىش تالونىنى يەنە بىر قېتىم ئاچىقتى. بۇ 1940 - يىلى 1 - ئايدىن 1940 - يىلى 9 - ئايغىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ 1939 - يىلى 7 - ئايدىكى قەرز پۇل كېلىشىمىگە كىرگەن ماللار توغرىسىدىكى ھەرقانداق تەلىپىنى ئويلىشىشنى رەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ بەرگەنىدى.

خۇددى 2—1 - جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەم قىلغان قورال - ياراغلار ئىچىدە پەقەت مىلتىقنىڭ 13 پىرسەنتى، ماشىنىنىڭ 14 پىرسەنتى، ئوق دورىنىڭ بىر پىرسەنتى ۋە كۆرەشچى ئايروپىلاننىڭ 28 پىرسەنتىلا 1940—1941 - يىللاردا بېرىلگەنىدى. ئېھتىمال، بۇ نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى 1940 - يىلى ماڭدۇرۇلغان لازىمەتلىكلەر ئىچىدە بولۇشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرگە 1940 - يىلنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالارنى جۇڭگوغا ئىنتايىن ئاز توشۇغان ياكى توشۇمىغان دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمىنى ۋاقتىنچە توختىتىشى سوۋېت - ياپونىيە دوستلۇقىنىڭ قەدىمىنى تېزلەتتى. 1940 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى دۇڭشيالىڭ ماۋدې سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك كېلىشىمىنىڭ ئېھتىماللىقىنى مۇزاكىرە قىلغان چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بەرگەن ياردىمىنى مولوتوۋنىڭ يۈزىگە سالدى. مولوتوۋ دۇڭشيالىڭ ماۋدېغا كاپالەت

بېرىپ: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جىياڭ جېيشىغا بەرگەن ياردىمى مۇھىم ئەمەس، چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئۆزىنىڭ قوغدىنىش مەسىلىسى دېدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەمگە بەرگەن ئايروپىلانلىرىنىڭ سۈپەت مەسىلىسى، ئوخشاشلا 1940 - يىلى ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمىنى ۋاقىتىنچە توختىتىشقا سەۋەبچى بولدى. 1939 - يىلى يازدا، سۇن كې سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىر كېلىشىم تۈزدى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، سوۋېت تەرەپ دېخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) دا مەھسۇلات ھوقۇقىغا ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىنىدىغان ئايروپىلان زاۋۇتى قۇرۇپ، ھەر يىلى 300 كۇرەشچى ئايروپىلان ئىشلەپچىقىرىشنى پىلانلىدى. 1940 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ياڭ جيې جىياڭ جېيشىغا دوكلات قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ كېلىشىمنى ئىجرا قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ، دېدى. شاۋ لىزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ھەربىي - سىياسىي مىنىستىرلىكىنىڭ باشلىقى خې يىڭچىن بىلەن ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى جۇجىرۇ: دېخۇادا ئىشلەپ چىقىرىلماقچى بولغان 16—1 تىپلىق ۋە SB تىپلىق ئايروپىلانلار 1938 - يىللاردا بولسا مۇۋاپىقراق بولارمىكىن، 1940 - يىللاردا بۇ ئايروپىلانلارنىڭ ۋاقتى ئۆتتى دەپ ھېسابلىغانىمىش. بۇ كۆز قاراشقا ئاساسەن، جىياڭ جېيشى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شاۋ لىزىغا تېلېگرامما ئارقىلىق ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئايروپىلان زاۋۇتى ئەڭ يېڭى تىپتىكى ئايروپىلانلارنى ئىشلەپ چىقىرالايدىغان بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئايروپىلان زاۋۇتى قۇرۇشقا بولىدۇ، دېدى. جىياڭ جېيشى يەنە: 1—16 تىپلىق رېئاكتىۋ ئايروپىلانىنىڭ سۈرئىتى بەك ئاستا، SB تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانىنىڭ ئۇچۇش مۇساپىسى بەك قىسقا، دېدى. جۇڭگو ئەمەلدارلىرىغا ئېيتقاندا 16—1 تىپلىق ۋە SB تىپلىق ئايروپىلانلاردىن زور دەرىجىدە ئۆتۈپ كېتىدىغان يېڭى

ئەۋلاد كۆرەشچى ئايروپىلان (MF—1) بىلەن بومباردىمانچى ئايروپىلان (4—11) نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۈركۈملەپ ئىشلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقى ئىنتايىن روشەن بولسا كېرەك. ئەگەر ستالىن ياپونىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن جۇڭگودىن ئەسكەر سېتىۋالماقچى بولسا، جياڭ جيېشى ستالىندىن يۇقىرى سۈپەتلىك ئالتۇن پۇل تۆلەشنى ئۈمىد قىلاتتى.

شاۋ لىزى 1940 - يىلى 4 - ئايدا موسكۋاغا كەلدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىدى. شاۋ لىزى «داگۇڭباۋ گېزىتى»نىڭ 1940 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈندىكى باش ماقالىسىنى نەقىل كەلتۈرگەندى، بۇ باش ماقالە ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردەمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ھەيدەكچىلىك قىلغانلىقى ئۈستىدە توختالغانىدى. باش ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى ھەم ئۆزىنى بىۋاسىتە قوغدايدۇ، ھەم باشقا دۆلەتلەرنى ۋاسىتىلىك قوغدايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىغان ياردىمى جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق بىزنىڭ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشىمىزغا ياردەم قىلىدۇ، شۇنداقلا ياپونىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرىدۇ ھەمدە ياپونىيە - گېرمانىيە شەرتنامىسىنى كاردىن چىقىرىپ، ياپونىيە بىلەن گېرمانىيە مۇناسىۋىتىنى يامانلاشتۇرىدۇ. بۇ جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنىڭ ئىككىلا تەرەپكە تەڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تاكى ھازىرغىچە، بۇنداق ۋەزىيەت ئۆزگەرمىدى.

شاۋ لىزى 6 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جۇڭگونى 300 دانە ئەڭ يېڭى ئايروپىلان بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى،

سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ تەلەپنى رەت قىلدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب: جۇڭگو ئايروپىلانغا موھتاج بولغانىكەن، دېمەك ئۇ دېڭىزادا زاۋۇت قۇرۇشنى توسۇماسلىقى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن دىپلوماتىيە مىنىستىرى جۇڭگو ئايروپىلانغا مۇشۇنداق جىددىي ئېھتىياجلىق تۇرۇپ، يەنە ئېمىشقا كېلىشىمگە كىرگۈزۈلگەن زاۋۇت قۇرۇلۇشىنى كەينىگە سۈرەيدۇ دەپ سورىغانىدى. بۇ مۇئاۋىن مىنىستىر زاۋۇتنىڭ ئىش باشلىيالمىغانلىقىدىكى مەسئۇلىيەت سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتە ئەمەس جۇڭگو تەرەپتە دېدى.

جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاق تۈزۈش كۆز قارىشىنى يېڭىباشتىن ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى مەقسىتى ستالىننىڭ جۇڭگو بىلەن ھەمكارلىشىش ئىشتىياقىنى قوزغاشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بىراق، بۇ تەكلىپ ستالىنغا ئىنتايىن كۆپ پايدا يەتكۈزۈش، جۈملىدىن ئۇرۇشتىن كېيىنكى مانجۇرىيىدە ھەربىي بازا قۇرۇش ۋە نۇرغۇن ئىمتىياز بېرىش توغرىسىدا ۋەدە بېرەتتى. يوقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، 1940 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، خې ياۋزۇ جياڭ جيېشىنىڭ 1939 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يازغان خېتىنى ئاخىرى مولوتوۋغا تاپشۇردى. خې ياۋزۇ مولوتوۋ بىلەن بولغان سۆھبەتنى باشلىغان چاغدا، جۇڭگونىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېقىندا «بالتىق دېڭىزى رايونى»دا فىنلاندىيىنى ئۆز زېمىنىگە قوشۇۋالغانلىقىنى ئالقىشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خې ياۋزۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ شۇ ئارقىلىق ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگودا بەزى ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ: جۇڭگو جامائەتچىلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «مۇۋاپىق پەيتتە يىراق شەرق رايونىدا ئاكتىپ سىياسەت قوللىنىپ ياپونىيىنى چەكلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ»، دېدى. ئاندىن كېيىن خې ياۋزۇ

دەرھال سۆزلىرى مۇجمەل بولسىمۇ ئىنتايىن ئاچقۇچلۇق بولغان بىر تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى:

جۇڭگو بۇنداق پەيتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، يىراق شەرق رايونىدا تىنچلىقنى ئۇزاققىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىش مەسىلىسىنى ۋە ئىقتىسادىي جەھەت، ۋاقىتلىق تەدبىر جەھەتلەردىكى، ئۇزاق بەزگىللىك قۇرۇلۇش بىلەن ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتنى قىسمەن زىممىسىگە ئېلىش جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلماقچى.

«ۋاقىتلىق تەدبىر» دېگىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدە ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچنى جۇڭگونىڭ زېمىنى ئارقىلىق توشۇشقا ھوقۇقلۇق دېگەندىن دېرەك بېرەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى 1938 - يىلى ياۋروپا بوھرانىدا چېخوسوۋاكىيىدە بۇنداق ھوقۇققا ئېرىشىشنى ئويلىغانىدى. 1945 - يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو بۇنداق ھوقۇقنى بېرىشكە ماقۇل بولغانىدى. «يىراق شەرق رايونىدا ئۇزاققىچە تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» دېگىنى ياپونىيە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى جۇڭگودا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ھەربىي بازىسىنى ساقلاپ قالىدۇ دېگەندىن دېرەك بېرەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى چىقىش نۇقتا قىلغاندا، بەلكىم جۇڭگونىڭ مەۋقەسىنى چىقىش نۇقتا قىلغاندىمۇ «ئۇزاققىچە تىنچلىق ئورنىتىش» نىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە تاقابىل تۇرىدىغان ھەربىي كۈچىنى كۆپەيتىش بولۇپ قالاتتى. «ئۇزاق مەزگىللىك قۇرۇلۇش» دېگىنى مانجۇرىيىدە تۆمۈريول قۇرۇش ھوقۇقى، يەنى موسكۋا توكيوغا سېتىۋەتكەن ئوتتۇرا شەرق تۆمۈريولىنى 1945- يىلىغا كەلگەندە قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغاندىكى ھوقۇقتەك ھوقۇقتىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا دېڭىز ئارمىيە بازىسى قۇرۇش ھوقۇقى يەنى چار پادىشاھ

1905 - يىلى ۋاز كەچكەن، موسكۋا 1945 - يىلى يېڭىباشتىن ئىگە بولغان لۈيشۈن، دالىيەن پورتلىرىدا دېڭىز ئارمىيە بازىسى قۇرۇش ھوقۇقىدىنمۇ دېرەك بېرەتتى. ئاپتورنىڭ شەخسەن ئۆزىنىڭ خەۋەردار بولغىنىدەك، خې ياۋزۇ ياكى باشقا جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاغزاكى تۈردە بۇ كۆز قاراشلارغا ئالاھىدە مەنە بەرگەن - بەرمىگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگۈدەك ھېچقانداق يازما ماتېرىيال يوق. ئۇلار شۇنداق قىلمىغان تەقدىردىمۇ ستالىن بىلەن مولوتوۋ بۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. بۇ دىپلوماتىيە ئۇرۇقلىرى 1945 - يىلى چېچەكلەپ مېۋە بەرگەنىدى. خې ياۋزۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىنىڭ جۇڭگودىكى ئۆسۈش ئىستىقبالىنىمۇ كۆرسەتكەنىدى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: ياپونىيە بىلەن سوۋېت، جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە دائىر مەسىلىلەر تولىمۇ مۇرەككەپ، لېكىن، ناۋادا جۇڭگو - سوۋېت ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنسا، جۇڭگو - سوۋېت ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى مەڭگۈلۈك بولىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە: جۇڭگو - سوۋېت ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشتىكى ئۇسۇللارنى تەتقىق قىلىشقا ئىشلىتىدىغان بىر ئىقتىسادىي مۇتەخەسسىسنى تونۇشتۇرۇشى كېرەك. ئەگەر دىپلوماتىك مۇجمەل گەپ - سۆزلەرنى ئېلىۋەتسەك، بۇمۇ، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىمتىياز بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ئىدى.

ئاندىن كېيىن خې ياۋزۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، مەن تەكلىپ قىلغان جۇڭگو - سوۋېت گۇرۇھى ئەنگلىيە- ئامېرىكا گۇرۇھى بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ، دېدى. ئۇ ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: جياڭ جيېشى 1939 - يىلى 12 - ئايدا ۋانيۇشكىننى ياپونىيىنىڭ نىشانى لوندون بىلەن ۋاشىنگتوننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئىتتىپاققا كىرىشىنى قولغاكەلتۈرۈش دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى. يېقىندا ياۋروپا ۋە تىنچ

ئوكيان رايونىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر بۇ خەۋپنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، جۇڭگو ئۆزئارا چۈشىنىشكەندىلا ياپونىيىنىڭ ھىيلە - مىكىرلىنىڭ بىتچىت بولۇشى مۇمكىن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ياپونىيىگە نىسبەتەن يۈكسەك ھوشيارلىقتا تۇرۇشى، جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا ماسلىشىپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، ھەرىكەتتىكى بىردەكلىكنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىگە قارشى كەيپىياتى كۈنسايىن كۈچىيىپ، ۋاشىنگتون سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە قارشى چىقمايدىغان بولغانىدى. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ قوراللىق قىسىملىرى بىلەن ياپون «ئالۋاستى» لىرىغا تاقابىل تۇرسا، «ھېچكىممۇ بۇنىڭغا كەلسە - كەلمەس بىر نېمە دېيەلمەيتتى». موسكۋا جۇڭچىڭنىڭ 1940 - يىلى 4 - ئايدا ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگو، سوۋېت، ئامېرىكا، ئەنگلىيىلەر بىرلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە نىسبەتەن ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمىدى. جياڭ جېيشى 3 - ئايدىن كېيىن موسكۋانىڭ تومۇرىنى يەنە بىر قېتىم تۇتۇپ باقتى. 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، جياڭ جېيشى موسكۋاغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئۇنى ئەنگلىيىنىڭ ياپونىيىنىڭ بېسىمى ئاستىدا يۈننەن - بېرما تاشيولىنى ياپقانلىقىغا قارشى تۇرغۇزۇش توغرىسىدا تېلېگرامما ئارقىلىق شاۋ لىزىغا بۇيرۇق بەردى. ئەگەر ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى خېر لوندونغا قارشى بايانات ئېلان قىلغاندىن كېيىن دەرھال بۇ تەدبىرنى قوللىغان بولسا، ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىك تەدبىرىنىڭ بىردەكلىكىگە دىققەت قىلغان بولاتتى. موسكۋا جياڭ جېيشىنىڭ لايىھىسىنى قوبۇل قىلىشنى يەنە بىر قېتىم رەت قىلدى. شاۋ لىزى ئىككىنچى كۈنى جياڭ جېيشىغا ئەۋەتكەن جاۋاب

تېلېگراممىسىدا دوكلات قىلىپ: سوۋېت ئىتتىپاقى سوۋېت — ئامېرىكا ھەمكارلىقى توغرىسىدىكى قۇرۇق گەپلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ، دېدى. سوۋېتلىكلەر، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا بولغان ھېسداشلىقى ھەرىكىتىدە ئەمەس، ئاغزىدا دەپ قارايتتى. ئامېرىكا ھەتتا ياپونىيىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالاشقىمۇ پېتىنالمايۋاتقان يەردە، ئۇنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياپونىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشىدىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. شاۋ لىزى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۈننەن – بىرما تاشيولىنى تاقىۋېتىشكە قارشى تۇرۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىي مەسىلە توغرىسىدا دوكلات قىلىپ: سوۋېت گېزىت – ژۇرناللىرى قارشى پىكىرلەرنى دەل جايىدا ئىپادىلىدى، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئىنكاسلار يەنىلا تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ، دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، جياڭ جيېشى 6 – ئايدا شاۋ لىزىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، سوۋېت – گېرمانىيە مۇناسىۋىتىدە جىددىي ۋەزىيەت پەيدا بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەرب ۋە جۇڭگو بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەمكارلىشىش توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. شاۋ لىزى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا مۇنداق دېگەنىدى: «ئامېرىكىنىڭ تېزلىك بىلەن ئۆزگىرىپ، ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكار بولۇشى ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. بىز بۇ پۇرسەتتىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەسلىكىمىز لازىم؛ بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم، بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشىنى جىددىي ئۈمىد قىلىمىز.»

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جياڭ جيېشىنىڭ ۋاشىنگتوندىكى ۋەكىلىمۇ ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىغا ئوخشاش ئاساسلارنى قويغانىدى. ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى جۇڭگونىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا تېخىمۇ ماقۇل بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە

ئەمەلىيەتتە موسكۋانى جۇڭگوغا ياردەم بېرىش ۋە ئامېرىكا بىلەن ماسلىشىشنى ساقلاشقا قايىل قىلغانىدى. 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سۇڭ زىۋېن جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلىپ: ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىللە جۇڭگونى قوللاشنى خالايدۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشنى يەنىلا رەت قىلىۋاتىدۇ، دېدى. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكا جۇڭگوغا ئۈچىنچى قېتىم قەرز پۇل بەرگەندىن كېيىن، سۇڭ زىۋېن يەنە بىر قېتىم دوكلات قىلىپ، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرى ھېنرى مودرگىنسو سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسىگە: ئۇزاق مەزگىللىك سودا كېلىشىمى تۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مولىبدىنى بەدىلىگە ئامېرىكىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، دېدى. بۇ كېلىشىمنى ئىمزالاشتىكى سىياسىي شەرت جۇڭگوغا بولغان ياردەمنى كۆپەيتىش ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى سوۋېت ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلىنىشتىن ئىلگىرى ئامېرىكا سوۋېتنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمىنى مۇھاكىمە قىلىش ئېھتىمال بالدۇرلۇق قىلىش مۇمكىن دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندىلا، شاۋ لىزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرىش يوللىرىنى ئېچىۋېلىشتىن راۋانلاشتۇرۇش تىرىشچانلىقى ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. 11- ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جياڭ جيېشى شاۋ لىزىغا تېلېگراممىا يوللاپ: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسى ماڭا: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا داۋاملىق ئايروپىلان، زەمبىرەك، پىلىموت ۋە نېفىت بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇردى، مەن خې ياۋزۇ 4 ـ ئايدا تەلەپ قىلغان مىقدارى بويىچە مال ئەۋەتىمىسىلەر دەپ سورىغىنىمدا، بۇ سوۋېت ئەمەلدارى ماڭا پەقەت چىرايلىق سۆزلەر بىلەنلا جاۋاب بەردى، دېدى. شۇڭا، جياڭ جيېشى مال

ئەۋەتىشىنىڭ ئېنىق ۋاقتى بىلەن ماددىي ئەشيالارنىڭ مىقدارى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەردلىكىگە تەشەككۈر ئېيتىش توغرىسىدا شاۋ لىزىغا يوليورۇق بەردى. جياڭ جيېشى يەنە يوليورۇق بېرىپ، شاۋ لىزىدىن بار كۈچى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ كىچىككەندىمۇ ماللارنى 1941 - يىلىنىڭ 2 - ئېيىدىن بۇرۇن پۈتۈنلەي يوللاپ بولۇشىنى قولغان كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمى 1940 - يىلى 12 - ئايدا يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ستالىن جياڭ جيېشىنىڭ قورال - ياراغلارنى دەرھال يەتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىگە ماقۇل بولدى. 1940 - يىلى 12 - ئايدا تەخمىنەن 300 ماشىنا قورال - ياراغ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭ قۇمۇل ئارقىلىق جۇڭگوغا كەلتۈرۈلدى، بۇ ماشىنىلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتاشىدا جۇڭگونىڭ قەلەي، ۋولفىرام، يۇڭ ۋە تېرىلىرىنى ئېلىپ قايتتى، 1941 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە ھەربىي ئەمەلدارى گېنېرال ۋاسلى ژوكوۋ 1940 - يىلى 12 - ئايدىن 1941 - يىل 1 - ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا يەتكۈزۈپ بەرگەن قورال - ياراغلارنى بىر - بىرلەپ ساناپ چىقتى. جۇڭگو تەرەپنىڭ ماتېرىياللىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1940 - يىلى جۇڭگوغا ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى كۆرسىتىلمىگەندى. بىراق، ئامېرىكا ھەربىي ئاخبارات تارماقلىرىنىڭ بىر دوكلاتىدا بۇ ياردەمنىڭ 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق ياردەمگە يەتكەنلىكى ئېيتىلغانىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەزى ماددىي ئەشيالىرى 1941 - يىلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچىلا جۇڭگوغا ئۈزۈلمەي توشۇلۇپ تۇرۇۋەردى. بىراق، 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ياردەم، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1945 - يىلىغىچە جۇڭگوغا

قىلغان ياردەملىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق زور كۆلەمدىكى ياردەم بولۇشى مۇمكىن. ئاخىرى 1941 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى موسكۋا چۇڭچىڭگە دۆلىتىمىز قىلىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ ماددىي ئەشياغا بولغان ئېھتىياجىنى كۈنسايىن ئۆسۈۋاتقانلىقى تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونى ياردەم بىلەن تەمىنلەشكە ئامالسىز قالدى، دېدى.

موسكۋانىڭ 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگوغا بولغان ياردەمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى مولوتوۋ بىلەن فون. رىبېنتروپنىڭ 1940 - يىلى 11 - ئايدىكى سۆھبىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇپ، سوۋېت - گېرمان مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشىغا ئالاقىدار ئىدى. سوۋېت - گېرمانىيە مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىيلىشىشى چۇڭچىڭنىڭ موسكۋاغا نىسبەتەن بارغانسېرى مۇھىم بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنى ئۇرۇشقا سېلىش ستالىننىڭ ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىشتىكى ئىشەنچلىك سىياسىتى بولۇپ، چۇڭچىڭگە قورال - ياراغ توشۇش بولسا، بۇ سىياسەتكە تۆلەنگەن بىخەتەرلىك ھەققى ئىدى. گېرمانىيە ئەسكىري كۈچىنى غەربكە قاراتقان، موسكۋا بىلەن بېرلىن ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي ۋەزىيەت (1940 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا) ئۈنچىۋالا كەسكىنلىشىپ كەتمىگەن پەيتتە، ستالىن باھاسى زىيادە قىممەت بولغان بىخەتەرلىك سىياسىتى يۈرگۈزۈشنىڭ ھازىرچە زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سىياسەتكە تۆلەنگەن بىخەتەرلىك ھەققى تېخى سوۋېت - ياپونىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشىمۇ مۇمكىن دەپ ھېس قىلغانىدى. لېكىن، گېرمانىيە 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرى بالقان رايونىغا كېڭەيگەن چاغدا، ستالىن روشەن ھالدا قىممەت باھالىق جۇڭگو بىخەتەرلىكىنى يېڭىباشتىن ئويلاشقا باشلىغانىدى.

1940 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، گېنېرال ژۇكوۋ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جۇڭگوغا خىزمەتكە كېلىشتىن ئىلگىرى مارشال تىموشىنكو ۋە ستالىننىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن يوليورۇقلىرى بىزگە: ئەينى چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قارىتا قانداق خىيالدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەنىدى. ژۇكوۋ بىلەن بولغان سۆھبەتتە، تىموشىنكو بىلەن ستالىن گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش خەۋپىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، جۇڭگو ياپونىيىنىڭ بۇ ھۇجۇمغا كىرىشىنى توسۇشتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەنىدى. تىموشىنكو ئۆزىنىڭ ياپونىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىنتايىن زور قىيىنچىلىقلارنى ئەكېلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنىدى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: ياپونىيىنىڭ 1 مىليون 120 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسى جۇڭگو ئۇرۇشىغا قاتناشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن 1937 - يىلى ياپونىيە پەقەت 132 مىڭ ئادىمىنىلا جۇڭگو ئۇرۇشىغا قاتناشتۇردى. تىموشىنكو ياپونىيە بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ جياڭ جيېشىنى گۇمران قىلىدۇ، تىنچلىق سۆھبىتى ئارقىلىق جۇڭگودا ھەربىي ئىشغالىيەت رايونىغا ئىگە بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى. توكيونىڭ مەقسىتى جۇڭگودىكى ئەسكىرىي كۈچىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ، گىتلېر بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش ئىدى. ژۇكوۋنىڭ ۋەزىپىسى ئۆزىنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ باش ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولۇش تەسىرىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگو ئارمىيىسىنى ياپونىيە ئارمىيىسىگە قارشى ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇرۇش قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا داۋاملىق ھەربىي ياردەم بېرىدۇ، لېكىن بۇ ياردەملەر ياپونىيىگە پائال ھۇجۇم

قىلىشقا ئىشلىتىلىشى كېرەك ئىدى. ستالىنىنىڭ ژۇكوۋغا بەرگەن يولىيورۇقىمۇ ئىنتايىن ئوچۇق ئىدى. ستالىن مۇنداق دېگەنىدى: ژۇكوۋ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىكى بارلىق خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى «ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ پۇت - قولىنى چۇشەشتىن ئىبارەت. ئۇلارنى مۇشۇنداق چۇشەيدىغان بولساقلا ئاندىن بىز گېرمانىيە دۆلىتىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن چاغدا، ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنالايمىز.» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىشىسى جياڭ جيېشىنىڭ 1940 - يىلىدىكى «تىنچلىق سىياسىتى» بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئەمەس ئىدى.

## 5. جياڭ جيېشىنىڭ ياپونىيە كوزىرى

1940 - يىل 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى جياڭ جيېشىنىڭ 54 ياشقا كىرگەن خاتىرە كۈنى ئىدى. شۇ كۈنكى ئۇزۇن يازغان كۈندىلىك خاتىرىسىدە، جياڭ جيېشى 1940 - يىلى كۈز پەسلىدىكى خەلقئارا ۋەزىيەتكە بولغان كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغان. جياڭ جيېشى مۇنداق دەپ يازىدۇ: جۇڭگو ماڭىدىغان ئۈچ يول بار، ئەڭ ناچار يول ياپونىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش يولى. قانداق كېلىشىم ئىمزالىغان بىلەنمۇ ياپونىيىنى جۇڭگودىن قوشۇن چېكىندۈرۈشكە مەجبۇرلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، تىنچلىق سۆھبىتى ياپونىيىنىڭ جۇڭگو زېمىنىنى ئۇزاققىچە ئىشغال قىلىپ تۇرۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. نىسپىي ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ بىرقەدەر قوبۇل قىلالايدىغىنى ئەنگلىيە - ئامېرىكا لاگېرىغا كىرىش، لېكىن، بۇنداق سىياسەت موسكۋانىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشى، شۇ ئارقىلىق جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى يامانلاشتۇرۇشى مۇمكىن، ھەتتا موسكۋا جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ياپونىيە بىلەن بىرلىشىپ گومىنداڭغا تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشىمۇ مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن ئەگەر جۇڭگو ياپونىيە - ئامېرىكا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىنى كۈتسە، ئەنگلىيە، ئامېرىكىلار ئارمىيىگە موھتاج بولغان پەيتتە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى مۇمكىن. ئۇ كەمگە بارغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنگلىيە، ئامېرىكا بىلەن يەنە بىر قېتىم ئىتتىپاق تۈزۈشى ياكى موسكۋا كەم دېگەندىمۇ جۇڭگونىڭ ئۇلار بىلەن ھەربىي جەھەتتىن ھەمكارلىشىشىنى توسالماي قېلىشى مۇمكىن ئىدى. جۇڭگو يۈرگۈزىدىغان ئەڭ يەلەن سىياسەت ياپونىيىنى ئۆزىگە بىردىنبىر دۈشمەن قىلىپ، ئەنگلىيە - ئامېرىكا گۇرۇھى بىلەن گېرمانىيە - ئىتالىيە گۇرۇھىغا نىسبەتەن داۋاملىق بىتەرەپ سىياسەت يۈرگۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز مەيدانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىنى كۈتۈشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندا، جۇڭگونىڭ ئامېرىكا، گېرمانىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن سۆزلىشىشىگە ئىمكانىيەت بولۇشى مۇمكىن.

جياڭ جيېشى ئەڭ ئاخىرىدا، بۇنداق خوجايىنلىق سىياسىتى ئەينى ۋاقىتتىكى بىردىنبىر يۈرگۈزگىلى بولىدىغان سىياسەت، دېگەن.

بۇنداق ئەركىن تاللاش ھوقۇقىنى ساقلاش، دۇنيا ۋەزىيىتىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن كۆزىتىش سىياسىتى، ئەگەر ئۇنىڭغا توكيو ۋەزىيىتىنى چېكىپ بېقىشنى قوشساق، تېخىمۇ قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، توكيو بىلەن بولغان سۆھبەت پەقەت مەخپىي ئېلىپ بېرىلىشىلا كېرەك ئىدى، بۇ ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇنداق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ دېگەنلىك ئىدى. ئەگەر مۇۋاپىق شەكىل قوللىنىلسا، ياپونىيە بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان سۆھبەتنىڭ موسكۋاغا بېسىم ئىشلىتىپ، موسكۋاغا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىنىڭ دوستلۇقى جۇڭگو، ياپونىيە،

ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بىرلەشمە گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئەكېلىشى مۇمكىن دەپ ئاگاھلاندۇرۇشقا ياردىمى تېگەتتى. بۇ ھەقتە جياڭ جېيېشى ستالىننى ئالدىبۇرۇن ئاگاھلاندۇرغانىدى. ئەگەر جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىمتىياز بىلەن تەمىنلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى سوۋېت، جۇڭگو، ئامېرىكا بىرلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئىستىقبالىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، جياڭ جېيشىنىڭ 1939—1940 ـ يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ، ياپونىيىگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئاكتىپ تەرىپى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئىتتىپاق تۈزىدۇدېيىش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەھدىت سېلىش بولسا بۇ سىياسەتنىڭ پاسسىپ تەدبىرى ئىدى. بۇ تەرەپ جياڭ جېيشىنىڭ 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ستالىنغا يازغان خېتىدە: ئامېرىكا جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىنى ھەل قىلىشقا ئارىلاشقانلىقتىن، كەلگۈسىدە سوۋېتكە قارشى فرونت شەكىللىنىشى مۇمكىن دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ئۇچىغا چىققان «سول» گېزىت ـ ژۇرناللار «يىراق شەرق ميونخېن سۇيىقەستى» دەپ ئاتاشقا ئامراق بولغان بۇ ھەرىكەت بۇنداق تەھدىتنى تېخىمۇ ئەمەلىي تۈسكە ئىگە قىلىۋەتتى.

1939—1940 ـ يىللاردا كىشىلەر ھەمىشە «يىراق شەرق ميونخېن سۇيىقەستى» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئىشلىتەتتى. شۇڭا، بۇ ئاتالغۇنىڭ نېمە مەنە بېرىدىغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىش بىرگە تولىمۇ پايدىلىق. ئاتالمىش ميونخېن ھەل قىلىش چارىسى ئۆزىنى تاجاۋۇزچىلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن قاچۇرىدىغان ئۈچىنچى بىر دۆلەتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئاجىز دۆلەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىقنى ئادەتتە ئايلاندۇرۇۋالغان كۈچلۈك دۆلەتكە زېمىن كېسىپ بېرىش ياكى ئىمتىياز بېرىشى ئارقىلىق زور كۆلەمدىكى ھەربىي توقۇنۇشتىن ساقلىنىش ياكى ئۇنى ئاياغلاشتۇرۇشتىن

ئىبارەت. بۇ نۇقتا تولىمۇ ئېنىق. ئەمما، ميونخېن ھەل قىلىش
چارىسى باشقا بىر مۇھىم ئەھمىيەتكىمۇ يەنى سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ 1938 - يىلىدىكى ميونخېن يىغىنىغا بولغان كۆز
قارىشىغا نېگىزلەنگەن ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە. بۇنداق كۆز قاراشقا
ئاساسلانغاندا، ميونخېنچە ھەل قىلىش چارىسى غەرب
ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇرۇنۇشىغا، يەنى گېرمانىيە ياكى ياپونىيىنى
ئۆزىنىڭ يېنىدىن داجىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا باشلاپ قويۇش
ئۇرۇنۇشىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. قىسقىسى، ئۇ غەرب
دۆلەتلىرىدىكى بىر خىل ئۇرۇنۇش بولۇپ، سوۋېت - گېرمانىيە
ئۇرۇشى ياكى سوۋېت - ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىنى
تېزلىتىپ، جاھانگىرلىك ئىچىدىكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىشنى
مەقسەت قىلاتتى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، يىراق
شەرق ميونخېن سۇيىقەستى جۇڭگو - ياپونىيە سۆھبىتىنىڭ
شەرقىي ياپونىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا ئەنگلىيە، ئامېرىكا
بىلەن ئۇرۇش قىلىشىدىن ئەمەس بەلكى ئاۋۋال سوۋېت
ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشىدىن دېرەك بېرەتتى. جياڭ جيېشى
«يىراق شەرق ميونخېن سۇيىقەستى» نىڭ تەھدىتى ئارقىلىق
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىتىگە تەسىر كۆرسەتكەنىدى.
باشقىچە ئېيتقاندا، جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
جۇڭگو، ياپونىيە بىلەن ئىمزالىغان ئەھدىنامىسىنى قۇربان
قىلماقچى بولغانلىقىغا تاقابىل تۇرۇش سىياسىتى سوۋېت
ئىتتىپاقى ياپونىيە بىلەن ئىمزالىغان ئەھدىنامىسىنى قۇربان
قىلماقچى بولۇش بىلەن تەھدىت سېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.
جۇڭگو - ياپونىيە توقۇنۇشىنى مۇشۇنداق يول بىلەن ھەل قىلىش
بۇ كېلىشىمنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، بۇنىڭغا ياپونىيىنىڭ
ھەربىي كۈچىنى سىبىرىيىگە ھۇجۇم قىلالايدىغان ئورۇنغا قويۇش
شەرتى بىلەن ئامېرىكىنىڭمۇ ئارىلىشىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنداق
ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ بىر ئالدىنقى شەرتى ياپونىيىنىڭ جەنۇبقا

يۇرۇش قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرۇشنى نىشان قىلغان ھەربىي ھەمكارلىققا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا تارقالغان سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بۇنداق ئۇسۇل «يىراق شەرق ميونخىن سۇيىقەستى» دەپ ئاتىلاتتى.

بۇنداق تەھدىتنى سالماققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن جياڭ جيېشى ياپونىيە بىلەن يەنە بىر قېتىم تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. بۇ 1939 — 1940 - يىللاردىكى تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ نىشانى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان تەسىرىنى كۆپەيتىش دېگەنلىك ئەمەس ئىدى، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ يەنە: توكيو - بېرلىن ئوق مەركىزى گۇرۇھىنىڭ بەربات بولۇش ئېھتىماللىقى ۋە ياپونىيىنىڭ جۇڭگونى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇش ئۈمىدى روشەن ھالدا بەربات بولغاندىن كېيىن، توكيو ياۋروپادىكى ۋەزىيەتتىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، جۇڭگودىكى مۇشكۈل شارائىتتىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلىپ تۇرغان چاغدا، توكيونى جياڭ جيېشى ئوتتۇرىغا قويغان تىنچلىق شەرتلىرىنى تەن ئېلىشقا زادى قايىل قىلغىلى بولۇش - بولماسلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى. جياڭ جيېشىنىڭ ئوخشاشلا جۇڭگو - ياپونىيە تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمىگە پەيدا قىلىشى مۇمكىن بولغان ئۇنۇملۇك تەسىرىنىمۇ بىلگۈسى كېلەتتى. لېكىن، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىز ئۈچۈن ئەھمىيەتلىكى شۇكى، جياڭ جيېشى يەنىلا: «يىراق شەرق ميونخىن سۇيىقەستى» نىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى سوۋېت ئىتتىپاقىنى جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردەمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن توسۇپ قالالايدۇ دەپ ئۈمىد قىلاتتى.

1939 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ چۇڭخۈي بىر ئامېرىكا مۇخبىرىنى قوبۇل قىلغاندا، چۇڭچىڭ يېڭى ستراتېگىيىسىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى

تاشلىدى. ۋاڭ چۇڭخۇي مۇنداق دېگەنىدى: جۇڭگو ئاللىبۇرۇنلا ياپونىيە بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغان، پەقەت قويۇلغان شەرتلەر جۇڭگونىڭ يۈزىنى تۆكمەيدىغانلا بولسا، جۇڭگو بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ. ۋاڭ چۇڭخۇي يەنە مۇنداق دېگەنىدى: جۇڭگو بولۇپمۇ ئامېرىكىغا ئوخشاش بۇنداق تىنچلىقپەرۋەر دۆلەتنىڭ جۇڭگو ـ ياپونىيە توقۇنۇشىنى ھەل قىلىدىغان سالاچى بولۇشىنى خالايدۇ. 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، مەمۇرىي پالاتانىڭ باشلىقى كۇڭ شياڭشى بۇ تەشەببۇسقا تەپسىلىي ئىزاھات بەردى، كۇڭ شياڭشى يەنە بىر ئامېرىكا مۇخبىرىغا: تىنچلىق سۆھبىتى مەسىلىسىدىكى ئاچقۇچ جۇڭگونىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنى خالاش ـ خالىماسلىقىدا ئەمەس، بەلكى ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش سىياسىتىدىن ۋاز كېچىش ـ ۋاز كەچمەسلىكىدە، ئەگەر ياپونىيە جۇڭگونى بويسۇندۇرۇش خام خىيالىدىن ۋاز كەچسە تىنچلىق يېڭىباشتىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. دەپ ئېيتقانىدى. كۇڭ شياڭشى يەنە جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىنى ئامېرىكا رىياسەتچىلىكىدىكى خەلقئارا يىغىن ئارقىلىق ھەل قىلىش توغرىسىدا تەكلىپمۇ بەرگەنىدى.

چۇڭچىڭ ئۆزىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىگە گېرمانىيىنىمۇ ئارىلاشتۇرۇشنى ئويلايتتى، ئەگەر ۋاشىنگتون قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان ماددىلارنى تۈزەلمىسە ئېھتىمال بۇنداق ماددىلارنى بېرلىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. 1939 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا، جۇڭگونىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق مەسلىھەتچىسى گېرمانىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىگە جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىنى گېرمانىيە سالاچى بولۇپ ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىر لايىھىنى قويدى. جياڭ جېيشى تەدبىر قوللىنىپ، ئامېرىكا بىلەن ناتسىستلار گېرمانىيىسىنى جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىدا ۋاستىچىلىك قىلىشقا مەجبۇر قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ

تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ماددىلىرىنى تۈزۈشكە باشلىغانىدى. 1939 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر نۇتقىدا، 1 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا بەرگەن مەخپىي دوكلاتىدا ئاتاپ ئۆتكەن ماددىلارنى يېڭىباشتىن ئوتتۇرىغا قويدى، جياڭ جيېشى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: جۇڭگونىڭ ئۇرۇش قىلىش مەقسىتى 1937 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈندىكى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ۋەزىيەتنى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. جياڭ جيېشى يەنە خەلقئارالىق يىغىن ئېچىپ ياۋروپا بىلەن يىراق شەرق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.

دەسلەپكى قەدەمدىكى بۇ تەدبىرلەر قوللىنىلغاندىن كېيىن، خې ياۋزۇ موسكۋادا ستالىنغا جياڭ جيېشىنىڭ تەكلىپىنى يەتكۈزۈپ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي ئىتتىپاقىنى تۈزۈشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جياڭ جيېشى ياپونىيە بىلەن تىنچلىق سۆھبىتىنى باشلىۋەتتى. 1939 - يىلى 11 - ئايدا جياڭ جيېشى مەخپىي ساقچىنىڭ كاتىپېشى دەي لىگە شياڭگاڭغا بىر نەپەر ئىشپىيون ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكى ياپونىيە ئىشپىيونى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. بىر قېتىملىق زۆرۈرىي ئورۇنلاشتۇرۇشلاردىن كېيىن، تىنچلىق سۆھبىتى 1940 - يىلى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شياڭگاڭدا باشلىنىپ، 1940 - يىلى 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگە كەلگەندىلا ئاندىن ئاخىرلاشتى. 6 - ئاينىڭ بېشىدا ئىككى تەرەپ كېلىشىم ھاسىل قىلدى. قىسقىچە ئېيتقاندا، جياڭ جيېشىنىڭ 1940 - يىلدىكى ياپونىيە بىلەن ئېلىپ بارغان تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، ياپونىيە ئىچكى موڭغۇلىيە بىلەن شىمالىي جۇڭگودا ئەسكەر تۇرغۇزىدۇ؛ ئىككىنچى، جۇڭگو ياپونىيە بىلەن كوممۇنىزمغا قارشى كېلىشىم ئىمزالايدۇ. بۇ كېلىشىمنىڭ

قارشى تۇرۇش نىشانى «تاشقى قىسىمدىكى كوممۇنىزم» يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، جۇڭگو مانجۇرىيىنىڭ قولىدىن كېتىشىگە ئۆزگىچە قاراشتا بولمايدۇ. ئاخىرىدا، ياپونىيە جۇڭگودا كەڭ كۆلەمدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىمتىيازغا ئىگە بولىدۇ. بۇ شەرتلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلاتتى، بۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا ئوتتۇرىغا چىقىپ خەلقئارا يىغىن ئۇيۇشتۇرۇش توغرىسىدىكى مەسلىھەت جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇش توختىتىشى بىلەن ياپونىيە - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەشتۇرۇپ قوياتتى؛ ناۋادا راستىنلا بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە، ياپونىيىنىڭ شەرقىي ئاسىياغا يۈرۈش قىلىش ئېھتىمالى مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. ئەينى چاغدىكى تىل بىلەن ئېيتقاندا، بۇ «يىراق شەرق ميونخېن سۈيىقەستى» بولۇپ قالاتتى.

بۇ مەخپىي سۆھبەتلەر جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېتكە قارشى خاھىشىنى ئىپادىلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن تەھدىت شەكىللەندۇرەتتى. بۇنىڭدىكى بىر قىسىم سەۋەب موسكۋانىڭ جۇڭگوغا كۆرسەتكەن سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ، ياپونىيىگە ئۆزلۈكسىز ياخشىچاق بولۇشىدا ئىدى. ئۇ چاغدا جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىدە سوۋېت - فىنلاندىيىنىڭ قىش مەۋسۇمىدىكى ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن بوھران پەيدا بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردەمنى بىر مەزگىل توختاتقانىدى. جياڭ جيېشى ستالىننىڭ سوۋېت - ياپونىيە ئىتتىپاقداشلىقى پەقەت يىراق شەرق ميونخېنغا ئەكېلىپ، ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىشىنىڭ رولى بېرىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرمەكچى بولغانىدى. مۇشۇ ئۇرۇنۇشلار ئارقىلىق جياڭ جيېشى سوۋېت - ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەقسىتىگە يېتىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ياپونىيىنى مۇرەسسەگە مەجبۇرلاۋاتقان زادى ئەنگلىيە

بىلەن ئامېرىكىنىڭ بېسىمىمۇ ياكى گېرمانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمىمۇ دېگەن مەسىلە جىياڭ جېيشى ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇھىم ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو قاپقان قۇرۇپ، بۇ گورۇھلارنى ئۆزئارا زىتلاشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىمۇ ياپونىيىنى ئاقىلانە بولۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان قىلماقچىدى ھەممە بۇ گورۇھلارغا كىم مۇۋەپپەقىيەت قازانسا جۇڭگو شۇ تەرەپتە تۇرىدۇ دېگەندىن بېشارەت بەرمەكتە ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو يەنە قايسى گورۇھنىڭ ئۆزىگە تېخىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئىزچىل ھالدا كۆزەتمەكتە ئىدى.

1940 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى (فرانسىيە قولدىن كەتكەندىن كېيىن) ياپونىيىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك جىڭۋى كابىنېتى قۇرۇلدى، بۇ جۇڭگو - ياپونىيە تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئاساسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. يېڭى جىڭۋى ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە، ئامېرىكا بىلەن بىرلىشىپ جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى رەت قىلدى، بۇنىڭ ئەكسىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شەرتنامە ئىمزالاپ ھەممە ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى مۇستەملىكىلىرىگە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى. جىڭۋى كابىنېتى دۆڭتياۋ يىڭجىنى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. دۆڭتياۋ يىڭجى جىياڭ جېيشى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، جىياڭ جېيشىنىڭ شەرتى جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەربىي قاتناش لىنىيىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شەرتنامە ئىمزالاش ئارقىلىق جۇڭگو مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭلاشقا، 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى شياڭگاڭ تىنچلىق سۆھبىتىدە، ئىككىنچىلەپ ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، دۆڭتياۋ يىڭجى بۇ قېتىمقى تىنچلىق سۆھبىتىنى

ئاياغلاشتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

جۇڭگونىڭ تىنچلىق سىياسىتى قىسمەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى. گەرچە بۇ قېتىمقى تىنچلىق سۆھبىتى موسكۋا بىلەن توكيونىڭ دوستانە مۇناسىۋەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ستالىننى جۇڭگوغا بولغان ياردەمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان ئامىل بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن ئىدى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ قارىشىچە، جياڭ جيېشى ياپونىيە بىلەن يارىشىش تەھدىتى ئارقىلىق خېلىلا زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنىدى.

## 6. ستالىننىڭ جياڭ جيېشىنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرگەن مەۋقەسى

2 - نۆۋەتلىك جىڭۋى كابىنېتىنىڭ تەشكىللىنىشى، جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت - ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىشتىكى ھەممە تىرىشچانلىقلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئامېرىكا بىلەن ياپونىيىنىڭ ئۇرۇشۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىمۇ زور دەرىجىدە كۆچەيتىۋەتتى. ياپونىيىنىڭ پىلانىدىكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشقا دىپلوماتىيە جەھەتتىن ئوبدان تەييارلىق قىلالىشىدىكى مۇھىم ئامىل شۇكى، ئۇ ئامېرىكىنىڭ ئارىلىشىشىنى توسۇش ئۈچۈن، گېرمانىيە بىلەن ئىتتىپاقداشلىق ئەھدىنامىسى تۈزگەنىدى. جىڭۋىنىڭ دىپلوماتىك سىياسىتى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شەرتنامە تۈزۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1940 - يىلى 9 - ئايدا گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيىلەرنىڭ ئۈچ مەركىزى دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنى قۇرۇش،

1940 - يىلى 4 - ئايدا سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى ۋە ياپونىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

جىڭۋېنىڭ 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 2 - نۆۋەتلىك كابىنېت تەشكىل قىلىشىنىڭ ئەھمىيىتى جياڭ جيېشىغا بەش بارماقتەك ئايان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ، 7 - ئاينىڭ 17 - كۈندىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە: جىڭۋېنىڭ يېڭىباشتىن ھوقۇق ئىگىلىشىگە ئەگىشىپ، ياپونىيە شەرقىي جەنۇبى ئاسىياغا كېڭىيىش قەدىمىنى تېزلىتىشى مۇمكىن، بۇ ئىلگىرىلەشلەر «جۇڭگوغا پايدىلىق» دەپ يازغانىدى. 1940 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيىلەر ئىمزالىغان ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى قۇرۇش توغرىسىدىكى كېلىشىم جياڭ جيېشىنى ئىنتايىن مەمنۇن قىلىشۋەتكەنىدى. ئۇ ئىككىنچى كۈندىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغانىدى:

> گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە ئىتتىپاقى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋە پۈتكۈل خەلقئارا ۋەزىيەت ئۈستىدىن سۆز ئاچقاندا، بۇ بىز باشتىن - ئاخىر كۈيىدا بولۇۋاتقان، ئەمما باشتىن - ئاخىر قولغا كەلتۈرەلمەيۋاتقان نەرسە. ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسى بۇنىڭغا تولۇق شەرت ھازىرلاپ بەردى.

جياڭ جيېشى ئۈچ دۆلەتنىڭ ئوق مەركىزى كېلىشىمى ئىمزالىغانلىقىنى چىن دىلىدىن قارشى ئالدى، چۈنكى ئۇ بۇ كېلىشىمنىڭ ئامېرىكا بىلەن ياپونىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى توقۇنۇشىنى كۈچەيتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. لېكىن، ئۇ يەنە كېلىشىمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى نىشان قىلىغانلىقىنى، كەم دېگەندە گېرمانىيە بىلەن ياپونىيە مۇناسىۋىتىنىڭ قانچىلىك

جىددىيلىشىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ كېلىشىمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ۋەھىمىگە كۆمۈۋېتىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەتتى. كېلىشىم ئىمزالىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، جياڭ جيېشى گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىدا نۇتۇق سۆزلەپ، كېلىشىمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا سالغان تەھدىتى ئۈستىدە توختالدى. جياڭ جيېشى: كېلىشىم دۇنيانى ئىككى چوڭ لاگېرغا بۆلۈۋېتىدۇ، دېدى. تاجاۋۇزچىلىققا قارشى لاگېر جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تەركىب تاپتى. ئىنتايىن روشەنكى، جياڭ جيېشى ئۈچ دۆلەت ئوق مەركىزى كېلىشىمى سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن تەھدىت شەكىللەندۈرىدۇ دەپ قارايتتى. چۈنكى ئۇ شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، كېلىشىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، 1936 - يىلىدىكى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا قارشى شەرتنامىمۇ مۇشۇنداق ئىدى. يۇقىرىقى سەۋەبلەرگە ئاساسلانغاندا، جياڭ جيېشى ئۆزۈشتىن ئىلگىرى جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاخىرقى قېتىم ئۇرۇنۇپ باققانىدى.

موسكۋادا، باش ئەلچى شاۋ لىزىمۇ ئۈچ دۆلەت ئوق مەرِكىزى كېلىشىمى تىغ ئۇچىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەنىدى، شۇڭا، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا جۇڭگو - سوۋېت ھەمكارلىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى يەنە بىر قېتىم تەشەببۇس قىلىشنىڭ پۇرسىتى پىشىپ يېتىشتى، دەپ قارايتتى. شاۋ لىزى ئالاقىدار نەقتەن تەكلىپلەرنى تېلېگراممىدا ئارقىلىق جياڭ جيېشىغا مەلۇم قىلدى. 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جياڭ جيېشى بۇ تەكلىپلەرگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ستالىنغا تېلېگرامما ئەۋەتتى. جياڭ جيېشى: ئۈچ دۆلەت ئوق مەركىزى كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تېخىمۇ قارامىلىق قىلىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇنىڭ جۇڭگو - سوۋېت

مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەھمىيىتى زور، جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىشنى كەسكىن ئۈمىد قىلىدۇ دەپ كېسىپلا ئېيتتى. شۇڭا، جياڭ جيېشى ستالىننىڭ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتكە قانداق ھەرىكەت قوللانسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېرمانىيىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى فون. رىبېنتروپمۇ جياڭ جيېشىغا بېسىم ئىشلىتىپ، جۇڭگونى يېڭى ئوق مەركىزى دۆلەتلەر گۇرۇھىغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇندى. ئۇنداق بولمىسا، جۇڭگو ـ ياپونىيە يارىشىشىدا سالاچى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ جياڭ جيېشىنى موسكۋانىڭ جۇڭگونىڭ قايسى تەرىپىدە تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلىشكە تېخىمۇ تەقەززا قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاۋابى كۈتكەن يەردىن چىقماي قالدى. شاۋ لىزى جياڭ جيېشىنىڭ غەرىزىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن دىپلوماتىيە مىنىستىرىغا يەتكۈزگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى جاۋاب بېرىپ: سوۋېت ئىتتىپاقى تەبىئىي ھالدا ياۋروپا ئۇرۇشى بىلەن شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئۇرۇشىدا بىتەرەپلىكنى ساقلاشنى ئۈمىد قىلىدۇ، دېدى. جۇڭگونىڭ ئۈچ دۆلەت ئوق مەركىزى كېلىشىمىگە ھەددىدىن زىيادە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى، چۈنكى بۇ كېلىشىم چوقۇم ئامېرىكا بىلەن ياپونىيىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوغا پايدا يەتكۈزەتتى. 1940 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ستالىن جياڭ جيېشىنىڭ تېلېگراممىسىغا جاۋاب بەردى، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ جاۋابى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1940 ـ يىلى كۈزدىكى دۇنيا ۋەزىيىتىگە بولغان كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ بەردى. ستالىننىڭ جاۋابى مەشھۇر بىر دىپلوماتىك ھەجۋىي ئەسەر بولۇپ، بۇ يەردە نەقىل قىلىنىشقا

ئەرزىيدۇ:

مېنىڭ جانابلىرىغا قانداقتۇر تەكلىپلەرنى قويۇشۇم ئىنتايىن قىيىن، چۈنكى ماڭا جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ ۋەزىيىتى تېخى ئۇنچىۋالا ئايدىڭ ئەمەس. لېكىن، سىز مۇھاكىمە قىلغان مەسىلە ئۈستىدە بولسا (ئۈچ دۆلەت ئوق مەركىزى كېلىشىمى مەسىلىسى توغرىسىدا)، ئۆزۈمنىڭ كۆز قاراشلىرىمنى شەرھىلەپ بېرەلەيمەن. مېنىڭ قارىشىمچە، ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىشى جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتىگە سەل - پەل خەۋپ يەتكۈزۈشى مۇمكىن، خۇددى ئۇنىڭ بەزى تەرەپلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا خەۋپ يەتكۈزۈشى مۇمكىن بولغىنىغا ئوخشاش... لېكىن بۇ كېلىشىمنىڭ ئۆزى ئەسلىدە بىر زىددىيەتلىك كېلىشىم بولۇپ، بەزى خەلقئارالىق شەرتلەر ئاستىدا، ياپونىيىگە پايدىسىز بولۇشمۇ مۇمكىن، يەنى كېلىشىمنىڭ ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىگە قاراتقان بىتەرەپ سىياسىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ جۇڭگوغا بىرمۇنچە پايدىلىق شەرتلەرنى يارىتىپ بەردى.

ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىنىڭ يارامسىز مىتال ۋە باشقا تاۋارلىرىغا ئىمبارگو يۈرگۈزۈپ، يۈننەن - بېرما تاشيولىنى قايتا ئاچقانلىقى بۇ نۇقتىنى دەلىللەپ بېرەلەيدۇ. بۇنداق مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك ئەھۋال ئاستىدا، مېنىڭ شەخسەن ئۆزەمنىڭ كۆز قارىشى: جۇڭگونىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۆزىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش، جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسى جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى ئالىقىنىدا تۇتۇپ، خەلق ئەركىنلىكى بىلەن مىللىي مۇستەقىللىكنى قوغداش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان دېگەندىن ئىبارەت. ئەگەر جانابلىرىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى ئېگىلمەي - سۇنمايدىغان، ئىنتايىن قۇدرەتلىك بولسا، جۇڭگو مۇنقەرز بولمايدۇ. ياپونىيە بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا رەڭگارەڭ گەپلەر تارقىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، مەن قايسىسىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم.

لېكىن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇنىڭغا قىلچە شۈبھىلەنمەيمەنكى، پەقەت جۇڭگو ئارمىيىسى ئېگىلمەي - سۇنمايدىغان، ئىنتايىن قۇدرەتلىك بولىدىغانلا بولسا جۇڭگو بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدۇ.

ستالىننىڭ جاۋابىدا بىرنەچچە گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك بار ئىدى. بىرىنچى، ئۇ جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىغا ئارىلىشىشنى رەت قىلىپ، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قانداقلىقى ماڭا «ئايدىڭ ئەمەس»، جۇڭگونىڭ مۇستەقىللىكىنى قولغا كەلتۈرۈش جۇڭگونىڭ ۋەزىپىسى دېگەنىدى. ئىككىنچى، ئۇ ئۈچ دۆلەت ئوق مەركىزى كېلىشىمى سوۋېت - ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ دەرۋازىسىنى ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا - ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىشقا ئەكېلىدۇ دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ئەينى ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ توكيودا جانلىنىپ كەتكەن جاسۇسى زورگى بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى ستالىنغا تەپسىلىي ئېيتقانىدى. ئۈچىنچى، ستالىن جۇڭگو بىلەن تېخىمۇ قويۇق ھەمكارلىشىشقا قىزىقمايتتى: «[ستالىن]نىڭ قانداقتۇر تەكلىپ قويۇشى ئىنتايىن قىيىن ئىدى». ستالىن كاپىتالىزم دۇنياسى جاھانگىرلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يەنە بىر دۇنيا ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، بارلىق چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى بۇ ئۇرۇشقا كىرىپ قېلىشتىن ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا، ستالىننىڭ تېخىمۇ قىزىقىدىغىنى جۇڭگو بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ئەمەس، بەلكى ياپونىيە بىلەن بىتەرەپلىك شەرتنامە ئىمزالاش ئىدى.

ستالىن جياڭ جيېشىغا جاۋاب تېلېگراما يوللاپ ئالتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جياڭ جيېشى ستالىنغا يەنە تېلېگراما يوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى داھىيسىنىڭ «تەسەللىسى ۋە

رىغبەتلەندۈرۈشى» گە تەشەككۈر بىلدۈردى. جياڭ جيېشى: مەيلى قانداق بولمىسۇن، ياپونىيە جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، دېدى. ستالىننىڭ كەلگۈسى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى مۆلچەرى يەنى ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلىشى مۇمكىن دېگەن مۆلچەرىگە جاۋاب بېرىپ، جياڭ جيېشى: جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە، بىر دەك سىياسەت يۈرگۈزۈش كېرەك، دېدى. جياڭ جيېشى بۇ ھەقتە ستالىننىڭ «يولىيورۇقى» غا ئېرىشىشنى جىددىي ئۈمىد قىلاتتى.

## 7. جياڭ جيېشى ستالىننىڭ «ئاسىيلىقى» غا ئېتىراز بىلدۈردى

1940 ـ يىلى سوۋېت ـ ياپونىيە دوستلۇقى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. توكيو شەرقىي جەنۇبى ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، مەيلى قانداق توقۇنۇش يۈز بەرمىسۇن ئۇرۇشقا ئارىلاشماسلىق توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كاپالىتىگە موھتاج ئىدى. ئەينى چاغدا، گېرمانىيە ياۋروپانىڭ زور بىر قىسىم رايونلىرىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ موسكۋا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈنسايىن كەسكىنلەشمەكتە ئىدى. 10 ـ ئايدا، گېرمانىيە ئارمىيىسى رۇمىنىيىنى ئىشغال قىلدى. بىر ئايدىن كېيىن، رۇمىنىيە، ۋېنگىرىيە ۋە چېخوسلوۋاكىيە ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى گۇرۇھىغا كىردى. 1941 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بۇلغارىيە گېرمانىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. 4 ـ ئايدا، گېرمانىيە ئارمىيىسى گرېتسىيە بىلەن يۇگوسلاۋىيىنى ئىشغال قىلدى. گىتلېرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنىڭ بالقان يېرىمى ئارىلىدىكى ھەرقايسى

ۋلەتلەرگە يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي ۋەزىيەتمۇ كۈنسايىن يۇقىرى ئۆرلىگەنلىكتىن، موسكۋا ياپونىيە بىلەن بىتەرەپلىك شەرتنامە ئىمزالاشقا بارغانسېرى ئالدىرىماقتا ئىدى. 1941 - يىلى ئەتيازدا، خىلمۇ خىل ئۇچۇرلار موسكۋاغا گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. ھالبۇكى، ستالىن نىمىلا قىلغان بىلەن بۇ خەۋەرلەرگە ئىشەنمەيتتى، ئەكسىچە بۇ سوۋېت - گېرمانىيە مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەنگلىيىنىڭ قىلىۋاتقان ئالدامچىلىقى دەپ قارايتتى، ئەلۋەتتە. ئۇ بەزى تەييارلىقلارنىمۇ كۆرۈپ قويغانىدى. ئەگەر سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىسا، ياپونىيە بىلەن ئىمزالانغان بىتەرەپلىك شەرتنامە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىش خەۋپىنى ئازايتاتتى. گەرچە بىرمۇنچە مەسىلىلەر ئۈستىدە، ئالايلۇق، ساخالىن ئارىلىدىن كان ئېچىش ھوقۇقى مەسىلىسى ۋە دېڭىز بويلىرىدا بېلىق تۇتۇش ھوقۇقى مەسىلىسىدە ئىككى دۆلەت يەنىلا ئىنتايىن كۈچەپ سودىلاشسىمۇ، لېكىن بۇ مەزگىلدىكى موسكۋا بىلەن توكيونىڭ ھەر ئىككىسىمۇ بۇنداق كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشىغا ئىنتىزار ئىدى.

جياڭ جيېشى موسكۋانىڭ ياپونىيە بىلەن بولغان يارىشىشىنى تېزلىتىشى ئامېرىكا - ياپونىيە ئۇرۇشىنى قوزغاشنى مەقسەت قىلىۋاتامدۇ - يوق دەپ ئەنسىرەيتتى. مەسىلەن، ئۈچ دۆلەت ئوق مەركىزى ئىتتىپاقى تۈزۈلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، جياڭ جيېشى كۈندىلىك خاتىرىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى گۇرۇھىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. جياڭ جيېشى مۇنداق دەپ يازغانىدى:

گەرچە روسىيە ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا

> تېخىچە كىرمىگەن بولسىمۇ، روسىيىدىكى ستالىن بۇ ئىتتىپاقنىڭ ئاساسلىق قۇتراتقۇچىسى. شۇڭا، ئەگەر ياپونىيە جەنۇبقا دەماللىققا يۈرۈش قىلمىسا، ستالىن شۇ زامات روسىيە- ياپونىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئارقىلىق ياپونىيىنى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشقا كۈشكۈشلەيدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ستالىننىڭ غەرىزى، چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ جاھانگىرلار ئارىسىدا يەر شارى بويىچە ئۇرۇش قوزغىۋېتىش سۇيىقەستىنى تامامەن ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

جياڭ جيېشى موسكۋانىڭ ئامېرىكا بىلەن ياپونىيىنى ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈشلەش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىغا ئانچە قارشى تۇرۇپ كەتمەيتتى. جياڭ جيېشى 1940 ـ يىل 10- ئاينىڭ 31 ـ كۈنى دىپلوماتىك ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلغان كۈندىلىك خاتىرىسىدە: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇنداق ئۇرۇشنى قوزغاش يولىدىكى پائالىيىتى جۇڭگونى مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرىدۇ، دەپ قارىدى. جياڭ جيېشى مۇنداق دەپ يازىدۇ: ناۋادا سوۋېت ئىتتىپاقى توكيو بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنى ئىمزالاشقا «يول قويسا»، ياپونىيە شۇ زامات ئۆزىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى توكيونى قوللىغان يەردە، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىنىڭ جەنۇبقا قىلىدىغان تاجاۋۇزىنى توسۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ. جياڭ جيېشى مۇنداق دەيدۇ: «ياپونىيىنى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ ئامېرىكا بىلەن ئۇرۇشۇشقا مەجبۇرلايدىغان ئامىللار ئاللىقاچان مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، ئامېرىكىنىڭ ياپون قاراقچىلىرىنى خاتىرجەم قىلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى مۇتلەق ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. ئاساسلىق ئامىللار پۈتۈنلەي روسىيە ۋە ياپون قاراقچىلىرىغا ئالاقىدار ئىدى.» ئاخىرىدا، جياڭ جيېشى خۇلاسە قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىتىنىڭ ئاقىۋىتى «جۇڭگو

ئۈچۈن تولىمۇ زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.»

گەرچە جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىغا قارشى تۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇشتا بىتەرەپلىكنى ساقلاپ قېلىش غەرىزىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. جياڭ جيېشى نەسىھەت قىلىپ ستالىننى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ داۋاملىق ھەمكارلىشىشىنىڭ قىممىتى بارلىقىغا ئىشەندۈرمەكچى بولدى. جياڭ جيېشىنىڭ ئامالى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چۇڭچىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى مەنپەئىتىنى تەن ئېلىشنى خالايدۇ دەپ ئېيتىپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى. پۇرسەت بولسىلا، جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇقى ۋە ئۈمىدىگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ داۋاملىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيتتى. مەسىلەن، ئۇ 1941 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۇڭچىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنى زىيارەت قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 23 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقانىدى. بۇ تىرىشچانلىقلار ئۈنۈم بەرمىدى. 1941 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، بەش يىللىق سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك كېلىشىمى 1939 - يىلى 9 - ئايدىن باشلانغان دوستلۇق پائالىيەتلەرنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈۋەتتى. گەرچە ئەيىبلەشلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كېلىشىم يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە ئارىسىدا چۈشىنىش ھاسىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى، بۇ چۈشىنىش تا 1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى موسكۋا بۇ كېلىشىمنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى ئېلان قىلغانغا قەدەر داۋاملاشقانىدى. 1941 - يىلى 4 - ئايدىكى سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك كېلىشىمى جۇڭگو- سوۋېت مۇناسىۋىتىدە غايەت زور تەسىر پەيدا قىلدى.

بىتەرەپلىك كېلىشىم سۆھبىتى جەريانىدا، توكيو ئەسلىدە

جۇڭگوغا ئالاقىدار ھەر تۈرلۈك مەسىلىلەردە موسكۋا بىلەن بىردەك كېلىشىم ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن شىنجاڭدىكى ئورنىنى تەن ئالاتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ياپونىيىنىڭ شىمالىي جۇڭگو بىلەن ئىچكى موڭغۇلدىكى ئورنىنى تەن ئېلىشى كېرەك ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرى بار رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو بەلگىلىشى، ياپونىيىنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرى بار رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا بېرىۋاتقان ياردىمىنى توختىتىشى كېرەك ئىدى. ئەڭ ئاخىرى بىتەرەپلىك كېلىشىمى ئىمزالىنىدىغان چاغدا، بىتەرەپلىك كېلىشىمى «مانجۇرىيە دۆلىتى» ۋە «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى» گە نىسبەتەن پەقەت «تەسىرى بار ئورۇنلار» دېگەن سۆزلەرلا ئىشلىتىلگەنىدى. موسكۋا بىلەن توكيونىڭ ھەرئىككىسىمۇ باشقا دۆلەتلەرنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى بىلەن چېگرا پۈتۈنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشقا كاپالەت بېرەتتى. كېلىشىمدا ئۇلارنىڭ شىمالىي جۇڭگو، ئىچكى موڭغۇل ۋە شىنجاڭدىكى ئورنى بەلگىلەنمىگەنىدى. ۋەھالەنكى، خۇددى ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى سۇڭگاڭ ياڭيۇ گېرمانىيىنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىگە ئىزاھلىغىنىدەك، بۇ كېلىشىم جۇڭگوغا ئىنتايىن زور بېسىم بولىدۇ، ھەتتا بۇ كېلىشىم جۇڭگونى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلىشى مۇمكىن.

1941 - يىلى 4 - ئايدىكى سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك كېلىشىمى جياڭ جيېشىنى چۆچۈتۈۋەتمىدى. 1941 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى سۇڭگاڭ موسكۋا بىلەن بېرلىنگە يولغا چىققاندا جياڭ جيېشى توكيونىڭ بۇ يەردىكى مەقسىتىنى تامامەن مۆلچەرلەپ بولغانىدى. جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ شۇ كۈنكى

كۆندىلىك خاتىرىسىگە: سۆڭگاڭنىڭ بۇ سەپىرىنىڭ مەقسىتى گېرمانىيە بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە سوۋېت ـ ياپونىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈش دەپ يازغانىدى. جياڭ جيېشىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۇ ئەسلىدە گېرمانىيىگە نىسبەتەن ئاكتىپ دىپلوماتىيە تەدبىرى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق بۇ سۈيىقەستىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى توسۇيالايتتى.

سوۋېت ـ ياپونىيە بىتەرەپ كېلىشىمى ئىمزالىنىپ ئىككىنچى كۈنى دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ چۇڭخۇي ئاشكارا نارازىلىق بىلدۈردى. ئالدى بىلەن، ئۇ موسكۋانىڭ ھەرىكىتى 1937 ـ يىلىدىكى ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ ماددىلىرىغا خىلاپ، دەپ ھېسابلىدى. بۇ ماددىلارغا ئاساسەن، شەرتنامىگە قاتناشقان ئىككى تەرەپ جۇڭگو ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلغان ئۈچىنچى دۆلەتنى ھەرقانداق ۋاقىتتا مەيلى بىۋاستە، مەيلى ۋاسىتىلىك بولسۇن، ھەرقانداق شەكىلدىكى ياردەم بىلەن تەمىنلىمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، 1937ـ يىلدىكى كېلىشىمدە يەنە مەيلى ھەرقانداق ھەرىكەت، ياكى ھەرقانداق كېلىشىم بولمىسۇن، تاجاۋۇز قىلىنغۇچىلارغا ئەمەس، بەلكى تاجاۋۇزچىلارغا پايدىلىقلا بولىدىكەن، ئىككى دۆلەت بۇنداق ھەرىكەتنى قوبۇل قىلىشقا ياكى بۇنداق كېلىشىمنى ئىمزالاشقا ھوقۇقلۇق ئەمەس دەپمۇ بەلگىلەنگەنىدى. ۋاڭ چۇڭخۇي يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيە دۆلىتىگە ھۆرمەت قىلىش، ياپونىيىنىڭ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش دەيدىغان كۆز قاراشلىرىغا نارازىلىق بىلدۈردى. ۋاڭ چۇڭخۇي نارازىلىق قىلىپ: «شەرقىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكە بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ۋە مەڭگۈ جۇڭگوغا تەۋە بولغان جۇڭگونىڭ زېمىنى، بۇ قىلمىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدىغان ھەقىقەت»، ئۈچىنچى دۆلەت ئارىلاشقان ھەرقانداق

تېلىشىمنى، ئۇ جۇڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە زىيانلىقلا بولىدىكەن، جۇڭگو تەن ئالمايدۇ، دېگەنىدى. ئاخىردا، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىنىڭ ماياتى جۇڭگوغا نىسبەتەن ھېچقانداق چەكلەش كۈچىگە ئىگە ئەمەس دەپ جاكارلىدى. ژاڭ چۈڭخۈيىنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈشىنىكى ئاساسىي مەقسىتى جۇڭگونىڭ مانجۇرىيە دۆلىتى بىلەن تاشقى موڭغۇلغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى تەكىتلەش ئىدى. ئەگەر جۇڭگو نارازىلىق بىلدۈرمىسە، جۇڭگونىڭ بۇ رايونلارنىڭ مۇستەقىللىكىنى جىم - جىملا تەن ئالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، 1941 - يىلى 4 - ئايدا چۇڭچىڭنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان نارازىلىقى، كېيىنكى چاغدا، جياڭ جېيشىنىڭ قاھىرىدە ئامېرىكىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت - ياپونىيە كېلىشىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مانجۇرىيىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ئاساس سېلىپ بەردى.

موسكۋانىڭ چۇڭچىڭنىڭ نارازىلىقىغا بەرگەن جاۋابى، سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك كېلىشىمىنىڭ جۇڭگو ئۈچۈن ھېچقانداق چەكلەش كۈچىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى؛ جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىنى خالىغانچە قايتۇرۇۋېلىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارسا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ قويغانىدى. (موسكۋا جۇڭگوغا تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە بۇنداق ئەركىنلىكنى بەرمىگەنىدى، ئەلۋەتتە). نېرىسىنى ئېيتساق، بۇ كېلىشىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا داۋاملىق ياردەم بېرىشىگە توسالغۇ بولۇپ قالمىغانىدى.

جياڭ جېيشى يەنە سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك كېلىشىمى جۇڭگوغا ئالاقىدار مەخپىي ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

لېكىن، باش ئەلچى شاۋ لىزى مولوتوۋتىن بۇنداق مەخپىي ماددىلار مەۋجۇتمۇ - مەۋجۇت ئەمەسمۇ، دەپ تەپسىلىي

سورىغاندا، مولوتوۋ قەتئىي تۇردە: كېلىشىمنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىقنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت، ئۇنىڭ جۇڭگو بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، دەپ جاۋاب بەردى. مولوتوۋ يەنە: سۆھبەت جەريانىدا ئىككى تەرەپ جۇڭگوغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ھەقىقەتەنمۇ مۇھاكىمە قىلمىدى، دېدى. 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ۋانيۇشكىن بىلەن جياڭ جيېشى بۇ كېلىشىمنى مۇھاكىمە قىلغاندىمۇ ئوخشاش نۇقتىئىنەزەرنى تەكىتلىدى. ئۇ جياڭ جيېشىغا كاپالەت بېرىپ، بۇ كېلىشىم جۇڭگو مەسىلىسىگە ئالاقىدار بولغان ھەرقانداق ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بولغان سىياسىتىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ، دېگەنىدى.

گەرچە بۇنداق مەخپىي ماددىلار قوشۇمچە قىلىنمىغان بولسىمۇ، سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك كېلىشىمى يەنىلا جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان دىپلوماتىيىسىنىڭ ئاخىرى مەغلۇپ بولغانلىقىنى سىمۋول بولۇپ تۇرماقتا ئىدى. بۇ چاغدا، كىشىلەر شۇنى ئېنىق كۆرگەنىدىكى، 1937 - يىلىدىن بۇيان باشتىن - ئاخىر جۇڭگو خەلقىنى ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ كېلىۋاتقان ئۈمىد يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشى مۇمكىن دېگەن ئۈمىد بەربات بولغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ كېلىشىم يەنە جۇڭگونىڭ ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تىنچ ئوكيان رايونىدا بىردەك ھەرىكەتلىنىشىنى تەلەپ قىلىش ئۈمىدىنىمۇ ئۈزۈۋەتتى. ئەڭ مۇھىمى ئۇزۇندىن بۇيان، كىشىلەرنى ئىنتايىن يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە جۇڭگونى بۆلۈشۈۋالىدۇ دېگەن ئەندىشە راستقا چىققانىدى. خۇددى جۇڭگونىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى زېمىننى بۆلۈشۈۋالماقچى بولغانغا ئوخشاش ئەھۋال شۇ قەدەر ئېغىر ئىدىكى، موسكۋا جۇڭگونىڭ

ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشتىن ياپونىيە بىلەن دوستلىشىش مەيدانىغا ئۆتۈۋالغانىدى.

ئارمىيە كەيپىياتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن جياڭ جيېشى 1941 ـ يىلى 4 ـ ئايدىكى زور مەغلۇبىيەت توغرىسىدا ئىمكانقەدەر ئەڭ ياخشى ئىزاھلارنى بەردى. ئۇ مەغلۇپ بولغانلىقىنى تەن ئالمىدى، بەلكى ئۆزىنىڭ يېقىنقى دىپلوماتىيە سىياسىتىنى باركۆچى بىلەن شەرھىلىدى. نەتىجىدە، دىپلوماتىيىدىكى مەغلۇبىيەتنى ئەكسىچە دىپلوماتىيىدىكى غەلىبە دەۋالدى. ئەينى چاغدا، جياڭ جېشى بۇ كېلىشىم ئامېرىكا ـ ياپونىيە مۇناسىۋىتىدە بىر قاتار تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ دەپ بەكمۇ تەكىتلەپ كەتكەنىدى. 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن ئارمىيە سەركەردىلىرىگە بەرگەن دوكلاتىدا كېلىشىم ۋە ئۇنىڭ پەيدا قىلىدىغان ئاقىۋەتلىرىنى مۇپەسسەل تەھلىل قىلغانىدى. ئۇ، جۇڭگونىڭ سوۋېت ـ ياپونىيە دوستلۇقىغا ئىزچىل بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتلارغا كۆز يۇمۇپ، پەقەتلا سوۋېت ـ ياپونىيە كېلىشىمى ئامېرىكا ـ ياپونىيە ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇڭا بۇ جۇڭگوغا پايدىلىق بولىدۇ. دېدى، جياڭ جيېشى: كېلىشىمنى پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقى تەشەببۇس قىلغان، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قاراتقان سىياسىتىنىڭ غەلىبىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ دەپ ھۆكۈم قىلدى. موسكۋا كېلىشىم ئارقىلىق ئىككى ئىشنى قىلىشنى، يەنى ئەڭ مۇھىمى ياپونىيە بىلەن گېرمانىيىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىپ، شۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيە توغرىسىدىكى ئەندىشىسىنى يوقىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى غەربىي لىنىيىگە توپلاشنى ئۈمىد قىلاتتى. جياڭ جيېشىنىڭ دېگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، موسكۋانىڭ ئىككىنچى مەقسىتى ئامېرىكا ـ ياپونىيە ئۇرۇشىنى قوزغاش.

كېلىشىم ياپونىيىنىڭ شىمالىدىكى چېگرىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغانلىقتىن، ياپونىيە خاتىرجەم بولۇپ شەرقىي جەنۇبى ئاسىياغا دادىللىق بىلەن يۈرۈش قىلالايدۇ. بۇ ياپونىيىنى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا بىلەن توقۇنۇشقا سېلىپ قوياتتى، توقۇنۇش جەريانىدا ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ياپونىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىنى «تارمار» قىلىپ، ياپونىيىدىن ئىبارەت بۇ ئارال دۆلىتىنى «قىلچە ئۈمىدسىز» ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قوياتتى.

جياڭ جيېشى يەنە: كېلىشىم جۇڭگوغا نىسبەتەن كۆپ خىل ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ياپونىيىنى مانجۇرىيىدىن ئالتە دىۋىزىيىنى ئەكېتىپ، جۇڭگو ياكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ، لېكىن، جۇڭگوغا ئەۋەتىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن ئاز، چۈنكى جۇڭگودا يېڭىباشتىن ھۇجۇم تەشكىللەش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت ۋە مالىيە كۈچى كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈنۈمى ئىنتايىن چەكلىك بولىدۇ. دېگەنىدى، جياڭ جيېشى مۇنداق دېگەنىدى: ياپونىيە بىرنەچچە قېتىم چۇڭچىڭگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان بولىسمۇ، لېكىن ۋۇخەنگە ھۇجۇم قىلىدىغان قىسىملارنى ئىشلىتىش كېرەكلىكى سەۋەبلىك بۇ ھۇجۇم ئاخىرىدا سۇغا چىلاشقانىدى، گەرچە چۇڭچىڭ ئۇ چاغدا يەنىلا «مۇستەھكەم قورغان» بولۇپ تۇرغان بولىسمۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر ياپونىيە پۈتۈن ئەسكىري كۈچىنى سىچۈەنگە قىلىدىغان ھۇجۇمغا ئىشلەتسە، باشقا دۆلەتلەر (يەنى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە) پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياپونىيىنىڭ كەينىدىن ھۇجۇم قىلاتتى. شۇڭا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا بىرنەچچە دىۋىزىيە ئەسكەر كۆپەيتىش ياپونىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېخىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا، ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرق رايونىدىكى مۇداپىئە ئورنى جۇڭگو ئۈچۈن «ئەڭ ئاچقۇچلۇق ئامىل» دىن ئىبارەت ئىدى. جياڭ جيېشى يەنە: ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە نۆۋەتتە ئورۇش تەييارلىقىنى

جىددىيلەشتۈرۈۋاتىدۇ، تىنچ ئوكيانىنىڭ ئاسمىنىنى ئۇرۇش بۇلۇتلىرى قاپلاپ كەتتى. بۇ ياپونىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا «ئەڭ زور تەھدىت» بولۇپ، ئەكسىچە جۇڭگونىڭ مەۋقەسىنى زور دەرىجىدە مۇستەھكەملىدى. جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا: 1941 ـ يىل 4 ـ ئايدىكى كېلىشىمدە ھەممىدىن تاقەت قىلىشقا بولمايدىغان مەزمۇن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن مانجۇرىيىنى ئورتاق تەن ئېلىشى توغرىسىدىكى ماددىلاردىن ئىبارەت، لېكىن بۇ پەقەت «ۋاقىتلىق مەسىلە»، ناۋادا جۇڭگو غەلىبە قازانسا، قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋالىدۇ دېگەنىدى.

## 8. جياڭ جيېشىنىڭ پەسكويغا چۈشۈشى

1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1941 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە، جياڭ جيېشىنىڭ دىپلوماتىيە پائالىيىتىنىڭ پەسكويغا چۈشكەن مەزگىلى ئىدى. ئۇ چاغلاردا، ئۇ ھەمىشە سوۋېت ئىتتىپاقىغا جۇڭگونى قوللاش توغرىسىدا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قارشى تۇرۇشىنى تۈگىتىش ھەمدە جۇڭگونىڭ ئابرويىنى تىكلەشكە كۈچەپ ئۇرۇنۇشنى خىيال قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمىنى كۈنسايىن ئازايماقتا ئىدى. 1941ـ يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىدىن ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈنمەيلا قالماستىن، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمى يوقلا بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. ھەتتا موسكۋا جۇڭخۋا مىنگونىڭ قولدىن كەتكەن ئۆز يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشىغىمۇ ئېنىقتىن ئېنىق قارشى تۇردى. موسكۋانىڭ چۈشەنچىسىنىڭ 1941 ـ يىلى 4

- ئايدا بىتەرەپلىك كېلىشىم توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان نارازىلىقىغا بەرگەن جاۋابى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىنى قايتۇرۇۋېلىشىنى قوللايدۇ دەپ ئۈمىد كۈتۈشكە بولمايدىغانلىقىنى كىشىلەرگە ئېنىق كۆرسىتىپ قويدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىنىڭ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن مانجۇرىيىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە چېگرىلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا ئۆزئارا بىر - بىرىگە كاپالەت بېرىشلىرى ئىككى دۆلەتنىڭ جۇڭگونىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇشىغا بىردەك قارشى تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

جياڭ جيېشىنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1940 - يىلىدىكى سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى شەك- شۈبھىسىزكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىنى قوللاشتىن ياپونىيە بىلەن ھەمكارلىشىپ جۇڭگونى ئاجىزلىتىش ۋە بۆلۈشۈۋېلىشقا كۆچكەنلىكى ئىدى. جياڭ جيېشى بۇنىڭغا جان - جەھلى بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلمىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ لېكىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. بۇنداق پايدىسىز ھالەت جۇڭگونىڭ دۆلەت كۈچىنىڭ تولىمۇ ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، گەرچە جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ موسكۋانىڭ سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك كېلىشىمىدىن ئالىدىغان پايدىسىنى تۆلەپ بېرىشكە قۇربى يەتمەيتتى. ئۇرۇشنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىكى بۇ يىللاردا، جۇڭگونىڭ چەت ئەللەردىكى كاپىتال مىقدارى ئىنتايىن ئاز ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىزچىل ھالدا ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىگە يېقىنلىشىۋاتقان، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمى تېخىچە ئىشەنچسىز ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانىدى. 1940 - يىلى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمى جىددىي

كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋاشىنگتون ئۇچ دۆلەت ئوق مەركىزى كېلىشىمى 1940 - يىلى 9 - ئايدا ئىمزالانغاندىلا ئاندىن جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشىنىڭ ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىملىقىنى جەزملەشتۇرگەنىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئامېرىكا ئىزچىل تۇردە ياپونىيە بىلەن مۇرەسسە قىلىش ئىمكانىيىتىنى ئىزدەپ كەلگەن بولۇپ، بۇنداق مۇرەسسەنىڭ جۇڭگونى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ياپونىيە بىلەن گېرمانىيىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ 1939 - يىلى 9 - ئايدىن 1940 - يىلى 12 - ئايغىچە بولغان يىللاردا جۇڭگونىڭ بىرمۇ ئىشەنچلىك ۋە قۇدرەتلىك خەلقئارا ھەمراھى يوق بولۇپ، ئۇ پەقەت ئۆزىگە تايىنىپ ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پوپوزىسىغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك دېگەنلىك ئىدى. ئىلگىرىكى چاغلاردا، جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقى جياڭ جيېشىنى مۇھىم قوللاش بىلەن تەمىنلىگەنىدى. جۇڭگو - ئامېرىكا ئىتتىپاقى بىلەن سوۋېت - ئامېرىكا ئىتتىپاقىنىڭ ھەمكارلىق رولىمۇ جۇڭگونى موسكۋا بىلەن ئۇنۇملۇك مۇۋازىنەتنى ساقلاپ تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلغانىدى. لېكىن، بۇ بىر يىل ئۆپچۆرىسىدىكى مەزگىل ئىچىدە جۇڭگو يەككە - يېگانە، ھېلىم دىۋانە بولۇش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانىدى.

ئۇرۇشنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى بىرقانچە يىل ئىچىدە، موسكۋا ياپونىيە بىلەن باشقا بىرمۇنچە جەھەتلەردە ھەمكارلىشىپ جۇڭگوغا قارشى تۇردى. تۆۋەنكى بابتا بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قاراتقان سىياسىتى بولۇپمۇ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتى بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۇرۇشكە ئۇرۇنۇش نىشانىنىڭ بىردەك ئەمەسلىكىنى كۆرەلەيمىز. 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1940- يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقئارا ئىتتىپاققا قاراتقان

سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتىن تەرتىپكە سالدى، بۇ موسكۋانى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنقىلاب مەسلىكىگە تەشرەك بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. موسكۋا شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ زېمىنىدىن ئايرىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغانىدى. بىراق جىبىشى موسكۋانىڭ بۇ سىياسىتىنى بار كۈچى بىلەن ئۆزگەرتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ قىلچە نەتىجىسى بولمىدى. پەقەت جۇڭگو - ئامېرىكا ئىتتىپاقى ۋە سوۋېت - ئامېرىكا ئىتتىپاقى ئەمەللەشكەندىن كېيىنلا، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى مىللىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ياكى مۇنقەرز بولۇشقا ئالاقىدار بولغان فاشىستلار گېرمانىيىسىگە قارشى ئۇرۇشقا كىرگەندىن كېيىنلا ئاندىن جىياڭ جىيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭىباشتىن قوللىشىغا ئېرىشتى.

## بەشىنچى باب

# مۇشەققەتلىك يىللار — ستالىن ۋە گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھەمكارلىقى

### 1. ماۋ زېدۇڭنىڭ ستالىنىنىڭ جانلىق ستراتېگىيىسىنى قارشى ئېلىشى

1939 ـ يىلى 8—9 ـ ئايلاردا، دۇنيا ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش يۈز بەردى، بولۇپمۇ سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى ۋە ياۋروپا ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ توقۇنۇشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ توقۇنۇشتىكى رولىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ناتسىستلار گېرمانىيىسى ھەمكارلاشقان 21 ئاي ئىچىدە، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ نەشر ئەپكارى «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال» ناتسىستلار گېرمانىيىسى بىلەن فاشىزمنى تىلغا ئالمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ غەربىزى بىلەن مەقسىتىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئادالەتسىز، جاھانگىرلىك ئۇرۇش بولۇپ، ئۇنىڭ داۋاملىشىشى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاچكۆزلۈكى بىلەن جىنايى قارا نىيىتىنىڭ

نەتىجىسى ئىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىلىرىگە: ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمىتىنى بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشقا مەجبۇر قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن، ئامېرىكا كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولسا ئامېرىكىنىڭ بۇ ئۇرۇشقا تارتىلىپ كېتىشىنى تىرىشىپ توسۇشى، يەنى ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىگە ياردەم بېرىشىگە قارشى تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىرلىك سەپ مەسىلىسىدە مۇنداق يەكۈن چىقارغانىدى: «يۇقىرى قاتلام» بىرلىك سېپى يەنى بىر نەچچە كاپىتالىستىك دۆلەتتىكى بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمران گۇرۇھى بىرلىك سېپىنىڭ ئەمدى مەۋجۇت بولۇش مۇمكىنچىلىكى قالمىدى، چۈنكى بۇ بۇرژۇئازىيە سىنىپى فاشىزم يۈرگۈزگەن كېلىشتۈرۈش سىياسىتى تۈپەيلىدىن پرولېتارىياتنى سېتىۋەتكەنىدى. ئىشچىلار سىنىپى ۋە ھەرقايسى ئوتتۇرا قاتلام ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك سەپ كۈنتەرتىپكە قويۇلغانىدى. 1939 - يىلى 11 - ئايدا رىمترو‌پ ئىزاھلاپ كېلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە، بىرلىك سەپنى تۆۋەندىكى قاتلامدا، يەنى ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ ئۆز ھەرىكىتى ئاساسىدا قۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بىرلىك سەپنى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە قارشى كۈرەشنى قەتئىي قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. «تۆۋەن قاتلام بىرلىك سەپ» نىڭ نىشانى «يېڭى تىپتىكى دېموكراتىيە» شەكلىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىسلاھات پىلانىنى يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت.

بۇ پرىنسىپلار ئاساسەن ھەرقايسى كاپىتالىستىك سانائەت دۆلەتلىرىدە ئىشلىتىلگەن چاغدا، جۇڭگودەك بۇنداق «يېرىم مۇستەملىكە» دۆلەتكىمۇ مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئەگەر مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمران

ئورۇندا تۇرغان بۇرژۇئازىيە سىنىپى جاھانگىرلىككە قارشى كۆرەش قىلىشنى خالىسا، ئۇ ھالدا، ئۇلار بىلەن بىرلىك سەپ قۇرۇش مۇمكىن. بەزى مۇستەملىكە دۆلەتلەر بۇ مۇمكىنچىلىككە ئېغىر دەرىجىدە سەل قارىغانىدى. يەرلىك كوممۇنىستىك پارتىيىلەر ھەر قېتىم كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ قاپىقىغا قاراپ ئىش كۆرگەندە، چورت كېسەرلىك بىلەن يەنە بىر قېتىم تېخىمۇ رادىكال لۇشيەن يۈرگۈزىمىز، دەپ جاكارلىغانىدى. مەسىلەن: ھىندىستاندا ھىندىستان كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى لۇشيەنىگە ئاساسەن، تىغ ئۇچىنى دەرھال گەندىنىڭ كونگرېسلار پارتىيىسىگە قاراتقانىدى، بۇنىڭدىكى سەۋەب كونگرېسلار پارتىيىسى ھىندىستاننىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىشىغا كۈچەپ قارشى تۇرمىغانىدى. ھىندىستان كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ لۇشيەنىنى رادىكال پوزىتسىيە بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇشى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىشلەتكەن بېسىمنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ھالبۇكى، ھىندىستان كوممۇنىستىك پارتىيىسى كونگرېسلار پارتىيىسىنىڭ «ھەم بىرلىشىش، ھەم كۆرەش قىلىش» سىياسىتىنى ئىنتايىن تېزلىك بىلەن يۈرگۈزدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ خۇددى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوخشاش ئەندىزىگە ئەمەل قىلدى.

سوۋېت - گېرمانىيە ھەمكارلىقى مەزگىلىدە، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال سىياسىتىنىڭ يەنە بىر ئىنتايىن مۇھىم، ئەمما كىشىلەر ئۇنچىۋالا بىلىپ كەتمەيدىغان مەزمۇنى، يەنى ئۇرۇش چوقۇم ئۇرۇشقا قاتناشقان دۆلەتلەردىكى ئاممىۋى ئىنقىلابنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، قىزىل ئارمىيە بولسا ئىنقىلابتا ئەلچىلىك رول ئوينايدۇ دېگەن مەزمۇنى بار ئىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ستالىن قاتارلىق

رەھبەرلىرى «جاھانگىرلارنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى» خۇددى 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدەك ئاياغلىشىدۇ، خەلق ئاممىسى ئۇرۇش ئەكەلگەن بالايىئاپەتلەرنى كۆتۈرەلمەي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانىدى. ۋەھالەنكى، «جاھانگىرلارنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى» ئاياغلاشقاندا، خەلقئارا ۋەزىيەت 1918—1919 - يىللىدىكى ۋەزىيەتكە ئەسلا ئوخشاشماي قالدى. ئۇ چاغدا قۇدرەتلىك ئىشچىلار سىنىپى دۆلىتى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ستالىن بىلەن ناتسىستلار گېرمانىيىسى ئىتتىپاقىنىڭ ئەپچىل ستراتېگىيىسى جاھانگىر دۆلەتلەر ئارىسىدىكى بۇ ئۇرۇش ئاياغلاشقان چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىنىپى كۈچلىرىنىڭ زور دەرىجىدە قۇدرەت تاپىدىغانلىقىدىن، ئۇرۇش ئۇرۇشقا قاتناشقان جاھانگىر دۆلەتلەرنى ھالسىراتقانلىقى تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت ۋە ھەربىي كۈچلىرىنىڭ ۋەزمىنلىك بىلەن زورىيىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ چاغدا، پۇرسەت پىشىپ يېتىلسىلا قىزىل ئارمىيە تەدبىر قوللىنىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىنقىلابىي ئاممىسى قانات يايدۇرغان ھۆكۈمران سىنىپلارنى ئاغدۇرۇش كۈرىشىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيتتى. «جاھانگىرلارنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى» نىڭ بىرىنچى يىلىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ مەركىزىي ئالاھىدىلىكى ئەمەلىيەتتە، قىزىل ئارمىيىنىڭ «ئىنقىلابىي رولى» نى تەكىتلەشتىن ئىبارەت ئىدى.

1939—1940 - يىللاردا، قىزىل ئارمىيە ئارقىلىق «سوتسىيالىستىك سەپنى كېڭەيتىش» نىڭ نۇرغۇن مىساللىرى بار ئىدى. 1939 - يىلى 9 - ئايدا، قىزىل ئارمىيە پولشىنىڭ شەرقىي قىسمىنى «ئازاد» قىلدى؛ 1940 - يىلى 4 - ئايدا قىزىل ئارمىيە فىنلاندىيىدىكى كارېلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

شىمالىي قىسمى بىلەن چاتلاش بولغان بىر پارچە زېمىنىنى «ئازاد» قىلدى؛ 1940 - يىلى 6 - ئايدا قىزىل ئارمىيە رۇمىنىيىنىڭ بىسارابىيە ئۆلكىسى بىلەن بوكوۋىنا ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىنى «ئازاد» قىلدى؛ 1940 - يىلى 9 - ئايدا، قىزىل ئارمىيە لىتۋا، لاتۋىيە ۋە ئېستونىيىلەرنى «ئازاد» قىلدى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى تىپىك مىساللار ئىدى. 1939 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سوۋېت - فىنلاندىيە ئۇرۇشى باشلانغان چاغدا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ فىنلاندىيىلىك ۋەكىلى كۇسىنىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆزى باشچىلىقىدىكى فىنلاندىيە خەلق ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى قۇردى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان خىتابنامە قىزىل ئارمىيىگە فىنلاندىيە خەلقىنى «ئازاد» قىلىشنى مۇراجىئەت قىلغانىدى. ئەسلىدە بۇ نىشاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ خېلىلا مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى. پەقەت فىنلاندىيىگە ھۇجۇم قىلىش كۈرىشىدە زور ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش تۈپەيلىدىنلا غەرب دۇنياسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۇجۇمىغا كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرغاچقا، ئالغا بېسىش يولى تولىمۇ مۇشكۈللىشىپ كەتكەنىدى. قىزىل ئارمىيىنى بۇنداق شەكىلدە ئىشلىتىش پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىۋاسىتە تۇتىشىپ كېتىدىغان ئاشۇ كىچىك دۆلەتلەرگىلا قارىتىلغان ئەمەس ئىدى. فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇ يىللاردىكى ستراتېگىيىسى فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى فرانسىيە ۋىشى ھۆكۈمىتى گېرمانىيە بىلەن ھەمكارلاشقان چاغدا ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق قىلىشنىڭ چارىسى: بېرلىن بىلەن بېرىست - لىتوۋسكى شەرتنامىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر شەرتنامە تۈزگەندىن كېيىن تاكى سوۋېت ئىتتىپاقى قۇدرەت تېپىپ، تىنچلىق شەرتلىرىنى بەلگىلىيەلەيدىغان بولغىچە پۇرسەت كۈتۈش ئىدى. سوتسىيالىزمنىڭ زېمىنىنى شۇ چاغدا فرانسىيىگىچە كېڭەيتكىلى

بولاتتى. بىرىنچى بابتا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى 1940 — 1941 - يىللىرى يىراق شەرقتە قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن «ئازاد» قىلىنغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن ئىدى.

1939 - يىلى 9 - ئايدا ماۋ زېدۇڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يۈنىلىشىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىگە دەرھال ئىنكاس بىلدۈردى. شۇ ئايدا ماۋ زېدۇڭ سۆھبەت ئارا ستالىن بىلەن گىتلېر ئىمزالىغان شەرتنامىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تىنچلىق دىپلوماتىيىسىنىڭ غەلىبىسى، بۇ شەرتنامە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ گېرمانىيىنىڭ ھۇجۇم تىغىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىشقا يېتەكلەش سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىپ، ياپون مىلىتارىستلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى قورشاۋغا ئېلىش ھىيلە - مىكرىنى مەغلۇپ قىلدى، دېگەنىدى. ماۋ زېدۇڭ ياۋروپا ئۇرۇشى ئۈستىدە توختالغاندا شەرھلەپ مۇنداق دېگەنىدى: بۇ ئۇرۇش خۇددى 1914 — 1918 - يىللاردىكى 1 - دۇنيا ئۇرۇشىغا ئوخشاش، جاھانگىرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەسىر دائىرىسى تالىشىش، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە تالىشىش ئۇرۇشى بولۇپ، ئۇرۇشقا قاتناشقان بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي تالان - تاراج قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىككى تەرەپنىڭ مەيدانىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئۇرۇشتا ئادالەتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىككىلا تەرەپكە ھەرقانداق قىلىپمۇ ياردەم بەرگىلى بولمايتتى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ مەزگىلدىكى سىياسىتى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يۈنىلىشى بىلەن بىردەك بولۇپ، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىگە قارشى تۇرۇشنى تېخىمۇ كۆپ تەكىتلەيتتى، ماۋ زېدۇڭ كەسكىن بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: ئەنگلىيە - ئامېرىكا گۇرۇھى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىللە ئىسپانىيە،

جۇڭگو ۋە چېخوسلوۋاكىيىگە يازدەم بېرىشنى رەت قىلدى، شۇڭا، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ياۋروپادىكى بۇ ئۇرۇشتا ئەخلاقىي جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. لوندون بىلەن پارىژغا كېرىكى تىنچلىق ئەمەس، بەلكى ئۇرۇش، شۇڭلاشقا، ئۇلار ئۇرۇش ئارقىلىق هايانغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، مەسىلەن، 1939 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ماۋ زېدۇڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى مەنپەئىتىنىڭ ئىنسانىيەت مەنپەئىتى بىلەن بىرلىكى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەنىدى: دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر چېمبرلېن ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ شېرىن نۇتۇقلىرى بىلەن غەپلەتتە قالدى، ئۇلارنىڭ خەنجەر يوشۇرۇنغان كۈلكىسىنىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى بىلمىدى، شۇنىڭدەك چېمبرلىن بىلەن دالادى سوۋېت ئىتتىپاقىنى رەت قىلىشقا ۋە جاهانگىرلىك ئۇرۇشىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا يول قويۇشقا بەل باغلىغان چاغدىلا، سوۋېت ـ گېرمان ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلگەنلىكىنى بىلمىدى. . . ھەممىگە مەلۇمكى، هازىرقى دۇنيادا سوۋېت ئىتتىپاقىنى رەت قىلغانلىق تىنچلىقنى رەت قىلغانلىق بولىدۇ.

ماۋزېدۇڭنىڭ كۆز قارىشىچە بولغاندا، ئەنگلىيە ئەينى چاغدىكى دۇنيادا ئەڭ ئەكسىيەتچى دۆلەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. چېمبرلىن بولسا، سوتسىيالىزم، خەلق ۋە دېموكراتىيىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ئىدى. ئۇنىڭ پىلانى ئاۋۋال گېرمانىيىنى مەغلۇپ قىلىش، ئاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى بويسۇندۇرۇش ئىدى. ماۋ زېدۇڭ 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى ماقالىسىدە مۇنداق دېگەنىدى: ئەگەر ئەنگلىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىدىغان بولسا، ئۇ هالدا، گېرمانىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئۆز خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ، سوتسىيالىزمغا پايدىلىق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى مۇمكىن.

ماۋ زېدۇڭ يەنە يېڭى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دۇنيا ئىنقىلابىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدىغانلىقىغا؛ بۇ ئۇرۇشنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولۇپ، تارىختا ئەڭ زور بۇزغۇنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىغا؛ بۇ ئەھۋال ئامىنىڭ ئىنقىلابىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ ئۇلارنى ئۆز دۆلەتلىرىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇرۇش سىياسىتىگە قارشى تۇرغۇزىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەنىدى: 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە پەقەت بىرلا سوتسىيالىستىك مەملىكەت بارلىققا كەلگەنىدى. ۋەھالەنكى، ھازىر نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان كوممۇنىستىك پارتىيىلەر ۋە ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللاشنى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنى خالايدىغان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت بار. ماۋ زېدۇڭ: سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ «شەرقىي پولشا» دىكى بىلورۇس ۋە ئوكرائىنلارنى «ئازاد قىلىشى» بۇ خىل ياردەمنىڭ بىر مىسالى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنىدى. ماۋ زېدۇڭ قىزىل ئارمىيىنىڭ شەرقىي پولشىنى ئىشغال قىلىشى پۈتۈنلەي ئادالەتلىك ھەرىكەت، چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى پەقەت شۇ چاغدىكى گېرمانىيە جاھانگىرلىكى ياش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قولىدىن زورلۇق بىلەن بۆلۈۋالغان زېمىننى قايتۇرۇۋالماقچى، پەقەت ئېزىلگەن بىلورۇس ۋە ئوكرائىن مىللەتلىرىنى ئازاد قىلماقچى ۋە ئۇلارنى گېرمانىيىنىڭ زۇلۇمىدىن ساقلاپ قالماقچى، دېگەنىدى. ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەنىدى؛ دۇنيا دەل يېڭى ئىنقىلابىي دەۋرنىڭ ھارپىسىدا تۇرماقتا، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەردىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خەلق ھەرىكىتى ئۆزگە ئۇرۇش بىدىكلىرى بىلەن بۇرژۇئازىيىدىن تەركىب تاپقان ئەكسىيەتچى لاگېرنى يوقىتىشنى نىشان قىلغان بىر قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي لاگېرنى شەكىللەندۈردى، ئۇنىڭ ئۇسۇلى ئىنقىلابىي

ئۇرۇش ئارقىلىق ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. جۇڭگو ۋە ھىندىستاندەك يۇنداق دۆلەتلەردە، ئىنقىلابچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بىرلىك سەپنى كۈچەيتىپ، جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. ماۋ زېدۇڭ يېڭى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ يېڭى دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ كۆللىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، جۇڭگو دۇنيا ئىنقىلابىي كۈرىشىدە ئاچقۇچلۇق دۆلەت ئىدى.

ستالىنىنىڭ يېڭى سىيىسىنىڭ سولغا بۇرۇلۇشىنى ئېھتىمال ماۋ زېدۇڭنىڭ قارشى ئېلىشى مۇمكىن ئىدى، ماۋ زېدۇڭ ئېھتىمال بۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ كوممۇنىستلار جۇڭگو مىللىي ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك دېگەن ئىزچىل تەشەببۇسىنى يېڭىباشتىن تەكىتلەش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش مۇمكىنلىكىنى ئىگىلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئېھتىمال سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ياردەم بېرىشىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى.

## 2. ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى ئەپچىللىك بىلەن تىكلىدى

1939 - يىلى كۈزدىكى جىددىي ۋەزىيەت گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئىككى تەرەپنى بىر - بىرىگە تېخىمۇ قاتتىق سىياسەت يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. ھەربىر تەرەپ يېڭى خەلقئارالىق ۋەزىيەت موسكۋانى گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ قويۇق ھەمكارلىشىشىنى خوپ كۆرمەسلىككە مەجبۇر قىلىدۇ دېگەنگە ئىشىنەتتى. بۇ كۆز قاراش

پەقەت قىسمەن دەرىجىدىلا توغرا ئىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سىياسىتىنىڭ سولغا بۇرۇلۇشى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يۆنىلىشى بىلەن بىردەك ئىدى. پرولېتارىياتنىڭ زوراۋانلىق ئىنقىلابى يەنە بىرقېتىم كۆنتەرتىپكە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، رېئال ۋەزىپە جەھەتتىن كۆنتەرتىپكە كىرمىگەن تەقدىردىمۇ، كەم دېگەندە نەزەرىيە جەھەتتىن كۆنتەرتىپكە كىرگەنىدى. 1939 ـ يىلى 10ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «كوممۇنىست» نەشر قىلىندى، ماۋ زېدۇڭ بۇ ژۇرنالغا بېغىشلىما يېزىپ بەردى، ماۋ زېدۇڭ بۇ ماقالىسىدا جۇڭگو چوڭ بۇرژۇئازىيىسى دەللاللىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغاچقا «جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ نىشانى»، لېكىن ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ، چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ بۆلەك گۇرۇھلىرى جاھانگىر دۆلەتلەر بىلەن بۆلەك ـ بۆلەك مۇناسىۋەت ئورناتقاچقا، پرولېتارىيات جۇڭگونىڭ مەلۇم باسقۇچىدا بۇرژۇئازىيىنىڭ مەلۇم قىسمىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ۋەھالەنكى، مۇشۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ پرولېتارىيات بۇنداق «چوڭ بۇرژۇئازىيە»گە تىنچ ۋە قان ئاققۇزمايدىغان كۈرەش ئارقىلىق قارشى تۇرۇش ھەمدە پرولېتارىياتنىڭ كەلگۈسىدە بۇرژۇئازىيىگە قارشى قەتئىي ۋە شەپقەتسىز كۈرەش يۈرگۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشى كېرەك، دەپ قارىغانىدى. بۇ يۆنىلىش ماۋ زېدۇڭنىڭ 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان ئۇتتۇق ۋە ماقالىلىرىدە ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئۆزئارا ياردەم قىلىش، بىر ـ بىرىگە يول قويۇش، ئۆزاققىچە ھەمكارلىشىش دېگەن ئىدىيىسى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلدى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ يەنە يېڭى خەلقئارالىق شەرت ـ شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىنى، يەنى جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىرلىك سەپ ۋە مىللىي ئازادلىق كۆرىشىدە رەھبەرلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك دېگەن تەشەببۇسىنى يېڭىباشتىن تەكىتلىدى. ماۋ زېدۇڭ 1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا» نى ئېلان قىلدى. ماۋ زېدۇڭ بۇ كىتابىدا. پرولېتارىياتنىڭ مىللىي ئازادلىق كۆرەشتىكى رەھبەرلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئەڭ مۇپەسسەل، ئەڭ مەشھۇر شەرھىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا» جۇڭگو ئىنقىلابى بىلەن دۇنيا سىياسىيىسىنى بىر ـ بىرىگە رەسمىي باغلىغانىدى. قىسقىسى، ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەۋجۇتلۇقى پرولېتارىياتنى، يەنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى جۇڭگو ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى مۇمكىن دەپ قارىغانىدى. «يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە ماۋ زېدۇڭنىڭ دىدوكسىيىلىك خۇلاسىسى «دېموكراتىك ئىنقىلاب» نىڭ تارىخى مۇقەررەلىكىدىن ئىبارەت بۇ مۇنتەزىل ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن باشلاپ، «دېموكراتىك ئىنقىلاب» نىڭ «تارىخىي ۋەزىپىسى» دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىكى بىلەن بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ «فېئودالىزم» نى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنىدى. ۋەھالەنكى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىنسانىيەت تارىخى يېڭى دەۋرگە كىرىپ، پرولېتارىياتنىڭ «دېموكراتىك ئىنقىلاب» قا رەھبەرلىك قىلىش ئېھتىماللىقى تۇغۇلغانىدى ۋە شۇنىڭ ئارقىسىدا كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب تەرەققىي قىلىپ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابقا ئايلاندى. جۇڭگونىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇنداق ئىدى. 1917 ـ يىلىدىن كېيىن جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسى، بولۇپمۇ چوڭ بۇرژۇئازىيە جاھانگىرلىك بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۈزۈشنى خالىمايتتى ۋە ئۈزۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، ئۇلار جاھانگىرلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى

تىرىشىپ ساقلاپ قېلىپ، جۇڭگو فېئودالىزمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قارشى تۇراتتى. 1919 ـ يىلى «4 ـ ماي» ھەرىكىتى مەزگىلىدە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلابىتىكى يېرىم ـ يارتىلىقى ۋە مۇرەسسەچىلىقى ئىسپاتلاندى. شۇڭا ماۋ زېدۇڭنىڭ: «4 ـ ماي» دىن ئىلگىرى جۇڭگونىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە، جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغانىدى، ئۇ رەھبەرلىك رولىغا ئىگە ئىدى. «4 ـ ماي» دىن كېيىن بۇ سىنىپنىڭ مەدەنىيەت ئىدىيىسى ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى نەرسىلىرىنىڭمۇ ئارقىدا قالدى، ئۇنىڭ ئەسلا رەھبەرلىك رولى قالمىدى، كۆپ دېگەندە، ئۇ ئىنقىلاب دەۋرىدە مەلۇم دەرىجىدە بىر ئىتتىپاقچىلا بولالىدى، بۇ ئىتتىپاقتا باشچىلىق قىلىش لاياقىتىگە كەلسەك، بۇ پرولېتارىيات... زىممىسىگە چۈشمەي قالمىدى. بۇ پولاتتەك پاكىت، ھېچكىممۇ ئىنكار قىلالمايدۇ، شۇڭلاشقا، جۇڭگونىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە پەقەت پرولېتارىياتلا رەھبەرلىك قىلالايدۇ. يېڭى خەلقئارالىق مۇھىت تۈپەيلىدىن جۇڭگونىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابى ئاللىقاچان «پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلغان يېڭى تىپتىكى دېموكراتىك ئىنقىلاب بولۇپ قالدى» دېگەنىدى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ يېڭى يۆنىلىشى سوتسىيالىزمنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم نىشانى دەپ قارايتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1936 ـ يىلىدىن بۇيان ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، جۇڭگونى سوتسىيالىزم يولىدا ماڭغۇزۇش ئۈچۈن ئىدى. ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ يازىدۇ: جۇڭگو ئىنقىلابى ئىككى قەدەمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىرىنچى قەدەمدە ھەرقايسى ئىنقىلابىي سىنىپلاردىن تەشكىللەنگەن «دېموكراتىك ئىنقىلابىي دىكتاتۇرا» بەرپا قىلىپ، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش

ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىنكى شارائىتتا، يېڭى خەلقئارالىق ۋەزىيەت ۋە پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگو ئىنقىلابى ئىككىنچى قەدەمنى، يەنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش قەدىمىنى باسالايدۇ. ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنى ئىككى قەدەمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش نەزەرىيىسى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان چاغدىمۇ گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بىرلىك سېپىنى ساقلاپ قېلىش مۇددىئاسىنى بىر نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىگەنىدى، لېكىن، بۇ نەزەرىيە جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم يولىغا ماڭىدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى، شۇ ئارقىلىق بۇ يەنە گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئەڭ ئاخىرىدا بىرلىك سەپنى ئۇزاق مەزگىلگىچە ساقلاپ تۇرالمايدۇ دەپ ئېنىق جاكارلىغانغا باراۋەر ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ نەزەرىيە: گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بىرلىك سېپى پەقەت جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىكىلا ئىش، شۇڭا ئۇ ئۇزاق مەزگىللىك ئەمەس، بۇ قەدەم بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا، يەنى سوتسىيالىزم باسقۇچىغا كىرىشكە ئەگىشىپ، «چوڭ بۇرژۇئازىيە» ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىكىدىكى گومىنداڭ ئىنقىلابقا قارشى كۈچكە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەنىدى.

ماۋ زېدۇڭ «يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئاخىرقى بىر مەركىزىي ئىدىيە: سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ماۋ زېدۇڭ ئىزاھلاپ كېلىپ مۇنداق دېگەنىدى: جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىشى كېرەك. ھازىرقى دۇنيادا ئىككى لاگېر، يەنى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن

تەركىب تاپقان جاھانگىرلىك لاگېرى، سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگودەك مۇشۇنداق دۆلەتتىن تەركىب تاپقان سوتسىيالىستىك لاگېر بار. بۇنداق دۆلەتلەردە پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدە بىرقانچە ئىنقىلابىي سىنىپتىن تەركىب تاپقان بىرلىك سەپ مەۋجۇت. جۇڭگوغا ئوخشاش بۇنداق دۆلەتلەر مۇقەررەر يوسۇندا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىدۇ. جۇڭگو ئىنقىلابى دۇنيا كاپىتالىزمى لاگېرىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى چوقۇم دۇنيا سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىدىكى ئىتتىپاقداش ئارمىيە رولىنى ئوينايدۇ. ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رولىنى ئىنتايىن ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى: «بۇ دۇنيادا ھەممە جاھانگىرلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، جۇڭگو مۇستەقىل بولماقچى بولىدىكەن. سوتسىيالىستىك دۆلەت ۋە خەلقئارا پرولېتارىياتنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلسا ھەرگىز بولمايدۇ. دېمەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلسا بولمايدۇ.» ئۇ يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇل - كېسىل غەلىبە قازىنىشىنىڭ كەم بولسا ئەسلا بولمايدىغان شەرتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى رەت قىلىنسا، ئىنقىلاب مەغلۇپ بولىدۇ. جۇڭگو - سوۋېت مۇستەھكەم ئىتتىپاقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى جۇڭگونىڭ ئەنگلىيە - ئامېرىكا لاگېرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىللە بىلەن بولۇشىدىن ئىبارەت ئىدى:

«سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئەنگلىيە، فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى، جۇڭگو يا ئۇ تەرەپتە تۇرىدۇ، يا بۇ تەرەپتە تۇرىدۇ. بۇ مۇقەررەر يۈزلىنىش. ئوتتۇرىدا تۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ بۇ خام خىيال.

> پۈتۈن يەر شارى بۇ ئىككى سەپكە تارتىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى دۇنيادا 〈بىتەرەپلىك〉، ئادەم ئالدايدىغان 〈سۆز〉گە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە زېمىنگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن بىر جاھانگىر دۆلەت بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىسىز ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىمەن دەپ خام خىيال قىلمىسۇن.»

(ماۋ زېدۇڭ ئەينى چاغدا ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزگە شەخسەن ئۆزى تەكىتلەش بەلگىسى قويغان بولۇپ، «يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا» نىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى نەشرىدە بىرىنچى جۈملىدىكى «ئەنگلىيە، ئامېرىكا» دېگەن چەكلىمە سۆز قىسقارتىۋېتىلگەندى.)

ماۋ زېدۇڭ جۇڭگونىڭ ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ بەزى ياردەملىرىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنىمۇ تونۇپ يەتكەندى. لېكىن ئۇ شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، بۇنىڭغا موسكۋانىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكەن ئەھۋال ئاستىدىلا ئېرىشكىلى بولاتتى. ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەندى: «ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلىدا جاھانگىرلارنىڭ دۇنيا ئۇرۇشى تېخى پارتلىمىغاچقا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلانغىلى بولاتتى. لېكىن ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىغا ئەگىشىپ بۇ زىددىيەت يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن سۇسلىشىپ قالغانىدى. ئەگەر مۇۋاپىق بولمىسا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا جۇڭگودىن ئۆزلىرى بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەگەر جۇڭگو ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىغا يۆلىنىدىغان بولسا، جۇڭگو شۇ زامان جاھانگىرلىكىنىڭ ئەكسىيەتچى لاگېرىغا كىرىپ قالاتتى -دە، ھەرقانداق مىللىي مۇستەقىللىكمۇ مەۋجۇت بولماي قالاتتى (»يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا» نىڭ كېيىنكى نەشرلىرىدە بۇ ئابزاس پۈتۈنلەي قىسقارتىۋېتىلگەندى).

نەزەرىيىسىنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ماۋ زېدۇڭنىڭ يېڭى يۆنىلىشى ئاساسەن مۇنۇ نۇقتىلاردا گەۋدىلەنگەن:

1) جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا گومىنداڭ ئەمەس بەلكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك. 2) جۇڭگو ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا لاگېرى تەرەپتە تۇرماي، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن زىچ ئىتتىپاق تۈزۈشى كېرەك. 3) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مۇئەييەن ۋاقىتتا گومىنداڭنى ئۆلاقتۇرۇپ تاشلاپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشى كېرەك. 4) جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. 5) جاھانگىر دۆلەتلەردىكى پرولېتارىيات ئۇرۇشنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە چىدىماي ئۆز ھۆكۈمەتلىرىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن چاغدا، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ مەيدانغا كېلىدۇ. ماۋ زېدۇڭنىڭ 1939 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان يۆنىلىشى ئۆزىنىڭ ئۇرۇش باشلانغان دەسلەپكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسىغا قارىغاندا نۇرغۇن جەھەتلەردىن تېخىمۇ رادىكال مەۋقەگە بۇرالغانىدى. 1938 ـ يىلى بىلەن 1939 ـ يىللارنىڭ كۆپىنچە ۋاقىتلىرىدا، ستالىن بېسىم ئىشلىتىپ ماۋ زېدۇڭنى ئۆزىنىڭ سىياسىتىنى پەسەيتىشكە مەجبۇر قىلغانىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يېڭى يۆنىلىشىنى قارشى ئېلىشى ئېلىپ كەلگەن پۇرسەت ئۇنىڭ ئالدىبۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان كوممۇنىستىك پارتىيە جۇڭگونىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك دېگەن تەشەببۇسىنى تەكىتلىمەكچى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ماۋ زېدۇڭ 1939 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى بىلەن ۋەزىپىسىنى يېڭىباشتىن شەرھلىدى، بۇ ئۇنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يېڭى يۆنىلىشىنى ئەپچىللىك بىلەن ئىشلەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى

ئىدى. 1938 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ماۋ زېدۇڭ ئاڭ ھالىتىگە تەۋە ئۇرغۇن مەسىلىلەردە ستالىنغا يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەمەلىيەتتە ماۋزېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1939 ـ يىلى 8 ـ ئايدىكى دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يېڭى لۇشيەنىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى نۇرغۇن تەشەببۇسلىرىنى يېڭىباشتىن تەن ئالدى.

## 3. ستالىن جياڭ جيېشىنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى

1939 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەۋقەنى يەنە بىر قېتىم رادىكاللىققا يۆتكىدى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ لۇشيەنىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئىشلىتىۋاتقان بېسىم سالىدىغانلىقىنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئۈچىنچى بابتا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، 1939 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى توققۇز ئېيىدا، ماۋ زېدۇڭ جياڭ جيېشىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان بېسىمىغا قارىتا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقانىدى، ئەمەلىيەتتە، ماۋ زېدۇڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆتكەندىكىدىنمۇ قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى ئىنقىلابىي تايانچ بازىلىرىنى قورشاش ۋە قامال قىلىشىغا قارشى تۇردى. 1939 ـ يىلى كۈزدە جياڭ جيېشى قوشۇن يۆتكەپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرەپنى قامال قىلىش، قورشاش قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلەتتى. 10 ـ ئايدا، بۇنىڭدىن

ئىلگىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرەپكە بەلگىلىمە بويىچە ئاجرىتىپ بېرىۋاتقان 600 مىڭ يۈەن خىراجەتنى ۋە ئوق - دورىنى توختاتتى. سەنشىدىكى مىلىتارىست يەن شىشەننىڭ يەرلىك قىسىملىرى بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ مەركەز ئارمىيىسىدىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە ئارمىيە خۇ زۇڭنەننىڭ باشچىلىقىدا شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىغا ھۇجۇم باشلىدى.

يەن شىشەن گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى. 1937 - يىل 12 - ئايدا ئۇ 2 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. بۇ ئۇرۇش رايونى سەنشى، سۈييۈەن ئۆلكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەنشى ئۆلكىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىدىغان ئاساسىي نىشانى ئىدى. 1938 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كۈچىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، يەن شىشەننىڭ سەنشى ئۆلكىسىنى تىزگىنلىشى ئىنتايىن زور تەھدىتكە ئۇچرىدى. نەتىجىدە 1939 - يىلى 3 - ئايدا يەن شىشەن: ئۆزۈمنىڭ سەنشىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەھدىتى ياپون ئارمىيىسىنىڭكىدىن خېلىلا زور دېگەن يەكۈننى چىقىرىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تىزگىنلەشنى قارار قىلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ياپون ئارمىيىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ توختىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئۇنىڭ ئارقىدىن 1939 - يىلى ئەتىيازدا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك ئېچىلغان گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى قارارىنىڭ روھىغا ئاساسەن بىرنەچچە ئالاھىدە كومىتېت قۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپونىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سېپىدە تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقان رايونلىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا مەسئۇل بولدى. بۇنىڭ بىلەن يەن شىشەن ۋە جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتى تەبىئىي ھالدا جىددىيلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. يەن شىشەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا، يەنە شۇ جايدىكى ياپون قوشۇنلىرى، قورچاق قىسىملار بىلەن بىرلىشىپ كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش يولىدا ھەربىي ھەرىكەت قوللاندى. 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا يەن شىشەننىڭ قىسىملىرى سەنشىنىڭ غەربىدە ياپون قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان 8 - ئارمىيىنىڭ بىر قىسمىغا ھۇجۇم قوزغىدى. كومپارتىيىنىڭ پىداكار 3 - زۇڭدۇيى ۋە 8 - ئارمىيىنىڭ غەربىي سەنشى جىدۇيى ياپون قوشۇنلىرى ۋە يەن شىشەن قوشۇنلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىپ، غەربىي شىمالى سەنشىگە يۆتكىلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ يەن شىشەن ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇۋاتقان باشقا قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشتى. 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى خۇ زۇڭنەننىڭ قىسىملىرى 8 - ئارمىيىگىمۇ ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى نىڭشيەن ناھىيىسىنى ئىشغال قىلدى، ئاندىن كېيىن گەنسۇنىڭ پۈتۈن شەرقىي قىسمىنى پەيدىنپەي تىزگىنلىدى. شۇنداق قىلىپ خۇزۇڭنەننىڭ قىسىملىرى شەنشىدىن نىڭشياغا، سۈييۈەندىن ئىچكى موڭغۇلغا بارىدىغان تاشيولنى ئۈزۈپ تاشلىدى، شۇنداقلا ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىننىڭ ئالاقىلىشىش ئېھتىمالى بولغان قاتناش لىنىيىسىنىمۇ ئۈزۈۋەتتى.

گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ھەربىي توقۇنۇشىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى «1 - قېتىملىق كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش دولقۇنى» دەپ ئاتىدى. 1939 - يىلى 12 - ئايغا كەلگەندە بۇ توقۇنۇش بارغانسېرى كەسكىنلەشتى، بەلكى تاكى 1940 - يىلى 3 - ئايغىچە داۋاملاشتى. قايتا - قايتا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، گومىنداڭنىڭ خەلقنىڭ ياپونغا قارشى تۇرغۇچى كۈچلىرىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىدى.

لېكىن گومىنداڭ تەرەپمۇ، كومپارتىيە تەرەپمۇ بۇ ۋەقەلەرنى ئاشكارا ھالدا «يەرلىك» ۋەقە دەپ ئاتاپ، جاۋابكارلىقنى قارشى تەرەپنىڭ مەركىزىي ئورگىنىغا ئارتىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. مەيلى چوڭچىلىك بولسۇن، ياكى يەنئەن بولسۇن بىرلىك سەپنىڭ رەسمىي بۇزۇلۇشىنى خالىمىدى.

بۇنى موسكۋامۇ خالىمايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ چوڭچىڭغا بولغان تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، جياڭ جيېشىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قاراتقان 1 - قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھۇجۇمىنى ۋاقتىنچە توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى. 1940 - يىلىنىڭ بېشىدا گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئوتتۇرىسىدا تۇيۇقسىز كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش پارتلىدى. بۇ ۋاقىت دەل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭخۇا مىنگوغا بېرىدىغان ھەربىي ياردىمىنى ۋاقتىنچە توختاتقان ۋاقتىغا توغرا كېلەتتى. جۇڭگو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماتېرىياللىرىدا ۋاقىت جەھەتتىكى بۇ ئوخشاشلىق ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئىش ئەمەس دەپ قارالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرىشى بىلەن جۇڭگونىڭ بىرلىك سېپىنى كۈچەيتىش مەقسىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى، شۇڭا بىرلىك سەپ ئاجىزلىشىشقا باشلىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئازايتىلغانىدى. 1981 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ژۇرنىلىدا ئېنىق قىلىپ: 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1940 - يىلىنىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جياڭ جيېشىگە بېرىدىغان ياردەمنى ۋاقتىنچە توختىتىش — جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئاجرىتىدىغان تەمىنات بۇيۇملىرىنى توختاتقانلىقى ھەمدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تايانچ بازىلىرىغا ھەربىي ھۇجۇم قوزغىغانلىقىغا قايتۇرغان ئىنكاسى دېيىلدى. گومىنداڭنىڭ ماتېرىياللىرىدىمۇ: 1940 - يىل 3 - ئاينىڭ 1

- كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى «ۋاستىلىك ھالدا» چۇڭچىڭغا
«جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مەسىلىسى ھەل قىلىنمىسا،
جۇڭگوغا داۋاملىق ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش مۇمكىن ئەمەس»
لىكى توغرىسىدا ئاستىرتىن بېشارەت بەردى دېيىلدى.

لېكىن، 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1940 - يىلىنىڭ
باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى موسكۋا بىلەن چۇڭچىڭنىڭ
دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىگە دائىر ئارخىپلار گومىنداڭ بىلەن
كومپارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى
جۇڭگو- سوۋېت مۇناسىۋىتىدە ئېغىر مەسىلە ئەمەسلىكىنى
چۈشەندۈردى. ھەقىقەتەنمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇشۇ
مەزگىلدىكى دىپلوماتىيە ئارخىپلىرىدا گومىنداڭ بىلەن
كومپارتىيىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان توقۇنۇشى
تىلغا ئېلىنمىغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن فىنلاندىيىنىڭ
قىش پەسلىدىكى ئۇرۇشى مەزگىلىدە خەلقئارا ئىتتىپاق جۇڭگو
مەسىلىسىنى ئۇدا مۇزاكىرە قىلغان بولسىمۇ، روشەنكى
گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ «توقۇنۇشى» نى مۇزاكىرە
قىلمىغان. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەمنى ۋاقىتلىق
توختىتىشى جياڭ جيېشىنى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قاراتقان
بېسىمنى ئازايتىشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى تامامەن
ئىنكار قىلىشقا ھەققىمىز يوق. گومىنداڭ جۇڭگو
كومپارتىيىسىنى قامال قىلىپ، مۇھاسىرىگە ئالغاندا، سوۋېت
ئىتتىپاقى بىۋاسىتە نارازىلىق بىلدۈرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇردى.
سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنىڭدا جياڭ جيېشى ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرگە
دەلىل - ئىسپات بېرىپ قويۇشتىن، ئۇلارنىڭ سوۋېت
ئىتتىپاقىنى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى دېيىشىدىن
ئەنسىرىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تېخىمۇ ئەپچىل
چارە قوللاندى. 1940 - يىلىنىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى
جياڭ جيېشىغا بېرىدىغان ياردەمنى توختىتىشتا، جۇڭگونىڭ

خەلقئارا ئىتتىپاق يىغىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقى - فىنلاندىيە ئۇرۇشى مۇزاكىرە قىلىنغاندا، ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەنلىكىدىن ئۈچ ئېلىشىنى، ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ ياخشىلاشنى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۇرۇشىنى توسۇشىنى مەقسەت قىلغان بولسا كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ھەر ئىككىسىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلاردىن قارشى تەرەپكە قاراتقان سىياسىتىنى بوشاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى؛ شۇنداقلا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىشنى يۇقىرىدىكى مەقسەتكە يېتىدىغان قورال قىلدى. مەيلى قانداق بولسۇن جياڭ جيېشى موسكۋانىڭ ئۆزىگە بېرىدىغان ياردەمنى ۋاقىتلىق توختىتىشى ئۆزىنىڭ كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ ھېسابلىدى. 1940 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئۆزىنىڭ ستالىندىن بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا تەييارلىنىپ قويغانلىقىنى يېزىپ: ئەگەر جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئىنتىزامغا بويسۇنمىسا، ئېلىمىز ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ دۆلەتكە ساتقۇنلۇق قىلىشىغا مۇتلەق يول قويمايدۇ. روسىيىنىڭ دۆلىتىمىزگە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش - بەرمەسلىكىگە كەلسەك، مەن ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمايمەن. مەن چەت ئەلنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىشنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايمەن، چەت ئەلنىڭ بىزگە بالايىئاپەت كەلتۈرۈشىنىمۇ قوبۇل كۆرمەيمەن، دەپ يازغان. بۇ سۆزلەر دەبدەبىلىك سۆزلەر بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمى جياڭ جيېشىنى خۇ زۇڭنەن قوشۇنلىرىنىڭ شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىغا قاراتقان ھۇجۇمىنى توختاتقۇزۇشقا قايىل قىلىشتا يەنىلا بىر ئامىل بولدى. جۇڭخۇا مىنگو شۇ چاغدا ئىنتايىن يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. گومىنداڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنىمۇ يىراقلىششقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. 1939

- يىلى 1 - ئايدا جياڭ جيېشى گومىنداڭنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنى چەكلەش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپ بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن 1940 - يىلىنىڭ باشلىرىدا جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش يولىدىكى ھەربىي ھەرىكىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ جياڭ جيېشى ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىدىكى ستراتېگىيىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، شۇنداقلا ئۇ ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىننىڭ ئالاقىلىشىشىنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى جۇڭگو كومپارتىيىسىنى قوغداشقا ياردەم بەردى.

## 4. ستالىن ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنقىلابىي كۈچلەرنى كېڭەيتىشىنى توسىدى

موسكۋا جياڭ جيېشىنىڭ كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش يولىدىكى ھەربىي ھەرىكىتىگە قارشى تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ماۋ زېدۇڭنىڭ يېڭى لۇشيەنىگىمۇ قىزىقمايتتى. 1940 - يىلىنىڭ باشلىرىدا موسكۋا ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇش پىلانىغا قايتا - قايتا توسقۇنلۇق قىلدى. لېكىن موسكۋانىڭ بۇ قېتىمقى تىرىشچانلىقى 1937 - يىلى 12 - ئايدىكى ۋە 1938 - يىلى 9 - ئايدىكى تىرىشچانلىقىدەك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى.

1939 - يىلى 8 - ئايدىن 1941 - يىلى 6 - ئايغىچە بولغان ئارىلىق — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر 20-يىللاردىن بۇيان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەڭ

ئېتىبارسىز قارىغان مەزگىل بولدى. بۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر گومىنداڭنىڭ بەتنامىلىرىنى خەۋەر قىلغان بولسىمۇ، بۇ مەزگىلدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇھىم يېڭىلىقلىرى ۋە چوڭ ئىشلىرى توغرىسىدا ئازراقلا ئېغىز ئاچمىدى. گەرچە بۇ مەزگىل ماۋ زېدۇڭ ئەڭ كۆپ ئەسەر يازغان مەزگىل بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېزىتلىرى پەقەت ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىككى پارچە باياناتىنىلا باستى. بۇ ئىككى پارچە بايانات ستالىن بىلەن گىتلېر — سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنى تۈزۈپ يېرىم يىل ئۆتمەيلا بېسىلدى. بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېزىت - ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىلىرى بۇ مەزگىلدىكى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەڭ مۇھىم ماقالىسى «يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا» نى ئازراقلا تىلغا ئالمىدى، بەلكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا بۇ ماقالىنى تىلغا ئالدى. 1940 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات ساھەسىنىڭ جۇڭگونىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشى توغرىسىدىكى خەۋەرلىرى بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر پۈتۈنلەي توختاپ قالدى. ئىلگىرى كومپارتىيىنىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا دائىر خەۋەرلەرنىڭ سانى گومىنداڭنىڭ مۇنتىزىم ئۇرۇشىغا دائىر خەۋەرلەرنىڭ سانىدىن قېلىشمايتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر گەرچە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ جىددىي توقۇنۇشى توغرىسىدىكى باياناتلىرى ۋە ئوبزورلىرىنىمۇ باسقان بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ھەمكارلىقىنى مەدھىيىلەپ، بىرلىك سەپنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۈپ زىددىيەت يوق دېگەندى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر جۇڭگونىڭ مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنى قايتا - قايتا مەدھىيىلەش بىلەن

بىللە، گومىنداڭنىڭ بۇ ئۇرۇشتا رەھبەرلىك قىلالمىغانلىقى، شۇنداقلا جۇڭگونى رەھبەرلىك قىلىپ دېموكراتىيىلىشىش يولىغا مېڭىۋاتقانلىقنى ئېنىقلىغانداك بىر نەرسىلەرگە قايتا ـ قايتا مەدھىيە ئوقۇغانىدى، ئېھتىمال بۇ ئەڭ مۇھىم ئىش بولسا كېرەك. بۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ شۇ سىزگىلدە ئوتتۇرىغا قويغان پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىگە روشەن ھالدا ئوخشاشمايدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ماۋ زېدۇڭ توغرىسىدىكى تۆۋەن مۇقاملىق خەۋەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ سىياسىتىگە ئۇمىدسىزلىنىش پوزىتسىيىسى تۇتقانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ سىياسەت بىلەن بولغان ئالاقىنى ئىسكانتەدەر ئازايتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرسە كېرەك. لېكىن تۆۋەن مۇقاملىق خەۋەر قىلىش ستالىننىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا يەنە ئارىلاشمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە نۇرغۇن پاكىتلار جياڭ جيېشىنى ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتا چىڭ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، موسكۋانىڭ يەنئەنگە داۋاملىق بېسىم ئىشلىتىپ جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن ئۇزىنىڭ ئىنقىلابىي تاياتچ بازىلارنى كېڭەيتىش ھەرىكىتىنى چەكلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

1940 — 1941 ـ يىللىرى موسكۋا بىلەن يەنئەننىڭ نورمال ئالاقىسى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى. يەنئەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇخبىرلىرى بار ئىدى، ئۇلار توپلىغان ئاخباراتلار جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىلىق باش مەسلىھەتچىسى ۋاسلى سوكوۋنى، شۇنداقلا موسكۋانىمۇ يەنئەننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يەنئەنگە ۋەكىل ئەۋەتىشىنى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھەربىي كادىرلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەربىي چېنىقىشقا ئەۋەتىشنى قايتا ـ قايتا تەلەپ

قىلدى. گەرچە جياڭ جيېشى بۇنىڭدىن ھوشيار بولسىمۇ، نارازى بولسىمۇ، بۇنى يەنىلا تەستىقلىدى. جياڭ جيېشى بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈپ 1941- يىلى 1 - ئايغا كەلگەندىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنئەنگە نۆۋەت بىلەن ئۈچ مۇخبىر، ئىككى دوختۇر ئەۋەتىشىگە قوشۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ۋاڭ مىڭ 1937 - يىلى يەنئەنگە ئالغاچ كەلگەن چوڭ تىپتىكى سىمسىز رادىئو ئاپپاراتىنى نورمال ئىشقا چۈشۈرۈش ئۈچۈن سوۋېتلىكلەر ئايروپىلان بىلەن يەنئەنگە كەلگەندە ھەر قانداق زۆرۈر ئۈسكۈنە - ماتېرىياللارنى ئالغاچ كېلىشىگە ناھايىتى ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىلدى. 1942 - يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يېڭى ۋەكىلى پېتىر ۋىلادىمىنوۋ كومپارتىيىنىڭ باش شتابىغا كەلگەندە، بۇ رادىئو ئاپپاراتى كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ يەنىلا نورمال ئىشلەۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنئەن بىلەن موسكۋا شىنجاڭدىكى مىلتارىست شېڭ شىسەينىڭ دىخۇادىكى تارقاتقۇچى ئىستانسىسى ئارقىلىق رادىئو ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلدى. 1940- يىلى 2 - ئايدا جۇ ئېنلەي موسكۋادىن دىخوا ئارقىلىق يەنئەنگە قايتقاندا سىمسىز تېلېگراف خادىملىرىغا ئالاقىنى ساقلاش ئۈچۈن، مەخپىي شىفىرنى قەرەللىك ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش توغرىسىدا يولىيورۇق بەردى.

1939 - يىلى 9 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي بيۇرو ئەزاسى جۇ ئېنلەي ياردار بولۇپ داۋالىنىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا باردى. شۇ يىلنىڭ باشلىرىدا جۇ ئېنلەي ئاتتىن يىقىلىپ، بىلىكى سۇنۇپ كەتكەنىدى. جۇ ئېنلەي موسكۋادا ئالتە ئاي تۇرۇپ، 1940 - يىلى 3 - ئايدا يەنئەنگە قايتىپ كەلدى. جۇ ئېنلەينىڭ موسكۋاغا بېرىشىدا سىياسىي ۋەزىپىسىمۇ بار ئىدى: ئۇ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا ماۋ زېدۇڭنىڭ «يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنى چۈشەندۈرۈپ، موسكۋانىڭ

ئەندىشىسىنى تۈگەتمەكچى، ئەگەر مۇمكىنچىلىك بولسا، موسكۋانىڭ بۇ يېڭى، رادىكال لۇشيەنگە قوشۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرمەكچىدى. جۇ ئېنلەي ماۋ زېدۇڭنىڭ يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدىكى كىتابچىسىنىمۇ ئالغاچ بارغان بولسا كېرەك.

جۇ ئېنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇۋاتقاندا، خەلقئارادا فىنلاندىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاشكارا ئىسيان كۆتۈرۈپ، موسكۋاغا قارشى تۇرۇش ۋەقەسى يۈز بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن فىنلاندىيە ئۇرۇشى ھارپىسىدا، فىنلاندىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش شۇجىسى ستالىننىڭ بىر قېتىملىق بىۋاسىتە بۇيرۇقىنى رەت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى فىنلاندىيىگە ھۇجۇم قىلغاندا، فىنلاندىيە كومپارتىيىسىنىڭ بۇ داھىيسى پرولېتارىياتقا چاقىرىق چىقىرىپ، شۇنداقلا فىنلاندىيە كومپارتىيىسىنىڭ بارلىق كۈچىنى فىنلاندىيە زېمىنىنى قوغداپ، سوۋېت ئىتتىپاقى جاھانگىرلىكىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. گەرچە فىنلاندىيە كومپارتىيىسىنىڭ بۇ قېتىمقى مىللەتپەرۋەرلىك قوزغىلىشى بىلەن جۇ ئېنلەينىڭ موسكۋانى زىيارەت قىلىشىنىڭ بىۋاستە ئالاقىسى بولمىسىمۇ، فىنلاندىيە ۋەقەسى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ «مىللەتچىلىك خاھىشى» نىڭ خەۋپىگە بولغان سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرغاچقا، ئۇنىڭ زىيارەتكە كەلگەن جۇ ئېنلەينى كۈتۈۋېلىشىغا تەسىر يەتتى.

جۇ ئېنلەينىڭ موسكۋاغا بېرىشىمۇ موسكۋانىڭ 1939 - يىلى 9 - ئايدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى لى دېنى قايتۇرۇپ كېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. لى دې ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىنى تەنقىد قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ كەلگەنىدى. شۇ چاغدا لى دې موسكۋاغا قايتىپ كېلىپ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال رەھبەرلىرىگە تەپسىلىي دوكلات قىلىش

ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ ئەھۋال جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە جۇ ئېنلەينى سوۋېت ئىتتىپاقىغا زىيارەتكە ئەۋەتىشىگە تۈرتكە بولغان بولسا كېرەك. جۇ ئېنلەي لى دېنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە يەتكۈزگەن زىيىنىنى ئىمكانقەدەر ئازايتىشنى ئۈمىد قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەيلى قانداق بولمىسۇن جۇ ئېنلەي بىلەن لى دېنىڭ موسكۋاغا بېرىشى بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇلارنىڭ ئۇستىگە ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئايروپىلانىغا چۈشكەنىدى. لى دې موسكۋاغا بېرىشى بىلەنلا ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى يەتتە يىللىق كەچۈرمىشى بەكۈنلەنگەن ئۇزۇن دوكلاتنى يېزىپ چىقتى. كېيىنچە لى دې بۇ دوكلات توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىدى. لېكىن كىشىلەر بۇ دوكلاتنىڭ كېيىنچە ئۇنىڭ ئەسلىمىسىدە ئىپادىلەنگەن نۇرغۇن پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى تامامەن ئىشەنچ بىلەن قىياس قىلالايدۇ. يەنى بۇ دوكلاتتا، ماۋزېدۇڭ ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مىللەتچىسى، شۇڭا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغداش ھە' مقىي كوممۇنىستلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى زادىلا چۈشەنمەيدۇ دېيىلگەنىدى. بۇ دوكلات يېزىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن لى دې، جۇ ئېنلەي، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنىسى ماۋ زېمىن ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بىرنەچچە رەھبىرى بىرلىكتە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ستراتېگىيىسى مەسىلىسىنى ئۇدا نەچچە كۈن مۇزاكىرە قىلدى.

نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنئەندىكى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى مەزگىلىدە، جۇ ئېنلەي ئۆزىنىڭ 1940 ـ يىلى موسكۋادا مۇزاكىرىگە قاتنىشىش ئەھۋالىنى قىسقىچە تەسۋىرلەپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

«1940 ـ يىلى مەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا باردىم، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدىكى رەھبەرلەر يولداشلارنىڭ ھەممىسى بىزنى ئىشچىلار سىنىپىدىن بەكلا يىراقلاپ كەتتى دەپ ئەنسىرەۋاتقانىكەن. مەن: بىز يېزىدا ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرەشنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتۇق، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكى بولغاچقا پۈتۈنلەي پرولېتارلىشالايمىز، - دېدىم. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ رەھبەرلىرى بۇنى ئاڭلاپ ۋاڭ-چۇڭ قىلىشىپ، بۇ سۆزلىرىمنى ياقتۇرمىدى.»

رېن بىشىنىڭ كاتىپى گاۋجۇن (ئاشاڭ تەرجىمىسى) 1940 ـ يىلى موسكۋادا ئىدى. 1939 ـ يىلى جۇ ئېنلەي موسكۋادا زىيارەتتە بولغاندا، گاۋ جۈن جۇ ئېنلەي بىلەن بىللە ئىشلىگەنىدى. گاۋ جۈن مۇنداق دەيدۇ: جۇ ئېنلەي قايتا - قايتا خىزمەت ئىشلەپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ لۇشيەنى ۋە باشقا رەھبەرلەرنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى خاتا چۈشەنچىسىنى تۈگىتىشكە تىرىشتى. رېن بىشى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇ ئېنلەيگە جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىي، ھەربىي لۇشيەنى توغرىسىدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا تەپسىلىي دوكلات يېزىش تەكلىپىنى بەردى، جۇ ئېنلەي دوكلاتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، دىمتروۋ ئۇنىڭدىن «باشقا بىر نەچچە مەسىلە» نى ئىزاھلاشنى تەلەپ قىلدى. رېن بىشى جۇ ئېنلەينىڭ ۋاڭ مىڭ 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىنكى پۈتكۈل ۋەزىيەتنى تونۇشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ مۇزاكىرە تاكى ئىككىنچى كۈنگىچە داۋاملاشتى. جۇ ئېنلەي كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىچۇسىغا ۋاڭ مىڭنىڭ ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىك قىلىدىغان پارتىيىنىڭ لۇشيەنىگە قارشى

تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئوڭچىل تەسلىمچىلىك لۇشيەنىنى يۈرگۈزگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي ئىشلارغا ئېغىر زىيان يەتكۈزگەنلىكىنى تونۇشتۇردى. مۇزاكىرە داۋامىدا بەزىلەرنىڭ ماۋ زېدۇڭ ۋاڭ مىڭ بىلەن بولغان توقۇنۇشتا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلدى دەپ تەنقىد قىلغانلىقى ئېنىق، جۇ ئېنلەي بۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ ۋاڭ مىڭنىڭ ئالدى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دىمىتروۋ جۇ ئېنلەيدىن ۋاڭ مىڭنىڭ ماۋ زېدۇڭغا قارشى تۇرغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىكى باشقا يولداشلارغا تەھدىت سالغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ئىنتايىن ئاچچىقلانغان ھەمدە ۋاڭ مىڭ 1937 – 1938 - يىللىرى مەملىكەت ئىچىدە خىزمەت قىلغان چاغلىرىدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان. دىمىتروۋ جۇ ئېنلەيگە: «ۋاڭ مىڭ جۇڭگوغا قايتقاندا، مەن ئۇنىڭغا سىز كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ شۇجىلىرىدىن بىرى، لېكىن سىزنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ شۇجىلىق سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشىڭىزغا بولمايدۇ، سىز مەملىكەت ئىچىدىكى رەھبىرىي يولداشلارغا، بولۇپمۇ يولداش ماۋ زېدۇڭغا ھۆرمەت قىلىشىڭىز كېرەك دېگەنىدىم. شۇ چاغدا ئۇ مېنىڭ سۆزۈمگە پىكىردە قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقانىدى، لېكىن مەن ئۇنىڭ جۇڭگوغا قايتقاندىن كېيىن مۇنداق قىلىشىنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن» دېگەن.

بىزنىڭ دىمىتروۋنىڭ بۇ سۆزلىرىنى يۈزەكى سۆز دېگۈدەك ئاساسىمىز يوق، چۈنكى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىلگىرى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال لۇشيەنىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى

زەھبەرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قايتا ئىنكار قىلىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال لۇشيەنىنىڭ جۇڭگودا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش جاۋابكارلىقىنى باشقىلارغا دۆڭگىگەنىدى. تېخىمۇ قىممەتكە ئىگە بولغىنى دىمىتروۋنىڭ ئىزاھاتى بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئىزاھات بېرىشىگە قارىغاندا، ۋاڭ مىڭنىڭ ياخشى ئۇستازى ۋە دوستى پاۋېل مىف قوشۇندىن تازىلانغان، بۇنىڭ بىلەن ۋاڭ مىڭنىڭ موسكۋادىكى سىياسىي ئىناۋىتى تەۋرەپ قالغان. شۇ چاغدا مىف سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى چوڭ تازىلاشنىڭ قۇربانى بولغان، 1939 - يىل 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مىف 38 يېشىدا ك گ ب تەرىپىدىن ئېتىۋېتىلگەن. دىمىتروۋنىڭ ئېيتىشىچە، مىفنىڭ موسكۋادىكى جۇڭشەن داشۆسىنىڭ تۈنجى مۇدىرى رادېك (تروتسكىچى) بىلەن مۇناسىۋىتى بولغاچقا. تروتسكىچى قاتارىدا باستۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋاڭ مىڭنىڭ مىف بىلەن، شۇنداقلا رادېك بىلەن مۇناسىۋىتى بولغاچقا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋاڭ مىڭدىمۇ «مەسىلە بار» دەپ قارىغان. دىمىتروۋ جۇ ئېنلەي ۋە رېن بىشى بىلەن پاراڭلاشقاندا: «ۋاڭ مىڭ زېرەك بىر نېمە، ئۇ ۋەزىيەتكە قاراپ ئۆزگىرىشنى بىلگەچكە، ئۆزىنىڭ سىياسىي ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى» دېگەن. ئۇ يەنە سۆھبەتنى ئاياغلاشتۇرۇش ئالدىدا: «جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ماۋ زېدۇڭلا داھىي بولالايدۇ» دېگەن. ئەھمىيەتلىك بولغىنى شۇكى، مىف ستالىننىڭ تازىلاش دولقۇنىغا چۈشۈپ قالغاندا، ۋاڭ مىڭ موسكۋادىكى تەسىرى بار قوللىغۇچىسىدىن مەھرۇم قالدى. مىفنىڭ بارلىق خىزمەتداشلىرى، جۈملىدىن ۋاڭ مىڭمۇ گۇمانلىق بولۇپ قالدى. مىفنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىكى «جىنايەت پاكىت» لارنى بىلىش قىزىقارلىق ئىش ئىدى. مىفنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىشى جۇڭگو ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟

گاۋ جۈن: جۇ ئېنلەينىڭ دوكلاتى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدىكى بىرنەچچە مەسئۇل يولداشنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتتى دەيدۇ. لېكىن جۇ ئېنلەينىڭ 1944 - يىلىدىكى بىر قېتىملىق سۆزى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال رەھبەرلىرىنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تولۇق قوبۇل قىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. 1940-يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئۈنۈملۈك ئىنقىلابىي ستراتېگىيىنى ئىجادىي تەتقىق قىلىش بولماي، ستالىننىڭ ئەقىدىچىلىككە تەۋە نەرسىلىرىنى ئۆلگىچە قوغداشتىن ئىبارەت بولغانىدى. بۇ كىشىلەردە جۇ ئېنلەي موسكۋادىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ يېڭى دېموكراتىزم ئىدىيىسى توغرىسىدىكى قارىشىدا ياخشىلىنىش بولغانلىقى ياكى بولمىغانلىقىغا گۇمان پەيدا قىلىدۇ.

جۇ ئېنلەي زىيارەت داۋامىدا سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلغان يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەربىيىلەنگەن نەچچە يۈز نەپەر ھەربىي خادىمىنىڭ قانداق قىلىپ شىنجاڭ ئارقىلىق يەنئەنگە قايتىش مەسىلىسى ئىدى. 1937 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پۇل چىقىرىپ شىنجاڭدا بىر ھەربىي ئىنستىتۇت قۇرۇپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئاپتوماتىك قىسمى، ئاۋىئاتسىيە قىسمى، ئالاقىلىشىش قىسمى، توپچى قىسىملىرىدىكى زامانىۋى ھەربىي تېخنىك خادىملىرىنى تەربىيىلەشكە ياردەم بەردى. 1939 - يىلى جۇ ئېنلەي موسكۋاغا بېرىش يولىدا شىنجاڭدا توختاپ، بۇ ئىنستىتۇتتىكى نەچچە يۈز ئوقۇغۇچىغا سۆز قىلىپ، ئۇلاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدە قىسمىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، زېھنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تېخنىكىنى ياخشى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلدى. جۇ ئېنلەي دىخۋادىن ئايرىلىپ

موسكۋاغا بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ كورسانتلارنى يەنئەنگە يۆتكەش تەييارلىقى باشلىنىپ كەتتى. 1940 ـ يىلى 1 ـ ئايدا كۆپ ساندىكى كورسانتلار بۆيرۇققا بىنائەن يەنئەنگە يورۇپ كەتتى، بۇلار يەنئەنگە قايتقاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «تەمىنات بۇيۇملىرى» نىمۇ يەنئەنگە ئالغاچ كەتتى.

ھەربىي چېنىقىشتىن ئۆتكەن نەچچە يۈز نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك خادىمنىڭ يەنئەنگە نېمە ئۈچۈن يۆتكەلگەنلىكى ئانچە ئېنىق ئەمەس. موسكۋا بىلەن يەنئەننىڭ شىنجاڭغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. موسكۋا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بۇ رايوندىكى پايدىسىز تەسىرىنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەربىي خادىملارنىڭ يەنئەنگە يۆتكىلىشىگە قوشۇلغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ يۆتكىلىش جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار قۇرۇلۇشىدا ماھىيەتلىك سەكرەش بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. لېكىن قىزىقارلىق بولغىنى ۋە جاۋاب بېرىش تەس بولغىنى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بۇ ھەربىي خادىملارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوراللاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىش ـ قىلماسلىقى، موسكۋانىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇشۇنداق ئۈمىدتە بولۇشقا ھەقلىقمىز دېيىشىگە يول قويۇش ـ قويماسلىقى ئىدى. موسكۋانىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھەربىي قورال ـ ياراغ تەمىنلەش ئىلتىماسىنى رەت قىلىپ (بۇ ئىلتىماس، جۇ ئېنلەي ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن)، بۇ ھەربىي خادىملارنىڭ يەنئەنگە قايتىشىغا قوشۇلۇشىنى تولۇقلىما قىلغانلىقى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى شۇكى، موسكۋا ئاچقۇچلۇق پەيتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەربىيىلەپ بەرگەن بۇ بىر تۈركۈم يۇقىرى سۈپەتلىك ھەربىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى يەنئەنگە ئەۋەتكەندە، ھەقىقەتەنمۇ جىياڭ جيېشىنى رەنجىتىپ قويۇش خەۋپىگە تەۋەككۇل قىلغانىدى.

3 ـ ئايدا، جۇ ئېنلەي، رېن بىشى، شى جېي (جۇڭگو كومپارتىيىسى يەنە بىر «سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسى، ئۇ 1949 ـ يىلىدىن كېيىن جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان) شىنجاڭ ئارقىلىق يەنئەنگە قايتتى. جۇ ئېنلەي دۆلەتكە قايتقاندا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بەزى يولىيورۇقلىرىنى ئالغاچ كەلگەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئۇ چاغدا خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى زور ئۆزگىرىش كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال لۇشيەنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولغانىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىجرائىيە شۇجىچۇسى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بەزى سىياسەتلىرىدىن يەنىلا رازى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇلار جۇ ئېنلەينىڭ ئىزاھلىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. خۇددى ۋاڭ جياشياڭ موسكۋادىن يەنئەنگە قايتقان چاغدىكىگە ئوخشاش، جۇ ئېنلەيمۇ دۆلەتكە قايتقاندا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ھۆججىتىنى ئەكەلگەن بولسا كېرەك. مۇنداق ھۆججەت بولمىغان تەقدىردىمۇ، جۇ ئېنلەينىڭ يەنئەنگە قايتقاندىن كېيىن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ كۆز قارىشى ۋە تەنقىدىنى يەتكۈزگەنلىكىدە گەپ يوق.

1940 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، يەنى جۇ ئېنلەي موسكۋادىن دۆلەتكە قايتقان ئايدا، ۋاڭ مىڭ ئۆزىنىڭ «ئىككى لۇشيەن: جۇڭگو كومپارتىيىسىنى يەنىمۇ بولشېۋىكلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن كىتابچىسىنى قايتا نەشر قىلدۇرۇپ، ماۋ زېدۇڭ ۋە ئۇنىڭ سىياسىتى بىلەن بولغان يەنە بىر قېتىملىق كۈرەشنى قوزغىدى. 1929 ـ يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسى موسكۋا ئۆزىگە تاڭغان رادىكال لۇشيەننى ئىجرا قىلىپ ئېغىر زىيان چەكتى، لېكىن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال لىسەننى مەغلۇبىيەتكە مەسئۇل دەپ ئەيىبلىدى، ۋاڭ مىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ غەرىزى بويىچە 100 بەتكە

يېتىمدىغان بۇ كىتابچىنى نەشىر قىلدۇردى، بۇ كىتابچىدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قول تىققانلىقى ھەمدە 1930 ـ يىلى لى لىسەننىڭ ئۆرۈۋېتىلگەنلىكىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى كۈچىنىڭ بارىچە ئىزاھلاندى ۋە ئىسپاتلاندى. بۇ كىتابچىدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ لۇشيەنىگە خىلاپلىق قىلغان ۋە پەسەنت قىلمىغان جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىرىگە كەسكىن ھۇجۇم قىلىندى. بۇ كىتابچىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى: كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ياردىمى پارتىيىنىڭ لۇشيەنىدىكى تۈپ خاتالىقلارنى تۈگىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم دەپ قاراشتىن ئىبارەت. ۋاڭ مىڭ بۇ كىتابنىڭ ئاخىرىدا مۇشۇ ئىدىيىسىنى يىغىنچاقلىغاندى. ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرى شەك ـ شۈبھىسىزكى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ لۇشيەنىدىن چەتلەش پوزىتسىيىسىگە مۇتلەق قارشى تۇرىدۇ. جۇڭگودىكى بارلىق بولشېۋىكلار بىر كىشىدەك ئىتتىپاقلىشىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ. پرولېتارىيات ۋە بولشېۋىكلار ئېگىلمەي ـ پۈكۈلمەي كۈرەش قىلىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ قارارىنى مۇتلەق، باتۇرانە ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ يېڭى، تېخىمۇ زور غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە جەزمەن، شەك ـ شۈبھىسىز يېتەكلەيدۇ دېگەن.

ۋاڭ مىڭ بۇ كىتابنىڭ 1940 ـ يىلىدىكى نەشرىگە يازغان كىرىش سۆزىدە بۇ كىتابنى قايتا نەشىر قىلدۇرۇش مۇددىئاسىنى ئىزاھلاپ: بىرمۇنچە يولداشلار پارتىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تارىخىنى بىلىشكە تېگىشلىك، كومپارتىيە ئەزالىرى 1931 ـ يىلىدىكى ھەر خىل ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش

ئارقىلىق 1940 - يىلىدىكى ھەر خىل مەسىلىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلەيدۇ، دېگەن. ئۇ يەنە: ھەرقانداق ھەقىقىي دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچى ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمچى شۇنى تونۇپ يېتىشى كېرەككى، كىشىلەرنىڭ مەسىلىلەرنى كونكرېت زامان ۋە كونكرېت ماكاندىن ئايرىلغان ھالدا بىر تەرەپ قىلىشىغا بولمايدۇ؛ تۈنۈگۈنكى ئىش بىلەن بۈگۈنكى ئىشنى قىلچە مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىشىغىمۇ بولمايدۇ؛ مەلۇم زامان ۋە مەلۇم ماكاندا يۈز بەرگەن ئىشنى بىز ھازىر دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە قىلچە ئوخشاشمايدۇ دېيىشكىمۇ بولمايدۇ؛ ئوخشاش بولمىغان شەيئىلەرنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ دەپ كېسىپ ئېيتىشقىمۇ بولمايدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. ۋاڭ مىڭنىڭ ياپتا سۆزلىرى: ماۋ زېدۇڭ رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسى تۈيۈق يولغا مېڭىۋاتىدۇ، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يېتەكچىلىكىنى 1931 - يىلىدىكىدەك قوبۇل قىلدۇرۇش كېرەك دېگەننى بىلدۈرەتتى.

«ئىككى لۇشيەن» نى قايتا نەشر قىلدۇرۇش ۋاڭ مىڭنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بىۋاستە ئارىلىشىشى ئارقىلىق ئۆزىنى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئالدىدىكى مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش يولىدىكى دادىل ھەرىكىتى ئىدى. دەلىل - ئىسپاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ۋاڭ مىڭنىڭ ھەرىكىتى ھېچقاچاندا ئەخمىقانە ئىش ئەمەس ئىكەن. موسكۋا ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇ مۇھىم پەيتتە قول تىقىپ، ماۋ زېدۇڭ لۇشيەنىنى چەكلىمەكچى بولغان بولسا كېرەك. گومىنداڭنىڭ بەزى ماتېرىياللىرىدا ئېيتىلىشىچە، ۋاڭ مىڭنىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىنغان ئايدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يەنئەندە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا سۆز قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ گومىنداڭغا قارشى قوراللىق كۈرەش قىلىش سىياسىتىدىن ۋاز كېچىشنى

تەلەپ قىلغان. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ۋەكىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىنى قوراللىق كۈرەشنىڭ ۋاقتى ۋە مۇھىتى توغرىسىدا ئويلاشمىدى، گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇش قوزغىماقچى بولىۋاتىدۇ دەپ تەنقىد قىلغان، شۇڭا جۇڭگو كومپارتىيىسى غەرەزلىك ئىش قىلمىسىمۇ ئەمەلىيەتتە بۇ مەغلۇبىيەتكە سەۋەبچى بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن يىراق شەرقتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىدىغان ئۆزگىرىش بارلىققا كەلگەن بولاتتى. ئېيتىلىشىچە، ماۋ زېدۇڭ بۇ ۋەكىلنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغان، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جىياڭ جيېشىغا بېرىدىغان ياردىمىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان.

يەنە بىر ماتېرىيالدىمۇ يەنئەن بىلەن موسكۋانىڭ مۇشۇ مۇھىم پەيتتىكى ئىختىلاپى تىلغا ئېلىنغان. بىر كىتابچىدا مۇنداق دېيىلگەن: 1940 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 1928 ـ يىلىدىن 1935 ـ يىلغىچە ئارىلىقتىكى ۋاڭ مىڭ لۇشيەنىنىڭ خاتالىقىنى يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىپ: بارلىق چېكىدىن ئاشقان «سولچىل» لىق سىياسەتلىرى، ئالايلۇق، بۇرژۇئازىيىنى يوقىتىش، پومېشچىكلارنى ئۆلتۈرۈش، چوڭ شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىش، پارتىزانلىق ئۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ئىنكار قىلىش قاتارلىق خاتا ھەربىي سىياسەتلەر كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ «خاتالىقى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان. ئەگەر بۇ سۆزلەر دەلىللەنسە، ماۋ زېدۇڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئۆتكەندە كۆپ قېتىم خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، ئۆز لۇشيەنىنى قوغدىماقچى بولغانلىقىنى كۆرسەتمەي قويمايدۇ، شۇنداقلا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋەكىلىنىڭ تەنقىدىگە رەددىيە بەرمەي قالمايدۇ، بۇ ماتېرىياللار بىر مەسىلىنى، يەنى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ئارىسىدا جۇڭگو ئىنقىلابى بىلەن سوۋېت

ئىنتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئىنتايىن مەخپىي مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى چۈشەندۈردۇ. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ماۋ زېدۇڭغا بەرگەن مۇھىم تەنقىدى: ماۋ زېدۇڭ ئىنقىلابىي كۈچلەرنى كۈچىنىڭ بارىچە زورايتىپ، گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا تەسلىم بولۇش خەۋپىنى كۈچەيتىۋەتتى دېگەندىن ئىبارەت.

ماۋ زېدۇڭ ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ گومىنداڭنى مەغلۇپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلمايتتى. ئۇ مۇنداق بولسا، گومىنداڭنىڭ كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇشقا تۇرتكە بولىدۇ دەپ قارايتتى. ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو - ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان خورىتىش ئۇرۇشىنى ئىنقىلابىي كۈچلەرنى زورايتىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت دەپ قارىسا كېرەك. دەرۋەقە، بىر ئىنقىلابچى بولغان ماۋ زېدۇڭمۇ پايدىلىق پۇرسەتنى تۇتۇپ، گومىنداڭنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش جەڭ مەيدانىدىكى مەغلۇبىيىتىدىن پايدىلىنىپ، جياڭ جيېشىنى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ھەمكارلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى.

ماۋ زېدۇڭ گومىنداڭنىڭ ياپون قاراقچىلىرىغا تەسلىم بولۇش ئېھتىمالىنى خېلى ئېغىربېسىقلىق بىلەن كۆزەتتى. شۇنداقلا بۇ ئېھتىماللىق تۇپەيلىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پۈت - قولىنى چۈشەپ قويماسلىقا بەل باغلىدى. 1940 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى يوليورۇق بۇنى ئېنىق چۈشەندۈردى. بۇ يوليورۇقتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تېخى تەسلىم بولمىغانىكەن، يېڭى 4 - ئارمىيىنى ئىمكانىقەدەر تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىملىقى ئېيتىلدى. لېكىن ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ مەيدانىنى ئەڭ ئېنىق ئىپادىلىگىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1940 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى يوليورۇقى بولدى. يوليورۇقتا جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۈچ خىل ئېھتىمالى

تەھلىل قىلىنغانىدى: بىرىنچى خىلى، مۇبادا گېرمانىيە ئەنگلىيىنى مەغلۇپ قىلسا، ئامېرىكا جۇڭگودىكى ئۇرۇشقا قاتنىشىشى مۇمكىن. ئامېرىكىنىڭ گومىنداڭغا ياردەم بېرىش، ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرق ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى ـ جۇڭگودىكى «جاھىل ئەكسىيەتچىلەر» ئۈمىد قىلىدىغان بىر خىل يول. بۇ گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە ھاكىممۇتلەقلىقىنى يولغا قويۇشقا ئەڭ پايدىلىق يول. ئىككىنچى خىلى، «جاھىل ئەكسىيەتچىلەر» نىڭ «مىللىي بۇرژۇئازىيە» بىلەن ئاز ـ تولا مۇرەسسە قىلىش ئېھتىمالى، بۇ ئۇلارنىڭ خەلقئارادا سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشىدىن، مەملىكەت ئىچىدە كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىدىن ۋاز كېچىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ گومىنداڭ 1938 ـ يىلىدىن بۇرۇن يولغا قويغان ئاكتىپ سىياسەت. لېكىن بۇ سىياسەت كېيىنچە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىغا يېقىنلىشىش، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش سىياسىتى تۈپەيلىدىن ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۈچىنچى خىلى، ياپونىيىنىڭ جۇڭگونى ئىشغال قىلىش، جياڭ جيېشى گومىنداڭنىڭ ياپونغا تەسلىم بولۇش ئېھتىمالى بولۇپ، بۇ جۇڭگودىكى ھۆكۈمران سىنىپلار ئىچىدە قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، شۇنداقلا قۇدرەتلىك، ئومۇمىيۈزلۈك ياپونغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەن ساتقۇچلارغا قارشى تۇرۇش دولقۇنىنى ۋۇجۇدقا چىقىراتتى. روشەنكى، «مىللىي بۇرژۇئازىيە» بىرىنچى خىلدىكى ئېھتىماللىق ئەمەس، ئىككىنچى خىلدىكى ئېھتىماللىقنىڭ بولۇشىنى، «پرولېتارىيات» قا يول قويۇشنى، ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىشنى خالايتتى.

ماۋ زېدۇڭ جياڭ جيېشى بىلەن ياپونىيە يارىشىپ قالغاندا، ياپونىيىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن ھەربىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى

بىلگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا ياپونىيە مانجۇرىيىدە پارتىزانلار سىستېمىسىغا قارىتىلغان تازىلاشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىۋاتاتتى. قارىغاندا، تېخىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن بولغىنى شۇكى، ماۋ زېدۇڭمۇ جياڭ جيېشىغا ئوخشاش ياپون ئارمىيىسى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىدۇ دەپ قارايتتى. 1940-يىلى 9 - ئايدا ياپون ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبقا قىلغان يۈرۈشى ئوڭۇشلۇق بولدى. نەتىجىدە ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى تېز يامانلاشتى. ماۋزېدۇڭ ياپونىيىنىڭ يېڭى ھەربىي كۈچى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئىشلىتىلگەچكە، ياپونىيىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىردىنبىر ھەقىقىي ۋەكىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ھەربىي بېسىم ئىشلەتكەندە، ئۇنىڭ كۈچىنىڭ خورىشى جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن ئېغىر بولىدۇ: ئامېرىكا بىلەن ياپونىيىنىڭ مۇناسىۋىتى كۈندىن - كۈنگە يامانلاشقاندا، گومىنداڭ ياپونىيىگە تەسلىم بولسا، ۋاشىنگتون بىلەن چۇڭچىڭ ئوتتۇرىسىدىكى روشەن مەۋجۇت بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋەت بۇنىڭغا ئەگىشىپ يىمىرىلىپ كېتىدۇ، بۇ جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا كۈچنى راۋاجلاندۇرىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت؛ مۇشۇنداق ئەھۋالدا، جياڭ جيېشى تاشقى ياردەم بولمىغان ئەھۋالدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە تاقابىل تۇرىدۇ ياكى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، ياپونغا يەنىمۇ يېقىنلىشىشى مۇمكىن دېگەن يەكۈننى چىقارغان بولسا كېرەك. ماۋ زېدۇڭ يەنە مۇبادا جياڭ جيېشى ياپونغا تەسلىم بولسا، گومىنداڭنىڭ ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا داۋاملىق ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلغىنىغا قارىغاندا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە تېخىمۇ پايدىلىق دەپ يەكۈن چىقارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ مەسىلىدىكى مەيداننى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن گومىنداڭ ياپونغا تەسلىم بولغاندىن كېيىنكى سىياسىي ئاقىۋەتنى ئويلاش كېرەك. بۇنداق تەسلىم

بولۇش گومىنداڭنىڭ جۇڭگودىكى ئىناۋىتىنى بىراقلا تۆكتى. ۋاڭ جىڭۋېي مۇشۇ چاغدا قۇرغان قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ خەلقنىڭ تامامەن دېگۈدەك قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى يۇقىرىدىكى قاراشنىڭ ئىسپاتى، ئەگەر كومپارتىيە ياپونغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى ئۇزاقچا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشتا چىڭ تۇرسا، ئۇ ۋەتەنپەرۋەر خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشىدۇ. مۇبادا ياپونىيە جياڭ جيېشىنى يەڭسە، ئۇنىڭ جۇڭچىڭغا قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان تىنچلىق شەرتلىرىنى تېڭىشى تۇرغان گەپ، بۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ نارازىلىقى ۋە غەزىپىنى قوزغايدۇ. گومىنداڭ ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەر قىسىملار ۋە رەھبەرلەر ياپونغا تەسلىم بولماي، كومپارتىيە تەرەپكە ئېغىپ كېتىشى مۇمكىن. گومىنداڭ ياپونغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن كومپارتىيىگە قاراتقان ھەربىي ھۇجۇمنى كېڭەيتىشى مۇقەررەر. لېكىن ئۇ مۇنداق قىلسا، ياپونىيىنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى «قورچاق ئارمىيە» گە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار جۇڭگو كومپارتىيىسىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. جياڭ جيېشىمۇ بۇ ئېھتىماللىقنى ماۋ زېدۇڭغا ئوخشاش بىلسە كېرەك. جياڭ جيېشى مۇشۇلارنى ئويلىغاچقا ياپونىيە بىلەن ھاقارەتلىنىش ئاساسىدىكى مۇرەسسەلىشىش كېلىشىملىرىنى ئىمزالاشنى توسىدى.

ماۋ زېدۇڭ ئالدى بىلەن ئىنقىلابچى. ئۇ گومىنداڭ بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇ ئۇستازى لېنىنغا ئوخشاش: ئۇرۇشنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۆز دۆلىتى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىدۇ، دەپ قارايدۇ، ئەگەر ياپونىيە جۇڭچىڭ ھاكىمىيىتىنى مەغلۇپ قىلسا، ئۇ جۇڭگودا بىر قېتىملىق ئىنقىلابنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. مەيلى قانداق

ئەھۋال يۈز بەرسۇن، ماۋزېدۇڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىنقىلابىي كۈچلەرنى راۋاجلاندۇرالايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ.

ئەگەر جياڭ جېيشى ياپونىيە بىلەن دۆلەتكە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان تىنچلىق شەرتنامىسى تۈزسە، موسكۋا ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ پايدا - زىيىنى خېلىلا ئوخشاش بولمايدۇ، جياڭ جېيشى ھاكىمىيىتىنىڭ داۋالغۇشى ۋە تەسلىم بولۇشى ستالىنغا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزمەيدۇ دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ زىيىنى ناھايىتى روشەن بولىدۇ، يەنى جۇڭگودىكى ياپون ئارمىيىسى جۇڭگودىن چېكىنىپ چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ستالىن چوتنى ماۋ زېدۇڭغا قارىغاندا ئاددىي سوقتى، ئۇ ياپونىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇش ئۇچۇن، ياپونىيىنى جۇڭگودا داۋاملىق ئۇرۇش قىلدۇرماقچى بولدى. شۇڭا، ستالىن گومىنداڭنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇنى ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتا چىڭ تۇرغۇزۇش سىياستىنى قوللاندى.

1940 - يىلى 12 - ئايدا، ستالىن گېنېرال ژوكوۋ بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى قارىشىنى شەرھلىدى. شۇ چاغدا ژوكوۋ چۇڭچىڭغا بېرىپ، جياڭ جېيشىنىڭ ھەربىي ئىشلار باش مەسلىھەتچىسى بولۇشقا يولغا چىقماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇ سوۋېت ئارمىيىسى پولشىنىڭ شەرقىگە ھۇجۇم قىلغان چاغدا ۋە كېيىنكى سوۋېت - فىنلاندىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە بىر جۇڭگە قوماندانلىق قىلغانىدى. ئۇ جۇڭگودا تاكى 1942 - يىلى 2 - ئايغا قەدەر باش ھەربىي مەسلىھەتچى بولدى. 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ستالىن جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن بىر قەدەر ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ ژوكوۋقا جۇڭگو كوممارتىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى ئاساسەن دېھقانلار ئىكەنلىكىنى، بۇنداق پرولېتارلاشمىغان ئىجتىمائىي ئاساسنىڭ ئىدىيىۋى جەھەتتە نۇقسان پەيدا قىلماي قويمايدىغانلىقىنى، بۇ نۇقسانلار

مىللەتچىلىك خاھىشلىرىنى ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزم ئېڭىنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلماسلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان، ستالىن يەنە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ سىياسىتىنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدىكى قارىشىدىن بېشارەت بەرگەن. ئۇ جۇڭگونىڭ «قىزىل ئارمىيە» سى جياڭ جيېشى ئارمىيىسىگە ئوخشاش ئىچكى ئۇرۇش قىلىشقا قىزىقىدۇ، بۇنداق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ جۇڭگونى خىلمۇ خىل خەۋپلەرگە مۇپتىلا قىلىدىغانلىقى بىلەن كارى بولمايدۇ دەپ قارىغاندا، ستالىن: «شۇڭا ژوكوۋنىڭ ۋەزىپىسى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ھەربىي توقۇنۇشىنى تىرىشىپ پەسەيتىشتىن ئىبارەت، چۈنكى كومپارتىيە جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرسا، جياڭ جيېشىنىڭ ياپونىيە تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشىگە تۈرتكە بولىدۇ، جياڭ جيېشى «ئاسانلا ياپونىيە بىلەن بىرلىشىپ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە تاقابىل تۇرىدۇ» دېگەن. ستالىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: پەقەت جياڭ جيېشىلا جۇڭگونىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلالايدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈچى بەك ئاجىز، ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ يەنە ئۇزاق ۋاقىت ئاممىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. قانچە ئۇزاق ۋاقىت كېتىدىغانلىقىغا كەلسەك، بىرنېمە دېيىش تەس، ھازىر جاھانگىر كۈچلۈك دۆلەتلەرمۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ جياڭ جيېشى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىغا يول قويمايدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى شەرتنامىمۇ ئىمزالىدى، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇنداق مۇناسىۋىتى بار دۆلەتلەرگە «ئىنقىلابنى چىقىرىشى» مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ مەيداننى ئاساس قىلغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنى

قوللىيالمايدۇ. ستالىن ژوكوۋقا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى جۇڭگو - سوۋېت شەرتنامىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا ئادا قىلىشنى ئېيتقان. جۇڭگو - سوۋېت شەرتنامىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا بېرىدىغان بارلىق ياردىمىنى پەقەت جياڭ جيېشىنىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگىلا بېرىشى كېرەك دەپ ئالاھىدە بەلگىلەنگەن. ستالىن ژوكوۋقا جۇڭگو كومپارتىيىسى ياپونىيە جياڭ جيېشىنى مەغلۇپ قىلسا، جۇڭگو ئىنقىلابىغا پايدىلىق دەپ قارىغاچقا، جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن ئالاقە قىلغاندا ئېھتىياتچان بولۇشنى ئەسكەرتكەن.

ستالىن ماۋ زېدۇڭدىن گومىنداڭغا قاراتقان سىياسىتىنى بوشاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ماۋ زېدۇڭ ئوڭايسىزلانغان. بىر تەرەپتىن ماۋ زېدۇڭ ئىنقىلابىي كۈچلەرنى زورايتىش قەدىمىنى ئاستىلىتىشنى خالىمىغان، يەنە بىر تەرەپتىن گەرچە گومىنداڭنىڭ ياپونغا تەسلىم بولۇشى ھەققەتەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تۆلەنگەن بەدەل بولسىمۇ، ئۇنىڭ گومىنداڭنىڭ ياپونغا تەسلىم بولۇشىدىن ئىبارەت پاكىتنى قوبۇل قىلىشنى ئاشكارا ئېيتىشى ئەپسىز ئىدى. ماۋ زېدۇڭ موسكۋانىڭ سوئالىغا ئەپچىللىك بىلەن جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر گومىنداڭنىڭ ياپونغا تەسلىم بولۇشنى ئىلگىرى سۈرمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ توسالغۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ماۋ زېدۇڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ گومىنداڭنىڭ تەسلىم بولۇش خەۋپى كۈچەيمەكتە، بۇ خەۋپنى توسۇش كېرەك دېگەن قارىشىغا قوشۇلغان، لېكىن قانداق توسۇش كېرەكلىكىگە كەلگەندە ماۋ زېدۇڭ كومپارتىيە گومىنداڭغا يول قويغان تەقدىردىمۇ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ قارىشىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ماۋ زېدۇڭ موسكۋانىڭ تەنقىدىگە

جاۋاب بېرىپ: جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى كۈچلىرى زورايماقتا، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كۈچى ۋە تەسىرى زورايغان تەقدىردىمۇ، گومىنداڭنىڭ تەسلىم بولۇش خەۋپى ئازىيىدۇكى، ئېغىرلاشمايدۇ دېگەن.

ماۋ زېدۇڭ 1940 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى ئۇزۇن يولىيورۇقىدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كۈچىنى زورايتىش، تەسلىمچىلىك نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ ئىزاھاتىدىكى سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بۇ يولىيورۇق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا جەنۇبىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ شۇجىسى شياڭ يىڭغا قارىتىپ چىقىرىلغان. شياڭ يىڭ شۇ چاغدا «ئىدىيىۋى جەھەتتە ئوڭچىللىق خاھىشى ئېغىر» دەپ قارالغان، بۇ يولىيورۇقتا ماۋزېدۇڭ ئىزاھات بېرىپ: جۇڭگو كومپارتىيىسى شۇنى بىلىشى كېرەككى، گەرچە گومىنداڭنىڭ تەسلىم بولۇش خەۋپى ئېغىرلاشقان بولسىمۇ، ئىلغار كۈچلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوتتۇرىدىكى كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، جاھىل كۈچلەرنى يېتىم قالدۇرۇش ئارقىلىق، بۇ خەۋپتىن يەنىلا ساقلانغىلى بولىدۇ دېگەن. ماۋ زېدۇڭ: «كومپارتىيە پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە قانچىكى تەرەققىي تاپسا، ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەسلىم بولۇش خەۋپىنى ئازايتىش ئىمكانىيىتى شۇنچە كۈچىيىدۇ، پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە ئېغىز ئېچىشى شۇنچە ئاسانلىشىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە مۆلچەر ۋە تاكتىكا ئارقىلىق بىز قانچىكى راۋاجلانساق، خەق شۇنچە تەسلىم بولىدۇ، بىز قانچىكى يول قويساق، خەق ياپونغا شۇنچە قارشى تۇرىدۇ دەپ قارىساق... خاتا قىلغان بولىمىز» دېگەن.

1940 - يىلىدىن كېيىن، ۋاڭ مىڭ گومىنداڭنىڭ مەسلىھەت كېڭەشكە قاتناشمايدىغان بولدى، ئۇ جۇ ئېنلەي

موسكۋاغا سەپەر قىلغان مەزگىلدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بىرلىك سەپتىكى ۋاقىتلىق ۋەكىلى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ چۇڭچىڭدىكى ۋەكىللىكىنى ئۇستىگە ئالمىدى، بەلكى يەنئەندە قۇرۇلغان جۇڭگو ئاياللىرى داشۆسىنىڭ مۇدىرى بولدى. ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار ھېسابلىنىدىغان جۇڭگودا بۇ كىشىلەر ھۆرمەتلەيدىغان مەنسەپ ئەمەس ئىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى خاتالىقىنىڭ تەنقىد قىلىنىشى ۋاڭ مىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىدىكى ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشىنىمۇ چۈشەندۈردى.

يەنە بىر تەرەپتىن ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان سىياسىتىنى بوشاشتۇرۇپ، موسكۋانىڭ تەنقىدىگە ئاز ـ تولا يول قويدى. مەسىلەن، موسكۋانىڭ بەزى تەلەپلىرىنى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ سىياسىتى بىلەن مۇرەسسەلەشتۈردى، چۇڭچىڭغا قارىتا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئاساسىدىكى دوستانە ھەرىكەتلەرنى قوللاندى. 6 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى خېلى دوستانە تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىككى پارتىيىنىڭ ئىختىلاپىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۇلغىيىشىدىن ساقلىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزىنىڭ 1937 ـ يىلىدىكى جياڭ جيېشىنىڭ يېتەكچىلىكىگە بويسۇنۇش توغرىسىدىكى ۋەدىسىنى تەكىتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگو كومپارتىيىسى يەنە جياڭ جيېشىنىڭ شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىنى 23 ناھىيىگە كېڭەيتىشكە، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسىنى سەككىز شىغا كېڭەيتىشكە قوشۇلۇشىنى مۇراجىئەت قىلدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك ماۋ زېدۇڭ ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىپ، ياپونغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشقا قارشى تۇرغانىدى، ئەمدى ئۇ بۇ پوزىتسىيىسىنى بوشاشتۇردى. 1940

- يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۈچ يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ۋەزىيەت توغرىسىدا خىتابنامە» نى ئېلان قىلىپ، ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: ھازىر جۇڭگو مىسلىسىز تەسلىمچىلىك خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە ۋە ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا مىسلىسىز قىيىن مەزگىلدە تۇرماقتا. ياپونىيىنىڭ ئوق مەركىزىدىكى ئىتتىپاقداشلىرى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشنى تەشكىللەش ئۈچۈن جۇڭگودىكى ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن ئەنگلىيە - ئامېرىكا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانى قوغداش ئۈچۈن جۇڭگونى قۇربان قىلماقچى بولىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە جاھانگىرلىرى گۇرۇھى بىلەن گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە جاھانگىرلىرى گۇرۇھىنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىشىمىز، بولۇپمۇ ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكياندىكى زىددىيىتىنى زورايتىشىمىز لازىم. بۇ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق ھەمكارلىققا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، فرانسىيىنىڭ مۇتلەق بولۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇشنىڭ دۆلەتنى گۇمران قىلىدىغانلىقىنى، فرانسىيىگە ئوخشاش گۇمران بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇيدىغان ئاشۇنداق سىياسەت يۈرگۈزۈشتىن ساقلىنىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ شۇ چاغدا موسكۋاغا يول قويۇشنى خالىغانلىقى، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيا تەرەققىياتىدا قانداق رول ئوينايدىغانلىقى توغرىسىدىكى كۆز قارىشىغا مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق كۆز قاراش 1940 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى ھۆججەتتە گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن: دۇنيا ھازىر يەر شارى ئىنقىلابى يېڭى دەۋرنىڭ

ھارپىسىدا تۇرماقتا. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ جەرياندا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. دۇنيا ھازىر ئومۇمىيۈزلۈك جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا يۈزلەنمەكتە. بۇ چوڭ ئۇرۇش پۈتۈن دۇنيانىڭ تەرتىپىنى مىسلىسىز بۈزغۈنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ. كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ۋە ئېزىلگۈچى دۆلەتلەردىكى خەلق ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئىنقىلاب قىلىدۇ. بولۇپمۇ ياۋروپا ۋە ئەنگلىيىدە ئىنقىلاب داۋاملىق يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ئىشەنچى تېز كۈچىيىدۇ. بۇ ۋەزىيەت جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ۋە دۇنيا ئىنقىلابىغا ئىنتايىن پايدىلىق، شۇڭا جۇڭگو كومپارتىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ كۈچىنى ئالاھىدە تەكىتلىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دوستى دەپ قارىشى لازىم.

دەرۋەقە، ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىغاندا، سوتسىيالىزم پۈتۈن يەر شارىدا مونوپول كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى باسقاندىن كېيىن «دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك تىنچلىقى» ئىشقا ئاشىدۇ. مەلۇم ئەھۋالدا خەلق ئاممىسى ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز كۈچىنى ئىشقا سېلىپ دۇنيا ئىنقىلابىنى قوللاپ، كاپىتالىزم ۋە جاھانگىرلىكنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. ماۋ زېدۇڭ ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى مۇشۇ نەزەرىيىۋى ئاساسنى چىقىش قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۈكسەك ئورنىنى ساقلىشى كېرەك. ماۋ زېدۇڭ مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش بولغان ئەھۋالدا 1940 ـ يىلى موسكۋاغا قارىتا ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا پائال ماسلىشىدىغان ھەرىكەت قوللىنىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى 8 ـ ئارمىيىنىڭ «يۈز تۇەن ئۇرۇشى».

## 5. ستالىن، ماۋ زېدۇڭ ۋە يۈز تۇەن ئۇرۇشى

1940 ـ يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسى ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى، ئەڭ بولمىدى دېگەندىمۇ 1945 ـ يىلى ياپونىيە تەسلىم بولۇشتىن بۇرۇن، جۇڭگو كومپارتىيىسى قوشۇنلىرى ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە ھەپتىدە قوزغىغان ئومۇمىي ھۇجۇمدىن ئىلگىرىكى بىر قېتىملىق ئەڭ چوڭ ھەربىي ئۇرۇشنى قوزغىدى. بۇ جەڭ 1940 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا باشلىنىپ، شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاياغلاشتى. جۇڭگو كومپارتىيىسى قوشۇنلىرىدىن 105 تۇەن، 400 مىڭ كوماندىر ـ جەڭچى بۇ قېتىمقى جەڭگە قاتناشتى. يۈز تۇەن ئۇرۇشى دېگەن نام مۇشۇنداق بارلىققا كەلگەن. بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ ئاساسىي نىشانى شىمالىي جۇڭگودىكى ياپونىيە ئارمىيىسى ئىشغال قىلىۋالغان قاتناش لىنىيىلىرىگە، كۆمۈر كانلارغا ۋە باشقا ئىقتىسادىي مۇئەسسەسەلەرگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن، يارىدار قىلىنغان ياپون ئەسكىرى ۋە قورچاق ئەسكەرلەر جەمئىي 46 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە ياپون ئەسكىرى 20 مىڭ 900 ئىكەن. بۇ قېتىمقى جەڭ ياپون قوشۇنلىرىنى ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچراتقان بولسىمۇ، جۇڭگو كومپارتىيىسى قوشۇنلىرىدىنمۇ 22 مىڭ كىشى ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان. شۇنىڭغا ئوخشاشلا مۇھىم بولغىنى، ئۇرۇشتىن كېيىن ياپون قوشۇنلىرى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تايانچ بازىلىرىنى «تازىلاش» نى كۈچەيتكەن. جۇڭگو كومپارتىيىسى تىزگىنلىگەن رايوندىكى نوپۇس 47 مىليوندىن 25 مىليون كىشىگە، 8 ـ ئارمىيىنىڭ ئەسكەر سانىمۇ 400 مىڭدىن 300 مىڭغا چۈشۈپ قالغان.

يۈز تۇەن ئۇرۇشى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك

ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. 1939 - يىلى 9 - ئايدا ۋە 1940 - يىلى 3 - ئايدا ماۋ زېدۇڭ ئۆز سۆزىدە ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ يەنىلا ئىككىنچى باسقۇچتا، يەنى تىركىشىش باسقۇچىدا تۇرىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرگەنىدى. 1938 - يىلى ماۋ زېدۇڭ «ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا: بۇ باسقۇچتا پارتىزانلىق ئۇرۇشى دۈشمەن ئارقا سېپىدە كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغانلىقىنى؛ پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تېزلىك بىلەن تايانچ بازا قۇرۇپ، قوشۇمچە ھەرىكەتچان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئارمىيىسى دۈشمە بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئىستىھكام ئۇرۇشى ئېلىپ بارماي، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، كەڭ كۆلەمدە، كۈچلۈك پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشى لازىملىقىنى يازغانىدى. جۇڭگو كوسمۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىللىگەن كۈچنى زورايتىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تايانچ بازىلىرىنى زورايتىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يۈز تۈەن ئۇرۇشى مۇۋەپپەقىيەت قازانمىغان ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تەشكىلىي كۈچنى ئاشۇرۇشى ۋە ئىنقىلابىي تايانچ بازىلارنى كېڭەيتىشىدىن دېرەك بەرمەي، ئۇنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ياپون ئارمىيىسى بىلەن يۈزمۇ يۈز جەڭ قىلىشىدىن دېرەك بەردى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ قېتىمقى جەڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنى ئىككى دۈشمەننىڭ قىستىقىغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ ئارمىيىسى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قوشۇن يۆتكەۋاتقانىدى.

8 - ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى پېڭ دېخۇەينىڭ ئېيتىشىچە، ماۋ زېدۇڭ يۈز تۈەن ئۇرۇشىغا ئانچە قىزىقمىغان،

بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنى قوزغاش ئالدىدىلا ماۋ زېدۇڭ رەئىسلىكىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەن. 1939 ـ يىلى 12 ـ ئايدا 8 ـ ئارمىيە باش شتابى بۇ قېتىمقى جەڭ پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشكەن، 1940 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەمەلىي تەييارلىق خىزمىتى ئىشلىنىۋاتقانىدى. 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى 8 ـ ئارمىيە باش شتابى ئۇرۇش پىلانىنى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا يوللىدى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا 8 ـ ئارمىيە باش شتابى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇ پىلانىنى تەستىقلاش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالماي تۇرۇپلا، يۈز تۈەن ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى.

پېڭ دېخۇەي ئەسلىمىسىدە ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: يۈز تۈەن ئۇرۇشى گومىنداڭ بىلەن ياپونىيىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئامىلىنى سۇيۇقەست تاشلاشنى مەقسەت قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا يۈننەن ـ بىرما تاشيولىنى قامال قىلىنىۋالغان، ياپون ئارمىيىسى 8 ـ ئايدا شىئەننى ئىشغال قىلىمىز، گومىنداڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خەلقئارا قاتناش يولىنى ئۈزۈپ تاشلايمىز، دەپ جار سېلىۋاتقانىدى. مانا بۇلار گومىنداڭنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئۇرۇشىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش ئىرادىسىنى تەۋرىتىپ قويغانىدى. خەلقئارادا «يىراق شەرق ميۇنخېنى» سۇيىقەستى ياپونىيە ئىشغالىيىتىدىكى كىشىلەرگە تەسىر قىلىۋاتاتتى. مانا بۇ ئەھۋاللار گومىنداڭنىڭ ياپونغا تەسلىم بولۇش خەۋپىنى كۈچەيتىۋاتاتتى. گومىنداڭمۇ پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، 8 ـ ئارمىيىگە دوست ئارمىيە بىلەنلا ئۇرۇش قىلىدۇ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قىزىقمايدۇ دەپ قارا چاپلاۋاتاتتى.

دەلىل ـ ئىسپاتلارغا قارىغاندا يۈز تۈەن ئۇرۇشى موسكۋا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. 1939 ـ يىلى 12 ـ ئايدا گومىنداڭ

ئارمىيىسى بارلىق ياپونغا قارشى تۇرۇش جەڭ مەيدانلىرىدا بىر قېتىم كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىغان. ياپونىيە ھەربىي تەرەپنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇ قېتىمقى ھۇجۇم تاكى 1940 - يىلى 3- ئايغىچە داۋاملاشقان، شۇنداقلا ۋۇخەننى قوغداۋاتقان ياپون ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلىشقا تاسلا قالغان. ياپونىيىنىڭ يەنە بىر خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، 1940 - يىل 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يىراق شەرق بيۇروسى چىتادا بىر قېتىملىق يىغىن ئېچىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئارمىيىسىنى گومىنداڭ ئارمىيىسى قوزغىغان ھۇجۇمغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ھەربىي ھەرىكەتنى كۈچەيتىشكە بۇيرۇغان. دەل مۇشۇ چاغدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال جۇ ئېنلەيدىن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ لۇشيەنىدىن «چەتلىگەن» لىك مەسىلىسىنى ئىزاھلاشنى تەلەپ قىلغان، ۋاڭ مىڭ يوشۇرۇن ۋاستە ئارقىلىق ماۋ زېدۇڭغا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ سىياسىتىگە «خىلاپلىق قىلدى» دەپ ھۇجۇم قىلغان، شۇ چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى ئىلگىرىكى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ لۇشيەنىدىكى خاتالىقلارنى تەنقىد قىلغان. شۇڭا مۇشۇنداق ئەھۋالدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ يۈز تۈمەن ئۇرۇشىدىن ئىبارەت كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشنى قوزغىشىغا تۈرتكە بولغان بولۇشى مۇمكىن. ستالىن ئاشكارا ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن گومىنداڭ بىلەن ئاز ئۇرۇش قىلىپ، ياپون بىلەن كۆپ ئۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ستالىن جياڭ جيېشىنىڭ ياپونغا تەسلىم بولۇپ كېتىشىدىن ئالاھىدە ئەنسىرىگەن، ماۋ زېدۇڭ بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ ئېھتىماللىققا ئىغىر - بېسىقلىق بىلەن قارىغان.

## 6. «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» نىڭ ستالىنغا بولغان بېسىمى

1939 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1940 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە خۇ زۇڭنەن قوشۇنلىرى شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىنى قامال قىلغاندىن كېيىن، جياڭ جيېشى قوشۇن يۆتكەپ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تايانچ بازىلىرىغا تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان. بۇ ھۇجۇمنىڭ ئاخىرقى نىشانى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بارلىق قوشۇنىنى خۇاڭخېنىڭ شىمالىغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. 1940 - يىلى 3 - ئايدا ئەنخۇيدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن كومپارتىيە قوشۇنلىرىنىڭ سۈركىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. گومىنداڭ سۆھبەتتە يۇقىرىدىكى تەلەپنى قويغان. 1940 - يىلى 7 - ئايدا گومىنداڭ 5 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 7 - ئومۇمىي يىغىنى ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىستىقبالى توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى قوشۇنلىرىنىڭ خۇاڭخېنىڭ شىمالىغا چېكىنىشىنى يەنە تەلەپ قىلىشنى قارار قىلغان. 1940 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باش سەنمۇجاڭى خې يىڭچىن - جۇ ئېنلەيگە تاپشۇرغان گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان «شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى ۋە 18 - جىتۈەنجۈن، يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ جەڭ قىلىش رايونى، شتاتى مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئەسلەتمە» دە يۇقىرىدىكى تەلەپ مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ ئەسلەتمىدە: شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى 18 ناھىيە بىلەن چەكلىنىدۇ، جۇڭگو

كومپارتىيىسى 6 - ئايدا ئوتتۇرىغا قويغان 23 ناھىيىگە كېڭەيتىش تەلىپىگە قوشۇلغىلى بولمايدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسى 500 مىڭدىن 100 مىڭغا ئازايتىلىشى كېرەك، جەڭ قىلىدىغان رايونى خۇاڭخېنىڭ شىمالىدىكى خېبېي، چاخار، سەندۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەر بىلەن چەكلىنىشى لازىم. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بارلىق قوشۇنلىرى بىر ئاي ئىچىدە بەلگىلەنگەن رايونغا بېرىشى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

يۇقىرىدىكى تەلەپنى يولغا قويۇش جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قاتتىق زەربە بولاتتى. ئۇ تەلەپنى ئورۇندىغاندا، جۇڭگو كومپارتىيىسى جياڭسۇ، خۇبېي ۋە ئەنخۇيدىكى جاپالىق كۈرەش ئارقىلىق بەرپا قىلغان تايانچ بازىلاردىن ۋاز كېچىپلا قالماي، خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى سەندۇڭ ۋە خېنەن رايونلىرىدىنمۇ ۋاز كېچىشى كېرەك ئىدى. بۇ جايلار جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 1940 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى يولىيورۇقى بويىچە ئېيتقاندا مەملىكەت بويىچە ئىنقىلابىي كۈچلەرنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەڭ ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا، 1940 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ماۋ زېدۇڭنىڭ يېڭى 4 - ئارمىيىگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا ئېيتىلغىنىدەك: ئەگەر جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسى خۇاڭخېنىڭ شىمالىغا چېكىنسە، ياپون ئارمىيىسى بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا قىسماققا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئورۇش سېپى ئاسانلا بۇزۇپ تاشلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تايانچ بازىلىرى باشقا گەپ. 1938 - يىلى 5 - ئايدا يېڭى 4 - ئارمىيە چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى جياڭسۇدا تايانچ بازىلارنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. لېكىن 1939- يىلىنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو كومپارتىيىسى چاڭجياڭنىڭ

تۈۋەن ئېقىمىدىكى رايونلار چاڭجياڭنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدەك پايدىلىق ئەمەس دەپ قاراپ، يېڭى 4 ـ ئارمىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تەڭشەپ، شىمالغا يۆتكىلىپ، ئوتتۇرا جۇڭگوغا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى قارار قىلغان. 1939 ـ يىل 2 ـ، 3 ـ ئايلاردا جۇ ئېنلەي يېڭى 4 ـ ئارمىيە شتابىغا بېرىپ، مەركەزنىڭ بۇ يوليورۇقىنى بىۋاسىتە يەتكۈزگەن. لېكىن يېڭى 4 ـ ئارمىيىنىڭ جۇنجاڭى يې تىڭ جياڭجۈن ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شەرقىي جەنۇبىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ شۇجىسى، يېڭى 4 ـ ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن جۇنجاڭى شياڭ يىڭ ئورۇش ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئۆزگەرتىشنى، يېڭىباشتىن تايانچ بازا قۇرۇشنى زادىلا خالىمىغان. 1940 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ۋە 11 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يېڭى 4 ـ ئارمىيىگە ئارقا ـ ئارقىدىن تېلېگرامما ئەۋەتىپ، بۇ ئارمىيىنى چاڭجياڭنىڭ شىمالىغا يۆتكىلىشكە، ئەنخۇينىڭ شەرقىي قىسمىدا تاياچ بازىلارنى كېڭەيتىش ئىشىنى باشلاشقا بۇيرۇغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى جەنۇبىي ئەنخۇي ۋە جەنۇبىي جياڭسۇ رايونى جۇڭگو كومپارتىيىسى كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەڭ پايدىلىق جاي ئەمەس دەپ قاراپ، بۇ رايوندىن چېكىنىپ چىقىشنى قارار قىلغان ھەمدە بۇنى جياڭ جيېشىغا «يول قويۇش» شەرتى قىلغان. 1940 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يې تىڭ ۋە شياڭ يىڭغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىدا ئىمزالىغاندەك جەنۇبىي ئەنخۇيدىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش «ئوتتۇرىدىكى كۈچلەر» نىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن.

شياڭ يىڭ بىلەن يې تىڭ يېڭى 4 ـ ئارمىيىنىڭ

چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى تايانچ بازىسىدىن ۋاز كېچىشىنى خالىمىغان. شياڭ يىڭ ۋاڭ مىڭنىڭ ماۋ زېدوڭنىڭ رەھبەرلىكىنى تەنقىد قىلغانلىقىنى قوللايدىغان بولسا كېرەك. شياڭ يىڭ: ستالىن ماۋ زېدوڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىدىكى لۇشيەنى خاتا دېگەن قاراشقا قوشۇلدى دەپ قارىغان، شياڭ يىڭ: ماۋ زېدوڭنى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن سەپەر داۋامىدىكى كونا سەپدىشى يولداش خې زىجېندىن ئۆزىنى چەتكە ئالماسلىقى، 1940 - يىلى شاڭخەيدىن كەلگەن ئايال كىنو ئارتىسى بىلەن توي قىلماسلىقى كېرەك ئىدى دەپ تەنقىد قىلغان. شياڭ يىڭ يەنە ماۋ زېدوڭنىڭ ئىجارە ھەققى بىلەن، ئۆسۈمنى كېمەيتىش سىياسىتىنى مەجبۇرىي يولغا قويۇش سىياسىتىگە، ئازاد رايونلارنى تېز كېڭەيتىش، پارتىزانلار كۈچىنى تېز ئۇلغايتىش لۇشيەنىگىمۇ قارشى ئىدى. شياڭ يىڭ: ماۋ زېدوڭنىڭ مۇشۇ جىددىي ئىلگىرىلەش ئۇسۇلى جياڭ جيېشى ۋە گومىنداڭنى قورقۇتۇپ ئۇلارنى بىرلىك سەپتىن ئايرىۋېتىدۇ دەپ قارىغانىدى.

ماۋ زېدوڭ شياڭ يىڭنى جەنۇبىي ئەنخۇيدا «مۇستەقىل پادىشاھلىق» نى يولغا قويدى دەپ تەنقىد قىلغان. جياڭ جيېشى شياڭ يىڭنىڭ «مۇستەقىل پادىشاھلىق» نى يولغا قويۇشىنى قوللىمىدى، بۇ جياڭ جيېشىنىڭ ستراتېگىيە جەھەتتىكى خاتالىقى ئىدى. ئېھتىمال جياڭ جيېشىنىڭ ئاخبارات خادىملىرى شياڭ يىڭ بىلەن ماۋ زېدوڭنىڭ توقۇنۇشىنىڭ تەپسىلاتىنى جياڭ جيېشىغا ئۇقتۇرمىغان بولۇشىمۇ، جياڭ جيېشى شياڭ يىڭ تېخىمۇ خەۋپلىك دۈشمەن دەپ قارىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، چۈنكى ئۇ سىياسىي جەھەتتە ۋاڭ مىڭغا يېقىن ئىدى. جياڭ جيېشى شياڭ يىڭنىڭ چاڭجياڭنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلاردا، يەنى جياڭ جيېشىنىڭ كونا جايىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويالمايتتى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، جياڭ جيېشى جۇڭگو

كومپارتىيىسىگە يېڭىباشتىن بېسىم ئىشلەتكەندە، شياڭ يىڭنىڭ يېڭى 4 - ئارمىيىسى ئۇنىڭ ئاساسىي نىشانى بولۇپ قالدى.

1940 - يىلى كۈزدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ يۈز تۈەن ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا، جياڭ جيېشى مۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كۈچلىرىنى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا ھەدەپ تىرىشتى. 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى خې يىڭچىن بەي چۇڭشى قاتارلىقلار جۇدې، پېڭ دېخۇەي، يې تىڭغا «تېلېگرامما» ئەۋەتىپ 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيىنى ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان «ئۆز مۇھاپىزەت رايونى دائىرىسىدىن ھالقىپ، ئەركىن ھەرىكەت قىلدى»، «شتات سانىغا ئەمەل قىلماي، ئەسكەرنى ئەركىن كېڭەيتىپ تولۇقلىدى»، «مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي، مەمۇرىي سىستېمىلارنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى»، «دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلماي، دوست ئارمىيىنى يالماش بىلەنلا شۇغۇللاندى» ۋەھاكازالار دەپ ئەيىبلىدى. 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيە قىسىملىرىغا «تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن ئېتىبارەن بىر ئاي ئىچىدە، پۈتۈنلەي خۇاڭخېنىڭ شىمالىغا يۆتكىلىش» بۇيرۇقى چۈشۈردى، 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جۇ دې، پېڭ دېخۇەي، يې تىڭ، شياڭ يىڭ جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتىپ، خې يىڭچىننىڭ تەلىپى يولسىز تەلەپ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، قىسىملارنى پۈتۈنلەي خۇاڭخېنىڭ شىمالىغا يۆتكەشنى رەت قىلدى. چۇڭچىڭ بۇنىڭ بىلەن ۋەسسالام قىلغىنى يوق. 1941 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى گومىنداڭ ئارمىيىسى يەنىلا چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدا تۇرۇۋاتقان يېڭى 4 - ئارمىيە قىسىملىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا باشلىدى.

1941 - يىلى 1 - ئايدا شياڭ يىڭنىڭ يېڭى 4 - ئارمىيىسى يەنىلا جەنۇبىي ئەنخۇيدا تۇرۇۋەردى. جياڭ جيېشى بۇنىڭدىن نارازى بولدى، ماۋ زېدۇڭمۇ جياڭ جيېشىغا ئوخشاش خاپا بولغان

بولسا كېرەك. كېيىنچە 1940 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 — 26 ـ كۈنلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شياڭ يىڭغا قايتا ـ قايتا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، يېڭى 4 ـ ئارمىيە قىسىملىرىنى ئاي ئاخىرىدىن بۇرۇن چاڭجياڭنىڭ شىمالىغا يۆتكەشنى ئېيتتى. 1941 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى يې تىڭ، شياڭ يىڭ يېڭى 4 ـ ئارمىيە قوماندانلىق شتابى، بىر تەلىم ـ تەربىيە تۈەنى، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ جىدۈيى بولۇپ جەمئىي ئىككى تۈەن، 9000 دىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ تايانچ بازىلىرىدىن ئايرىلىپ، جېنجياڭدىن چاڭجياڭنىڭ شىمالىغا ئۆتمەكچى بولغاندا، يېڭى 4 ـ ئارمىيە بىلەن ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئالغان گومىنداڭ قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى گومىنداڭ ئارمىيىسى يېڭى 4 ـ ئارمىيىگە يەنە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى. 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جۇنجاڭ يې تىڭ گومىنداڭ گېنېرالى شاڭ گۈەنيۈن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا تۇتۇپ قېلىندى. مىڭدىن ئارتۇق ئادەم خۇاڭ خوچىڭ، فۇ چيۇتاۋنىڭ باشلامچىلىقىدا مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىققاندىن باشقا، قالغان 7000 دىن ئارتۇق ئادەم قىرىپ تاشلاندى ياكى ئەسىر ئېلىندى. بۇ ۋەقەنى جۇڭگو كومپارتىيىسى «2 ـ قېتىملىق كومپارتىيىگە قارشى دولقۇن» ياكى «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» دەپ ئاتىدى.

جياڭ جيېشى سوۋېت ـ ياپونىيە مۇناسىۋىتى يەنىمۇ راۋاجلىنىۋاتقان ئەھۋالدا، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە بۇ قېتىمقى كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. جياڭ جيېشى باشتا: گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە شەرتنامە تۈزۈشتى، بۇنىڭ تىغ ئۇچى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان، ئامېرىكىغىمۇ قارىتىلغان دەپ قارىغانىدى. لېكىن ستالىن 1940 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى تېلېگراممىسىدا موسكۋانىڭ ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى

داۋاملىق ياخشىلاشقا بەل باغلىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە، جياڭ جيېشى سوۋېت - ياپونىيە ھەمكارلىقىنىڭ كەلگۈسىدىن بارغانسېرى ئەندىشە قىلدى. 1940 - يىل 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، يەنى خې يىڭچىن جۇ ئېنلەيگە كومپارتىيىگە قارشى تۈرىدىغان ئۇلتىماتومنى تاپشۇرۇپ نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جياڭ جيېشى كۈندىلىك خاتىرىسىگە: ئەگەر جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كۈچىنى كېڭەيتىشكە يول قويۇلىدىغان بولسا، موسكۋا ئۆزىنىڭ جياڭ جيېشىغا بېرىدىغان ياردىمىنى جۇڭخۇا سوۋېت ھۆكۈمىتىگە بېرىلىدىغان ياردەمگە ئۆزگەرتىۋېلىشى مۇمكىن دەپ يازغان. جياڭ جيېشى: سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە ھەمكارلىقىنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى شۇنداق بولىدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاڭ جىڭۋېي ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، ياپونىيىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى جۇڭگو سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ دەپ قارىغان. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، جياڭ جيېشى: ئامېرىكا - ياپونىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىگە دوستانە پوزىتسىيە تۇتسا، مىللىي ھۆكۈمەت ئامېرىكا تەرەپتە تۇرىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا موسكۋا ياپونىيە بىلەن ھەمكارلىشىشى ھەمدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنى قوللىشى، نەتىجىدە جۇڭگو ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىشى مۇمكىن دەپ ئەنسىرىگەن. لېكىن جياڭ جيېشى بۇنداق ئېھتىماللىقتىن ساقلىنىشنىڭ چارىسى جۇڭگو كومپارتىيىسى كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن.

جياڭ جيېشى ئەينى ۋاقىتتا تەڭلىكتە قالغان. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ كۈچى يەنىمۇ كۈچەيگەنچە، جياڭ جيېشى جۇڭگو كومپارتىيىسىنى يەنىمۇ چەكلەش كېرەك دەپ قارىغان، لېكىن بۇ ئۇسۇل ئەينى ۋاقىتتا

ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى: سوۋېت - ياپونىيە مۇناسىۋىتىدىكى جىددىيلىكنىڭ پەسىيىشى تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زېمىنىنىڭ خەۋپسىزلىكى جەھەتتىكى ئەندىشىسى خېلىلا يېنىكلىگەن، ئەنە شۇ ئەندىشە تۈپەيلىدىن موسكۋا جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنى چەكلىشىنى ئەپۇ قىلغان، شۇڭا جياڭ جيېشى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قارشى تۇرۇشنىڭ كونكرېت مۇھىتى ۋە بۇ ھەرىكەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىغان.

1941 - يىلى 2 - ئايدا، ۋاڭ شىجيې ۋە مىللىي ھۆكۈمەت ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئىشخانىسى جياڭ جيېشىغا بىر ئەسلەتمە تەييارلاپ بەرگەن، بۇ ھۇجەتتە جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ھەربىي ھۇجۇم قوزغاشنىڭ كونكرېت ۋاقتى، بۇ ھۇجەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئويلار بايان قىلىنغان. ئەسلەتمىدە مۇنداق دېيىلگەن: مال باھاسى داۋاملىق، ئۇچقاندەك ئۆرلىمەكتە، ئاشلىق كەمچىل بۇ 1941 - يىلدىن سەل كېيىنرەك بىر مەزگىلدە زور قەھەتچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر كېلىشىم ياخشىلانسا، بۇ ئەھۋالدىن ساقلانغىلى بولار. ئەگەر ئەھۋال ياخشى بولمىسا، ئەتىياز ۋە كۈزدىن كېيىنكى ۋەزىيەت جىددىيلىشىدۇ، 1941 - يىلى ئوتتۇرىلىرى ياكى يىل ئاخىرىدا ياپون ئارمىيىسى ياڭگۇاڭغا قىستاپ بېرىشى مۇمكىن، بۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. جۇڭگو غەرب بازارلىرىغا يىپەك، چاي، كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىدىغان ۋە چەت ئەللەر جۇڭگوغا ماددىي ياردەم بېرىدىغان ھاۋا، دېڭىز قاتنىشى لىنىيىلىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈ، تاشلاندى، ياپونىيە يۈننەن - بېرما تاشيولىنى قامال قىلىدۇ، بۇ جۇڭگونىڭ پۇل پاخاللىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. شۇڭا ۋاڭ شىجيې يەكۈن چىقىرىپ، «ھازىر كومپارتىيىنى ئۈزۈل - كېسىل بىر

تەرەپ قىلىدىغان ئەڭ ياخشى پەيت بولسا كېرەك» دېگەن.

ۋاڭ شىجيې يەنە جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ توختالغان. ۋاڭ شىجيې ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۆۋەن دەرىجىدە دوستانە بولۇش زۆرۈر، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يول قويۇشىغىلا بولىدۇ. مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ھەربىي كۈچنى ساقلاپ، كومپارتىيىگە تاقابىل تۇرۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە سىياسىي يول بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىگىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلىنىشى لازىم. ۋاڭ شىجيې ئەسلەتمىدە مۇنداق دېگەن: گومىنداڭنىڭ كومپارتىيىنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى لوندون بىلەن ۋاشىنگتون ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوللايدۇ، چۈنكى ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن موسكۋا بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئالاقىسىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن جياڭ جيېشىنىڭ 1941 - يىلى كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى دادىل قانات يايدۇرمىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى.

## 7. ستالىننىڭ مۇرەسسەچىلىك ئىنكاسى

جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردەمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن چاغدا يۈز بەردى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا قاراتقان ياردىمىنى بىر يىلدىن ئارتۇق توختىتىپ قويغانىدى. 1940 - يىلى 11 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى شياۋ لىزى

تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ياردىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى. 1940 - يىلى 12- ئايدىن 1941 - يىلى 1 - ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەچچە يۈز ئاپتوموبىل قورال - ياراغ، ئوق - دورىسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ بېرىلگەنىدى. جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى توختىتىلامدۇ ياكى بولمىسا ياردەمنى توختىتىش جەھەتتە تەھدىت سېلىنامدۇ؟ ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى جياڭ جيېشىنىڭ كومپارتىيىگە قارشى ھەربىي ھەرىكىتىنى ۋاقىتلىق توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى. 1941 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جياڭ جيېشى كۈندىلىك خاتىرىسىگە: بىز جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش سەممىيىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلىمىز دەپ يازغان.

1940 - يىلىنىڭ باشلىرىدىكىگە ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، موسكۋا جياڭ جيېشىنىڭ 1941 - يىلىنىڭ بېشىدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ھۇجۇم قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن جياڭ جيېشىغا بېرىدىغان ياردەمنى توختىتىپ قويمىغان. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى جياڭ جيېشىغا مۇۋاپىق بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنى كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش يولىدىكى ھەربىي ھەرىكىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلغان. 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گېنېرال ژوكوۋ جۇڭگوغا قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا ستالىن ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى تىموشېنكو يۈەنشۆەي ئۇنىڭغا جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورالىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قارشى تۇرۇشىنى مەغلۇپ قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن، ئۇنىڭدىن ياپون ئارمىيىسىنىڭ سۇيىقەستىگە زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلمىغان.

يۇقىرىدىكى يوليورۇققا ئاساسەن، جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى

يۈز بەرگەندە ژوكوۋ ۋەقەنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشقان. ئۇ چۇڭچىڭغا بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي باش سەنمۇجاڭ خې يىڭچىن بىلەن كۆرۈشۈپ، گومىنداڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بەرگەن قورال ئارقىلىق يېڭى 4 - ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلغان - قىلمىغانلىقىنى سورۈشتە قىلغان. خې يىڭچىن بۇنىڭغا: ئىزاھلاش ھاجەتسىز، جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى بۇيرۇققا بويسۇنماسلىق مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت: يېڭى 4 - ئارمىيە ئالىي قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشنى رەت قىلدى، شۇڭا ئىنتىزامنى چىڭىتىش تەدبىرىنى قوللىنىش تامامەن زۆرۈر دەپ جاۋاب بەرگەن. ژوكوۋ بۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ: قوماندانىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش ۋە ئۇنى ھەربىي سوتقا سوتلاشقا تاپشۇرۇش ئۇنىڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىشتىن مۇۋاپىق ئەمەسمۇ؟ دېگەن. ژوكوۋ خې يىڭچىنغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قىسقىسى ئۆز قىسمىغا ئوت ئېچىش تېگىشلىك ئەمەس ئىدى دېگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ژوركوۋ مۇئاۋىن باش سەنمۇجاڭ بەي چۇڭشىنى زىيارەت قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ: مەن سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى تېموشىنكوغا جۇڭگو ھۆكۈمىتى يېڭى 4 - ئارمىيىگە ئالدىن پىلانلاپ ھۇجۇم قىلدى دەپ دوكلات قىلىمەن دېگەن. ژوكوۋ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش پارتلىسا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا بېرىدىغان بارلىق ياردىمنى توختىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ژوكوۋ ئۇلارغا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ نېمە ئۈچۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ياپونغا قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتقان.

1941 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ژوكوۋ جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈپ، جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى توغرىسىدا يەنە بىر

قىتنم سوئال سورىغان. ژوكوۋنىڭ زىيارەت قىلىش مەقسىتى ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېقىندا جۇڭگوغا ھەربىي قورال-ياراغ تەمىنلەپ بېرىش مەسىلىسى شۇنداقلا ياپونىيىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو ياكى شىمالىي جۇڭگودا يېڭى ھۇجۇم قوزغىماقچى بولغانلىقىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش بولسىمۇ، ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جياڭ جيېشىنىڭ جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىنىڭ ئەھۋالىدىن ئۆزىنى خەۋەرلەندۇرۇشىنى تەلەپ قىلغان. جياڭ جيېشى بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىشنى رەت قىلىپ، بۇ پەقەتلا ھەربىي ئىنتىزامنى قوغداش مەسىلىسى، ھەربىي بۇيرۇققا بويسۇنۇلسا، بۇنداق ئىشلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ دېگەن. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارىمۇ بۇ مەسىلىدىن ۋاز كەچكەن، گەپنى ئۆزگەرتىپ جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگوغا رەھبەرلىك قىلغانلىقىنى ماختاپ، بارلىق قوشۇنلار جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشى كېرەك دەپ كۈچلۈك جاكارلىغان.

ژوكوۋ زىيارەت قىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى جياڭ جيېشى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، يې تىڭ جياڭجۈننى ھەربىي سوتنىڭ سوتلىشىغا تاپشۇرۇش توغرىسىدا رەسمىي بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ جياڭ جيېشى بۇنى تەۋەككۈلچىلىك دەپ قارىغان. جياڭ جيېشى شۇ كۈندىكى خاتىرىسىگە: سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن گومىنداڭغا بېرىدىغان ياردىمىنى توختىتىشى مۇمكىن دەپ يازغان. جياڭ جيېشى يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، يې تىڭنى ھەربىي سوتقا بېرىش سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا قورال - ياراغ، ئايروپىلان ياردىمى بېرىشنى توختاتقان تەقدىردىمۇ، بۇنىڭغا ئېچىنمايمەن دېگەن.

جياڭ جيېشى يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جياڭ جيېشىنى زىيارەت قىلىپ، جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى توغرىسىدا سوئال سوراپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ۋەقەگە «ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان» لىقىنى بىلدۈرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەنىڭ ئىچكى ئۇرۇش پەيدا قىلىشىدىن، بۇنىڭ جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا زىيان يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرىدى. جياڭ جيېشى: بۇ ۋەقە ھەربىي ئىنتىزامنى ساقلاش مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا تېخىمۇ پايدىلىق، بۇ ھەربىي ئىنتىزام مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت بولغاچقا، كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭنىڭ مۇناسىۋىتىگە چېتىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئىچكى ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ناتايىن دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسى بۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسەت توغرىسىدا سوئال سورىغاندا، جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى تاكى ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇشقا بەل باغلىغانلىقىنى ئېيتقان.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق توقۇنۇشنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى توسماقچى بولغاندا، 1941 - يىلىنىڭ باشلىرىدىكىدەك گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بېرىدىغان ياردىمىنى توختاتمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى ناتسىستلار گېرمانىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك. سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى ئېھتىمالىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ستالىننىڭ ياپونىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى - ياپونىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىشىنى چەكلەش سىياسىتى بارغانسېرى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتكەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىلى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا بىرلىكتە قاتنىشىشقا پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن جۇڭگو كومپارتىيىسىگىمۇ

بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنىڭدىن گومىنداڭغا قاراتقان سىياسىتىنى بوشاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. گېنېرال ژوكوۋ ئەسلىمىسىدە ئۆزىنىڭ جۇ ئېنلەي ۋە 8 - ئارمىيىنىڭ چۇڭچىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى گېنېرال يې جيەنيىڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. جۇ ئېنلەي ۋە يې جيەنيىڭ ژوكوۋقا جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئارمىيىسى جياڭ جيېشىنىڭ ئاساسىي دۈشمىنى بولۇپ قالغانلىقىنى، ياپون ئارمىيىسى گومىنداڭنىڭ ئاساسىي دۈشمىنى ئەمەسلىكىنى ئېيتقاندا، ژوكوۋ چۆچۈپ كەتكەن. ژوكوۋ گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ بىرلىك سېپىنى قانداق ساقلاش مەسىلىسىنى سورىغاندا، جۇ ئېنلەي ۋە يې جيەنيىڭ ئۇنىڭغا تەپسىلىي جاۋاب بەرمىگەن، شۇنداقلا كومپارتىيە ئارمىيىسىنىڭ دۈشمەن ئارقا سېپىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرمىغان.

## 8. ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىننىڭ يېڭى چۈشىنىش هاسىل قىلىشى

1940 - يىلى ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىدە قانداق رول ئوينايدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆز ئالدىغا تونۇش هاسىل قىلغان، ستالىنمۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ جۇڭگودا قانداق رول ئوينايدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆز ئالدىغا تونۇش هاسىل قىلغان، لېكىن بۇ ئىككى تونۇشنىڭ پەرقى ناھايىتى زور ئىدى. ماۋ زېدۇڭ: جاھانگىر دۆلەتلەر دۇنيا ئۇرۇشىدا هالىدىن كەتكەن، بۇ دۆلەتلەردىكى خەلقلەر ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئىنقىلاب قىلغان چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقى تىنچ قۇرۇلۇش ئۇچۇن ئىشلەپ، تېخىمۇ قۇدرەت تاپقان چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ياردەم بېرىشكە باشلايدۇ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگودا سوتسىيالىستىك

ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىنى ھازىرلايدۇ دەپ ئىشەندى (بۇنى ئۇمىد قىلدى دېگەن تۈزۈك). يەنە بىر تەرەپتىن ستالىن: جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى ناھايىتى ئاجىز، ئۇنىڭ جياڭ جيېشىنى ئاغدۇرۇۋېتەلىشى ناتايىن، ئۇنىسى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنۇش جياڭ جيېشىنىڭ ياپونغا تەسلىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ دەپ قارىدى. بۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭخۇا مىنگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزگەنىدى. قىسقىسى، ستالىن ئىنقىلاب قىلىۋاتقان جۇڭگونى ئەمەس، بەلكى جۇڭخۇا مىنگونى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جاھانگىر كۈچلۈك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى پەسەيتىدىغان دۆلەت دەپ قارىدى. شۇڭا مەسىلە ماۋ زېدۇڭنىڭ ستالىننى قانداق قايىل قىلىشىدا، ماۋ زېدۇڭنىڭ كۈچىنىڭ مەنبەسى نېمە ئىكەنلىكىنى ستالىنغا بىلدۈرۈشىدە ئىدى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ كۈچىنىڭ ئاساسي ئەملى ئۇنىڭدا بىر تەشكىلات بولغانلىقىدا، يەنى ئۇنى سىياسىي بيۇرونىڭ قوللىغانلىقىدا. 1940 - يىلىنىڭ بېشىدا ۋاڭ مىڭ ئەمەلىيەتتە مەركەزنىڭ ئالىي رەھبەرلىك گۇرۇھىدىن ئايرىلدى. ۋاڭ مىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ لۇشيەنىنى قۇللارچە ئىجرا قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىسىنى دورىدى، بۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئىنقىلاب نىشانىغىمۇ خىلاپ ئىدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك ھېسسىياتىغىمۇ زىيانلىق ئىدى، شۇڭا ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلدى، بۇ ئېھتىمال ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋاڭ مىڭنى مەغلۇپ قىلىشتىكى مۇھىم قوراللىرىدىن بىرى بولسا كېرەك. ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قاتتىق قارشى تۇردى، بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ باشقا رەھبەرلىرىنىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقانلىقى، ۋاڭ

مىڭدىن يىراقلاشقانلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە، ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى مۇرەككەپلەشكەندىن بۇيان، موسكۋا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى ئانچە خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشى ياپونىيىدىكى كومپارتىيىگە قارشى چېكىدىن ئاشقان ئۇنسۇرلارنىڭ پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇلار ياپونىيىنىڭ جەنۇبتىكى شەرقىي جەنۇبى ئاسىياغا ھۇجۇم قىلماي شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشىنى جېنىنىڭ بارىچە تەرغىب قىلىدۇ. ھالبۇكى سوۋېت ئىتتىپاقى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ھەمكارلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ياپونغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە، ستالىن بەك گەۋدىلىك رول ئويناشنىمۇ خالىمايدۇ، ئۇنداق قىلسا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىنىڭ جىددىي مۇناسىۋىتىنى پەسەيتىشكە، ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ توقۇنۇشىنى پەسەيتىشكە زىيان يېتىشتىن ئەنسىرەيدۇ، بۇ ئىككى خىل يۈزلىنىش ئەينى ۋاقىتتا تەڭ ئەۋج ئېلىۋاتاتتى.

مۇشۇنداق مەنپەئەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان ئەھۋالدا ماۋزېدۇڭ بىلەن ستالىن 1940 - يىلىنىڭ بېشىدا يەنە بىر قېتىم چۈشىنىش ھاسىل قىلدى. بۇ خىزمەتنى ئېھتىمال ماۋ زېدۇڭنىڭ «دىپلوماتىيە مىنىستىرى» جۇ ئېنلەي ئورۇندىغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ موسكۋادا ئالتە ئايدىن ئارتۇق تۇردى، گەرچە سۆھبەتنىڭ روھى ئاشكارىلانغان بولسىمۇ، سۆھبەتنىڭ تەپسىلاتى تاكى ھازىرغىچە سىر بولۇپ تۇرماقتا. 1939 - يىلى كۈزدە ماۋ زېدۇڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال لۇشيەنىدىكى ئۆزگىرىشتىن پايدىلىنىپ 1937 - يىلى ئاخىرىدا ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغان سىياسەتنى قايتا ئوتتۇرىغا قويدى. ئاندىن كېيىن ستالىننىڭ بېسىمى ئارقىسىدا يەنە بىرنەچچە قېتىم يول قويدى، مۇشۇ يول قويۇشلار داۋامىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغىنى جۇڭگو كومپارتىيىسى قوزغىغان يۈز تۇەن ئۇرۇشى بولۇشى مۇمكىن.

# ئالتىنچى باب

## شىنجاڭدىكى بوران چاپقۇن — ماۋ زېدۇڭ، ستالىن، جياڭ جيېشىلارنىڭ سىياسىي ئۇچ بۇرجىكى

### 1. ستالىن شىڭ شىسەيدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنى تىزگىنلىدى

پۇتكۇل ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت رىقابىتى ۋە ھەمكارلىقىنىڭ ئاساسلىق سەھنىسى بولدى. جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى شىنجاڭ مەسىلىسى چۇڭچىڭ، موسكۋا ۋە يەنئەنلەرنىڭ سىياسىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەق - ناھەق مەسىلىسىنى ئايرىم تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا، بىر تەرەپتىن، شىنجاڭ مەسىلىسى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىدە گەۋدىلىك ئورۇن تۇتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگونىڭ ئۆزىنى كۈچەيتىش يولىدىكى كۈرەشلىرىدە شىنجاڭنىڭ مول يەر ئاستى بايلىقى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. 30- يىللاردا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بولغان قىزىقىشى ئاساسەن شىنجاڭغا مەركەزلەشكەن. ئوخشاشلا، پۈتكۈل ئۇرۇش مەزگىلىدە شىنجاڭ يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭگو - سوۋېت مىللىي مەنپەئەتىنىڭ بىۋاسىتە تۇتىشىدىغان رايونىغا ئايلانغانىدى. قىسقىسى مۇبادا

شىنجاڭ تاشقى موڭغۇلىيىگە ئوخشاش مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغان بولسا، جۇڭگونىڭ قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش چۈشى بىراقلا تۈگەشكەن بولاتتى.

ستالىن، جياڭ جېيشى ۋە ماۋ زېدۇڭلار شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆزىگە خاس كۆزىتىشى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلايتتى. جياڭ جېيشى، شىنجاڭ بىر مەھەل قۇدرەت تاپقان جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، پەقەت مەنچىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەندىن كېيىنلا روسىيە جاھانگىرلىكى بۇ رايوننى تىزگىنلىگەن، دەپ قارايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى تىزگىنلىشى خۇددى ياپونىيە مانجۇرىيىنى تىزگىنلىگەندەك، غەرب كاپىتالىزمى جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلىرىدا كونسېسسىيىلەرنى مەجبۇرىي قۇرغاندەكلا بىر ئىش ئىدى. گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مۇستەقىللىكى، تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىنى ھۆرمەت قىلىمىز دەپ داۋراڭ قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ شىنجاڭدا زور ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. جۇڭگونى قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى قۇدرەتلىك نوپۇزىنى قايتىدىن تىكلەش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ جياڭ جېيشى ئوبدان بىلەتتى.

بۇ، ستالىننىڭ نىشانى بىلەن بىۋاستە قارىمۇ قارشى ئىدى. ستالىن شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇش خىيالىدا ئىدى. ئەمما ستالىن جۇڭگو ـ سوۋېتنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئىتتىپاقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ شىنجاڭغا قاراتقان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭدەك، ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ رايوندا سىياسىي، ھەربىي زورمىگەرلىكنى تۇرغۇزۇشقا ئۇرۇنۇش بىلەن بىرگە، ئىقتىسادىي سىڭىپ كىرىشنى يۈرگۈزۈپ، بۇ جەھەتتە زور نەتىجىگە ئېرىشتى. جۇڭگو بىلەن ھەمكارلىشىپ ياپونىيىگە

قارشى تۇرۇش موسكۋا ئۈچۈن ئانچە زۆرۈر بولمىغاندا (مەسىلەن، 1940 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئوق مەركىزى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلاشقان مەزگىلدىكىدەك)، موسكۋا جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى مەنسىتمىگەنىدى.

موسكۋا، چۇڭچىڭ، يەنئەننىڭ شىنجاڭدىكى تالاش ـ تارتىشى ۋەھشىي مىلىتارىست شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قانات يايدۇرۇلدى. 1933 ـ يىلىدىن 1944 ـ يىلىغىچە شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئۇستىلىق بىلەن ستالىن ۋە جياڭ جيېشى ئوتتۇرىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى مۇستەھكەملىدى. شېڭ شىسەي، ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئادەتلەنگەن، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئىنتايىن قالاق ھالەتتە تۇرغان بىر ئۆلكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، تاشقى ياردەمنىڭ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن؛ ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلارغا ئوخشاش، دائىم تاشقى كۈچلەردىن ياردەم سوراپ، ئۆزى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققان ئىسيانلارنى باستۇرغان، ياپونىيە، ھىندىستان ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىن كېلىدىغان خىلمۇ خىل تەھدىتلەرگە قارىتا دائىم ھوشيار تۇرغان. شېڭ شىسەي رەھىمسىز، شەپقەتسىز پۇرسەتپەرەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، موسكۋادىن ياكى چۇڭچىڭدىن كەلگەن تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلاتتى ياكى رەت قىلاتتى.

ئۇرۇش مەزگىلىدە ھەر خىل كۈچلەرنىڭ شىنجاڭدىكى رىقابىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى تىزگىنلەش دەرىجىسىنى چۈشىنىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. 30 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشنى كېڭەيتتى، سىڭىپ كىرىش سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش بولغان، تارىختا روسىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان رايونلار بىلەنلا

چەكلىنىپ قالمىدى. ئاللېن. س. ۋىختىڭنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا تۆت خىل يول بىلەن سىڭىپ كىرگەن: ① ھەربىي ئارىلىشىش. 1933 -، 1934 - ۋە 1937 - يىللىرى سوۋېت قوشۇنلىرى شىنجاڭغا كىرىپ، ئۈرۈمچى ۋە باشقا جايلاردىكى ئىسيانلارنى باستۇرۇپ، شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالغانىدى. ② ئىقتىسادىي تەسىر كۆرسىتىش. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچىنى تەشەككۇر ئېيتىپ قەرز پۇل قوبۇل قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېچىۋەتتى. 1934 - يىلى موسكۋا شېڭ شىسەيگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربىي ۋە سانائەت ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بەش يىللىق مۇددەت بىلەن 5 مىليون رۇبلى قەرز بەردى. ئىككىنچى يىلى ستالىننىڭ ئايالىنىڭ تاغىسى ئا. س سۋانىدزى باشچىلىقىدىكى سوۋېت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشكە ياردەملەشتى. ئارقىدىنلا يەنى 1937 - يىلى 15 مىليون روبلى قەرز بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ③ يىللىق مالىيە تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشكە ياردەملەشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى مالىيە ۋە تېخنىكا مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ياردىمىدە تاشيول ۋە كۆۋرۈكلەر ياسالدى. تېلېگراف، تېلېفون لىنىيىلىرى ئۇزارتىلدى. شىنجاڭدا سانائەت ئەسلىھەلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، مەكتەپ، دوختۇرخانىلار سېلىندى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى سودا تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە شىنجاڭنىڭ باي كان مەھسۇلاتلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى. شىنجاڭنىڭ نېفىت زاپىسى ئىنتايىن مول ئىدى. 1935 - يىلى سوۋېت تېخنىكلىرى شىنجاڭنىڭ مەلۇم جايىدىن نېفىت تېپىپ، يىللىق مەھسۇلاتى 50 مىڭ توننا نېفىت بېرىدىغان قۇدۇقتىن بىرنى قازدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

شىنجاڭدا نېفىت قېزىدۇرۇشى شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئەمەلدارلىرىنىڭ «ئاغزاكى كېلىشىمى» بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن سوۋېت - جۇڭگو مۇناسىۋىتىدە ئىنتايىن زور رول ئوينىدى. بۇنىڭدىن، 30 - يىللاردا ئىككى تەرەپ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنىڭ ناھايىتى كەڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىدىيە جەھەتتە سىڭىپ كىرىش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى ئىدى. بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي دوستلۇق سىياسىتى تەشۋىق قىلىناتتى. ئۆز ۋۇندىن بېرى خەنزۇ ھۆكۈمرانلىرى چوڭ خەنزۇچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزگەنلىكتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي دوستلۇق سىياسىتى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. شېڭ شىسەي بۇ خىل مىللىي دوستلۇق سىياسىتىنى «سىنىپىي كۆرەش» بىلەن بىرلەشتۈردى. شېڭ شىسەينىڭ مەھكىمىسىدىكى بىر ئەمەلدارنىڭ ئېيتىشىچە، 1936 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەيىنى شىنجاڭدىكى بايلارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ مال- مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى يېقىندا قەرز بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇشقا ئۈندىگەن. شېڭ شىسەي بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەملىشىشكە ئادەم تەكلىپ قىلىپ، شۇ قېتىمقى «سىنىپىي كۆرەش» نى ئېلىپ بارغان، 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ياكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا قامالغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ تۆتىنچى خىل ئۇسۇلى، مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتىپ، بىۋاستە ئارىلىشىش ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي، مالىيە - ئىقتىساد مەسلىھەتچىلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەينىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشىغا ياردەملەشكەن. سوۋېت

مەسلىھەتچىلىرى ياردەملىشىپ شىنجاڭغا «ك گ ب»[1] نىڭ ئەندىزىسى بويىچە سىياسىي تۈزۈلمە بەرپا قىلغانىدى. مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشى بۇ سىياسىي تەشكىلاتنىڭ ئۈنۈمى ۋە شەپقەتسىزلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شىڭ شىسەينىڭ بىر ئاخبارات ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، 30 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ مەخپىي ئاخبارات ئورگىنىنى قۇرغانىكەن.

1937 - يىلى شىنجاڭ روشەنكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگەنىدى. گەرچە شىنجاڭ شەكىل جەھەتتە جۇڭخۇا مىنگونىڭ تەركىبىي قىسمى بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىناۋىتى بۇ يەردە ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈپ قېلىپ، موسكۋانىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى مۇتلەق ئۈستۈنلەككە ئېرىشكەن. جياڭ تىڭپۇ 1934 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دوستى خۇ شىغا يازغان خېتىدە شىنجاڭنىڭ ئورنى ھەققىدە توختالغان (جياڭ تىڭپۇ ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق تۇنجى باش ئەلچىسى بولغان، ئارقىدىنلا خۇ شى جۇڭگونىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن). جياڭ تىڭپۇ خېتىدە چۈشەندۈرۈپ: سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ شىنجاڭغا كونسۇل ئەۋەتمەكچى بولغاندا يەنىلا جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى قوشۇلۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، گەرچە موسكۋا شىنجاڭ بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەتتە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شىنجاڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق قارا نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى قەيت قىلدى؛ شىڭ شىسەي قارىماققا مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بويسۇنسىمۇ، ئۆلكە

① «ك گ ب» — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاسۇسلار ئورگىنى

ئەمەلدارلىرى قارىماققا نەنجىڭ تەرىپىدىن تەيىنلەنسىمۇ، لېكىن نەنجىڭنىڭ شىنجاڭدا ھېچقانداق ئەمەلىي ھوقۇقى يوق ئىدى، دېگەن.

30 ـ يىللاردا جۇڭخۇا مىنگو تېخى كۈچەيمىگەنلىكتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى تارىلاش مەسىلىسىنى ئويلىنىشقا جياڭ جيېشى ئىلاجسىز ئىدى. ھەتتا بۇنداق تىرىشچانلىق ئەكسىچە شېڭ شىسەينى موسكۋاغا يېقىنلاشتۇرۇپ، ستالىننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ئىلھام بېرىشىگە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ توغرىدا، جياڭ تىڭپۇ 1934 ـ يىلى يازغان خېتىدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىمۇ شەرھلىگەن. بۇ يەردە جياڭ تىڭپۇ قىزىقارلىق بىر ئوخشىتىشنى كەلتۈرگەن: ئۇ، جۇڭگو بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەنگلىيە بىلەن كانادانىڭ مۇناسىۋىتىگە سېلىشتۇرۇپ، مەيلى شىنجاڭ ياكى كانادا بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى قۇدرەتلىك دۆلەتلەرگە تام قوشنا، ئۆزلىرىنىڭ مېتروپولىيە①لىرىدىن ئىنتايىن يىراق ئەللەردۇر. بۇنداق ئەھۋالدا مېتروپولىيەلىرىنىڭ يىراقتىكى ئۆلكىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قوشنا بولغان قۇدرەتلىك دۆلەتلەرگە يېقىنلىشىپ دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا قارشى تۇرۇش ئەخمىقانە ھەرىكەت بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئەڭ زور خەۋپكە يەنى يىراقتىكى ئۆلكىلەر ئۆزلىرىگە قوشنا بولغان دۆلەتلەرنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلىنىپ قېلىش خەۋپىگە ئېلىپ بارىدۇ، دېگەنىدى. جياڭ تىڭپۇ يەنە: مەركىزىي ھۆكۈمەت سوۋېت بىلەن شىنجاڭنىڭ تەدرىجىي يېقىنلىشىشىغا قارشى تۇرماي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركەزنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىشىغا توسالغۇ بولۇپ قالماسلىقى

① مېتروپولىيە ـ باشقا مەملىكەتلەرنى بېسىۋېلىپ، ئۆز مۇستەملىكىلىرىگە ئايلاندۇرغان ھەم ئۇلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى دۆلەت. (ت)

تەرەپلىرىدىلا چىڭ تۇرۇشى كېرەك، دەپ قارىغان. دېمەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەنلىكتىن، جياڭ جيېشى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇنىڭ تەسىرىنى چەكلىشى، شېڭ شىسەينى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، گومىن ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدىشى لازىم ئىدى.

## 2. ستراتېگىيىلىك يول ۋە تەسىر دائىرە

ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى، جياڭ جيېشىنىڭ نەزەرىدە، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى يېقىنچىلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تەمىنلەش يولىنى قوغداپ، ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش، ئەينى چاغدا جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، چۇڭچىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى خاپا قىلىپ قويۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى، شىنجاڭ مەسىلىسىدە موسكۋاغا بېسىم ئىشلەتسە، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا بېرىۋاتقان ياردەمنى ئازايتىشى، ھەتتا توختىتىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ، جۇڭگو سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە چەكلەش تىرىشچانلىقىدىن ۋاقىتىنچە ۋاز كېچىشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئورنى مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچىيىدۇ، دېگەندىن دېرەك بېرەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمى قۇرۇقلۇق يولى شىنجاڭدىن ئۆتەتتى. سوۋېت قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي گازارمىسىدىن چىققان بىرنەچچە يۈز چوڭ ئاپتوموبىل ماددىي بۇيۇملارنى قاچىلاپ

ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۈرۈمچىدىن قۇمۇل ئارقىلىق لەنجۇ
(تەمىنات لىنىيىسىنىڭ شەرق تەرەپتىكى ئاخىرقى بېكىتى) غا
باراتتى؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماشىنىلىرى سورمە، ۋولفرام،
تېرە ۋە ئاشلىقلارنى قاچىلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتاتتى.
شىنجاڭنىڭ ھاۋا بوشلۇق تېررىتورىيىسى جۇڭگو - سوۋېت ئىككى
دۆلەت مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بېرىپ - كېلىشىنى ۋە دىپلوماتىك
مۇناسىۋەتلىرىنى مۇھىم يول بىلەن تەمىنلىگەن. جۇڭگو -
سوۋېت ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈلگەندىن
كېيىن، شىنجاڭ ئارقىلىق ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشنى
مەقسەت قىلغان تەشكىلى قاتتىق بىر ئاپپارات تېزلىك بىلەن
قۇرۇلغاندى. شېڭ شىسەي چۇڭچىڭدا ئالاقە باغلاش پونكىتى،
لەنجۇدا «شىنجاڭ كان مەھسۇلاتلىرى شىركىتى» قۇردى. ئۇ
يەنە ئىلىدا دۆلەتلىك ھاۋا ئارمىيە بازىسى قۇرۇپ، ھۆكۈمەت
ئەربابلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ كېلىشىگە ئاسانلىق
تۇغدۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلغاندى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى، سوۋېت
ئىتتىپاقى ئەمەلدارلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش ھەمدە سوۋېت
ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىنى ئۇياق - بۇياققا ئەۋەتىش ئۈچۈن
لەنجۇدا دىپلوماتىك ئۆمەك تۇرغۇزغان، يول بويلىرىدا ماي
قاچىلاش پونكىتلىرىنى ۋە ماشىنا رېمونتخانىلىرىنى قۇرغان، يەنە
تۆگە كارۋانلىرى ئارقىلىق بۇ ئورۇنلارغا يېقىلغۇ يەتكۈزۈپ
بېرىپ تۇرغان، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈرۈمچىدە، گۇچۇڭ، ئىلى
قاتارلىق ئورۇنلاردا تېلېفون ئالاقىسى ئورنىتىش بىلەن بىرگە،
لەنجۇدا سوۋېت ئارمىيىسى بازىسىنى قۇرۇپ، زور تۈركۈمدە
ئايروپىلان ۋە ئۇچقۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرغان. لەنجۇنىڭ
ئارقىسىدىكى قۇمۇلدا سوۋېتنىڭ ماشىنىلاشقان مۇستەقىل «8 -
پولك»ى (نامدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى)
تۇرغۇزۇلغاندى. 1938 - يىلى 1 - ئايدا بۇ قىسىم شېڭ
شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە مۇداپىئەنى كۈچەيتىش، ياپونىيىنىڭ

تاجاۋۇزى ياكى گومىنداڭنىڭ سۇيىيۇەن ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىشىنى چەكلەش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ئارقىلىق توشۇلىدىغان تۈركۈم - تۈركۈم ھەربىي ئەشيالىرىنى يەرلىك مىلىتارىست ۋە باندىتلارنىڭ بۇلاڭ - تالىڭىدىن قوغداش ئۈچۈن شىنجاڭدا تۇرغانىدى. 1943 - يىلىدىن ئىلگىرى «8 - پولك» باشتىن - ئاخىر قۇمۇلدا تۇرغان.

بۇ چاغدا يەنە جۇڭگو - سوۋېت خادىملىرىنى توشۇيدىغان جۇڭگو - سوۋېت ئاۋىئاتسىيە بىرلەشمە شىركىتى قۇرۇلغان. 1938 - يىلى مۇشۇنداق بىر شىركەت قۇرۇش توغرىسىدا مۇزاكىرە باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن رەسمىي سۆھبەت 1939- يىلى 4 - ئايدىلا باشلاندى. ھالبۇكى 9 - ئايغا كەلگىچە جۇڭگو- سوۋېت ھۆكۈمەتلىرى شىركەت قۇرۇش مەسىلىسىدە يەنىلا كېلىشىم ھاسىل قىلالمىغانىدى. 1939 - يىلى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تۈزۈلگەن كېلىشىم ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش مۇناسىۋىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بۇ ئەھۋال بىر يىلدىن كېيىن شىنجاڭغا تېڭىلغان كان سانائىتى كېلىشىمى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلدى. بۇ كېلىشىم بويىچە، جۇڭگو ئايروپىلانلىرى چۇڭچىڭ - قۇمۇل ھاۋا ترانسپورتىغا مەسئۇل بولسا، سوۋېت ئايروپىلانلىرى قۇمۇل - ئۈرۈمچى - ئالمۇتا - موسكۋا ھاۋا يولىغا مەسئۇل بولدى. بۇ كېلىشىم جۇڭگو ئۇچقۇچىلىرى ۋە تېخنىكلىرىنى تەربىيىلەشكىمۇ پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنىدى.

1937—1939 - يىللىرى چۇڭچىڭنىڭ ياپونىيىگە زەربە بېرىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى ساقلاپ قېلىشىغا پايدىلىق بولدى. بىراق جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاق ئەڭ قويۇقلاشقان دەۋردىمۇ جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشىنى بار كۈچى بىلەن چەكلىگەن. جياڭ جيېشى موسكۋانىڭ موسكۋا

بىلەن جۇڭخۇا مىنگو ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقتىن پايدىلىنىپ،
جۇڭگودا تەسىرىنى كېڭەيتىشتىن ئەنسىرەيتتى، ئەمما، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنىڭ كۈنسايىن
كېڭىيىۋاتقانلىقى پاكىت ئىدى. جياڭ جېيشى سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ جۇڭگونىڭ
ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن
بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى
مەۋجۇدىيىتىنى جۇڭگونىڭ بۇ رايوندىكى ئىگىلىك ھوقۇقىغا
دەخلى - تەرۇز قىلدۇرماسلىققا تىرىشاتتى.
سۇن كې 1938 - يىلى 2 - ئايدا ستالىن بىلەن
سۆھبەتلەشكەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئورنىنىڭ
كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ستالىن سۇن
كېغا كاپالەت بېرىپ: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە
ياكى شىنجاڭغا نىسبەتەن زېمىن تەلىپى يوق، دېگەن. ستالىن
يەنە جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتىشىدىغان
تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىنى باشلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلغان ھەمدە
شۇنداق قىلسىلا تېخنىكىلىق ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە
بەرگەن. ستالىننىڭ تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن شىنجاڭغا قارىتا
تەڭ ئۆلچەملىك قاراشتا بولۇشى جۇڭگولۇقلاردا بولۇۋاتقان
شىنجاڭ ئەڭ ئاخىرى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ يولى بويىچە ماڭىدۇ،
ئەمەلىيەتتىكى مۇستەقىللىك — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانتى
ئاستىدىكى مۇستەقىللىككە ئېرىشىدۇ، دېگەن ئەندىشىنى
شۇبھىسىز ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرغانىدى. 1939 - يىلى ستالىن
بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتە سۇن كې يەنە شىنجاڭ
مەسىلىسىنى ئۈچىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. ستالىن بۇ قېتىم
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە چوڭچىلىك بىلەن پايدا-
زىيان توقۇنۇشى يوقلۇقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى
رولى پەقەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە ياردەم بېرىشتىنلا

ئىبارەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم مەيدىسىگە ئۇرىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ قېتىمقى شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبەت ئايرىم بىر ئىش ئىدى. جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقلاشقان دەۋردە، سون كې ۋە باشقا جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىدە شىنجاڭ مەسىلىسى ئەزەلدىن مۇھىم ئورۇن تۇتمىغانىدى. شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىلغا ئالماسلىقتىكى سەۋەب، قىسمەن جەھەتتىن ئالغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىگە قارىتا ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتقانلىقىدىن بولغان. ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، موسكۋا 1937 ـ 1939 ـ يىللىرىدا جۇڭچىڭنىڭ شىنجاڭدىكى پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىنى — جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىغا خىرىس قىلماسلىقىنىمۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىگە يول قويماسلىقىنىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن كۆزدە تۇتقان ئىدى.

## 3. ماۋ زېدۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچى

جياڭ جيېشىغا ئوخشاش، ماۋ زېدۇڭمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگوغا رەھبەرلىك قىلىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. ماۋ زېدۇڭنىڭ قارىشىچە، شىنجاڭ جۇڭگو ئىنقىلابىدا مۇھىم رول ئوينايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ۋە شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىك سەپ قۇرۇش ئەھۋاللىرى ئاستىدا شىنجاڭ تەرەققىي قىلىپ، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىنى قوغدايدىغان ئىنقىلابىي بازىغا ئايلانغان بولاتتى. تېخىمۇ مۇھىم ئېھتىماللىق، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتىشىدىغان سەكرەش تاختىسى ئىدى،

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوراللىرى، مەسلىھەتچىلىرى ۋە تەمىناتى شىنجاڭ ئارقىلىق ئۈزۈلمەستىن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلەتتى ياكى ھېچ بولمىغاندا، ماۋ زېدۇڭنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوغدىشى ئاستىدىكى شىنجاڭ بۇ نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تۈرتكە بولاتتى. ماۋ زېدۇڭمۇ ۋەتەنپەرۋەر جۇڭگولۇق، ئۇنىڭ قارىشىچە، شىنجاڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانا ۋەتەننىڭ قوينىغا قايتىپ كېلەتتى. ماۋ زېدۇڭ جياڭ جېيشىغا قارىغاندا جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداشنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلاتتى ھەمدە كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇدرەتلىك جۇڭگو كوممۇنىستلىرى رەھبەرلىكىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا بۇ كەڭ، باي زېمىننى قولىدا چىڭ تۇتۇشقا ئىنتىزار ئىدى. خۇددى بىز چۈشەنگەندەك، ستالىن ماۋ زېدۇڭنىڭ «مىللەتچىلىك خاھىشى» نى تولۇق تونۇپ يەتكەنىدى. بۇ ئەھۋال ستالىننى گومىنداڭ بىلەن بىرلىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى چەكلەپ، ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. مۇبادا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى مەنپەئىتىنى قوغداش زۆرۈر بولىدىكەن، ئۇ ھالدا مەيلى يەنئەن ياكى چۇڭچىڭ شىنجاڭدا نوپۇز تىكلىمەكچى بولىدىكەن، بۇنىڭغا يول قويۇلمايتتى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 30 ـ يىللاردا ستالىن شىنجاڭغا بېرىپ خىزمەت قىلىدىغان سوۋېتلىكلەرگە ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ ئۈچىنچى خىل سىياسىي كۈچىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەكلىكىنى، بۇ خىل سىياسىي كۈچنىڭ گومىنداڭغىمۇ، كوممۇنىستلارغىمۇ مەنسۇپ بولماسلىقى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى

ئاجىزلاپ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈپ قالدى. 30 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاز مىقداردىكى كادىرلىرى شىنجاڭغا سىڭىپ كىرگەنىدى. لېكىن بۇنى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ جەنۇبىي جۇڭگودا بەرپا قىلغان دېھقان قۇراللىق كۈچلىرى ۋە يېزا سوۋېتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياتچان پائالىيەتلىرى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەس ئىدى. خۇددى موسكۋا، نەنجىڭ، يەنئەنلەرنىڭ ياپونغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇۋاتقىنىغا ئوخشاش، 1937 ـ يىلىغا كەلگەندىلا شېڭ شىسەي بىلەن قۇرغان بىرلىك سەپنىڭ ھىماتى ئاستىدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئاندىن شىنجاڭدا رەسمىي ئورنىتۇرىغا چىقالىدى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بىرمۇنچە ماتېرىياللىرى شۇنى ئېنىق كۆرسەتتىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىك سەپ قۇرۇشتىكى ئاساسىي مەقسىتى «خەلقئارا يول ئېچىش» تىن ئىبارەت ئىدى. ناۋادا بۇنداق بىرلىك سەپ شەكىللەنسە، يەنئەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاسانلا يېقىنلىشالايتتى. 1937 ـ يىلىدىن 1941 ـ يىلىغا قەدەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم قاتناش يولى يەنئەندىن 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىئەن ئىش باشقۇرۇش ئورنىغىچە، شىئەندىن لەنجۇ ئىش بېجىرىش ئورنىغىچە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچى ئارقىلىق (ئۈرۈمچىدە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ يېڭى ھەربىي گازارمىسى تۇراتتى. يەنە كېلىپ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىن موسكۋاغا بارىدىغان خادىملىرى كۆپ بولغانلىقتىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بۇ يەردە كېلىپ كېتىدىغان خادىملىرى ئۈچۈن مېھمانخانا قۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى) ئالمۇتىغا (بۇ يەر ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغانلارمۇ كۆپەيگەن)،

ئالمۇتىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغىچە[1] سوزۇلغاندى.

شىنجاڭ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاسانلا يېقىنلىشىش جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا كۆپ پايدا ئەكەلدى. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بېجىرگەنمۇ ياكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورگانلىرى بېجىرگەنمۇ، قانداق بولسا بولسۇن، ئىشقىلىپ، بەزى قوراللار، ئوق - دورىلار، ماددىي ئەشيالار شىنجاڭ ئارقىلىق يەنئەنگە يەتكۈزۈلەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1937- يىلىنىڭ ئاخىرىدا موسكۋا شېڭ شىسەينىڭ قولى ئارقىلىق يەنئەنگە 300 مىڭ دوللار ئەۋەتكەنىكەن. دەرۋەقە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن جياڭ جيېشىغا بەرگەن زور ياردىمى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمىسىمۇ، ئەمما بۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپ مەردلىك قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرەتتى (ناۋادا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ جياڭ جيېشىغا قاراتقان سىياسىتىنى ئۆزگەرتمىسە). 1940 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى راستىنلا شۇنداق قىلغاندى.

جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ئارقىلىق يۆتكىلىدىغان ماددىي ئەشيالىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئېھتىياتچان تەدبىر قوللانغاندى. جياڭ جيېشى 1937 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى گەنسۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسىگە چۈشۈرگەن بۇيرۇقىدا، لەنجۇغا يېتىپ كەلگەن بارلىق ئاپتوموبىل، ئايروپىلان، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىقلارنى بىۋاسىتە ئۇرۇش مەيدانى قوماندانىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندىن باشقا، ھەرقانداق ئايروپىلان ۋە ئاپتوموبىللار شىمالىي شەنشى تەرەپكە بارىدىكەن، شەخسەن جياڭ جيېشىنىڭ

---

[1] بۇ روسىيە بولۇشى كېرەك — تەھرىردىن.

ماقۇللۇقىنى ئېلىشى ھەمدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەستىقلاپ نارقاتقان يولخېتىگە ئىگە بولۇشى لازىم، دېگەنىدى. جياڭ جيېشى شەنشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جياڭ دىڭۋېنگىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. بىر يېرىم يىلدىن كېيىن، يەنى 1939 ـ يىلى يازدا 5 ـ ئومۇمىي يىغىن ماقۇللىغان «كوممۇنىستلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قارارى» بويىچە، خۇ ۋۇڭنەن قوماندانلىقىدىكى 34 ـ جىتۇەنجۈن نىڭشيا ـ گەنسۇ رايونلىرىغا ئەۋەتىلىپ، شىنجاڭ ۋە شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىدىكى سودىنى ئۈنۈملۈك چەكلىگەن. بۇ، 1939 ـ يىلى باشلانغان چېگرا رايوننى قامال قىلىشنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

ئېھتىمال ئەڭ مۇھىمى، جياڭ جيېشىنىڭ مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېھتىياتچانلىقى زور مىقداردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ماددىي ئەشيالىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان بولۇشى مۇمكىن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا قىلغان ياردىمى ئىچىدە تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ داۋالىنىشىغا ئوڭايلىق يارىتىپ بەرگەنلىكى ئىدى. بۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نۇرغۇن كادىرلىرى موسكۋاغا بېرىپ داۋالانغانىدى. مەسىلەن، 1938 ـ يىلى 4 ـ ئايدا رېن بىشى جۇڭگونىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى بولۇپ بارغاندا، 18 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر موسكۋادا داۋالىنىۋاتقانىدى.

1937—1941 ـ يىللىرى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئاستىدا شىنجاڭدا ھەربىي كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. بىرىنچىدىن، يېڭى ھەربىي گازارما

قۇردى. ئۇ، 1935 - يىلى شىنجاڭغا كىرگەن 4 - دالا ئارمىيىسىنىڭ قالدۇق قىسمىدىكى 400 نەپەر كىشىدىن تۈزۈلگەنىدى. يېڭى ھەربىي گازارما، ئەمەلىيەتتە كىچىك تىپتىكى ھەربىي مەكتەپ بولۇپ، 1937 - يىلى 9 - ئايدىن 1940 - يىلى 1 - ئايغىچە بۇ يەردىكىلەر زەمبىرەك ئېتىشنى، ئاپتوموبىل ھەيدەشنى ۋە رېمونت قىلىشنى، ئارقا سەپ، برونېۋىك، داۋالاش، رادىئوگرامما، قۇرۇقلۇق ئارمىيە تاكتىكىسى ۋە چەت ئەل تىلىنى ئۆگەنگەنىدى. 1939 - يىلى قىشتا، يېڭى ھەربىي گازارمىدىن 40 نەپەر ئادەم ئايرىپ چىقىلىپ، ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىلدى. مادامىكى، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ بىلەن شىڭ شىسەينى تىزگىنلەپ تۇرغانىكەن، ئۇ ھالدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماقۇللۇقىسىز، شىنجاڭدا يېڭى ھەربىي گازارما قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپنىڭ يېتەكچىلىرى، بولۇپمۇ ئاۋئاتسىيە ۋە ماركسىزم - لېنىنىزمدىن دەرس ئۆتكۈچىلەر سوۋېتلىك كىشىلەر ئىدى.

ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان يېڭى ھەربىي گازارما، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا ھەربىي ياردەم بېرىشنىڭ ئاساسلىق شەكلى (سېلىشتۇرما قىلغاندا، 1925 - يىلىدىكى خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى 1 - قارارىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاران 500 نەپەر ئىدى) ئىدى. موسكۋانىڭ قارىشىچە، يېڭى ھەربىي گازارما جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ھەربىي ياردەم تەلىپىنى قاندۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك شەكلى بولۇپ، باشقىچە شەكىلنى قوللانغاندا جۇڭخۇا مىنگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتىگە پايدىسىز ئىدى، يېڭى ھەربىي گازارمىنىڭ پائالىيىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا گومىنداڭنىڭ ھەربىي فورمىسى كىيگۈزۈلۈپ، قىسمىنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى

بىكار قىلىنىپ، «يېڭى ھەربىي گازارما» دېگەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان بۇ نام قوللىنىلغانىدى. دېمىسىمۇ بۇ ھەربىي مەكتەپ گومىنداڭ ئادەملىرى ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ دىققىتىنى زادىلا قوزغىمىغانىدى. يېڭى ھەربىي گازارمىدا ئىنتايىن قاتتىق ئىنتىزام تەربىيىسى يولغا قويۇلدى. يېڭى ھەربىي گازارما قوماندانى دېڭ فا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، 1931 ـ يىلىدىن 1935 ـ يىلىغىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك رەھبەرلىرىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنى قوغداش خىزمىتىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان. شېڭ شىسەي بىلەن بولغان خېلى ئۇنۇملۇك ھەمكارلىقىدا، دېڭ فا يېڭى ھەربىي گازارمىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قاتتىق قوغدىغانىدى.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، يەنئەن پەقەت يېڭى ھەربىي گازارمىنىڭ ئەمەس، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ھەربىي ياردىمىگە تەشنا ئىدى. بىراق بۇ خىل مەدەتكىمۇ يەنئەن يەنىلا خۇش ئىدى. دېڭ فانىڭ قول ئاستىدا تەربىيە كۆرگەن بۇ كىشىلەر، روشەنكى، قىممەتلىك بايلىق ئىدى، ئۇلار بىر توپ نامرات دېھقانلار ۋە شەھەر زىيالىيلىرىدىن بىراقلا كۆرەشچان كوللېكتىپقا ئايلاندى. بۇ كۈچ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ياكى ياپونىيىنىڭ زامانىۋىلاشقان قىسىملىرىغا خىرىس قىلالايتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئادەملەر يەنئەنگە قايتقاندىن كېيىن يېڭىدىن قۇرۇلغان پارتىيە ئارمىيىسىنىڭ يادرولۇق كۈچىگە ئايلاندى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگىمۇ كادىر ئەۋەتكەن. 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شېڭ شىسەي بىلەن يەنئەن كادىر ئەۋەتىش مەسىلىسىدە كېلىشىم تۈزۈلگەن بولۇپ، 1938ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تەخمىنەن 120 نەپەر جۇڭگو كومپارتىيىسى كادىرى شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭدا ۋەزىپە ئۆتىگەنىدى. شېڭ شىسەي جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەۋەتكەن بارلىق خادىملارنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇلارنى ئۆز ھۆكۈمىتى ئىچىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويغانىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شېڭ شىسەي گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىمايتتى. بۇ بىر قاتار ۋەزىپىلەر جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىشكە مۇھىم ئاساس سالدى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كادىرلىرى خىزمەت ئورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى ھەمدە تىرىشىپ شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىگىمۇ ماركسىزمنى قوبۇل قىلدۇردى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى مۇشۇنداق كەڭ بولغاچقا، 1938 - ۋە 1939 - يىللار ئارىلىقىدا كىشىلەر ئۈرۈمچىنى «ئىككىنچى يەنئەن» دەپ ئاتاشقانىدى.

1938 - يىلى شېڭ شىسەينىڭ سىياسىتى تەدرىجىي ئىلغارلىققا يۈزلەندى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەسىرىمۇ مۇقىم ئورۇلدى. يەنئەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىماتى بىلەن شىنجاڭ ۋە جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدا، غەربىي شىمالدا ئېھتىمال ئىنقىلابىي بازىلارنىڭ چوڭ بىرلىشىشى ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن، دەپ قارىغانىدى. بىراق بۇنداق نىيەت ستالىننىڭ جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدىكى ئويى بىلەن بىردەك ئەمەس ئىدى، بەلكى ستالىن بۇنداق قىلىشنى چەكلەيتتى. موسكۋا بىلەن يەنئەننىڭ بۇ خىل مەنپەئەت توقۇنۇشى، شېڭ شىسەي جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولامدۇ ياكى سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولامدۇ دېگەن مەسىلىدە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

1937 - يىلى 11 - ئايدا ۋاڭ مىڭ يەنئەنگە قايتىۋېتىپ ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەندە، شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇش توغرىسىدا ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىلغانىدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى

سىياسىي بيۇروسى شېڭ شىسەينىڭ پارتىيىگە كىرىش تەلىپىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 1938 - يىلىنىڭ بېشىدا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش ئۈچۈن، موسكۋاغا ماڭغان رېن بىشى ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەندە شېڭ شىسەي بىلەن بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغان. رېن بىشى شېڭ شىسەيگە سىياسىي بيۇرونىڭ ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا بىردەك قوشۇلغانلىقىنى، لېكىن شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى زىچ مۇناسىۋىتى ۋە شېڭ شىسەينىڭ ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ مەسىلىنى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن ستالىنغا دوكلات قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇش تەلىپىنىڭ ئەھمىيىتىنى قانچە تەكىتلىسىمۇ زىيادىلىك قىلمايدۇ. بۇ، شېڭ شىسەينىڭ چۇڭچىڭغا ئەمەس، يەنئەنگە سادىق بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سىياسىي بيۇروسىنىڭ شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇش تەلىپىنى قۇۋۋەتلىگەنلىكىنىڭ ئەھمىيىتىمۇ ئوخشاشلا زور. بۇ، ماۋ زېدۇڭنىڭ شىنجاڭ ۋە غەربىي شىمالدا ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ بىرلىشىشىنىڭ روياپقا چىقىپ، ئىنقىلاب ئىشلىرىدا تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق، ئەھۋال كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى. 1938 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا رېن بىشى شېڭ شىسەيگە: كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن ستالىن سىزنىڭ (شېڭ شىسەينىڭ) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇش شەرتلىرىنى تولۇق ھازىرلىغانلىقىڭىزدىن خەۋەردار، لېكىن ئۇلار سىزنى ۋاقىتىنچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولماي تۇرسۇن، دەۋاتىدۇ... شىنجاڭنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئورنى ئىنتايىن

نازۇك، ئوڭايلا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، سىزنىڭ جۇڭگودىكى ئورنىڭىزنىڭ مۇھىملىقى بىلەن ھازىرچە سىزنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇشىڭىز مۇۋاپىق ئەمەس، دېگەن.

ستالىننىڭ بۇ ھەرىكىتىنى تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل يول بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. بىر تەرەپتىن، ستالىن مەيلى گومىنداڭچىلار ياكى كوممۇنىستلار بولسۇن، جۇڭگولۇقلارنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ماۋ زېدۇڭنىڭ مىللەتچىلىك خاھىشى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى. شۇنداقلا ئۇ ئۈرۈمچى بىلەن يەنئەن مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچىيىشى، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان رىقابەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ستالىن شېڭ شىسەيگە ئۆزىنىڭ قارارىنى چۈشەندۈرگەندە بۇ نۇقتىدىن بېشارەت بەرگەن. ستالىن: شىنجاڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق بازىسى، ئۇنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى خەلقئارا قاتناش يولىنى قوغداپ، ياپونىيە، گېرمانىيە ۋە تروتسكىچى ئۇنسۇرلارنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت؛ مۇبادا جۇڭگو ئىتتىپاقداشلىرىدىن ياردەمگە ئېرىشەلىسە (سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئەنگلىيە) گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە بىر مەزگىل تىنچلىقتا بىللە تۇرالىسا، ياپونىيە مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن شىنجاڭ جياڭ جيېشى ۋە ماۋ زېدۇڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك، ئەمما، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستلىرى گومىنداڭنى مەغلۇپ قىلىدۇ، دېگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ستالىننىڭ شىنجاڭ توغرىسىدىكى ھۆكۈمى، ئىزچىل رەۋىشتە، شىنجاڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ ھەم ئىككى تەرەپ بىلەن مۇۋاپىق

ئۇچرىششىنى ساقلاپ، ئوخشاشلا ئىككى تەرەپنى ئارمان بار، دەرمان يوق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. بۇنداق ئەھۋالدا جۇڭگولۇقلارنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى ئاجىزلاپ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشەتتى ـ دە، سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قالغان بولاتتى. بۇ، شىنجاڭنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ جياڭ جيېشىغا قارشى ئىنقىلابىي بازا بولالمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ستالىننىڭ قارشى تۇرۇشىنىڭ ئىككىنچى سەۋەبى، ئەگەر شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرسە، جياڭ جيېشىنى خاپا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى (ئەمەلىيەتتە، كېيىنرەك جياڭ جيېشى بۇ ئىشنى ئاڭلىغان). جياڭ جيېشى ئۇرۇمچى بىلەن يەنئەننىڭ كۇنسايىن يېقىنلىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئىسپاتلىق بولسىلا، ئۇنىڭ موسكۋادىن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا ياردەم بەرمەسلىككە كېپىللىك قىلىشىنى تەلەپ قىلىشى چوقۇم ئىدى. شۇنداقلا يەنە جياڭ جيېشى: ستالىن شىنجاڭنىڭ ماددىي بايلىقىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قوللايدۇ، دەپ قارايدىغان بولسا، ئۇنىڭ ياپونىيە بىلەن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىشنى قايتىدىن ئويلىشىشى ھەم مۇمكىن ئىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگۈدەك بولسا، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قارشى بىرلىك سېپى بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ كومپارتىيىگە كىرىشىگە ستالىننىڭ قارشى چىققانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن موسكۋاغا شەخسەن ئۆزى بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن بىۋاستە سۆھبەتلىشىشنى قارار قىلدى. شېڭ شىسەينىڭ سۆزى بويىچە، ئۇ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ئورنىنىڭ ستالىن ۋە ماۋ زېدۇڭ ئۈچۈن

نەقەدەر مۇھىملىقىنى، مۇبادا، كەلگۈسىدىكى مۇناسىۋەتتە بۇ ئىككى كىشى بىلەن تالاش - تارتىش بولۇپ قالسا، پەقەت ستالىن بىلەنلا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش مۇمكىنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1938 - يىلى 8 - ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىكى ئورنى ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىدا تۇتقان ئورنىنى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئورنى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن، موسكۋانى مەخپىي زىيارەت قىلىشنى قارار قىلدى. پويىز بىلەن موسكۋاغا بېرىش سەپىرىدە شېڭ شىسەي ئۆزىنى قانداق تەقدىر كۈتۈپ تۇرغانلىقى ئۈستىدە ئويلاندى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىنى مۇددەتسىز تۇتۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەكسىچە ئۇ موسكۋاغا يېتىپ كەلگەندە داغدۇغىلىق ھەم قىزغىن قارشى ئېلىندى ھەمدە ستالىن، مولوتوۋ، ۋوروشىلوۋ قاتارلىقلار بىلەن كەڭ دائىرىلىك سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەتتە شېڭ شىسەي ئوتتۇرىغا قويغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى تەلەپكە ستالىن مەردلىك بىلەن ۋەدە بەردى. شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى بايان قىلىپ، شىنجاڭنى سوتسىيالىستىك ئۈلگىلىك رايونغا ئايلاندۇرۇشنىڭ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ بەردى. ستالىن دەرھال شىنجاڭنىڭ ئۈچ يىللىق تەرەققىيات پىلانىغا كېرەكلىك سانائەت ئەسلىھەلىرىنى ئىمكانقەدەر شىنجاڭغا تېز يۆتكەش توغرىسىدا مولوتوۋغا بۇيرۇق بەردى. شېڭ شىسەيدىن بۇرۇن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلار بەش - ئالتە يىل ئىلگىرى ھەربىي ئىشلارغا ئائىت مال بۇيرۇتۇش توختامىغا قول قويغان ئىدى، شېڭ شىسەي توختام قىلىنغان بۇ ئەشيالارنى ئىككى ئاي ئىچىدە شىنجاڭغا يۆتكەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا مولوتوۋ دەرھال قوشۇلدى. شىنجاڭنىڭ ئورنى ئۈستىدە توختالغاندا شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى كېلىنىۋاتقان — ئۆلكە ئۆزىنى ئۆزى

باشقۇرۇش — سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. مەيلى شېڭ شىسەي بولسۇن، ياكى ستالىن بولسۇن، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت بولۇشى ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرىشى توغرىسىدا بىرنېمە دېيىشمىدى. شېڭ شىسەينىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرىش مەسىلىسىدە، ستالىننىڭ قارارى ۋە كۆرسىتىشىگە ئاساسەن، شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەمەس، بەلكى بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىشى توغرا تېپىلدى. شېڭ شىسەي: سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىشتىن ئىنتايىن قورقىمەن، لېكىن ستالىننىڭ بۇ قارارىغا قوشۇلماقتىن باشقا چارە يوق، دېگەنىدى. شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەنلىكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەسىرىنىڭ شىنجاڭدىكى بىر غەلىبىسى ئىدى.

## 4. جياڭ جيېشىنىڭ نارازىلىقى ۋە ھەربىي قامال

1939 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا موسكۋا گېرمانىيە ۋە ياپونىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا موسكۋا، چۇڭچىڭ، ئۈرۈمچى ۋە يەنئەننىڭ شىنجاڭدىكى مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. موسكۋانىڭ شىنجاڭدىكى ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. شىنجاڭنىڭ مەتبۇئاتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ستالىننى مەدھىيىلەشكە باشلىدى؛ شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودىسى كېڭىيىپ، سوۋېت ئىتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالدى. 1940 ـ يىلى ئۆزۈن مەزگىللىك سۆھبەتلەردىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئايروپىلان ياساش زاۋۇتىمۇ ئىش باشلىغانىدى. چۇڭچىڭ ئەسلىدە زاۋۇتنى لەنجۇدا قۇرۇش توغرىسىدا موسكۋانى

قايىل قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن موسكۋا ئۇرۇمچىنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى بىر جايىغا ياسىلىشىدا چىڭ تۇردى. 1940- يىلىدىن باشلاپ مەھسۇلات چىقىشقا باشلىغاندا، زاۋۇت نۇرغۇن 1500 ئەسكەرلەر تەرىپىدىن قوغدالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نەپەر مۇداپىئە قىسىم ئەسكەرلىرى ھەمدە تەخمىنەن 20 دانە تانكا بار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا ئىككى قوغدىنىش مۇداپىئە رايون (بىرى قۇمۇلدا) شەكىللەندۇرگەن بولدى. شەكسىزكى بۇ، شىنجاڭدىكى خىلمۇ خىل ئىشلاردا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايتتى.

چۇڭچىڭ كۈنسايىن ئۆرلەۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى زومىگەرلىكىنى چەكلەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئۇرۇنۇشلار ھېچنېمىگە دال بولمىدى. 1940 - يىلى 10 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باش ئەلچى ۋانيۇشكىن سوۋېت ھۆكۈمىتىگە چۇڭچىڭنىڭ نارازىلىقىنى يەتكۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قىسىملىرىنىڭ تەكلىپسىزلا شىنجاڭغا كىرىپ ئورۇنلاشقانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈردى. روشەنكى، بۇ، ئۈرۈمچىدىكى ئايروپىلان ياساش زاۋۇتىنىڭ قوغداش قىسىملىرىغا قارىتىلغانىدى.

چۇڭچىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لەنجۇدا كۈنسۇلخانا قۇرۇش تەلىپىنى رەت قىلدى. ۋەھالەنكى بۇ نارازىلىق ۋە رەت قىلىشلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنىڭ تېزلىك بىلەن كېڭىيىشىنى ھەرگىزمۇ چەكلىيەلمەيتتى.

1940 - يىلى 11 - ئايدا موسكۋا شىنجاڭنى پۈتۈنلەي تىزگىنلەش ئۈچۈن، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك تەدبىر قوللاندى. 1940 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شېڭ شىسەي «كان سانائىتى كېلىشىمى» ئىمزالىدى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، سوۋېتلىكلەر تەۋەلىكىدە بولىدىغان، سوۋېتلىكلەر باشقۇرىدىغان، 30 يىلغىچە شىنجاڭنىڭ

قەلەي كېنى ۋە مەدەن بايلىقىنى ئېچىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان «يېڭى يەر» شىركىتى قۇرۇلدى. «يېڭى يەر» شىركىتى ناھايىتى زور ئىقتىسادىي ھوقۇققا ئىگە بولغانلىقى سىرتىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ نازارىتىنى ۋە تىزگىنلىشىنى قوبۇل قىلمايتتى. «يېڭى يەر» شىركىتى ئوتتۇرا شەرق تۆمۈريولى ۋە جەنۇبىي مانجۇرىيە تۆمۈريولىنى ئەسكە سالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ماددىلار شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادى بىلەن بىر گەۋدە قىلىۋېتەتتى.

شېڭ شىسەي كېيىنكى چاغلاردا ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: مەن دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ كان سانائىتى كېلىشىمى ئىمزالاش تەلىپىنى چەكلىگەنىدىم، مەن ئەڭ ئاۋۋال بىرقانچە تېخنىكىلىق مەسىلە توغرىسىدا باشقىچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويغان بولساممۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى ماڭا ستالىن بۇ كېلىشىمنىڭ بىرەر ئىبارىسىگىمۇ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىنى شىڭ شىسەيدىن باشقا ھەرقانداق ئادەم كۆرۈشكە بولمايدۇ، دېگەن دېدى. شېڭ شىسەي بۇ كېلىشىمنى ياپونىيە 1915 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان «21 ماددا» غا ئوخشاتقاندا، باكۇلىن: بىز نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلمايمىز، كېلىشىم توغرىسىدا قانداق سوئال بولسا، كېلىشىمگە ئىمزا قويغاندىن كېيىن ستالىنغا بىۋاسىتە خەت يېزىڭ، دېگەن. باكۇلىن؛ ستالىننىڭ كېلىشىمنىڭ ماددىلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ئېيتىپ، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى، بولۇپمۇ تاشقى ئىشلارنى ستالىننىڭ شەخسەن ئۆزى بەلگىلەيدۇ، دەپ، شېڭ شىسەينى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشقان، شۇنىڭدىن كېيىن باكۇلىن كان سانائىتى كېلىشىمىگە قول قويۇش ـ قويماسلىق توغرىسىدا بىر قارارغا كېلىشى ئۈچۈن، شېڭ شىسەيگە بىر كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپ، ئايرىلىش ۋاقتىدا شېڭ شىسەينى ئاگاھلاندۇرۇپ: بىز سىزنىڭ ئاقىلانە، ئېھتىياتچانلىق بىلەن قارار چىقىرىشىڭىزنى

ئۈمىد قىلمىز. بۇ، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، شەخسەن سىزگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېگەن.

پارتىيە ئىنتىزامىغا ئاساسلانغاندا، بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولغان شېڭ شىسەي ستالىنىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ھەقتە باكۇلىن ئاللىبۇرۇنلا شېڭ شىسەيىنىڭ سەمىگە سالغان، بىراق، شېڭ شىسەيىنى ئەڭ ئاخىرى كېلىشىمگە قول قويۇشقا ئەكەلگىنى، مۇبادا قول قويۇشنى رەت قىلسام ئۇرۇمچى ۋە قۇمۇلدىكى سوۋېت ئارمىيىسى مېنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ، دېگەن ئەنسىرەش ئىدى. شۇڭا ئىككىنچى كۈنى باكۇلىن يېتىپ كەلگەندە، شېڭ شىسەي ناھايىتى چىرايلىق سالام- سائەت قىلىشىپ كېلىشىمگە ئىمزا قويغان. بىراق، ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە چېگرا رايون مۇداپىئە مەھكىمىسىنىڭ تامغىسىنى بېسىشنى رەت قىلىپ چۈڭچىڭنىڭ ئالاھىدە رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىنلا تامغا باسالايدىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ تۇرۇۋالغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ مۇشۇنى باھانە قىلىپ، كېلىشىمنى بىكار قىلالايتتى. شېڭ شىسەي كان سانائىتى كېلىشىمگە ئىمزا قويغاندىن كېيىن، بۇ كېلىشىمنى يەنىلا چۈڭچىڭدىن مەخپىي تۇتتى.

بىراق، جياڭ جيېشى كېلىشىمنىڭ ماددىلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنىڭ كۈنسايىن كېڭىيىۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. 1940 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا جياڭ جيېشى قاتناش مىنىستىرلىكىگە شىنجاڭ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان تاشيولنى ياساشنى توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. بۇنىڭدىن سەۋەب شۇكى، ناۋادا تاشيول پۈتسە، ھەممىلا يەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنياسىغا ئايلىناتتى. بۇ يەردە، روشەنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭنى تىزگىنلىشى كۆزدە تۇتۇلغان.

1941 - يىلى 4 - ئايدا، سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ستالىن شىنجاڭنى روشەن ھالدا ئۆزىنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. ياپونىيىنىڭ شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئۆز دۆلىتى ھۆكۈمىتىگە سۇن كېنىڭ «جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش كومىتېتى» نىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى، ئېيتىلىشىچە، شۇنىڭدىن كېيىن سۇن كېنىڭ كان بايلىقلىرىنى ئېچىش ۋە تاشيول قۇرۇلۇشى جەھەتلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسىگە تەكلىپ بېرىپ تۇرىدىغان بولغانلىقىنى دوكلات قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىر دائىرىسىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بۇ كونسۇل يەنە: شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو - سوۋېت ھەمكارلىشىپ شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى بايلىقىنى ئېچىش توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشى ئۈچۈن چۇڭچىڭغا ۋەكىللەر ئۈمىكي ئەۋەتتى، دەپ دوكلات قىلدى. بۇ ماتېرىياللار، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1940- يىلى 11 - ئايدا تۈزۈلگەن قەلەي كېنى كېلىشىمىدە بەلگىلەنگەن ھوقۇق مەسىلىسى بويىچە چۇڭچىڭ بىلەن موسكۋانىڭ 1941 - يىلى 4 - ئاي ۋە 6 - ئايلاردا سۆھبەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۇڭچىڭنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە سەۋر-تاقەت قىلىشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىنىڭ يېقىنلىشىشىنى كۆچەپ چەكلەش ھەمدە موسكۋانىڭ داۋاملىق جۇڭگوغا ياردەم بېرىشىگە كېپىللىك قىلىش بولسا كېرەك. بۇنداق سۆھبەتكە جىياڭ جيېشى راستىنلا سەۋر - تاقەت قىلغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ جىياڭ جيېشىنىڭ مىللەتچىلىك كەيپىياتىنىڭ چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

مۇبادا 1941 - يىلىنىڭ بېشىدا، ياپونىيىلىكنىڭ قىلغان

دوكلاتى توغرا بولغان بولسا، ئۇنداقتا ھەرىكەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئىزاھى، جياڭ جيېشى ئاددىي ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش جەھەتتىكى رولىنى ئىنتايىن چوڭ دەپ قارىغان. مەيلى قانداق بولسۇن، چۇڭچىڭ موسكۋا بىلەن ياپونىيىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشىنى توسۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا، جياڭ جيېشى موسكۋانى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەت بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

موسكۋا شىنجاڭنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغاندا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن شېڭ شىسەي ئوخشاشلا شەكىللىنىۋاتقان «شىنجاڭ سوۋېتى»گە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئويلىغانىدى. 1940 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1941 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە شېڭ شىسەي موسكۋاغا شىنجاڭدا سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. شېڭ شىسەينىڭ قارىشىچە، موسكۋا ئۆزىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىشەنچلىك ئاگېنتى دەپ ھېسابلىمايتتى، ئەكسىچە ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يوشۇرۇن قارا قولىغا ئۇچراپ قېلىشىدىن ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ چەتكە قېقىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەمەلىيەتتە، 1939 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستلىرى 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي بىلەن تۈزگەن كېلىشىمدىن يۈز ئۆرۈپ، شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ تەشكىلىنى كېڭەيتىشكە باشلىغانىدى. 1941 ـ يىلى 4- ئايغا كەلگەندە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئورگان گېزىتى — «شىنجاڭ گېزىتى» يەنە كىنايە قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.

1939 ـ يىلىدىن 1941 ـ يىلىغىچە موسكۋا، شېڭ شىسەي ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەت ۋە ئۇلارنىڭ تۇراقسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان

ستراتېگىيىسى شىنجاڭ مەسىلىسىنى بارغانسېرى تۇراقسىزلاندۇرۇۋەتتى. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭدا مەسىلىنىڭ ماھىيىتى، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ خەرىتىسىگە كىرەمدۇ ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قاتارىغا كىرەمدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. روشەنكى، ستالىن شىنجاڭنى ئۆزى تەرەپكە تارتىشنى ئويلىسا، ماۋ زېدۇڭ بىپايان كەڭ زېمىن شىنجاڭنى جۇڭگو ئىنقىلابىنى ئۇلغايتىشنىڭ كۈچىگە ئايلاندۇرۇشنى ھەمدە بۇ بۇرچىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەدىتى ئاستىدا ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى.

1940 - يىلى ۋە 1941 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭ توغرىسىدىكى قاراشلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى رولى يەنئەننىڭ تەشۋىقاتىدا خېلى ئورۇن تۇتقانىدى. خۇددى بىز بەشىنچى بابتا كۆرۈپ ئۆتكەندەك، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ پولشىنىڭ شەرقىي قىسمىنى، بىسارابىيىنى، بوكوۋىنا، لىتۋا، لاتۋىيە، ئېستونىيە ۋە فىنلاندىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلارنى «ئازاد» قىلىشتا ئوينىغان «ئىنقىلابىي رولى»نى مەدھىيىلىگەن. شىنجاڭنى كۆپ جەھەتلەردە بۇ رايونلارغا سېلىشتۇرغىلى بولاتتى، خۇددى بۇ رايونلارغا ئوخشاش، ئۇمۇ تارىختا روسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايلانغانىدى. يەنئەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا قىلغان ياردىمىنىڭ رولى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇلار نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەسكە ئېلىشى مۇمكىن. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئارىلىشىشى بولسا ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا ھوقۇق تۇتۇشىغا پايدىلىق ۋە شىنجاڭنىڭ بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، چۇڭچىڭ بىلەن بولغان كۈرەشنى كۈچەيتىشىگە ئىمكانىيەت تۇغدۇراتتى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىدىكى بىر ئەمەلدارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ۋاڭ مىڭ لۇشيەنى كومپارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى تەشكىلاتىنىڭ تولۇق

تەرەققىي قىلالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋاڭ مىڭ ھەمىشە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇپ ئىشلىتىلگەن. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى (قومۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىم ۋە ئۈرۈمچىدىكى ئايروپىلان زاۋۇتى) بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسىدىكى كۈچىنى قوشقاندا، شېڭ شىسەينىڭ ئارمىيىسى بىلەن سان جەھەتتە ئوخشاش تۇرغاندىن باشقا، جەڭگىۋارلىقىمۇ شېڭ شىسەينىڭ قىسىملىرىدىن ئارتۇق ئىدى؛ مۇشۇنداق ئەھۋالدا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدا پارتىيە تەشكىلاتىنى تولۇق تەرەققىي قىلدۇرالمىغانلىقى بىر خاتالىق ئىدى، چۈنكى بۇ خاتالىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بىرلىك سەپنى بۇزۇشىنى ۋە تۇرغۇنلىغان كوممۇنىستلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى ۋە ئۆلتۈرۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؛ ۋەجدانەن ئېيتقاندا، سوۋېت ئارمىيىسى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئەسلىدە شېڭ شىسەينىڭ قولىدىن ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. بۇ خىل كۆز قاراش 1939 — 1940 - يىللىرى ئارىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ كۆز قارىشىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە. ستالىن شېڭ شىسەينى قوغلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ ستالىننىڭ ماۋ زېدۇڭنى «شىنجاڭ سوۋېتى»غا رەھبەر قىلىپ تاللىشى ناتايىن ئىدى. شۇڭا ماۋ زېدۇڭمۇ، شېڭ شىسەيگە ئوخشاش ستالىننىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇمكىنقەدەر تىرىشاتتى.

## 5. چوڭ مىلىتارىستىنىڭ پۇشايمىنى

گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىشى ھەممىدە ئۆزگىرىش ياسىدى. بۇرۇن موسكۋانىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچى چۇڭچىڭنىڭ كۈچىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەقەت جۇڭگو مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلغۇدەكلا بولسا، ئۇ ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا تېچلىقنىڭ بوستانى بولۇپ بېرەتتى. شۇڭا موسكۋا شىنجاڭدا چۇڭچىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ تىزگىنلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. لېكىن، گىتلېرنىڭ قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. ئەمدى موسكۋا پەقەت ئاز مىقداردىكى ھەربىي قىسىمنى شىنجاڭغا يۆتكەپ، ھەرقانداق بەدەل بېرىشتىن ئايانماي، كۈچىنىڭ بارىچە، جۇڭگو بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلاندى. 1941- يىلى 12 - ئايدا ئامېرىكا - ياپونىيە ئۇرۇشى پارتلاپ، جياڭ جيېشىنى شىنجاڭدا تېخىمۇ قاتتىق ھەرىكەت قوللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ مەزگىلدە ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدىن يىراقتىكى شىنجاڭغا ئەسكەر يۆتكەش، جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەمدى ھايات - ماماتلىق ئىش بولۇشتىن قالغانىدى. شۇڭا، 1942 - يىلىدىن 1943 - يىلىغىچە چۇڭچىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى تۈپتىن تازىلىماقچى بولدى. خۇددى 1940 - يىلى موسكۋا چۇڭچىڭنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا تەسىرىنى كېڭەيتكەندەك، چۇڭچىڭمۇ 1942 — 1943 - يىللار ئارىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىرىزىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى تۈپتىن

تازىلىماقچى بولدى. موسكۋا ئەپلەپ - سەپلەپ چۈگچىگىنىڭ نەزەرىنى بۇرىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇتۇق قازىنالمىدى. 1943 - يىلى باھاردا موسكۋا قولىنى بوشىتىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولغاندا، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى بۇرۇنقى ئىككى يىلغا تۇپتىن ئوخشاشماي قالغانىدى.

1941 - يىلىنىڭ ئاخىرى گېرمانىيە ئارمىيىسى موسكۋاغا يۇرۇش قىلغاندا، شېڭ شىسەي ئەھۋالنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، دەرھال چۇگچىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى. شېڭ شىسەينىڭ مەۋقەسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئەڭ بۇرۇن سەزگەن كىشى جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشقا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ھەربىي ئەمەلدارى گۇ دېچۇەن ئىدى. 1941 - يىلى 12 - ئايدا ئۇ موسكۋاغا كېتىۋېتىپ ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەندە، شېڭ شىسەي ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ جياڭ جيېشىنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن گۇ دېچۇەن جياڭ جيېشىنىڭ يېقىندا ئامېرىكا، ئەنگلىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنىڭ مۇھىملىقىنى ھەدەپ كۆككە كۆتۈردى. گۇ دېچۇەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپلا جياڭ جيېشىغا تېلېگراممىا بېرىپ، شېڭ شىسەينىڭ مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بەردى.

جياڭ جيېشى تېزلىك بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇپ، 1942 - يىلى 3 - ئايدا 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭنى ئۈرۈمچىگە شېڭ شىسەي بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتى. سۆھبەتتە ئىلگىرىلەش بولدى. تەبىئىي بايلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋېڭ ۋېنخاۋ جۇ شاۋلياڭغا ھەمراھ بولۇپ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شېڭ شىسەي بىلەن ئىچكىرىلەپ سۆھبەت ئېلىپ باردى. ئۈرۈمچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل گېزىت - ژۇرناللار تەكشۈرۈلۈپ تەقىب قىلىندى، جاھانگىرلىككە قارشى سولچىل

جەمئىيەتلەر بىكار قىلىندى. سوۋېت ئىتتىپاقىنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىش ستراتېگىيىسى مەسىلىسىدە جۇشاۋلياڭ بىلەن شېڭ شىسەي تېزلا بىردەك كۆز قاراشقا كەلدى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەلەپ قويىدىغان ھەممە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ مۇناسىۋىتىدە سوغاقچىلىق پەيدا قىلىدىغان بولدى. ئارقىدىنلا چۆچەك تالاش - تارتىشىنى ياراشتۇرۇپ، بۇنداق كۆڭۈلسىز ئەھۋاللارغا مەسئۇل بولمايدىغانلىقىنى جاكارلىماقچى بولدى، شۇنداقلا چۆچەك ئەگەر موسكۋا چۆچەك بىلەن بىۋاستە ئالاقىدە بولسا، بۇنداق مەسىلىلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دېگەندە چىڭ تۇرماقچى بولدى، بۇنداق بولغاندا چۆچەك ئۇ تەرەپمۇ، بۇ تەرەپمۇ بولمايدىغان دوستانە پوزىتسىيىسىنى ساقلاپ قالىدۇ؛ شېڭ شىسەي موسكۋاغا داۋاملىق بېسىم ئىشلىتىدۇ؛ چۆچەك بىلەن موسكۋانىڭ مۇناسىۋىتى مۇشۇ سەۋەبتىن، مەلۇم دەرىجىدە ئۈرۈمچىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشىدىن پەيدا بولغان يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىنىپ قالالايدۇ.

1942 - يىلى باھار ۋە يازدا گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇرۇش كەسكىنلەشتى، سوۋېت ئىتتىپاقى قەدەممۇ قەدەم چېكىنىشكە باشلىدى. سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىدىغان بولغاچقا، شىنجاڭدا كۈچ كۆرسىتىۋاتقان ھەر خىل كۈچلەر سوۋېت - گېرمان ئالدىنقى سېپىگە يېقىندىن دىققەت قىلماقتا ئىدى. 1942 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى «ستالىنگراد ھۇجۇمى» نى قوزغاپ، گېرمانىيىنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. لېكىن ئۈچ كۈندىن كېيىن سوۋېت ئارمىيىسى توختاپ قالدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى بىر ئاي ئىچىدە پۈتۈن قىرىم يېرىم ئارىلىنى ئىشغال قىلىپ،

سېۋاستوپولغا ئىلگىرىلىدى. ئۇرۇشتا گېرمانىيە ئارمىيىسى 100 مىڭ نەپەر سوۋېت ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالدى. 200 تانكىسىنى غەنىيمەت ئالدى. 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئارمىيىسى ئىككىنچى باسقۇچلۇق ھۇجۇمنى قوزغاپ، ۋولخوۋ دەرياسى بويىدىكى ئىستىھكاملارغا يۈرۈش قىلدى. بۇ ئۇرۇشقا 1938 - يىلى جۇڭگودا خىزمەت ئۆتىگەن گېنېرال ۋازوۋ قوماندانلىق قىلغانىدى. قىزىل ئارمىيە گېرمانىيىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن تېزلا توختىتىۋېلىپ، ئاخىرىدا گېرمانىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن قورشىۋېلىندى. 5 - ئاينىڭ 12- كۈنى سوۋېت ئارمىيىسى ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، مارشال تىموشىنكو رەھبەرلىكىدىكى ئارمىيە خاركوۋنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا ھۇجۇمغا ئۆتتى. تىموشىنكونىڭ جەنۇبىي يول ئارمىيىسى رومىنىيىنىڭ ئاجىز دېۋىزىيىلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، غەربكە 113 كىلومېتىر ئىلگىرىلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شىمالىي يول ئارمىيىسى توختاپ قالدى. 5 - ئاينىڭ 18 -- كۈنى گېرمانىيە ئارمىيىسى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئاۋانگارد قىسىملىرىنىڭ جەنۇبىي قانىتىغا ھۇجۇم قىلىپ، 5 - ئاينىڭ 23- كۈنى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئاۋانگارت قىسىملىرىنى قامال قىلدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ 240 مىڭ ئادىمىنى يوقاتقانلىقىنى، 1200 تانكىسىنى غەنىيمەت ئالغانلىقىنى جاكارلىدى. 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى گېرمانىيە ئارمىيىسى ئەتىياز پەسىللىك ھۇجۇم قوزغاپ، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، ئۇكرائىنا تۈزلەڭلىكىدىن ئۆتۈپ، دون ۋە ۋولگا دەريالىرىنى بويلاپ ئىلگىرىلىدى. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قوغدىغۇچى قىسمى ئىچىدە 1 - قىسىم 24 سائەت ئىچىدە پۈتۈنلەي يوقىتىلدى، قالغان ئىككى قىسىم ئالمان - تالمان شەرققە چېكىندى، تىرىپىرەن بولدى، ئۇلارنىڭ قوماندانلىق تۈزۈلمىسى دېۋىزىيىگە، دېۋىزىيىدىن بىرىگادىغا،

بىرىگادىدىن پولكقا چۈشۈپ قالدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى ئوت كۈچى جەھەتتە ئۈستۈن تۇرغانلىقتىن، 7 ـ ئايغا كەلگەندە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى دونبېس ئېقىمىدىكى كۆمۈر سانائىتى مەركىزىدىن بار كۈچ بىلەن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

بۇ خىل قاراڭغۇ ۋەزىيەت ئاستىدىمۇ موسكۋا يەنىلا شېڭ شىسەينىڭ بېسىمى ۋە تەلىپىگە تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. 1942 ـ يىلى شېڭ شىسەينىڭ ئىنىسى شېڭ شىچى ئۆلتۈرۈلدى. شېڭ شىسەي بۇنى باھانە قىلىپ، تەخمىنەن 300 نەپەر سوۋېت كىشىسىنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قولغا ئالدى. 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شېڭ شىسەي مولوتوۋغا خەت يېزىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلى باكولىن ۋە ئاساسلىق ھەربىي مەسلىھەتچى راتوۋ ئىنىمنى مەخپىي ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىگە قاتناشقان. بۇ، شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇشنىڭ بىر قىسمى، دەپ شىكايەت قىلدى. شېڭ شىسەي يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى، مەسىلەن، شىنجاڭدا نېفىت قېزىش (دەل بىز باشتا كۆرۈپ ئۆتكەندەك، 1935 ـ يىلى ئاغزاكى كېلىشىم بويىچە قېزىلغان) قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارى ۋىلادىمىر دىكانىزوۋ (ئۇ تەجرىبىگە باي ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارى ئىدى) ئۈرۈمچىگە كېلىپ، پوپوزا ۋە ساخاۋەت ئارىلاشقان ئۇسۇلنى قوللىنىپ، نېفىت قېزىش مەسىلىسى بويىچە شېڭ شىسەينىڭ مەيدانىنى ئۆزگەرتىشكە ئېرىشتۇردى. دىكانىزوۋنىڭ نىشانى، بىرىنچىدىن، نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئۆستۈرۈش ھەمدە رەسمىي كېلىشىمگە ئىمزا قويۇش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا مەۋجۇتلۇقىنى قانۇنلاشتۇرۇش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن دىكانىزوۋ مولوتوۋنىڭ — شىنجاڭ

نېفىتلىكىنى ئېچىش تەكلىپىنى مەزمۇن قىلغان بىر پارچە خېتىنىمۇ ئالغاچ كەلگەنىدى. مولوتوۋ خېتىدە نېفىتلىكنى ھەقىقىي بىرلىشىپ ئېچىش، ئورتاق باشقۇرۇش ۋە مەھسۇلاتنىڭ تەركىبىنى كۆپەيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنتايىن مۆتىدىل بىر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. تەكلىپ قانچە مۆتىدىل بولمىسۇن، بەرىبىر مولوتوۋ تەكلىپىنىڭ ماھىيىتى ئۇرۇمچى بىلەن چۆگۈچەكنىڭ يېقىنلىشىشىدىن ساقلىنىشنى چۆشەندۇرۇپ بېرەتتى. ئۇ يەنە بۇ نېفىتلىكتىن چىققان نېفىت بىلەن قىزىل ئارمىيىنى تەمىنلەيدىغانلىقى توغرىسىدا كېپىللىك بەرگەن. بۇ توغرىدا تۆۋەندە توختىلىمىز.

7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى شېڭ شىسەي مولوتوۋنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ تارىخىغا ئالاقىدار يېزىلغان ئىككىنچى پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە، شېڭ شىسەينىڭ ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇش سۇيىقەستىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلاشقانلىقى توغرىسىدىكى ئەيىبلىشىنى مولوتوۋ ئىنكار قىلىپ: «قىلچە ئاساسى يوق غەرەزلىك تۆھمەت» دېگەنىدى. مولوتوۋ يەنە شېڭ شىسەينى سىزنىڭ «چەكلەش سىياسىتى» تېز شىنجاڭنى كىرىزىسكە ئېلىپ بارىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرغان ھەمدە بۇ، جاھانگىر ئاگېنتلىرىنىڭ شېڭ شىسەينىڭ سىياسىتىگە سىڭىپ كىرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارىغانىدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا شېڭ شىسەينىڭ ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلىرى يەنى 1934 ـ يىلى شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇش توغرىسىدا سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قويغان تەكلىپى، 1941 ـ يىلى شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن مۇستەقىل سوۋېت دۆلىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپى؛ 1936 ـ يىلى شىئەن ۋەقەسى روي بېرىپ جياڭ جيېشى تۇتۇلغاندا ئۇنىڭ ئاسىي گېنېرال جاڭ شۆلياڭنى قوللىغانلىقى قاتارلىق خاتالىقلىرى

ساناپ كۆرسىتىلىپ، شېڭ شىسەيگە پوپوزا قىلىنغان. بۇ خاتالىقلار، روشەنكى، ئۇنىڭ جياڭ جيېشىغا سادىق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايتتى. ئەڭ ئاخىرىدا مولوتوۋ: سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەلەردىن خۇلاسە چىقىرىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا لايىھىسى توغرىسىدا ئىزدىنىپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مولوتوۋنىڭ ئەيىبلىشىنىڭ مەنىسى، جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينىڭ ئۆتكەندىكى ھەرىكەتلىرىگە تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

7 ـ ئايدا دىكانىزوۋ شېڭ شىسەي بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇچراشتى. شېڭ شىسەي بۇنى ئەسلەپ، تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا دىكانىزوۋنىڭ ئۆتكەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا، شېڭ شىسەيگە كۆپ قېتىم ياردەم بەرگەنلىكىنى ئەسكە ئېلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغانلىقىنى، شېڭ شىسەينىڭ بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ماركسىزملىق ئېتىقادتا تەۋرەنمەي تۇرۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا سەمىگە سالغانلىقىنى تىلغا ئالغاندى. شېڭ شىسەي بۇنىڭغا جاۋابەن: ستالىننىڭ ماڭا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ۋە شىنجاڭدا ئىشلىگەن ئەھمىيەتلىك خىزمەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم، شۇنداقلا ستالىننىڭ جىنايەتلىرىنىمۇ يەنى تەڭسىز قەلەي كېنى شەرتنامىسىنى مەجبۇرىي تېڭىش ۋە يېقىندا مېنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش بولغان سۇيىقەستىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم دېگەن. بۇنىڭغا ئۇلاپلا شېڭ شىسەي ماركسىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغان، ستالىننىڭ دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ستالىن ئاسىيا خەلقىغە ياردەم بېرىش سىياسىتىنى تاجاۋۇز قىلىش سىياسىتىگە ئۆزگەرتتى دەپ ئەيىبلىگەن، دىكانىزوۋ بۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ: قەلەي كېنى كېلىشىمى

فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر، «مېنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىمنىڭ . . سىزگە ۋە شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا زور مۇناسىۋىتى بار، بۇ ئۇچرىشىش، بىر تەرەپتىن، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسىتى، ئوخشاشلا ستالىن بىلەن جانابلىرىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسىتى» دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

ئۈچىنچى قېتىم ئۇچرىشىشتا دىكانىزوۋ ئاشكارا تەھدىت ۋە پوپوزا ئارقىلىق شىڭ شىسەيگە تەسىر كۆرسەتمەكچى بولغان، دىكانىزوۋ ئاگاھلاندۇرۇپ: شىڭ شىسەي، سىز بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، بولشېۋىكلار پارتىيە ئەزالىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئالاھىدە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىدىن ئايرىلىپ، ماركسىزمغا ھۇجۇم قىلىشقا يول قويمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن جازالىنىدىغانلىقىڭىزنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، بۇنىڭدىن بۇرۇن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جياڭ جيېشى بىلەن قارشىلىشىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىنىڭىزنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ، دېگەن. بۇنىڭغا ئۇلاپلا دىكانىزوۋ 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مولوتوۋ خېتىمدە تىلغان ئالغان، شىڭ شىسەينىڭ كىشىنى تەڭقىسلىقتا قالدۇرىدىغان قىلمىشلىرىنىمۇ ساناپ ئۆتكەن. دىكانىزوۋ شىڭ شىسەينى ئاگاھلاندۇرۇپ: مۇبادا مەيدانىڭىزنى ئۆزگەرتمىسىڭىز، بۇ خىل ھەرىكەتلەر سىياسىي ئىستىقبالىڭىزنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، دېگەن. شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەزى ئەيىبلەشلىرىگە رەددىيە بەرمەكچى بولغانۇ، ئاخىرى يەنىلا بۇ ئەيىبلەشلەرنى قوبۇل قىلغان. دىكانىزوۋ بۇ مەمەدانلىق بىلەن تولغان ئاخباراتنى چۇڭچىڭغا يەتكۈزگەن. شىڭ شىسەي: مېنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە كىرگەنلىكىمنى جياڭ جيېشى بىلىدۇ، دىكانىزوۋ مىسال كەلتۈرگەن پائالىيەتلىرىم مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن، ئۇلار

كوممۇنىزملىق كۆز قاراش بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ماركسىزمدىن ۋاز كېچىپ سۇن جۇڭشەننىڭ ئۈچ مەسلىكىگە قايتقانلىقىمۇ جىياڭ جيېشىغا مەلۇم، دېگەن ھەمدە ئەڭ مۇھىمى، كەلگۈسىدە مەن گومىنداڭنىڭ مەسلىھەتىگە ۋە بۇيرۇقىغا سادىق بولىمەن، دېگەن. دىكانىزوۋ شىڭ شىسەينىڭ ئويىنى ئۆزگەرتىشكە چارىسىزلىقىنى بىلىپ، ئايرىلىدىغان چاغدا شىڭ شىسەيگە: قايسى ۋاقىتتا ماڭا ھاجىتىڭىز چۈشسە، شۇ ھامان شىنجاڭغا يېتىپ كېلىمەن، دېگەن.

موسكۋا جىياڭ جيېشىغا شىڭ شىسەينى ئەيىبلەيدىغان ئاخباراتلارنى توختاتماي يەتكۈزۈپ تۇرغان. موسكۋا: جىياڭ جيېشى شىڭ شىسەينىڭ بۇرۇنقى سوۋېتپەرەسلىكىنى بىلىپ قالىدىغانلا بولسا، شىڭ شىسەيگە ئىشەنمەي، ئورنىدىن يۆتكەپ كېتىدۇ، دەپ قىياس قىلاتتى. شىڭ شىسەي بۇ ئىلىشىشتا مەيداننى كېچىكىپ ئۆزگەرتكەنلىكىنى، ئەسلىدە ژىكانىزوۋنى ئۇرۇمچىگە چاقىرتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۈشىنىشىنى ۋە قوللىشىنى تەلەپ قىلىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇنىڭ بۇنداق قىلماسلىقىدىكى سەۋەب، جىياڭ جيېشى ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى يېنىكلىكىنى مەلۇم جەھەتتىن ئەپۇ قىلغانىدى.

باش ئەلچى ۋانيۇشكىن 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جىياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشىدۇ. باش ئەلچى بۇ كۆرۈشۈشنى ئىزاھلاپ كېلىپ، يېقىندا شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئاقىلانە بولمىغان ھەرىكەتلەرنى قوللانغانلىقتىن، ستالىن ماڭا جىياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈشنى تاپشۇردى، دېگەن. ئارقىدىنلا ۋانيۇشكىن مولوتوۋنىڭ 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى شىڭ شىسەيگە يازغان خېتىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى جىياڭ جيېشىغا تاپشۇرۇپ، بۇ خەتنى ئاشكارىلاش سەۋەبىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى، شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەمدە ئۆزىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە قانداق ھەرىكەتتە

بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. ۋانىيۇشكىن: ئىنتايىن ئېنىقكى، ھەرىكەتلەرنى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ باشقۇرۇۋاتقانلار «دۈشمەننىڭ جاسۇسلىرى» دېدى. ۋانىيۇشكىن جياڭ جيېشىدىن بۇ مەسىلە توغرىسىدا «ئەڭ ئاخىرقى قارار»نى چىقىرىشنى تەلەپ قىلغاندا، جياڭ جيېشى پەرۋامۇ قىلمىدى، ۋانىيۇشكىن بىلەن بولغان كۆرۈشۈش ئاخىرلاشقاندا جياڭ جيېشى: «شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى سوۋېت دۆلىتىڭلار ھۆكۈمىتى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىشى، يەرلىك باشلىق (شېڭ شىسەي) بىلەن ئېلىپ بېرىلماسلىقى كېرەك» دەپ تەكىتلىدى.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينىڭ ئۇزۇن يېزىلغان ئۆزىنى تەكشۈرۈش خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. شېڭ شىسەي خېتىدە، موسكۋانىڭ كېلەر قېتىملىق ھەرىكىتىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەندىن باشقا، جياڭ جيېشىغا ئەھۋاللارغا بولغان ئوخشاشمىغان كۆز قارىشىنى ئىزھار قىلغانىدى. بۇ خەتتە شېڭ شىسەي مولوتوۋنىڭ خېتىدە تەسۋىرلەنگەن ھەرىكەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى سوۋېتپەرەسلىك، كوممۇنىستپەرەسلىك خاھىشىنى ئېتىراپ قىلىپ، جياڭ جيېشىغا بۇلار ئەمدى ئۆتمۈشتىكى ئىشلار دەپ كاپالەت بەرگەن. ئۇ يەنە خېتىدە ئۇنىڭ دوستلۇق ھەرىكىتىگە موسكۋانىڭ ياخشى ئىنكاس قايتۇرماي، ئەكسىچە تەكرار چاتاق پەيدا قىلغانلىقىنى، يەنە يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شېڭ شىسەينى ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى پىلانلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى رەھبەرلىكىدىكى سوۋېتلەر ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ يەنە جياڭ جيېشىغا جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭنى تىزگىنلەپ بازا قىلىپ،

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش غەرىزىنى ھەم سۆزلەپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ بولشېۋىكلار پارتىيىگە ئەزا بولغانلىقىنى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1940- يىلى قەلەي كېنى شەرتنامىسىگە ئىمزا قويغانلىقىنىمۇ بايان قىلغان. ئۆزىنىڭ بۇلاردىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەقىقىي جاھانگىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى، ماركسىزمنىڭ ۋىۋىسكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، تاجاۋۇزچىلىق ماھىيىتىنى يوشۇرغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنىمۇ ئېيتقان. شىڭ شىسەي خېتىنىڭ ئاخىرىدا ئۈچ مەسىلىككە ئىشىنىدىغانلىقىنى، گومىنداڭ ۋە جياڭ جيېشى ھەمدە گومىن ھۆكۈمىتىگە سادىق بولۇشقا قەسەم بەرگەنلىكىنى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەرقانداق ھەمكارلىقتىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى يەنى ۋانيۇشكىن مولوتوۋ يازغان خەتنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى جياڭ جيېشىغا تاپشۇرۇپ 55 كۈن ياكى جياڭ جيېشى شىڭ شىسەينىڭ تۆۋەنامىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن (بۇ چاغدا گېرمانىيە ئارمىيىسى ۋولگا دەرياسى بويلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىغان بولۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى) چۇڭچىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنى چاقىرىپ، شىنجاڭغا قاراتقان سىياسەتنى بەلگىلىدى. ھەربىي - سىياسىي مىنىستىر خې يىڭچىڭ يىغىنغا تاپشۇرغان، ئۇزۇن يېزىلغان بىر پارچە ئەسلەتمىسىدە جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ كەلگۈسى ستراتېگىيىسىنى شەرھلىگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە چۇڭچىڭنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياستى ئاساسىي جەھەتتىن خې يىڭچىڭنىڭ لايىھىسى بىلەن بىردەك بولغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، تۆۋەندە بۇ لايىھىنى ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتۇق.

خې يىڭچىننىڭ لايىھىسىگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگو نۆۋەتتىكى جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقلاشقان مەزگىلدە شىنجاڭدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك. بىراق، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇنداق نىشاننى پەقەت بىۋاستە شېڭ شىسەي ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇش، بۇنىڭدا چۇڭچىڭ شېڭ شىسەينى قوللاپ، ئۇنى تەدرىجىي مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆزىنى بوياپ، موسكۋانىڭ شىنجاڭغا قاراتقان ستراتېگىيىسىنى پەسلىتىپ، جۇڭگونىڭ گەنسۇ، چىڭخەي، شىزاڭ قاتارلىق جايلاردا قوشۇن توپلىۋېلىشى ئۈچۈن ۋاقىت بېرىش كېرەك ئىدى.

خې يىڭچىننىڭ لايىھىسىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭنى ئىككى قەدەم بىلەن قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئىدى: بىرىنچى قەدەمدە جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋاملىق «ئىناق قوشنىدارچىلىق» سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، «تەدبىر» ئىشلىتىپ، موسكۋانىڭ شىنجاڭدا «كەسكىن تەدبىر» قوللىنىشىنىڭ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى ھەربىي كۈچ ئارقىلىق ئىشغال قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك ئىدى. خې يىڭچىننىڭ ئەسلەتمىسىگە ئاساسلانغاندا، موسكۋانىڭ نىشانى — شىنجاڭنى قوشۇۋېلىش، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇنداق قىلىشقا قۇدرىتى يېتىدۇ، ۋەھالەنكى، ھەربىي ۋاستىنى ئۇچۇق ئىشلەتكەندە ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا جەھەتتە موسكۋاغا پايدىسىز بولىدۇ. شۇڭلاشقا موسكۋا ئايلانما ئۇسۇلنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ، مەسىلەن، شېڭ شىسەيگە پوپوزا قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا ئۇرۇنۇش، ۋەھاكازا. بۇنىڭ ئەكسىچە، موسكۋا شېڭ شىسەينى چۇڭچىڭدىن يىراقلاشتۇرۇپ، شېڭ شىسەي يېتىم قالغان ھامان ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ، باشقا بىر قورچاقنى

تىكلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىجاڭدىكى مەنپەئىتىنى قوغداشنى ئويلايتتى. ئەمما، جۇڭچىڭ ستراتېگىيىسىنى مۇۋاپىق ئىشلىتەلىسىلا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شېڭ شىسەيگە ئىشلەتكەن بېسىمىدىن پايدىلىنىپ ياخشىلىقىقا ئېرىشەلەيتتى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورقاتتى، شۇڭا ئۇ پەقەت مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مەدىتى ئارقىلىقلا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلىشالايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن چۇڭچىڭ شېڭ شىسەينىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەي بىلەن مەسلىھەتلىشىشى، شېڭ شىسەي قوشۇلغان ھامان كادىر ياكى «مەخپىي ۋەكىل»لەرنى شىنجاڭغا ئەۋەتىشى كېرەك ئىدى. خې يىڭچىڭ داۋاملاشتۇرۇپ: شېڭ شىسەي بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلىشىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۇمانىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ، بىراق چۇڭچىڭ ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرسىلا، موسكۋا «زوراۋانلىق قىلىشقا پېتىنالمايدۇ» دېگەن. ئۇ يەنە جىددىي تەدبىرلەر ئارقىلىق موسكۋانىڭ كۆزىنى بوياشنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ موسكۋا مولوتوۋنىڭ يازغان خېتىنى چۇڭچىڭغا ئەۋەتىپ بەردى. چۇڭچىڭ بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىللە، خەتتە تىلغا ئېلىنغان ئىشلارنى شېڭ شىسەينىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشى كېرەك، دەپ قارايتتى. چۇڭچىڭ شېڭ شىسەينىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدىكى پوزىتسىيىسى توغرىسىدا توختىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ مەسىلىنى تىلغا ئالغان ھامان، جۇڭگو ئەمەلدارلىرى بىز بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتىمىز، دېيىشى كېرەك. چۇڭچىڭ ئۆزىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىغا موسكۋانى ئىشەندۈرۈشى

ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان «كۆڭۈلسىز ئەھۋاللار» پەقەت موسكۋانىڭ ئۇرۇمچى بىلەن بىۋاسىتە سۆھبەت ئۆتكۈزگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. كەلگۈسىدە بۇ مەسىلىلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداشلىقىنى چىقىش قىلىپ، شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك دىپلوماتىك ئىشلارنى «مۇۋاپىق يوللار» ئارقىلىق، يەنى چۇڭچىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىش لازىم. بۇنداق سۆھبەت ئېلىپ بېرىشتا، مەخسۇس دىپلوماتىك ئەلچىلەرنى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىڭ شىسەيگە ئىشلەتكەن بىۋاسىتە بېسىمىنى ئازايتىشى كېرەك. جۇڭگو يول تېپىپ ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ۋەكىللىرىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرىكەتلىرىدە «ئەندىشە ۋە جىددىيلىك پەيدا قىلىشى» كېرەك. چۇڭچىڭ يېقىن ئەتراپتىكى كان رايونلىرىنى قوغداشنى باھانە قىلىپ، گەنسۇنىڭ غەربىدىكى يۇمېندە بىر دىۋىزىيە، شىنجاڭدىكى ئايروپىلان زاۋۇتىنى قوغداشنى باھانە قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر دىۋىزىيە ئەسكەر تۇرغۇزۇشى لازىم.

سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە ۋە ياپونىيە تەرىپىدىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇچراپ، مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەندە، خې يىڭچىڭ لايىھىسىنىڭ ئىككىنچى قەدىمى، يەنى جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەمەلىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولغا قويۇلۇشى كېرەك. خې يىڭچىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ياپونىيە قاراقچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلسا، ياكى گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەغلۇپ قىلسا، ياكى بىزنىڭ تەرەققىياتىمىزغا تېخىمۇ پايدىلىق بولغان خەلقئارا ۋەزىيەت بارلىققا كەلسە، ئۇ ھالدا جۇڭگو دىپلوماتىيىدىكى چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆز

لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم. شۇ چاغدا، جۇڭگو ئوتتۇرىغا قويىدىغان دىپلوماتىيىدىكى چىگىش مەسىلىلەر: مانجۇرىيە ۋە موڭغۇلىيە قورچاق ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشنى بىكار قىلىش؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قوللاش مەسىلىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىن چېكىنىپ چىقىش مەسىلىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرى شىنجاڭغا كىرىپ، «بارلىق مۇقىمسىز ئامىللار»نى تازىلاپ، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى. خې يىڭچىڭ ئاگاھلاندۇرۇپ: سوۋېت ئىتتىپاقى يامان ئاقىۋەتكە قېلىشتىن ئىلگىرى جۇڭگونىڭ نىشانىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىقى كېرەك، سوۋېت ئىتتىپاقى تېخى قورال ئىشلىتىپ شىنجاڭنى ئۆزىگە قوشۇۋالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر خىل ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن مەركىزىي ھۆكۈمەت نۆۋەتتە شېڭ شىسەيگە بىۋاسىتە ياردەم بەرمەسلىكى ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىن چېكىنىشىنى تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەغلۇبىيەتنىڭ گىرۋىكىگە كەلمەي تۇرۇپ، بۇ تەلەپلەرگە «پەرۋا قىلمايدۇ» دەيدۇ.

چۇڭچىڭ دەرھال قول سېلىپ، خې يىڭچىڭنىڭ لايىھىسىنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى. خې يىڭچىڭ ئەسلەتمىنى ئوتتۇرىغا قويغان كۈنى، جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينى ئورنىدا قالدۇرۇشنى ھەمدە شىنجاڭ مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا مۇرەسسەگە ئورۇن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. جياڭ جيېشى خاتىرە دەپتىرىگە: گەرچە ئۇرۇش مەزگىلىدە بۇنداق قىلىش ئانچە مۇمكىن بولمىسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا توپىلاڭ قوزغاپ، شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇشىدىن ھوشيار بولۇش لازىم، دەپ يازغان. ئۇ يەنە پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن

ياپونىيە ئۆزئارا تىنچ ئۆتسىلا، ئۆزىنىڭ شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قوللايدىغانلىقى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئۇزۇل-كېسىل ھەل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ يازغان.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەلچىسى ۋانيۇشكىننى يەنە بىر قېتىم چاقىرتىپ كۆرۈشۈپ، خې يىڭچىڭ لايىھىسىدىكى قەدەم - باسقۇچلارنى ئەمەلىيلەشتۈردى: ۋانيۇشكىننىڭ مولوتوۋنىڭ شىڭ شىسەيگە يازغان خېتىنى يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا يەنە شىڭ شىسەينىڭ خەتتە ئىنكاس قىلىنغان ئەھۋاللارنى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ، جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ مۇھىم كۆز قارىشىنىڭ، يەنى ئۆتمۈشتىكى «ئۇقۇشماسلىق» نىڭ قايتا تەكرارلانماسلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەسىلىلەردە شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمەتلىرى ئەمەس، بەلكى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمەتلىرى سۆھبەتلىشىشى كېرەك. بۇ سۆھبەتلەر باراۋەرلىك، سەمىمىيلىك ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بولغاچقا، بارلىق مەسىلىلەر بەربىر ئادىل ۋە تىنچ ھەل بولۇپ كېتىدۇ، دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. جياڭ جيېشى، سۆھبەتكە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، ۋېن ۋېنخاۋنى ئىقتىسادىي مەسىلىلەردە سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەنلىكىنىمۇ باش ئەلچى ۋانيۇشكىنغا ئۇقتۇرۇپ قويدى. جياڭ جيېشى شۇ قاتاردا مولوتوۋنىڭ شىڭ شىسەينى دۈشمەننىڭ جاسۇسى، خىزمىتىدىن قالدۇرۇلۇشى كېرەك دەپ ئەيىبلەشلىرىنىمۇ ئىنكار قىلدى.

## 6. شىنجاڭدىن چېكىنىش

1942 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى مەنپەئىتى مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى. سۆھبەت 1943 - يىلغىچە داۋاملاشتى. موسكۋا بىلەن ئېلىپ بېرىلغان شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبەتتە چۇڭچىڭ بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئىش تەقسىماتى بار ئىدى: چۇڭچىڭ ئاساسەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى نېفىتلىك ۋە ئايروپىلان زاۋۇتى مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلاتتى؛ شېڭ شىسەي بولسا، ئاساسلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى، تېخنىك مۇتەخەسسىسلىرىنى چېكىندۈرۈش ۋە ئەسكەر تۇرغۇزۇش مەسىلىسىنى سۆھبەتلىشەتتى. شېڭ شىسەينىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنى چېكىندۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبەتكە مەسئۇل بولۇشى، جۇڭخۇا مىنگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن بولغان پايدىسىز ئاقىۋەتلەردىن ساقلىنىشنى مەقسەت قىلغان. گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ نېفىتلىكىدىن ئۈرۈمچى بىلەن ئورتاق مەنپەئەتدار بولسىمۇ لېكىن جۇڭگو تەرەپنىڭ بېسىم ئىشلىتىشى ناھايىتى ئاسان ئىدى. رەسمىي توختامغا قول قويمىغانلىقتىن، جىددىي مەندىن ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ رايوندا ئېرىشىدىغان مەنپەئىتى قانۇنسىز ئىدى. شۇڭا موسكۋا قاتتىق، يۇمشاق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى مەنپەئىتىنى قانۇنلاشتۇرۇش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر كېلىشىم ئىمزالاش كويىغا چۈشكەنىدى. چۇڭچىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈش

ئۇچۇن ئۆزلۈكسىز دوغا چىقىپ تۇراتتى.

جۇڭگو ـ سوۋېتنىڭ شىنجاڭ نېفتلىكى توغرىسىدىكى سۆھبىتى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ، چۈنكى ئۇ سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. گىتلېرنىڭ ستالىنگرادقا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ شەھەردىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك نىشانلىرىنىڭ بىرى، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم نېفتلىكى — كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىدىكى باكۇ نېفتلىكىنى ئىشغال قىلىش ئىدى. باكۇ نېفتلىكىنىڭ قولدىن كېتىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيىگە قارشى تۇرۇشىدىن ئېيتقاندا ئەجەللىك زەربە بولاتتى. ئۈچىنچى بەش يىللىق پىلان ئىچىدە (1938 ـ يىلىدىن باشلاپ) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي نىشانى ئورال تاغلىرى ئەتراپىدا ۋە سىبىرىيە رايونىدا سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بولدى. كۆپ ساندىكى سانائەت تارماقلىرىدا زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن نېفت ئېلىش جەھەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى. 1941 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە پەقەت 12% نېفتلا ئورالنىڭ شەرقىي قىسمىدىن ئېلىنغان بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى نېفتنىڭ كۆپ مىقدارى يەنىلا باكۇدىن ئېلىناتتى.

باكۇ نېفتلىكىنى ئىشغال قىلىپ، بايلىقنى بۇلاپ ـ تالاش ناتسىستلار ئارمىيىسىنىڭ مۇھىم نىشانى ئىدى. 1942 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بىر قىسىم گېرمانىيە ئارمىيىسى جەنۇبقا ئىلگىرىلەش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئارقىدىنلا كافكاز رايونىنى ۋە ئۇنىڭ نېفتلىكىنى ئىشغال قىلدى. بىر ۋاقىتتا يەنە بىر قىسىم گېرمانىيە ئارمىيىسى ستالىنگرادقا قادالغانىدى. 8-ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كافكاز نېفت رايونىغا قاراشلىق مايكوپتىكى بىرىنچى نېفت قۇدۇقى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بىلەيك بىلەن ئارال دېڭىزىنىڭ

ئارىلىقىدىكى موزدوك نېفىتلىكىنى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قولىغا چۈشتى؛ گىدوزنى نېفىتلىكىمۇ كۆرۈنۈپلا تۇراتتى، بەلكى شەرقىي جەنۇب تەرەپكە تەۋە باكۇ نېفىتلىكى بۇ يەردىن 300 كىلومېتىر (186 ئىنگلىز چاقىرىم) يىراقلىقتا تۇراتتى. ناۋادا گېرمانىيە ئارمىيىسى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەپ، بۇ نېفىتلىكلەرنى ئىشغال قىلىدىغانلا بولسا، شىنجاڭ نېفىتلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇرۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالاتتى.

1942 - يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو - سوۋېت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ نېفىتلىكى مەسىلىسىدە سۆھبەت باشلىدى. لېكىن سۆھبەتتە ئىلگىرىلەش بولماي، بىر يىلدىن كېيىن ئاخىرى بۇزۇلدى. موسكۋا ھەقىقىي باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلدى، بۇ ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نېفىتلىكنى ھەقىقىي تىزگىنلىشىدىن دېرەك بېرەتتى؛ چۇڭچىڭمۇ نېفىتلىكنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقى مەسىلىسىدە ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. لېكىن مۇشۇ ئارىلىقتا شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ خام نېفىتى داۋاملىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇلۇپ تۇردى.

سۆھبەت ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋاقىتتا جۇڭگو تەرەپ مۇناسىپ ھەربىي تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى. 1942 - يىلى يازدا شېڭ شىسەي 100 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قورال - ياراغ تەشكىللەشكە بۇيرۇق بەردى؛ ئۈرۈمچىدە ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئاكوپلىرىنى قازدى، شىنجاڭ ۋە چېگرا رايونلاردا مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى ياسىدى. شېڭ شىسەي: سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانلىقتىن، شىنجاڭغا قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىكى مۇمكىن، دەپ قارىسىمۇ، لېكىن ئۇ موسكۋاغا ئۆزىنىڭ ھەرگىزمۇ چېكىنمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى. ئەگەر موسكۋا قورال ئىشلىتىش ئاقىلانىلىك ئەمەس دەپ

قارىغان بولسا، ئۇمۇ قورال ئىشلىتىشنى توختىتىپ قوياتتى. چۇڭچىڭمۇ ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئوخشاش مۇددىئانى كۆزدە تۇتقانىدى. 1942 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى لەنجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتە جياڭ جيېشى 42 - ئارمىيىنىڭ بۇيرۇققا بىنائەن گەنسۇنىڭ غەربىدىكى يۇمېنگە كىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان «8 - پولك»نى نازارەت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. جياڭ جيېشى بايانات ئېلان قىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى گېرمانىيە ئارمىيىسى ستالىنگرادقا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. ئەگەر بەزىلەر: موسكۋا ئاشۇ خىل زۇلمەتلىك كۈنلەردە ئىتتىپاقداش دوستى جۇڭگو بىلەن ھەربىي جەھەتتە توقۇنۇشىدۇ، دەپ قارىسا بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك بولغان بولاتتى.

1942 - يىل 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چۇڭچىڭنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقى خې يىڭچىڭ لايىھىسىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا كىرگەنىدى. جياڭ جيېشى ستالىنگرادتىكى كەسكىن جەڭگە يېقىندىن دىققەت قىلاتتى ھەمدە ياپونىيە ئوق مەركىزى دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىشى مۇمكىن، دەپ قارىغانىدى. شۇڭلاشقا، 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشقا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش كونسۇلى گ. م. پوشكىن بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى خادىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبەتتە شېڭ شىسەي بارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى تېخنىكلىرى، مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ھەربىي خادىملىرىنى شىنجاڭدىن ئۈچ ئاي ئىچىدە پۈتۈنلەي چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشىنى، پەقەت ئالاقىدار دىپلوماتىك خادىملارنىلا قالدۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلدى. پوشكىن: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى خادىملىرى 1940 - يىلى تۈزۈلگەن كان سانائىتى كېلىشىمىنىڭ ماددىلىرىغا ئاساسەن كەلگەن، دەپ نارازىلىق

بىلدۈردى، شېڭ شىسەي بولسا ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ: كېلىشىم ماڭا تېگىشلىغان، مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىگەن، دېمەك بۇ، ئالاقىدار تەرەپلەر قول قويغان رەسمىي ھۆججەت ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، دېدى. نەتىجىدە، شېڭ شىسەي 1940 ـ يىلى تۈزۈلگەن كېلىشىمنى بىكار قىلىشتا «يېڭى يەر» شىركىتىدىكى بارلىق سوۋېتلىكلەرنىڭ تېزلىك بىلەن شىنجاڭدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشىدە چىڭ تۇردى.

شېڭ شىسەي بىلەن پوشكىننىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئۇچرىشىشىغا توغرىلاپ موسكۋادىن شېڭ شىسەيگە دەسلەپكى جاۋاب كەلدى. جاۋابتا: «يېڭى يەر» شىركىتىنىڭ بارلىق خادىملىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى بۇرۇن تۈزۈلگەن كېلىشىمگە ئاساسەن شىنجاڭغا كىرگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن چېكىندۈرۈلمەيدۇ؛ سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى ۋە تېخنىك خادىملىرى يىللىق ۋەزىپىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن چېكىنىپ چىقىدۇ، دېيىلگەن. شېڭ شىسەي ئۇچۇن ئېيتقاندا، مۇنداق جاۋابنى قوبۇل قىلىشقا بولمايتتى. شۇڭا ئۇ 1940 ـ يىلدىكى كېلىشىمنىڭ كۈچتىن قالغانلىقىنى قايتا ئىزاھلاپ، ئۈچ ئاي ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق خادىملىرىنىڭ چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم بۇيرۇق بەردى. پوشكىن شېڭ شىسەيگە: «بۇ خادىملارنى چېكىندۈرۈپ كەتمەسلىك — ھۆكۈمىتىمىزنىڭ قارارى» دېدى ۋە يەنە سوئال قويۇپ: «ئەگەر بىز چېكىنىشنى رەت قىلساق، سەن نېمە قىلالايسەن؟» دېدى. بۇنىڭغا شېڭ شىسەي جاۋاب بېرىپ: «ئەگەر سىلەر مۇتەھەملىك قىلساڭلار، بىز ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغدايمىز، ستالىنغا ئېيتىپ قوي، بۇ ئۆلكىدىكى 4 مىليون خەلق (ئەسلى تېكىستتە شۇنداق)، بولۇپمۇ قول

ئاستىمدىكى قوراللىق خادىملار قىلچە ئىككىلەنمەستىن چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىدۇ» دېدى.

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىيلىڭ شىسەي بىلەن پوشكىن ئۈرۈمچىدە يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكەندە جياڭ جيېشىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسى ۋانيۇشكىن بىلەن چۇڭچىڭدا كۆرۈشتى. ۋانيۇشكىن: جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىنى «چۈشىنىش»نى ئۆزگەرتتىمۇ ـ قانداق؟ دەپ سورىغاندا، جياڭ جيېشى جاۋاب بەرمىدى. جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسىگە: «پەقەت بىز ئىككى دۆلەت ئۆزئارا سەممىي مۇئامىلىدە بولىدىغانلا بولساق، مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مەسىلە، يەتكىلى بولمايدىغان چۈشىنىش بولمايدۇ، دەپ كېپىللىك بەردى. ئارقىدىنلا جياڭ جيېشى شىنجاڭ نېفىتلىكى ۋە ئۈرۈمچىدىكى ئايروپىلان زاۋۇتى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ تەدرىجىي ياخشىلىنىشىنى ئويلايدىغانلا بولساق، بۇ ئىككى ھەل قىلىنمىغان مەسىلىنى تېزلىك بىلەن ھەل قىلىپ، مۇشۇ مەسىلىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ دەپ كۆرسەتتى. «ئۈرۈمچىدىكى ئايروپىلان زاۋۇتى مەسىلىسىگە كەلسەك، ـ دېدى جياڭ جيېشى، — ئۈچ تۆت يىل بۇرۇن بۇ توغرىدا سۆھبەتلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم، زاۋۇت ئايروپىلان ئىشلەشنى باشلىغان بولسىمۇ، بىراق ھازىرغىچە بىرمۇ شەرتنامىگە قول قويۇلمىدى. توختام تۈزۈلمىگەن ئەھۋالدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا ئايروپىلان زاۋۇتى قۇرۇشى جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ، ـ ئۇ يەنە تەكىتلەپ، ـ بۇ مەسىلە تېزلىك بىلەن 〈ھەل قىلىنىشى〉 كېرەك» دېدى.

سۆھبەت ئاخىرلاشقاندا جياڭ جيېشى باش ئەلچىگە «كېيىنكى ئايدا ياپونىيە گېرمانىيىنىڭ ستالىنگرادقا ھۇجۇم

قىلىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىدۇ» دېگەندەك قىزىقارلىق ئاخباراتلارنى بەردى. بۇ خەۋەرنىڭ قەيەردىن كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇنى مۇشۇ پەيتتە ستالىنغا يەتكۈزسە، موسكۋانى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ تۇغرىسىدىكى تەلىپىگە بويسۇندۇرۇشقا ياردىمى تېگەتتى. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ستالىنگرادتىكى ۋەزىيىتى ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۇنى پارچىلاپ قورشىۋېلىپ، ۋولگا دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى پوزىتسىيىگە 300 چاقىرىم ئىچكىرىلەپ كىرگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ستالىنگرادتا غەلىبە قىلىش ـ قىلالماسلىقىنى تېخى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولمايتتى. ئۇ چاغدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە كېرەكلىك بولغان بېنزىن ۋىلادىۋوستوك (خەيسېنۋېي) ئارقىلىق ئامېرىكىدىن كەلتۈرۈلەتتى. مۇبادا ياپونىيە ئۇرۇشقا قاتناشسا، ئامېرىكىدىن ۋىلادىۋوستوك ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا يەتكۈزۈلىدىغان بېنزىن توشۇش لىنىيىسىنى تېزلىك بىلەن ئۈزۈپ تاشلايتتى. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەگەر كاۋكاز رايونىدىكى نېفىتلىك بىلەن ۋىلادىۋوستوكتىن يۆتكەپ كېلىدىغان نېفىتتىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇنداقتا چۇڭچىڭنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ نېفىتلىكىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى يېتەرلىك نېفىت بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى شېڭ شىسەي پوشكىن بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا يول قويدى. پوشكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق مەسلىھەتچىلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىدىغانلىقىنى، ئەمما، «يېڭى يەر» شىركىتىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقلىق خادىملار مەسىلىسىدە پىكىر بايان قىلىشقا تولۇق ئاساسىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت

ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ۋە قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان 8 - پولكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىي خادىملارنى چېكىندۇرۇش مەسىلىسىدە ھېلىھەم قارار چىقارمىغانىدى. شېڭ شىسەي بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنى پەقەت كۆز بوياشتىنلا ئىبارەت دەپ قارايتتى. ئۇ، بارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنىڭ ئۈچ ئاي ئىچىدە چېكىنىپ كېتىشى كېرەكلىكىنى، ئۇنداق بولمايدىكەن «يېڭى يەر» شىركىتى خادىملىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە ئۇلارنى بەدەلسىز تارقىتىۋېتىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا، 8 - پولكنى يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلىمەسلىك توغرىسىدا قۇمۇل خەلقىغە بۇيرۇق چۈشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سوۋېت ئىتتىپاقىلىق خادىملارغا مۇناسىۋەتلىك تاسادىپىي ۋەقەلەرگە مەسئۇل بولمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە، چېكىنىشنى رەت قىلىشتىن كېلىپ چىققان بارلىق ئاقىۋەتكە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى. ئاخىرىدا شېڭ شىسەي تەھدىت سېلىپ: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېكىنىشنى رەت قىلغانلىقىنى «پۈتۈن دۇنيا»غا جاكارلايمەن، موسكۋالىق ئەمەلدارلار بۇنداق ئاشكارىلاشنىڭ سوۋېت - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە قانداق ئاۋارىچىلىك ئەكىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك، دېدى.

10 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى كۆرۈشۈشتە پوشكىن تېخىمۇ كۆپ يول قويدى، شېڭ شىسەي بولسا دوغا چىقىۋەردى. پوشكىن: «يېڭى يەر» شىركىتىنىڭ بارلىق خادىملىرى پات ئارىدا چېكىنىپ چىقىدۇ، ھەربىي قىسىملارمۇ ئالتە ئاي ئىچىدە پۈتۈنلەي چېكىنىدۇ، دېدى. شېڭ شىسەي چېكىنىش ۋاقتىنى ئۈچ ئاي بىلەن چەكلەيدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلەپ ھەمدە قەلەي كېنى خىزمەتچىلىرى پۈتۈنلەي چېكىنىپ بولغاندىن كېيىن

«شىنجاڭ ئېلىنغان يەرگە مۇناسىۋەتلىك مەخپىي توختامنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى» . پوشكىن قەتئىي تۈردە 1940 ـ يىلى تۈزۈلگەن كېلىشىمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەسىلىسىدە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى، بەلكى بۇ مەسىلە توغرىسىدا «تەدرىجىي مەسلىھەتلىشىش» كېرەكلىكىنى ئېيتتى . شېڭ شىسەي جاۋاب بېرىپ: مۇنداق مەسلىھەتلىشىشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق. شىنجاڭ ھۆكۈمىتى «يېڭى يەر» شىركىتىنىڭ ئەكېتەلمەيدىغان قۇرۇلۇش، ئەسلىھە ۋە ماددىي بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشقا تەييار، دېدى .

شېڭ شىسەي كېيىنرەك، سۆھبەت ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا — 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى — 20 دانە تانكا شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىغا كىرگەنلىكىنى، جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا خىرىس قىلىپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ئېيتتى . شېڭ شىسەي بۇ ۋەھىمە پەيدا قىلماقچى بولغانلىق دەپ قاراپ، پوشكىندىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تانكىلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. شېڭ شىسەي پوشكىنگە ئىلىدىكى گارنىزون قىسىملىرىنىڭ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەربىي ھالەتكە ئۆتكەنلىكىنى، يول بويىدىكى كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇۋېتىش مۇمكىن بولىسىمۇ، يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تانكىلىرىنى توسۇشقا بۇيرۇق بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. شېڭ شىسەي شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ۋەقەلەرگە مەسئۇل بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئىككىنچى كۈنى پوشكىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توختىتىشقا بۇيرۇق بەردى .

كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە پوشكىن شېڭ شىسەينى زىيارەت قىلمىغان. 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى زىيارەت قىلىپ شېڭ شىسەيگە بارلىق سوۋېتلىك مەسلىھەتچىلەر ۋە «يېڭى يەر» شىركىتى خادىملىرىنىڭ، ھەتتا قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان 8 ـ پولكنىڭمۇ شىنجاڭدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتقان. 10ـ

ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شىنجاڭغا كىرگەن بىرونېۋىك «يازدەمچى» قىسىملار مۇ تېزلا شىنجاڭدىن چېكىنگەن.

گېرمانىيە، ياپونىيىنىڭ موسكۋاغا قاراتقان بېسىمىدىن پايدىلىنىپ خې يىڭچىڭ لايىھىسىنىڭ ئىككىنچى قەدىمىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن باشقا، چۇڭچىڭ ئامېرىكىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېسىم يۈرگۈزگەنىدى. 1942 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئامېرىكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كىرالىنىي گائۇسقا ئۈرۈمچىدە ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ئېچىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. گائۇس بۇنداق قىلىش موسكۋانىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ، دەپ قارىدى. ۋاشىنگتون چۇڭچىڭنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، 1943 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئو. ئېرىمۇند كلوبېنى ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى قىلىپ تەيىنلىدى. 9 ـ ئايدا سوۋېت ئارمىيىسى گېرمانىيىنىڭ ئۈستىدىن قەدەممۇ قەدەم غەلىبە قىلىشقا باشلىغاندا، جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى قايتا ئىشغال قىلىشىنى چەكلەش مەسىلىسىدە ئامېرىكا، ئەنگلىيىنىڭ پوزىتسىيىسى ھالقىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە، دەپ قارىغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋاملىق بېسىم ئىشلەتتى. 1943 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شېڭ شىسەي چۇڭچىڭنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان 8 ـ پولكنىڭ قوماندانىغا: قىسىملار دەرھال چېكىنىشى كېرەك، بولمىسا، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىلىدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى. گەرچە بۇنداق قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، لېكىن چۇڭچىڭنىڭ بۇ خىل قىياپىتى موسكۋانى ياپونىيىنىڭ سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشىغا ئارىلىشىشنى چەكلەشنى ئويلىمىسا بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى.

جۇڭگونىڭ كۈنسايىن ئىشلەتكەن بېسىمى ئۈنۈم بەردى. 1943 - يىلى 3 - ئايدا موسكۋا شىنجاڭدىن چېكىنىپ چىقىشنى قارار قىلدى. روشەنكى، موسكۋانىڭ بۇنداق قارار چىقىرىشى، ئىنتايىن كەسكىن ھەربىي ۋەزىيەت ئۇنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە يېنىكلىك قىلىپ، جۇڭگو بىلەن ماجىرا تۇغدۇرۇشىغا ئىمكان بەرمىگەنلىكىدىن ئىدى. 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى بارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرى ۋە ئۈرۈمچىدىكى ئايروپىلان زاۋۇتىنى ھەمدە شىنجاڭ نېفىتلىكىدىكى ئەسلىھەلەرنى قايتۇرۇپ كېتىشكە تەييارلانغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بىراق چۇڭچىڭ بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئېسىلىپ قېلىشىنىمۇ خالايتتى، لېكىن بۇ يەردە ھۆكۈمەت ئىشىدا يۈز قارىمايدىغان ئوبرازىنى ساقلاپ قېلىشنى ئويلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، شىنجاڭ مەسىلىسىگە مەسئۇل تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئىككىنچى باشلىقى ۋۇ گوجىن باش ئەلچى ۋانيۇشكىنغا جۇڭگو تەرەپنىڭ يەنىلا ئۈرۈمچىدىكى ئايروپىلان زاۋۇتىنى «ئورتاق باشقۇرۇش لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىشۋاتقان» لىقىنى ئۇقتۇردى. 1943 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى پوشكىن شىڭ شىسەيگە «يېڭى يەر» شىركىتىدىكى بارلىق گېئولوگلارنى ۋە ئەسلىھەلەرنى قايتۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بەش كۈندىن كېيىن پوشكىن يەنە شىڭ شىسەيگە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ قومۇلدىن 8 - پولكىنى چېكىندۈرىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۈرۈمچىدىكى ئايروپىلان زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان بارلىق سوۋېتلىك خادىملارنى، ئەسلىھەلەرنى ۋە ئۇ يەردىكى ماددىي بۇيۇملارنى چېكىندۈرۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەي پوشكىن شىڭ شىسەيگە شىنجاڭ نېفىتلىكىدىكى بارلىق سوۋېتلىك خادىملار ۋە ئەسلىھەلەرنى، شىنجاڭدىكى بارلىق ھەربىي - تېخنىكا

مەسلىھەتچىلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىدىغانلىقىنى، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى سودا شىركىتىنىڭ تىجارەت سوممىسىنىمۇ قىسقارتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

جياڭ جېيشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ كەسكىن ھەرىكىتى شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەۋرىتىپ قويۇشى مۇمكىن، دەپ ئەنسىرەيتتى؛ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى ئۈزۈپ قويۇش شىنجاڭ ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىز ئىدى. جياڭ جېيشى: موسكۋا شىڭ شىسەيگە بېسىم ئىشلىتىپ، كېلىشىمگە قول قويدۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ نېفىتلىكى ۋە ئۆرۈمچىدىكى مەنپەئەتىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى. شىڭ شىسەيگە بولغان بېسىمنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋېتىش ئۈچۈن جياڭ جېيشى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىسى بىلەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەردى. 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ۋۇ گوجېن «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز ئالدىغا چېكىنىشنى قارار قىلغانلىقى»غا نارازىلىق بىلدۈرۈپ: جۇڭگو ھۆكۈمىتى «جۇڭگونىڭ قانۇنىغا ئاساسەن، جۇڭگو - سوۋېت ھەمكارلىقىنىڭ روھى ئاساسىدا» لايىھە تۈزۈپ، شىنجاڭ نېفىتلىكىنى ئورتاق ئاچىدۇ، دېدى. ۋۇ گوجېن سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسىگە: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆرۈمچىدىكى ئايروپىلان زاۋۇتىغا ۋە «يېڭى يەر» شىركىتىگە مۇناسىۋەتلىك قارارى «كىشىنى چۆچۈتىدۇ»، «دەل جۇڭگو - سوۋېت سۆھبىتى بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى بارلىق ئۈسكۈنىلەر ۋە تېخنىكا مەسلىھەتچىلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشنى تۇيۇقسىز جاكارلىدى» دېدى.

مۇبادا موسكۋا شىنجاڭ نېفىتلىكىدىكى ۋە ئۆرۈمچىدىكى ئۈسكۈنىلىرىدىن ۋاز كېچىشكە قوشۇلسا، چوڭچىڭ ئامال قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى چېكىنگەن چاغدا ئىككى ئورۇندىكى

ئۈسكۈنىلەرنى مىدىرلاتماي ئېلىپ قالاتتى. جىياڭ جيېشى ۋەزىيەتنىڭ مۇرەككەپلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى ۋە شىنجاڭ نېفىتلىكىدىكى پۇلغا يارايدىغان ئەسلىھەلىرىنى جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، بىراق موسكۋا بۇنداق قىلىشنى خالىمىغاندىمۇ، جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ قويماسلىق شەرتى ئاستىدا، جۇڭچىڭ يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنى شىنجاڭدىن تېزلىك بىلەن قوغلاپ چىقىرىشى كېرەك ئىدى.

جۇڭچىڭنىڭ ئۈرۈمچى ۋە شىنجاڭ نېفىتلىكىدىكى ئۈسكۈنىلەرنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشى مەغلۇپ بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ نېفىتلىكىدىكى ئەسلىھە-ئۈسكۈنىلەرنى تېزلىك بىلەن يۆتكەپ كەتتى. بايلىق مەنبەسى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋېڭ ۋېنخاۋ بۇيرۇق بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسى ۋانيۇشكىنگە خەت يېزىپ، نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سېمونت بىلەن ئېتىۋېتىشكە كېپىللىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ، ئەگەر سېمونت يېتىشمىسە جۇڭگو تەرەپنىڭ تەمىنلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۈرۈمچىدىكى ئايروپىلان زاۋۇتىغا كەلسەك، جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جۇ جىراۋ 1943 - يىلى 8 - ئايدا بۇ زاۋۇتنى كۆزدىن كەچۈرگەندە سوۋېتلىكلەرنىڭ 80% ئەتراپىدىكى ئۈسكۈنىلەرنى سۆكۈپ ئەكەتكەنلىكىنى، پەقەت چوڭ تىپلىق ستانوك، رېمونتخانا، كىسلورود ئىشلەپ چىقىرىدىغان ئۈسكۈنىلەرنىلا قالدۇرۇپ قويغانلىقىنى بايقىدى، ھەتتا ئۇلار كىسلورود ياساش زاۋۇتىدىكى رادىئو سىملىرىنىمۇ سۆكۈپ كەتكەن ئىدى؛ جۇ جىراۋ يەنە 400 نەپەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكىرى ۋە قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 8 - پولكىغا تەۋە 17 دانە تانكىنىڭ مۇشۇ زاۋۇتنىڭ ھوۋۇلداپ قالغان قورۇسىدا تۇرغانلىقىنى بايقىغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

كونسۇلى، ئەگەر جۇڭگو تەرەپ بۇ ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالمىغان بولسا، بۇ قوشۇننى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېكىندۈرۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. جۇ جىراۋ چۇڭچىڭغا زاۋۇتتىن ئېشىپ قالغان ئۈسكۈنىلەرنى دەرھال سېتىۋېلىپ، سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتى ياخشى تەرەپكە بۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قالدۇق ئارمىيىسىنى شىنجاڭدىن چىقىرىۋېتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. ۋۇ گوجېن: سوۋېت ئىتتىپاقى چېكىنىشنى كېچىكتۈرۈۋاتىدۇ، دەپ نارازىلىق بىلدۈرگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسى ۋانيۇشكىن: جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقى قالدۇرۇپ كەتكەن شىنجاڭ نېفىتلىكىدىكى ۋە ئۈرۈمچىدىكى زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن، سوۋېت ئىتتىپاقى چېكىنىشنىڭ ۋاقتىنى بېكىتەلمەيدۇ، دېگەنىدى. كېيىن جياڭ جيېشى شىنجاڭدىكى نېفىتلىك ئەسلىھەلىرىنى 1 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى خەجلەپ سېتىۋېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خادىملىرىنى ۋە ئۈسكۈنىلەرنى چېكىندۈرۈش مەسىلىسى ئۇنچە ئوڭۇشلۇق بولمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەتەي كېيىنگە سۈرەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جۇڭگوغا بېسىم ئىشلەتتى، ھەتتا 1943 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى چېكىنىدىغان چاغدا يەرلىك ئەمەلدارلارنى توپىلاڭغا قۇترىتىپ، دۈشمەنلىك ۋە جىددىي كەيپىيات پەيدا قىلدى.

چۇڭچىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيىسى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ قۇمۇلدىن چېكىنىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلى، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ ۋە قۇمۇلدا قۇرغان رادىئو ئىستانسىلىرىنى ۋە ھاۋا ئارمىيە بازىسىنى بىكار قىلىشنى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانلىرى بۇرۇن بەھرىمەن بولغان شىنجاڭنىڭ ھاۋا تەۋەسىگە كىرىش ھوقۇقىنى

ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1944 - يىلى باھاردا سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

## 7. جاللاتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەغلۇپ بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەنلا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئورنىمۇ تەۋرىنىپ قالدى. بەلكى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى تۈگىتىش 1942 - يىلى شېڭ شىسەي بىلەن جياڭ جيېشى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئىدى. 1942 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى تېزلا سېزىۋېلىپ، ئىككى تەرەپلىمىلىك سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنى قوغدىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئورنىنىڭ زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىشىنى توسۇپ قالماقچى بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى قايرىپ قويۇپ، بىۋاستە شېڭ شىسەي بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلماقچى بولدى. بۇ خىل ئىككى تەرەپلىمىلىك سىياسەت ئاخىرى يەنە مەغلۇپ بولدى ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت ئەكەلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ۋەكىللىرى شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتكە قارشى دەسلەپكى ھەرىكەتلىرىنى ئالايلۇق، سوۋېت كونسۇلى: شېڭ شىسەي 1942 - يىلى 2 - ئايدا بىرنەچچە نەپەر سوۋېت مەسلىھەتچىسىنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈردى، دەپ ئەيىبلىگەن ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىش بىلەن بىرگە، شېڭ

شىسەيىنىڭ سىياسىي خاھىشىنى ئۆزگەرتكەن - ئۆزگەرتمىگەنلىكىنى، تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە ئۇرۇنماقتا ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ۋەكىلى ماۋزېمىن ۋە چېن تەنچيۇ شېڭ شىسەينىڭ خىلمۇ خىل مۇمكىنچىلىكىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلاشتى. 1942 - يىلىنىڭ بېشىدا ماۋ زېمىن ۋە چېن تەنچيۇ شېڭ شىسەينى زىيارەت قىلىپ، يەنئەنگە ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا «داۋالىنىش»قا بېرىشقا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ، روشەنكى، پات يېقىندا يېتىپ كېلىدىغان كوممۇنىستلارغا قارشى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ باھانىسى ئىدى. ماۋ زېمىن ۋە چېن تەنچيۇ شېڭ شىسەي بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق» بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يەنىلا شېڭ شىسەي بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. ئەلۋەتتە، چېن تەنچيۇ بۇ خىل تىرىشچانلىقتا ئۇنچە ئۈمىدۋار ئەمەس ئىدى. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىغا يوللىغان دوكلاتىدا شېڭ شىسەينىڭ كوممۇنىزمغا قارشى سىياسىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سىياسىتىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغانىدى. چېن تەنچيۇ بىلەن ماۋ زېمىن شۇنى چوڭقۇر بىلەتتىكى، مۇبادا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بولمىغان بولسا، شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن مۇرەسسەلەشمىگەن ۋە كوممۇنىستلارنىڭ شىنجاڭدا داۋاملىق تۇرۇشىغا يول قويمىغان بولاتتى.

شېڭ شىسەي بۇرۇنلا جىياڭ جيېشىغا شىنجاڭدا كوممۇنىستلارنى يوقىتىشقا ۋەدە بەرگەنىدى. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىن ئايرىلىش تەلىپىنى رەت قىلدى. بىز باشتا، 1942-يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شېڭ شىسەينىڭ ئىنىسىنىڭ

ئۆلتۈرۈلۈشى تەخمىنەن 300 نەپەر سوۋېتلىك بىلەن بارلىق كوممۇنىستلارنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا سەۋەب بولغانلىقى ئۈستىدە توختالغانىدۇق. شۇ چاغدا، بۇنىڭغا ئۇلاپلا شېڭ شىسەي، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى سۇيىقەست پىلانلاپ، ئۈرۈمچىدىكى ماۋ زېمىن چۇڭچىڭدىكى جۇ ئېنلەي بىلەن ئالاقە باغلاپ، شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈپ، شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى دەسسەتمەكچى بولدى دەپ ئەرز قىلدى. ئاتالمىش سۇيىقەست پۈتۈنلەي شېڭ شىسەينىڭ ساغلام بولمىغان تەسەۋۋۇرى ۋە يوقىلاڭ ئويدۇرما بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شېڭ شىسەينىڭ ئىنىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل دەل شېڭ شىسەينىڭ ئۆزى ئىدى.

شېڭ شىسەينىڭ ئىنىسى ئۆلتۈرۈلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي ماۋ زېمىن شېڭ شىسەيدىن شىنجاڭدىكى 400 نەپەر جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزاسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، سىياسەت تەتقىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىشىنى سورىغان، شېڭ شىسەي ماۋ زېمىننىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلغان ۋە بۇ ئىلتىماسنى تېلگىرامما ئارقىلىق يەنئەنگە مەلۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنئەندىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىي بيۇروسى بۇنىڭغا تېزدىن ئىنكاس قايتۇرمايدۇ. ئېنىقكى، يەنئەن شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ تايانچ بازىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايتتى. 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شېڭ شىسەي بىلەن جياڭ جيېشى سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، چۇڭچىڭدىكى جۇ ئېنلەي بىلەن ئۈرۈمچىدىكى چېن تەنچيۇ ئۇلارنىڭ كېلىشىم ھاسىل قىلىش ـ قىلالماسلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن بۇ سۆھبەتكە يېقىندىن دىققەت قىلىپ تۇردى. مۇبادا كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىسا جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭدا يەنىلا مۇھىم رول ئوينايتتى. 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يەنئەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تۈركۈمگە

بۆلۈنۈپ شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشىغا ئاخىرى قوشۇلدى. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن چېن تەنچيۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىق قىلىشقا يەنە بىر قېتىم ھەيدەكچىلىك قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا يەنئەن بارلىق كوممۇنىست كادىرلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېكىنىپ بېرىشىغا قوشۇلدى. ئەلۋەتتە بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ تەستىقلىشىغا موھتاج ئىدى. 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر موسكۋا بۇ پىلاننى يەنىلا تەستىقلىمىدى. نەتىجىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوشۇلۇشىنى كۈتمەيلا، شېڭ شىسەينىڭ ساقچىلىرى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان تېلېگرامما ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، 160 نەپەر جۇڭگو كومپارتىيە ئەزاسىنى، جۈملىدىن ماۋ زېمىن، چېن تەنچيۇلارنى قولغا ئالدى.

شېڭ شىسەي چېن تەنچيۇنى قولغا ئېلىش ئالدىدا چېن تەنچيۇ يولداشلارغا يوليورۇق بەردى. بۇ بۇيرۇقلار جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوغدىشىغا تايىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چېن تەنچيۇنىڭ بىرىنچى بۇيرۇقى ئۇنىڭ ئورنىغا كىمنى دەسسىتىشنى قارار قىلىش؛ ئىككىنچى بۇيرۇقى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا دوكلات قىلىش ئىدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلاشتى. 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پوشكىن قولغا ئېلىنغان ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق يەنئەنگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىشىنى ئىلتىماس قىلدى. كونسۇل: سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ستالىننىڭ شەخسەن ئۆزى ماۋ زېمىن بىلەن چېن تەنچيۇنىڭ قويۇپ بېرىلىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، دېدى. شېڭ

شىسەي جاۋاب بېرىپ: بىز قولغا ئالغان كىشىلەر جۇڭگو گراژدانى، ئۇلار جۇڭگو قانۇنىغا بويسۇنۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك، دېدى. نەتىجىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قولغا ئېلىنغان كوممۇنىستلارنى قۇتۇلدۇرۇش تىرىشچانلىقى مەغلۇپ بولدى. ئىككىنچى يىلى 2- ئايدا ئۇلار تۈرمىگە تاشلاندى. 1943 - يىلى 9 - ئايدا ماۋ زېمىن، چېن تەنچيۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى، ئۇزۇن مۇددەتلىك قىيناشلارغا بەرداشلىق بەرگەندىن كېيىن، ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تايانچ بازا قۇرۇش تىرىشچانلىقى شۇ تەرىقىدە ئاياغلاشتى. لېكىن 1949 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھىمايىسى بىلەن شىنجاڭدا يەنە بىر قېتىم باش كۆتۈردى.

## 8. جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭنى تىزگىنلىشى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى قۇدرەتلىك كۈچىنى تۈگىتىش، بۇ جياڭ جيېشىنىڭ دىپلوماتىيىدە قولغا كەلتۈرگەن پارلاق غەلىبىسى، شۇنداقلا جياڭ جيېشىنىڭ مىللىي گۈللىنىش پىلانىدىكى بىر مۇھىم نەتىجە. قۇدرەتلىك ناتسىستلار گېرمانىيىسى ئالدىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەغلۇبىيەتنىڭ گىرۋىكىدە تۇرغان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جياڭ جيېشى موسكۋانى شىنجاڭدىكى قۇدرەتلىك ئورنىدىن غەلىبىلىك ۋاز كەچتۈردى. بۇنىڭدىن بۇرۇن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىزچىل بۇنداق قىلالمىغان ھەم بۇنداق قىلىشقىمۇ ئۇنىڭ قۇربى يەتمەيتتى.

1944 - يىلىدىن 1945 - يىلى ئارىلىقىدا، موسكۋا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىسيانىنى قوللاش ئارقىلىق

شىنجاڭدىكى تەسىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. 1944 - يىلى 11 - ئايدا شەرقىي تۈركىستان يەرلىك خەلقى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. ستالىن بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ئېلىشىشىدا بۇ قىستۇرما كۆي ھەر ئىككىسىنىڭ ستراتېگىيىسىنى چۈشىنىشتە ياخشى ئارقا كۆرۈنۈش ئىدى. بۇ توغرىدا تۆۋەندىكى بابلاردا يەنە توختىلىمىز. بۇ يەردە بىرنەچچە جۈملە سۆز قىستۇرۇپ ئۆتۈشنىڭ[1] زۆرۈرىيىتى بار. ئۇرۇشتىن كېيىن جياڭ جيېشى ئەمەس بەلكى ستالىن «رېئال ھالەت» نى ئۆزگەرتمەكچى بولدى. مۇبادا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا داۋاملىق تۇرۇۋەرگەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچى خادىملىرى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھىمايىگە ئىگە بولغان بولسا؛ 1944 — 1945- يىللىرىدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى يەنىلا ئاجىز بولغان بولسا، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇزىغا خىرىس قىلمىغان بولاتتى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى پەقەت جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىش جەريانىدىكى كىچىككىنە بىر قىستۇرما كۆي، خالاس.

بەزىلەر: جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭ توغرىسىدىكى سىياسىتىدە گەۋدىلەنگەن ھەددىدىن زىيادە مىللەتچىلىك خاھىشى كىشىنى چۆچۈتىدۇ، دېيىشىدۇ. سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشىدا مەيلى گىتلېر ياكى ستالىننىڭ قايسىبىرىنىڭ غەلىبە قازىنىشى، جياڭ جيېشى ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. لېكىن مۇنۇ بىر نۇقتىنى ئەستە تۇتۇش ئىنتايىن مۇھىم: باشقا ئۈچىنچى دۇنيادىكى كۆزگە كۆرۈنگەن مىللەتچىلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەتىجىلەرنى قولغا

---

① ئىنگلىزچىسىدە شەرقىي تۈركىستان، خەنزۇچە تەرجىمىسىدە ئەزەربەيجان دەپ خاتا ئېلىنغان (ت).

كەلتۈرگەن. مەسىلەن، 1942 - يىلى جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشكەن مۇھەنداس گەندى (1896—1948 ھىندىستاننىڭ مىللەتچى داھىيسى ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچىسى، «مۇقەددەس قەھرىمان گەندى» دېگەن نامى بار) مۇ دۆلەتنىڭ ئازاد بولۇشى، ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇشنى قوللىماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ قارىغان. ياپونىيە ئارمىيىسى بىرما تەرەپكە ئىلگىرىلەۋاتقاندا، جياڭ جيېشى ئۇچۇن جۇڭگونىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ياكى ھېچ بولمىغاندا مۇھىم رايونلارنى قايتۇرۇۋېلىش زۆرۈر ئىدى. كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك - ئاجىزلىقنىڭ دەرىجىسى ناھايىتى ئاز پەرقلىنىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار جۇڭگو خەلقىنى باستۇرۇش ياكى جۇڭگونىڭ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلىنىشىغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى ئىدى. جياڭ جيېشى ئۇچۇن ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم قىلىپ، ياپونىيىنىڭ قولىدىن شەرقىي شىمالنى ئېلىپ بەرگەنلىكى؛ ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قولىدىن شىنجاڭنى ئېلىپ بەرگەنلىكى؛ ياكى ئامېرىكىنىڭ ياردىمى بىلەن جۇڭگونىڭ تەيۋەن ۋە مانجۇرىيىنى قايتۇرۇۋېلىشى ئانچە چوڭ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ئۇلار ھاجىتى چۈشكەندىلا پايدىلىنىشقا ئۇرۇنىدىغان كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر ئىدى، خالاس.

شىنجاڭ مەسىلىسىدىكى توقۇنۇش 1942—1944 - يىللاردا جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ خىل جىددىي مۇناسىۋەت 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى ئىككى يىلى ئىچىدە چۇڭچىڭنىڭ باشقا ھالقىلىق مەسىلىلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە نۇرغۇن

قىيىنچىلىقلارنى ئەكەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقتىن، جۇڭخۇا مىنگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈپ قالغاندا، جياڭ جيېشى يەنىلا جۇڭگونىڭ چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە مانجۇرىيىنى قايتۇرۇۋېلىشتا يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ھاجەتمەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستلارنى قوللىماسلىققا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەلۋەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇنداق ھەقىقىي يوسۇندا كاپالەتلىك قىلىشى ئۇنداق ئوڭاي ئىش ئەمەس. بۇ توغرىدا تۆۋەندىكى بابلاردا تەپسىلىي توختىلىمىز.

# يەتتىنچى باب

# خەلقئارا شاھمات تاختىسى — جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە دۇنيا ئۇرۇشى

## 1. سوۋېت بىلەن ياپونىيىنىڭ بىتەرەپ تۇرۇشى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ قارشى تەدبىرى

1941 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلدى. ياپونىيە 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ ھەربىي بازىسى مەرۋايىت ئارىلىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئىككى چوڭ ۋەقە جۇڭگو - ياپونىيە توقۇنۇشىنى ھەقىقىي يەر شارى خاراكتېرلىك ئۇرۇشقا سۆرەپ كىردى. جياڭ جيېشىنىڭ بۇ پەيتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان سىياسىتى ئالاھىدە ۋە نازۇك شارائىتتا تۈزۈلگەن، ياۋروپادا سوۋېت، ئامېرىكا ئاكتىپ ئىتتىپاق تۈزگەن بولۇپ، يىراق شەرقتە سوۋېت، ياپونىيە بىر خىل ئەمەلىي بىتەرەپلىكنى ساقلاپ تۇرغانىدى. بۇنداق بىتەرەپلىك، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىشى مۇمكىن ئىدى. جياڭ جيېشى: بۇنداق ۋەزىيەت تەرەققىي قىلىۋەرسە جۇڭگوغا ئەڭ زور تەھدىت بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى، سوۋېت، ئامېرىكا ئىتتىپاقلىشىپ ياۋروپادا گېرمانىيىگە تاقابىل تۇرسا، شەرقتە چولىسى تەگمەي، ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا كېڭىيىشىگە يول قويۇشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ ھېس قىلاتتى.

1 - دۇنيا ئۇرۇشى ناھايىتى ئېنىق ئىسپاتلىدىكى، گېرمانىيىنى مەغلۇپ قىلىش بىر ئەتىگەندىلا ئىشقا ئاشىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى زور بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە 1941 - يىلى 4 - ئايدا شەرتنامە ئىمزالىغاندىكىدىنمۇ ئاسان يول قويۇپ، ياپونىيىنىڭ جۇڭگودىكى ئالاھىدە تەلىپىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشى مۇمكىن ئىدى؛ ئامېرىكىنىڭمۇ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، ياپونىيە بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇرەسسەلىشىپ، ياپونىيىنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئەتىنى قىسمەن ئېتىراپ قىلىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن ئىدى. مۇبادا يىراق شەرق ئۇرۇشى ياۋروپا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن ئاخىرلاشسا، ئۇ ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىتەرەپلىكى شۇنىڭدىن دېرەك بېرەتتىكى، گېرمانىيە ئەڭ ئاخىرىدا مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ، ياپونىيە يەنىلا قۇدرەتلىك كۈچنى ساقلاپ قالاتتى. 1942 - يىلى سوۋېت ۋە ئامېرىكا گېرمانىيىگە تۇنجى قېتىم زەربە بېرىشنى قارار قىلغاندا، سوۋېت بىلەن ياپونىيىنىڭ داۋاملىق بىتەرەپ تۇرۇش مۇمكىنلىكى كۈچلۈك ئىدى. مۇبادا سوۋېت بىلەن ئامېرىكىنىڭ كۈچى ياۋروپاغا توپلانسا، ئۇنداقتا، گېرمانىيە تارمار قىلىنغان چاغدا سوۋېت ۋە ئامېرىكا ئىككى دۆلەت «ھارغان ئوق شايىدىن ئۆتەلمەپتۇ» دېگەندەك ھالەتكە كېلەتتى - دە، ياپونىيە بىلەن مۇرەسسەلىشىشكە مەجبۇر بولاتتى. نەتىجىدە، جۇڭگو يەنە بىر قېتىم قۇربانلىققا ئايلىنىپ، ياپونىيىنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئەتىنى سوۋېت ۋە ئامېرىكىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ئامال قالمايتتى.

بۇنداق ئەنسىرەش ئاساسسىز ئەمەس ئىدى، 1919 - يىلى ۋېرسال يىغىنىدا جۇڭگو ئەنە شۇنداق ئاقىۋەتكە ئۇچرىغان. شۇ چاغدا ياپونىيىنىڭ گېرمانىيىگە ئېغىپ كەتمەسلىكىنى قولغا

كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر جۇڭگونىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلغانىدى. جياڭ جيېشىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ۋىرسال يىغىنىنىڭ قايتا تەكرارلانماسلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئىدى. بۇ مەقسەتكە يېتىشتىكى چارىلەرنىڭ بىرى، سوۋېت ـ ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ئۇرۇشىدا دەرمانىدىن كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ جۇڭگونى ياپونىيىنىڭگە يالغۇز تاشلاپ بەرمەسلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇنىڭدىن قالسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىش ئىدى. پەقەت سوۋېت بىلەن ئامېرىكا، جۇڭگو ھەمكارلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرىدىغانلا بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قاراتقان كېلىشتۈرمىچىلىكى، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيە بىلەن مۇرەسسەلىشىشى قاتارلىق خەتەرلەر تۈگەپ كەتكەن بولاتتى.

ناھايىتى ئېنىقكى، ياپونىيە دۈشمىنىنى كۆپەيتسە، جۇڭگونىڭ ئۇرۇشتىكى يۈكى يېنىكلەيتتى، باشقا ئىتتىپاقداشلارنىڭ زىممىسىگە ئالىدىغان ۋەزىپىلىرىمۇ كۆپىيەتتى. بۇ، مۇبادا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتى جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاستە ھاجەتمەن بولسا، ئۇنداقتا جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقى ئالدىدا مەردانە تۇرالايدۇ؛ ئوخشاشلا ئامېرىكا ئۇلۇغ ئوكيان ئۇرۇشىغا ئارىلىشىپ قالسا، جۇڭگومۇ ئامېرىكىغا پوپوزا قىلالايدۇ، ئەگەر ئامېرىكا جۇڭگونىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمىسا، جۇڭگو ياپونىيە بىلەن مۇرەسسە قىلىدۇ، دېگەنلىك ئىدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەرقايسى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئىچىدە پەقەت ئامېرىكىلا گېرمانىيە ۋە ياپونىيىگە قارشى بىرلا ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلغان. ئىككى سەپكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بارلىق پايدىلىنىشقا بولىدىغان مالىيە ۋە ئادەم كۈچىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭلاشقا، جۇڭگونىڭ ياپونغا

قارشى ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى ئامېرىكا ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ئوخشاشلا، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى ئورنىمۇ سەل قاراشقا بولمايتتى. پوتكول 2 - دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا جياڭ جېيشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان سىياسىتىدە ئاساسەن ئامېرىكىغا تايانغان بولۇپ، جياڭ جېيشىنىڭ موسكۋاغا تەسىرى كىچىكلىگەندە ئۇنىڭ جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى چوقۇم زور بولاتتى. ئامېرىكىمۇ شۇنداق ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، جياڭ جېيشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالىدىغان ياردىمى بىر ئۈزۈلۈپ، بىر داۋاملىشىپ تۇردى. ئەمما، ۋاشىنگتوندىن جۇڭگوغا تۇتاشقان يول ئاساسى جەھەتتىن باشتىن - ئاخىر راۋان بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ياۋروپادا گېرمانىيىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇنىڭدا ياپونىيە ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ كومپارتىيىگە قارشى ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ، دېگەن ئەندىشە بولۇپ، ياپونىيىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىناتتى. بۇنىڭدىكى تەدبىرلەرنىڭ بىرى، جۇڭگو ۋە يىراق شەرقتىن ئۆزىنى قايتۇرۇپ چىقىش بولۇپ، بۇنىڭدا جۇڭگو - سوۋېت مەنپەئىتىدە يەنە بىر قېتىم توقۇنۇش يۈز بەردى: ستالىن يىراق شەرق ئۇرۇشىغا چېتىلىپ قېلىشتىن كۆچەپ ئۆزىنى قاچۇرسا، جياڭ جېيشى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىشكە بار ئۈچى بىلەن تىرىشتى. بۇ توقۇنۇش شىنجاڭ مەسىلىسىدە جىددىيلىشىپ، جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى يەنە قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن، جۇڭگونىڭ جاسۇسلۇق ئورگانلىرى بۇ ئاخباراتتىن خەۋەردار بولغانىدى. شۇ چاغدا جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شاۋ لىزىنىڭ ئەسلىشىچە، 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا

جۇڭگونىڭ بىرلىندا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى چۇڭچىڭغا تېلگىراما يوللاپ، گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى دوكلات قىلغان. 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جياڭ جيېشى بۇ ئاخباراتنى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىگە ئاشكارىلاپ، ئامېرىكا گېرمانىيىنىڭ ھەرىكىتىگە ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلىشى كېرەك دەپ نەسىھەت قىلدى. ئۇ ئامېرىكىنىڭ باش ئەلچىسىگە ئۆزىنىڭ سوۋېت بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرگەندى. ئۈچ كۈندىن كېيىن جياڭ جيېشى ئامېرىكىنىڭ باش ئەلچىسىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: ئەگەر ئامېرىكا (گېرمانىيە سوۋېتكە ھۇجۇم قىلىشتىن ئاۋۋال) گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلسا، گېرمانىيە بىلەن سوۋېت يېقىنلىشىپ كېتىدۇ ـ دە، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك بولىدۇ، دېگەن. شۇڭلاشقا جياڭ جيېشى ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىنى توسىماسلىقىنى ۋە كېچىكتۈرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلاتتى.

گېرمانىيىنىڭ ھۇجۇمى باشلىنىش بىلەنلا چۇڭچىڭ تەرەپنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. جۇڭگو ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى: ياپونىيە سىبىرىيە ۋە تاشقى موڭغۇلىيىگە ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيە گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى تۈزگەن كېلىشىمنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشى پارتلاپ تۆت كۈندىن كېيىن، باش ئەلچى شاۋ لىزى ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئامېرىكىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ھەرىكىتىدىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. شاۋ لىزى: سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشى ياپونىيىنىڭ

«قورشاۋدا قالغانلىقى» دىن دېرەك بېرىدۇ. مەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىگە ئېغىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، ئەمدىلىكتە بولسا، سوۋېت - ياپونىيە توقۇنۇشىغا ساناقلىقلا كۈن قالدى، دەپ ھېسابلىدى.

چۇڭچىڭ تېزلىك بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. 1941 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۇڭچىڭ، شۇنىڭدىن سەل بۇرۇن ۋاڭ جىڭۋېي گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە بىلەن ئورناتقان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلىدى. بۇ تەدبىر پەقەت ۋاڭ جىڭۋېينىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى يېتىم قالدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يىراق شەرق ۋە ياۋروپا ۋەزىيىتىگىمۇ ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن كۈنى جياڭ جيېشى يەنە جۇڭگودا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى لاۋلىن كېلى ئارقىلىق پرېزىدېنت روزۋېلتقا گەپ ئېيتىپ بېرىپ: ئاخباراتقا قارىغاندا، ياپونىيە يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىدىكەن، دېدى. جياڭ جيېشى يەنە: ياپونىيە 1941 - يىلى 4 - ئايدىكى سوۋېت- ياپونىيە بىتەرەپ تۇرۇش شەرتنامىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى. ياپونىيە گېرمانىيە بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىستاپ ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ بىتەرەپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئاخباراتنىڭ قەيەردىن كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، جياڭ جيېشىنىڭ بۇنى ئامېرىكىغا ئېيتىپ بېرىشىدە غەرەز يوشۇرۇنغان. ياپونىيىنىڭ سۈيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرماسلىق ئۈچۈن، جياڭ جيېشى ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوللىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشىغا ياردىمى تېگەتتى.

جياڭ جيېشى يەنە جۇڭگو - سوۋېت ھەربىي ئىتتىپاقىنى

ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ياپونغا ئورتاق قارشى تۇرماقچى بولدى. ئۇ بۇ توغرىدا بىر پارچە توختام يېزىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى ھەربىي مەسلىھەتچىسى — گېنېرال ۋاسىلىي ژوكوۋغا تاپشۇرۇپ بەردى (ژوكوۋ 1940 - يىلى كۈزدە جياڭ جيېشىغا ھەربىي مەسلىھەتچى قىلىپ جۇڭگوغا ئەۋەتىلگەن)، لېكىن ئۇنىڭ كەسكىن رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. ژوكوۋنىڭ قارىشىچە، بۇ، ئامېرىكىنىڭ گىز - گىزگە سېلىپ، سوۋېت - ياپونىيە ئۇرۇشىنى قوزغاپ، ياپونىيىنى ئامېرىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى بازىلىرىغا ئىلگىرىلىمەيدىغان قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى. جياڭ جيېشى يەنە جۇڭگو، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئەنگلىيە تۆت دۆلەتنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جياڭ جيېشى روزۋېلتقا نوتا تاپشۇرۇپ: توكيودىن كەلگەن «ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەر» گە قارىغاندا، گېرمانىيە بىلەن ياپونىيە مەخپىي كېلىشىم تۈزۈپتۇ، ياپونىيىنى جەنۇبتا جەنۇبىي تىنچ ئوكيانغا ۋە شىمالدا سىبىرىيىگە ھۇجۇم قىلالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلماقچىمىش، دېدى. شۇڭا جياڭ جيېشى تۆت كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ھەربىي ئىتتىپاق قۇرۇپ، ياپونىيىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى چەكلىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، جياڭ جيېشى چېۋەرلىك بىلەن روزۋېلتقا: سوۋېت ئىتتىپاقى «بىز بىلەن ئورتاق ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ، ياپونغا بىردەك قارشى تۇرۇشنى خالايدۇ» غانلىقىنى ئېيتقانىدى، دېدى. جياڭ جيېشى بۇ ئارقىلىق روزۋېلت بۇنداق ھەرىكەتنى قوللامدۇ - قوللىمامدۇ، جۇڭگو، سوۋېت، ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ دوستلۇق - ھەمكارلىق پۇرسىتى پىشىپ يېتىلدى دەپ قارامدۇ - قانداق، بۇنى بىلمەكچىدى. 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى روزۋېلت بۇنىڭغا: ئامېرىكا، جۇڭگو - سوۋېت ھەربىي كېلىشىمنىڭ بىر تەرىپى بولمىغاچقا، ئىنكاس قايتۇرۇشقا

چارىسىز، دەپ جاۋاب قايتۇردى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسەن قارىشى بويىچە، بۇ ھەمكارلىق ھەرىكىتى جۇڭگوغا پايدىلىق، دەپ قوشۇپ قويدى.

روزۋېلتنىڭ ئېھتىياتچانلىقى جىياڭ جېيشىنى نىيىتىدىن ياندۇرالمىدى. 8 - ئاينىڭ بېشىدا جىياڭ جېيشى ئۆزىنىڭ ئامېرىكىلىق سىياسى مەسلىھەتچىسى ئوۋېن لاتمورنى چاقىرتىپ، تۆت دۆلەت ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى. ئۇ: جۇڭگو تۆت يىل بەرداشلىق بەردى، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە يەنىلا يالغۇز كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، ياپونىيىنىڭ تەشۋىقات ئورگانلىرى بۇ پاكىتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگولۇقلارنى ئېزىقتۇرۇپ، غەرب دۆلەتلىرى جۇڭگونى ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىگە قارشى تۇرىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇۋالدى دېگەچكە، بۇ تەشۋىقاتنىڭ «تەسىرى ئىنتايىن يامان» بولماقتا، بۇ بىر تەھدىت بولۇپ، جۇڭگو يېتىم ۋە تايانچىسىز ھالەتتە قالدى، ئەسكەرلەرنىڭ كەيپىياتى تۆۋەن، شۇ سەۋەبلىك، ئۇلار ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشى مۇمكىن دېدى، جىياڭ جېيشى ياپونىيىنىڭ تەشۋىقاتىغا قايتۇرما زەربە بېرىش ئۈچۈن روزۋېلتقا سوۋېت ۋە ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگو بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى، ئەگەر بۇنى ھازىر ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمىسا، ھېچ بولمىغاندا جۇڭگونى نۆۋەتتە ئېچىلىۋاتقان ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گوللاندىيە ئۈچ تەرەپنىڭ مۇداپىئە يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى.

لاتمور روزۋېلتقا جىياڭ جېيشىنىڭ بۇ تەلىپىنى يەتكۈزگەندە: ياپونلار سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەنگلىيە - سوۋېت تۈزۈشكەن بىخەتەرلىك كېلىشىمى جىياڭ جېيشىدا تۆت دۆلەت ئىتتىپاق تۈزۈش پىلانىنى بۇ ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلىنغان بېشارەت بولۇپ، تۆت دۆلەت ئىتتىپاقى، سوۋېت - ياپونىيە ئۇرۇشىغا ئەكېلىدۇ دېگەنلىك، دېدى.

جياڭ جيېشى بىر تەرەپتىن ئامېرىكىنىڭ ھەرىكەت قوللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەشۋىقات ئۇرۇشى قوزغاپ، ئۆزىنىڭ دىپلوماتىك تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتتى. 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى، خەلقئارا تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ جۇڭگو شۆبىسى ۋە جۇڭگو دىپلوماتىيە جەمئىيىتى بىرلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تېلېگرامما يوللىدى. تېلېگراممىدا سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ جاپالىق كۈرەش قىلىش روھى مەدھىيىلەنگەن، سوۋېت بىلەن جۇڭگونىڭ يىراق شەرقتىكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرىشىمۇ تىلغا ئېلىنغاندى؛ تېلېگراممىدا يەر شارىدىكى قاباھەتلىك تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش چاقىرىق قىلىنىپ: «بىز جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ بىرلىشىپ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى مۇستەھكەم لاگېر قۇرۇپ، ئۆزئارا ئىشىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، جاپادىمۇ - راھەتتىمۇ بىللە بولۇپ، ئورتاق دۈشمەننى يوقىتىشنى قىزغىن ئۈمىد قىلىمىز» دېيىلگەن.

گېنېرال ژوكوۋ يەنە جياڭ جيېشىنىڭ رەپىقىسى سۇڭ مېيلىن ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ جۇڭگو گېزىتلىرىدە ماقالە يېزىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بەرگەن دوستانە ياردىمىنى مەدھىيىلەپ، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ بۇ جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېتىشەلمىگەنلىكىدىن ئاغرىنغانلىقىغا، شۇنداقلا پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىلا جۇڭگوغا ھەربىي قورال - ياراغ سېتىپ بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالغانلىقىغا دىققەت قىلغانىدى. ژوكوۋنىڭ قارىشىچە، بۇ ماقالىلەردە ئىپادىلەنگەن غەرەز ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇ ياپونىيىنىڭ زىتىغا تېگىپ، ئۇنىڭغا ئەڭ زور خەتەرنىڭ ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىن ئەمەس، بەلكى سوۋېت

ئىتتىپاقىدىن كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئىدى. ژۇكوۋنىڭ قارىشىچە، بۇ بىر قاتار ماقالىلەر ۋە چۇڭچىڭنىڭ گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكى ھەمدە جۇڭگونىڭ جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش يەلىدىكى تىرىشچانلىقلىرى، جۇڭگونىڭ ياپونىيىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلدۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى ئىدى.

ياپونىيە مەرۋايىت پورتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن جياڭ جيېشى تېزلا ئىنكاس قايتۇرۇپ، جۇڭگو، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قارشى ئىتتىپاق قۇرۇشى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم مۇراجىئەت قىلدى. بۇ قېتىم جياڭ جيېشى ۋاشىنگتوننى سوۋېتكە ياردەم بېرىپ گېرمانىيىگە قارشى تۇرۇشنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياپونىيىگە قارشى تۇرۇشقا ئەكېلىش بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ، بۇ ئىككىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشقا ئۇناتماقچى بولدى. 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جياڭ جيېشى سوۋېت، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرىنى چاقىرتىپ، ئۇلار بىلەن ئامېرىكىنىڭ گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىش باياناتىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىش باياناتىنى ۋە جۇڭگونىڭ بۇ ئىككى ئوق مەركىزى دۆلىتىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىش باياناتىنى بىر ۋاقىتتا تەييارلاپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر تەرەپنىڭ ياپونىيە بىلەن ئۆز ئالدىغا مۇرەسسە قىلماسلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە ھەربىي ئىتتىپاق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، بىر تۇتاش قوماندانلىقتىكى ئىتتىپاقداش ئارمىيە قۇرۇش تەكلىپىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. جياڭ جيېشى يەنە بۇ تەكلىپنى تېلېگراما ئارقىلىق بىۋاستە ستالىنغا يوللىدى. جۇڭگونىڭ باش ئەلچىسى خۇشىمۇ ۋاشىنگتوندا پائال ھەرىكەت قىلىپ، روزۋېلتنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە

قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، شۇ ئارقىلىق جۇڭگو، سوۋېت بىرلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. خۇ شى تەھلىل قىلىپ: جۇڭگو ناۋادا ئاۋۋال ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىگە ئۇرۇش ئېلان قىلسا، «بېلىقچىنىڭ بىلەن قولۇلە تۇتۇشۇپ قالسا بېلىقچى پايدا ئاپتۇ» دېگەندەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پايدا ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى، سوۋېت، ئامېرىكا، جۇڭگو ياپونىيىگە تەڭلا ئۇرۇش ئېلان قىلىشى كېرەك. چۇڭچىڭ ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا: ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتە جۇڭگونى قوللىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، ياۋروپادا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، دېگەنىدى.

ئامېرىكا رەھبەرلىرى جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىشكە بولغان تەقەززالىقىنى چۈشىنەتتى. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشىنى تەلەپ قىلىشتا، ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياردەم بېرىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش نىيىتى يوق ئىدى. 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى س. ۋېلىس سۇڭ زىۋېن بىلەن كۆرۈشۈپ: جۇڭگو باشلامچى بولۇپ ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىگە ئۇرۇش ئېلان قىلسۇن، دېدى. شۇ كۈنى جۇڭگو بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.

ستالىن بىلەن مولوتوۋ جۇڭگو مەسىلىسىدە قانداقتۇر بىرەر ھەرىكەتنىڭ بولۇشىنى خالىمايتتى. شۇنداقلا ئۇلار ئامېرىكىغا ئوخشاش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ غەربىي سەپتە ئۇرۇش قىلىشىنى خالىمايتتى. ستالىن 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، يەنى جياڭ جيېشىدىن تېلېگراممىا كەلگەن كۈنى جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ تەھلىلىگە، يەنى ئۇلۇغ ئوكيان ئۇرۇشى بىلەن جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى ئوق مەركىزى

دۆلەتلىرىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇھىم ئىككى تەركىبىي قىسمى دەپ قارايدىغانلىقىغا قوشۇلغان. لېكىن ستالىن شۇنىڭ بىلەن بىللە گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش ھالقىلىق ۋە بەلكى ئەڭ مۇھىم ئىش، سوۋېت ئىتتىپاقى نۆۋەتتە گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇھىم يۈكىنى ئۈستىگە ئالغانىكەن. دېمەك، ئەسكىرىي كۈچىنى بۆلۈپ، يىراق شەرققە ئەۋەتەلمەيدۇ، چۈنكى بۇ غەربىي سەپنى يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ستالىن جياڭ جيېشىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى دەرھال ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا زورلىماسلىقىنى «سەمىمىي ئۈمىد قىلغان» ئىدى. تېلېگراممىنىڭ ئاخىرىدا ستالىن مۇنداق بىر جۈملە مۇجمەل سۆزنى ئىشلەتكەن:

«توغرىدىن توغرا ئېيتىشقا بولىدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى كېرەك. چۈنكى ياپونىيە بىتەرەپ تۇرۇش شەرتنامىسىنى شەرتسىز يىرتىپ تاشلايدۇ، بىز بۇ خىل ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمىز، لېكىن تەييارلىققا مەلۇم ۋاقىت كېتىدۇ. شۇڭلاشقا بىز جانابلىرىنىڭ بىزنى دەرھال ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا زورلىماسلىقىنى يەنە بىر قېتىم سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز».

ستالىن جاۋاب تېلېگراممىنى بېرىپ ئىككى كۈندىن كېيىن چۇڭچىڭدىكى چەت ئەل مەسلىھەتچىلىرى باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى ژوكوۋنى چاقىرتىپ كۆرۈشۈپ، ستالىننىڭ بۇ بىر ئابزاس سۆزىنىڭ ئېنىق مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ژوكوۋ: سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن ستالىن ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا چارىسىز، دېدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتىكى ھەرىكىتى نۇرغۇن ئامىللارغا چېتىشلىق ئىدى، مەسىلەن، ئارمىيىنى توپلاش، ماددىي تەمىنات، ۋەھاكازا. ستالىندىن تېلېگرامما كېلىپ تۆت

كۆندىن كېيىن سۇڭ زىۋېن بۇ تېلېگراممىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە تاپشۇرۇپ، ئامېرىكىدىن يەنە ئۈمىد كۈتتى. ئىككىنچى يىلى 6 - ئايدا چېرچىل ۋاشىنگتوننى زىيارەت قىلغاندا، جۇڭگو گېزىتلىرى ئەنگلىيە - ئامېرىكىنى ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئاشكارا ئۈندىدى.

جۇڭگو سوۋېت - ياپونىيە ئۇرۇشىنى قوزغاشقا ئۇرۇنۇپ يۈرگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇنداق مۇمكىنچىلىكنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. 1941 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىنىڭ كەلگۈسىدىكى سىياسىتىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، توكيونىڭ كېپىللىك بېرىشىنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلغانىدى. ياپونىيە دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا مۇجمەل جاۋاب بەردى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ياپونىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش كېرەكمۇ - يوق، دېگەن مەسىلىدە مۇنازىرە بولۇۋاتاتتى. 1941-يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ياپونىيىنىڭ يېڭى تەيىنلەنگەن تاشقى ئىشلار ۋەزىرى فېڭتيەن جىنسىلاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كونستانتىن سىموتونىنغا: ياپونىيە 1941 - يىلى 4 - ئايدا تۈزۈلگەن سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسىگە ئەمەل قىلىدۇ، دەپ ئېنىق جاۋاب بەردى. ئۆز ئارا مەنپەئەتدار بولۇش شەرتى سۈپىتىدە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى فېڭتيەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جياڭ جيېشىغا ۋاستىلىك ۋە بىۋاستە ياردەم بەرمەسلىكىنى تەلەپ قىلدى. 8 - ئايدا ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ ۋىلادىۋوستوكقا ماددىي ئەشيا توشۇغانلىقى توغرىسىدا ئىككى قېتىم نارازىلىق بىلدۈرگەنىدى. فېڭتيەن: ياپونىيە بۇ ماددىي بۇيۇملارنى جياڭ جيېشىغا ئامېرىكا يەتكۈزۈپ بېرىۋاتىدۇ، دەپ گۇمانلىنىدۇ، دېدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە بىر قېتىم كاپالەت بېرىپ: ئامېرىكىنىڭ بۇ ماددىي ئەشيالىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن

ئىشلىتىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ماددىي بۇيۇملارنىڭ توشۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىنىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەت دوستانە ھەرىكەت ھېسابلانمايدۇ، دېدى.

ستالىن جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى بىتەرەپلىك شەرتنامىسىنى داۋاملاشتۇرۇش، ۋىلادىۋوستوك ئارقىلىق كېلىۋاتقان ئامېرىكا ماددىي ئەشيالىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردەمنى توختاتتى. 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى باش ئەلچى سىموتونىن تاشقى ئىشلار ۋەزىرى فېڭتىيەننىڭ 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى تەلىپىگە جاۋاب بەردى. جۇڭگوغا بېرىۋاتقان ياردەمنى تىلغا ئالغاندا سىموتونىن: خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە، ئىتالىيەلەرنىڭ ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەيىبلەشكە ھوقۇقسىز بولغاندەك، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىگىمۇ ياپونىيىنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق، دېدى. چۈنكى، 1941 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۈزۈلگەن بىتەرەپلىك شەرتنامىسى ئۈچىنچى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە ئەسلا چېتىلمىغانىدى. لېكىن ئۇ 1940 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان مولوتوۋنىڭ باياناتىنى يەنە بىر قېتىم مۇقىملاشتۇردى. باياناتتا: سوۋېت ئىتتىپاقى جىياڭ جيېشىغا ياردەم بېرىشنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇداپىئەسىدۇر، دېيىلگەنىدى. باش ئەلچىنىڭ قارىشىچە: 1941 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى باشلانغاندىن بېرى بۇ نۇقتا تېخىمۇ ئېنىق بولغانىدى. ئۇ يەنە فېڭتىيەنگە كاپالەت بېرىپ: سوۋېت ئىتتىپاقى يىراق شەرقتە ھەرقانداق ئۈچىنچى دۆلەت (مەسىلەن، ئامېرىكا ياكى جۇڭگو) نى ھەربىي بازا ياكى تېررىتورىيە ئالاھىدە ھوقۇقى بىلەن تەمىنلىمەيدۇ، دېدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا باش ئەلچى رىدىۋنوۋ ۋاشىنگتوندا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرۇش قىلىپ: سوۋېت

ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى ئەمدى جۇڭگونى قايتا ياردەم بىلەن تەمىنلىمەيدۇ، دېدى.

جۇڭگوغا بېرىلىۋاتقان ياردەمنىڭ توختاپ قېلىشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋەتتى. 1943 ـ يىلىنىڭ بېشىدا جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشقا يېڭى تەيىنلەنگەن باش ئەلچىسى فۇبىڭچاڭ كۇيبىشېۋ (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى پايتەختى، موسكۋانىڭ شەرقىغە 965 كىلومېتىر — 600 ئىنگلىز چاقىرىمغا باراۋەر — ئارىلىققا جايلاشقان) غا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سودا خەلق كومىسسارى مىكويان بىلەن مۇشۇ ئىش ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. 1943 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى سۆھبەتتە مىكويان: گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقتىن سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا بېرىۋاتقان ياردەمنى پۈتۈنلەي توختاتقانلىقىنى، ياردەم بېرەي دېسىمۇ بېرەلمەيدىغانلىقىنى، لېكىن ياردەمنى كەلگۈسىدە ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. فۇبىڭچاڭ چۇڭچىڭغا تېلېگرامما بېرىپ مۇزاكىرە ئەھۋالىنى دوكلات قىلغاندا ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي قارىشىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. ئۇ، موسكۋا جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى خالىغان بىلەن، بۇ مۇناسىۋەتنى ئاشكارىلاشنى خالىمايدۇ، چۈنكى بۇ ياپونىيىنى ئاللاقزادە قىلىۋېتىدۇ، دەپ قارىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ كۈچ جەھەتتىن، جۇڭگوغا قايتا ياردەم بېرىشكە نائىلاج ئىدى. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باھانىسى جياڭ جيېشىنىڭ غەزىپىنى قىلچىمۇ پەسەيتەلمىدى. جياڭ جيېشىنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردەمنى توختىتىشى ياپونىيىگە قىلىۋاتقان ياخشىچاقلىقى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە

ياپونىيىنىڭ بىسىمىغا تىز پۈكۈپ، جۇڭگوغا بېرىلىدىغان ياردەمنى بىكار قىلىشى جىياڭ جېيشىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەي قويمايتتى. ئۇنىڭ: سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيە مەسىلىسىدە جۇڭگوغا شۇنچە تاش يۈرەكلىك قىلغان تۇرۇقلۇق، سەن ستالىن شىنجاڭ مەسىلىسىدە جۇڭگونىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشىمەن دەپ يۈرەمسەن؟ كەم ـ كۈتمىسىز خام خىيال! دېگەن ئويىدا بولۇشى چوقۇم.

## 2. قاتناش كرىزىسى ۋە چۇڭچىڭ ئاخبارات ئىدارىسى

1942 ـ يىلىنىڭ بېشىدا جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن نازۇكلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدا جۇڭگو ئىككى ئىتتىپاقداشقا ـ ئەنگلىيە، ئامېرىكىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئۇ تېخىمۇ يېتىملىك ھېس قىلىپ، «قۇشلار ئۇچۇپ كەتسە يىراققا، بۇلار تېپىنىچ ئورمان تومۇزغىلار چىرىلداشسا، تاغلار بولىدۇ تېخىمۇ پىنھان» دېگەندەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى. 1941 ـ يىلى كۈزدە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردەمنى توختاتتى ۋە 1942 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ياپونىيە بىرمىنىڭ رانگون شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىككى خەلقئارالىق تەمىنلەش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. خەيفاڭ ـ كۈنمىڭ تۆمۈريولى 1940 ـ يىلىدىن بېرى ئىزچىل خەتەر ئىچىدە تۇراتتى. جۇڭگوغا سىرتتىن كېلىدىغان ئاشۇ ئازغىنا ماددىي ئەشيالار، ھىندىستان ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاغ تىزمىلىرىدىن ئايروپىلان ئارقىلىق توشۇپ كېلىنەتتى. لېكىن ئامېرىكا كونسېسسىيە قانۇنىغا ئاساسلىنىپ تەمىنلەيدىغان ياردەم ئىككى قۇرۇقلۇق يولى

— بىرى سىبىرىيە، يەنە بىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئارقىلىق جۇڭگوغا توشۇپ كېلىنەتتى. ياپونىيە بىرمىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن جۇڭگونىڭ بۇ يوللارنى راۋانلاشتۇرۇش مۇمكىنلىكى ئۈستىدە ئىزدەندى. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردەمنى توختىتىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ ئامېرىكا بەرگەن ماددىي ئەشيالارنىڭ ئىراندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈركمەنستانى ۋە قازاقىستانى ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلتۈرۈلۈشىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يول قويۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردەمنى ئۈزۈپ قويغانلىقىنى ياپونىيىگە ياخشىچاق بولۇش ئەمەس، بەلكى كۈچىمىزنىڭ چەكلىك بولغانلىقىدا، دەپ ئەسكەرتكەن.

جياڭ جيېشىنىڭ بۇ ترانسپورت يولىنى راۋانلاشتۇرۇش تەقەززاسىغا سۆز كەتمەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئارمىيىسى ھەربىي قورال - ياراغقا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېررىتورىيىسىدىن ئۆتىدىغان ترانسپورت ھوقۇقى مەسىلىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە تۈزگەن بىتەرەپ تۇرۇش شەرتنامىسىگە بېرىپ چېتىلاتتى. خۇددى سوۋېت، ئامېرىكا بىرلىشىپ گېرمانىيىگە قارشى تۇرغاندەك، جۇڭگو ئامېرىكا بىلەن بىرلىشىپ ياپونىيىگە قارشى تۇرغانىدى. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىغا ياردەملىشىپ جۇڭگوغا مەدەت بېرىدىغان بولسا، ياپونىيىنىڭ گېرمانىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، سىبىرىيىگە ھۇجۇم قىلىشىغا تۈرتكە بولاتتى. ستالىننىڭ ئەنسىرەيدىغىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. شۇڭلاشقا، جياڭ جيېشى ئوتتۇرىغا قويغان خىلمۇ خىل سەۋەبلەر ستالىننىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى.

1942 - يىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئارقىلىق ئۆتىدىغان ترانسپورت

ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە تەلەپ قويۇش توغرۇلۇق، شۇ چاغدا جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شاۋ لىزىغا بۇيرۇق بەردى. جياڭ جېيشى شاۋ لىزىغا: ۋاشىنگتوندا ئېچىلغان تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى كومىتېتىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا روزۋېلىت: جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىن ئامېرىكا - جۇڭگو قاتناش لىنىيىسى ئىزدەپ تېپىشى كېرەك، دەپ بېشارەت بەرگەن. لېكىن روزۋېلىت، ئەڭ ياخشىسى، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بۇ توغرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىۋاستە تەلەپ قويۇشى لازىم، شۇنداق بولغاندىلا، ئامېرىكا، ئەنگلىيە بۇ يول ئارقىلىق جۇڭگوغا ياردەم بېرەلەيدۇ دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، دېگەن.

جياڭ جېيشى شاۋ لىزىغا يوليورۇق بېرىشتىن ئاۋۋال جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بۇيرۇق بەرگەن. جۇڭگو ئۇرۇش مەزگىلىدە موسكۋاغا ئەۋەتكەن ھەربىي ئەمەلدار گۇ دېچۇەننىڭ ئەسلىشىگە قارىغاندا، شاۋ لىزى دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ترانسپورت ھوقۇقى بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا قوشۇلمىغان، شاۋ لىزى: جۇڭگو باشقا چىغىر يوللارنى ئېچىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى قىيىن ئەھۋالدا تۇرغاندا ھەددىدىن ئارتۇق تەلەپ قويماسلىقى كېرەك، دېگەن پىكىردە بولغان. گۇ دېچۇەننىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، چۇڭچىڭ يەنە بىر قېتىم يوليورۇق بەرگەندە گۇ دېچۇەن ئۆزى ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ باش ئەلچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، جۇڭگو ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىغا چۈشۈپ بېقىشىنى تەلەپ قىلغانىكەن.

جياڭ جېيشى يوليورۇق بېرىپ ئىككىنچى كۈنى، شاۋ لىزى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە بىر پارچە ئىلتىماس تاپشۇرۇپ، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسى ئارقىلىق ھەر ئايدا 4000 توننا ماددىي ئەشيا

كىرگۈزۈشكە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى گەرچە جۇڭگوغا ھېسداشلىق قىلسىمۇ، لېكىن تېخنىكا جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئىلتىماسنى يەنىلا مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ چىڭ تۇرغان. 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شاۋ لىزى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاۋابىنى جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلدى ھەمدە روزۋېلىت ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ ستالىن بىلەن ئۇچراشقان بولسا، بۇ ئىشنىڭ نەتىجە بېرىشى مۇمكىنلىكىنى تەكىتلىدى.

گۇ ۋېيجۈننىڭ قارىشىچە، شاۋ لىزى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رۇخسەت قىلىشنى ھە ـ ھۇ بىلەنلا ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى رۇخسەت قىلىشقا تەييارلانغان. گۇ ۋېيجۈننىڭ ئەسلىمىسىدە يېزىشىچە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا باش ئەلچىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئاشكارىلىشىچە، شاۋ لىزى تەلەپ قىلىشنى قەستەن ئارقىغا كېچىكتۈرگەن بولۇپ، بۇنداق قىلمىغان بولسا، جۇڭگونىڭ بۇ ترانسپورت ھوقۇقىغا ئېرىشىشى مۇمكىن ئىكەن. گۇ ۋېيجۈننىڭ يازغانلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى، (شاۋ لىزىنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، ئۇ شۇ چاغدا جۇڭچىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىتىگە قوشۇلمىغان). شۇڭا، شاۋ لىزىدا قىزغىنلىق كەم بولغانلىقتىن، جۇڭگونىڭ بۇ پىلانى ئاخىرى يوققا چىققان دېسەك، مۇبالىغە قىلىۋەتكەن بولىمىز. 1942 ـ يىلى 5 ـ، 7 ـ ئايلاردا مولوتوۋ ئامېرىكىنى زىيارەت قىلغان مەزگىلدە ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى، جۈملىدىن روزۋېلىت مولوتوۋ بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشكەنىدى. جۇڭگو ئىلتىماس سۇنۇپ 18 ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ مەسىلىنى ئىزچىل «مۇزاكىرە» قىلغان. 1943 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى فۇ بىڭچاڭ مىكويانغا يەنە بىر قېتىم ئىلتىماس قىلغاندا، مىكويان ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تۆمۈريولنىڭ قاچىلاش مىقدارى چەكلىك دېگەندەك تېخنىكىلىق

قىيىنچىلىقلارنى مىسال كەلتۈرۈپ: ئەگەر بۇ قىيىنچىلىقلار ھەل بولىدىكەن، ترانسپورت كېلىشىمى ئىمزالاش قىيىن ئەمەس، دېگەن. لېكىن جياڭ جيېشى: بۇ خىل «تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەر بىر باھانە، ياپونىيىنىڭ زىتىغا تەگمەسلىك — موسكۋانىڭ ھەقىقىي غەرىزى، دەپ قارىغانىدى.

جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان دىپلوماتىك سىياسىتى ئۇنىڭ ئىككى قېتىم موسكۋادا تۇرۇشقا تەيىنلىگەن باش ئەلچىلىرىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان، بىرىنچىسى، 1937 ـ يىلى تەيىنلەنگەن جياڭ تىڭپو، ئىككىنچىسى، 1940 ـ يىلى تەيىنلەنگەن ياڭ جيې ئىدى. ئەمدى بولسا، شاۋ لىزىمۇ جياڭ جيېشىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ بەرمەكتە ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ ئەسلىشىچە، شاۋ لىزى ئاساسلىقى جياڭ جيېشىنىڭ «سوۋېتكە قارشى» تۇرۇش ستراتېگىيىسىگە قارشى تۇرغانلىقتىن، 1942 ـ يىلى 10 ـ ئايدا چاقىرتىۋېلىنغان ئىكەن. سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشى پارتلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، شاۋ لىزى جياڭ جيېشىغا ياپونىيىگە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاش توغرىسىدا جۇڭگو ئارمىيىسىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ياپونىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىستاپ زەربە بېرىش خەتىرىنى تۈگىتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن. شاۋ لىزىنىڭ ئەسلىشىچە، ئۇ چاغدا جياڭ جيېشى قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ تۇرۇپ «سەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە: يولىيورۇق تاپشۇرۇپ ئالدىم، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھېسداشلىق قىلىمىز، دېسەڭلا بولىدۇ» دېگەن سۆزىنىلا قىلغان.

1941 ـ يىلى ياز ۋە كۈزدە، شاۋ لىزى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن جياڭ جيېشىنىڭ موسكۋاغا بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئەۋەتىشىنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا روزۋېلت خارلى خوپچىنسنى، چېرچىل ئانتونىي ئەيدىننى ستالىن بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن موسكۋاغا

ئەۋەتكەنىدى. قائىدە بويىچە، جياڭ جېيشىمۇ موسكۋاغا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن خەلقئارا ۋەزىيەتنى مۇزاكىرە قىلىشى كېرەك ئىدى. ھېچ بولمىغاندا، گو تەيچى لوندوندىن دۆلەتكە قايتىش سەپىرىدە موسكۋادا (گو تەيچى 7 - ئايدا چاقىرتىۋېلىنىپ، ۋاڭ چۇڭخۇي ئورنىغا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەنمەكچى ئىدى.) توختاپ ئۆتىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق جياڭ جېيشى ھېچقانداق تەدبىر قوللانمىدى، شاۋ لىزى: بۇنداق يۇقىرى دەرىجىلىك سۆھبەتتە بوي كۆرسەتمەسلىك ستالىنىنىڭ جۇڭگوغا بولغان قىزغىنلىقىنى يوقىتىپ قويۇشقا سەۋەب بولدى، دەپ قارىغان. شاۋ لىزى: جياڭ جېيشى چۇڭچىڭدىكى قاتتىق قول كوممۇنىزمغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلمىدى، جياڭ جېيشىنىڭ مەقسىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش ئەمەس بەلكى ئاجىزلاشتۇرۇش، بۇنداق ئاجىزلاشتۇرۇش پەقەت ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قول - پۇتىنى بوغۇشلاپ قويىدۇ، دەپ، ھۆكۈم قىلغان. 1942 - يىل 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سۇن كې بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ كەسپىي دىپلومات فۇ بىڭچاڭ موسكۋاغا ئەۋەتىلىپ، شاۋ لىزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

شاۋ لىزى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش ھارپىسىدا مىكويانغا بىر پارچە كېلىشىم لايىھىسىنى تاپشۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوۋېت - ئىران چېگرىسىدىكى ئاشخاباد ئارقىلىق ھەر ئايدا قۇمۇلغا 2000 تونىنا ماددىي ئەشيا ۋە 1200 تونىنا نېفىت يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. جۇڭگو ھەر ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا 2 مىڭ تونىنا يۇڭ، قەلەي، ۋولفرام، مەدەنلىرى، خام يىپەك، تېرە - خۇرۇم، تۇڭيۇ يېغى قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئالماشتۇرۇش شەرتى قىلغانىدى. ئىككى تەرەپ بىر نەچچە قېتىم پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق،

سوۋېت ئىتتىپاقى ھەر ئايدا جۇڭگوغا 2000 توننا ماددىي ئەشيا، بۇنىڭ ئىچىدە 300 توننا نېفىت يەتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلدى. تاپشۇرۇپ بېرىش ئورنى قۇمۇل ئەمەس، شىنجاڭ بىلەن گەنسۇ چېگرىسىدىكى شىڭشىڭشىيا بولۇشى كېرەك، دەپ بېكىتىلدى.

بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ يەنىلا كەينىگە تارتىپ، تۈركىستان - سىبىرىيە تۆمۈريولىنىڭ يۈكى ئېغىر، ياردەم بېرىلگەن ماددىي ئەشيالارنى پەقەت تاشيول ئارقىلىقلا يەتكۈزۈپ بېرىشكە بولىدۇ، شۇڭا بۇنىڭغا نۇرغۇن ماشىنا كېرەك. لېكىن ھازىر بىزدە ماشىنا يوق، دېگەننى باھانە قىلدى. جۇڭگو 1000 دانە ئەتراپىدىكى ئاپتوموبىل بىلەن تەمىنلەشنى ئامېرىكا، ئەنگلىيىدىن يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلىشى كېرەك ئىدى؛ شۇنىڭ بىلەن، ئامېرىكا، ئەنگلىيىنىڭ ئاپتوموبىللىرىنىڭ كەم بولۇشى «تېخنىكىلىق مەسىلە» بولۇپ قالدى. بۇ ئارىلىقتا جۇڭگو تەرەپ 1942 - يىلى 10 - ئايدىن 1943 - يىلى 5 - ئايغىچە مۇھىم توختامغا قول قويۇشنى تەلەپ قىلغان ھامان سوۋېت ئىتتىپاقى: ئاپتوموبىل بولمىغانلىقتىن، ئامېرىكا ياردەم قىلغان ماددىي بۇيۇملارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە چارىسىز قالدۇق، دەپ جاۋاب بېرەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ مەسىلىدە «يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسەتتى» ئۇ، بىر تەرەپتىن، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ياراشتۇرۇشىنى، ئامېرىكىنىڭ ياردىمى بىلەن جۇڭگونىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچىيىشىنى ئۈمىد قىلاتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى دەرمانىغا كەلمەي تۇرۇپ، ياپونىيىنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ئىشنى 1943 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە سۆرەپ كەلدى. بۇ چاغدا بورلۇسىپ ئارمىيىسى ستالىنگراد ۋە موسكۋانى قورشاۋغا ئالغان بولۇپ، ياۋروپا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىگە ئۈمىد تۇغۇلغان ئىدى. سوۋېت

ئىتتىپاقىنى ياپونىيىگە چېقىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ قالغان بولىسىمۇ لېكىن ستالىن يەنىلا ناھايىتى ئېھتىياتچان ئىدى.

1943 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئاخىرى ترانسپورت كېلىشىمى ئىمزالىدى. كېلىشىمگە ئاساسەن، ھەر ئايدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا تەمىنلىگەن 200 توننا ھەربىي ماددىي ئەشيانى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 500 توننا خام نېفىتىنى جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگو تەرەپ 1000 توننا خام ئەشيانى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى. جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تاشيوللىرى بۇزۇلۇپ كېتىپ، تېخىمۇ كۆپ خام ئەشيانى يەتكۈزۈپ بېرىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، جۇڭگو - سوۋېت ئۆزئارا ئالماشتۇرىدىغان ماللارنىڭ مىقدارىدا پەرق كۆرۈلۈپ، جۇڭگو تەرەپ بۇنىڭغا نەق پۇل تۆلەيدىغان بولدى. تۆلىنىدىغان پۇلنىڭ سانى جۇڭگودىن ئىمرانىدىكى مال قاچىلاش ئورنىغا بارىدىغان قۇرۇق ماشىنىغا تۆلىنىدىغان كىرا ھەققىنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. مۇبادا جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ نەچچە مىڭ دانە ئاپتوموبىلىغا ئېرىشەلىگەنلا بولسا، ئالماشتۇرۇش دەرھال باشلىناتتى. ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 5 ـ ئايدا، ئامېرىكا، ئەنگلىيە «سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن» ئاپتوموبىل بىلەن تەمىنلەشكە قوشۇلدى.

بۇ خىل ترانسپورت ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە ئېلىش ھەقىقەتەنمۇ ئاۋارىچىلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى كېلىشىمنىڭ يېزىق ئارقىلىق پۈتۈشىنى خالىمىدى، چۈنكى، بۇنداق ھۆججەتلەرنىڭ ھەر ۋاقىت ياپونىيىلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى. يازما پاكىت بولمىسىلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنكار قىلالايتتى. بۇنداق ئېھتىياتچانلىقنىڭمۇ جېنى بار ئىدى، ئىككى تەرەپ ترانسپورت كېلىشىمگە مەخپىي قول قويۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، چۇڭچىڭ

ئاخبارات ئىدارىسى جۇڭگونىڭ يېڭى ترانسپورت لىنىيىسى توغرىسىدا ئاشكارا بايانات ئېلان قىلىدۇ، لوندون «كەچلىك گېزىتى» نىڭ بىر مۇخبىرى بۇ باياناتقا دىققەت قىلىپ ئۆز گېزىتخانىسىغا خەۋەر بېرىدۇ. گېزىتخانا جۇڭگونىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنىڭ ئىسپاتلىشى ئارقىلىق، 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خەۋەرنى گېزىتنىڭ باش سەھىپىسىدە ئېلان قىلىدۇ.

بۇ كېلىشىمنى ياپونىيىلىكلەر بىلىپ قالسىلا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىجرا قىلىشقا چارىسىز ئىدى. شۇڭا 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئىككى يۈك پاراخوتى كۆرسىتىلگەن سوۋېت ـ ئىران چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ماددىي ئەشيالارنىڭ چېگرىدىن كىرىشىگە رۇخسەت قىلمىدى ھەمدە بۇ لىنىيە ئارقىلىق جۇڭگوغا مال توشۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇددەتسىز ئەمەلدىن قالدۇردى.

جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ مەخپىي كېلىشىمنى ئاشكارىلاشتا جياڭ جيېشىنىڭ قوشۇلۇشى، رۇخسىتىنىڭ ئېلىنغان-ئېلىنمىغانلىقى تاكى ھازىرغىچە نامەلۇم. بۇ چاغدىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتى باشقا ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەتكە قارىغاندا، تېخىمۇ تەشكىلسىز، ئىنتىزامسىز، ھەر خىل گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن ھۆكۈمەت ئىدى. ئاخبارات ئىدارىسى تاپقان بۇ ئاپەتنى ئېھتىمال مەلۇم قارانىيەت تۆرىچىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ ھەرىكەت جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تۇتقان يۆنىلىشى بىلەن بىردەك ئىدى. بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇنلا جياڭ جيېشى سوۋېت بىلەن ياپونىيىنىڭ تۇتۇشۇپ قېلىشىنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتكەن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ چوقۇم جياڭ جيېشىنىڭ بۇ ۋەقەدىكى رولىنى بىلىشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، بۇ قىستۇرما كۆي جۇڭگو بىلەن

سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى گۇمان ۋە دۈشمەنلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

1942 — 1943 - يىللىرىدا جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى سىياسىتىگە توختالغاندا مۇنداق بىرنەچچە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ: جياڭ جيېشى راستىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلامدۇ؟ مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن، ئۇ سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسىنى چارە تېپىپ بۇزۇش نىيىتىگە كەلگەنمۇ ھەمدە شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇرۇشىمىز، دەپ تەھدىت سالغانمۇ؟ ئەمەلىيەتتە بەزى ۋەقەلەر جياڭ جيېشىنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن كىشىلەردە مۇشۇنداق غەرەز بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، خې يىڭچىننىڭ 1942 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش پىلانى ئۇنىڭ ئۇرۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن مەن جياڭ جيېشىنىڭمۇ شۇنداق غەرىزى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بىرەر ھۆججەت - ماتېرىيالنى تېخى كۆرمىدىم. ئەكسىچە ئۇ ياپونىيە ھەربىي كۈچىنىڭ يىمىرىلىشىنى ئىزچىل كۈتۈپ كەلدى، ھېچ بولمىغاندا، 1937 - يىلى 7 - ئايدىن كېيىن شۇنداق بولدى. جياڭ جيېشىغا ئېنىق بولۇشى مۇمكىنكى، ياپونىيە بالقاش كۆلىگە يېتىپ بارسا ياكى گېرمانىيە بىلەن ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنى بۆلۈۋالسا، ئۇ چوقۇم ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تېخىمۇ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ، خالاس. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلمىغاندىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلغان. مۇبادا 1941 - ، 1942 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە بىلەن ياپونىيىنىڭ قىستاپ زەربە بېرىشىگە تاقابىل تۇرۇشقا

توغرا كەلگەن بولسا، غەلىبە قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۇرۇشتىن كېيىن ئاجىز دۆلەت بولۇپ قالاتتى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلىشىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە كۈچىيەتتى؛ ئەگەر جۇڭگو ئۇرۇش جەريانىدا قوراللىنىپ ئۆزىنى كۈچەيتەلىسە، مۇنداق قارشىلىشىشنىڭ مۇمكىنلىكى تېخىمۇ كۆپەيگەن بولاتتى.

جياڭ جيېشىنىڭ ئۆزىدە بولمىسىمۇ، كەم دېگەندە ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشداشلىرىدا بۇنداق غەرەز بار ئىدى. 1942 - يىلى 6 - ئايدا جۇڭگو مەملىكەتلىك ئېنېرگىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ 2 - دەرىجىلىك كاتىپىغا ئاشكارىدىن - ئاشكارا: جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقاندا، سوۋېت - ياپونىيە ئۇرۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى بۇ ئۇرۇش كەلگۈسىدە جۇڭگوغا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودىلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ، دېگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم ئېلىش بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تەرەپ بولسا، باشقىلىرىمۇ، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، موڭغۇلىيىنى قايتۇرۇۋېلىش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاش غەرىزى ئىنتايىن روشەن ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغاندا، بايلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋېڭ ۋېنخاۋ ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى 1942 - يىلى 9 - ئايدا ئوتتۇرىغا قويغان مۇنداق بىر كۆز قاراشقا — ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغان ھامان چۇڭچىڭ تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «چۈشىنىش» ھاسىل قىلىش ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ، دېگەن كۆز قاراشقا قوشۇلغانىدى. ئومۇمەن، سوۋېت - ياپونىيە ئۇرۇشى جۇڭگونى پايدىلىق ئورۇنغا كۆتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى جۇڭگو ئوتتۇرىغا قويغان

تەلەپلەرنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلايتتى.

## 3. جياڭ جيېشى ستراتېگىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى

1943 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ـ ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى 180 گرادۇس ئۆزگەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشسا جۇڭگوغا پايدىلىق بولىدۇ، دەپ قارىمايدىغان بولدى. لېكىن، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنىڭ كۆنسايىن كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. جياڭ جيېشى 1943 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خاتىرە دەپتىرىگە مۇنداق يازغانىدى: «ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشمىسا، جۇڭگو تېخىمۇ زور قۇربانلارنى بېرىدۇ، لېكىن بىز شۇنداق بولۇشىنى خالايتتۇق. ئەپسۇسكى، بۇ مۇمكىن ئەمەس». 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا يازغان باشقا بىر خاتىرىسىدىمۇ شۇ كۆز قاراشنى يازغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى چەكلەش تەدبىرىنىمۇ قىياس قىلغان. ئۇ: ئەڭ ياخشىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيە بىلەن ئۇرۇشمىسۇن، ئەمما، ستالىن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدۇ؛ لېكىن بۇ ۋەزىيەت چوقۇم جۇڭگونىڭ دىپلوماتىك سىياسىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى كېرەك؛ شۇڭلاشقا، جۇڭگو دىپلوماتىيىسىنىڭ «نۆۋەتتىكى جىددىي» ۋەزىپىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرق ئۇرۇشىغا قاتنىشىش پىلانىنى سۇغا چىلاشتۇرۇش؛ بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن جۇڭگو جۇڭگو ـ ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەتنىڭ تىنچ ئوكيان كومىتېتىنى قۇرۇشى كېرەك؛ ناۋادا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشقا قاتناشماقچى بولسا، بۇ كومىتېتنىڭ تەستىقىنى ئېلىشى

لازىم، دەپ يازغانىدى. بۇ ستراتېگىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1943 - يىل 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قاھىرەدە ئېچىلغان يىغىننىڭ ئىككىنچى كۈنى ۋاڭ چۇڭخۇي خو پىچىنىسقا بىر پارچە ئەسلەتمە تاپشۇردى. ئەسلەتمىدە ئامېرىكا - ئەنگلىيە - جۇڭگو ئۈچ دۆلەتتىن تەركىب تاپقان يىراق شەرق كومىتېتى قۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قاتنىشىشىنى ھەر ۋاقىت قارشى ئېلىش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنى يىراق شەرق ئۇرۇشىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىش پىلانى بولغانلىقتىن، جۇڭگو روزۋېلتنىڭ 1943-يىلى 6 - ئايدا ئوتتۇرىغا قويغان تۆت كۈچلۈك دۆلەت يىغىنىنى چاقىرىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى رەت قىلىش بىلەن بىللە ئۈچ دۆلەت يىغىنىدىن ئىككىنى چاقىرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كېلەر باسقۇچلۇق ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى مۆزاكىرە قىلماقچى بولدى. ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن تىنچ ئوكيان ئىتتىپاقىنى ئايرىۋەتكەندە، تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى ۋەزىيىتىگە مۇستەقىل ھەرىكەت قوللانغىلى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتە ئۇرۇش قىلىشىنى ئىسكەنجىگە ئالغىلى، ھەتتا توسقىلى بولاتتى. مۇبادا جياڭ جيېشى مۇشۇ ۋاقىتتىمۇ يەنىلا سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسىنى بۇزۇۋېتىشنى ئويلىسا، ئۇنداقتا ئۇ روزۋېلتنىڭ تۆت دۆلەت يىغىنىنى چاقىرىش تەشەببۇسىنى چوقۇم قوللايتتى؛ ستالىن بولسا بۇ تەكلىپنى رەت قىلاتتى. چۈنكى، تۆت دۆلەت يىغىنى سوۋېت - ياپونىيىنىڭ بىتەرەپ تۇرۇشىغا يامان تەسىر پەيدا قىلاتتى.

جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز ستراتېگىيىسىنى ئۆزگەرتىشى، ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا ياپونىيىنى مەغلۇپ قىلدۇرغانلىقىغا ھەمدە قېپقالغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يىغىنىدا جۇڭگونىڭ ئاساسلىق تەلىپىنى قاندۇرىدىغانلىقىغا پەيدىنپەي ئىشەنچ باغلىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. لېكىن

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا جىياڭ جيېشى بۇنداق ئۈمىدتە بولمىغانىدى. ئۇ چاغدا ئۇ ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ياۋروپا ئۇرۇشى سەۋەبلىك ياپونىيىگە يول قويۇپ، جۇڭگونى قۇربان قىلىدۇ، دەپ ئەنسىرىگەنىدى. شۇڭلاشقا جىياڭ جيېشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئىچىدە چوڭ دۆلەت ئورنىغا ئېرىشىش ئۈچۈن دوچىققانىدى. 1943 - يىلىغا كەلگەندە ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى جىياڭ جيېشىنىڭ ئەندىشىسىنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئازايتتى. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ ئامېرىكا - ئەنگلىيە باش شتاب باشلىقلىرى يىغىنىغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنىدى ھەمدە قاھىرە يىغىنىغا قاتنىشىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ ئىككى ئىش جۇڭگونىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن باراۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بىرمىدىكى قايتۇرما زەربە، روزۋېلتنىڭ 1943 - يىلى 1 - ئايدا ئېچىلغان كاسا بىلانكا يىغىنىدا گېرمانىيە بىلەن ياپونىيىنى «شەرتسىز تەسلىم بولۇش»قا ئۈندەپ ئېلان قىلغان باياناتى ھەمدە ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە دېڭىز ئارمىيىسى قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسىملىرىنىڭ سولومون تاقىم ئاراللىرى ۋە يېڭى گۋىنىيىدە باھار پەسلىدە قۇرۇقلۇققا چىقىپ قىلغان جەڭ نەتىجىلىرى جىياڭ جيېشىنى ئامېرىكا ياپونىيىنى مەغلۇپ قىلىدۇ، دېگەن ئىشەنچكە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جىياڭ جيېشى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشقا قاتناشمىسىمۇ ياپونىيىنى ئوخشاشلا مەغلۇپ قىلالايمەن دېگەن تۇيغۇغا كەلگەنىدى.

## 4. چوڭ دۆلەت قۇرۇش چۈشى ۋە يوشۇرۇن ئىنقىلاب

1943 ـ يىلى جياڭ جيېشى دىققەت ـ نەزەرىنى ئۇرۇشتىن كېيىن قانداق قىلغاندا جۇڭگونىڭ چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى تۇرغۇزغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىگە قاراتتى. يېڭى يىل كىرىش بىلەنلا ئۇ «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتابنى يېزىپ، جۇڭگونىڭ كەلگۈسى ئەمەلىي كۈچى ۋە ئىستىقبالى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە جياڭ جيېشىنىڭ ئاساسىي دىپلوماتىك ستراتېگىيىسى: جۇڭگو ئۆزىنىڭ مىللىي غورۇرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن توقۇنۇش يۈز بېرەتتى. جياڭ جيېشى شىنجاڭ، تاشقى موڭغۇلىيە، مانجۇرىيىدىن ئىبارەت «قولدىن كەتكەن يەر» (بۇ يەرلەر تارىختا چاررۇسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان) نى قايتۇرۇۋېلىشى كېرەك ئىدى. بۇلارنى موسكۋانىڭ ئاسانلىقچە ئىككى قوللاپ قايتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنىڭ سىرتىدا تېخىمۇ قول تۇتىدىغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەسىلىسى بار ئىدى. قانداق قىلغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى چەكلەپ، ھەتتا بويسۇندۇرۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرۇشىنى قوللاتقىلى بولىدۇ؟

جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان دىپلوماتىيىسىدە ئامېرىكىنى تارازا تېشى قىلىشنى ئويلىغانىدى. ئۇ ئاۋۋال ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە پىلانىنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاندىن ئامېرىكىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. بۇنىڭدا

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو - ياپونىيە ئۆز ئالدىغا يارىشىدىغان ئېھتىماللىقتىن قورقۇشى جياڭ جيېشىنىڭ ئاساسلىق پايدىلىنىش ۋاستىسى ئىدى. ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىش ھەمدە تىنچ ئوكياندا كەڭ كۆلەمدە قايتۇرما ئۇرۇش قوزغاش گىرۋىكىگە كېلىپ قالغان ئامېرىكا جۇڭگونىڭ رولىنى ئويلاشمىسا بولمايتتى. چۈنكى، جۇڭگو ھېچ بولمىغاندا ياپونىيىنىڭ 1 مىليون كىشىلىك ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئالالايتتى. جياڭ جيېشى دەل مۇشۇ پىشاڭنى تۇتۇۋېلىپ، ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېسىم ئىشلىتىشىنى ئۈمىد قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالايتتى.

بىز بۇ يەردە جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلماقچى ئەمەسمىز، لېكىن دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قېلىشنى ئەمەس بەلكى مۇستەقىل چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىشنى خالايدۇ. دەرۋەقە، جۇڭگونىڭ مىللىي مۇستەقىللىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوللاش ئامېرىكىنىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىتى ئىدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە روزۋېلت ۋە دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى خېر: جۇڭگو ئۇرۇشتىن كېيىن ئاسىيادىكى مۇھىم كۈچكە ئايلىنىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، 1942 — 1943 - يىللىرى، مۇبادا ئامېرىكىنىڭ قوللىشى بولمىغان بولسا، جۇڭگو چوڭ دۆلەتلەر قاتارىغا كىرەلمىگەن بولاتتى. لېكىن، ئامېرىكىنىڭ قوللىشى بىر خىل ۋەھىمە ۋە ئۈمىدنىڭ بىرىكىشىدىن پەيدا بولغان بولۇپ، بۇ خىل ۋەھىمە ۋە ئۈمىدنى چۇڭچىڭنىڭ ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، چۇڭچىڭنىڭ ئۆز ئالدىغا ياپونىيە بىلەن يارىشىدىغان كونا مۇقامنى يېڭىباشتىن توۋلىشى، ۋاشىنگتوندا خىلمۇ خىل ئىنكاسلارنى قوزغىدى: ئامېرىكا رەھبەرلىرى جۇڭگونىڭ كەم دېگەندە نامدىكى باراۋەر دۆلەتلەر قاتارىدا تۆت چوڭ دۆلەتنىڭ بىرىگە ئايلىنىشىغا، جۇڭگوغا چەكلىك ماددىي ياردەم بېرىشكە، دەسلەپكى قەدەمدە

ياپونغا قارشى تۇرۇشنى مۇھىم نۇقتىلار قاتارىدا ئويلىنىشقا رازى بولدى؛ ئۇرۇش مەزگىلىدە، سىياسەت بەلگىلەشكە چېتىلىدىغان سورۇنلاردا ئامېرىكا جۇڭگونى زورمۇ- زور قوللىدى. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ ئەنگلىيە - ئامېرىكا باش شتاب باشلىقلىرى يىغىنىغا ھەمدە سىياسەت بەلگىلەش خاراكتېرلىك ئىتتىپاقچى دۆلەتلەر يىغىنىغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلدى. بىز بۇ يەردە پەقەت جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە ئالاقىدار جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان بولغاچقا قىسقىچىلا توختىلىپ ئۆتتۇق. 1942 - يىلىدىن 1943 - يىلىغىچە جياڭ جيېشىنىڭ ۋەكىللىرى ئىزچىل قاتراپ، ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېسىم ئىشلىتىشىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق چوڭ دۆلەتلىك ئورۇنغا ئېرىشمەكچى بولدى. 1943 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە بۇ خىل تىرىشچانلىق ئۈنۈم بەردى. 1943 - يىلى 5 - ئايدا چاقىرىلغان ۋاشىنگتون يىغىنىدا ۋە 8- ئايدا چاقىرىلغان كۋېبېك يىغىنىدا جۇڭگو ھۆرمەت بىلەن ئاساسلىق ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بىرى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جياڭ جيېشى بىلەن روزۋېلتنىڭ ئالىي دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلگەندى. نەتىجىدە چۆرچىلنىڭ ئامېرىكىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنى جۇڭگونىڭ چوڭ دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتۈشىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

1943 - يىلى 10 - ئايدا موسكۋادا چاقىرىلغان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونى تۆت چوڭ دۆلەتنىڭ بىرى دەپ رەسمىي ئېتىراپ قىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاقسارايدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق تەييارلىق يىغىنىدا ئامېرىكا رەھبەرلىرى ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ھەر خىل يىغىنلىرىغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلاشقان، گەرچە ئىككى

ئىتتىپاقداش دۆلەت نۇرغۇن «قىيىنچىلىق» لارنى مىسال كەلتۈرۈپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن يىراق شەرق ئۇرۇشىغا ئارىلىشىدىغانلىقىغا، شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ مەسىلىسىنىڭ ئوڭايلا ھەل بولىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگونىڭمۇ سەل قارىغىلى بولمايدىغان مۇھىم دۆلەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنىدى.

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنى باشلىنىش بىلەنلا مولوتوۋ ئامېرىكا تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق توغرىسىدىكى تۆت دۆلەت خىتابنامىسىگە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: مادامىكى، ئۈچ دۆلەت مىنىستىرلىرىنىڭ يىغىنى بولغانىكەن، خىتابنامىنى ئەلۋەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت چىقىرىشى كېرەك؛ جۇڭگو يىغىنغا قاتناشقان بىر تەرەپ ئەمەس ئىكەن. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن خىتابنامىگە جۇڭگونى قوشۇۋالىمىز؟ دېگەنىدى. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى خېر: جۇڭگونىڭ ئىتتىپاققا كىرىشىنى رەت قىلىش جۇڭگو - ياپونىيىنى ئۆز ئالدىغا يارىشىشقا ئېلىپ بارىدۇ، دەپ بېشارەت بەردى. خېر شۇ ئارقىلىق مولوتوۋنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ: جۇڭگونى چەتكە قېقىش تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي تەرەپلىرىگە ئىنتايىن ئېغىر تەسىر پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارىغانىدى. مولوتوۋ بۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ: مۇبادا ئۈچ تەرەپ كېلىشىم ھاسىل قىلالمىسا، ھەقىقىي ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا بولىدۇ. شۇڭا تۆت دۆلەت خىتابنامىسى مەسىلىسىنى ئويلىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دېدى. ئاخىرىدا مولوتوۋ ئەيدىن ئوتتۇرىغا قويغان كېلىشتۈرۈش تەكلىپى، يەنى ئۈچ دۆلەت بىرلىشىپ بايانات ئېلان قىلسا، مۇبادا جۇڭگو ھۆكۈمىتى يىغىن ئاخىرلاشقاندىن ئاۋۋال بۇ باياناتنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، ئۇنداقتا ئۈچ دۆلەت خىتابنامىسى تۆت دۆلەت خىتابنامىسىگە ئايلىنىدۇ، دېگەن تەكلىپنى قوبۇل

قىلدى. بۇ 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئىدى.

خېرنىڭ تەكلىپى تۈپەيلىدىن 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى يىغىن جۇڭگو ختابنامىگە ئىمزا قويۇشى كېرەكمۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلىنى قايتىدىن مۇھاكىمە قىلدى. مولوتوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگونىڭ ختابنامە تۈزگۈچى دۆلەت بولۇشىغا قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باش ئەلچىسى فۇ بىڭچاڭنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇۋېلىش ـ تاپشۇرۇۋالماسلىقىدىن دەرگۇماندا ئىدى. شۇڭا خېرنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن فۇبىڭچاڭ ئالاقىدار جۇڭگو خادىملىرىغا جۇڭگونىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقى توغرىسىدىكى پاكىتلار بىلەن تارتقان زىيانلىرىنى نەقىل قىلىشقا بۇيرۇپ: ئەگەر جۇڭگو ئۇرۇش مەزگىلىدە باراۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشەلمەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇرۇشتىن كېيىنكى باراۋەرلىكتىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن، دەپ كۆرسەتتى. 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە فۇ بىڭچاڭ ختابنامىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى لايىھىسىنى تېلېگرامما ئارقىلىق جۇڭچىڭغا يوللىماقچى بولدى. ۋەھالەنكى، بۇ چاغدا يىغىن ئاياغلىشىشقا تۆت كۈنلا ۋاقىت قالغانىدى. موسكۋا بىلەن جۇڭچىڭنىڭ تېلگرامما ئالاقىسىگە ھەمىشە يەتتە ـ سەككىز كۈن ۋاقىت كېتەتتى. ئامېرىكا بۇنىڭغا چوڭ ياردەم كۆرسەتتى: خېر ئامېرىكىنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ تارقاتقۇچى ئاپپاراتى بىلەن ۋاشىنگتون ئارقىلىق جۇڭچىڭغا تېلېگرامما يوللاپ، فۇ بىڭچاڭغا پەۋقۇلئاددە تولۇق ھوقۇق بېرىشنى ھەمدە فۇ بىڭچاڭنىڭ بىرلەشمە ختابنامىگە ئىمزا قويۇشىنى تەستىقلاشنى تەلەپ قىلدى. جياڭ جيېشى بۇ چاغدا ختابنامىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىن خەۋەر تاپقانىدى. چۈنكى، 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى خېر سۇڭ زىۋېنگە ختابنامە لايىھىسىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى ئەۋەتكەن. شۇڭا، جياڭ جيېشى بۇنىڭغا

دەرھال قوشۇلدى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ تارقاتقۇچى ئاپپاراتى ئارقىلىق ۋاشىنگتوندىن موسكۋاغا خەۋەر بەردى. 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى خىتابنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن، روزۋېلىت جياڭ جيېشىغا ت[illegible]مما ئەۋەتىپ: مەن بىز ئورتاق قولغا كەلتۈرگەن بۇ خۇشاللىنارلىق ئىلگىرىلەشتىن ئىنتايىن خۇشالمەن. بىز قاتتىق مۇزنى چېقىپ تاشلىدۇق، مەن ئىككىمىز بۇ پرىنسىپنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تىكلىدۇق دەپ ھېسابلايمەن، دېگەن. فۇ بىڭچاڭمۇ خېرىنىڭ تەشنالىقتا بەرگەن ئۇسسۇلۇقىغا تەشەككۈر بىلدۈرگەنىدى.

ئەگەر، جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى 1943 - يىلىمۇ قاتمال ھالەتتە بۇزۇلماي تۇرۇۋەرگەن بولسا، ئۇ ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۆت كۈچلۈك دۆلەت قاتارىغا ئۆتۈش ھەقىقەتەن ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن ئىدى. جۇڭچىڭنىڭ سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىكىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆڭلىگە تەگكەنىدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپتە ياپونىيە بىلەن بىتەرەپلىكنى ساقلاش ئۈچۈن جۇڭگودىن يىراقلىشىشى چۇڭچىڭنىڭ قەھر - غەزىپىنى قوزغىغانىدى. بۇنداق جىددىي كەيپىياتنىڭ كۈچىيىشى جۇڭگو - سوۋېت توقۇنۇشىنى پەيدا قىلىپ، شىنجاڭدا سوۋېت خادىملىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگو - سوۋېت ھەر ئىككى تەرەپ نەزەرىنى ئۇرۇشتىن باشقا ياققا تىككەنلىكتىن، كونا ئاداۋەتلەر يەنە بىخ سۈرۈشكە باشلىدى. ستالىن جۇڭگونىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيە ياكى ئامېرىكىنىڭ سوۋېتكە قارشى بازىسىغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى؛ جياڭ جيېشىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىقىنىدىكى مانجۇرىيە بىلەن شىنجاڭ توغرىسىدىكى باياناتى ۋە تاشقى موڭغۇلىيە توغرىسىدا قويغان تەلىپى ئىدى، تېخىمۇ مۇھىمى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە يار - يۆلەك بولۇشىدىن

ئەنسىرەيتتى.

1943 ـ يىلى يىل بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ستالىنگرادنى قوغداش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى؛ ياز پەسلىگە كەلگەندە كورسك ئوپېراتسىيىسىدىمۇ گىتلېرنى زور دەرىجىدە مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرق ئۇرۇشىغا قىزىقىشى قوزغالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىپ قالغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىش غەرىزىدىن جۇڭگو تېخىمۇ زور بېسىم ھېس قىلدى. 1943 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەشۋىقات ئاپپاراتلىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. بۇ، 1941 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئىدى. سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەشۋىقات قوراللىرى جۇڭگونىڭ ئۇرۇش ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىشنى چەكلەپ قويغان، ھەتتا پەقەت جۇڭگونىڭ تارىخىدىكى ۋەقەلەرنى خەۋەر قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەنىدى. ئەمما بۇ ماقالىلەردە جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى مۇستەسناسىز ھالدا مەدھىيىلەنگەن ھەمدە جۇڭگو خەلقىگە دوستانىلىك بىلدۈرۈلگەن بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا چېتىشلىق بولغان ياكى گومىنداڭغا پايدىسىز گەپ ـ سۆزلەر بىردەك قىسقارتىۋېتىلگەنىدى. لېكىن، 1943ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئۇرۇش ۋە ئىشچىلار سىنىپى» ژۇرنىلىدا تۇيۇقسىز ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىدە جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان «مەغلۇبىيەتچىلىك» ۋە «تەسلىمچىلىك»نى ئەيىبلەپ: بۇ كىشىلەر جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ياپونىيە بىلەن مۇرەسسە قىلىشتىنمۇ ئايانمىدى، دېيىلگەنىدى. باشقا گېزىت ـ ژۇرناللارمۇ شۇنداق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. جياڭ جيېشى بۇنى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمىنى توسۇشنى مەقسەت قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قانات يايدۇرغان

تەشۋىقات ئورۇشى، دەپ قارىدى. شۇڭا جياڭ جيېشى جۇڭگونىڭ تەشۋىقات ـ ئاخبارات ئورگانلىرىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قوللاپ ھوقۇق تارتىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئەيىبلەشكە كۆرسەتمە بەردى ھەمدە شىنجاڭدىكى ئىسيانغا قاتتىق ئىنكاس قايتۇردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا جۇڭگوغا بېسىم ئىشلەتتى. 1943 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى جۇڭگو تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان — شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان تاشقى سودىنى ئېچىۋېتىش توغرىسىدىكى — مۇراجىئەتنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، جۇڭگو ـ سوۋېت تاشقى سودا ترانسپورتىنى چەكلەش كۈچەيتىلدى؛ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى؛ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ تەۋرىنىپ، ئىسياننىڭ ئورۇقى چېچىلدى. ئىككىنچى يىلىنىڭ باھارىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، شىنجاڭدا زور كۆلەملىك ئىسيان پارتلىدى.

1943—1944 ـ يىللار ئارىلىقىدا جياڭ جيېشى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمىنى پەسەيتىش نىيىتىدىن يېنىپ، ئەكسىچە ئامېرىكىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلاشماقچى بولدى. جياڭ جيېشىنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكا جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىگە ئارىلىشىدىغان بولسا، جۇڭگو ھەم خۇشال بولاتتى، ھەم قايغۇراتتى. ئامېرىكا بېسىم ئىشلەتسە، جۇڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، دۆلەتنىڭ ئىچكى بىرلىكى ۋە تۆت چوڭ دۆلەت قاتارىغا كىرىش تەلىپىنى سوۋېت ئىتتىپاقى قوبۇل قىلدۇرۇشقا بولاتتى. لېكىن، مۇبادا ئامېرىكا سوۋېت تەرەپكە ئېغىپ كەتسە، جۇڭگونىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈمىدى ئىنتايىن غۇۋالاشقان بولاتتى. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى ئۈچ يىلىدا جياڭ جيېشى ئىزچىل چارە ئىزدەپ، بۇ خەتەردىن

ساقلانماقچى بولدى. ئۇ يەنە، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا سوۋېت بىلەن ئامېرىكا جۇڭگونى ئۆزلىرىنىڭ ئېغىر تەلىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىشى مۇمكىن، دەپ ئەنسىرەيتتى. ئەڭ خەتەرلىك بىر خىل مۇمكىنلىك، ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىنى ئۆز تەسىر دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزۈۋېلىشىنى ئېتىراپ قىلىش بەدىلىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىگە يۈرگۈزگەن ئىشغالىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەڭ يوشۇرۇن بىر خىل خەتەر، ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ جۇڭگودا ئىسيان كۆتۈرۈشىگە سۈكۈت قىلىشى ئىدى. سوۋېت بىلەن ئامېرىكا ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ساقلىغانلىقتىن، ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى يوقاتماقچى بولغان گومىنداڭغا ياردەم بېرىشنى رەت قىلىشى ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن ۋاز كېچىشكە زورلاشنى رەت قىلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ خەتەرلەرنى ئازايتىش ئۈچۈن جياڭ جيېشى ئامېرىكىنى ياراشتۇرغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، جۇڭگونى قوللاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى پوزىتسىيە تۇتۇشقا كۈچەپ مەجبۇرلىدىكى ئەكسىچە ھەر ئىككىلا تەرەپكە ياخشىچاق بولمىدى.

1943 — 1944 - يىللىرى جۇڭگونىڭ سوۋېت ۋە ئامېرىكىغا قاراتقان دىپلوماتىك سىياسىتىگە كەلسەك، بۇ مەزگىلدىكى سوۋېت - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىيلىكىگە ئوخشاشلا دىققەت قىلىش زۆرۈر. 1943 - يىلى ياز ۋە كۈز پەسلىدە سوۋېت - ئامېرىكا - ئەنگلىيە مۇناسىۋىتى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ فرانسىيىدە ئىككىنچى سەپنى ئېچىشنى قوللىمىغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ناتسىستلار بىلەن كوممۇنىزمنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى زەخىملەندۈرمەكچى، ھەتتا بىراقلا تۈگەشتۈرمەكچى، دەپ قارىغان. جياڭ جيېشى ئىككىنچى

فرونت توغرىسىدىكى مۇنازىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يازغان خاتىرىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ بۇ خىل مەقسىتىنى مەدھىيىلىگەن. ئۇ 1943 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خاتىرە دەپتىرىگە مۇنداق يازغان: «ئامېرىكا، ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قويىدىغان پۈتۈن تەلىپى ئۇرۇش مەزگىلىدىلا ھەل قىلىنىشى كېرەك». ئۇ يەنە مۇنداق قارىغان:

> مۇبادا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇنداقتا ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككىنچى فرونتنى ئاچمايدۇ... قىسقىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيا ئىنقىلابى تەشەببۇسىدىن ۋاز كەچمەيدىكەن، ئۇنىڭ ئەنگلىيە، ئامېرىكا بىلەن بولغان توقۇنۇشى كۈنسايىن كەسكىنلىشىدۇ؛ ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋەزىيەتنى تىزگىنلىدى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ خىرىسىغا تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچكە ئىگە، شۇڭلاشقا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەرگىز تىز پۈكمەيدۇ.

باشقىچە ئېيتقاندا، جياڭ جيېشى: ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىغا، جۇڭگونىڭ چوڭ دۆلەتلىك ئورنى دەپ ئىشەنگەن. چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى سوۋېت ـ ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە ئىتتىپاقىنى پارچىلايدىغان خەتەرگە تەۋەككۈلچىلىك قىلمايتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو تەرەپتە تۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلاتتى. چۈنكى، ئامېرىكا جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىپلا قالماي، شۇنداقلا يەنە ئۇرۇشتىن كېيىن جۇڭگودىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلىشىشنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ ئوي ـ پىكىرلەرگە ئاساسەن، جياڭ جيېشى 1943 ـ يىلى 11 ـ ئايدا روزۋېلت ۋە چېرچىل بىلەن قاھىرەدە ئۆتكۈزىدىغان ئۇچرىشىشنىڭ يۆنىلىشىنىمۇ بەلگىلىگەنىدى.

## 5. قاھىرەدىكى خاسىيەتلىك كەچكى زىياپەت

1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىرلا تۆت كۈچلۈك دۆلەت يىغىنىنى ئەمەس بەلكى ئىككى قېتىم ئۈچ دۆلەت يىغىنىنى چاقىردى. بۇ پاكىت جياڭ جېيشىنىڭ ئالدىراپ ئامېرىكىنى يېنىغا تارتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلىشىش ئارزۇسىنى قىسمەن ئەكس ئەتتۈردى. ستالىن ۋە جياڭ جېيشى ئۆز ئوي ـ پىكرى نۇقتىسىدىن پەقەت بىرلا تۆت كۈچلۈك دۆلەت يىغىنى چاقىرىش تەشەببۇسىنى رەت قىلدى. 1943 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى روزۋېلىت سۇڭ زىۋېنگە خەۋەر قىلىپ، يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە تۆت دۆلەت يىغىنىنى چاقىرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يىغىن چاقىرىلىشتىن ئاۋۋال جياڭ جېيشى بىلەن ئايرىم ئۇچرىشىشقاچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن جياڭ جېيشى سۇڭ زىۋېنگە كۆرسەتمە بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلمىغانلىقتىن، جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تۆت دۆلەت يىغىنىغا قاتنىشىشى «تولىمۇ قولايسىز» بولىدىغانلىقىنى روزۋېلىتقا ئېيتىپ قويۇشنى تاپىلىدى.

جۇڭگو تەرەپ جياڭ جېيشىنىڭ 1943 ـ يىلى ستالىن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىغانلىقىدىكى سەۋەب توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ، جياڭ جېيشىنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى سوۋېتكە قاراتقان سىياسىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، جياڭ جېيشىنىڭ مۇنداق قارار چىقىرىشى 1941 ـ يىلىدىكى سوۋېت ـ ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قوللىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئىشتىن «غەزەپلەنگەنلىكى» دېدى. 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا روزۋېلىتنىڭ جۇڭچىڭغا قاھىرە يىغىنىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشى

بىلەن بارغان ئالاھىدە ئەلچىسى خېرلى: جياڭ جيېشىنىڭ ستالىن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىغانلىقى، ئۇنىڭ ستالىنىنىڭ جۇڭگونى قىزىللاشتۇرۇشىدىن، جۇڭگونىڭ قىسمەن تېررىتورىيىسىنى يۇتۇۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى، دەپ قارىدى.

بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. جياڭ جيېشى ئەلۋەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەرىزىنى ئېنىق چۈشىنەتتى، لېكىن ئۇ نېمە ئۈچۈن ستالىن ۋە روزۋېلىت بىلەن يۈزمۇ يۈز سۆزلىشىپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئېنىق كاپالىتىگە ئېرىشىشنى خالىمىدى؟ بۇ خىل مۇمكىنلىكنى جياڭ جيېشى بۇرۇنلا ئويلىنىپ كۆرگەن دەپ پەرەز قىلساق، تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈش ئورۇنسىز بولمايدۇ: جياڭ جيېشى ئاۋۋال روزۋېلىت بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەرىزىنى ئەسكەرتىشنى تېخىمۇ خالايتتى، بۇ سۆزلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن يۈزمۇ يۈز سۆزلىشىشكە بولمايتتى. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش جياڭ جيېشىنىڭ 1943 ـ يىلىدىكى سوۋېت ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى تەھلىلىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن. جياڭ جيېشىنىڭ باشقىچە غەرىزى بولۇشىمۇ مۇمكىن، يەنى مۇبادا جۇڭگو سوۋېت، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈچ تەرەپ تەن ئالغان قاتتىق تەلەپلەرگە دۇچ كەلسە ۋە بۇنى رەت قىلسا، دېمەك، ئۆزىنى ئۆزى تۆت دۆلەتنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋەتكەن بولىدۇ. جياڭ جيېشى بۇنىڭدىن باشقا يەنە ستالىننىڭ ئالدى بىلەن جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىتىنى ئەيىبلىشىدىن ئەنسىرىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئېچىلغان بىرنەچچە قېتىملىق دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىدا، جياڭ جيېشىنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانلىرىنىڭ بىرى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ تېررىتورىيە توغرىسىدىكى باياناتىنى ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى، يەنى بۇ جۇڭگونىڭ

مانجۇرىيە، تاشقى موڭغۇلىيە ۋە تەيۋەنگە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش دېگەنلىك ئىدى. سوڭ مېيلىن 1943 - يىلى 2 - ئايدا روزۋېلىت بىلەن سۆزلەشكەندە بۇ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇ جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلىپ، روزۋېلىتنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن مانجۇرىيە، تەيۋەن، پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرى ۋە ليۇچيۇ تاقىم ئاراللىرىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلغانلىقىنى ئېيتقانىدى. چۇڭچىڭ تەرەپنىڭ تەيۋەن، پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرى ۋە ليۇچيۇ تاقىم ئاراللىرىغا قويغان تەلىپىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاسانلا ئېتىراپ قىلاتتى، ئەمما تاشقى موڭغۇلىيە ۋە مانجۇرىيە بولسا بىۋاسىتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىلاتتى. قاھىرە ۋە تېھران يىغىنلىرىدا، جياڭ جيېشى مانجۇرىيىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى دائىرىسىگە تەۋە ئىكەنلىكى توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ستالىن ۋە روزۋېلىت ئويلىنىپ كۆرۈشنى بىردەك رەت قىلدى.

11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قاھىرەدىكى بىر كەچلىك زىياپەتتە جياڭ جيېشى روزۋېلىت بىلەن مۇزاكىرە ئۆتكۈزدى. زىياپەتتە روزۋېلىت مانجۇرىيىنى، جۈملىدىن لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى، لۈيشۈن، دالىيەن پورتلىرىنى، تەيۋەن ۋە پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلدى. روزۋېلىت جياڭ جيېشىنىڭ تاڭنۇتۇۋا ۋەزىيىتىگە كۆز قارىشىنىڭ قانداقلىقىنى سوراپ كۆردى. تاڭنۇتۇۋا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي چېگرا قىسمىغا، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان، يەر كۆلىمى 170 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتر (65 مىڭ 800 ئىنگلىز چاقىرىم) كېلەتتى، ئاھالىسى تۈركلەر بولۇپ، تۈرك تىلىدا سۆزلىشەتتى. 1911 - يىلىدىن ئىلگىرى بۇ رايون ئىزچىل تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ كەلگەن. 1914 -

يىلى روسىيىنىڭ قوغداش رايونىغا كىرگەن، روسىيىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە جۇڭگو ئارمىيىسى قايتىدىن ئىشغال قىلغان، 1921 ـ يىلى بۇ رايون مۇستەقىل دۆلەت — تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىغا چۈشكەن. شۇڭا جياڭ جيېشى جاۋاب بېرىپ: روسىيە ئىشغال قىلىشتىن بۇرۇن تاڭنۇتۇۋا جۇڭگو تاشقى موڭغۇلىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىدى. كەلگۈسىدە تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسى بىلەن بىرلىكتە سۆھبەت ئارقىلىق ھەل بولۇشى لازىم، دېدى. بۇنىڭدىن ۋە جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيە، جۈملىدىن تاڭنۇتۇۋا توغرىسىدىكى باياناتىدىن، بۇنىڭ جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى توپ خاراكتېرلىك مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ تېررىتورىيە مەسىلىلىرى، بولۇپمۇ ئۇرۇشتىن كېيىنكى مانجۇرىيىنىڭ تەۋەلىكى مەسىلىسى ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىگە ۋە جۇڭگونىڭ چوڭ دۆلەتلىك ئورنى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرگە چېتىلاتتى. ئەگەر جۇڭگو ئاسىيادا كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانماقچى بولىدىكەن، ئۇنداقتا بايلىقى مول ۋە مەلۇم سانائەت ئاساسىغا ئىگە مانجۇرىيىنى قايتۇرۇۋېلىشى كېرەك ئىدى؛ ئوخشاشلا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەگەر مانجۇرىيىنى تىزگىنلىسە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ئورنى زور دەرىجىدە كۈچەيگەن بولاتتى. روزۋېلىت: ئۇرۇشتىن كېيىن جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ ئىناق قوشنىدارچىلىقى كەلگۈسىدىكى دۇنيا تىنچلىقىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى مانجۇرىيىنى ئىشغال قىلىۋالسا، بۇ خىل قىياس يوق بولىدۇ، دەپ قارىدى. مۇبادا، راستىنلا ئامېرىكا پەرەز قىلغاندەك، سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن يىراق شەرقتە ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشسا، ئۇنداقتا، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا

سوۋېت ئىتتىپاقى مانجۇرىيىنى ئىشغال قىلىۋېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ۋەزىيەت يارىتىلىدىكەن، مانجۇرىيىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىش - بەرمەسلىكنى سوۋېت ئىتتىپاقى قارار قىلىدۇ، بەلكىم بۇ ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشلىتىدىغان بېسىمىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىشىمۇ مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى «كوللېكتىپ بىخەتەرلىك ستراتېگىيىسى» نى تاماملىغاندىن كېيىن، ئىشىنىشكە بولىدىغان بىر دۆلەتكە ئايلىنىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ستراتېگىيىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى توڭلىماس پورتقا، يەنى لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى ۋە مانجۇرىيە تۆمۈريولىغا ئېرىشىش. ئېھتىمال بۇ جۇڭگونىڭ كۆڭلىنىشىنى قوللاش يۈزىسىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەلەپ قىلغان بەدەل بولۇشى مۇمكىن.

سۇڭ مېيلىن 1943 - يىلى 2 - 5 - ئايلاردا ۋاشىنگتوندا تۇرغان مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ توڭلىماس پورت توغرىسىدىكى ئىزدىنىشىنى روزۋېلىت بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ كۆرگەنىدى. بۇ مۇزاكىرىدىن خاتىرە قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن جياڭ جېيشى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سۇڭ مېيلىنگە بەرگەن تېلېگراممىسىدا سۇڭ مېيلىنگە جۇڭگو - ئامېرىكا بىرلىشىپ لۈيشۈن، دالييەن پورتلىرىنى ئىشلىتىشنى ئويلايدىغانلىقىنى روزۋېلىتقا ئېيتىپ قويۇش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەرگەنىدى. ئاي ئاخىرىدا جياڭ جېيشىنىڭ رەپىقىسى سۇڭ مېيلىن جاۋابىدا جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى دۆلەت دېڭىز ئارمىيىلىرىنىڭ لۈيشۈن، دالييەن ۋە تەيۋەننى ئورتاق ئىشلىتىشكە روزۋېلىتنىڭ قوشۇلغانلىقىنى ئېيتقانىدى. 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قاھىرەدىكى كەچلىك زىياپەتتە جياڭ جېيشى روزۋېلىتقا لۈيشۈننى جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ بىرلەشمە بازىسى قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى. جياڭ جېيشى

ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىگە يېقىن جايدا ھەربىي بازا قۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى ھەمدە جۇڭگو - ئامېرىكا ھەربىي ھەمكارلىقىنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ قوللىشىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى چەكلىمەكچىدى. ئامېرىكا مۇبادا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلسا، ئۇنداقتا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىك سىياسىتىدىن گۇمانلىناتتى.

روزۋېلتنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى مانجۇرىيىنىڭ پورتىنى قانداق تىزگىنلەش بولماستىن، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنى قانداق تىزگىنلەش ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگو - ئامېرىكا بىرلەشمە ھەربىي بازا قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە قارىتا روزۋېلت ئۇرۇشتىن كېيىن لۈيشۈننىڭ ئەركىن پورت بولۇپ قېلىشى توغرىسىدىكى مۇمكىنلىككە گۇمانىي پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جياڭ جيېشى، پەقەت جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا بىرىپ چېتىلمىسىلا، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەن ھامان بۇ مۇمكىنلىكنى ئويلاشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دېمەك، روزۋېلتنىڭ ئەنسىرىشى، جۇڭگو - سوۋېت تالاش - تارتىشىدا ياراشتۇرغۇچىلىق ئورنىنى كۈچەيتىشكە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

قاھىرە يىغىنىدىن كېيىن روزۋېلت ۋە چېرچىل تېھرانغا ئۇچۇپ باردى. ستالىن گەرچە، ئومۇمىي جەھەتتىن جۇڭگونىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن يەنىلا چوڭ دۆلەتلەر مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئىقتىدارى كەم دەپ قارىسىمۇ، لېكىن يەنىلا قاھىرە يىغىنىنىڭ قارارىنى قوبۇل قىلىپ، مانجۇرىيىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلدى. ستالىن يەنە: گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى يىراق شەرق ئۇرۇشىغا كىرىپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، دېدى. ئۇ يەنە بەدەل ئېلىش نىيىتىدە، سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتە توڭلىماس پورتىنىڭ يوقلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن روزۋېلت دالىيەن پورتىنى خەلقئارا ئورتاق (ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا) باشقۇرىدىغان پورتقا ئايلاندۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. ستالىن بۇنىڭغا قوشۇلدى، تېھران يىغىنى لۈيشۈن ۋە تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىنى تىلغا ئالمىدى.

تېھران يىغىنى ئاخىرلىشىش بىلەنلا روزۋېلت جياڭ جيېشىغا تېلېگراممىا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قاھىرە يىغىنىنىڭ ئاخباراتىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. جياڭ جيېشى بۇنىڭدىن ستالىنىنىڭ مانجۇرىيىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، بىراق، تا 1944 - يىلى 1- ئايغا كەلگەندىلا ئاندىن روزۋېلت ئۇنىڭغا ستالىنىنىڭ بۇنداق يول قويۇشىنىڭ شەرتلىك ئىكەنلىكىنى، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دالىيەن پورتى بىلەن مانجۇرىيە تۆمۈريولىنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

موڭغۇلىيە مەسىلىسىگە جياڭ جيېشىنىڭ ئۈمىدۋار پوزىتسىيە تۇتۇشى ھەقلىق ئىدى. ئۇ قاھىرە يىغىنىدا بۇ مەسىلىنى روزۋېلتنىڭ ئالدىغا قويغان ھەمدە جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيىگە ئىگىلىك ھوقۇقى بارلىقىنى ئەسكەرتكەن بولۇپ، روزۋېلت باشقىچە پىكىردە بولمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، روزۋېلت تاڭنوتۇۋانى تىلغا ئالغاندا، جياڭ جيېشى روزۋېلتنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىش كېرەك دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلگەن، بولمىسا ئۇ يەنە نېمە ئۈچۈن/تاڭنوتۇۋانى تىلغا ئالىدۇ؟ تېھران يىغىنىدا ستالىن تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىگە تەگمىگەن، بۇ ئىشتىنمۇ جياڭ جيېشى ئۈمىدۋار ئىدى: تاشقى موڭغۇلىيىنى رەسمىي قايتۇرۇۋالالمىغان تەقدىردىمۇ ھېچ بولمىغاندا ئۇ يەنە بۆلۈنۈپ كەتمەيتتى.

## 6. جياڭ جيېشىنىڭ ئامېرىكا كوزىرى ۋە كوممۇنىستلارنى يوقىتىپ، سوۋېتكە قارشى تۇرۇش تەدبىرى

1944 - يىلىنىڭ بېشىدا، جياڭ جيېشى ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئامېرىكىنى كۈچىنىڭ بارىچە غىدىقلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا گۇمان پەيدا قىلماقچى بولدى. ئۇ: مۇبادا ئامېرىكا قولىدىكى ئۈنۈملۈك شەرتلەردىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى بويسۇنۇشقا، بولۇپمۇ مانجۇرىيە مەسىلىسى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى يول قويۇشقا مەجبۇرلىسا، ئۇنداقتا ئامېرىكىنىڭ ياراشتۇرۇشى جۇڭگونى زور پايدىغا ئىگە قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى. تېھران يىغىنىدا ستالىن مانجۇرىيىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلدى. لېكىن، شىنجاڭغا ئوخشاش، قانۇنىي جەھەتتە ئىگىدارچىلىق قىلىش ئەمەلىيەتتىكى تىزگىنلەشكە باراۋەر ئەمەس ئىدى. مانجۇرىيىدە يەنىلا جۇڭگو قۇرۇق ئېرىققا مىراب بولۇپ، ئەمەلىي ھوقۇق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قولىدا بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. جياڭ جيېشى ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان گۇمانىنى چوڭقۇرلاشقاندىلا، بۇ خەتەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئامېرىكىنىڭ سوۋېتكە قارشى كەيپىياتىنى قوزغاشتا يەنە باشقا مەقسەتمۇ بار ئىدى. كومپارتىيىنى يوقىتىشتا ئامېرىكىنىڭ قوللىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولاتتى. مۇبادا ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى گۇمانلىنىش ۋە دۈشمەنلىككە تولۇپ تاشقان بولسا، مۇبادا ئامېرىكا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «بېقىندىسى» دەپ قارايدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئامېرىكا چوڭچىلىك بىلەن قول تۇتۇشۇپ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى يوقىتىشى

مۇمكىن. بۇنداق گۇمانلىنىش كەيپىياتى ئۆتكۇرلەشكەندىن كېيىن، جياڭ جيېشى يەنە ئامېرىكىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان بېسىمىنى ئازايتالايتتى.

1942 — 1943 — يىللار ئارىلىقىدا جياڭ جيېشىنىڭ روزۋېلت بىلەن ئېلىشقان خەتلىرىدە جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى كۆپ تىلغان ئېلىنمىغان بولۇپ، پەقەت بىر - ئىككىلا جايدا جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى قاھىرە يىغىنى ۋە تېھران يىغىنىدا ھەل قىلىنىشى كېرەك دېيىلگەن. 1944 - يىلى باھاردا شىنجاڭنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئالتاي رايونىدا جۇڭگو - موڭغۇلىيە توقۇنۇشى يۈز بەردى. بۇ ئىش تۈپەيلى، جۇڭگو - ئامېرىكا ئارقىمۇ ئارقا پىكىر ئالماشتۇردى. بۇلارنىڭ ئەمەلىي سەۋەبلىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جياڭ جيېشى بۇ تالاش - تارتىشقا قاتتىق پوزىتسىيە تۇتتى. 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يەنى توقۇنۇش پارتلاپ بىر ھەپتىدىن كېيىن جياڭ جيېشى 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭغا ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر پولكى، قوشۇمچە ھاۋا مۇداپىئە ۋە تانكىغا قارشى قىسىملارنى باشلاپ گوچۇڭغا كىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قورال - ئەسلىھەلىرى ساپ ئامېرىكا مېلى بولۇپ، ئامېرىكا «كونسېسسىيە قانۇنى» غا ئاساسەن ياردەم قىلغان. بۇ قوراللار بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەزەپلىنىشى چوقۇم ئىدى.

جياڭ جيېشى ئالتاي توقۇنۇشىنى كۆپتۈرۈپ، ئامېرىكا رەھبەرلىرىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تەبىئىتى ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ، دېدى. 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جياڭ جيېشى روزۋېلتقا تېلېگرامما يوللاپ: «سىز بىلەن بولغان شەخسىي مۇناسىۋىتىمنى نەزەرگە ئېلىپ، مۇنداق بىر ئىشنى

ئېيتماي تۇرالمايمەن: يېقىندىن بېرىقى ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتى يىراق شەرق ئۇرۇشىغا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدۇ»، ئۇ يەنە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئالتاي تالاش - تارتىشىغا تۇتقان مەۋقەسىنى سۆزلەپ كېلىپ: «بۇ، رايون خاراكتېرلىك توقۇنۇش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۆۋەتتە، ھەتتا كەلگۈسىدە يۈرگۈزىدىغان يىراق شەرق ستراتېگىيىسىنىڭ بىر مۇھىم سىگنالى» دېدى. ئۇ يەنە روزۋېلتقا جۇڭگو كوممۇنىستلىرى سوۋېت - ياپونىيە مۇرەسسە قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، «توپىلاڭ» قوزغاپ، پۇرسەت يېتىلگەن ھامان شىئەنىسى تارتىۋېلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ ئېيتقانىدى.

روزۋېلت 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى پوزىتسىيىسى ئېنىق بولمىغان جاۋابنى قايتۇردى. شۇنىڭ بىلەن جياڭ جېيشى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يەنە بىر قېتىم ئوخشاش نەسىھەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ: سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانلىرى ۋە موڭغۇلىيە ئارمىيىسى تاجاۋۇز قىلغانلىقتىن، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى يېقىندىن بېرى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى، بۇ ئەھۋال جۇڭگو بىلەن ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلىش ئەقىدىسىنى «تەۋرىتىپ» قويدى؛ شىنجاڭدىكى توپىلاڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىئەندىكى ھەرىكىتى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ؛ ياپونىيە ئەسلى پىلان بويىچە يۈننەنگە كىرىدىكەن، جۇڭگو «قىزىللاشتۇرۇلىدىغانلىقى سەۋەپلىك» ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىدۇ، دېدى.

جياڭ جېيشى ياپونىيىنىڭمۇ جۇڭگونى «بولشېۋىكلاشتۇ- رۇش»نى قوللايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيە تىل بىرىكتۈرۈشىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. ياپونىيە جۇڭگودا كوممۇنىزم ئىنقىلابىنى قوللاشتا ئۆرنەك ئىدى، بەلكى بۇ روزۋېلتقا ئوخشاش ئاشۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ھېلىھەم

ئېسىدە بولسا كېرەك. بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلغاندا، جياڭ جيېشىنىڭ ئەسكەرتىشىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. ئەمەلىيەتتە خېلى بۇرۇنلا 1917 - يىلى گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى باش شتابى بۇ خىل ستراتېگىيىنى قوللىنىپ، بىر يىل ئۆتكەندە ئۇنىڭ بەرگەن ـ روسىيە ئۇرۇشتىن چېكىنگەنىدى. جياڭ جيېشى روزۋېلتنى: ياپونىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى جۇڭگودا ئىنقىلاب قوزغاپ، جۇڭگونى ئۇرۇشتىن چېكىندۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيە قولىنى بوشىتىپ ئامېرىكىغا تاقابىل تۇرىدۇ، بەلكى، سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا شىنجاڭنى ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىنى تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالىدۇ، بۇنداق ئۇرۇنۇش ئىشقا ئاشىدىكەن، نەپكە ئېرىشىدىغىنى توكيو، موسكۋا ۋە يەنئەن بولىدۇ. زىيان تارتىدىغىنى پەقەت ۋاشىنگتون ۋە چۇڭچىڭ بولىدۇ، دېگەنگە ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى. جياڭ جيېشى يەنە روزۋېلتقا، نۆۋەتتىكى چېگرا توقۇنۇشى ۋە شىنجاڭدىكى توپىلاڭ پەقەت دېڭىز ئاستىدىكى بۈيۈك تاغنىڭ سۇ ئۈستىدىكى قىسمىدىنلا ئىبارەت، دېمەكچى بولدى.

جياڭ جيېشىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ۋە نەسىھەتلىرىگە روزۋېلتنىڭ ئىنكاسى ئاكتىپ بولمىدى، پەقەت چۇڭچىڭ تەرەپنىڭ تېخىمۇ مۇلايىم سىياسەت قوللىنىپ ئالتاي ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. 4- ئاينىڭ 1-، 2 ـ كۈنلىرى چۇڭچىڭ ھۆكۈمەت يىغىنى چاقىرىپ، شىنجاڭ توقۇنۇشىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسى ۋانيۇشكىننىڭ 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىكى جۇڭگونىڭ بىر نەچچە قېتىملىق نارازىلىقىغا بەرگەن جاۋابىنى مۇزاكىرە قىلدى. بۇ ۋەقەلەرگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاۋابىغا جياڭ جيېشىنىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى، لېكىن دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ كاتىپى، قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋاڭ شىجيې

ئېھتىياتچان ئىش قىلىشنى بىلدۈرۈپ ئۆتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى چېگرا توقۇنۇشى توغرىسىدىكى كۆز قارىشى تىلغا ئېلىنغاندا ۋاڭ شىجيې تەكىتلەپ: جۇڭگو پەقەت ئوبيېكتىپ ۋەقەنى بايان قىلىپ، جۇڭگونىڭ تاشقى مۇڭغۇلىيىگە قانۇنىي ئورنى بارلىقىنى تەكىتلىشى كېرەك. ۋەقەنى كېڭەيتىۋېتىدىغان سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. شىنجاڭ توقۇنۇشى توغرىسىدىكى خەۋەر ۋە مۇنازىرىلەر بىر دەك توختىتىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئوسال قىلىشنىڭ ياكى مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك، دېدى. جياڭ جيېشى ۋاڭ شىجيېنىڭ ئېھتىياتچان بولۇش فاڭجېنىنى قوبۇل قىلدى. ۋاڭ شىجيې سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېلىشتۈرمىچىلىك سىياسىتى قوللىنىشنىڭ تەشەببۇسچىسى ۋە تۈزگۈچىسى، 1944 - يىلىنىڭ بېشىدىن 1948 - يىلىغىچە ئۇ باشتىن - ئاخىر جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىتىدە مۇھىم مەسلىھەتچىلەرنىڭ بىرى بولغان.

4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جياڭ جيېشى، ۋاڭ شىجيې، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سۇڭ زىۋېن ۋە جياڭ جيېشىنىڭ شەخسىي كاتىپى چېن بۇلېي يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ، تا س س تارقاتقان بىر پارچە باياناتقا مەزمۇنى ۋانيۇشكىن بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىغا تاپشۇرغان باياناتقا تامامەن ئوخشىشىدىغان باياناتقا قارىمۇ قارشى بىر پارچە جاۋاب تەييارلىدى. يىغىن سۇڭ زىۋېننىڭ ئاغزاكى بايانات ئېلان قىلىشىنى قارار قىلدى. بۇ: «مەركىزىي ھۆكۈمەت خېلى بۇرۇنلا، شىنجاڭدا توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى قىسىملارنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتمەسلىكى توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن. بۇ بۇيرۇق ھېلىھەم كۈچكە ئىگە. بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم ئالاھىدە تەكىتلەيمىز» دېگەن بايانات ئىدى. بۇ بايانات، ئەمەلىيەتتە، جۇڭگونىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ

تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتۈشىگە بىر بوچۇق قالدۇرغانىدى. بايانات ئېلان قىلىش بىلەن بىللە چۇڭچىڭ ئىرەپ ۋانيۇشىنىڭگە گەرچە باش ئەلچى ۋە تا س س 1936 - يىلىدىكى سوۋېت - موڭغۇلىيە شەرتنامىسىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو بۇ شەرتنامىنى كۆپتىن قالدى دەپ قارايدۇ، چۈنكى ئۇ 1924 - يىلىدىكى «جۇڭگو - سوۋېت ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەر پروگراممىسى» غا خىلاپ دېگەننى كۆرسەتتى.

چۇڭچىڭ يەنە 1944 - يىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى سوۋېت - ياپونىيە كېلىشىمى ئۈستىدىن ھەدەپ قىستاق چىقىرىپ، بۇ سوۋېت - ياپونىيە مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈشنىڭ يەنە بىر مىسالى، دېدى. 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى كېلىشىم، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىنىڭ شىمالى ساخالىن ئارىلىدا كان قېزىش ئىمتىيازىنى بىكار قىلدى، دەپ ئاشكارا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن، ياپونىيىنىڭ سىبىرىيە دېڭىز بويلىرىدا بېلىق تۇتۇش ھوقۇقىنى بەش يىلغا ئۇزارتقانىدى. چۇڭچىڭ ئامېرىكىغا بېشارەت بېرىپ: بۇ كېلىشىمدىن كېيىن يەنە نۇرغۇن مەخپىي سىياسىي، ھەربىي ھەمكارلىق ماددىلىرى ھاسىل قىلىندى، دېدى. 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جياڭ جيېشى روزۋېلتقا تېلېگرامما يوللىدى، بۇنىڭدىن بۇرۇن روزۋېلت جياڭ جيېشىغا ئىككى قېتىم تېلېگرامما يوللاپ، جۇڭگودىن شىنجاڭدىكى توقۇنۇشنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلغانىدى. جياڭ جيېشى روزۋېلتقا، مۇشۇ مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسىنى تۆت قېتىم چاقىرتقانلىقىنى، لېكىن 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە سوۋېت - ياپونىيە شەرتنامىسى تۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئىزچىل سادا قايتۇرمىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويدى. جياڭ جيېشى بېشارەت بەردىيۇ، لېكىن بۇ ئىككى ۋەقەنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئېيتمىدى. 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

جۇڭگونىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ۋەكالەتچىسى دۆلەت مەجلىسىدە ئامېرىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىنقىلاپ قويدى. دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى بۇ كېلىشىمنى ئانچە مۇھىم ئەمەس دېگەندە، جۇڭگونىڭ ۋەكالەتچىسى ئامېرىكا سىياسىتىنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نېمە ئۈچۈن سوۋېت بىلەن ياپونىيە دەل مۇشۇنداق چاغدا شەرتنامە ئىمزالايدۇ؟ 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا باش ئەلچى ۋېي داۋمىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى خېر بىلەن كۆرۈشۈپ: 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى كېلىشىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي جەھەتتە يىراق شەرققە سىڭىپ كىرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، دەپ ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئاخىرى، 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا جياڭ جيېشى باش شتاب باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ رەئىسى گېئورگى مارشاللىغا بىر پارچە خەت يېزىپ: ياپونىيە بىلەن سوۋېت مەخپىي چۈشىنىش ھاسىل قىلدى. ياپونىيە مانجۇرىيىدىن 14 دىۋىزىيە ئەسكىرىنى چېكىندۇرۇپ كېتىشكە ۋەدە بەردى، دەپ توغرىدىن توغرا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيە بىلەن مۇنداق مەخپىي چۈشىنىش ھاسىل قىلغانمۇ ـ قىلمىغانمۇ، بىلگىلى بولمايدۇ. قارىماققا بۇ يوقىلاڭ ئىش بولسا كېرەك، بۇ چۆچەكنى ئاۋۋال كىم توقۇپ چىققان، ھېلىغىچە تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتىدۇ. لېكىن، ناھايىتى ئېنىقكى، چۆچەك بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو سىياسىتىگە، سوۋېت سىياسىتىگە تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارىغاچقا، ئامېرىكىغا بۇ خەۋەرنى كۆچەپ يەتكۈزگەن.

چۆچەك تەرەپنىڭ سوۋېت بىلەن ياپونىيىنىڭ مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈشىنى ئەيىبلىشى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى: جۇڭگو سوۋېت، ياپونىيە بىتەرەپلىكىنى بۇزۇشتىن سوۋېت ـ ئامېرىكا

مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا يۈزلەندى دەپ قارىدى. 1944 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ستالىن ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خارىمان بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، جياڭ جيېشى ۋە ئۇنىڭ ئىشداشلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياپونىيىگە يېقىن بولۇپ جۇڭگوغا قارشى تۇردى دەپ قارىغانلىقىنى ئەيىبلەپ، بۇ بىر خىل «سەپسەتە»، «سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوللانغان دوستلۇققا پايدىسىز ھەرىكەت» دېدى. بىر ئايدىن كېيىن، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى يىراق شەرق ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى بىر دوكلات يېزىپ چىقىپ، جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى ئۈچ چوڭ «توسالغۇ» نى تەھلىل قىلدى. بۇنىڭ بىرىنچىسى، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىنىڭ مەخپىي تىل بىرىكتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتى ئىدى.

ئامېرىكىنىڭ ئالتاي توقۇنۇشى ۋە سوۋېت ـ ياپونىيە مەخپىي كېلىشىمىگە ئىنكاسى ئاكتىپ بولمىدى، بۇ جياڭ جيېشىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقمىدى. 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى روزۋېلىت تېلېگرامما يوللاپ، جياڭ جيېشىنى ئىتتىپاقداشلار ۋەزىيىتىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا نەسىھەت قىلدى. جياڭ جيېشى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جاۋاب تېلېگرامما يوللاپ «ئىنتايىن ئەنسىرەيدىغانلىقى» نى بىلدۈرۈپ، جۇڭگوغىلا تايىنىپ، بىر تەرەپلىمە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئارقىلىق جۇڭگو ـ سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش تەس، دېگەنىدى. ئۇ يەنە، ئەگەر «ئەھۋال يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ» چىدىغۇسىز ھالغا يەتكەندە پۈتۈن دۇنياغا ياخشى تەسىر بەرمەيدۇ، دەپ قارىدى. ئامېرىكا تەرەپ يەنىلا سۈس ئىدى ھەمدە جۇڭگونىڭ سوۋېت ـ ياپونىيە كېلىشىمى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتىنى كېڭەيتمەسلىكىنى چەكلىدى.

4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۆچەكنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك

ئەمەلدارلار يىغىنى چاقىرىپ، ئامېرىكىنىڭ غەرىزى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى سىياسەتنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىن، ئامېرىكىنىڭ سوۋېتكە ئىللىق بولۇش توغرىسىدىكى بىرنەچچە كۆرسەتمىسىنى تەھلىل قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى روزۋېلىت جياڭ جيېشىدىن شىنجاڭدىكى ۋەقەلەرنى توڭلىتىپ، ئۇرۇشتىن كېيىن ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى؛ 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى خېر رادىئو نۇتقى سۆزلەپ، تۆت كۈچلۈك دۆلەت ھەمكارلىقىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى؛ خېر يەنە سۇڭ زىۋېنگە بۇ رادىئو نۇتۇقىنى تەييارلىغاندا جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى ئېيتتى. ۋاڭ شىجيې تەكلىپ بېرىپ، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىللىق پوزىتسىيىسىدە بولۇشنى تەشەببۇس قىلغانىكەن، جۇڭگومۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋەتنى پائال ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك، جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى ياكى ياخشىلىنىدۇ، ياكى يامانلىشىدۇ. بۇنىڭدا ئالدىنقىسىنى تاللاش كېرەك، دېدى. جياڭ جيېشى ۋاڭ شىجيېنىڭ تەكلىپىنى يەنە بىر قېتىم قوبۇل قىلدى.

ئالتە كۈندىن كېيىن 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جياڭ جيېشى ۋاڭ شىجيېنى يەنە بىر قېتىم قوبۇل قىلىپ، جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى جىددىي مۇناسىۋىتىنى پەسەيتىپ، خەلقئارا كۈچلەرنىڭ يېڭى بىرىكمىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتەك بىر پىلاننى مۇزاكىرە قىلدى. ۋاڭ شىجيې ئوتتۇرىغا قويغان پىلان ئۈچ تۈرلۈك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى: (1) ھەر قانداق چېگرا توقۇنۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شىنجاڭ دائىرىلىرىگە قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرۈش؛ (2) 5 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى بىكار قىلىش؛ (3) سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ ئىزگۇ تەسراتىغا ئېرىشكەن ھامان، جۇڭگو روزۋېلتنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەشكىللىي لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن جياڭ جيېشى بۇ پىلانىنى تەستىقلىدى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ۋاڭ شىجيې سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسى ۋانيۇشكىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئىشقا سېلىشقا كىرىشتى. ۋانيۇشكىن جۇڭگودا يۈز بېرىۋاتقان سوۋېتكە قارشى خاھىشقا دىققەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويدى. ۋاڭ شىجيې جاۋاب قايتۇرۇپ، جۇڭگودا سوۋېتكە قارشى ھەرقانداق خاھىش يوق، پەقەت جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى تەدرىجىي ياخشىلايدىغان يۈزلىنىشلا بار؛ سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسىدىن پەيدا بولغان جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى سوغۇقچىلىق پەقەت يۈزەكى ھادىسە؛ سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيە مەسىلىسىدە ئوچۇق - يورۇق توختالمىغانلىقتىن، جۇڭگو تەرەپتە بەزى ئۇقۇشماسلىقلار كۆرۈلدى، دېدى. ۋاڭ شىجيې بۇ مەزگىلدىكى جۇڭگونىڭ پوزىتسىيىسىنى سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسىدىن پەيدا بولغان «ئۇقۇشماسلىق» قا يىغىنچاقلاپ، جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى جىددىيچىلىكتە جۇڭگونىڭ ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىدىن ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇردى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى يىراق شەرق ئۇرۇشىغا تۇتقان بىتەرەپ تۇرۇش مەۋقەسىدىن ۋازكەچسىلا، جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى تېزلىك بىلەن ياخشىلىنىدۇ، دېدى. شىنجاڭ مەسىلىسىگە كەلگەندە ۋاڭ شىجيې ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ئالاھىدە، ھازىرچە مۇۋاپىق ھەل قىلىش قىيىن، شېڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدا 20 مىڭدىن

ئارتۇق ئەسكەر بار، دېدى. بۇ بىر تەرەپتىن شىڭ شىسەينى يېقىندا خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلايدىغانلىقتىن بېشارەت بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن چۇڭچىڭنىڭ شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ ۋە تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى جىددىيچىلىككە جاۋابكار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

1944 - يىل 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋت ئىتتىپاقى ۋانيۇشكىننى چاقىرتىۋالدى. يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇ جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلايدىغان ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى يەتكۈزدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرەلمىگەنلىكىنى پۈتۈنلەي ياۋروپا ئۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان، روشەنكى، نۇرغۇن جۇڭگولۇقلار بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەيدۇ؛ سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگودا بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى پوزىتسىيىسىگە دىققەت قىلمىدۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگو - سوۋېت ئۆزئارا بىر - بىرىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى، شۇڭا دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ، دەپ تەكىتلىدى. ۋانيۇشكىننىڭ جياڭ جيېشىنى بۇ قېتىم زىيارەت قىلىشىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بەلكىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەمدى ياردەم بەرمەيدىغانلىقىغا كاپالەت بېرىش، بۇنىڭدىن جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىر ۋە كەلگۈسىدىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا ھەرقانداق ياردەم بەرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەتكە ئېرىشىش بولسا كېرەك. بۇنىڭغا جاۋابەن جياڭ جيېشى شىنجاڭدا كادىر ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا ئەمەلىي كاپالەت بەردى. ۋانيۇشكىن بۇ خىل ھەرىكەتنى مەدھىيىلىدى. چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەي بىلەن داۋاملىق بېرىش - كېلىش قىلىشقا چارىسىز قالغانىدى.

ۋانيۇشكىن موسكۋاغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن باش ئەلچى فۇ بىڭچاڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، بېرىش - كېلىشنى كۆپەيتىش نىيىتى بارلىقىنى يەتكۈزدى. فۇ بىڭچاڭ جۇڭگو سوۋېت - ئامېرىكا، سوۋېت - ئەنگلىيە مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرۇپ، جۇڭگو - سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. لېكىن فۇ بىڭچاڭ ئۇنىڭدىن جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سۇڭ زىۋېننىڭ ئۆمەك باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىشنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقىنى سورىغاندا، قارشى تەرەپ بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىدى. بۇ مەسىلە توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىگە، جياڭ جيېشى 5 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسى ۋانيۇشكىنگە بەرگەن ۋەدىسىگە - شېڭ شىسەينى شىنجاڭدىن يۆتكىۋېتىش ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغانلىقتىن (شېڭ شىسەي تاكى 1944 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭنى تىزگىنلەش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان)، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بەرمەي جىم تۇرۇۋالغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدا داۋاملىق ھوقۇق تۇتۇشى سوۋېت ئىتتىپاقى سۇڭ زىۋېننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىشنى كېچىكتۇرگەنلىكىنىڭ مۇھىم سەۋەبى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، ئىككى تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن يەنىلا جۇڭچىڭ تەرەپكە بىر ئاز بېسىم ئىشلىتىش كېرەك، دەپ قارايتتى.

دەرۋەقە، 1944 - يىلى ياز ۋە كۈزدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا بېسىم ئىشلىتىشى كۆپەيدى. 6 -، 7 - ئايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا، شىئەن ۋە لەنجۇدىن تەخمىنەن 60 نەپەر

سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ئەڭ ئاخىرقى ھەربىي مەسلىھەتچىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوۋېت ئىتتىپاقى گېزىت - ژۇرناللىرى جۇڭگونىڭ مىللەتچىلىك خاھىشىنى تەنقىدلەيدىغان خەۋەرلەرنى بېسىشنى كۆپەيتتى. 7 - ئايدا «ئۇرۇش ۋە ئىشچىلار سىنىپى» ژۇرنىلىنىڭ بىر تەھرىرى قاتتىق سۆز - ئىبارىلەر بىلەن جۇڭگونى ئەيىبلەپ، تىتو رەھبەرلىكىدىكى يۇگوسلاۋىيە قوراللىق كۈچلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، جۇڭگو ئارمىيىسى ئاجىز ھەم ئىقتىدارسىز، دېدى. بۇنىڭ ئالدى - كەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ كۈچلىرىنى يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن يۇقىرىقىغا ئوخشاش سېلىشتۇرغانىدى. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنبادۇن كاۋچۇكزارلىقىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىنىدا جۇڭگو بىلەن بىرلىكتە كەلگۈسىدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئايرىم ھالدا ئىككى - ئۈچ دۆلەت يىغىنىنى چاقىرىش تەكلىپىنى بەردى. بۇنىڭ كەينىدىنلا 1944 - يىلى 8 - ئايدا تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرىشنى ئىلتىماس قىلدى ھەمدە 10 - ئايدا سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىستان ئاپتونوم ئوبلاستى (رايون) بولۇپ قۇرۇلدى. مۇشۇ تەرىقىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلىيەتتە جۇڭگو بىرنەچچە قېتىم جۇڭگوغا تەۋە دەپ بايانات ئېلان قىلغان، قاھىرە يىغىنىدا جياڭ جيېشى روزۋېلتنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن زور بىر پارچە تېررىتورىيىنى يۇتۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ۋانيۇشكىن 5- ئايدا جۇڭگودىن ئايرىلغاندىن ئېتىبارەن 1945 - يىلى 7 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى يېڭى باش ئەلچى ئەۋەتكىچە، جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىنىڭ ئورنى بوش قالدى. 1944 - يىلىنىڭ

باز ۋە كۈز ئايلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئاستىدا غەربىي شىنجاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن توپىلاڭ جىددىي ئۇلغىيىشقا باشلىدى. 11 - ئايغا كەلگەندە، تەشكىلى مۇكەممەل، ياخشى قوراللانغان «توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار» ئىلىنى ئىشغال قىلدى. بۇ شىنجاڭنىڭ باي، ئاۋات، بەلكى ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم رايونى بولۇپ، «توپىلاڭچىلار» بۇ يەردە ئىلىنىڭ مۇستەقىللىكىنى جاكارلاشقا تەييارلاندى.

ستالىن بىر تەرەپتىن جۇڭگوغا سىستېمىلىق بېسىم ئىشلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلاندى. ئۇ قاھىرە ۋە تېھران يىغىنلىرىنىڭ بەزى سۆز - ئىبارىلىرىنى ئۆزى قول سېلىپ ئۆزگەرتتى. 1944- يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ستالىن ئامېرىكا ۋەكىللىرى بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بارغاندا، ئاللىقاچان بېكىتىلگەن دالىيەن پورتىنى «خەلقئارالاشتۇرۇش» پرىنسىپىغا سەل قاراپ، دالىيەن، لۈيشۈن ۋە مانجۇرىيە تۆمۈريولىنى بىۋاسىتە ئىجارىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. ستالىن يەنە قوشۇمچە شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنى ئېتىراپ قىلىپ، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى. 1944 - يىلى كۈزدە ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لۈيشۈن، دالىيەنگە قويغان يېڭى تەلىپىنى (تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسى تىلغا ئېلىنمىغان) چۇڭچىڭغا يەتكۈزدى.

جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىپ كەتكەن بىر پەيتتە، جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىمۇ كۈنسايىن يىرىكلىشىپ كەتتى. 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى روزۋېلت جياڭ جيېشىدىن گېنېرال ستېۋېينى جۇڭگو ئۇرۇش رايونىدىكى بارلىق ئارمىيىنىڭ، جۈملىدىن كوممۇنىستىك پارتىيە قوراللىق قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلەشنى تەلەپ قىلدى.

بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە گېنېرال ستىۋېي بىر پىلان تۈزۈپ، كوممۇنىستىك پارتىيە ئارمىيىلىرىنى قوراللاندۇرماقچى ھەمدە گومىنداڭ ئارمىيىسىنى شەنشى- گەنسۇ - نىڭشىيا چېگرا رايونى ئەتراپىدىن ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يۆتكىمەكچى بولدى. 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى روزۋېلت ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ گېنېرال ستىۋېينى دەرھال باش قوماندانلىقتا تەيىنلىشىنى تەلەپ قىلدى، لېكىن جياڭ جيېشى بۇنى رەت قىلدى. جياڭ جيېشى بۇ ئىشنى قايتا - قايتا ئويلانغانىدى. ئەگەر روزۋېلتنىڭ تەلىپى قوبۇل قىلىنىدىكەن، ئۇ ھالدا گېنېرال ستىۋېينىڭ پىلانى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلىشىپ جۇڭگونىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا ئېلىپ باراتتى. جياڭ جيېشى كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازغان: سوۋېت ئىتتىپاقى يىراق شەرق ئۇرۇشىغا قاتنىشىشنى قارار قىلغانىكەن، روزۋېلت كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلە جۇڭگو مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ؛ روزۋېلت چارە ئويلاپ جۇڭچىڭنى كوممۇنىستلارغا يول قويۇشقا مەجبۇرلايدۇ -دە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىدۇ، راستتىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، جۇڭچىڭ كومپارتىيىسىنىڭ شىمالىي جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇ؛ ئۇرۇشتىن كېيىن گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە، جەنۇب بىلەن شىمالدا تىركىشىپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە داۋاملىشىدۇ. قىسقىسى، جياڭ جيېشى، گېنېرال ستىۋېي پىلانىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ غەربىي شىمالى ۋە شەرقىي شىمالدىكى كۈچلىرىنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى روزۋېلت ياخشى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن ستىۋېينى قوماندانلىققا تەيىنلىشىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان، دەپ ئەنسىرەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جياڭ

جىيشى روزۋېلتنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىش بىلەن چوڭ دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگونىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى توسقىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. بۇنداق مۇمكىنلىكنى ئازايتىش ئۈچۈن جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىشى كېرەك ئىدى.

## 7. روزۋېلتنىڭ سالاچىلىقى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئۇنىڭ چوڭ دۆلەت قىياپىتىدە يىراق شەرقتە قايتا پەيدا بولۇشىنى چەكلەش ئۈچۈن، جياڭ جىيشى ئالدىراپ ـ تېنەپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا كىرىشتى، بۇنداق قىلمىغاندا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى: مانجۇرىيە ۋە شىنجاڭدىن ئايرىلىپ قالاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قوللايتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ئەزا بولۇشىغا قارشى تۇراتتى. شۇڭلاشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش ئۈچۈن جياڭ جىيشى ئامېرىكىنىڭ سالا قىلىشىنى قوبۇل كۆردى.

ئامېرىكا رەھبەرلىرى ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن غەربنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ يېقىنلىشىشىغا رازىلىق بىلدۈردى. ئۇلار، جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىغاندا، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىنى تۇگەتكىلى بولىدۇ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا پايدىلىق؛ ئەكسىچە ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىپ كەتسە، گومىنداڭنىڭ كوممۇنىستلارغا

بولغان خۇدۇكىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ، دەپ قارايتتى. جياڭ جيېشى «چەت ئەل تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرغاندا، ئاۋۋال دۆلەت ئىچىنى تىنچىتىش» تاكتىكىسىنى يولغا قويۇشى، ئۇنىڭ كومپارتىيە بىلەن ئۇرۇشۇشقا رازى بولۇپ، ئاۋۋال ياپونىيە بىلەن ئۇرۇشۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى يېرىكلىشىپ كەتسە، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى چەكلەش ئەمەس بەلكى قوراللاندۇرۇشى مۇمكىن ئىدى؛ لېكىن مۇبادا جۇڭگو - سوۋېت ئىناق - قوشنىدارچىلىقتا بىللە تۇرسا، جۇڭگو كومپارتىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئازايغانلىقتىن، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچراپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشتىن ئىبارەت بەلگىلەنگەن نىشاندىن ۋاز كېچىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ ئۆزى دۇچ كېلىدىغان خىلمۇ خىل مەسىلىلەرمۇ روزۋېلتنى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. روزۋېلت ئۆزىنىڭ دىققىتىنى ئۇرۇشتىن كېيىنكى مۇقىم تەرتىپنى قانداق بەرپا قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلىگە يۆتكەشكە باشلىغاندا، ئۇ ئاۋۋال دۇچ كەلگەن مەسىلە جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنى قانداق ئىلگىرى سۈرۈش بولدى. روزۋېلت: ئۇرۇشتىن كېيىن قۇدرەتلىك ۋە بىرلىككە كەلگەن جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ياپونىيە تەسلىم بولغان ۋە ئەنگلىيە- فرانسىيە - گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلەر گۇرۇھى ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن پەيدا بولغان بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ، دەپ قارىغانىدى. بىرلىككە كەلگەن بۇ جۇڭگو ئەركىن، ئامېرىكىغا مايىل يولنى تۇتۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا جۇڭگو ئامېرىكا بىلەن بىرلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. لېكىن روزۋېلت يەنە

بۇ خىل «زۆرۈر پەيت» نىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈمىد قىلمايتتى، بەلكى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى بىلەن سوۋېت - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ يانمۇ يان ھالدا باشتىن - ئاخىر دوستانە، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. روزۋېلتنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى تىنچلىق، بىخەتەرلىك ئىدىيىسى تۆت چوڭ دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقى ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. جۇڭگو - سوۋېت توقۇنۇشى بۇنداق پىكىرنى بۇزۇۋېتەتتى، شۇنداقلا ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا تىنچلىقىغا تەھدىت پەيدا قىلاتتى.

1944 - يىلى 6 - ئايدا ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى ھېنرى خاللىس ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگونى زىيارەت قىلدى. بۇ، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو - سوۋېت يېقىنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. خاللىس جۇڭگونىڭ تەكلىپى بىلەن، موسكۋادىن جۇڭگوغا دائىمىي يول لىنىيىسى بولغان ھىندىستان بىلەن ئەمەس، بەلكى شىنجاڭ بىلەن كەلگەنىدى. بۇ ئەسلىدە چۇڭچىڭغا قىلىنغان دىپلوماتىك جىلۋە ئىدى. ۋاڭ شىجيې ئۈرۈمچىگە كېلىپ خاللىسنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە خاللىسنىڭ ئالدىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەيىبلىمەسلىك توغرىسىدا شىڭ شىسەينى ئاگاھلاندۇردى.

جياڭ جيېشى خاللىس باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەرنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋالدى. خاللىس بىلەن بولىدىغان سۆھبەت سۆزىنى تەييارلاشتا جياڭ جيېشى زور كۈچ سەرپ قىلدى. 6- ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋاڭ شىجيې جياڭ جيېشىغا بىر پارچە ئەسلەتمە خېتى تاپشۇردى، بۇ ئەمەلىيەتتە «ھەممىياندىكى دەرمەھەل جانغا ئەسقاتىدىغان ئەپچىل چارە» بولۇپ، خاللىسقا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئومۇملاشتۇرۇلغانىدى. ۋاڭ شىجيې: روزۋېلت جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جياڭ جيېشى خاللىسقا: جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق -

قوشىندارچىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى ياكى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن پرېزدېنت روزۋېلىت ئوتتۇرىغا قويغان ھەرقانداق تەكلىپكە قۇلاق سېلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. جياڭ جيېشى ئېھتىياتچان لېكىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا مۇلايىم پوزىتسىيە قوللىنىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەم جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ موڭغۇلىيە مەسىلىسىدىكى ئىختىلابلىرىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك ئىدى؛ لېكىن ئۇرۇش ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن جۇڭگو تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىنى زورمۇ زور ھەل قىلمايدىغانلىقىغا خالىسىنى ئىشەندۇرۇشى كېرەك ئىدى؛ يېقىندا ئالتاي رايونىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشقا نىسبەتەن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى رەت قىلىشى كېرەك؛ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش پوزىتسىيىسى بىلەن بۇ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغانلىقىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك ئىدى؛ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەسىلىسىدە جياڭ جيېشى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش شەكلىنى قوللىنىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى، لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ توپلىگىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ قويۇشى كېرەك ئىدى، ۋاڭ شىجيې يەنە تەكلىپ بېرىپ: جياڭ جيېشى ئىتتىپاقداشلار كېلىشىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيە قايتۇرىۋالغان پۈتۈن زېمىننىڭ ئەسلىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتكە قايتۇرۇپ بېرىلىشىنى مۇقىملاشتۇرۇشى كېرەك، دېگەنىدى. مۇبادا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى مانجۇرىيىگە ۋە چاۋشيەنگە كىرىشتىن بۇرۇن بۇنداق كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىسا بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىكلار كېلىپ چىقاتتى. خاللىس بىلەن مۇھاكىمە قىلىش جەريانىدا جياڭ جيېشى ۋاڭ شىجيېنىڭ بۇ تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلغانىدى.

خاللىس جۇڭگودىن ئايرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، جياڭ جيېشى روزۋېلىتقا بىر پارچە تېلېگراما يوللىدى. تېلېگراممىدا:

خاللىس بىلەن بولغان سۆھبەتتە پرېزدېنت روزۋېلتنىڭ جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىدىن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق ئەمگەك سىڭدۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇنىڭدىن «چوڭقۇر تەسىرلەندىم»، دېيىلگەنىدى. ئۆزىنىڭ روزۋېلتنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ھەمدە جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدىغانلىقىنى مۇ ئېيتقانىدى. خاللىس چۇڭچىڭدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، جياڭ جيېشىنىڭ رەپىقىسى سۇڭ مېيلىن خانىم ئۇنىڭدىن روزۋېلتقا بىر پارچە خەت بەرگەن، خېتىدە جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش مەسىلىسىنى تەكىتلىگەنىدى، مۇشۇ مەسىلىگە قارىتا روزۋېلت ئوتتۇرىغا قويغان ھەرقانداق تەكلىپنى جۇڭگو قوبۇل قىلىپ ئىجرا قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتقانىدى.

7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا روزۋېلت جاۋاب بېرىپ، جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلايدىغانلىقىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە ئامېرىكىنىڭ كېلىشتۈرۈپ، جۇڭگو ـ سوۋېت سۆھبىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى نۇقتىلىق ئويلىنىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

جياڭ جيېشىمۇ سوۋېتكە قاراتقان «ئاكتىپ دوستلۇق» يۈزلىنىشىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. 1944 ـ يىلى 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا جياڭ جيېشى خاتىرىلەش نۇتقى ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باتۇرانە كۈرەش قىلىش روھىنى مەدھىيىلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى مۇقىملاشتۇردى. جياڭ جيېشى يەنە سوۋېتكە يېقىنلىشىش تەشۋىقاتى يۈرگۈزۈپ، كېيىن تېخىمۇ ئەمەلىي ھەرىكەت قوللىنىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. بۇ تەدبىرلەرنى قوللىنىشتا ئىككى خىل نىيەت بار ئىدى: ئۇنىڭ بىرى، سوۋېت ـ ئەنگلىيە ئىتتىپاقىغا تەقلىد

قىلىپ جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسى ئىمزالاش، ئىككىنچىسى، جۇڭگو ـ سوۋېت چېگرىلىرىدا ئۆزئارا مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى ئورناتماسلىق كېلىشىمى ئىمزالاش. لېكىن بۇ ئىككى نىشان رېئال ئەمەس ئىدى، رېئال بولىدىغىنى شېڭ شىسەينى ئورنىدىن يۆتكىۋېتىش ئىدى. 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شېڭ شىسەي ئاخىرى خىزمىتىدىن بوشىتىلدى، 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ، چۇڭچىڭغا كەتتى. 10 ـ ئايدا ۋۇجېشياڭ چۇڭچىڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە دىپلوماتىيە ۋەكىلى — «قارشى ئېلىنىدىغان» شىنجاڭ ئەمەلدارى سۈپىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا باشلىدى. شېڭ شىسەينى ئەمىلىدىن قالدۇرۇش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ستالىن 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى باش ئەلچى خارىمان بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەتلەشكەن، خاللىسمۇ جياڭ جېيشىغا ستالىننىڭ بۇ تەلىپىنى يەتكۈزگەنىدى. ستالىننىڭ شېڭ شىسەي جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرا توقۇنۇشىنى پەيدا قىلدى، دەپ ئەيىبلىشى — ئەمەلىيەتتە، ئۈستىلىق بىلەن جياڭ جېيشىنى مەسئۇلىيەتتىن قاچۇرغانلىق ھەمدە ئامېرىكىغا شېڭ شىسەينى يۆتكىۋېتىش جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ تېزلىك بىلەن ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، دېگەن شەپىنى بېرىپ قويۇشتىن ئىبارەت.

گەرچە جياڭ جېيشى «پائال دوستلۇق» نى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى قىلچىمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرمىدى. 1944 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمى داۋاملىق ئۆرلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيادۇن كاۋچۇكزارلىقىدىكى يىغىنىدا جۇڭگوغا تۇتقان پوزىتسىيىسى بۇنىڭغا ناھايىتى روشەن مىسال بولۇپ بېرەلەيدۇ.

## 8. دۇنبادۇن كاۋچۇكزارلىقى يىغىنى: جياڭ جيېشى بىلەن ستالىننىڭ ئېلىششى

1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ۋاشىنگتوننىڭ بىقىنىدىكى دۇنبادۇن كاۋچۇكزارلىقىدا يىغىن چاقىرىپ، كەلگۈسىدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى بېكىتتى. گۇ ۋېيجۈن جۇڭگونىڭ باش ۋەكىلى سۈپىتىدە يىغىنغا قاتناشتى، ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ قېتىمقى يىغىن جۇڭگونىڭ تۆت كۈچلۈك دۆلەت قاتارىغا كىرىشى مەسىلىسىدە «چېكىنگەن» ئىدى. 1943 - يىلى 10 - ئايدا موسكۋادا ئېچىلغان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنىدا ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنى جۇڭگونىڭ چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىغان بولسىمۇ، لېكىن دۇنبادۇن يىغىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقى كېيىىدىن يېنىۋېلىپ، كەلگۈسىدىكى خەلقئارا تەشكىلاتنى مۇھاكىمە قىلىدىغان بۇ ھالقىلىق مەسىلىدە جۇڭگونى ئوتتۇرىغا قاتماسلىقنى ئوتتۇرىغان قويغاندا، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ تەلىپىگە قوشۇلدى.

6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خېر جۇڭگونىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋېي داۋمىڭغا ئۇقتۇرۇپ: سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشتىن كېيىنكى خەلقئارا تەشكىلات مەسىلىسىنى جۇڭگو بىلەن بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا سوۋېت بىلەن ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە زىيان سالىدۇ؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رايىغا بېقىش ئۈچۈن، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە ئىككى ئايرىم ئۈچ دۆلەت يىغىنى چاقىرىشقا قوشۇلدى، دەيدۇ. جياڭ جيېشىمۇ ئاساسەن شۇنداق قىلىشقا قوشۇلاتتى، چۈنكى، ستېۋېي مەسىلىسىدە ئۇ تېخى ئەڭ ئاخىرقى شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان ھەمدە جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىشىنى خالىمايتتى.

جياڭ جيېشى بۇ قارارنى چىقارغان شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە روزۋېلىتتىن كەلگەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدى، تېلېگراممىدا ستىۋېينى جۇڭگو ئۇرۇش رايونىدىكى پۈتۈن قوراللىق كۈچلەرنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەشنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلغانىدى، لېكىن جۇڭگو رەھبەرلىرى بىردەك: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوۋېت ـ ياپونىيە بىتەرەپ تۇرۇش شەرتنامىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشى پەقەت جۇڭگو بىلەن دۇنبادۇن كاۋچۇكزارلىقى يىغىنىدا ئۇچرىشىشنى خالىمىغانلىقىنىڭ بىر باھانىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي غەرىزى جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈچ كۈچلۈك دۆلەت بىلەن باراۋەر بولۇپ قېلىشىنى خالىماسلىقتىن ئىبارەت. . . بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۆت دۆلەت خىتابنامىسىگە جۇڭگونىڭ قول قويۇشىنى رەت قىلغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى، دەپ ھېسابلىدى. ھازىر موسكۋا تۆت دۆلەت خىتابنامىسىگە بىر يىل بولدى، ئىتتىپاقداش ئارمىيە نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىپ، ياۋروپا ئىككىنچى ئۇرۇش مەيدانى ئېچىلغانلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتىدە ياخشى بۇرۇلۇش ھاسىل بولغانلىقى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا قاتتىق ئىشەنچ پەيدا قىلدى. جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنبادۇن كاۋچۇكزارلىقى يىغىنىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگوغا داۋاملىق بېسىم ئىشلىتىۋاتىدۇ دېگەن مۆلچەرى ئېھتىمال توغرا بولسا كېرەك، شۇنداق بولۇپلا قالماي، سوۋېت ئىتتىپاقى باشقا بەزى دوستانە بولمىغان ھەرىكەتلەرنىمۇ قوللاندى. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدى ـ كەينى ماسلىشىپ كەلگەنىدى.

ئىككى ئايرىم ئۈچ دۆلەت يىغىنى چاقىرىلغاندىمۇ ئەمەلىيەتتە بۇ جۇڭگونىڭ پەقەت شەكلەن قاتنىشىدىغانلىقىدىنلا دېرەك بېرەتتى، ئىش يۈزىدىمۇ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. دۇنبادۇن كاۋچۇكزارلىقى يىغىنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ

ئېچىلاتتى: بىرىنچى باسقۇچ، 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىگىچە، بۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتنىشاتتى؛ ئىككىنچى باسقۇچ، 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە، بۇنىڭغا جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتنىشاتتى. ئىككىنچى باسقۇچلۇق يىغىن باشلىنىش بىلەنلا ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋەكىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن هاسىل قىلىنغان كېلىشىمنى ئوتتۇرىغا ئاچىقتى. بۇ كېلىشىم ئۈزۈن مۇددەتلىك جاپالىق سۆهبەت ـ مەسلىهەتلىشىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋەكىللىرى شۇ مەسىلىلەرئۈستىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن داۋاملىق مۇهاكىمە ئېلىپ بېرىشقا بىتاقەت بولدى، چارچىدى هەمدە ۋەتىنىگە قايتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى. سىتېۋېي ۋەقەسى تۈپەيلىدىن جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى. بۇمۇ جۇڭگونىڭ يوللۇق تەلەپ قويۇشىغا توسقۇن بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگونىڭ يىغىنغا قاتنىششى شەكىلگەئايلىنىپ، جۇڭگو ۋەكىللىرى زۆرۈرىيىتى يوق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن باشقا هېچ ئىش قىلالمىدى.

شۇنداق قىلىپ، جىياڭ جيېشىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتە ئۇرۇشقا قاتنىششىنى چەكلەش پىلانى بەرباد بولدى. 6 ـ ئايدا جىياڭ جيېشى مۇئاۋىن پرېزدېنت خاللىسقا يىراق شەرقتە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا قاراشلىق رايون خاراكتېرلىك تەشكىلات قۇرۇشنى، سوۋېت ئىتتىپاقى يىراق شەرق ئۇرۇشىغا قاتنىششتىن ئاۋۋال (ئەلۋەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىراق شەرق كومىتېتىغا كىرىشتىن ئاۋۋال) ئامېرىكا ـ جۇڭگو ـ ئەنگلىيىلەر بىر كېلىشىم هاسىل قىلىپ، ياپونىيىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان تېررىتورىيىنىڭ

تەۋەلىك مەسىلىسىنى بېكىتىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ ۋاڭ چۇڭخۇي قاھىرەدە خوپچىنسقا بەرگەن پىلان بىلەن بىردەك ئىدى. مۇبادا بۇ كېلىشىمنى ھەقىقەتەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتە ھەربىي سىڭىپ كىرىشىنى چەكلىگىلى ھەتتا توسۇۋالغىلى بولاتتى، كەم دېگەندە جياڭ جيېشى شۇنداق ئۈمىد قىلاتتى.

دۇنبادۇن كاۋچۇكزارلىقى يىغىنىدا تالاش ـ تارتىش قىلىنغان زور مەسىلە، مەلۇم دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى بولغان دۆلەت بىۋاسىتە ئالاقىدار دۆلەت بولۇپ قالغاندا، بۇ دۆلەتنىڭ ئىنكار قىلىش ھوقۇقى بولامدۇ يوق دېگەن مەسىلە ئىدى. ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەزكۇر چوڭ دۆلەت بىلەت تاشلاپ ئاۋاز بېرىشكە قاتناشماسلىقى كېرەك. دەپ قارايتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا رەت قىلىش ھوقۇقى بولۇشىدا چىڭ تۇراتتى؛ جۇڭگو باشقا بىرنەچچە چوڭ دۆلەتنىڭ بىرلىشىپ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەنلىكتىن، باشتىلا ھەربىر مۇدىرىيەت ئەزاسى بولغان دۆلەتنىڭ رەت قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، دېگەنگە، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەشەببۇسىغا قوشۇلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يىغىن باشلىنىشتىن بۇرۇنقى مۇھاكىمە، پەرەزلەر ئىدى. يىغىن باشلانغاندىن كېيىن جۇڭگو مەۋقەسىنى ئۆزگەرتىپ، ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ تەكلىپىنى قوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇردى؛ لېكىن يىغىننىڭ ئىككىنچى باسقۇچى باشلانغان چاغدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋەكىللىرى ئۆرۈلۈپلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. جۇڭگو تەڭقىس ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، يېڭى تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ نەق ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە چارىسىز قالدى. ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «قاتتىق پوزىتسىيە» سىگە مۇرەسسە قىلدى. بۇ گۇ ۋېيجۈننى مېنى كولدۇرلىتىۋاتىدۇ دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويغاچقا، ئۇ ئاچچىقلاندى، لېكىن ھېچ

نەرسە قىلالمىدى. جۇڭچىڭنىڭ جۇڭگو - ئامېرىكا - ئەنگلىيە ئۈچ كۈچلۈك دۆلەت بىرلىشىش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىلانىنى چەكلەشكە ئۇرۇنۇشىمۇ سۇغا چىلاشقانىدى.

دۇنيادىن كاۋچۇكزارلىقىدىكى يىغىندا چۇڭچىڭنىڭ خەلقئارا تەشكىلاتتىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى چەكلەش پىلانىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى، كېلىشتۈرگۈچى ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈۋالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتى قىل ئۈستىدە قالغانىدى — يالتا يىغىنىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى.

دۇنيادىن كاۋچۇكزارلىقى يىغىنىدىن كېيىن جۇڭگو يەنە بىر قېتىم دوستلۇق قىياپىتىنى نامايان قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامېرىكا چەتتىن ھەيدەكچىلىك قىلغاچقا، ستالىن ئاخىرى جياڭ جيېشىنى تەكلىپ قىلدى. 10 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خارىمان ۋە روزۋېلتنىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى خېرلى (ستېۋىي ۋەقەسىدىن كېيىن جۇڭگو - سوۋېت سۈركىلىشىنى تۈگىتىشكە ئەۋەتىلگەن) ئارقىلىق ستالىن بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشىدىن بېشارەت بەردى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ستالىننىڭ جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى جياڭ جىڭگو (جياڭ جېشىنىڭ ئوغلى) غا ئۇقتۇردى.

لېكىن جياڭ جيېشى ستالىننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. گومىنداڭ تەرەپنىڭ ماتېرىيالىدىن قارىغاندا، جياڭ جېشىنىڭ مۇنداق قارارغا كېلىشى، ئۇنىڭ ستالىننىڭ تەكلىپى جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش سۇيىقەستى دەپ گۇمانلانغانلىقىدىن بولغان، شۇ چاغدا ستېۋىي ۋەقەسىدىن كېيىن جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ

كەتكەن، جياڭ جيېشى ستالىن بۇ پۇرسەتنى كۆرۈپ يەتكەچكە، جۇڭگو- سوۋېت باشلىقلىرى ئۇچرىشىشى ئارقىلىق ئامېرىكىنى جۇڭگودىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى. جياڭ جيېشىنىڭ تەھلىلىچە، ئامېرىكا چوقۇم جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدىن خۇپىيانە ھالدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىنى خالىمايتتى. 1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگودا مۇنداق بىر خىل قاراش — يەنى روزۋېلىت تۆتىنچى قېتىم پرېزدېنت بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن بىر يىل ئىچىدە جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىدىكەن، دېگەن قاراش تارقالغانىدى. شۇڭا جياڭ جيېشى ئېھتىمال ئاۋۋال روزۋېلىت بىلەن ئۇچرىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ستالىن بىلەن ئۇچرىشىشنى تەڭشىمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

جياڭ جيېشىنىڭ ستالىن بىلەن ئۇچرىشىشنى خالىمىغانلىقى شىنجاڭ ۋەقەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. جياڭ جيېشى بۇنى ستالىننىڭ پىت ئۇچەيلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىدى. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا دوستانىلىك كۆرسەتكەن ھەمدە ئامېرىكىنى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭدا بىرئاز يول قويغانىدى. ئەمدى بولسا ئامال قىلىپ بۇ زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالماقچىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇنداق ستراتېگىيىسىگە تاقابىل تۇرۇشتا، ئۇنى پەرداز قىلماي ئەمەس، بەلكى پاش قىلىپ، جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئالەمگە ئاشكارىلاش كېرەك ئىدى.

11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جياڭ جيېشى بىر پىلانغا تەستىق سالدى. بۇ پىلان بويىچە، تاللانغان ئىككىنچى ئارمىيەدىن 40 مىڭ نەپەر ئەسكەرنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ «ئىسيانىنى

باستۇرماقچى» بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلىش پاكىستاننى قولغا چۈشۈرۈپ، پاكىستاننى ئامېرىكىغا تاپشۇرۇپ، ئامېرىكىغا شىنجاڭدىكى ئىسيانىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئىدى. جياڭ جيېشى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ يامانلىشىشى — سوۋېت ئىتتىپاقى كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئىسپاتى، ئامېرىكا بۇ پاكىتقا ئېرىشكەن ھامان چوقۇم جۇڭگوغا ياردەم بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى چەكلەيدۇ دەپ قارىدى. بۇنداق شارائىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ستالىن بىلەن كۆرۈشۈش ئۆز پۇتىنى ئۆزى چۈشەپ بەرگەنلىك ئەمەسمۇ؟ بۇنداق ئۇچرىشىش پەقەت جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى يوشۇرۇپ، ئامېرىكىنى جۇڭگوغا ياردەم بېرەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. لېكىن قانداق سەۋەبنى چىقىش قىلمىسۇن، جياڭ جيېشىنىڭ ستالىننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىشى، كەلگۈسىدىكى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى بۇ ئىككى كىشى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى چوقۇم روزۋېلت بىلەن ستالىن تەرىپىدىن يالتادا ھەل قىلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

## 9. جياڭ جيېشى ۋە يالتا كېلىشىمى

يالتا يىغىنىدا ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبەت ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى لايىھىلىدى ھەمدە سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى جۇڭگوغا ئۇقتۇردى. جياڭ جيېشى دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي بېسىم تۈپەيلىدىن يالتا يىغىنى كېلىشىمىدىن چۆچۈپ كەتتى ۋە غەزەپلەندى. لېكىن ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇزۇندىن بېرى جياڭ جيېشى باشتىن - ئاخىر ئامېرىكىنىڭ كېلىشتۈرۈشى ۋە

اردىسىگە موھتاج بولۇپ كەلگەن ھەمدە روزۋېلتقا يالتا يىغىنىدا تالاش - تارتىش قىلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئاساسىي جەھەتتىن قوشۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يالتا كېلىشىمىدە بەلگىلەنگەن جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى 1940 - يىلى جياڭ جيېشى تۈزگەن جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقىغا ئازدۇر - كۆپتۇر ۋارىسلىق قىلغانىدى.

جۇڭگو 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگە كەلگەندىلا باش ئەلچى خېرلى رەسمىي تاپشۇرغان يالتا كېلىشىمىدىكى جۇڭگوغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنىڭ كۆپەيتىلمە نۇسخىسىنى تاپشۇرۇۋالدى، دېمەكچى، يالتا يىغىنى يېپىلىپ تۆت ئاي ئۆتكەندە جياڭ جيېشى ئاندىن ئۈچ دۆلەتنىڭ يالتادا قىلغان ئىشلىرىدىن ئاساسىي جەھەتتىن خەۋەر تاپتى. 2 - ئايدىلا جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى گو دېچۇەن ۋە باش ئەلچى فۇ بىڭچاڭ موسكۋادىن مەخسۇس تېلېگرامما يوللاپ، يالتا كېلىشىمىنىڭ ئىمزالانغانلىق خەۋىرىنى دوكلات قىلغانىدى. 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى روزۋېلت باش ئەلچى ۋېي داۋمىڭغا كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان، 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خېرلى جياڭ جيېشىغا كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىنى «غەيرىي رەسمىي» مەلۇم قىلغانىدى.

جياڭ جيېشى يالتا كېلىشىمىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندا، ۋېرسال يىغىنىنىڭ ۋەھىمىسى ئۇنى دەممۇ دەم چۆلغاپ تۇردى، ھەتتا كېلىشىمنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى بىلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇ بۇ يىغىن ئامېرىكا جۇڭگوغا ياردەم قىلىپ، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يىغىنمۇ ياكى كۈچلۈك دۆلەتلەر جۇڭگونى بۆلۈشىۋالىدىغان قاباھەتلىك چۈشمۇ، دېگەن مەسىلىنى ئاڭقىرالمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يالتا يىغىنى ئاياغلاشقاندىن

كېيىنكى بىرقانچە ئاي ئىچىدە جىياڭ جيېشى: كېلىشىمنىڭ كەينىدە يەنە مەخپىي كېلىشىم بار، مەخپىي كېلىشىم ئاساسەن ئامېرىكا - ئەنگلىيە - سوۋېتتىن ئىبارەت ئۈچ كۈچلۈك دۆلەت ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگودىكى تەسىر دائىرىسىنى ۋە ئىمتىيازىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىشقان، دەپ ئىزچىل گۇمانلاندى. ۋېرسال تىراگېدىيىسى ھەقىقەتەن قايتا ئوينىلارمۇ؟

يالتا كېلىشىمىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىش ھەمدە ئامېرىكىنىڭ غەرىزىنى ئېنىقلاشتىن ئىلگىرى جىياڭ جيېشى ئاشكارا ئىپادە بىلدۈرۈشكە چارىسىز ئىدى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان سۆھبەتنى كېچىكتۈرۈشتىن دېرەك بېرەتتى. يالتادا ستالىن روزۋېلتقا: سۇڭ زىۋېن 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلسا بولىدۇ، دەپ ئېيتقانىدى. 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە ۋە جۇڭچىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى جىياڭ جيېشىغا جۇڭگو ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگو - سوۋېت ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىش، جۈملىدىن ئىككى تەرەپ بىخەتەرلىك شەرتنامىسى ۋە شىنجاڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالقىشلايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. 4 - ئايدا ئېچىلغان ب د ت نىڭ سان فرانسىسكو يىغىنىدا مولوتوۋ نۇتۇق سۆزلەپ، جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنى موسكۋاغا بېرىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلدى.

يالتا كېلىشىمى مەزمۇنىنىڭ تەدرىجىي ئاشكارىلىنىشىغا ئەگىشىپ جىياڭ جيېشى دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق جاۋاب بەردى. ئۇ ئىككى خىل ستراتېگىيىنى تۈزۈپ چىقتى: بىر تەرەپتىن ئۇ سوۋېت - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئامېرىكىنى مانجۇرىيىگە سۆرەپ كىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرىكىتىنى توسماقچى بولدى، بۇ جۇڭگونىڭ بىر تۇراقلىق ئىبارىسى بىلەن ئېيتقاندا يولۋاس قىياپىتىگە كىرگەن ئەقىللىق

تۈلكىنىڭ يولۋاسنىڭ ھەيۋىسىدىن پايدىلىنىپ ئادەم قورقۇتۇشى ئىدى. ئەگەر بۇ يۈرۈش ئامېرىكىنىڭ سوۋېتنى گۇمانلىنىشىنى قوزغىسا ياكى سوۋېتنىڭ ئامېرىكىدىن گۇمانلىنىشىنى قوزغىسا غەلىبە قىلغان ھېسابلىناتتى. ئېكىن سوۋېت - ئامېرىكا جىددىي ھالىتىنىڭ كەسكىنلىشىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنى تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا مەجبۇرلىشى، ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قوللىشى شۇنداقلا ئۇنىڭ مانجۇرىيىدىن كەتمەي تۇرۇۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال پەيدا بولغان ھامان ئامېرىكا ھەرقانداق بەدەلگە قارىماي جۇڭگوغا بېسىم ئىشلىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى بەزلىگەن بولاتتى. ئىككىنچى خىل ستراتېگىيە، ئاقىلانە يول قويۇش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش، زور دەرىجىدە يول قويۇش، جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلقئارا بىر گەۋدىلەشتۈرۈش يۈنىلىشىگە قوشۇلۇش ئىدى. موسكۋا، ئېنىقكى ئۇرۇشتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى، چېگرىسىنىڭ مۇقىم ھالىتىنى ساقلاشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى ھەمدە ئامېرىكا - سوۋېت مۇناسىۋىتىدە جىددىيلىك كۆرۈلگەندە جۇڭگودىن ئامېرىكىنىڭ سوۋېتكە قارشى ھەرقانداق ھەرىكىتىگە قاتناشماسلىقنى ئۈمىد قىلاتتى. 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت - ياپونىيە مۇناسىۋىتى جىددىيلەشكەندە جياڭ جيېشى 1937 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالىغان، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا قارشى كېلىشىمگە قاتناشماسلىق توغرىسىدا ۋەدە بەرگەنىدى. ئەمدى 1945 - يىلى جياڭ جيېشى ئامېرىكا تەشەببۇس قىلغان سوۋېتكە قارشى ھەرقانداق كېلىشىمگە قاتناشماسلىقنى جاكارلاش ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوخشاش پوزىتسىيىسىنى قولغا كەلتۈرمەكچى، يەنى جۇڭگوغا قارشى ھەرقانداق دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىنى قوللانماسلىقنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى.

مەنتىقىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى خىل ستراتېگىيە ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئىدى. بىر تەرەپتىن، ئامېرىكىدىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى چەكلەش، يەنە بىر تەرەپتىن، يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا يول قويۇش، يەنى ئامېرىكىنى جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىگە سۆرەپ كىرىپ، ئامېرىكىنى مانجۇرىيىگە كىرگۈزۈپ، جۇڭگو تەرەپتە تۇرغۇزۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى قويۇش ھەم پۈتۈن كۈچ بىلەن سوۋېتنىڭ ئامېرىكا بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئىدى. پاكىتلارغا قارىغاندا، جياڭ جيېشى بۇ ئىككى خىل ئۆزئارا زىددىيەتلىك لايىھىدە ھەمىشە بىقارار بولۇپ تۇرغان كۆپ چاغلاردا ھەر ئىككىسىنى بىرگە يولغا قويغان.

5 - ئايدىن باشلاپ جياڭ جيېشى ئامېرىكىدىن پايدىلىنىشقا باشلىدى. ئەينى چاغدا پرېزىدېنت ترۇمېننىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى خوپچىنس موسكۋاغا بېرىپ، سوۋېت - ئامېرىكا ھەمكارلىقىنى مۇستەھكەملەشكە تەييارلىنىۋاتاتتى. جياڭ جيېشى ئامېرىكىنىڭ خوپچىنسنىڭ پائالىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ستالىندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا قوللىنىدىغان ھەرىكىتى توغرۇلۇق ۋەدە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. جياڭ جيېشى خوپچىنسنىڭ ستالىنغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا ھەرقانداق مەخسۇس مۇئەسسەسە قۇرۇشىغا ئامېرىكىنىڭ قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. سۇڭ زىۋېن جياڭ جيېشىنىڭ خىياللىرىنى ئامېرىكىنىڭ ئالاھىدە ئەلچىسىگە ئېيتىپ بەردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، سۇڭ زىۋېن تېلېگرامما يوللاپ، جياڭ جيېشىغا ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى قوللايدىغانلىقىنى ئىنتايىن ئۈمىدۋارلىق بىلەن يەتكۈزدى.

ئامېرىكىنىڭ مانجۇرىيىگە قول تىقىشقا قىزىقىشى - قىزىقماسلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جياڭ جيېشى سۇڭ زىۋېننىڭ ترۇمېنغا — لۈيشۈندە ب د ت

ئوتتۇرىغا چىقىپ جۇڭگو ـ ئامېرىكا ـ سوۋېت ئورتاق ئىشلىتىدىغان خەلقئارالىق دېڭىز ، ھاۋا ئارمىيە بازىسى قۇرۇش توغرۇلۇق — تەكلىپ بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ تەكلىپ ئېنىقكى، جياڭ جيېشىنىڭ قاھىرەدە روزۋېلتقا ئېيتقىنى بىلەن ئوخشاش ئەمەس ئىدى. سۇڭ زىۋېن تىرۇمىنغا مۇبادا سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىنىڭ ئىشلىتىشىگە قوشۇلمىسا، جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ بۇ بازىنى پەقەت جۇڭگو ـ سوۋېت ئىشلىتىدۇ، لېكىن ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقى جۇڭگوغا مەنسۇپ بولىدۇ، دېدى. شۇ كۈنى جياڭ جيېشى سۇڭ زىۋېنگە ئۇنىڭ تىرۇمىنغا، مەيلى قانداق بولسۇن، جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لۈيشۈننى ئىزگىللىشىنى چەتكە قاقالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇش توغرۇلۇق يوليورۇق بەردى. بىر ھەپتىدىن كېيىن جياڭ جيېشى خاتىرە دەپتىرىگە مۇنداق يازدى: مۇبادا ئامېرىكا لۈيشۈننى بىرلىشىپ ئىشلىتىشنى خالىسا، ئەكسىچە سوۋېت ئىتتىپاقى رەت قىلسا، ئۇنداقتا سۆھبەتنى ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ يامان ئىش ئەمەس.

جياڭ جيېشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھالقىلىق مەسىلە شۇ ئىدىكى، ئامېرىكا شىمالىي جۇڭگو ۋە مانجۇرىيىگە قول تىقىشنى خالامدۇ ـ خالىمامدۇ ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. ئامېرىكا بۇ يەرلەردە ئەسكەر تۇرغۇزسا، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىنى زور دەرىجىدە چەكلەيتتى، ئوخشاشلا جياڭ جيېشىنىڭ كۈچىنى ئۇلغايتالايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جياڭ جيېشى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يوللىغان تېلېگراممىسىدا سۇڭ زىۋېنگە ئامېرىكىنىڭ مانجۇرىيىدىكى ھەرىكەت پىلانىنى ئىگىلەش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى. ئامېرىكا جەنۇبىي مانجۇرىيە ۋە چاۋشيەنگە ئەسكەر چىقىرىشنى ئويلامدۇ؟ جياڭ جيېشى سۇڭ زىۋېنگە: تىرۇمىنغا جاۋاب بېرىشكە قولايسىز بولسا ، گېنېرال

مارشاللدىن سوراپ كۆرسەلىك بولىدۇ، ئۇ ئۇچۇرنىڭ جۇڭگو - سوۋېت سۆھبىتىگە تەسىرى زور بولىدۇ، دېدى.

شۇنىڭدىن قارىغاندا، جياڭ جيېشى بۇ مەسىلىدە موسكۋاغا قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرنى ھېلىھەم ئاخىرقى قېتىم بېكىتمىگەنىدى. مۇبادا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلىپى بەك يۇقىرى بولسا، ئەگەر ئامېرىكىنىڭ يېڭى تەيىنلەنگەن پرېزىدېنتىنىڭ ئامېرىكا - سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش خاھىشى بولسا، ئۇنداقتا ئامېرىكىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى يول قويۇشقا قىستاشقا بولاتتى. جياڭ جيېشى بۇ ھەرىكەتلەرنى قوللانغاندا، يالتا كېلىشىمىنىڭ بارلىق مەزمۇنىدىن تېخى خەۋەرسىز ئىدى، ناۋادا جياڭ جيېشى كېلىشىمدىكى «دېڭىز ئارمىيىسى بازىسى قىلىش ئۈچۈن ياتسېن پورتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىجارىگە بېرىش ھەققىدىكى» ۋەدىلەردىن خەۋەردار بولغان بولسا، ئېھتىمال تېخىمۇ پىششىق تەدبىرلەرنى قوللانغان بولاتتىكى، ئەكسىچە، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىگە لۈيشۇن پورتىنى ئىشلىتىش توغرىسىدا ئەمەس، بەلكىم ئامېرىكىغا دالىيەن سودا پورتىنى ئىشلىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن بولاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بەرىبىر پەرەزدۇر. پەقەت ئامېرىكا يالتا كېلىشىمىنى ئاشكارا يىرتىپ تاشلاشنى خالىسا... ئۇنداق بولمايدىكەن، جياڭ جيېشىنىڭ تەكلىپلىرى بىر تەرەپتە قېپقالغان بولاتتى. دەرۋەقە سۇڭ زىۋېن 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تىرومىنغا بۇ تەكلىپنى بەرگەندە، تىرومىن يالتا يىراق شەرق كېلىشىمىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ تەكرارلاپ: سابىق پرېزىدېنت روزۋېلت يالتادا قول قويغان كېلىشىمگە ئەمەل قىلىمەن، دېدى.

تىرومىن لۈيشۇنگە كىرىشنى رەت قىلدى، بۇ جياڭ جيېشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. كەم دېگەندىمۇ تاكى بۇ گۇڭچە جۇڭگونىڭ بۆلگۈنچىلىك سېلىش تاكتىكىسى ئۈنۈمسىز بولدى.

داۋاملىق تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ مانجۇرىيىگە كىرىشىنى تەلەپ قىلىش سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكا ئىككىلا تەرەپنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرايتتى. شۇنىڭ بىلەن، 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جياڭ جيېشى سۇڭ زىۋېنگە لۈيشۈن بازىسىنى ئامېرىكا ئىشلىتىدىغان ئىشنى ھەرقانداق ئادەمگە مۇتلەق ئېيتماسلىق توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى. ئۇ يەنە سۇڭ زىۋېنگە: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لۈيشۈن پورتىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنى مۇتلەق قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، بۇ ئىشنى ئامېرىكىغا ئېيتىپ، ئامېرىكىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا لۈيشۈن پورتى ھەققىدە ھېچنېمە دېمەسلىكنى تەلەپ قىلىش كېرەك، دېدى. جياڭ جيېشى: ئەڭ ياخشىسى، جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىۋاستە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى لازىم، دېدى. جياڭ جيېشى ئامېرىكىنى لۈيشۈنگە سۆرەپ كىرىش غەرىزىدىن ۋاز كەچتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ستالىننىڭ «ئىجارىگە ئېلىش» تەلىپىدىن ۋاز كېچىشكە ئامېرىكا ئارقىلىق نەسىھەت قىلماسلىقنى قارار قىلدى. بۇ ئۇنىڭ جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى يىراقلاشتۇرۇش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا جاۋاب بېرىشنى ئويلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. جياڭ جيېشىنىڭ سۇڭ زىۋېنگە بەرگەن بۇ كۆرسەتمىلىرى، بۇ مەسىلىلەردە ئۇنىڭ پەقەت ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن چەكلىنىدىغانلا بولسا، ئۇ ھالدا جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىدىن ئايرىپ سۆھبەتلەشكەندە جۇڭگوغا پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەتنى تىزگىنلەش پۇرسىتىنى ئازايتقاندا، بەلكىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياخشى تەسىراتىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئامېرىكا ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئېلىشمايدىكەن، دېمەك سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېسىم ئىشلەتمەيدۇ، شۇنداقلا

موسكۋانىڭ بىزارلىقىنى قوزغىمايدۇ.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشقا يېڭى تەيىنلەنگەن باش ئەلچىسى ئاپولون فېتروۋ چۇڭچىڭغا يېتىپ كېلىپ، جۇڭگو مەتبۇئات ئەربابلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بۇ كىشىلەر جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىنى تەشەببۇس قىلاتتى. فېتروۋ چۇڭچىڭغا كېلىپ 2 ـ كۈنى جياڭ جيېشى ئۇنى قوبۇل قىلدى ۋە جۇڭگو ـ سوۋېت سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى رەسمىي تەكلىپ قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى جياڭ جيېشى فېتروۋ بىلەن سۆھبەتلەشكەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ئاقىلانە يىراقنى كۆرەر پوزىتسىيە قوللىنىشىنى دەۋەت قىلىپ، بۇنى ھەقىقىي جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ـ ھەمكارلىقىنىڭ ئاساسى قىلماقچى بولدى. جياڭ جيېشى 1917 ـ يىلىدىكى ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ تېررىتورىيە ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ياردەم بەردى ھەمدە بىر قاتار تەڭسىز شەرتنامىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئەمدى: سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك؛ بۇ، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى دۆلەت خەلقلىرى «مەڭگۈ ھەمكارلىقى» نىڭ ئاساسى بولىدۇ ۋە جۇڭگونى دۇنيادا سوۋېتكە قارشى تۇرىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، دېدى. ئۇ فېتروۋغا: ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بەرسە، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقىنى مانجۇرىيە تۆمۈريولى ۋە سودا پورتىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى بىلەن تەمىنلەيدۇ ھەمدە مانجۇرىيىنىڭ دېڭىز ـ ھاۋا بازىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئورتاق ئىشلىتىدۇ»، دېدى.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، يەنى خېرلى جياڭ جيېشىغا يالتا كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىشتىن ئۈچ كۈن ئاۋۋال جياڭ جيېشى فېتروۋنى چاقىرتىپ يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتى. فېتروۋ جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالاشنىڭ بەش تۈرلۈك ئالدىنقى شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يالتا كېلىشىمىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ شەرتلەر لۈيشۈن، دالىيەن، مانجۇرىيە تۆمۈريولى، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى، جەنۇبىي ساخالىن تاقىم ئاراللىرى ۋە كورىل ئاربلى مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇ ئەگەر جياڭ جيېشى بۇ بەش تۈرلۈك شەرتكە قوشۇلسا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالايدۇ، دېدى.

جياڭ جيېشى بۇ بەش تۈرلۈك شەرت ئىچىدە ئاساسلىقى لۈيشۈننى «ئىجارىگە ئېلىش» دېگەن شەرتكە قارشى ئىدى. ئۇ: «ئىجارىگە ئېلىش» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ مىللەتنىڭ ئىززەت - نەپسىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، جۇڭگو - سوۋېت شەرتنامىسىنىڭ دوستلۇق خاراكتېرىنى كۆمۈۋېتىدۇ، دەپ قارىغانىدى. جياڭ جيېشى گەرچە بۇ سۆزدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئىدى. فېتروۋ: «ئىجارىگە بېرىلگەن يەر» دېگەن سۆز بىلەن «ئىجارىگە ئېلىش» سۆزى پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدۇ. ئالدىنقىسى بۇ رايوندا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىغا چېتىشلىق بولسا، كېيىنكىسىدە بۇنداق ھوقۇق بولمايدۇ، دېدى. جياڭ جيېشى جاۋاب بېرىپ، ھەر ئىككى سۆزنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، دېدى. فېتروۋ رەددىيە بېرىپ: ئەگەر بۇ «ئىجارىگە ئېلىش» يەككىمۇ ۋە ۋاقىت - قەرەللىك بولسا، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە دەخلى - تەرۇز قىلمايدۇ، دېدى. جياڭ جيېشى: ھەرقانداق «ئىجارىگە

ئېلىنغان زېمىن» نىڭ مەۋجۇت بولۇشى جۇڭگونىڭ تېررىتورىيە ئىگىلىك هوقۇقىنىڭ پۈتۈن ئەمەسلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ بېۋزىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا پايدىلىق بولغاندا تېخىمۇ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، دەپ قارىدى. 1898 - يىلى چار پادىشاھنىڭ لۈيشۈننى ئىجارىگە ئېلىشى باشقا كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىر قاتار شۇنىڭغا ئوخشاش تەلەپلىرىنى يەنى گېرمانىيىنىڭ چىڭداۋنى، فرانسىيىنىڭ گۇاڭجۇ قولتۇقىنى، ئەنگلىيىنىڭ ۋېيخەيۋېينى ئىجارىگە ئېلىش تەلەپلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئوخشاشلا، هازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لۈيشۈننى ئىجارىگە ئېلىش توغرىسىدىكى تەلىپىمۇ باشقا دۆلەتلەرنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش زېمىن تەلىپىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى.

جياڭ جيېشى ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللەتچىلىك ئېڭىغا قارىتا فېترووۋمۇ رۇسلارنىڭ مىللەت تەلىپىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئۇ: جۇڭگو بىلىشى كېرەككى، سوۋېت ئىتتىپاقى تىنچ ئوكيان قىرغىقىدىكى دۆلەت، توڭلىماس پورتنى چىقىش ئېغىزى قىلىشقا ئېهتىياجلىق، چېرچىل ۋە روزۋېلت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ بەش تۈرلۈك شەرتىنى مۇهاكىمە قىلدى ۋە بۇنىڭغا قوشۇلدى، دېدى. جياڭ جيېشى 1945 - يىلى 1898 - يىلىدىكى تراگېدىيە قايتا ئويىنالسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىلىقى يامان ئۈلگە بولۇپ باشقا دۆلەتلەرمۇ تەرەپ - تەرەپلەپ تەقلىد قىلىشى مۇمكىن دەپ ئۆز ئەندىشىسىنى قايتا ئىزهار قىلدى. فېترووۋ قەتئىي هالدا: بۇ ئىككى دەۋرنى - هەرگىز ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، كونا چار پادىشاھى جاهانگىر ئىدى. يېڭى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بولسا پەقەت بىرلا ئارزۇسى بار، ئۇ بولسىمۇ جۇڭگو بىلەن دوستانە هەمكارلىشىش، دېدى. جياڭ جيېشى : 1898 - يىلىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى هازىرقى بىلەن ئىنتايىن ئوخشاش، مەيلى قانداق بولسا -

بولسۇن، «ئىجارىگە بېرىش» سۆزىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، دېگەننى تەكىتلىدى.

نېمە ئۈچۈن جياڭ جيېشى مۇشۇ تېرمىن ئۈستىدە ئىنچىكە ھېسابلىشىدۇ؟ ئۇ خاتىرىسىگە ئىزاھلاپ: ئەگەر رەسمىي سۆھبەت باشلىنىشتىن ئاۋۋال، ئامېرىكا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان يالتا كېلىشىمىنى (6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى خېرلى جياڭ جيېشىغا: 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يالتا كېلىشىمىنى جياڭ جيېشىغا يەتكۈزۈپ بېرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى ئېيتقان) رەسمىي تاپشۇرۇۋېلىش ۋە سوڭ زىۋېن دۆلەتكە قايتىشتىن ئاۋۋال «ئىجارىگە ئېلىش» مەسىلىسىنى دەرھال ئوتتۇرىغا قويمىسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىنىڭ بېشارەت بېرىشى ياكى ھېچ بولمىغاندا جۇڭگو - ئامېرىكا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقتى دەپ تونۇشى مۇمكىن دەپ يازغان. بۇ موسكۋاتى جۇڭگو ئامېرىكا ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى چەكلەۋاتىدۇ، دېگەن گۇمانغا كەلتۈرۈپ، سۆھبەتكە ئاۋارىچىلىك كەلتۈرۈپ بېرەتتى.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خېرلى ئاخىر يالتا كېلىشىمىنىڭ پۈتۈن ماددىلىرىنى، شۇنداقلا يەنە تېرۇمىن تاپشۇرۇپ بېرىشكە ھاۋالە قىلغان بىر پارچە ئەسلەتمىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنىمۇ تاپشۇرۇپ بەردى. ئەسلەتمە ستالىن 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى خوپجىنسقا بەرگەن قوشۇمچە كاپالەتنامە ئىدى. بۇ ئەسلەتمىگە ئاساسلانغاندا، ستالىن جياڭ جيېشى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىنى بار كۈچ بىلەن قوللاشقا قوشۇلغان ھەمدە جياڭ جيېشى رەھبەرلىكىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەۋرگىچە داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلغان؛ ستالىن يەنە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ۋە مانجۇرىيە توغرىسىدىكى باياناتىغا قوشۇلغان ، جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىدە قايتا مەمۇرىي ئاپپاراتلار قۇرۇشىنى قوللىغانىدى.

يالتا كېلىشىمى ۋە ئەسلەتمىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنى جياڭ

جيېشى خېرلىغا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك تەكلىپنى بەردى: بىرىنچىسى، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە جۇڭگو - سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقانداق كېلىشمىگە قاتنىشىش؛ ئىككىنچىسى، لۈيشۈننى تۆت چوڭ دۆلەت بىرلىشىپ ئىشلىتىش؛ ئۈچىنچىسى، جەنۇبىي ساخالىن ۋە كۇرىل ئاراللىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىش مەسىلىسىنى پەقەت جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىلا ئەمەس بەلكى تۆت دۆلەت بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىش. خېرلى كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي جياڭ جيېشى پېترووۋغا ئۆزىنىڭ «ئامېرىكا ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەر»نى تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى، ئامېرىكا كېلىشتۈرگۈچى سۈپىتىدە جۇڭگو - سوۋېت سۆھبىتىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە كۈن بۇرۇنلا جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى پىراقلاشتۇرۇش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياراشماقچى بولغان جياڭ جيېشى ئەمدى ئامېرىكىنىڭ سۆھبەتتىكى رولى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى تىزگىنلەشنى تەكىتلەشكە ئۆزگەردى. بۇ ئىشنى ئامېرىكىنىڭ لۈيشۈن ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقى توغرىسىدا سۆز زىۋىنگە بۇيرۇق بېرىپ تۆت كۈندىن كېيىنلا جياڭ جيېشى ئۆزى ئوتتۇرىغا قويدى. جياڭ جيېشى ئەسلىدە جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ئۆزۈۋېتىشنى ئويلىغانىدى، ئەمدىلىكتە بولسا ئامېرىكا ئاتلىق كوزىرنى ئوتتۇرىغا چىقارماقچى بولدى.

ۋەھالەنكى، ئامېرىكا يەنە بىر قېتىم جياڭ جيېشىنى ئۈمىدسىز قالدۇردى: 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خېرلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن ئامېرىكىنىڭ لۈيشۈن دېڭىز ئارمىيە بازىسىنى ئىشلىتىشكە ئارىلاشمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جياڭ جيېشىغا ئەۋەتىلگەن تېلېگراممىدا: ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلىپىگە پۈتۈنلەي قوشۇلىدىغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچىنچى دۆلەتنىڭ لۈيشۈن بازىسىنى ئىشلىتىشنى خالىمىغانىكەن، ئۇ ھالدا ئامېرىكىنىڭ ئارىلىشىش نىيىتى يوق

ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن ئىدى. ئامېرىكىنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى ئۇنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش ستراتېگىيىسىنى قوللاشنى خالىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جياڭ جيېشى فېترووۋنى يەنە بىر قېتىم چاقىرتىپ، تۆت كۈندىن كېيىن سۇڭ زىۋېننىڭ موسكۋاغا بېرىپ سۆھبەتكە قاتنىششى توغرىسىدىكى مەۋقەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېدى:

ئامېرىكا بۇ ئەسلەتمىدىكى مەسىلىلەر قارا دېڭىز (يالتا) يىغىنىدا مۇھاكىمە قىلىنغان، سابىق پرېزىدېنت روزۋېلت قوشۇلغان، ھازىرقى پرېزىدېنت تېرۇمېنمۇ ماقۇل بولغان دەپ قارايدۇ؛ مەن ئۆزۈممۇ جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەرنى جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەت بىۋاسىتە مۇھاكىمە قىلىشى كېرەك. ئامېرىكىنىڭ قوشۇلۇش - قوشۇلماسلىقى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارايمەن.

جياڭ جېشىنىڭ بۇ باياناتى، ئەمەلىيەتتە، ئانچە ئۆتكۈر بولمىغان قوش بىسلىق پىچاق ئىدى: بىر تەرەپتىن، جۇڭگو ئۆزلۈكىدىن سوۋېت - ئامېرىكا چىقارغان قارارنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، گەرچە جۇڭگونىڭ تەلىپى سوۋېت - ئامېرىكا بېكىتكەن چارىلەرنىڭ ئالدىدا چارىسىز بولسىمۇ، سۆھبەتتىن بۇرۇن يەنىلا بۇ مەۋقەنى بىلدۈرۈپ قويۇشى كېرەكلىكىنى ستالىننىڭ سەمىگە سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كەلگۈسىدە ئامېرىكا - سوۋېت توقۇنۇشۇپ قالسا، جۇڭگونىڭ بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى. لېكىن جياڭ جيېشى يەنىلا ئامېرىكىنىڭ ئىنكاسىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن كۆزىتىپ باقماقچى بولدى. سۇڭ زىۋېن موسكۋاغا يېتىپ بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ خېرلىنىڭ تېرۇمېنغا ئۆزىنىڭ جۇڭگو - سوۋېت

سۆھبىتىنىڭ ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىتتا ئامېرىكىغا ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشنى ئېيتتى.

## 10 . تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدىكى تالاش - تارتىش

جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ موسكۋادىكى سۆھبىتى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنەتتى، سوۋېت - ئامېرىكا - ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت قاتنىشىدىغان پوتسدام باشلىقلار يىغىنى ئارىلىقتا قىستۇرۇلدى. جۇڭگو - سوۋېت سۆھبىتىنىڭ بىرىنچى قېتىمقىسى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە، ئىككىنچى قېتىمقىسى 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سۇڭ زىۋېن قاتناشتى. ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتكە ۋاڭ شىجيېمۇ قاتناشقانىدى. جياڭ جىڭگو بىلەن فۇبىڭچاڭ جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇھىم ئەزالىرى ئىدى. ستالىن سۆھبەتتە شەخسەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ، مولوتوۋ ۋە فېتروۋنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن كۆپىنچە سۆھبەتنى ئۆزى ئېلىپ باردى. سۆھبەت جەريانىدا ئامېرىكىنىڭ ئەلچىسى خارىمان سۇڭ زىۋېن بىلەن ئىزچىل زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ، سۆھبەتتىكى ماھىرلىق ۋە سۆھبەتنىڭ مەقسىتى تەرەپلىرىدە بەزى نەسىھەتلەرنى بېرىپ تۇردى.

1945 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ئامېرىكىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، موسكۋاغا يېتىپ باردى. ئايرودرومدا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوۋ، ئالىي سوۋېت رەئىسى كالىنىننىڭ ھەمدە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي قوماندان ۋە بارلىق دىپلوماتىيە خادىملىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سۇڭ زىۋېن

ستالىن، مولوتوۋ ۋە فېتروۋ بىلەن كۆرۈشتى. ستالىن بىلەن بولغان دەسلەپكى مۇھاكىمىدە، سۇڭ زىۋېن جۇڭگو 20 - يىللارنىڭ دەسلەپىدىكى جۇڭگو - سوۋېت ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تولۇق چۈشىنىشى ۋە ھېسداشلىقى جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن زۆرۈر، بۇنداق چۈشىنىش ھەم ھېسداشلىق بولمىسا، جۇڭگونىڭ دۆلەت قۇرۇشى قىيىنغا توختايدۇ، دەپ قارىدى. ستالىن قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا تۇتقان سىياسىتىنىڭ پرىنسىپلىرىنى شەرھلىدى. ئۇ: ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى چاررۇسىيە دەۋرىدىكى بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ چاغدا چاررۇسىيىنىڭ مەقسىتى ياپونىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ جۇڭگونى بۆلۈۋېلىش ئىدى؛ لېكىن ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەقسىتى جۇڭگو بىلەن بىرلىشىپ ياپونىيىنى چەكلەش، دەپ كۆرسەتتى. ستالىن يەنە جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىۋاسىتە توختالدى. ئۇ سۇڭ زىۋېندىن بۇ قېتىمقى موسكۋا سەپىرىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، سۇڭ زىۋېن يېقىندىن بېرى ئىنچىل جۇڭگو - ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا قاتراپ يۈرىمەن، دېدى. ستالىن گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى ھېس قىلىپ، سۇڭ زىۋېن دارىتمىلاۋاتىدۇ، دەپ قارىدى. بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ستالىن يەنە: ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا بېرىۋاتقان ياردىمى زورمۇ؟ دەپ سورىدى. سۇڭ زىۋېن بۇنى يە ئىنكار قىلمىدى، يە مۇئەييەنلەشتۈرمىدى.

ئىككىنچى كۈنى كەچ سائەت سەككىزدە، ستالىن جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن رەسمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ستالىن ئادىتى بويىچە سۆھبەت ۋاقتىنى كەچكە ئورۇنلاشتۇردى. سۆھبەت باشلىنىش بىلەنلا ستالىن يالتا يىغىنىدىكى يىراق شەرق كېلىشىمىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى

كۆتۈرۈپ چىقىپ روزۋېلت، چېرچىل ۋە ئۆزىنىڭ قويغان ئىمزاسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قوپاللىق بىلەن سوڭ زىۋېنگە: ئېنىق كۆرۈۋال، دېدى. سوڭ زىۋېن بوش كەلمەي 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى ستالىن بىلەن خوپكىنس ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە تۈزۈلگەن ئەسلەتمىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى ستالىنغا تاپشۇردى ھەمدە تەكىتلەپ: بۇ ئەسلەتمىنى تېرۇممېن ئۆزى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن، دەپ كۆرسەتتى. ستالىن بۇ ھۆججەتنىڭ راستىنلا بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ھۆججەتتە كۆرسىتىلگەنلىرى «دەل بىزنىڭ مەۋقەيىمىز»، دېدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئىككى تەرەپ بىر قاتار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆزىنىڭ كۆز قاراش ۋە تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىككى تەرەپ ھاسىل قىلىنىدىغان كېلىشىم، ياپونىيە كۈرىل ئاراللىرى ۋە جەنۇبىي ساخالىن ئاراللىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئايرىپ بېرىدىغان، جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىگە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەسىلىلىرىگە بېرىپ چېتىلاتتى. ئەڭ زور ئىختىلاپ مانجۇرىيە تۆمۈريولى ۋە لۈيشۇن، دالىيەن مەسىلىلىرىدە كۆرۈلدى. دەسلەپتە ستالىن، ھېچ بولمىغاندا، 1898 - يىلىدىكى روسىيە تىزگىنلىگەن لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى دائىرىسىنى، مانجۇرىيە تۆمۈريولى ۋە تۆمۈريول بويلىرىدىكى كۆمۈر كانلىرىنى ئېچىش ھوقۇقىنى ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇردى. لۈيشۇن مەسىلىسىدە ستالىن ئازراق يول قويدى، سوڭ زىۋېن بۇ مەسىلىنى تىلغا ئالغاندا ستالىن: «رەئىس جياڭ جيېشىنىڭ ئارزۇ ۋە تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن» مەن «بىرلىكتە ئىشلىتىش» دېگەن سۆزنى «ئىجارىگە ئېلىش» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچىمەن، «جۇڭگوغا زىيان سالىدىغان ئۆلگە» ياراتماقچى ئەمەسمەن، دېدى. سوۋېت ئىتتىپاقى جياڭ جيېشىنىڭ لۈيشۈننى «ئىجارىگە ئېلىش» قا بار كۈچى بىلەن قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلەتتى ھەمدە جياڭ جيېشىنىڭ

يىتتاپىنىنىڭ يالتا يىغىنىدا لۇيشۇن توغرىسىدىكى باياناتىغا قارشى تۇرۇشقا تەييارلىغانلىقىنى بىلەتتى. بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەتتە ستالىننىڭ مەسىلىنى بۇنداق قويۇشتىن ۋاز كەچكەنلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لۈيشۇننى — «ئىجارىگە ئېلىش» قا، ئىنچىكە ئېيتقاندا ۋە ھەر ۋاقىت قەپەستىن چىقىرىشقا بولىدىغان — كۈزىتىش قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

ستالىن دەسلەپتە «زور يول قويغان» بىلەن، كېيىن جۇڭگونى تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە ئۇڭدا قويدى. تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسى موسكۋادىكى بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەتتە تالاش - تارتىشقا ئايلانغان مەسىلە ئىدى. ئۇ پۈتۈن سۆھبەتنى بۇزۇۋېتىشكە تاسلا قالغانىدى. بۇ مەسىلىنى غەربلىكلەرنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىك كۆزقارىشى بىلەن قارىغاندىمۇ، كۆپىنچە ئويلاپ يېتىشكە يەتكىلى بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جياڭ جيېشىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىنى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق مۇھىم بىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشتە، ئاۋۋال بۇنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ مىللىي نوپۇزى بىلەن بولغان ئىچكى مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلىۋېلىش زۆرۈر. نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزەرىدە يىلتىزى تارتىپ كەتكەن مۇنداق بىر خىل كۆز قاراش، يەنى، جۇڭگو مۇستەقىل ۋە بىر پۈتۈن سىياسىي گەۋدە بولۇشى كېرەك، ئۇ چاغدا جۇڭگودا ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە ياكى قىسقا مۇددەتلىك پارچىلىنىش يۈز بېرىشى مۇمكىن، لېكىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ مۇقەررەر ياكى چوقۇم قايتىدىن بىرلىككە كېلىپ، بىردىنبىر ئۇلۇغ جۇڭگو بولۇپ قالىدۇ؛ ھەتتا جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدىكى مەرىپەت ئېگىسى مىللەت ياكى ئىرقچىلىق ئېڭىدىن كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن «جۇڭگو زېمىنى» نى «ياۋايىلار» نىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ھوقۇقدار كېيىنكى ئەۋلادلار تەرىپىدىن «ۋەتەن ساتقۇچى» دېگەن ئاھانەتكە قالىدۇ دەيدىغان كۆز قاراش بار ئىدى. كۆپلىگەن جۇڭگولۇقنىڭ نەزەرىدە XIII ئەسىردە يۈەن خاندانلىقى

قۇرۇلغاندىن باشلاپ ئىچكى - تاشقى موڭغۇلىيە ئىزچىل جۇڭگونىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلگەن، ئۇ يەرلەردە ئولتۇراقلاشقانلار خەنزۇلار ئەمەس، بەلكى موڭغۇللار بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزەرىدە ئۇلار يەنىلا «جۇڭگو زېمىنى»نىڭ بىر قىسمى ئىدى. جياڭ جيېشى ئەگەر مۇشۇنداق بىر كەڭ «جۇڭگو زېمىنى»نى مۇستەقىل موڭغۇلىيىگە ئايلاندۇرۇۋەتسە، ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ مىللىي داھىيسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشقان بولاتتى.

لېكىن تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىگە بېرىپ چېتىلىدىغان نەرسە پەقەت مىللەتچىلىك سىمۋولى بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ يەنە كەلگۈسىدە جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدىكى كۈچلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تەڭپۇڭ تۇرۇشىغا بىۋاسىتە ۋە رېئال مۇناسىۋىتى بار ئىدى. تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ئەگەر ئۇ سوۋېتلەر دۆلىتىگە قارشى تۇرىدىغان دۆلەتلەر (ياپونىيە، ئامېرىكا ياكى كەلگۈسىدە كۈچىيىدىغان جۇڭگو)نىڭ تىزگىنلىنىشىگە ئۇچرايدىغان بولسا، سىبىرىيىنى كېسىپ ئۆتكەن تۆمۈريولغا ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلىدۇ، ئەكسىچە ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىزگىنلىشىدە بولىدىغان بولسا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئاسانلا بېيجىڭغا ئۈنۈملۈك زەربە بېرەلەيدۇ ھەمدە جەنۇبىي مانجۇرىيىنىڭ كانىيىدىن بوغۇۋالالايدۇ. ستالىنمۇ، جياڭ جيېشىمۇ بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەنىدى. جياڭ جيېشىنىڭ نىشانى نامدا جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيىگە ئۇزۇن مۇددەت مېتروپولىيىلىك[1] تەسىرىنى ساقلاپ قېلىپ، جۇڭگو كۈچەيگەندىن كېيىن ئەمەلىي تولۇقلىما ئېلىپ بېرىش ئىدى؛ ستالىننىڭ مەقسىتى دەل بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى چەكلەش ئىدى.

---

① مېتروپولىيە — مۇستەملىكىچىلىك.

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جياڭ جيېشى چۇڭچىڭدافېتروۋنى قوبۇل قىلغاندا تاشقى موڭغۇلىيىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى نامايان قىلدى. ئۇ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ «هازىرقى هالىتى» جۇڭگو تاشقى موڭغۇلىيىگە قارىتا داۋاملىق مېتروپولىيىلىك هوقۇقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ نۇقتا سوۋېت ئىتتىپاقى 1924 ـ يىلى جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسىنى ئىمزالىغاندا ئېتىراپ قىلىنغان دەپ قارايتتى. لېكىن، جۇڭگو هۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش هوقۇقىنى، جۈملىدىن هەربىي، دىپلوماتىيە ساهەلىرىدە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش هوقۇقىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشقا رۇخسەت قىلىشنىمۇ خالايتتى. جياڭ جيېشى تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسى شىزاڭ (تىبەت) مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، جۇڭگو تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يول قويسا، ئەنگلىيىمۇ شىزاڭ مەسىلىسىدە ئوخشاش تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، دەپ قارايتتى. مۇنداق ۋەزىيەت مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، ئەڭ ياخشىسى، ئاۋۋال تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويماسلىق كېرەك، ئوتتۇرىغا قويمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، جۇڭگو تاشقى موڭغۇلىيە يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان رايون، دەپ رەسمىي جاكارلاشنى خالايتتى، لېكىن جۇڭگو داۋاملىق مېتروپولىيىلىك ئورنىنى ساقلاپ قالاتتى. بۇنداق هەل قىلىش لايىهىسى، جياڭ جيېشى هۆكۈمىتىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 2 ـ، 7 ـ كۈنلىرى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق سۆهبەتتە ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جياڭ جيېشىغا تاشقى موڭغۇلىيىگە قاراتقان مەۋقەسىنى ئەسلا قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى. ئۇ سۇڭ زىۋېنگە: موڭغۇلىيە خەلقى جۇڭگونىڭ هۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ،

بەلكى مۇستەقىللىكىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىنى رەسمىي جاكارلىدى ھەمدە مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە دىپلوماتىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانماقتا. جۇڭگو بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ھازىرقى ھالەتنى ساقلىشى لازىم، دېدى.
ستالىن جياڭ جيېشىنىڭ «ھازىرقى ھالەت»نى چۈشەندۈرۈشىگە قوشۇلمايتتى. ئۇ: مولوتوۋ يالتا كېلىشىمىنى يېزىشقا قاتناشتى، تاشقى موڭغۇلىيىگە مۇناسىۋەتلىك ماددىلارنى ئەنگلىيە ياكى ئامېرىكا بىر تەرەپلىمە ئۆزگەرتەلمەيدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ: كېلىشىمنى تۇرغۇزغۇچىلار ئەلۋەتتە كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىنى بىلىشى كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يالتا كېلىشىمىدە يۇمىلاق تىرناق ئىچىگە «موڭغۇلىيە خەلق رېسپۇبلىكىسى» دەپ بىر ماددا يېزىلغان، بۇ «ھازىرقى ھالەت» نى، جۈملىدىن بۇ مۇستەقىل دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دېدى.

ستالىن يەنە نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يىراق شەرق خەرىتىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: دۈشمەن دۆلەت موڭغۇلىيىدىن سىبىرىيىگە ھۇجۇم قىلىدىكەن، مەسىلەن: ياپونىيە شۇنداق قىلىشنى ئويلىغان، ئۇنداقتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرق رايونى ئېغىر يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ، دېدى. ستالىن تەكىتلەپ، ياپونىيە چوقۇم يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، دېدى ۋە ھازىر جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاق تۈزدى ھەمدە لۈيشۈن دېڭىز ئارمىيىسى بازىسىنى ئورتاق ئىشلىتىدۇ، بۇ ھەم كېيىنكى 20 —30 يىل ئىچىدە سىبىرىيىنى قوغداپ قالالايدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى مۆلچەرلەش قىيىن، ئەكسىچە سوۋېت

ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن مۇستەقىل تاشقى موڭغۇلىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بىخەتەرلىكىنى قوغدىيالايدۇ، دەپ تەكىتلىدى.

سۇڭ زىۋېن ستالىنغا كاپالەت بېرىپ، جۇڭگو سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىگە كىرىپ تۇرۇشىغا قارشى تۇرمايدۇ ھەم تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشىنى قوللايدۇ، پەقەت ستالىن پىكرىنى ئازراق ئۆزگەرتسىلا بولىدۇ، دېدى. لېكىن ستالىن يەنىلا قوبۇل قىلماي، جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق چارىسى يوق، دېدى. ستالىن يەنە ئېنىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش - قىلماسلىقى بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ مانجۇرىيە ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەسىلىسىدىكى تەلىپىنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقىغا ئالاقىدار، دېدى. 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىكى مەسىلىسىدىكى مۇھاكىمە قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، سۇڭ زىۋېن جياڭ جيېشىنىڭ كۆرسەتمىسىنى كۈتۈشكە باشلىدى ھەمدە خارىمانىنىڭ تەشەببۇسىنى جياڭ جيېشىغا يەتكۈزدى. خارىمان مۇنداق ھېسابلايتتى: روزۋېلت بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەمدى باش قوتۇرالمايدۇ. مەسىلەن، ئۇ ھايات بولغان بولسا، دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىينى كۆزدە تۇتقاندىمۇ، جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىللىكىنى ئىنكار قىلىشىنى توسۇغان بولاتتى.

.. ئىككىنچى كۈنى سۇڭ زىۋېن جياڭ جيېشىدىن : ئەگەر ستالىن يەنە بىر قېتىم بۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويسا سۆھبەتنى توختىتىپ قويامدۇق - قانداق، دەپ يوليورۇق سورىغانىدى.

جياڭ جيېشى شەخسلەر دىپلوماتىيىسى يۈرگۈزۈشنى قارار قىلدى. ئۇ جياڭ جىڭگوغا ستالىن بىلەن يەككە ئۇچرىشىپ، جياڭ جيېشىنىڭ نېمە ئۈچۈن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ

مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشقا بۇيرۇق بەردى. جياڭ جىڭگو 1925 - يىلىدىن 1937 - يىلىغىچە ئىزچىل سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشىغان، ئۆگەنگەن، خىزمەت قىلغان، رۇس تىلىغا پىششىق بولۇپ، بىر رۇس ئايال بىلەن توي قىلغانىدى. ئۇ دادىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ ستالىن بىلەن كۆرۈشكەندە دادىسىنىڭ دۆلەت ئىچىدە بېسىمغا ئۇچرىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ ستالىنغا قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن جۇڭگو سەككىز يىل كۈرەش قىلدى. ئەگەر ھازىر گومىن ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلسا، دۆلەت خەلقى كەچۈرمەيلا قالماستىن، ھۆكۈمەتنى «دۆلەت تۇپرىقىنى ساتتى» دەپ ئەيىبلەيدۇ، مۇنداق بولغاندا ھۆكۈمەت كەڭ قوللاشتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۇرۇشنىمۇ داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ، دېدى. لېكىن ستالىن بۇنىڭدىن تەسىرلەنمىدى. ئۇ جاۋاب بېرىپ، جياڭ جىڭگونىڭ ئېيتقانلىرى بەلكىم راستتۇر، لېكىن ھازىر جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلماقتا، ھەرگىز بۇنىڭ ئەكسىچە ئەمەس، ئەگەر جۇڭگو ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بولسا، ياپونىيىنى ئۆز ئالدىغا مەغلۇپ قىلالىسا، جۇڭگو ئەلۋەتتە مۇنداق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولاتتى. لېكىن بۇ يەنىلا مۇھىم ئەمەس، دېدى. ستالىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، كەلگۈسى ۋەزىيەتتىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياپونىيە قايتا تىرىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى جۇڭگومۇ تېزلىك بىلەن زورىيىدۇ، بەلكىم كەلگۈسى بىر كۈنى ئامېرىكىمۇ تاشقى موڭغۇلىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بازا قىلىشنى ئويلىشى مۇمكىن، دېدى. ستالىن، ئىتتىپاق تۈزۈشكە ۋە دوستلۇققا ئېرىشەلىگىلى بولمايدۇ، پەقەت تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىكى ھەرقانداق يەردىن كەلگەن ھەرقانداق ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا

كاپالەت بولالايدۇ، دېدى.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جياڭ جيېشى چۇڭچىڭدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم يىغىنىنى چاقىرىپ، موسكۋادىكى سۆھبەتنى مۇھاكىمە قىلدى. بەزى ئەمەلدارلار ستالىننىڭ تاشقى موڭغۇلىيىگە قويغان تەلىپىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. يەنە بەزىلەر ستالىننىڭ مانجۇرىيە ۋە شىنجاڭ مەسىلىسىدە بەرگەن كاپالىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر چەكلەش شەرتنامىسى تۈزۈلمىسە، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى مانجۇرىيە، شىنجاڭ ۋە ئىچكى موڭغۇلىيىنى ئىشغال قىلىپلا قالماستىن، يەنە شەرقىي شىمالغىمۇ تاجاۋۇز قىلىشى مۇمكىن، دېيىشتى. قايتا - قايتا مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق يىغىن ستالىننىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى، جياڭ جيېشى شۇ كۈنى كەچتە خاتىرە دەپتىرىگە شۇ كۈندىكى قارارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ: ئەگەر ستالىننىڭ تاشقى موڭغۇلىيىگە قويغان تەلىپى رەت قىلىنسا، كېلىشىم ھاسىل قىلغىلى ھەمدە مانجۇرىيە ۋە شىنجاڭنىڭ زېمىنى ۋە مەمۇرىي ئىگىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى ھەم جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، بەلكى مۇنداق كېتىۋەرسە، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تاشقى موڭغۇلىيىنى ئۇزۇن مۇددەت ئىشغال قىلىۋالىدۇ، جۇڭگونىڭ باياناتى پەقەت قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، دەپ يازدى. ئۇ: «شەكىل قوغلىشىش» ئۈچۈن «دۆلەتنى ئاپەتكە تىقىش» قا تەۋەككۇل قىلىش ھەرگىزمۇ ئاقىلانە ھەرىكەت ئەمەس، دەپ قارىغانىدى.

ئىككىنچى كۈنى جياڭ جيېشى خىرلىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيە، لۈيشۈن، دالىيەن ۋە مانجۇرىيە تۆمۈريولى مەسىلىلىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا زور

دەرىجىدە يول قويغانلىقىنى پرېزىدېنت ترۇمېنغا ئېيتىپ قويۇشنى ئۆتۈندى. سوڭ زىۋېنمۇ ئامېرىكىنىڭ ئارىلىشىشىنى تەلەپ قىلىپ، خارىماننىڭ ۋاشىنگتونغا تېلېگراما بېرىپ، ئامېرىكىنىڭ «ھازىرقى ھالەت» سۆزىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى ھەمدە ئۇنىڭغا جۇڭگو تەرەپتىن قارىغاندا، ستالىننىڭ تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدىكى تەلىپى يالتا كېلىشىمىنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى، دېدى.

ترۇمېن — گەرچە پوزىتسىيىسى ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ، جۇڭگونىڭ ئامېرىكىنى ئارىلاشتۇرۇش غەرىزىنى رەت قىلدى. 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۇ خارىمانغا كۆرسەتمە بېرىپ، موسكۋا سۆھبىتىگە ئالاقىدار بولغان يالتا كېلىشىمىنىڭ ھەرقانداق ماددىلىرىغا ئامېرىكا ئارىلاشمايدۇ، دېدى. لېكىن ترۇمېننىڭ بۇ پرىنسىپى، ئەمەلىيەتتە سوڭ زىۋېنگە ئامېرىكىنىڭ يالتا يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ھازىرقى ھالەت» سۆزىنى مۇھاكىمە قىلىشنى رەت قىلىدىغانلىقىنى «غەيرىي رەسمىي» ئېيتىش بىلەن باراۋەر ئىدى، يەنى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ھازىرقى «قانۇنىي» ئورنىنى ساقلاشقا ئامېرىكىنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى. ترۇمېن يەنە خارىمانغا، «پەقەت سەن تەمىنلىگەن ئۇچۇرغا ئاساسلانغاندا»، ئامېرىكا يالتا كېلىشىمى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى جۇڭگوغا تەۋەلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ، دېدى. 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خارىمان بۇ «خۇسۇسىي» «غەيرىي ھۆكۈمەت» تەرەپنىڭ پىكرىنى سوڭ زىۋېنگە يەتكۈزدى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جياڭ جيېشى سوڭ زىۋېنگە تېلېگراما بېرىپ، يېڭى بىر كۆرسەتمە سۈپىتىدە، ئەمەلىيەتتە تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدىكى زور يول قويۇش ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىگە قويغان تەلىپىنى ئازايتماقچى بولدى. جياڭ جيېشى تېلېگراممىسىدا: سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيە، شىنجاڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەسىلىسىدىكى كاپالىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، جۇڭگو تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئويلىشىشنى خالايدۇ؛ ستالىن جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىشقا شەرتسىز قوشۇلۇشى كېرەك، يەنى جۇڭگونىڭ دالىيەندىكى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى، لۈيشۈندىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ھەمدە مانجۇرىيە تۆمۈريولىدا «ئورتاق باشقۇرۇش» ئەمەس، «ئورتاق تىجارەت قىلىش»نى قوبۇل قىلىشى كېرەك، دېدى. شىنجاڭغا كەلسەك، بارلىق «قولدىن كەتكەن يەرلەر» (مەسىلەن، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار) مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تىزگىنلىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشى لازىم؛ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەسىلىسىدە يەنئەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي بۇيرۇقىغا تەلتۆكۈس بويسۇنۇشى لازىم؛ گومىن پارلامېنتى يىغىن ئاچقاندا، ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتى ئارقىلىق، كوممۇنىستىك پارتىيە بەزى ۋەكىللەرنى ئەۋەتىپ قاتناشتۇرسا بولىدۇ، لېكىن بۇ ھەرگىز «بىرلەشمە ھۆكۈمەت» قۇرغانلىق ئەمەس، دېدى. جياڭ جيېشى، «ئەگەر جۇڭگو بۇ دەرىجىدە بىرلىككە كېلەلمىسە»، ئۇنداقتا ئۇ، تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىنى «ئۆزلۈكىدىن ھەل قىلىدۇ»، دېدى. ئۇ ئۇرۇشتىن كېيىن پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاۋاز بېرىشنىڭ نەتىجىسى مۇستەقىللىكنى قوللاش بولسا، پارلامېنتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا قويۇلىدۇ، ئەگەر پارلامېنت قوشۇلسا، ھۆكۈمەت تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى تەستىقلايدۇ، دېدى.

بۇ تېلېگرامما 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كەچ سائەت 11 دە ئۈچىنچى قېتىملىق يىغىن ئېچىلىشتىن ئاۋۋال سۇڭ زىۋېننىڭ قولىغا يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن سۇڭ زىۋېن يەنىلا تاشقى

موڭغۇلىيىنى ئايرىۋېتمەسلىك توغرىسىدا ستالىنغا نەسىھەت
قىلىپ باقماقچى بولدى. 7 - كۈنى ئېھتىمال سۇڭ زىۋېن جياڭ
جيېشىنىڭ يېڭى كۆرسەتمىسىدىن خەۋەر تاپمىغان بولۇشى
مۇمكىن، شۇڭا ئۇ تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە يەنىلا يول
قويمىغان. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سوۋېتتە جۇڭگونىڭ تاشقى
موڭغۇلىيىدىن ۋاز كېچىش باياناتىغا قول قويمىغانىدى. مەيلى
قانداق بولسۇن، 7 - كۈنى كەچتە سۇڭ زىۋېن ستالىنغا گەرچە
جۇڭگونىڭ ئەسلىدىكى مەۋقەسى جۇڭگو- سوۋېت كېلىشىمى
تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىگە بېرىپ تاقالماسلىقى كېرەك
بولسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى
قايتا - قايتا تەكىتلىگەنلىكتىن، جۇڭگو ئويلىشىشنى ھەمدە
شەرتنامىدە ھەل قىلىشنى خالايدۇ، يالتا كېلىشىمىگە ئاساسەن
جۇڭگو ھازىرقى ھالەتنى «ساقلاش» قا «قوشۇلۇشقا» تەييار،
دېدى. ئۇ «ئېتىراپ قىلىش» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشتىن
ئاۋايلاپ ئۆزىنى قاچۇردى. بۇ «ھازىرقى ھالەت» جۇملىدىن
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىدە ئەسكەر
تۇرغۇزغانلىقىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى
تەھدىتكە ئۇچرىغاندا تاشقى موڭغۇلىيىدە ئەسكەر كۆپەيتىش
ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. جۇڭگو يەنە موڭغۇلىيىنىڭ
يۇقىرى دەرىجىلىك ئاپتونومىيىسىگە يول قويۇشقا، جۇملىدىن
ھەربىي شەرتنامە تۈزۈشكە تەييار ئىدى. ستالىن سۇڭ زىۋېننىڭ
سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ: «تاشقى موڭغۇلىيە» جۇڭگونىڭ «بىر
قىسمىمۇ، ئەمەسمۇ» دەپ سورىغاندا، سۇڭ زىۋېن بىۋاستە جاۋاب
بەرمىدى، ئەكسىچە ئۇ ستالىندىن «رېئاللىققا يۈزلىنىپ»،
جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنى «ئېتىراپ» قىلماسلىقىنى
چۈشىنىشنى تەلەپ قىلدى:

«جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىكىنى

ئىتىراپ قىلماسلىقنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى ئاددىي، ھاياتلىق-تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىرىنچى ئامىلى، ھەر قانداق چاغدا تاشقى موڭغۇلىيىنى ئايرىۋەتكەن جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ... بىزنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمىتىمىزمۇ ئوخشاش، ئەگەر تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىدىكەن، ھۆكۈمەت ئۆزىنى ساقلاپ تۇرالمايدۇ. ھەتتا جۇڭگونىڭ چېكىدىن ئاشقان لىبېراللىرىمۇ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ.»

ستالىن يەنىلا ئېرەن قىلمىدى: «بىز بۇنىڭغا يول قويمايمىز.» ئۇ: جۇڭگو ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىدە ئەسكەر تۇرغۇزۇشىغا قارشى تۇرمايدۇ. لېكىن، 20-30 يىلدىن كېيىنچۇ؟ جۇڭگو چېگرىلىرىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇش بەزى كىچىك دۆلەتلەرگە ئوخشاشمايدۇ، بۇ، «[illegible]پسىلىك نەزەرىيىسى»، دېدى. بۇ مەسىلىدە يىغىن ھېچقانداق كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى. تۆۋەندە، سۆھبەت ئاياغلاشقاندا سۇڭ زىۋېن بىلەن ستالىن ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئابزاس دىئالوگنى كۆرىمىز:

سۇڭ زىۋېن: مارشال ستالىن ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۆزىنىڭ پىكرىنى سۆزلەپ ئۆتتى، مەن سىزنىڭ يىراقنى كۆرەلەيدىغانلىقىڭىزغا قايىلمەن، لېكىن بىز ھازىرنىڭ ۋە كەلگۈسىنىڭ مەسىلىلىرىگە دۇچ كەلدۇق، بۇ مەسىلىلەر ھاياتلىققا چەمبەرچاس مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تاشقى موڭغۇلىيە توغرىسىدىكى رېئال تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

ستالىن: لېكىن بۇ تەكلىپ ھەرگىزمۇ رېئال ئەمەس.

سۇڭ زىۋېن: ھۆكۈمىتىمىزنىڭ قارىشىچە بۇ بەكمۇ رېئال.

ستالىن: لېكىن بىز قوشۇلمايمىز.

سۇڭ زىۋېن: مەن بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلىمەن.

ستالىن: بىز مۇشۇ يەردىلا توختاپ قالايلى.

سۇڭ زىۋېن: ناھايىتى ئەپسۇسكى، جانابلىرى بىزنىڭ مەيدانىمىزنى چۈشەنمىدى. جۇڭگو بۇ مەۋقەنى ئىنتايىن رېئال دەپ قارايدۇ.

ستالىن: ناھايىتى ئەپسۇس، جانابلىرىمۇ بىزنىڭ مەيدانىمىزنى چۈشەنمىدى. بولدى، سۆھبەت شۇ يەرگىچە بولسۇن.

جياڭ جيېشى سۇڭ زىۋېنگە تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە يول قويۇش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن جياڭ جيېشى ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان بېسىمىدىن يەنىلا پايدىلىنىشقا بولىدۇ، دەپ ھېس قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موڭغۇلىيە توغرىسىدا قويغان تەلىپىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىپ ئىككى كۈندىن كېيىن جياڭ جيېشى تېرۇمىننىڭ 6 - ئاينىڭ 15 - كۈندىكى تېلېگراممىسىغا جاۋاب بەردى. جاۋاب تېلېگراممىسىدا، ئەگەر پرېزىدېنتنىڭ ھازىر ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان جۇڭگو - سوۋېت سۆھبىتىگە قانداق تەكلىپى بولسا، مەن ئاڭلاشنى ئىنتايىن خالايمەن، دېدى. بۇ يەردە جياڭ جيېشى يەنە بىر قېتىم ئىككى قوللۇق ستراتېگىيە ئىشلەتكەن: بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا مۇلايىم بولۇش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئامېرىكىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېسىم ئىشلىتىش، جياڭ جيېشى تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە «ئەڭ زور چەكتە يول قويۇش» ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن گۇمانلىنىشىنى قوزغاپ، كېيىن ئامېرىكىنىڭ ئارىلىشىشىنى تەلەپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىشى مۇمكىن ئىدى. روزۋېلتنىڭ 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ۋېي داۋمىڭغا بەرگەن ئوبزورىدىن ۋە 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خارىمانىنىڭ سۇڭ زىۋېنگە قىلغان نەسىھىتىدىن جياڭ جيېشى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو ھېچ

بولمىغاندا تاشقى موڭغۇلىيە نامىدىكى مىتروپولىيىلىك ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك، دەپ قارايدىغانلىقىنى چۈشەندى. جياڭ جيېشى، ئېنىقكى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى قوللاشقا قايتا ھەمدە ئالاھىدە ئىپادە بىلدۈرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ، جۇڭگوغا بىر پۇرسەت بېرەتتى. بىر تەرەپتىن، جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىغا مۇلايىم بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاتتىقراق بولسا، بەلكى بۇ جەھەتتە جۇڭگوغا نەپ تېگەتتى. جۇڭگو مۇلايىملىقتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يول قويۇشىغا ئېرىشكەن چاغدا، ئامېرىكا جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنى «ئېتىراپ» قىلىشىنى چەكلىشى كېرەك ئىدى. قارىغاندا، جياڭ جيېشى پۈتۈن ئەسلى - ۋەسلىنى دوغا تىككەندەك قىلاتتى.

تۆتىنچى قېتىملىق سۆھبەت 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سائەت توققۇزدا باشلاندى. سۇڭ زىۋېننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدىكى مەيداننىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى، مولوتوۋ بىلەن بولغان مۇھاكىمىدىن بىلگەنلىكى ئېنىق. چۈنكى، يىغىن باشلىنىش بىلەنلا سۇڭ زىۋېن جۇڭگونىڭ زور دەرىجىدە يول قويۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇ، 1931 - يىلىدىن باشلاپ ياپونىيە جۇڭگونى مانجۇرىيىنى ئېتىراپ قىلىشقا ئىزچىل مەجبۇرلىغاننىدى، لېكىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى؛ جۇڭگومۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنى ئېتىراپ قىلىش تەلىپىنىمۇ ئىزچىل رەت قىلىپ كەلدى، چۈنكى، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش جۇڭگو خەلقىنىڭ نېگىزلىك مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، يەنە بەلكىم جۇڭگو ھۆكۈمىتىدە بوھران پەيدا قىلىدۇ؛ لېكىن ھازىر جۇڭگو - سوۋېت «ئۆز ئارا تىنچ» ئۆتۈشنى نەزەردە تۇتۇپ، جۇڭگو «زور قۇربان» بېرىشكە تەييار؛ جۇڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە مەمۇرىي ئىگىلىك ھوقۇقى

توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كاپالىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، جۇڭگو تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويۇشقا تەييار، دېدى. بۇ خىل «يول قويۇش» شەكلى، تاشقى موڭغۇلىيىدە يۇقىرىلارنى ئاۋاز بېرىشكە ئۇيۇشتۇرۇش، ئاندىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىر تەرەپلىمە باياناتى ئېلان قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؛ جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرا سىزىقى ئەسلىدىكى جۇڭگو خەرىتىسىنى ئۆلچەم قىلىشى، ئالتاي رايونى شىنجاڭنىڭ بىر قىسمى بولۇشى كېرەك ئىدى.

جۇڭگو گەرچە تاشقى موڭغۇلىيىدىن ئىبارەت ھالقىلىق مەسىلىدە يول قويىغان بولسىمۇ، ستالىن يەنە باشقا بەزى زور مەسىلىلەردىمۇ ۋەدە بېرىشنى ئويلايتتى. سۇڭ زىۋېن سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى ئىسيانىنى باستۇرۇشقا قانداق ياردەم قىلىدۇ، دەپ سورىغاندا، ستالىن تەكلىپ بېرىپ: ئېھتىمال ئويناشقان بولۇشى مۇمكىن، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى شىنجاڭغا كىرگۈزسەك بولىدۇ، دېدى. سۇڭ زىۋېن ئالدىراپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ رەت قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا «ئوغرىلىقچە» قورال يۆتكەشنى چەكلەش، بەلكىم تېخىمۇ مۇۋاپىقتۇر، دېدى: ستالىن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مانجۇرىيە مەسىلىسىدە ستالىن سۇڭ زىۋېنگە: «مەن بۇرۇنلا سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارغا ئاساسەن: ھەرقانداق باياناتنى ئېلان قىلىشقا رازىمەن، جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىدىكى پۈتۈن ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىمىز، دېگەنىدىم»، دېدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەسىلىسىدە ستالىننىڭ پوزىتسىيىسى مۇجمەل ئىدى:

> «جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا كەلسەك، بىز ئۇلارنى قوللىمىغان ھەم قوللاشنىمۇ ئويلىشىپ كۆرمىدۇق؛ بىز جۇڭگودا پەقەت بىرلا ھۆكۈمەت بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز،

ئەگەر جۇڭگودا يەنە باشقا ھۆكۈمەت بولسا ياكى ئۆزىنى ھۆكۈمەت دەۋالغان ھۆكۈمەت بولسا، ئەلۋەتتە بۇلارنى جۇڭگو ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك؛ ياردەم بېرىشكە كەلسەك، رەئىس جياڭ جيېشى ياردەمنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بەرسۇن دەپ قارايدۇ، بىز ئۆتمۈشتە شۇنداق قىلغانىدۇق، ئەگەر جانابلىرى بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېھتىياجلىق بولسا، بىز ياردەم بېرەلەيدىغانلا بولساق، بىز ئەلۋەتتە يەنە ياردەم قىلىمىز.»

سەل ئۆتكەندىن كېيىن سۇڭ زىۋېن جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەسىلىسىنى يەنە تىلغا ئالدى ھەمدە ستالىننىڭ ئۆز كۆز قارىشىنى سۆزلەپ بېقىشىنى ئۆتۈندى، ستالىن ئۆزىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى يەنە بىر قېتىم ئىزھار قىلدى:

ستالىن: جانابلىرىنىڭ ئۈمىدى قانداق؟ جانابلىرى ئالدىبۇرۇنلا بىزنىڭ رەئىس جياڭ جيېشىنىڭ ھۆكۈمىتىنى قوللىشىمىزنى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا قورال بەرمەسلىكنى ئۈمىد قىلغانىدىغۇ؟

سۇڭ زىۋېن: شۇنداق.

ستالىن: ئۇنداقتا جانابلىرى يەنە قانداق خىياللاردا بولۇۋاتىدىكىن؟ سىز بىزنىڭ ئارمىيە ئەۋەتىپ ئىلەرنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلارنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى يوقىتىشقىلارغا ياردەم قىلىشىمىزنى ئۈمىد قىلامسىزيا؟ (كۈلكە)

سۇڭ زىۋېن: بىز جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئارمىيىسىنى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە قوشۇۋېتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ستالىن: بۇ، مۇۋاپىق تەلەپ ئىكەن، جۇڭگودا پەقەت بىرلا ھۆكۈمەت، بىرلا ئارمىيە بولۇشى كېرەك.

سۇڭ زىۋېن: بىز جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى بىز تەشكىللىگەن ئۇرۇش مەزگىلىدىكى كابىنېتقا ۋە ھەربىي كومىتېتقا قاتناشتۇرماقچىمىز.

ستالىن: ھازىرقى ۋەزىيەت كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ قانائەتلەندۈرمەيدۇ.

سۇڭ زىۋېننىڭ كۈتمىگىنى، ستالىننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا قورال تاشلاش گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا بېرىدىغان بۇيرۇقى ئىدى. بىز تۆۋەندىكى بابلاردا كۆرىمىزكى، 1945 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا موسكۋا ئەمەلىيەتتە يەنىلا يەنئەنگە ھەر خىل كۆرسەتمە بەرگەنىدى، ئەلۋەتتە ماۋ زېدۇڭمۇ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ قوبۇل قىلاتتى. ستالىن، شۈبھىسىزكى، ئۆزىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىڭ ئىنتايىن چەكلىك ئىكەنلىكىدەك بۇ پاكىتنى سۇڭ زىۋېندىن يوشۇرغانىدى. ئەمەلىيەتتە، چۇڭچىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلىشى پەقەت سودا ۋاسىتىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە قېتىملىق يىغىنىدا داليەن، لۈيشۈن ۋە مانجۇرىيە تۆمۈريولى قاتارلىق باش قاتۇرىدىغان مەسىلىلەر مەركەزلىك مۇھاكىمە قىلىندى. سۆھبەت باشلانغاندا ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۈتكۈل لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدا ۋە لۈيشۈن پورتىنىڭ ئەتراپىدا 100 كىلومېترلىق دېڭىز تەۋەلىكى ئىچىدە ھەربىي ئالاھىدە ئىمتىيازىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەمۇرىي ھوقۇق جۇڭگوغا تەۋە بولسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىش ھوقۇقى بولۇشى، ئۇنىڭدىن باشقا، لۈيشۈن پورتىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى جۇڭگو - سوۋېت دېڭىز

ئارمىيىلىرى ئوتتۇرىسىدىلا قاتتىق چەكلىمىشى كېرەك ئىدى؛ دالىيەن پورتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولۇپ، جۇڭگو ـ سوۋېت بىرلەشمە كومىتېتى ئىگىدارچىلىق قىلىشى، كومىتېت رەئىسىدىن بىرنى بەلگىلەپ رەئىسلىكنى جۇڭگولۇقلار ئۈستىگە ئېلىشى، يەنە بىر سوۋېت ئىتتىپاقلىق كىشىنى مۇھىم مەمۇرىي ۋەزىپىگە بەلگىلەپ، دالىيەن پورتىنى جۇڭگو ـ سوۋېت پاراخوتلىرىلا ئىشلىتىشى كېرەككىكى، مانجۇرىيە تۆمۈريولىنى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشلىتىشىگە بىرلىشىشى، لېكىن سوۋېت ئارمىيىسى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى، ئۇنى سوۋېتلىك كىشىلەر باشقۇرۇشى كېرەك ئىدى، ئۇرۇش مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ تۆمۈريول ئارقىلىق ئەسكەر يۆتكەشكە ھوقۇقلۇق بولۇشى كېرەك ئىدى. 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەت ئاخىرلاشقاندا سۇڭ زىۋېن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەزى تەلەپلىرىنى تۆۋەنلەتتى. لېكىن دالىيەن، لۈيشۈن مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، لۈيشۈن قوغدىنىش رايونىنىڭ دائىرىسى، تىنچلىق دەۋرىدە مانجۇرىيە تۆمۈريولىدىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئارمىيىسىنى يۆتكەشكە بولۇش-بولماسلىق ھەمدە ئىككى تەرەپتىكى (ئوتتۇرا شەرق تۆمۈريولى ۋە جەنۇبىي مانجۇرىيە تۆمۈريولى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — تەرجىماندىن) مانجۇرىيە تۆمۈريولىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى مەسىلىسىدە يەنىلا نۇرغۇن ئىختىلاپلار بار ئىدى. بۇ ئىختىلاپلار، يۈزەكى قارىغاندا پارچە ـ پۇرات نەرسىلەر بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جياڭ جيېشى بىلەن ستالىننىڭ ستراتېگىيىلىك توقۇنۇشىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى؛ جياڭ جيېشى مانجۇرىيە تۆمۈريولىنى تىزگىنلەپ، جۇڭگونىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلماقچى، ستالىن بولسا مانجۇرىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىك توسالغۇسى قىلماقچىدى، بۇ ئىختىلاپلار يەنە جياڭ

ئاچىشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىدە «خەلق جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي كۈچىنى قاتتىق چەكلىمىسە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇ رايوننى تېزگىنلىشىگە ياردەم بېرىشى مۇمكىنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى. گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلىرى مانجۇرىيىگە كىرگەن بېرىپ - كېلىپ يۈرسە، ئەگەر ئاساسلىق ترانسپورت ھوقۇقى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن تىزگىنلەنسە، موسكۋا جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئاسانلا شەكلانە نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويالايتتى. جياڭ جيېشى مانجۇرىيىدە ئالاھىدە ياكى ئاز مىقداردا يول قويۇش بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەقەت ئېغىزدىلا جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىمىز دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە ھاكىمىيەت قۇرۇۋېلىشى مۇمكىنلىكىدىن ئەنسىرەيتتى، 1904 - يىلىدىن ئىلگىرى مانجۇرىيىدە، 1942 - يىلىدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەنىدى. شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە ئىنتايىن چەكلىك قانۇنىي مەنپەئەتىدىن پايدىلىنىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەتتا ھەربىي جەھەتتىن شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تۇرغۇزغانىدى، ھازىر جياڭ جيېشىنىڭ ئەندىشىسى بۇنداق ھادىسىنىڭ قايتا كۆرۈلۈشى ياكى ماۋ زېدۇڭنىڭ 30 - يىللاردىكى شېڭ شىسەينىڭ ئورنىدا شىنجاڭدا رول ئېلىشى ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنى قۇربان قىلىۋېتىشتىكى مەقسىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىدىكى ئەمەلىي تەلىپىنى ئازايتىش ئىدى. لېكىن ھېچ بولمىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىدە پەيدا بولۇشىغا يول قويۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى زومىگەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ

ئاساسىنى يارانقانلىق بولاتتى. جياڭ جيېشى ئامېرىكىنىڭ مانجۇرىيىگە ئارىلىشىشىغا ئېھتىياجلىق ئىدى، بۇ، سۆھبەت جەريانىدىكى بەزى سۆز - ئىبارىلەرنى ئۆزگەرتىش ئەمەس، بەلكى بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى شەرتنامىدىن پايدىلىنىپ زومىگەرلىكىنى كېڭەيتەلمەيدىغان قىلىپ قويۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

## 11. پوتسدامدىكى «تاۋكا»دا جياڭ جيېشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى

ستالىن ۋە مولوتوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى - ئامېرىكا - ئەنگلىيە ئۈچ تەرەپ ئاچقان پوتسدام يىغىنىغا قاتنىشىدىغان بولغاچقا، جۇڭگو - سوۋېت سۆھبىتى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى توختاپ قالدى. بۇ ھالدا چۇڭچىڭ ئامېرىكىغا پوتسدام يىغىنىدا ئارىلىشىش توغرىسىدا ھېيدەكچىلىك قىلدى. جياڭ جيېشى يىلەن سوڭ زىۋېن ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا جۇڭگو - سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگونىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېسىم ئىشلىتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى موسكۋا سۆھبىتىدىن ئىلگىرى سوڭ زىۋېن فارىمان بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆھبەتنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ھەمدە خارىمانغا ئىككىنچى كۈندىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق سۆھبەتتە جۇڭگونىڭ «ئەڭ زور چەكتە يول قويۇش»نى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى، مۇبادا كېلىشىم ھاسىل قىلالمىسا، خارىماننىڭ تېرۇمىنغا بۇ قېتىمقى تالاش - تارتىشنى دوكلات قىلىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سوڭ زىۋېن يەنە خارىمانغا «ستالىننىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن،

(سۇڭ زىۋېن) يالتا كېلىشىمىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ، تاشقى موڭغۇلىيىنى ئېتىراپ قىلىشقا قوشۇلغان» لىقىنى تېرۇمېنغا ئېيتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ تېرۇمېننىڭ يېقىندا چاقىرىلىدىغان پوتسدام يىغىنىدا ستالىنغا مەيداننى ئۆزگەرتىش ياكى جۇڭگونىڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ قوبۇل قىلالايدىغان مۇرەسسە ھاسىل قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

سۇڭ زىۋېن تەييارلىق خىزمىتىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، جياڭ جېيشى ئۆزى ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جياڭ جېيشى پېتروۋنى چاقىرتىپ كۆرۈشۈپ، ستالىنغا يېزىلغان بىر پارچە خەتنى بەردى. خەتتە جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيە ۋە مانجۇرىيە مەسىلىسىدىكى مەۋقەسىنى ئەسلەپ ئۆتۈلگەن ھەمدە ستالىنغا: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، مەن قىلالايدىغان بارلىق ئىشنى قىلدىم»، دېگەنىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ: «يالتا كېلىشىمىنى ئامېرىكا ئارىلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، خارىمان پرېزىدېنتقا ۋەكىل بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ كېلىشىمىنى پۈتۈنلەي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى پرېزىدېنت تېرۇمېنغا ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى لايىق تاپتىم»، دېگەنىدى. ئىككىنچى كۈنى جياڭ جېيشى تېرۇمېنغا تېلېگرامما يوللاپ، ستالىنغا يازغان خەتنىڭ مەزمۇنىنى يەتكۈزدى. تېلېگراممىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«گەرچە جۇڭگو يالتا يىغىنىغا قاتناشمىغان بولسىمۇ، سىز ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت ئەپەندى بىزنىڭ يالتا روھىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشۋاتقانلىقىمىزنى، تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە بىزنىڭ ھەتتا زور يول قويغانلىقىمىزنى، بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ

> جۇڭگو خەلقى يول قويالايدىغان دائىرىدىن ھالقىپ كېتىشتىن ئايانمىغانلىقىمىزنىمۇ بىلىسىز. مەن، گېنېرال لىمۇس ستالىن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، سىزنىڭ ستالىنغا بىزنىڭ مۇۋاپىق مەيدانىمىزنى قوبۇل قىلىشقا، مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى زورلىساسلىقا نەسىھەت قىلىشىڭىزغا ئىشىنىمەن، سىزنىڭ ھەرىكىتىڭىز ۋە قوللىشىڭىزنى كۈتىمەن. جاۋابىڭىزغا ئىنتىزارمەن».

بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەت ئاخىرلاشقاندا، بارلىق ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەردە تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسى، ئېنىقكى، جياڭ جيېشىنىڭ «مىللىي داھىي» لىق ئىناۋىتىنى ساقلاشتا ھالقىلىق مەسىلە بولۇپ قالدى. ۋاشىنگتوندىن كەلگەن يەنە بىر سىگنال تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ «ھازىرقى ھالىتى» نى جۇڭگونىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئامېرىكىنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. بۇ خىل يۈزەكى سىگنال جياڭ جيېشىنىڭ يول تېپىشىغا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەرىزىنى بىلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلاتتى. بۇ، جياڭ جيېشىنىڭ بىر خىل خاتا سەزگۈسى. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ئامېرىكىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ھەرگىزمۇ كىمنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى دالىيەن پورتىنى ئەركىن ئىشلىتىش مەسىلىسى ئىدى.

جياڭ جيېشى سۇڭ زىۋېننى چاقىرتىپ پوتسدام يىغىنىغا قاتناشتۇرۇشنى ھەمدە ئامېرىكا، جۇڭگونىڭ غەرىزى بويىچە، جۇڭگو - سوۋېتنىڭ چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىدا كېلىشتۈرۈپ قويۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئامېرىكىنىڭ بەزى ئەمەلدارلىرىمۇ تېرۇمېننىڭ يالتا، يىراق شەرق كېلىشىمىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قويغان تەلەپنىڭ غەيرىيلىكىنى ۋە يالتا كېلىشىمىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. تېرۇمېننىڭ پوتسدام يىغىنىغا تەييارلىغان

ھۆججىتى ئامېرىكا ـ سوۋېت كېلىشىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىدىكى ھەرىكىتىنى چەكلەش ھەمدە ئامېرىكىنىڭ «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتىنى قايتا تەكىتلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. لېكىن ترۇمېن پوتسدام يىغىنىدا بۇنداق تەكلىپنى ئەسلا ئوتتۇرىغا قويمىدى، ئەمما ئۇنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرى: بۇنداق ئامېرىكا ـ سوۋېت كېلىشىمىنى ھاسىل قىلغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى كېچىكتۈرۈشى مۇمكىن، دەپ ئەنسىرەيتتى. ستالىن 5 ـ ئايدا خوپكىنس بىلەن سۆھبەتلەشكەندە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ يىراق شەرقتە ئۇرۇش باشلاش ۋاقتىنى جۇڭگونىڭ يالتا كېلىشىمىنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقىغا باغلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ترۇمېن پوتسدامغا بارغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا بۇرۇنراق قاتنىشىشى، «ئومۇمىي جەھەتتە»، جۇڭگو ـ سوۋېت سۆھبىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا باغلىق دەپ قارىغانىدى. پوتسدام يىغىنى ئارىلىقىدا ستالىن بىلەن مولوتوۋ بۇ مۇناسىۋەتنى قايتا تەكىتلىگەنىدى. بۇ مەسىلىدە ستالىن بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ ستراتېگىيىسى تىغمۇ تىغ تاقابىل تۇرۇش: ئامېرىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ساقايتىشقا ئۇرۇنۇش ئارزۇسىنى پىشاڭ قىلىپ، ئامېرىكىنى جۇڭگوغا بېسىم ئىشلىتىشكە مەجبۇرلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدۇرۇپ ياكى ھېچ بولمىغاندا ئامېرىكىنى جۇڭگو ئۈچۈن ياقا يىرتمايدىغان قىلىش ئىدى. موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەتتە ستالىن مۇشۇ ستراتېگىيىنى يولغا قويغانىدى.

پوتسدام يىغىنىدا ستالىن ئېنىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ يالتا كېلىشىمىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتە ئۇرۇشقا قاتنىشىشى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ترۇمېن جياڭ

جىيشىنىڭ جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياراشتۇرۇشقا ئامېرىكىنى تەكلىپ قىلىش تەلىپىنى رەت قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جياڭ جىيشىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئارىلىشىشىنى تەلەپ قىلىپ بەرگەن تېلېگراممىسىغا 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېرۇمېن سوغۇق جاۋاب بەردى:

«مەن سىلەرنىڭ يالتا كېلىشىمىگە ئەمەل قىلىشىڭلارنى تەكلىپ قىلىمەن، لېكىن كېلىشىمدىن ھالقىپ كېتىدىغان ھەرقانداق يول قويۇشنى تەۋسىيە قىلمىدىم. ئەگەر سىلەر بىلەن گېنېرال لىسىموس ستالىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالتا كېلىشىمىنى قانداق چۈشەندۈرۈشتە ئىختىلاپ بولسا، مەن سىلەرنىڭ سۇڭ زىۋېننى موسكۋاغا ئەۋەتىپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئەتراپلىق چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىڭلارنى تەكلىپ قىلىمەن».

جياڭ جىيشى تېرۇمېنىنىڭ پوتسىدام يىغىنىدا جۇڭگو-سوۋېت سۆھبىتىدە ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئۈمىد قىلغانىدى، بولۇپمۇ تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە قوللاشقا ئېرىشىشنى ئالاھىدە ئۈمىد قىلغانىدى، لېكىن تېرۇمېن 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈندىكى جاۋابىدا بۇ ئىشنى ئەسلا تىلغا ئالمىدى، بەلكى ئىشلەتكىنى رەت قىلىش تەلەپپۇزى ئىدى. جياڭ جىيشى ئامېرىكىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە قوللىشىغا دوغا چىقىپ ئۆتتۈرۈپ قويدى.

پوتسىدام يىغىنىدا ئامېرىكىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەلمەسلىك سۇڭ زىۋېننى ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. تېرۇمېن جاۋاب تېلېگراممىسى يوللاپ ئىككى كۈندىن كېيىن سۇڭ زىۋېن ۋاڭ شىجيېگە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشنى ئېيتقان ۋە ۋاڭ شىجيېنىڭ ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، موسكۋاغا بېرىپ داۋاملىق

سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلغانىدى. سۇڭ زىۋېننىڭ دۆچ كەلگىنى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمىگە قول قويۇش بولۇپ، ئۇ بۇنىڭ ئۆز سىياسىي ئىستىقبالىغا كۆلەڭگۈ چۈشۈرىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ ياخشى چارە دەرھال ئىستېپا بېرىش، باشقىلارنى بۇ شەرمەندىلىكنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇرلاش دەپ ئويلاپ، كېسىپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە جاۋابكار قىلىش ئىدى. 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سۇڭ زىۋېن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. بۇ ۋەزىپىنى ۋاڭ شىجيې ئۈستىگە ئالدى.

ۋاڭ شىجيې سۇڭ زىۋېنگە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى بىر كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىدىكى ھەرىكىتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چەكلەش ئىدى. ئۇ 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خاتىرە دەپتىرىگە مۇنداق دەپ يازغان: مۇنداق بىر كېلىشىم بولمىسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىگە تاجاۋۇز قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر روي بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەتتا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ مانجۇرىيىدە قۇرغان ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشى مۇمكىن.

## 12. سىلىق ـ سىپايە مۇرەسسە ۋە ئەمەلىيەتتىكى يول قويۇش

8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، يەنى ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسى خىروسىمادا پارتلاپ ئىككى كۈندىن كېيىن يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق

سۆھبىتى موسكۋادا باشلاندى. بۇ پەيتتە ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەشەببۇسىدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. 1945 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ يېڭى مېكسىكا شتاتىدا ئېلىپ بارغان ئاتوم سىنىقى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتە ئۇرۇش قىلىشىنىڭ قىممىتىگە قايتا باھا بېرىشنى ئويلاندى. ھازىر ئامېرىكا رەھبەرلىرى: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى ياپونىيىنى تېزرەك تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلاشنىڭ ئامىلى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بۇنداق بولسا، سوۋېت ئىتتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىگە كىرىپ تۇرۇشىغا يول قويۇلسا، ئېنىقكى، بەدەل بەك يۇقىرى بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا بىرىنچى قېتىملىق جۇڭگو - سوۋېت سۆھبىتىدە يۆنىلىشنى ئۆزگەرتكەندى. ستالىن بۇ پەيتتە جۇڭگو بىلەن بىر كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا ئالدىراپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىگە كىرىشىنى قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىنلىمەكچى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قايتا باشلانغان سۆھبەتنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىنىدا ستالىن بىرقانچە مەسىلىدە ئىنتايىن زور دەرىجىدە يول قويدى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئامېرىكا جۇڭگودىن جۇڭگو - سوۋېت سۆھبىتىگە ئارىلىشىشنى رەسمىي تەلەپ قىلدى. تېرۇمېن بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى پوتسدامدىن ئاتلانتىك ئوكيان ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە خارىمانغا يوليورۇق بېرىپ ستالىنغا ئامېرىكىنىڭ ھېلىھەم يالتا كېلىشىمىنى قوللايدىغانلىقىنى، لېكىن ئامېرىكا سۇڭ زىۋېننى كېلىشىمنىڭ تەلىپىگە يەتتى دەپ قارايدىغانلىقىنى، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز ئالدىغا جۇڭگونى يول قويۇشقا قىستىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيان يېتىدۇ دەپ قارايدىغانلىقىنى يەتكۈزۈپ

قويۇشنى ئېيتتى. ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دالىيەننى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار رايونىغا كىرگۈزۈۋېلىش مۇمكىنلىكىگە قاتتىق دىققەت قىلاتتى.

خارىمان ستالىنغا تېرۇمېننىڭ پىكرىنى يەتكۈزدى ھەمدە يالتا كېلىشىمىگە ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھوقۇقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشتە چېك تۈردى. خارىمان: روزۋېلتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دالىيەن ۋە مانجۇرىيە تۆمۈريولىغا قارىتا «ئالىي ھوقۇقى» بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيە تۆمۈريولى ئارقىلىق ئوچۇق دېڭىزغا بارىدىغان سودا ترانسپورت ھوقۇقىنى قوغداشنى كۆزدە تۇتىدۇ، دەپ قارايتتى. ستالىن بۇنى جىددىي رەت قىلدى ھەمدە يالتا كېلىشىمىدىكى «ئالىي ھوقۇق» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دالىيەن ۋە دالىيەن پورتىغا قارىتىلغان مەمۇرىي ھوقۇقىنى ھەمدە بۇ يەرنى ھەربىي ئىشلار رايونىغا ئايرىشنى كاپالەتلەندۈرۈشنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇنداق بولمايدىكەن، ياپونىيىنىڭ گۇماشتىلىرىغا ۋە باشقا بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلارغا تاقابىل تۇرۇش تەسكە توختايدۇ، دېدى. ستالىن يەنە بۇنداق تەلەپ ھەم ئامېرىكىنىڭ «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتىگە زىيان سالمايدۇ، ھەم يالتا كېلىشىمىگىمۇ مۇخالىپ ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن مۇۋاپىق، دېدى. ئەگەر يالتا كېلىشىمىنىڭ 1904 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى رۇسىيىنىڭ جۇڭگودىكى ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى روھىغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا تېخىمۇ كۆپ تەلەپ قويالايتتى. ستالىن: ئامېرىكا ۋەكىللىرىگە جۇڭگولۇقلار ياخشىلىقنى يامانلىق قىلىدىكەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنى قارشى ئېلىنمايدىغان ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالغان مېھمان دەپ قاراپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھەمكارلاشقىلى بولمايدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدى، دېدى.

ئىككىنچى كۈنى، خارىمان ستالىن بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى ۋاڭ شىجيېگە يەتكۈزدى ھەمدە دالىيەن مەسىلىسىدە ۋاڭ شىجيې ئامېرىكىنىڭ «ئېچىۋېتىش» سىياسىتىگە زىيان سالىدىغان ھەر قانداق كېلىشىملەرنى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. خارىمان: ستالىن دالىيەننى «ئېچىۋېتىش» توغرىسىدا سوۋېت - ئامېرىكا بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلىشقا قوشۇلدى، دېدى. شۇ كۈنى خارىمان يەنە سۇڭ زىۋېنگە ئامېرىكىنىڭ يالتا كېلىشىمىگە قىلغان چۈشەندۈرۈشىدىن ھالقىپ كەتكەن ھەرقانداق تەلەپىنى جۇڭگو قوبۇل قىلمىدىكەن (مەسىلەن، لۈيشۈن، دالىيەن ھەربىي رايونى ياكى دالىيەن پورتىنى ئىجارىگە ئېلىش)، ئۇنداقتا ئامېرىكىنى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئامېرىكا ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغان بىر چۈشىنىش ھاسىل قىلىپتۇ «جۇڭگو باشقا تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى ئىزدىمەكتە» دېگەن چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ، دېدى.

ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەت ئارىلىقىدا ۋەقەلەر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇ، سۆھبەتلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپكە بېسىم پەيدا قىلدى. 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مولوتوۋ ۋاڭ شىجيېگە ئۇقتۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقىنى ھەمدە ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى جۇڭگو بىلەن بىرلىكتە قولغا كەلتۈرۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ۋاڭ شىجيې سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇق ھەرىكىتىگە رەھمەت ئېيتتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى 20 - يىللاردىكى تەڭسىز شەرتنامىلەرنى بىكار قىلدى؛ 30 - يىللاردا جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىنى قوللىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنىڭ پولاتتەك دەلىلى دەپ قارىدى. ئىككىنچى كۈنى ۋاڭ شىجيې جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى،

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دەرھال كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق، دېدى. 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئامېرىكا ياپونىيىنىڭ چاڭچى دېگەن يېرىگە ئىككىنچى قېتىم ئاتوم بومبىسى تاشلىدى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋاڭ شىجيې ئەنگلىيە رادىئو شىركىتىنىڭ ئاڭلىتىشىدىن ياپونىيىنىڭ پوتسدام قوشما ئاخباراتىنى قوبۇل قىلىپ، شەرتسىز تەسلىم بولۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ياپونىيىنىڭ تەسلىم بولۇشىنىڭ جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى دەرھال ئويلىنىشقا باشلىدى. مۇبادا تېزلىك بىلەن ئومۇمىي كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىسا، سوۋېت ئىتتىپاقى مانجۇرىيىنى ئىشغال قىلغان ھامان، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتتىق پوزىتسىيە تۇتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر شەرتنامە ئىمزالانمىسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قوللىشىنى توسقىلى بولمايدۇ ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخىرى مانجۇرىيىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. گەرچە جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ مۇمكىنلىكلەرنى ئويلاپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنە بىر قېتىم تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېخىمۇ زور يول قويۇشىغا تۈرتكە بولۇشنى قارار قىلدى.

شۇ كۈنى كەچ سائەت توققۇزدا، ۋاڭ شىجيې ستالىن بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتنى باشلىدى. بۇ كۈنى كەچتە ستالىن زور دەرىجىدە يول قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرلەشمە كومىتېت ئارقىلىق دالىيەننىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىغا ئارىلىشىش تەلىپىنى بىكار قىلدى (خارىمان 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ستالىن بىلەن بولغان سۆھبەتتە بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن قارشى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى) ھەم يەنە لۈيشۈنگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتىش تەلىپىنى بىكار

قىلدى. جۇڭگو تەرەپمۇ دالىيەن مەسىلىسىدە قىسمەن يول قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر كىشىنى پورت خادىمى قىلىپ ئىشلىتىشكە قوشۇلدى. ستالىن يەنە ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىدىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشىگە قوشۇلدى. لېكىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش يولىنى روشەنلەشتۈرۈشنى رەت قىلدى. 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، سۆھبەت ئاخىرلىشىدىغان چاغدا ئىككى تەرەپ ئۈچ مەسىلىدە تىركىشىپ قالدى: موسكۋا لۈيشۈندە ھەربىي ئىمتىياز يۈرگۈزۈشنى داۋاملىق تەلەپ قىلدى؛ سوۋېت ئىتتىپاقى بىر نەپەر ئەمەلدارنى ئەۋەتىپ ئوتتۇرا شەرق تۆمۈريولى ۋە جەنۇبىي مانجۇرىيە تۆمۈريولىنى باشقۇرماقچى بولدى؛ سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە چېگرا ئايرىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا رۇخسەت قىلمىدى.

شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش يەنىلا تەس ئىدى. ھازىرقى مۇھىم نۇقتا: تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىلگىرى ئالتاي رايونىدىكى ماجىرانى ھەل قىلىش ھەمدە شىنجاڭ بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ چېگرا سىزىقىنى ئايرىشقا مەركەزلەشكەنىدى. 1911 - يىلىدىن ئىلگىرى ئالتاي رايونىنىڭ كۆلىمى جىجياڭ ئۆلكىسى بىلەن باراۋەر بولۇپ، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. لېكىن تاشقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان چاغدا ئالتاي شىنجاڭغا قوشۇۋېتىلگەن، 20 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەرىتىلىرىدىمۇ شۇنداق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، 1940 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان خەرىتە ئالتاي رايونىغا قاراشلىق تەخمىنەن 215 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر (83 مىڭ كۋادرات ئىنگلىز چاقىرىمى) يەر تاشقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئايرىپ بېرىلگەنىدى. 1944 - يىلى سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن ئالتاينىڭ غەربىي قىسمىدا ئىسيان كۆتۈرۈلدى ھەمدە بۇ ئىسيان شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىغىمۇ كېڭەيدى. بۇ پاكىتلارنىڭ ھەممىسى چۇڭچىڭنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. مۇبادا ئالتاينىڭ جۇڭگوغا تەۋەلىكى توغرىسىدا مەخسۇس كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىسا، ئۇنداقتا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش غەربىي ئالتاينى بۆلۈپ بېرىشتىن دېرەك بېرەتتى. ستالىننىڭ خەرىتە بىلەن تەمىنلەپ تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىنى ئىسپاتلاشنى رەت قىلىشى جۇڭگونىڭ ئەندىشىسىنى كۈچەيتىۋەتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ستالىنمۇ جياڭ جيېشى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ چېگرىسىنى ئايرىشنى باھانە قىلىپ، ئەمەلىيەتتە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلماسمىكىن دەپ گۇمان قىلاتتى. جياڭ جيېشىنىڭ بۇ خىل شەرتلىك ئېتىراپ قىلىشقا ماقۇل بولۇشى، ۋاقىتلىق كېلىشىم ھاسىل قىلماي تۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە پۇقرالار بېلەت تاشلاپ ئاۋاز بېرىشنىڭ نەتىجىسىنى تەستىقلاشنى رەت قىلىپ، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ نامدا بار ، ئەمەلدە يوق مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش دېگەنلىك ئىدى. ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەت باشلانغان چاغدا ستالىن ۋاڭ شىجيې تەمىنلىگەن خەرىتىنى ھۆرمەت قىلىشنى ئويلىنىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتكە يېقىنلاشقاندا، ستالىن چېگرا سىزىقىنى ئايرىش تەشەببۇسىنى كەسكىن رەت قىلىپ: چېگرا ئىنتايىن ئېنىق، يېقىنقى 20 يىلدىن بېرى تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن شىنجاڭنىڭ چېگرىسىدا باشتىن - ئاخىر ھەرقانداق تالاش - تارتىش يۈز بەرمىگەن، چېگرا سىزىقىنى قايتا ئايرىشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق، دېگەندە چىڭ تۇردى. ستالىن جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىگە ئەسكەر

چىقىرىشىدىن پەيدا بولغان بېسىمنى ھېس قىلماي تۇرالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ سۇڭ زىۋېنگە دەرھال بىر شەرتنامە ئىمزالانمايدىكەن، ئۇنداقتا مانجۇرىيە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ، دېدى. ستالىن يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ: مۇبادا جۇڭگو قايتا چېگرا سىزىقى ئايرىش تەلىپىدىن دەرھال ۋاز كەچمەيدىكەن، ئەگەر تېزلىك بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلمايدىكەن، ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقى تاشقى موڭغۇلىيىگە قوشۇلۇپ كېتىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ، دېدى.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جياڭ جيېشى تېلېگرامما بېرىپ، تاشقى موڭغۇلىيىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىلگىرى چېگرا سىزىقىنى قايتا بەلگىلەش كېرەكلىكىنى قايتا تەكىتلىدى. بۇ كۆرسەتمە جۇڭگو سۆھبەت ۋەكىللىرى ئىچىدە مۇنازىرە قوزغىدى. كۆپچىلىك بىردەك، جياڭ جيېشىنىڭ تەكلىپى رېئال ئەمەس، يەنە ئارقىغا تارتىدىغان بولسا ۋەزىيەت ئىنتايىن خەتەرلىك دەپ ھېسابلىدى. سۇڭ زىۋېن، فۇ بىڭچاڭ ۋە جياڭ جىڭگو ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى كەسكىن تونۇپ يېتىپ، جياڭ جيېشىنىڭ تەكلىپىنى ۋاقتىنچە بىر تەرەپتە قالدۇرۇپ قويماقچى بولدى. ۋاڭ شىجيېنىڭ باھانىسى: بۇ تەكلىپ قىسمەن جامائەت پىكرىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ھەمدە قانۇن تۇرغۇزۇش پالاتاسىنىڭ شەرتنامىنى ئۆزگەرتىشنى قىيىنچىلىققا دۇچار قىلىدۇ. لېكىن كەم دېگەندىمۇ تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىشتىن ئىلگىرى يەنىلا جياڭ جيېشىنىڭ كۆرسەتمىسىنى كۈتۈش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇنى نەزەردە تۇتۇپ، جياڭ جيېشى قايتا بۇيرۇق بېرىشتىن ئىلگىرى كېلەر قېتىملىق سۆھبەت كېچىكتۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كېچىدە، ۋاڭ شىجيې بىلەن سۇڭ زىۋېن جياڭ جيېشىغا تېلېگراممىا يوللاپ، ھازىرقى ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەردە بولۇپمۇ تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە يول

قويۇشنىڭ مۇتلەق زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى:

«تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە بىزنىڭ سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىز بويىچە ئىش قىلىشقا چارىمىز يوق، بىز ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى باشقا ئەزالاربىلەن بىردەك: بىر جۇڭگو ـ سوۋېت كېلىشىمى ئىمزالىشىمىز كېرەك، دەپ قارايمىز. ئەگەر يەنە ئارقىغا تارتساق، بىر كۈتمىگەن ئۆزگىرىش ئاسانلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە ۋە باشقا بەزى ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەرگە بىزنىڭ جىددىي تەدبىر قوللىنىشىمىزغا ھوقۇق بېرىشىڭىزنى سەمىمىي ئۆتۈنىمىز.»

ئىككىنچى كۈنى جياڭ جيېشى قىسقىچە جاۋاب بەردى: تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسى ۋە باشقا ھېلىغىچە ھەل بولمىغان مەسىلىلەردە «ھەممە ھوقۇقنى سىز ئاغىلىرىمىزغا بەردىم، ئىشلارنى مۇشۇ ھوقۇق دائىرىسىدە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىسىڭىزلار بولىدۇ.» بۇ بىر مۇجمەل جاۋاب ئىدى. «ھوقۇق ۋە مەنپەئەت» نىڭ مۇۋاپىق شەكلى دېگەن نېمە؟ بىر كۈن ئىلگىرىلا جياڭ جيېشى ئۆزى ئەۋەتكەن ۋەكىللەرنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە چېگرا سىزىقىنى ئايرىش توغرىسىدا چىڭ تۇرۇشى توغرۇلۇق كۆرسەتمە بەرگەنىدى. 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى بۇيرۇق بويىچە بۇ مەۋقەنى ئۆزگەرتىش كېرەكمىدى؟ بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. جياڭ جيېشىنىڭ مۇنداق جاۋاب بېرىشى مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت قالدۇرۇش ئىدى. ئۇ، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا ئاخىرقى رۇخسەتنى بەرمىگەنىدى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى يەنىلا نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. ۋاڭ شىجيې، سۇڭ زىۋېن ۋە جياڭ جىڭگولار سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شەرتنامە ئىمزالاشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، لېكىن جياڭ جيېشىنىڭ ئاخىرقى تەستىقى بولماي تۇرۇپ ھەممىسى

تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئاخىرى جياڭ جىڭگو مەسئۇلىيەتنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىپ، ستالىننىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. جياڭ جىڭگو بەلكىم دادىسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى چۈشەنگەنلىكىدىن دادىسىنى تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغان، بەلكىم ھەتتا ئىشتىن بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇش بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سۆھبەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. جۇڭگو تەرەپ تاشقى موڭغۇلىيە چېگرا سىزىقىنى قايتىدىن ئايرىش تەلىپىنى بىكار قىلدى. ستالىن ئىككى تەرەپ نوتا ئالماشتۇرۇپ، ھازىرقى چېگرا سىزىقىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە لۈيشۈندە ھەربىي ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى ئۆزگەرتىش تەلىپىگە قوشۇلدى. لۈيشۈندە جۇڭگو - سوۋېت بىرلەشمە ھەربىي كومىتېتى قۇرۇشقا قوشۇلدى. بۇلارنى جياڭ جېيشى بىر كۈن ئىلگىرىكى تېلېگراممىسىدا تەلەپ قىلغانىدى. جۇڭگو جەنۇبىي مانجۇرىيە تۆمۈريولى مەسىلىسىدە يول قويدى: جەنۇبىي مانجۇرىيە تۆمۈريولى ۋە ئوتتۇرا شەرق تۆمۈر يولىنى بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرماقچى بولدى. جەنۇبىي مانجۇرىيە تۆمۈريولى مۇدىرىيەت بۆلۈمىنىڭ جۇڭگو تەرەپ رەئىسى (ئۇنىڭ ئورنى تۆمۈريولنى ئەمەلىي باشقۇرىدىغان كىشىنىڭ ئورنى بىلەن ئوخشاش ئەمەس ئىدى) نىڭ ئىككى كىشىلىك ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بولاتتى. ستالىن يەنە جۇڭگودىن لۈيشۈننى ھەرقانداق ئۈچىنچى دۆلەتكە ئىجارىگە بەرمەسلىك توغرىسىدا كاپالەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. جۇڭگو پەقەت ئاغزاكى كاپالەت بېرىشكە قوشۇلۇپ، كېلىشىمگە ۋە قوشۇمچە شەرت ھۆججەتلىرىگە يېزىپ كىرگۈزۈشنى رەت قىلدى. ستالىن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە جۇڭگونىڭ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلدى. «ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى» مەسىلىسى، يەنى ياپونىيىنىڭ مانجۇرىيىگە سالغان مەبلىغىگە

ئىگىدارچىلىق قىلىش مەسىلىسى ھەل بولمىدى، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ يوچۇقتىن پايدىلىنىپ، كۆپ قىسىم سانائەت ئەسلىھەلىرىنى مانجۇرىيىدىن ئەكەتتى. ئىككى تەرەپ يەنە بەزى قوشۇمچە كېلىشىملەرنى ئىمزالاپ شىنجاڭدا كان ئېچىش كارخانىسىنى ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى بەلگىلىدى.

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ستالىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، جۇڭگو تەرەپ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ شىجيې بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوۋ «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» غا ئىمزا قويدى. شەرتنامىدە جۇڭگو - سوۋېت ئومۇمىيۈزلۈك ئىتتىپاق تۈزۈپ، ياپونىيىگە ئورتاق قارشى تۇرۇش بەلگىلەنگەن، شەرتنامىدە يەنە شەرتلەشكەن ھەر قانداق بىر تەرەپ باشقا بىر تەرەپنىڭ دۆلەتلەر ئىتتىپاقىغا بىۋاسىتە قارشى تۇرماسلىقى ھەم يەنە بىر تەرەپكە بىۋاسىتە قارشى تۇرىدىغان گۇرۇھقا قاتناشماسلىقى بەلگىلەنگەنىدى. ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن ستالىن قىسقىچە نۇتۇق سۆزلەپ، رۇسىيە جاھانگىرلىكى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوخشاشماسلىقىنى — ئاۋۋالقىسىنىڭ ياپونىيە بىلەن بىرلىشىپ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى، كېيىنكىسىنىڭ قۇدرەتلىك جۇڭگو بىلەن بىرلىشىپ ياپونىيىگە ئورتاق قارشى تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ستالىن: جۇڭگو ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پوزىتسىيىسىگە تولۇق ئىشەنمەيدۇ، لېكىن ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى لەۋزىدە تۇرىدۇ، دېدى. شۇ كۈنى كېچىدىكى زىياپەتتە ستالىن: سوۋېت ئىتتىپاقى بار كۈچى بىلەن جۇڭگوغا ياردەم قىلىپ، جياڭ جيېشى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم قىلىدۇ، دېدى.

## 13. تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىللىكىنىڭ تەسىرى

1942 ـ يىلىدىن 1945 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، جياڭ جيېشى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا بەزى نەرسىلەرگە ئېرىشتى ۋە بەزى نەرسىلەرنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويدى. 1944 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جياڭ جيېشىنىڭ قاتتىق پوزىتسىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنى شىنجاڭدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئامېرىكىدىن ئىبارەت كوزىر ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى جۇڭگونىڭ تۆت كۈچلۈك دۆلەت قاتارىغا كىرىشىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاپ، ب د ت بىخەتەرلىك مۇدىرىيەت كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزالىق دۆلەت ئورنىغا ئۆتتى؛ سوۋېت ـ ياپونىيە بىتەرەپ تۇرۇش شەرتنامىسى ۋە سوۋېت ـ ئامېرىكا ئىتتىپاقىنى بۇزۇش تىرىشچانلىقى گەرچە ئۈنۈم بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن زور سەلبىي تەسىرمۇ پەيدا قىلمىدى. گەرچە بۇ تىرىشچانلىقلار 1944 ـ يىلى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى چېكىنىشكە ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭ، مانجۇرىيە ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كاپالىتىگە ئېرىشىشىگە ھەرگىزمۇ توسقۇنلۇق قىلمىدى. ئەلۋەتتە بۇ ئۈچ مەسىلە ھېلىھەم توغرا ھەل قىلىنمىغان بولسىمۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى قوللىغان ئىسيانچى ئۇنسۇرلار يەنىلا شىنجاڭنىڭ زور بىر قىسىم رايونلىرىنى ئىگىلەپ تۇرماقتا ئىدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مانجۇرىيىدىكى ھۆكۈمرانلىقى شەكلەن بولۇپ، شەھەرلەردە ئەمەلىيەتتىكى تىزگىنلەش ھوقۇقى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قولىدا ئىدى، يېزىلارنى بولسا جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئىگىلەپ تۇراتتى. ستالىن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قوللىماسلىقنى جاكارلىغان بولسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئارمىيىسى يەنىلا ياپونىيىنىڭ قولىدىن غەنىيمەت ئالغان

زور بىر قىسىم قورالللارنى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا بەرگەنىدى. ئەمما، جياڭ جيېشى قانۇنىي جەھەتتىن جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. بۇ، جۇڭگونىڭ كۆچەيگەندىن كېيىن مانجۇرىيىنى قايتۇرۇۋېلىشىنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ ۋاقىتقا بارغاندا جۇڭگوغا كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىك قىلامدۇ ياكى گومىنداڭ ھوقۇق تۇتامدۇ، بۇ ھەم باشقا بىر گەپ ئىدى.

جياڭ جيېشىنىڭ پائالىيەت قىلىش ئىمكانىيىتى ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەسىلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن، ئەمەلىي كۈچمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يەتمەيتتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئۇ ئاجىز دۆلەتنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قولىدىكى كوزىرنى ئەپچىللىك ۋە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئىشلىتىپ، سەككىز يىل ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، كۆپ قىسىم بەلگىلەنگەن نىشانغا يەتتى، پەقەت تاشقى موڭغۇلىيە ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەسىلىلىرىدىلا ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى، ھەقىقەتەن، ئانچە رازى بولمايدىغىنى ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنى تىزگىنلىشى ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. ستالىن ھەقىقەتەن شۇنداق ئويلىغانىدى. ئەگەر جۇڭگو موسكۋا سۆھبىتىدە قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمىگەن بولسا، ئەگەر جياڭ جيېشى ئۇستىلىق بىلەن ئامېرىكا ئاتلىق كوزىرىنى چىقارمىغان بولسا ، ستالىن ئارزۇ قىلغان نەرسىگە يەتكەن بولاتتى. 1945 - يىلىدىكى جۇڭگو - سوۋېت شەرتنامىسى تەڭسىز شەرتنامە ئىدى. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ پەرقىنى ئويلىغاندا، جۇڭگونىڭ قولدىن كەتكەن نەرسىسىنىڭ كۆپ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن،

بۈگۈنكى مانجۇرىيە جۇڭگونىڭ خەرىتىسىگە مەنسۇپ بولمىغان بولاتتى.

1945 - يىلىدىكى سۆھبەتتە جياڭ جيېشىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىگە ئېتىبار بېرىشى ئۇنىڭ كۈچلۈك مىللەتچىلىك ئېڭىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى. جۇڭگودا كىشىنى زەردىگۈش قىلغۇدەك سۆز - ئىبارىلەر بار ئىدى، جۇڭگودا زېمىننى كېسىپ بەرگەن ھۆكۈمرانلارنى مەخسۇس شۇ ئىبارىلەر بىلەن تىللايتتى. جياڭ جىڭگو موسكۋادىكى سۆھبەت ئارىلىقىدا ستالىنغا ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە «ۋەتەن ساتقۇچى»، «دۆلەت زېمىنىنى ساتقۇچى»، «خائىن» دېگەن سۆز- ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ خىل ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. گەرچە تاشقى موڭغۇلىيىدە خەنزۇلار ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگولۇقلار تاشقى موڭغۇلىيىنى يەنىلا «جۇڭگونىڭ بىر قىسمى» دەپ قارايتتى. جياڭ جيېشى 20 - يىللاردا جۇڭگونىڭ بۇ ئەنئەنىۋى كۆز قارىشىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى. ئۇ، تاشقى موڭغۇلىيىدىن ۋاز كەچكەندە ئۇنىڭ مىللەتچىلىك ئوبرازىنىڭ نابۇت بولۇشىدىن، مىللەتنىڭ داھىيسىدا بولۇشقا تېگىشلىك چاقىرىق كۈچىدىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيتتى. بۇ خىل ئەنسىرەش ئىنتايىن رېئال ئىدى.

گەرچە ھۆكۈمەت جۇڭگو - سوۋېت شەرتنامىسىگە قارىتىلغان تەنقىدنى چەكلىسىمۇ، لېكىن «داگۇڭباۋ» گېزىتى ۋە «شەرق ژۇرنىلى» غا ئوخشاش تەسىرى بار گېزىت - ژۇرناللار يەنىلا تاشقى موڭغۇلىيىنى «بۆلۈپ بېرىش» قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئەگىتمە يوللار ئارقىلىق ئەيىبلىگەنىدى. 1946 - يىلى 1 - ئايدا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىكىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، جۇڭگو يالتا كېلىشىمىنى ئاشكارىلىغاندا ناھايىتى كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا بولدى. بىرنەچچە

ئايغىچە ئوقۇغۇچىلار ئۈزلۈكسىز نامايىش قىلىپ، گېزىت -
ژۇرناللاردا كۆپلىگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ
چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بېسىمىغا تىز پۈككەنلىكىنى ئەيىبلىدى.
ئېمىلى يان (ئامېرىكا ئالىمى) نىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، يالتا
كېلىشىمىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ۋە جۇڭگو - سوۋېت
شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى «پۈتۈن مەملىكەتنى قالايمىقان
قىلىۋەتتى».

> «يالتا كېلىشىمىنىڭ ئاشكارىلىنىشى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ
> يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئويغاتتى ھەم
> كىشىلەرنىڭ مەخپىي دىپلوماتىيىگە قارىتىلغان كۈچلۈك
> غەزىپىنى قوزغىدى. گەرچە جياڭ جيېشى ۋە باشقا گومىنداڭ
> ئەمەلدارلىرى بار كۈچى بىلەن ئاقلىغان بولسىمۇ، كىشىلەر
> يەنىلا تاشقى موڭغۇلىيىنى ئېتىراپ قىلىشنى بەدەل قىلىش
> تولىمۇ قىممەت بولۇپ كەتتى دەپ قاراشتى».

گومىنداڭ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقتىن
پايدىلىنىپ مۇتىدىل گۇرۇھلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى.
ئۇلار ئىمزا قويۇشقا قاتناشقان ۋاڭ شىجيېگە ھۇجۇم قىلىپلا
قالماستىن ھەم جياڭ جيېشىغا ۋە ۋاڭ شىجيې تۈزگەن سوۋېتكە
قارىتىلغان مۇتىدىل سىياسەتكىمۇ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلار سوۋېت
ئىتتىپاقىغا يول قويۇش ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستلىرى
مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش مەقسىتىگە
يېتىشكە ئۇرۇندى، دېدى. ئوقۇغۇچىلار جياڭ جيېشىدىن قورال
كۈچى ئارقىلىق ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھەل قىلىشنى تەلەپ
قىلدى. دۆلەت ئىچىدىكى يالتا كېلىشىمىگە قارشى سادادىن جياڭ
جيېشى شۇنىڭغا ئىشەندىكى، كىشىلەرگە دېموكراتىيە كېرەك
ئەمەس ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك دېموكراتىك
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى يەنە ئويلىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق

ئىكەن. لېكىن ئېملى يان مۇنداق دەپ قارايدۇ:

«يالتا كېلىشىمىنىڭ ئەڭ يامان تەسىرى شۇ بولدىكى، جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ئالدىدا جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈۋەتتى، بىز يالتا كېلىشىمىنىڭ جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچى سىياسىيسىغا ئومۇمىيۈزلۈك تەسىر كۆرسىتىشىنى مۆبالىغە قىلمىساقمۇ. . . لېكىن ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، جۇڭگونىڭ سىياسىي دولقۇنىنىڭ ھەمكارلىشىشتىن تېزلىك بىلەن (گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستلار ئوتتۇرىسىدىكى) توقۇنۇشقا ئۆزگىرىشى، يالتا كېلىشىمىنىڭ ئاشكارىلىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.»

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بۇ پەيتتە بۇنداق كەيپىياتتىن بىۋاسىتە پايدىلىنىشى قولايسىز ئىدى. كېلىشىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بۇنى ئەيىبلىمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋاستىلىك نەپكە ئېرىشكۈچى ئىدى، چۈنكى، 1945 ـ يىلى شەرتنامىنى ئېلان قىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۈز بەرگەن بىر قاتار ئىشلار نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە بىر تەسىراتنى — جۇڭگونىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى لاياقەتسىز ئىكەن، دېگەن تەسىراتنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

# سەككىزىنچى باب

# ئىچكى ئۇرۇش ھارپىسى — ماۋ زېدۇڭنىڭ ستالىننىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلۇشى

## 1. ستالىننىڭ نىشانى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ ئايلانما ستراتېگىيىسى

سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت قۇرغان دەسلەپكى چاغلاردىن باشلاپلا كوممۇنىستلار: جاھانگىر دۆلەتلەر بىرلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلغان ۋە بۇنىڭغا تەييارلىق قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قوغداش بارلىق پرولېتارىيات ئىنقىلابىي جەڭچىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ئىدى. بۇ، ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى بولۇپ قالغانىدى. 1941 - يىلى 6 - ئايدا گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلدى. بۇ ، دېمەك يۇقىرىقى ھۆكۈمنى ئىسپاتلىدى. موسكۋا ھەرىكەتكە كېلىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، فاشىزمنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇردى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر كۈچ ئىدى. موسكۋا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ھەرقانداق «شۆبە پارتىيە» لىرىنگە بارلىق كۈچىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغداش كۈرىشىگە قاتناشتۇرۇشقا كەسكىن بۇيرۇق بەردى. مۇتلەق كۆپ دۆلەتلەردە بۇنداق قىلىشنىڭ ئۈنۈمى ئېنىق بولدى. فرانسىيە كوممۇنىستلىرى

گېرمانىيە دائىرىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىدىغان مەيداننى بىر كېچىدىلا گېرمانىيە دائىرىلىرى بىلەن كۆرەش قىلىدىغان مەۋقەگە ئۆزگەرتتى؛ ئامېرىكىدا پرېزىدېنت روزۋېلىت ئەنگلىيىنىڭ فاشىزمنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى قوللانغان سەپراس تۇرۇش مەۋقەسىنى پائال قوللىدى، ئامېرىكا كوممۇنىستلىرى ئەسلىدە بۇنداق سىياسەتكە قەتئىي قارشى تۇراتتى، ئەمدىلىكتە بولسا فرانسىيە كوممۇنىستلىرىغا ئوخشاش بۇ مەۋقەسىنى تېزلىك بىلەن ئۆزگەرتتى؛ ھىندىستان كوممۇنىستلىرى سەرپ قىلغان ۋاقىت ئۇزۇنراق بولدى، ئۇلار ئالتە ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەنىنى تەرتىپكە سالدى؛ ئوخشاشلا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىمۇ كۆرسەتمە تاپشۇرۇۋالدى، ئۇلار «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال» نىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك ئىدى.

سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى ھەم ماۋ زېدۇڭغا ئويلاپ يەتكىلى بولمايدىغان خىلمۇ خىل خەتەرلەرنى ئەكەلدى، ھەم شۇنداقلا ماۋزېدۇڭنى ئاسان كەلمەيدىغان خىلمۇ خىل پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلىدى. شۇنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، موسكۋا ياپونىيىنىڭ ھەقىقىي غەربنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ دىققەت قىلىدىغان بولدى. 1941 - يىلى 4 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن بىتەرەپ تۇرۇش شەرتنامىسىنى موسكۋا تېخىمۇ قوللاشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ، ستالىننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قوراللاندۇرمايدىغانلىقى شۇ چاغدا ماۋزېدۇڭغا ئېنىق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئوق مەركىزى دۆلەتلەر ھەمكارلاشقان مەزگىللەردە ماۋ زېدۇڭنىڭ ستالىن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قورالاندۇرىدۇ، دېگەن خىلمۇ خىل ئۈمىدلىرى كۆپۈككە ئايلاندى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى 30 ئېيى ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى

ئەمەلىيەتتە بىر يىراق شەرق دۆلىتى سۈپىتىدە رول ئوينىمىغان، جىياڭ جيېشى ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ ماۋ زېدۇڭغا تاقابىل تۇرغان چاغدا، يول توسىدىغان يامان يولۋاستىن بىرى ئازايغانىدى. ئالدىنقى بابلاردا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىلگىرى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ يەنئەنگە ئىشلەتكەن بېسىمى ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەندە، جىياڭ جيېشى بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى. بۇنداق ئەنسىرەش گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ئاقسىتىپ قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرق ئىشلىرىدىن چېكىنىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، يەنئەن ھەم گومىنداڭنىڭ، ھەم ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى.

لېكىن، ستالىننىڭ نەزەرىنى ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىغا مەركەزلەشتۈرگەنلىكى ماۋ زېدۇڭنى ھالقىلىق پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. موسكۋانىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن، ۋاقىتلىق بولسىمۇ، يىراق شەرق ئىشلىرىغا قول تىقماسلىقىغا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماددىي بايلىقلارنى توپلاپ، گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگوغا بېرىدىغان ياردىمى ئازايدى. ماۋزېدۇڭ ئەمدى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان قالدۇق ئەقىدەپەرەسلىك خاھىشىنى تازىلىشى كېرەك ئىدى. ماۋ زېدۇڭ بۇ پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى ئەقىدەپەرەسلىككە قارشى كۈرەشنى غەلىبىلىك تاماملىدى. ئەلۋەتتە، سىياسىي جەھەتتىن بۇ كۈرەشنى مۇۋاپىق ئۇسۇل بويىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك ئىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە گېرمانىيىنى مەغلۇپ قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرق سىياسىي سەھنىسىگە قايتىدىن كىرىش مۇمكىنلىكى مەۋجۇت ئىدى. بۇ، ماۋ زېدۇڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بۇزۇۋەتمەيدىغانلىقىدىن

دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ماۋ زېدۇڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ماركسىزم ـ لېنىنىزمچى سۈپىتىدە ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشىنى ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىدىكى ئۇلۇغ كۈرەش، دەپ قارايتتى ھەمدە شۇ چاغدا ستالىنغا بولغان سەممىيىتىنى ئىپادىلەش قارارىغا كەلگەنىدى. ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بۇ نۇقتىنى ئورۇندىشى كېرەك ئىدى، بۇ، ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋاڭ مىڭ ۋەكىللىكىدىكى ئىنتېرناتسىئونالىزمچى تونسۇرلارغا قارشى كۈرەشنى ئۇستىلىق بىلەن ئېلىپ بېرىشىدىن دېرەك بېرەتتى. ماۋ زېدۇڭ مىللەتچىلىكىنىڭ يېڭى ھارىقىنى ئىنتېرناتسىئونالىزمنىڭ كونا بوتۇلكىسىغا قاچىلىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلغان ھۇجۇمىغا تېزلىك بىلەن ئىنكاس قايتۇردى: 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، يەنى گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىپ ئىككىنچى كۈنى «ئازادلىق گېزىتى» ئەڭ قاتتىق ئىبارىلەر بىلەن گېرمانىيىنىڭ تاجاۋۇزىنى ئەيىبلىدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈرىشىگە مەدەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلغان تاجاۋۇزىدىن ياپونىيە چۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ياپونىيە مىلىتارىستلىرى ئىچىدىكى بەزى تەسىرى بار كىشىلەر يەنىلا ياپونىيە گېرمانىيە بىلەن بىرلىشىپ، بولشېۋىزمنى تارمار قىلىش كېرەك، دەپ قارايتتى. ئارمىيە تەرەپنىڭ «شىمالغا ھۇجۇم قىلىش گۇرۇھى» ۋە «جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىش گۇرۇھى» توكيودا كەسكىن مۇنازىرە قىلغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىغا يېقىن تۇرغان ياپونىيە ئارمىيىسى تېزلىك بىلەن توپلىنىپ، ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسى رىچارد زورگى توكيودا رادىئوگرامما

ئارقىلىق ياپونىيە تەرەپنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىش كېرەكمۇ ـ يوق دېگەن مەسىلىنى دەۋرىي قىلىپ قانات يايدۇرغان مۇنازىرىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۈزلۈكسىز موسكۋاغا يەتكۈزۈپ تۇردى. شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرى ياپونىيە ھەربىي تەرەپنىڭ ھەرىكىتىنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇراتتى. بۇنداق ئەمەلىي، ئىككى تەرەپتىن دۈشمەنگە دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتتە ستالىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى.

1941 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى يەنئەنگە ياپونىيىنىڭ زورىيىر تۈركۈم ھەربىي قىسمىنى ياپونىيىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىلىرىغا يېقىن جايغا يۆتكەپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى 8 ـ ئارمىيىنىڭ بېيپىڭ ، باۋتۇ قاتارلىق جايلاردىكى ياپونىيە ھەربىي بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلىشىنى ھەم بۇ بازىلارغا ئارقا سەپتىن تەمىنات يەتكۈزۈش لىنىيىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ ھەربىي ھەرىكەتلەرنىڭ مەقسىتى، ئېنىقكى، ياپونىيە ئارمىيىسىگە بەزى پارتىزانلىق ھۇجۇملارنى قوزغاپ پاراكەندە قىلىپلا قالماستىن بەلكى ياپونىيە ئارمىيىسىنى ئاقسىتىپ ، ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلالمايدىغان قىلىپ قويۇش ئىدى. بەلكىم شۇ چاغدا ستالىنىنىڭ ئويلىغىنى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئاۋۋالقى يىلدىكى «يۈز تۈەن ئۇرۇشى» دىكىدەك لۇشيەن يۈرگۈزۈشى ئىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ھەربىي مەسلىھەتچىسى لى دې يەنئەننىڭ ئىلگىرى بۇنداق پىلانغا قوشۇلغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەنىدى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ موسكۋاغا قويغان تەلىپى كەسكىن رەت قىلىنمىدى، بەلكى كېچىكتۈرۈپمۇ ھەل قىلىنمىدى. 1941 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى

ئارمىيىسىنىڭ ياپونىيە ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشى ئۈستىدە توختالغاندا، پرىنسىپ جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياردەم بېرىشكە كاپالەت بەرگەن، لېكىن كونكرېت جاۋاب بەرمىگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كېيىن ماۋ زېدۇڭ موسكۋانىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلمىدى، دەپ ھۆكۈم قىلدى. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى ماۋ زېدۇڭ موسكۋانىڭ ئىلتىماسىنى ئاشكارا رەت قىلدىمۇ دېمىدى. ئېنىقكى، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇيرۇققا بويسۇنماسلىقى ستالىننىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالىنىڭ ئىنتىزامى ۋە لۇشيەنىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلىش ۋەقەسى ئىدى.

ستالىنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىمى موسكۋانىڭ تەلىپىنى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئايلانما يوللار ئارقىلىق رەت قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئارمىيىسى ۋە ھەربىي ستراتېگىيىسىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى ئىدى. موسكۋا: ماۋ زېدۇڭنىڭ تەشەببۇسى موسكۋانىڭ لۇشيەنىگە خىلاپ ، گىتلېر ئارمىيىسى موسكۋاغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقاندا، ياپونىيە ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى قاتارىغا كىرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلاپ تەييارلىنىۋاتقاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەربىي ستراتېگىيىسى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇرۇشى قىلىشقا يۈزلەنگەن، دەپ قارىدى. 1941 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ياپونىيە گېنېرالى گاڭسۇن نىڭسى شەرقىي شىمالدىكى ياپونغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشقا تاقابىل تۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، «كۆيدۈرۈپ تۈگىتىش، ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىش، بۇلاپ تۈگىتىش» تىن ئىبارەت دەھشەتلىك «ئۈچ تۈگىتىش» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كېيىنكى بىرنەچچە يىلدىكى ھەربىي كۈچىگە ناھايىتى زور زىيان سالدى. ئوخشاشلا گومىنداڭ ئەسكەر - ئوفىتسېرلىرىنى يۆتكەپ، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا

رايوننى قورشاش ـ قامال قىلىشنى كۈچەيتتى. ياپونىيە ۋە گومىنداڭنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان ھەربىي بېسىمى ئالدىدا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ قوللانغان چارىسى ئارمىيىنى ياپونىيە ئارمىيىسى تازىلاۋاتقان رايوندىن پەقەت گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدىغان رايونلارغا چېكىندۈرۈش؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار ئارمىيىنى كىچىك ـ كىچىك قوراللىق خىزمەت ئەترەتلىرىگە ئۆزگەرتىپ دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە كىرگۈزۈپ، ئارمىيە كادىرلىرىنى يېزىلارغا چۈشۈرۈپ، ئامما بىلەن بىرلىكتە ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئىدى. 8 ـ ئارمىيىنىڭ كوماندىرلىرى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ياپونىيە ئارمىيىسى بىلەن زور كۆلەملىك كۈرەش ئېلىپ بېرىشتىن ساقلىنىشى ۋە كىچىك كۆلەملىك پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ھەربىي كۈچ ۋە بازىلارنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل ستراتېگىيىلىك يۆتكىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئەگەر جۇڭگو كوممۇنىستلىرى موسكۋانىڭ غەرىزى بويىچە ئىش كۆرۈپ، بارلىق ھەربىي كۈچلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ياپونىيە بىلەن زور كۆلەملىك ئۇرۇش قىلغان بولسا، گېنېرال گاڭسۇن نىڭسىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىنى يوقىتىش ۋەزىپىسىمۇ ئاسانلا ئورۇندالغان بولاتتى. لېكىن موسكۋانىڭ كۆز قارىشىدىن ئېيتقاندا، يەنئەننىڭ بۇ ھەرىكىتى پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىئونالىزمىغا خىلاپ بولۇپ، بۇنداق مەسىلەك ئاۋۋال سوتسىيالىستىك ۋەتەن — سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغداشتىن دېرەك بېرەتتى. ماۋ زېدۇڭ پەقەت ستالىننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئارمىيىسىدىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش بۇيرۇقىنى ئىلانما يوللار ئارقىلىق رەت قىلىپلا قالماستىن بەلكى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ ھەرىكەت قوللانغان ئىدى.

ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ جىددىي ئەھۋالدىمۇ بۇيرۇققا تولۇق بويسۇنمىغانلىقىغا قارىتا موسكۋا ھەرىكەت قوللىنىپ يەنئەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۆچەيتمەكچى بولدى. 1942 - يىلى 5 - ئايدا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئەمەلدارى پېتر ۋىلادىمىروۋ مەخسۇس ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ يەنئەنگە يېتىپ كەلدى. ئۇ جۇڭگو ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى ئىدى. ۋىلادىمىروۋ ئاۋۋال 1938—1940- يىللاردا، كېيىن 1941 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تا س س نىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى بولغانىدى. ئۇ خەنزۇچىنى ئىنتايىن ياخشى سۆزلەيتتى. ۋىلادىمىروۋنىڭ جۇڭگوغا زادى قانداق مەرتىۋە بىلەن كەلگەنلىكىنى چۈشىنىش ئىنتايىن قىزىق بىر ئىش ئىدى، بەختكە قارشى بولغىنى، بۇ ئىش توغرۇلۇق بىز ھازىرغىچە ھېچ نەرسە بىلمەيمىز، بەلكى بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال شەرق مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى پاۋېل مىپ جۇڭگوغا يوشۇرۇن كىرگەن چاغدا ئىگە بولغان ھوقۇققا ئوخشاش مەلۇم ئالاھىدە ھوقۇق بىلەن كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولسا، ماۋ زېدۇڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بۇ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان ئارىلىشىشتا ستالىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن ئانچە ئۈمىدۋار بولۇپ كەتمىسىمۇ بولاتتى. لېكىن شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىيىتى جىددىي بولغانلىقتىن ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئارمىيىسىنىڭ ياپونىيە ئارمىيىسى بىلەن كەڭ كۆلەملىك كۈرەش ئېلىپ بېرىشىغا ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق بىر سىناق ئېلىپ بېرىش ئەرزىيدىغان ئىش ئىدى، يەنە كېلىپ بۇنداق قىلغانغا ستالىننىڭ نېمىسى كېتىدۇ؟ ۋىلادىمىروۋنىڭ ۋەزىپىسى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە شەنشى - گەنسۇ - نىڭشا چېگرا رايونىنىڭ ئەھۋالىدىن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا تەكلىپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ۋىلادىمىروۋ جۇڭگوغا كەلگەندە

يەنئەنگە رادىئوگراما زاپچاسلىرىنى، يېڭى بىر گېنېراتور ۋە گېنېراتورغا كېرەكلىك بېنزىن، يەنە رادىئوگراما خادىمىدىن بىر نەپەر كىشىنى ئالغاچ كەلگەنىدى. شۇ چاغدا يەنئەندە سوۋېت ئىتتىپاقىلىق يەنە ئىككى نەپەر رادىئوگراما خادىمى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا ياردەم بېرىپ ئىشلەۋاتاتتى. ئېنىقكى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بۇنداق ھالقىلىق پەيتتە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. ئەگەر موسكۋا ماۋ زېدۇڭنى ستالىننىڭ لۇشيەنگە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر قىلالمىسا، ھېچ بولمىغاندا ماۋ زېدۇڭنىڭ ستالىننىڭ غەرىزىدىن «يىراقلاپ كەتكەن» لىكىنى تولۇق ۋە ئېنىق ھالدا كۆرسىتىپ ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ۋىلادىموۋ ئۆزىنىڭ يەنئەندىكى پائالىيىتىنى خاتىرىسىگە تەپسىلىي خاتىرىلەپ ماڭغانىدى. بۇ خاتىرىگە بىز تەنقىدىي نەزەر بىلەن قارىساقمۇ لېكىن بۇ ھۆججەتنىڭ قىممىتى ئىنتايىن زور. چۈنكى ئۇ، بۇ مەزگىلدىكى ستالىن بىلەن ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا كۆپ ئۇچرىمايدىغان بىرىنچى قول ماتېرىيال ئىدى.

ۋىلادىمىروۋنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يەنئەنگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىككى خادىمى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، 8 ـ ئارمىيە ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئالدىنقى سەپكە كەلگەن. ئۇلار يەنئەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋىلادىمىروۋقا قوللانمىغان دوكلات قىلىپ: 8 ـ ئارمىيە ئەمەلىيەتتە ياپونىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، قىلىۋاتقان ھەربىي تەييارلىقىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۈچۈن ھېچقاندا ھەرىكەت قوللانمىغان. ئەكسىچە، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ياپونىيىنىڭ ئاساسىي قىسىملىرى بىلەن قاتتىق توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن 8 ـ ئارمىيىنى تارقىتىپ ، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدىكى ئاساسىي قاتلاملارغا

ئەۋەتكەن، 8 ـ ئارمىيە پەقەت «چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتىدىن يىراق» يەرلەرنى تېخىمۇ كۆپرەك ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇنۇۋېتىپتۇ، دېگەن. ۋىلادىموۋ بۇ ماتېرىيالنى ۋاقتىدا موسكۋاغا يەتكۈزگەن.

1942 ـ يىلى باھار ۋە ياز ئايلىرى ئارىلىقىدا، ناتسىستلارگېرمانىيىسى يېڭى ھۇجۇم قوزغاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى پارتىيىسىنىڭ ئوخشاشمىغان مەنپەئەت توقۇنۇشىمۇ كۆپەيمەكتە ئىدى. ئالتىنچى بابتا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1942 ـ يىلىدىكى ۋەزىيىتى ئىنتايىن خەتەرلىك بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپونىيە مىلىتارىستلىرى قوزغىغان تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى توكيونىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ قالدى. 1942 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ياپونىيە ئارمىيىسى سىنگاپورنىڭ مۇھىم جايلىرىنى ئاسانلا ئىشغال قىلىۋالدى، ئاۋستىرالىيىنى ئىشغال قىلىش، قارىغاندا، پەقەت ياپون ئىمپېرىيىسى پاراخوت ئەترىتى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ ھەپتىسىدە مارجان دېڭىزىدىكى كۆرەشتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقتىن ۋاقتىنچە كېچىكىپ قالغانىدى. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى بۇ پەيتتە مۇداپىئەدە تۇراتتى. 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ياپونىيىنىڭ 145 پاراخوتتىن تەركىب تاپقان زور پاراخوت ئەترىتى ئارايول ئارىلىغا تېز سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىدى. ھاۋايغا ھۇجۇم قىلىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئارايول ئارىلى ياپونىيە پاراخوتلىرى ئارام ئالىدىغان ئورۇن ئىدى. ئۇ چاغدا ستالىن ياپونىيىنىڭ ھاۋايغا تاجاۋۇز قىلىش ھەربىي پىلانىدىن خەۋەرسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتىنىڭ تېخى چەكلەشكە ئۇچرىمىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتكەنىدى.

ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ 1942 ـ يىلى باھاردا قولغا

كەلتۈرگەن ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبىسى ياپونىيىنى ئىلھاملاندۇردى. ياپونىيە مانجۇرىيىدىكى ماتورلاشقان قىسىملىرىنى كۈچەيتىشكە باشلىدى. ۋىلادىموۋ دوكلات قىلىپ: مانجۇرىيىدە، چاۋشيەن ۋە ياپونىيە زېمىنىدا ياپونىيە ئارمىيىسى 50 دىۋىزىيىنى توپلىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئارمىيىنى ئىشلىتىپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلماقچى، دېدى. ئەگەر گېرمانىيە ئارمىيىسى 1942 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلسا، ئۇنداقتا ياپونىيە بەلكىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى قىيىن شارائىتقا چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆز قارىشىدىن قارىغاندا، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئارمىيىسى بىلەن ياپونىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنىڭ زور كۆلەملىك ئۇرۇش قىلىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇلۇشى قانچە تارقاق بولسا، توكيونىڭ سوۋېت قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلىشى شۇنچە مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

1942 ـ يىلى پۈتۈن ياز بويى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنئەندىكى ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئارمىيىسىدىن ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، قىلىۋاتقان ھەربىي تەييارلىقىنى مالىماتانىڭ قىلىۋېتىشىنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلدى. ماۋ زېدۇڭ ۋىلادىنوۋنىڭ تەلىپىنى يەنە بىر قېتىم قايرىپ قويۇپ، ياپونىيە ئارمىيىسى راستتىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىدىكەن، 8 ـ ئارمىيە چوقۇم ياپونىيە ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، دېدى. 1942 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ۋىلادىموۋ ماۋ زېدۇڭغا ئۇقتۇرۇپ: ياپونىيە دەل مانجۇرىيىدە ئۆزىنىڭ بىرونېۋىك قىسىملىرىنى

تەشكىللىمەكتە، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ تاڭكا دىۋىزىيىسى بار. ئۇنىڭ مەقسىتى — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيە چېگرىسىدىكى خاباروۋسكىنى ئىشغال قىلىش، دېدى. ماۋ زېدۇڭ ۋىلادىمىروۋنىڭ سۆزىنى قىتىغىمۇ ئالمىدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ياپونىيە ئارمىيىسىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ھۇجۇم قىلمىدى، ئەكسىچە ۋىلادىمىروۋ 8 - ئارمىيىنىڭ مۇنتىزىم ئۇرۇش قىلىش كۈچلىرىنى داۋاملىق تارايتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ قارىشىچە، 1942 - يىلى ياپونىيە ئارمىيىسىگە زور كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاش، ئەلۋەتتە، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈشكە باراۋەر ئىدى. جياڭ جېيشى بولسا، شىنجاڭدىن يەنئەنگە بارىدىغان تەمىنلەش لىنىيىسىنى ئۈزۈۋېتىشكە بار كۈچى بىلەن ئۇرۇنۇپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىدىكى قورشاش ۋە قامال قىلىشىنى كۈچەيتتى. ياپونىيە ئارمىيىسى «ئۈچ تۈگىتىش» سىياسىتىنى داۋاملىق يۈرگۈزۈۋاتاتتى. بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىمالىي جۇڭگودىكى ياپونغا قارشى بازىلىرىنى زور زىيانغا ئۇچراتتى. 1942 - يىلى ياز ئايلىرىغا كەلگەندىلا — ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ سولومون تاقىم ئاراللىرىغا قوزغىغان ئۇرۇشى ياپونىيىنى شىمالىي جۇڭگودىكى ياپونىيە ئارمىيىسىنى جەنۇبىي تىنچ ئوكيانغا يۆتكەشكە مەجبۇر قىلغاندىن كېيىنلا ياپونىيىنىڭ شىمالىي جۇڭگودىكى ياپونغا قارشى بازىلارغا بولغان بېسىمى يېنىكلەشكە باشلىدى. بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئاساسىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ياپونىيە ئارمىيىسى بىلەن زور كۆلەملىك ئۇرۇش قىلغاندا، شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ بىۋاسىتە تەھدىتىگە ئۇچرايتتى.

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ھەربىي لۇشيەنىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇقەررەر نەتىجىسى، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستلىرى قوللىنىشقا تېگىشلىك بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ گومىنداڭ بىلەن بولغان توقۇنۇشنى ئازايتىشى، جۇڭگونىڭ بارلىق ھەربىي كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشى كېرەك، تۈرلۈك چارىلەر ئارقىلىق گومىنداڭ بىلەن بىرلىشىپ، ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشى كېرەك؛ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ بارلىق ھەرىكىتى ۋە بارلىق كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ياپونىيىگە ئۈنۈملۈك قارشى تۇرىدىغان — ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ۋەزىپىگە بويسۇنۇشى لازىم، ئىدى. ۋىلادىمىنوۋ ماۋ زېدۇڭنىڭ يۈرگۈزىدىغىنى پەقەت پۇرسەت بولسىلا يېڭى يەر ئىگىلەش سىياسىتى بولۇپ، بۇنىڭ يۇقىرىقى «توغرا» سىياسىي يۆنىلىشكە مۇخالىپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا خىلاپ «مىللەتچىلىك خاھىشى» جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قارشىلىققا ئۇچرىدى. لېكىن بۇ ھالقىلىق پەيتتە ئومۇميۈزلۈك قارشى تۇرۇش كۈچىگە ئايلانمىغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كېيىن بەزى ماتېرىياللارنى ئېلان قىلدى. بۇ ماتېرىياللاردا، شۇ چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى زور بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى، مەلۇم دەرىجىدە، ۋاڭ مىڭ ۋە بوگۇ شۇ ۋاقىتتا ۋەكىللىك قىلغان كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ مەۋقەسىنى «قوللايتتى»، دېيىلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماتېرىياللىرىدا جاڭ ۋېنتيەن، پېڭ دېخۇەي ھەمدە شياڭ يىڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى 1941- 1942 - يىللىرى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ مەۋقەسىنى قوللىغۇچىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىدى. بەزى ئالامەتلەر ۋاڭ مىڭ لۇشيەنىنىڭ تەسىرىنىڭ شۇ چاغلاردا بەلكىم

تېخىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. مەسىلەن، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى 1982 - يىلى ئېلان قىلغان ئىستىل تۈزىتىش توغرىسىدىكى بىر ئىچكى قوللانمىدا: 1942 - يىلى «ۋاڭ مىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا تەسىرى ئىنتايىن چوڭ ئىدى»، دېيىلگەن. بۇنداقلا قارىغاندا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى ماۋ زېدۇڭنىڭ «مىللەتچىلىك خاھىشى»دىن چۆچۈپ تۇراتتى. بۇ ئەلۋەتتە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى بۇ كىشىلەر ماۋ زېدۇڭغا تايانمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدە باش كۆتۈرۈپ يۈرگەن ھەمدە ماركسىزم، لېنىنىزمغا ئېتىقاد قىلغۇچى سۈپىتىدە ئۇزۇندىن بېرى سوۋېت ئىتتىپاقىنى سوتسىيالىزمنىڭ بۆشۈكى، دەپ بىلگەن، ئۇزۇندىن بېرى جاھانگىرلىكنىڭ سوتسىيالىزمنى بۆشۈكىدە ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان ئۇرۇنۇشىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە، بۇرۇنلا ھۆكۈم قىلىنغان خەلقئارا ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇپ قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى ئاخىرى يۈز بەردى. ماۋ زېدۇڭ بولسا «پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىئونالىزمى»غا خىلاپ بولغان سىياسەتنى ھەقىقەتەن يۈرگۈزمەكتە ئىدى. جۇڭگو ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى بىلەن دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقتا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش بۇ بىر ئىش؛ بۇ خىل پوزىتسىيە بىلەن سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىغا مۇئامىلە قىلىش پۈتۈنلەي باشقا بىر ئىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1942 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغانلىقىدىكى بىۋاسىتە سەۋەبلەرنىڭ بىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمرىنى ماقۇل كۆرۈپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ لۇشيەنىگە بويسۇنمىغانلىقى

بولۇشى مۇمكىن: يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى گىتلېرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش بىلەن بەند بولۇپ تۇرغاچقا، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغانىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندىمۇ، ئىستىل تۈزىتىش زۆرۈر ئىدى.

ۋىلادىمىنوۋنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ماۋ زېدۇڭنىڭ پاسسىپ ھەربىي سىياسىتىدىن نارازى ئىدى. بۇنىڭغا ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسىنىڭ سىرت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئايرىۋېتىش بىلەن ئىنكاس قايتۇردى. 1941 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىنى قوبۇل قىلمايدىغان بولدى ھەمدە كاڭ شېڭنىڭ ئاخبارات خادىملىرى ئالاقە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىنى نازارەت قىلىشقا باشلىدى. ئىلگىرى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى پارتىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئائىت ماتېرىياللارنى ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسىغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى، ماۋ زېدۇڭ بۇنداق ئۇسۇلنى بىكار قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەھۋاللارنى ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى چەكلىدى. ۋىلادىمىنوۋنىڭ شۇ چاغدىكى ئورنىغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ يۇقىرىقى ئۇسۇلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ نىزامنامىسىگە خىلاپ ئىدى.

ماۋ زېدۇڭ موسكۋانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ئىچىدە ماۋ زېدۇڭنىڭ يۇقىرىقى ئۇسۇلىدىن نارازى بولغانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىككى ئامىل ۋاڭ مىڭنى بىرىنچى بولۇپ سەكرەپ چىقىپ، ماۋ زېدۇڭغا

خىرىس قىلدۇرغان بولۇشى مۇمكىن، ۋىلادىمىنوۋنىڭ ئېيتىشىچە، 1941 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ماۋ زېدۇڭ بىلەن ۋاڭ مىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ كۈنسايىن ئۆتكۈرلەشكەن، ماۋ زېدۇڭ بۇنىڭغا قارىتا بىر مەيدان ھەرىكەت قوزغاپ، ۋاڭ مىڭ بىلەن موسكۋانىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى تەسىرىنى بىراقلا تازىلاپ تۈگىتىش قارارىغا كېلىش ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇردى.

## 2. ستالىن ۋە يەنئەن ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى

1942—1944 - يىللاردا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزىنىڭ بازىلىرىدا ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. بۇ ھەرىكەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم موسكۋانىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، ئەلۋەتتە، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ھەرگىزمۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ مىللەتچىلىكى بىلەن ۋاڭ مىڭنىڭ ئىنتېرناتسىئونالىزمى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ نەتىجىسى ئەمەس ئىدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ يەنە بىرقانچە مۇھىم سەۋەبلىرى بار ئىدى: ياپونىيە ئارمىيىسى دەھشەتلىك «ئۈچ تۈگىتىش» تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان، گومىنداڭ ئارمىيىسى چېگرا رايونلارغا قاراتقان قامالنى كۈنسايىن كۈچەيتىۋاتقان پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتە قاتمۇ قات قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنىدى. ئىستىل تۈزىتىشنىڭ مەقسىتى يۇقىرىقى قىيىنچىلىقلارنى تۈگىتىش ئىدى. ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى يەنە چەتتىن كەلگەن مۇرەككەپ ئىدىيە — ماركسىزم - لېنىنىزمنى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تىرىشىپ كەڭ ئاممىغا چۈشەندۈرۈشى دەپمۇ

قارالغانىدى. ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى يەنە گومىنداڭ ۋە ياپون قاراقچىلىرىنىڭ جاسۇسلىرىنى تىرىشىپ تازىلاش ھەمدە ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا مۇخالىپ ئىدېئولوگىيىلەرنىڭ تەسىرىنى تازىلاش ئىدى. لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى «ئىنتېرناتسىئونالىزم» چىلارنى، يەنى «دوگماتىزم» چىلارنىڭ تەسىرىنى تازىلاش ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسىتى ئىدى. خۇددى 1984 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىستىل تۈزىتىش توغرىسىدا يېزىلغان بىر كىتابتا ئىزاھلانغاندەك، 1935 ـ يىلى 1 ـ ئايدا چاقىرىلغان زۇنيى يىغىنى «پۈرسەتپەرەس» لەرنى ئاساسىي جەھەتتىن يەڭگەن بولسىمۇ، لېكىن ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋە ۋەزىيەتنىڭ باشقا ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن، بۇ خىل «خاتا ئىدىيىلەرنىڭ مەنبەسى ئەسلا تولۇق تۈگىتىلمىگەن» ئىدى. ۋاڭ مىڭ «دوگماتىزمى» نىڭ پارتىيە ئىچىدە ھېلىھەم تەسىرى بار ئىدى ھەمدە خىلمۇ خىل شەكىللەردە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. مەسىلەن: «پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىنى چۈشىنىپ، جۇڭگونى چۈشەنمەيتتى»، «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىسىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈۋەتكەن» ئىدى. خۇددى بەزىلەر كۆرسەتكەندەك، ۋاڭ مىڭ ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنىڭ قارىغا ئالىدىغان «ئالاھىدە نىشانى» ئىدى.

«سۇبيېكتىۋىزم» «گۇرۇھۋازلىق» ۋە «پارتىيە باگۇسى» ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە تەنقىدلەنگەن، «دوگماتىزم»، «سۇبيېكتىۋىزم» نىڭ ئەڭ خەتەرلىك ۋە ئەڭ مۇھىم بىر خىل شەكلى، دەپ قارالغانىدى. ماۋ زېدۇڭمۇ كېيىن «دوگماتىزم» نى ئەنە شۇنداق شەرھلىگەنىدى. ماۋ زېدۇڭ: دوگماتىزمچىلار «ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتى» نى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى رەت

قىلىدۇ، دېگەنىدى. چەت ئەلنىڭ نەزەرىيىسىگە تايىنىش، چەت ئەلنىڭ فورمۇلىسىنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىش، جۇڭگو ئىنقىلابىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شەرتى ئاستىدا ماركسىزمنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئېتىراپ قىلماسلىق دوگماتىزمنىڭ ماھىيىتى ئىدى، ماۋ زېدۇڭ چۈشەندۈرۈپ، دوگماتىزمچىلار راستىنلا جۇڭگونى بىلمەيدۇ، جۇڭگو ئىنقىلابىنى چۈشەنمەيدۇ، پەقەت چەت ئەلنىڭ تارىخىنى ۋە چەت ئەلنىڭ ئىنقىلابىنى بىلىدۇ دېگەنىدى. بىزگە مەلۇمكى، 1938 ـ يىلى 9 ـ ئايدا چاقىرىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭ بۇ كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. 1939—1940 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئۇ بۇ كۆز قاراشنى يەنە بىر قېتىم ئېغىزغا ئالغانىدى. لېكىن، دەل ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى مەزگىلىدە ماۋ زېدۇڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويدى.

ماۋ زېدۇڭ 1941 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى رەسمىي باشلىدى. ئۇ چاغدا ئۇ پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلەپ، ئىنقىلابنىڭ نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش چوقۇم جۇڭگو جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىن باشلىنىشى، ئاندىن ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ۋە كلاسسىك نەزەرىيىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئۆتۈش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. ماۋ زېدۇڭ بېشارەت بېرىپ، ئەگەر بۇنداق قىلمىساق، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىش ـ كەلمەسلىكىنى ئويلانمايلا، چەت ئەلنىڭ نەزەرىيىسىنى خام ـ خۇتىلا قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، دېگەنىدى. لېكىن ماۋ زېدۇڭنىڭ 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى نۇتۇقى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، يەنى ناتسىستلار گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا

ھۇجۇم قىلىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئېلان قىلىندى. ئەگەر ناتسىستلار گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلمىغان بولسا، ماۋ زېدۇڭ دوگماتىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرالىغان بولارمىدى؟ ئەپسۇسكى، بىز ماۋ زېدۇڭنىڭ 1941 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن بۇرۇن بۇ مەسىلىگە تۇتقان ھەقىقىي غەرىزى توغرىسىدا پەقەت بەزى پەرەزلىرىمىزنىلا ئوتتۇرىغا قويالايمىز. مەيلى قانداق بولسۇن، ناھايىتى ئېنىقكى، سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىققىتىنى ياۋروپاغا تارتقاندىن كېيىن ماۋ زېدۇڭ ۋاڭ مىڭ دوگماتىزمىغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرالىدى. گەرچە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يەنئەندە تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرسىمۇ، ئەلۋەتتە بۇ ھەرگىزمۇ ماۋ زېدۇڭ گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىشىنى ئالقىشلايتتى، دېگەنلىك ئەمەس، بۇ خۇددى جۇڭگونىڭ «بىر زىياننىڭ بىر پايدىسى بار» دېگەن تەمسىلىدە ئىپادىلەنگەن ھېكمەتكە تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى.

سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى تېخىمۇ جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. 1941 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىغا 20 يىل توشقان پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشكە چاقىردى. 9 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي بيۇروسى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى قوزغاپ، پارتىيە ئىچىدە بىر مەيدان «ئىدىيىۋى ئىنقىلاب» ئېلىپ بېرىشنى رەسمىي جاكارلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىن پارتىيىنىڭ تارىخىنى، بولۇپمۇ 1927— 1937 - يىللىرىدىكى پارتىيىنىڭ لۇشيەنى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. ۋىلادىمىروۋنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ۋاڭ

مىڭ 1938 - يىلى ۋۇخەندىكى چېغىدا پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تەنقىدكە ئۇچرىغان ۋە بۇ توپەيلى كەسكىن مۇنازىرە قوزغالغان. ۋاڭ مىڭنىڭ 1938 - يىلى پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنىڭ ماھىيىتى قەيەردە ئىدى؟ خۇددى ئۇچىنچى بابتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ، ستالىننىڭ لۇشيەنىگە بويسۇناتتىكى، ماۋ زېدۇڭنىڭ لۇشيەنىنى ئىجرا قىلمايتتى. ۋىلادىمىروۋ: بۇ يىغىنغا قاتناشقان يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس ئىدى. بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كېيىن ئېلان قىلغان ماتېرىياللىرىدا ۋاستىلىك ھالدا ئىسپاتلانغان، دېگەنىدى. بۇ ماتېرىياللاردا: مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىنىڭ زۆرۈرلۈكى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ نەزەرىيىسى بىلەن ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئومۇمىي مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىشنىڭ قارار قىلىنغانلىقى ئېيتىلغانىدى. كېيىن مەركىزىي كومىتېت ئۆگىنىش تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ماۋ زېدۇڭ گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا، ۋاڭ جىياشياڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

1942 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. ئاۋۋال جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە مەكتىپى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى. 1942 - يىلى 2 - ئايغا كەلگەندە، تەخمىنەن 1000 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر بۇ يەرگە توپلىنىپ ئۆگىنىش ئېلىپ باردى. 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ماۋ زېدۇڭ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا «پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىپ، پۈتۈن پارتىيە تىرىشىپ، ئىدىيىنى ۋە خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىشكە چاقىرىق قىلدى. بۇ، ئىستىل تۈزىتىش

ھەرىكىتىنى داغدۇغىغا كۆتۈردى. 8 - ئايدا، ماۋ زېدۇڭ يەنئەن كادىرلار يىغىنىدا «پارتىيە باگۇسىغا قارشى تۇرايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات مىنىستىرى كەي فېڭ ئىستىل تۈزىتىش توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىدى؛ «ئازادلىق گېزىتى» بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن نوپۇزلۇق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. مۇھاكىمە، تەكشۈرۈش، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد تېزلىك بىلەن قانات يايدۇرۇلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر خىل قورقۇنچلۇق كەيپىيات ئەۋج ئالدى، ھەربىر ئادەم ئۆز ئورگىنىدىكى ئىدىيە ئۆزگەرتىشنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى، ئىستىل تۈزىتىش ئاۋۋال جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىدىن باشلاندى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنئەننىڭ سىرتىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە گۇرۇپپىلىرىغىچە كېڭەيتىلدى. 1942 - يىلى يازدا، پۈتكۈل شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىدىكى پارتىيە گۇرۇپپىلىرى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتكەنىدى.

دوگماتىزملىق لۇشيەندىن ھېساب ئېلىشقا ئەگىشىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى داھىيلىق ئورنى تەدرىجىي كۈچىيىشكە باشلىدى. 1942 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەربىي شىمال بيۇروسى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىردى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا 266 نەپەر كادىر قاتناشتى. ماۋزېدۇڭنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكى ئاستىدا، يىغىن شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىدىكى خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ۋە خۇلاسىلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىن 1943 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە ئېچىلىپ، يىغىن باشلانغان چاغدا ماۋ زېدۇڭ نۇتۇق سۆزلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى

بولشېۋىكلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماۋ زېدۇڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىنتىزامغا رىئايە قىلمايدىغان ھادىسىلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشكە چاقىرىق قىلدى. بۇ يىغىن ئېچىلىپ بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن چاقىرىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ داھىيلىق ئورنىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى. 1943 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو يىغىنى ماۋ زېدۇڭنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت سېكرېتارىياتىنىڭ رەئىسى قىلىپ بېكىتتى. ماۋ زېدۇڭ ھەقىقىي ھالدا «رەئىس ماۋ زېدۇڭ» بولدى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ باشقا ئىككى سېكرېتارى ليۇشاۋچى، رېن بىشى ئىدى.

غەربىي شىمال بيۇروسى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ماۋ زېدۇڭنىڭ تەشەببۇسىغا ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىنى يېزىشقا سىستېمىلىق قەدەم باستى. ئەنئەنىۋى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخى يەنئەن ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى تەسىرى تازىلانغاندىن كېيىن يېزىلغانىدى. بۇ يەردە كۆپ خىل ئامىل يەنە بىر قېتىم رول ئوينىغانىدى. جۇڭگودا ھوقۇق ئىشلىتىش جەھەتتە تارىخشۇناسلىق ناھايىتى زور رول ئوينىغانىدى. بۇ جەھەتتە ئەڭ تىپىك بولغىنى تارىخنى تەتقىق قىلىشتىن «قانۇنىيەت» تېپىش، بۇ، ماركسىزمنىڭ بىر ئەنئەنىسى ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنىڭ «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى» دېگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، بەلكى «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى»نىڭ «توغرا» لىقى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ «كونكرېت تارىخى جەريانى» ئارقىلىق

ئىپادىلىنىپ چىققانىدى. بۇ نۇقتىدىن چىقىپ، ۋاڭ مىڭنىڭ دوگماتىزمچىلىرىنىڭ خىلمۇ خىل خاتالىقلىرى پاش قىلىنغان ھەمدە ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى داھىيلىق ئورنى رەسمىي تۇرغۇزۇلغانىدى.

1938 - يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىنى ئاۋۋال چېن بودا يازغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاشنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى (1928—1941) پارتىيە تارىخى توغرۇلۇق بىر كىتاب تەييارلىدى. 1942 - يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدا چاقىرىلغان پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى يىغىنىدا بۇ باسقۇچتىكى تارىخنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە چۈشەندۈردى. بۇ باسقۇچتىكى تارىخنىڭ ئاساسىي تېمىسى، ۋاڭ مىڭ 30 - يىللاردا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خىلمۇ خىل مەغلۇبىيەتلىرىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك، دەپ قارىلغانىدى. زۇنيى يىغىنىدىن بېرى كىشىلەر: 1931—1935- يىللاردا پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنى ئەمەس، پەقەت ھەربىي لۇشيەنى خاتا ئىدى دەپ قارىغان. لېكىن 1943 - يىلى 1 - ئايدا رېن بىشى بىر نۇتۇق ئېلان قىلىپ، بۇنداق كۆز قاراشنى تۈگەتكەنىدى. رېن بىشى: دەل مۇشۇ مەزگىلدىكى سىياسىي لۇشيەندىكى خاتالىق جۇڭگو كوممۇنىستلىرى جىياڭشى سوۋېت رايونى مەزگىلىدە ئۇچرىغان ئاپەتلەرنى پەيدا قىلغان، دېدى. رېن بىشى: 1931—1935 - يىللىرى مەزگىلىدىكى لۇشيەن شۇنچىلىك خاتا بولغانكى، بۇ لۇشيەن پەيدا قىلغان يامان ئاقىۋەتلەر چېن دۇشيۇ، لى لىسەنلەرنىڭ پۇرسەتپەرەسلىك لۇشيەنىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى دەپ قارىغان. لېكىن ھەربىر ئادەم 1931—1935 - يىللاردىكى لۇشيەن خاتالىقىغا موسكۋانىڭ

مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلىسمۇ، لېكىن ماۋ زېدۇڭ ئېھتىيات قىلىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئەسلا ئېغىزغا ئالمايتتى؛ بۇ جەھەتتە ئىشلەنگەن تېخنىكىلىق بىر تەرەپ قىلىش — خاتا لۇشيەن باشلانغان ۋاقىتنى (بۇ چاغدا بوگۇ پارتىيىنىڭ سېكرېتارى ئىدى). 1931 - يىلى 1 - ئايغا بېكىتمەي، 1931 - يىلى 9 - ئايغا بېكىتىشتىن (بۇ چاغدا بوگۇ پارتىيىنىڭ سېكرېتارى ئىدى» ئىبارەت ئىدى. ۋاڭ مىڭ مۇشۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ۋەكىلى مېپ تەرىپىدىن يۆلەپ تەختكە چىقىرىلغانىدى. خاتا لۇشيەنىنىڭ باشلانغان ۋاقتىنى 1931 - يىلى 9 - ئايغا بېكىتىش ۋاڭ مىڭ بىلەن مىپنى ۋاقتىنچە بۇ خاتا لۇشيەنگە مەسئۇل قىلماسلىق ئىدى.

1943 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى پارتىيىنىڭ تارىخىي باسقۇچلىرىنى خۇلاسىلەش باسقۇچىغا كىرگەنىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار رېن بىشىنىڭ دوكلاتىنى كۆپ قېتىم مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە 1931- 1935 - يىللار ئارىلىقىدا ۋاڭ مىڭنىڭ رەھبەرلىك رولىنى مۇھاكىمە قىلدى. «ئىككى خىل لۇشيەن» سەرلەۋھىلىك پارتىيە تارىخى توپلىمى نەشىر قىلىندى. بۇ كىتابتا ۋاڭ مىڭنىڭ 1931- 1940 - يىللاردىكى كۆز قارىشى تىلغا ئېلىنىغانىدى. ۋاڭ مىڭنىڭ بۇ ئارىلىقتا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ توغرا ئىدىيىسىنىڭ بۇ خاتالىقلارغا قارشى كۆرەش قىلىش جەريانىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرگەنىدى. 1944 - يىلى 4 - ئايدا، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار بۇ پارتىيە تارىخىدىكى زور مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي، بوگۇ، جاڭ ۋېنتيەنلەرنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن، رېن بىشى «پارتىيىنىڭ بىر قانچە تارىخىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»

نى يېزىپ چىقتى. بۇ قارارنى ماۋزېدۇڭ ئۆزى ئاخىرى بېكىتكەندى. كېيىنچە جۇڭگونىڭ ئالاقىدار تەرەپلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئەنئەنىۋى پارتىيە تارىخى ھۆججەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 7 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشىغا ھەمدە 1945 - يىلى باھاردا چاقىرىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 7 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا مۇھىم «ئىدىيىۋى تەييارلىق» قىلىپ قويغانىدى. پارتىيىنىڭ تارىخىنى ماۋ زېدۇڭىزىم بىلەن شەرھلىگەندىن كېيىن 7 - قۇرۇلتاينى چاقىرىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى رەسمىي باشلانغانىدى.

1931 — 1935 - يىللاردىكى لۇشيەننى پۈتۈن پارتىيە ناتوغرا دەپ تونۇغان ھامان، ۋاڭ مىڭ ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈشى كېرەك ئىدى. ۋاڭ مىڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنى قوللىغان كىشىلەر، مەسىلەن، جاڭ ۋېنتيەن، ۋاڭ جياشياڭ قاتارلىقلار ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرىنى تەكشۈرگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان پارتىيە ئەزالىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش تەلەپ قىلىندى. ۋاڭ مىڭ بولسا خاتالىقنى ئىقرار قىلىشنى رەت قىلدى، ئۆزىنى ئۆزى تەنقىدلەشنى رەت قىلدى. ۋىلادىمىنوۋ: ۋاڭ مىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشمەكچى بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئۇنى قوغدىدى، دېگەنىدى. 1943 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋاڭ مىڭ ئۆزىنى داۋالايدىغان دوختۇر ئارقىلىق موسكۋاغا تېلېگرامما بېرىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىلگىرىكى رەھبىرى دېمىتروۋنىڭ ماۋ زېدۇڭغا ۋاڭ مىڭ ئىلگىرى قوللانغان سىياسەتنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يېتەكچى لۇشيەنى ۋە

كۆرسەتمىسى بىلەن بىردەكلىكىنى، ۋاڭ مىڭ پەقەت بۇ كۆرسەتمىلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلغانلىقىنى (ۋاڭ مىڭ يەنە ماۋ زېدۇڭنىڭ لۇشيەنى فاشىزمغا قارشى بىرلىك سەپنىڭ مەنپەئەتىگە مۇخالىپ دېگەن) ئېيتىپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ۋىلادىمىنوۋ ۋاڭ مىڭنىڭ تەكلىپىنى ۋاقتىدا موسكۋاغا يوللىدى. 1944 - يىلى 1 - ئايدا، دېمىتروۋنىڭ جاۋاب تېلېگراممىسى يەنئەنگە كەلدى. ماۋ زېدوڭ تېلېگراممىا بېرىپ: دېمىتروۋ سىز خاتىرجەم بولۇڭ، بىز باشتىن - ئاخىر ۋاڭ مىڭغا پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىق پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىمىز، دېدى. قارىغاندا، دېمىتروۋنىڭ ئارىلىشىشى تۈپەيلىدىن ۋاڭ مىڭ ئۆزىنى مەجبۇريي تەكشۈرۈشتىن ساقلىنىپ قالدى. لېكىن 1943 - يىلى 12 - ئايغا كەلگەندە، ۋاڭ مىڭ ئۆزى ماۋ زېدۇڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يومشاتماقچى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن 10 - ئايدا دېمىتروۋغا بەرگەن تېلېگراممىسىدىن پۇشايمان قىلدى.

بىرنەچچە قېتىملىق كۈرەشلەردىكىگە ئوخشاش، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى جەريانىدا ماۋ زېدۇڭ سىياسىي ستراتېگىيىچى ئۇستاز بولۇشتەك شىجائىتىنى ئىپادىلىگەندى. ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆلۈك كۆچۈرۈپ كەلگەن كىشىلەرگە تارمار قىلىش خاراكتېرلىك ھۇجۇم قىلغاندا، بۇ ھەرىكەت موسكۋانى ئەسلا بىۋاستە تەنقىد قىلمىغان. بىۋاستە ستالىنغا قارىتىلمىغان ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسىگە ئايلانغان، ماركسىزم - لېنىنىزمغىمۇ قارشى تۇرمىغانىدى. ئەكسىچە، 1938 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى ئاگېنتلىرىنى تەنقىد قىلغاندا، ماۋ زېدۇڭ موسكۋاغا سادىقلىقىنى ئىپادىلىگەندى. ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى داۋامىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان خىلمۇ خىل قاراشلار،

جۈملىدىن دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم، ماتېرىيالىستىك بىلىش نەزەرىيىسى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھەل قىلغۇچ رولى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىرلىكى ھەمدە ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ سىنىپىلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ماۋ زېدۇڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا خاس ماركسىزم- لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى بۇ قائىدىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى، دەپ قارايتتى. خۇددى ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆزى 1941 - يىلى 5 - ئايدا، ھۆكۈمەت تەرەپ يازغان سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (ب) پارتىيىسىنىڭ ستالىنزملىق تارىخى ئۈستىدە توختالغاندا:

«سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسى (ب) تارىخىدىن قىسقىچە ئۇقۇشلۇق» بىر ئەسىردىن بۇيانقى پۈتۈن دۇنيا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ يۇكسەك ئۇنىۋېرسال خۇلاسىلىنىشى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ تىپى، پۈتۈن دۇنيادا پەقەت مۇشۇنداق بىر پۈتۈن تىپ بولغان؛ بۇ لېنىن، ستالىنلارنىڭ ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن قانداق بىرلەشتۈرگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن ماركسىزمنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى كۆرسەك، جۇڭگودا بىزنىڭ قانداق خىزمەت قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلەلەيمىز، دېگەنىدى.

ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى جەريانىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا ئىنچىل سادىق بولىمىز» دەپ قايتا - قايتا ئىزھار قىلدى. مەسىلەن، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنىڭ بىرى بولغان، چېن يۈن يازغان «كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ قانداق ئەزاسى بولۇشى كېرەك» دېگەن كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «كوممۇنىستىك

ئىنتېرناتسىئونال ۋە پارتىيىنىڭ پروگراممىسى ھەم پارتىيە نىزامنامىسىنى ئېتىراپ قىلىپ پارتىيە تەشكىلاتىغا كىرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاكتىپ خىزمەت قىلغان، ئىنتېرناتسىئونالغا ۋە پارتىيىنىڭ بارلىق قارارلىرىغا بويسۇنغان كىشىلەر پارتىيىگە ئەزا بولالايدۇ»؛ ماۋ زېدۇڭمۇ ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتى توغرىسىدىكى بىرنەچچە قېتىملىق نۇتقىدا مەلۇم دەرىجىدە ئەنئەنىۋى ستالىن تەلىماتىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر كىشى ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئىپادىلىگەنىدى؛ ستالىنىدىن ئارقىمۇ ئارقا نەقىللەرنى كەلتۈرۈپ: ستالىنىنىڭ سۆز - ئىبارىلىرى ئىخچاملىقىنىڭ تىپى، ستالىن يېڭى ئۇقۇم - ئىبارىلەرنى ئىجاد قىلىشقا ماھىر، پارتىيە ئىچىدىكى كۈرەشنى قانداق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۇستازى، دېگەنىدى؛ ستالىنىنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق نۇتۇقى ۋە بىرنەچچە پارچە ماقالىسى، دېمىتروۋ بىلەن لېنىننىڭ ماقالىلىرى ھەمدە «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (ب) پارتىيىسىنىڭ قىسقىچە دەرسلىكى» دىكى ستالىنچە پۇراقتا تولۇق كىرىش سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتىدە ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلار دەپ بېكىتىلگەنىدى.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ماۋ زېدۇڭ ستالىنىنىڭ بەزى نەزەرىيىلىرىدىن پايدىلىنىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇش غەرىزى بىلەن قارشىلاشقانىدى. پارتىيە قۇرۇش، بەلكىم، روسىيىلىكلەرنىڭ ئاسىيا ئىنقىلابىغا ھەدىيە قىلغان ئەڭ زور سوۋغىسى بولۇشى مۇمكىن، دەل ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتى جەريانىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، ئۆزۈل - كېسىل بولشېۋىكلاشقانىدى.» ئىستىل تۈزىتىش جەريانىدا جۇڭگو كوممۇنىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇسۇلىنى دوراپ، تۇنجى قېتىم پارتىيە تەشكىلىنى تەرتىپكە

سالغانىدى، پۈتۈن پارتىيىدە سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە تەشكىلىي ئىنتىزام ئورناتقان، گۇرۇھۋازلىققا زەربە بەرگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدە ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەممىدىن يۇكسەك داھىيلىق ئورنىنى تۇرغۇزغانىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ قەھرىمانلىقىغا چوقۇنۇشمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئوتتۇرىغا چىقىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مېڭىسىگە ئورناشقانىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنىڭ كۈچىيىشى 1944 — 1945 - يىللاردىكى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە ئەھمىيەتلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. مۇبادا ناتسىتلار گېرمانىيىسى تارمار بولۇشقا باشلىسا، ستالىن يىراق شەرقتە ئۆزى دۈچ كېلىدىغان تاللاشنى ئويلىنىشقا باشلايتتى، ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارغا چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاشمىسا بولمايتتى. ئەلۋەتتە ئۇ يەنىلا داۋاملىق ماۋ زېدۇڭغا بېسىم ئىشلىتەلەيتتى. لېكىن ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى ئۆكتىچى گۇرۇھلارنى قوللاپ، ئۇلارغا ئىلھام بېرىپ، شۇلار ئارقىلىق ماۋ زېدۇڭغا بېسىم ئىشلىتەلمەيتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماۋ زېدۇڭنى داھىي قىلغان، ستالىننىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان بىر پارتىيە ئىدى.

ستالىنچە پارتىيە ئىچىدىكى كۈرەشنىڭ ئۇسۇلىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن، ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، 40 - يىللاردا ئىستىل تۈزىتىشكە زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان ۋەقەلەر كۆرۈلگەنىدى. جۇڭگونىڭ يېقىندىن بېرىقى ماتېرىياللىرى ئىستىل تۈزىتىشنىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈر بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا ماۋ زېدۇڭ ئەمەس، كاڭ شېڭ مەسئۇل بولۇشى كېرەك ئىدى. كاڭ شېڭ شۇ چاغدا مەركىزىي كومىتېت

سىياسىي بيۇروسى سىياسىي قوغداش ئورگىنىنىڭ باشلىقى ئىدى. بۇ ئورگاننىڭ فۇنكسىيىسى مەخپىي ساقچىغا ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئىستىل تۈزىتىشنىڭ ئاۋۋالقى بىرنەچچە يىلىدا كاڭ شېڭ زور رول ئوينىغانىدى. بىر پارچە ماتېرىيالغا قارىغاندا، كاڭ شېڭ ئىستىل تۈزىتىشنى «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش» دەپ قاراپ، يۇقىرى بېسىملىق ۋاستىلەرنى ۋە «رەھىمسىز كۈرەش قىلىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كادىرلارغا زىيانكەشلىك قىلغان، نۇرغۇن كادىرلار ئاممىنىڭ كۈرەش قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. «كېيىن قوغداش بۆلۈملىرىگە ئەۋەتىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىنىپ، بىر تەرەپ قىلىنغان» . كاڭ شېڭ خالىغانچە ئادەم تۇتاتتى، بەزىلەر ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. قورقۇنچلۇق ۋەھىمە ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەنىدى. تاكى 1943 - يىلى 10 - ئايغا كەلگەندە بۇ خاتا قىلمىق ئاندىن چەكلەندى. ھىندونېزىيىلىك بىر پارتىيە ئەزاسى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە دەل يەنئەندە ئىدى. كېيىن ئۇ ھىندونېزىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى بولغان، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئىستىل تۈزىتىش جەريانىدا نۇرغۇن كىشىلەر ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. گەرچە بىز بۇنداق ئىشلارغا گۇمانىي پوزىتسىيە تۇتساقمۇ، لېكىن ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلىغا قارىغاندا، ھەرىكەت ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن ئۆتكۈر بولغانىدى. ئەمما، خۇددى مەلۇم كىشىلەر كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ئۇ كەسكىن ھەرىكەت كادىرلارنى خاتالىقتىن ۋاز كېچىشكە قايىل قىلىپ، يېڭى ئەنئەنىۋى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئىشەندۈرۈشتىكى بىر خىل ۋاستە ئىدى. دەل مۇشۇ مەنىدە ماۋ زېدۇڭ ستالىننىڭ ئۇسۇلىنى ئىشلىتىپ موسكۋانىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تىزگىنلەش غەرىزىگە تاقابىل تۇرغانىدى.

ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنئەندە

تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرىنىڭ كۆز ئالدىدىلا قانات يايدۇرۇلغانىدى.
1943 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ئىككى نەپەر رادىئوگرامما خادىمى بىر نەپەر تا س س مۇخبىرى يەنئەندىن ئايرىلدى، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئالاقە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەمەلدارى ۋلادىمىروۋ ۋە باشقا تۆت نەپەر سوۋېت ئىتتىپاقلىق كىشى يەنىلا ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقانغا قەدەر يەنئەندە تۇرغانىدى. ۋلادىمىروۋ 1945 ـ يىلى 11 ـ ئايغا كەلگەندىلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتقانىدى. 1942 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئۇ ئەمدىلا يەنئەنگە كېلىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا خاتىرىسىگە «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇھى ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن خاتىرجەمسىزلىنىدۇ.» 1942 ـ يىلى باھاردا ئىستىل تۈزىتىش تېزلىك بىلەن قانات يايدۇرۇلدى، «ۋەزىيەتنىڭ شۇنچىلىك ئېغىرلىقىنى بايقىدىم، بۇ پۈتۈنلەي مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى»، دەپ يازغانىدى. گەرچە ماۋ زېدۇڭ ۋلادىمىروۋغا چۈشەندۈرۈپ ئىستىل تۈزىتىش پەقەت پارتىيە ئىچىدىكى بىر مەيدان ئىدىيىۋى كۈرەش، دېگەن بولسىمۇ ۋلادىمىروۋ، ماۋ زېدۇڭنىڭ چۈشەندۈرۈشى كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ دېگەنىدى. ئۇ: ماۋ زېدۇڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ خاتالىقىغا ئىشىنىدۇ ھەمدە «دوگماتىزم» غا قارشى تۇرۇشنى نىقاب قىلىپ ۋە بۇ نىقاپتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنى قوللايدىغان كىشىلەرگە زەربە بەردى، دېگەنىدى. ۋلادىمىروۋنىڭ قارىشىچە، 1942 ـ يىلى باھار ۋە يازدىكى ھالقىلىق پەيتتە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بارلىق كۈچلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ياپونىيە ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىشى كېرەك ئىدى، كۈچنى خورىتىدىغان پارتىيە ئىچىدىكى كۈرەشنى قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. ماۋ زېدۇڭ

قوللانغان ئۇزۇن مۇددەت ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان ستراتېگىيىدىن قارىغاندا، 1942 ـ يىلى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئىدى؛ لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەۋقەسىدىن قارىغاندا، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ۋە ياپونىيىگە ئۇزۇن مەزگىل قارشى تۇرۇش (مۇداپىئە خاراكتېرلىك) تىن ئىبارەت ھەربىي ستراتېگىيىنىڭ ھەر ئىككىسىمۇ بىمەنىلىك ئىدى.

ۋىلادىمىروۋ: 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ماۋ زېدۇڭ بىلەن ۋاڭ مىڭدىن ئىبارەت «ئىنتېرناتسىئونالىزم» چىلار ئوتتۇرىسىدا بولغان توقۇنۇش ئېنىق ئۆتكۈرلەشكەن. كېيىنكىسىگە ماۋ زېدۇڭ «قارشى تۇرۇش مەۋقەسى» دە تۇرغانىدى، دېگەن. ۋىلادىمىروۋ ئىككىسىنىڭ توقۇنۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئالاھىدە كۆرسەتمىگەن، لېكىن ئۇ بىشارەت بېرىپ: توقۇنۇش ماۋ زېدۇڭنىڭ گومىنداڭغا قاراتقان ھەربىي سىياسىتىنى دەۋرىي قىلىپ راۋاجلانغان. بۇ سىياسەتنى چىقىش قىلىپ ماۋ زېدۇڭ 8 ـ ئارمىيە بىلەن ياپونىيىنىڭ مۇنتىزىم ئۇرۇش قىلىشىدىن ساقلانغانىدى، گەرچە ۋاڭ مىڭ يەنىلا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولسىمۇ، ماۋ زېدۇڭ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلىش كېرەك ئىدى، دېگەن. لېكىن، 1943 ـ يىلى كۈزگە كەلگەندە، ۋىلادىمىروۋ خۇلاسە چىقىرىپ: ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى تەسىرىگە قوزغىغان ھۇجۇم، دېگەنىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بۇ ۋەكىلى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدا خىزمەت قىلغان بارلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىغا ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان

يولداشلارغا بارغانسېرى زور بېسىم ئىشلىتىشۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ۋاڭ مىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئېيتىشى كېرەك ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەزالىرىنىڭ پائالىيىتىگە نازارەت قىلىش كۈچىيىپ، سوۋېت ئىتتىپاقلىق خادىملار بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇچرىشىشىمۇ بارغانسېرى چەكلەنمەكتە ئىدى. كۆزىتىلگەن ئەھۋاللارنى ۋە چىقىرىلغان خۇلاسىلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تېلېگرامما ئارقىلىق يەتكۈزۈش كېرەكمۇ - يوق؟ ۋىلادىمىنوۋ ئىككىلىنىپ بىر قاراغا كېلەلمىگەنىدى. بىز ئۇنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز، چۈنكى، بۇ ھامان ئۇنىڭ خىزمىتى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى دوكلات قىلىپ: مۇھىت شارائىتى ياخشىلانغاندا ئۆمەكنىڭ ئۈچ نەپەر رادىئوگرامما تارقاتقۇچىسى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ، موسكۋا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالىدۇ، دېگەنىدى. دەل موسكۋانىڭ ماۋ زېدۇڭدىن گۇمانلىنىشى كۈنسايىن چوڭقۇرلاشقان پەيتتە، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال 1943 - يىلى 5 - ئايدا تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى جاكارلىدى.

## 3. ئىچكى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ماۋ زېدۇڭ، جياڭ جېيشى ۋە ستالىن

1943 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، يەنئەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. تېلېگراممىدا فاشىزملىق ئۇرۇشقا قارشى ھەر قايسى كۈچلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى كوممۇنىستىك پارتىيىلەر ئۆز دۆلەتلىرىدە دۇچ كەلگەن

مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىشىغا يول قويۇش ئۈچۈن، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنى تارقىتىۋېتىش تەكلىپ قىلىنغانىدى. جۇڭگونىڭ كۆزەتكۈچىلىرى موسكۋانىڭ پەتىۋاسى بىلەن ئۇنىڭ ئەستىرى بار گېپىنى چۈشىنەتتى. ئەينى چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ياۋروپانىڭ ئىككىنچى سەپ ئېچىشتىكى جىددىي ئېھتىياجىغا ماسلىشىشتىن ئىبارەت بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى چەت ئەل كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىش تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىشنى خالىمايتتى.

ۋىلادىمىنوۋنىڭ دېگىنىگە ئاساسەن (ئۇ بوگۇنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئۆزىگە ئېيتقانلىقىنى ئىزھار قىلغانىدى)، سىياسىي بيۇرو يىغىن ئېچىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تېلېگراممىسىنى مۇھاكىمە قىلغان چاغدا، ماۋ زېدۇڭ ئاۋۋال تېلېگراممىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ: مەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تەكلىپىنى پۈتۈنلەي زۆرۈر ۋە توغرا دەپ قارايمەن، دېدى. ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ ھېسابلىغانىدى: خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى بولغان كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بۇ ھەرىكەتنىڭ ئېشىلىتىلىش دەرىجىسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتتى. سىياسىي بيۇرو ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ مەيدانىغا قوشۇلدى ھەمدە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بۇ تەكلىپىگە «تامامەن قوشۇلۇش» توغرىسىدا قارار قوبۇل قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىجرائىيە ھەيئەت رىياسەتىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنى تارقىتىۋېتىش تەكلىپى توغرىسىدىكى قارارى» دا مۇنداق كۆرسىتىلگەنىدى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسى ئىنقىلابىي كۈرەش جەريانىدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ نۇرغۇن ياردىمىگە ئېرىشكەنىدى. لېكىن، ئۇزۇندىن بۇيان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن ئالاھىدە ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ سىياسىي فاڭجېن، سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى پۈتۈنلەي مۇستەقىل تۈزۈپ كەلدى». جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ گېزىتى — «شىنخۇا گېزىتى»دە بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەنگەنىدى. لېكىن بۇ گېزىت ئېھتىياتچانلىق بىلەن: كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنى تارقىتىۋېتىش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تارقىتىۋېتىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. شەنشى ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى شىئەندە بىرقانچە تەشكىلاتنىڭ ئادەملىرى بۇنداق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بىرمۇنچە تولۇق بولمىغان ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى ۋاڭ مىڭ ياكى باشقا كىشىلەر ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى برودېرنىڭ ئامېرىكا كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تارقىتىۋەتكىنىگە ئوخشاش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىمۇ تارقىتىۋېتىشنى تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ.

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تارقىتىۋېتىلىشى، ماۋ زېدۇڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، كۈتۈلمىگەن نەتىجە ئىدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە، ماۋ زېدۇڭنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى، يەنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىي لۇشيەنىنى موسكۋا ئەمەس بەلكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۆزى قارار قىلىشى كېرەك، دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى. بۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەينىدىن سوكۇلدايدىغان ئاشۇ كىشىلەرگە ئەمدى ئۇلارنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئارىلىشىشىغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى

چۈشەندۈرگەنىدى. ئىنتايىن ئېنىق ئىدىكى، پارتىيە ئىچىدىكى كۈرەشنىڭ غەلىبە قىلىش - قىلالماسلىقى مۇنداق بىر نۇقتا تەرىپىدىن يەنى، ھەربىر تەرەپ جۇڭگودا قانچىلىك ئادەمنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيدۇ، دېگەن نۇقتا تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ، ئەقىدەپەرەسلىك چوقۇم ياردەمسىز قالاتتى. شۇڭا، ۋىلادىمىروۋنىڭ تۆۋەندىكى ئەستىلىكىنى توغرا دەپ قارىشىمىز سەۋەبسىز ئەمەس، ۋىلادىمىروۋ ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال تارقىتىۋېتىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ماۋ زېدۇڭ ئۆزى كېچىكتۈرۈپ كەلگەن 7 - نۆۋەتلىك پۈتۈن مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى چاقىرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا بوگۇدىن باشقا، ئىلگىرىكى ۋاڭ مىڭنى قوللىغان ھەممە ئادەم ۋاڭ مىڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى ھەمدە ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى كەينى - كەينىدىن تەنقىد قىلدى.

لېكىن، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال مەۋجۇتلۇقتىن قالغان بولسىمۇ، موسكۋا يەنىلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تەسىر ئۆتكۈزەلەيتتى. ۋېلادىمىروۋ مۇنداق دەيدۇ: پۈتۈن 1943 - يىلىدا ماۋ زېدۇڭ ستالىنغا ئۈزلۈكسىز تۈردە كىشىدە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىدىغان تېلېگراممىلارنى يوللاپ، شەنشي - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ «ھەقىقىي ئەھۋال» نى، بولۇپمۇ ئۆزى بىلەن ۋاڭ مىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ياپتى. روشەنكى، ۋىلادىمىروۋ موسكۋانى ماۋ زېدۇڭ يوللىغان «يالغان ھەربىي ئاخبارات» نىڭ تەسىرىگە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى. 1944 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، گىئورگى دېمىتروۋ موسكۋادىن يەنئەنگە تېلېگراما يوللاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى «سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان» لارنىڭ بېسىمغا ئۇچراۋاتقانلىقى ۋە كاڭ شېڭنىڭ تېررورلۇق ئۇسۇل

ئارقىلىق كادىرلارغا تاقابىل تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلدى. ماۋ زېدۇڭ دەرھال جاۋاب تېلېگرامما يوللاپ دىمىتروۋغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسەت ۋە نىشانىنى تونۇشتۇردى ۋە ۋاڭ مىڭغا باشتىن - ئاخىر پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىمىز، دېدى. بۇ چاغدا ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنئەندىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن خېلىلا ئېچىلىشىپ قالغانىدى. دىمىتروۋنىڭ تېلېگراممىسى يەنئەنگە يېتىپ كېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ماۋ زېدۇڭ ۋىلادىمىروۋنى ئوپېرا كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئوپېرا كۆرۈۋېتىپ ماۋ زېدۇڭ ستالىننى، سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەدھىيىلىدى ھەمدە دىمىتروۋنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قىلغان غەمخورلۇقىغا رەھمەت ئېيتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكى بىرنەچچە نەپەر خادىمنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىر قانچە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرى زىياپەتكە قاتنىشىپ، مېھمانلارغا ھەمراھ بولدى.

ۋىلادىمىروۋنىڭ قارىشىچە، دىمىتروۋنىڭ تېلېگراممىسى ماۋ زېدۇڭنى قايىل قىلغان، ماۋ زېدۇڭدا، كىشىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى دەپ ئەيىبلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ۋاڭ مىڭنى قولغا كەلتۈرۈش زۆرۈر دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلغانىدى. ماۋ زېدۇڭ دىمىتروۋنىڭ تېلېگراممىسىنى ۋاڭ مىڭغا ئېيتمىغان بولسىمۇ، لېكىن 1944 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋاڭ مىڭ بىلەن ئۇزاق سۆھبەتلەشتى ھەمدە ئەگەر ۋاڭ مىڭ ئۆزىنىڭ ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى تەن ئالسا، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ياخشى - خوپ بولۇپ ھەمدەملىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ۋاڭ مىڭنى قايىل قىلىپ، بۇ

ئورۇنلاشتۇرۇشنى قوبۇل قىلدۇرۇش جەھەتتە ماۋ زېدۇڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىكەن. ھازىرچە بىز پەقەت بىر قىستۇرما ھەققىدىكى باياننىلا كۆردۇق . لېكىن بۇ قىستۇرما مەنتىقىغە ئۇيغۇندەك تۇرىدۇ. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ۋاڭ مىڭ بىلەن بوگۇ ئەمەلىيەتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېتقا كىرگۈزۈلگەنىدى.

1943 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ماۋ زېدۇڭ موسكۋادىن يىراقلىشىشتىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك باھاسىغا ئىگە بولغانىدى. 1943 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ ئارمىيىسى ستالىنگرادتا ئاپەتلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، 8 ـ ئايدا روسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى گېرمانىيىنىڭ فاشىست ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ شۇنى كۆرسىتىپ ئايان قىلماقتا ئىدىكى، سوۋېت ئىتتىپاقى پەقەت بۇ ئۇرۇشتا مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن ئىدى. ئەگەر، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشسا، ئۇ ھالدا، روشەنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشتىن كېيىن جۇڭگو ۋە شەرقىي ئاسىيا مەسىلىلىرىدە بىۋاسىتە ئەھمىيەتلىك رول ئوينايتتى. ماۋ زېدۇڭمۇ شۇنى تونۇپ يەتكەنىدىكى، ياپون قاراقچىلىرى تەسلىم بولۇشتىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ، ئامېرىكىغا ئوخشاش گومىنداڭنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى ئۇرۇش قوزغىشىنى توسۇشقا ياردەم قىلالايتتى. گەرچە 1943 ـ يىلىدىن بۇيان گومىنداڭ ھاكىمىيىتىدىكى ئىقتىسادىي، ھەربىي، سىياسىي بوھران كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان بولسىمۇ (ئېھتىمال، دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن)، شۇ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، گومىنداڭ ئىچىدىكى ئاشۇ كوممۇنىزمغا قارشى قاتتىق قول

ئۇنسۇرلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە دەرھال ھەربىي قورشاپ يوقىتىش يۈرگۈزۈشنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلدى. بۇ كىشىلەر ئەگەر قورشاپ يوقىتىش كېچىكتۈرۈلۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قوراللىق قوشۇنلىرىنىڭ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ شىمالىي جۇڭگو بىلەن مانجۇرىيىنى ئىشغال قىلىۋېلىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن، دەپ تۇرۇۋالدى.

خۇددى 1942 - يىلى سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغان مەزگىلدە، جياڭ جيېشى تېزلىك بىلەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى شىنجاڭدىن سىقىپ چىقارغانغا ئوخشاش، جياڭ جيېشى سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ ئۇچرىشىشىنى چەكلىگەنىدى. 1942 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىن ئىلگىرى جياڭ جيېشى تېخى سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۈرۈمچى ۋە لەنجۇ ئارقىلىق يەنئەنگە بېرىپ، يەنئەندىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكىلەرگە، تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىشىگە يول قويغانىدى. بۇنداق ئۇچۇش، تەخمىنەن بىر يىلدا ئىككى قېتىم بولۇپ، ئايروپىلانغا پەقەت سوۋېتلىكلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ماددىي بۇيۇملىرىنىڭ قاچىلىنىشىغىلا رۇخسەت قىلىناتتى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، بۇنداق ئۇچۇشنىڭ گومىنداڭنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئايروپىلان لەنجۇدا گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتىدىغان بولدى. 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تەكشۈرۈش تولىمۇ قاتتىقلىشىپ كەتتى. 1942 - يىلى 11 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنئەنگە ئۇچقان ئايروپىلانى تەكشۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈش توپتوغرا بىر كۈن داۋاملاشتى.

نەتىجىدە بىر تونىنا دورا ـ دەرمان مۇسادىرە قىلىندى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانلىرى يەنئەنگە پەقەت مەخپىي هالدا ئۇچۇپ بېرىپ تۇردى.

1943 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، گومىنداڭ شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىغا بولغان قامالنى كۈچەيتىشكە باشلاپ، گەنسۇ بىلەن نىڭشياغا كۈچلۈك قوشۇن توپلاپ، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونى بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توستى. 6 ـ ئايدا جياڭ جيېشىنىڭ گېنېرال خۇ زۇڭنەن قوماندانلىقىدىكى 500 مىڭ ئەسكىرى توپلىنىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تايانچ بازىلىرىغا هۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى كۈتتى. خۇ زۇڭنەننىڭ قوشۇنى تەقمۇ تەق تەييار بولغاندا، جياڭ جيېشى كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى ھەمدە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى بۇ ھەرىكەتنىڭ باھانىسى قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا، خۇ زۇڭنەن ئارمىيىسى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تىزگىنلىشىدىكى رايونلارنى توپقا تۇتۇشقا باشلىدى.

8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، جۇ ئېنلەي گومىنداڭنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى رەت قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جۇ ئېنلەي شۇ چاغدا: ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغىنى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەمەس، بەلكى گومىنداڭنىڭ فاشىستىك ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرى، دەپ كۆرسەتكەنىكەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مەسىلىلىرىنى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىدىغان بولۇپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يېتەكچىلىكىگە ئەمدى موهتاج ئەمەس ئىدى.

كوممۇنىستىك پارتىيە ئېيتقان «كوممۇنىستىك پارتىيىگە

قارشى ئۇچىنچى قىتىملىق دولقۇن» ئالدىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، گومىنداڭنى «ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇش» ۋە «بىرلىك سەپنى قوغداش» قا مەجبۇر قىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنى چەكلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرگەن خەلقئارا كۈچلەرنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىمۇ بار ئىدى. ۋىلادىمىروۋنىڭ دېگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، ماۋزېدۇڭ 1943 - يىلى 7 - ئاينىڭ بېشىدا دىمىتروۋغا تېلېگراممىا يوللاپ، تەدبىر قوللىنىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىغا ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلىشىنى تەلەپ قىلغانىكەن. ۋىلادىمىروۋ مۇشۇنداق مەزمۇندىكى تېلېگراممىنى يوللىغان ھەمدە كېيىنكى چاغدا ماۋ زېدۇڭغا دوكلات قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونى ھەربىي ياردەم بىلەن تەمىنلەشتىكى مەقسىتى ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى كۈچلىرىنى كۈچەيتىش، دەپ ئۇقتۇردى، دېگەنىدى. بەلكىم بۇ گەپ - سۆزلەرگە ئىشىنىپ كەتكىلى بولماس، قارىغاندا، يا ۋىلادىمىروۋنىڭ ئەستىلىكى خاتا، يا موسكۋا ئۇنىڭغا ساختا خەۋەرنى، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى چۇڭچىڭغا نارازىلىق بىلدۈرمەكچى، دېگەن خەۋەرنى ئېيتقان، كېيىنكى پەرەز خېلىلا توغرا ئىدى، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ماۋ زېدۇڭ ئەينى چاغدا ۋىلادىمىنوۋ ئېيتقان خەۋەرنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى بىلىشكە ئامالسىز ئىدى. بۇنداق ئويۇنلار ھەم ماۋ زېدۇڭنىڭ شۇ چاغدىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاز - پاز سىياسىي كاپىتال تېپىپ بېرەتتى،ھەم جىياڭ جيېشى بىلەن يىرىكلىشىشتىن

ساقلاپ، ئامېرىكىنىڭ گومانىنى قوزغىمايتتى.
گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 7 ـ ئايدا جياڭ جيېشىغا بىۋاسىتە نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى شۈبھىلىنىشكە ئەرزىمىسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە، روشەنكى، باشقا بىرمۇنچە تەدبىرلەر ئارقىلىق جياڭ جيېشىغا بېسىم ئىشلەتتى. 1943 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «ئۇرۇش ۋە ئىشچىلار سىنىپى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىدە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى قاتتىق تەنقىد قىلىنغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى تەنقىد قىلىدىغان ماقالىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى گېزىت ـ ژۇرناللىرىدا پەيدىنپەي كۆپىيىشكە باشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ قېتىمقى تەشۋىقات ھۇجۇمىنىڭ كۆپىنچىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئەمەس، بەلكى ئۇرۇشتىن كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭخۇا مىنگونىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغانىدى. ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە توقۇنۇشىنى ھەقىقەتەن توسۇپ، جۇڭگونى ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا چىڭ تۇرغۇزۇشقا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغانىدى.
ئەگەر جياڭ جيېشى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارشى تۇرۇشنىڭ باھانىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، مەلۇم مەنىدىن موسكۋانىڭ ئارىلىشىپ، جياڭ جيېشىنىڭ يەنئەنگە قىلغان ھۇجۇمىنى توختىتىشى مۇۋاپىق بولىدۇ، جياڭ جيېشىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنى تارقىتىۋېتىش تەلىپىگە ئېرەن قىلماسلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ بۇ قىلىقىنى قوللايدىغانلىقىدىن، كەم دېگەندە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى

بىلەن كارى يوقلۇقىدىن دېرەك بېرىپ قويۇۋاتتى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ تەشۋىقات قوراللىرى ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىشى، موسكۋانىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا پەرۋاسىز قاراپ تۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنداق تەشۋىقاتلارنى يۈرگۈزگەن چاغدا، موسكۋا گومىنداڭ ئىچىدىكى «ئىلغار كۈچلەر»نى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيتتى. بۇ كىشىلەر گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە جۇڭگونىڭ سىياسىيسىدىكى تۈپ چەك - چېگرا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ مەسىلە يەنە جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىلەنمۇ زىچ تۇتاشقانىدى. شۇ چاغدا بەزىلەر: ئاڭ ھالىتى جەھەتتىن موسكۋا بىلەن يەنئەننىڭ مۇناسىۋىتى ئەمەلىي ۋە قۇدرەتلىك، ئەگەر جۇڭخۇا مىنگو سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاشنى تەلەپ قىلسا، گومىن ھۆكۈمىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشى ھەمدە ئاخىرىدا كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ھەمكارلىشىشى كېرەك، دەپ قارايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگو «كونسېرۋاتىپلىرى» يا ستالىننىڭ ياۋروپا ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ قالغانلىقى، يا ئۇنىڭ چۈشەنچىسىنىڭ بىلەن سودا قىلىشنى ئۈمىد قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، گومىن ھۆكۈمىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قورال كۈچى ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشى كېرەك، بۇنداق قىلىش جۇڭگو - سوۋېت

مۇناسىۋىتىنىڭ تۈپتىن بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ كەلمەيدۇ، دېگەنگە ئىشىنەتتى. جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى بۇ ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى. كېيىنكى چاغلارنىڭ تۇرغۇسىدىن قارىغاندا، يۇقىرىقى پىكىر توقۇنۇشلىرىنىڭ ئاساسىي سىياسىي ئاقىۋىتى يەنئەننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن موسكۋانىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئامېرىكا بىلەن جۇڭگودىكى ئىلغار كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، جياڭ جيېشىغا بېسىم ئىشلىتىش ئېهتىمالىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت ئىدى.

موسكۋا جياڭ جيېشىغا بېسىم ئىشلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماۋزېدۇڭغا چەكلىمىنى ساقلاش توغرىسىدا نەسىھەتمۇ قىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش رولىنى ئوينىدى. دېمىتروۋنىڭ 1944 - يىل 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى تېلېگراممىسىدا گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە مۇناسىۋىتىدىكى ناچار ھالەتلەردىن ئەنسىرەۋاتقانلىقى ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە بۇ ناچار ئاقىۋەتلەر بىرلىك سەپنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئەكېلىشى مۇمكىن، دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغانىدى. دېمىتروۋغا يوللىغان جاۋاب تېلېگراممىسىدا ماۋ زېدۇڭ سابىق كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بۇ كاتتىبېشىغا گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇش ئېهتىمالى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئەدەب بىلەن رەھمەت ئېيتقانىدى. ماۋ زېدۇڭ دېمىتروۋغا گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ياپونغا قارشى بىرلىك سەپ سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەرگەنىدى.

1943 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە ئامېرىكا جياڭ جيېشىنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت ھەربىي پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلغانىدى. موسكۋانىڭ

جياڭ جيېشىغا بۇ جەھەتتىن چۈشۈرىدىغان بېسىمى خېلى ئاز بولسىمۇ، لېكىن موسكۋانىڭ جياڭ جيېشىنىڭ يەنئەنگە قىلىدىغان ھۇجۇمىنى توختىتىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى يەنىلا مۇھىم ئامىل ئىدى، ئامېرىكا نېمە ئۈچۈن جياڭ جيېشىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت ھەربىي پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلىدۇ؟ بۇنىڭ بىر سەۋەبى، ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى: بۇنداق بولغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭخۇا مىنگونىڭ مۇناسىۋىتىگە تېخىمۇ زىيان يېتىپ قالىدۇ، دەپ ئەنسىرەيتتى. ئايلىنىپ كېلىپ يەنە كېيىنكى ئۇرۇشنىڭ جەريانلىرىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتەتتى ھەمدە ئۇرۇشتىن كېيىنكى تىنچلىق بۇزۇلاتتى. موسكۋا بۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى پۈتۈنلەي ئاشكارا قوللاش ئارقىلىق، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭخۇا مىنگو ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىمۇ كۈچەيتتى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىنىڭ دىققەت مەركىزىدە ئىدى. خۇددى بىزنىڭ بايان قىلماقچى بولغىنىمىزدەك، ماۋ زېدۇڭ موسكۋا بىلەن يەنئەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئامېرىكىنى جياڭ جيېشىنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى خاھىشىنى چەكلەشكە مەجبۇر قىلىشنى ئاڭقىرىۋالغانىدى.

## 4. فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاق ئاستىدىكى ماۋ زېدۇڭ بىلەن جياڭ جيېشى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى ئىككى يىلىدىكى

مۇناسىۋىتىگە پۈتۈن يەر شارى تۇرغۇسىدىن قاراشقا توغرا كېلىدۇ. پۈتكۈل ئۇرۇش مەزگىلىدە ستالىن ، بىر تەرەپتىن، ئۆزى بىلەن ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئېغىر ئىختىلاپلارنى كۆرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ خەلقئارا ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ داھىيسىلىق رولىنى كۆرگەنىدى. ستالىن ناتسىستلار گېرمانىيىسى ھاكىمىيىتىنى ئۆزۈل ـ كېسىل يىمىرىپ تاشلاشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى خەۋپسىزلىك ئورنىغا، ئۆزىنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ يول قويۇشىغا ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۆزى بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا موھتاج ئىدى. ھالبۇكى، سوۋېت ـ ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلاش كوممۇنىزم ئىنقىلابى ئۈچۈن ئېيتقاندا خەتەرلىك ئىدى.

ستالىننىڭ ئىككى مۇشكۇل شارائىتتا چۈشۈپ قېلىشىدىكى تۈپ سەۋەب شۇ يەردىكى، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تەجرىبىلىرى پۈتۈنسۇرۇك بىر ئەۋلاد ماركسىزم ـ لېنىنىزمچىلارنى يېتىشتۈرگەن بولۇپ، ئۇلارغا مۇنداق بىر ئەقىدىنى، يەنى بىر قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى يېڭى دۇنيا ئىنقىلابى دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەكېلىدۇ ۋە بۇ دولقۇن دۇنيا كاپىتالىزمىنى ھالاك قىلىدۇ، دېگەن ئەقىدىنى سىڭدۈرۈۋەتكەنىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى گويا ماركسىزم ـ لېنىنىزم نەزەرىيىچىلىرى 1919 ـ يىلىدىن بۇيان قايتا ـ قايتا بىشارەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ ئىجتىمائىي زور ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان نۇرغۇن دۆلەتلەردە فاشىستلارنىڭ تەختتىن غۇلىشى ۋە سىياسىي بوھراننىڭ كۈچىيىشى تۈپەيلىدىن، ھۆكۈمران سىنىپلار تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەنىدى،

نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى كوممۇنىستلار فاشىستلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان زارىقىپ كۈتۈۋاتقان ياخشى پۇرسىتى، دەپ قارىغانىدى.

ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئىتتىپاقىنى ساقلاش ئۈچۈن ستالىن باشقا يەرلىك كوممۇنىستلاردىكى بۇنداق رادىكال خاھىشنى داۋاملىق بېسىشقا ئۇرۇنۇپ، بۇ دۆلەتلەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنى ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ياكى ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ھوقۇقلۇقمىز دەپ جار سېلىۋاتقان غەيرىي فاشىستىك بۇرژۇئا ھۆكۈمىتىگە يول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. 1944 — 1945 - يىللىرى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا كىرىشكە ئەگىشىپ، دۆلەتلەر كەينى - كەينىدىن ئازادلىققا ئېرىشىپ، موسكۋانىڭ مەسىلىلىرىمۇ ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. كوممۇنىستلار قوزغىغان قوزغىلاڭغا موسكۋانىڭ قوللىنىدىغان ئاساسىي چارىسى، بۇ پارتىيىلەرنى بۇرژۇئازىيە تىزگىنلىشىدىكى ھۆكۈمەتكە كىرىشكە مەجبۇرلاشتىن ئىبارەت بولۇپ قالغانىدى. بۇ قىلىقلارنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ھەممىشە كوممۇنىستلار ئۆزلىرىنىڭ مىڭبىر جاپادا ئېرىشكەن قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قوشۇنىنى تارقىتىۋېتىش بولۇپ چىققانىدى.

كوممۇنىستىك پارتىيە يۇگوسلاۋىيە، گرېتسىيە، فرانسىيە ۋە ئىتالىيىلەردىكى قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە رەھبەرلىك قىلدى. بۇ دۆلەتلەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيىلەر گېرمانىيە - ئىتالىيە فاشىزمىنىڭ گۇمران بولۇشىنى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنىڭ خېلىدىن بۇيان تەقەززا بولغان ياخشى پۇرسىتى، دەپ قارىغانىدى. موسكۋا يۇگوسلاۋىيىدە تىتونىڭ پارتىزان ئەترىتىنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت رادىكال خاھىشىنى خىلمۇ خىل چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ توسقان بولسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى؛

گرېتسىيە كوممۇنىستلىرىمۇ موسكۋانىڭ ئۇلارنى رادىكال بولماسلىققا مەجبۇرى قىلىشى تۈپەيلىدىن پەرىشان بولۇپ، موسكۋانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش - بويسۇنماسلىق مەسىلىسىدە كۆمسەم پىشارمۇ - ياپسام پىشارمۇ دېگەن ھالەتتە ئىدى؛ فرانسىيە بىلەن ئىتالىيىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىرىشچانلىقلىرى خېلىلا زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنىدى. 1944 - يىلى 4 - ئايدا، ئىككى دۆلەتنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ بۇرژۇئا ھۆكۈمىتىگە كىردى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرى، موسكۋانىڭ بىۋاستە بۇيرۇقىغا بىنائەن، گېنېرال دې. گول ھۆكۈمىتىگە ئۆزلىرىنىڭ قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ بەردى.

بۇ قىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزگەنىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنى بېسىشتا ستالىنىنىڭ: كوممۇنىستلار جۇڭگودا ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشى قىلسا، ئامېرىكا بىلەن جۇڭخۇا مىنگو سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىدىكى مەنپەئىتىنى تەن ئېلىشنى ئۇنچىۋالا خالاپ كەتمەيدۇ، جۇڭگودىكى ئىچكى ئۇرۇش سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىنى پاراكەندە قىلىۋېتىدۇ ھەمدە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا ئەسكەر چىقىرىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدۇ، ئاخىرىدا گرېتسىيە - فرانسىيە، ئىتالىيە، يۇگوسلاۋىيىدىكىلەرگە ئوخشاش، بۇنداق قىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ھەمكارلىقىنىڭ ئاساسىغا زىيان يەتكۈزۈپ قويىدۇ، دەيدىغان خىلمۇ خىل باھانە- سەۋەبلىرى بار ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ماۋ زېدۇڭ 1944 - يىلى ئەتىيازدا، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئىستىقبالىغا ئىنتايىن ئۈمىدۋار پوزىتسىيە تۇتتى. ياپونىيە

ئارمىيىسىنىڭ زەربىسىدە گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ۋەتۋەرىكى چىقىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي، روھىي ۋە ئىقتىسادىي بوھرانى كۈنسايىن ئېغىرلاشماقتا ئىدى. ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ شىمالىي جۇڭگودىن ئوتتۇرا جۇڭگو، جەنۇبىي جۇڭگو ۋە تىنچ ئوكيان ئاراللىرىغا يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تايانچ بازىلىرى، ئارمىيىسى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى يەنە بىر قېتىم تېزلىك بىلەن زورىيىشقا باشلىدى. ھەر خىل ۋەزىيەت شۇنچىلىك پايدىلىق بولماقتا ئىدىكى، ھەتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 7 - ئومۇمىي يىغىنى جۇڭگودىكى ئاساسلىق شەھەرلەرنى قوراللىق تارتىۋېلىشقا تەييارلىق قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى؛ يېڭ جىن باشچىلىقىدىكى مەخسۇس «شەھەر خىزمىتى بۆلۈمى» رەسمىي قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ بۆلۈمنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسلىق شەھەرلەرنى تارتىۋېلىشقا پىلانلىق تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ بۆلۈم شەھەرلەردە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن كادىر بىلەن نۇرغۇن سەرمايە تەييارلىغانىدى. 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تارقاتقان «شەھەر خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇق» تا شەھەر خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم، چوڭ شەھەرلەر بىلەن قاتناش تۈگۈنلىرىنى ئىشغال قىلمىساق، ياپونىيە ئارمىيىسىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقارغىلى بولمايدۇ؛ ياپونىيە ئارمىيىسىنى چوڭ شەھەر ۋە قاتناش تۈگۈنلىرىدىن پەقەت گومىنداڭلا قوغلاپ چىقىرالايدۇ، دەپ قارايدىغان ئىدىيىلەرنى ئۆزگەرتىش كېرەك، شەھەرلەردە قوراللىق قوزغىلاڭنى تەييارلاشتا، جۇڭگو كومپارتىيە ئارمىيىسىنىڭ چوڭ شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىشىغا ماسلىشىش لازىم، بۇ خىزمەتنى دەرھال باشلىۋېتىش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلگەنىدى.

ۋىلادىمىروۋ 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى قارارنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقانلىقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنىدى.

1944 — 1945 - يىللىرى جۇڭگودا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان چەت ئەل كۈچلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا ئىدى (ئەلۋەتتە ياپونىيىنى ھېسابقا ئالمىغاندا). شۇڭا بىز بىلگەن مەركىزىي مەسىلىلەر ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىگە ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىتىگە مەركەزلەشكەنىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلگىمىز كەلسە، ئامېرىكىنىڭ رولىنى ئويلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىقى بابلاردا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، پرېزىدېنت روزۋېلت جۇڭگونى ياپونىيىگە قارشى پائال ئۇرۇش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ياپون ئارمىيىسىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلغانىدى، بولمىسا، ياپون ئارمىيىسىنىڭ ئامېرىكا ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى شەرقىي ئاسىيانىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىگە كەلسەك، پرېزىدېنت روزۋېلت جۇڭگونى بىرلىككە كەلگەن تىنچلىق دۆلىتىگە، يەنى ئامېرىكا بىلەنمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەنمۇ دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلايدىغان دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشنى كۆزلەيتتى. پرېزىدېنت روزۋېلتنىڭ ئۇرۇشتىكى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگودىكى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدا ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم ئىدى.

ستالىننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى سوۋېت - ئامېرىكا مۇناسىۋىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىغا ئوخشاش، ماۋ زېدۇڭنىڭ سوۋېت

ئىتتىپاقىغا قاراتقان سىياسىتىمۇ ئۇلارنىڭ ئامېرىكىغا قاراتقان سىياسىتى بىلەن باغلىق ئىدى. ماۋ زېدۇڭمۇ، جياڭ جيېشىغا ئوخشاش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا ئېكۆلبە قوماندانى بولۇشقا مەجبۇر بولغانىدى، يەنى جياڭ جيېشىغا ئوخشاش ، ئۇمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدىن بار كۈچى بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى رەقىبلىرىنى يېتىم قالدۇرغان ۋە زەربە بەرگەنىدى. جياڭ جيېشىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرى، ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيىدىكى ۋاستىچىلىكىدىن پايدىلىنىپ ستالىنغا تاقابىل تۇرۇشقا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ ستراتېگىيىنىڭ ماھىيىتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بېرىدىغان ياردىمىنى توختىتىش، جياڭ جيېشى بۇنىڭ بەدىلىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىدىكى مەنپەئىتىنى تەن ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ ستالىنغا بەرگەن ۋەدىسى جياڭ جيېشىنىڭكىدىن ئازراق بولغاچقا، ئۇنىڭ سوۋېت ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى جياڭ جيېشىغا ئوخشاشمىغان ھالدا، ئاخىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. 1944 ـ 1945 ـ يىللىرى ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەھەتتە، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى لايىھىنىڭ بىرىنى تاللىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى: بىر تەرەپتىن، ئامېرىكىنىڭ يەنئەنگە بولغان ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن گومىنداڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلغان بولۇشى، ۋاشىنگتون بىلەن چۇڭچىڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا پانا قېقىشقا ئۇرۇنۇپ بېقىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش، موسكۋانىڭ قوللىشى ئاستىدا، ئامېرىكا قوللاۋاتقان جياڭ جيېشى ھاكىمىيىتى بىلەن بىر تۇتۇشۇپ بېقىشى مۇمكىن ئىدى. بىرىنچى خىل لايىھىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت

قازىنىشى خېلى زور دەرىجىدە ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا سالىدىغان تەھلىكىسىدىن پايدىلىنىشقا باغلىق ئىدى؛ ئىككىنچى خىل لايىھىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدىن قورقىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىشقا باغلىق ئىدى.

جۇڭگو ياپونىيە ئارمىيىسىنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ جۇڭگودىكى تەسىرى ئەڭ زور بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ماۋ زېدۇڭنىڭ بىرىنچى لايىھىنى تاللىشىغا تەئەججۈپلەنگىلى بولمايتتى. 1944 - يىلى 7 - ئايدا، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق قوماندانلىق باش شتابى ئامېرىكىنىڭ ھەربىي كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنى يەنئەنگە ئەۋەتتى. ماۋ زېدۇڭ ئامېرىكىلىقلار بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورناتتى. 1944 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلى ۋە 1945 - يىلىنىڭ بېشىدا يەنئەن ئامېرىكا ئارمىيىسى كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرىنى كۈتۈۋېلىپ، ئامېرىكىلىقلارنى جۇڭگو ۋاشىنگتون بىلەن سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە ھەمكارلىشىشنى خالايدۇ، دېگەنگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشەندۈرمەكچى بولدى. 1944 - يىل 8- ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىر مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كادىرلىرىنىڭ ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن كۆزىتىش گۇرۇپپىسى خادىملىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەنىدى، يولىيورۇقتا مۇنداق دېيىلگەنىدى. ئامېرىكا ئارمىيىسى كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ يەنئەنگە كېلىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دىپلوماتىك خىزمىتىنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئامېرىكا خادىملىرىنى كەمتەرلىك بىلەن قىزغىن كۈتۈۋېلىش، ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىقى ئارقىلىق مەدەنىيەت ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. بۇ ھەمكارلىقنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئامېرىكىنىڭ ھېسداشلىقى بىلەن ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش

ئارقىلىق، ئامېرىكىنى گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشتا بىتەرەپلىكنى ساقلاشقا مەجبۇر قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىشتا ئۇرۇنۇشتىكى مەركىزىي ئىدىيىسى بىرلەشمە ھۆكۈمەت توغرىسىدىكى لايىھىنى ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. 1938- يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ماۋ زېدۇڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ گومىنداڭغا كىرىشى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى تەھلىل ۋە تەنقىد قىلدى. 1940 - يىلى يەنە پرولېتارىيات (يەنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى) رەھبەرلىكىدىكى «يېڭى دېموكراتىزم» لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1944 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ماۋ زېدۇڭ گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى دېگەن بۇ كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كۆز قاراشقا بىر مۇھىم شەرت، يەنى گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى ئاياغلاشتۇرىدىغان ئۆتكۈنچى تەدبىر بولۇشى كېرەك دېگەن شەرت قوشۇمچە قىلىنغانىدى.

1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ماۋ زېدۇڭ ۋ. شۇسقا بىرلەشمە ھۆكۈمەت توغرىسىدا تەكلىپ قويۇپ، بۇ تەكلىپنى ئاپەتلىك ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىشتىكى بىر خىل ئۇسۇل قىلماقچى بولدى. شۇس يەنئەندىكى مەزگىللىرىدە ماۋ زېدۇڭ ئۇنى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ كۆزىتىش گۇرۇپپىسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئەمەلدار دەپ قارايتتى. ماۋ زېدۇڭ تەكلىپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: ئامېرىكا جياڭ جيېشىغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنى كۆپ پارتىيىنىڭ ۋاقىتلىق مەجلىسىنى تەشكىللەشكە ماقۇل قىلىشى لازىم. ئاندىن كېيىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇش كېرەك. بىرلەشمە ھۆكۈمەت جۇڭگونىڭ تۈزۈمىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈشى لازىم، ئاندىن كېيىن دۆلەت

مەجلىسىنى رەسمىي قۇرۇش كېرەك. ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەندى: ئامېرىكا جياڭ جيېشىنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشىنى بىۋاستە تەلەپ قىلىشى كېرەك. 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۇڭچىڭدا سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىلى بىرلەشمە ھۆكۈمەت توغرىسىدىكى تەكلىپنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرلەشمە ھۆكۈمەت توغرىسىدىكى لايىھە ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ، ھەم ئامېرىكىنىڭ سىياسىتى بىلەن باغلانغاندى. 1944 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، دېمىتروۋ ماۋ زېدۇڭغا يوللىغان تېلېگراممىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە مۇناسىۋىتىدىكى جىددىيلىك ۋە جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەندى. گەرچە، ۋىلادىمىروۋ بۇ تېلېگراممىنىڭ ئېنىق مەزمۇنىنى ئاشكارىلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ تېلېگرامما جۇڭگو رەھبەرلىرىنى چۆچۈتۈۋەتتى ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇھى يىغىن ئېچىپ، بۇ تېلېگراممىنى مۇھاكىمە قىلدى، دېدى. ئەگەر موسكۋانىڭ ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپادىكى ھەرقايسى پارتىيىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئويلىشىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا 1 ـ ئاينىڭ 3ـ كۈنىدىكى تېلېگراممىنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشنى جۇڭگونىڭ بۆلۈنۈش مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ چارىسى دەپ قارىغانلىقى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، ستالىن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خېرلىغا ئۆزىنىڭ ماۋ زېدۇڭغا بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە كىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ماۋ زېدۇڭنىڭ 1944 ـ يىلىدىكى ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشىدا نازۇك

ئەمما مۇھىم رول ئوينىدى. ئامېرىكىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ماۋ زېدۇڭ ئامېرىكىنى خاتىرجەم قىلىش ۋە ئامېرىكىنى: ئەگەر ئامېرىكا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلسا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ياتىدۇ، دېگەنگە ئەپچىللىك بىلەن ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنىڭ ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىش ئىكەنلىكىنى ئامېرىكىغا چۈشەندۈرگىلى بولسا، ئۇ ھالدا، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قارىتا تېخىمۇ «ئىلغار» سىياسەت يۈرگۈزۈشىگە تۈرتكە بولۇشتا ئەھمىيەتلىك ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ روشەن ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە يېتىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ نۇقتىنىڭ ۋاشىنگتوننى قايىل قىلىشقا ياردىمى تېگەتتى. ئەگەر ئامېرىكا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئايرىلىشىغا قارشى تۇرسا، بۇ، ئاقىلانە سىياسەت بولماي قالاتتى. چۈنكى، بۇنداق ئايرىلىش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە يېتىپ كېتىشكىلا گىرژ - گىتژلەيتتى - دە، شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىدە جىددىي ھالەت پەيدا بولاتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئامېرىكا ئارمىيىسى كۆزەتكۈچىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرى بىلەن بولغان سۆھبەتتە بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرگە قايتا - قايتا توختالغانىدى. مەسىلەن، 1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ماۋ زېدۇڭ شۆيس بىلەن بولغان سۆھبەتتە مېھمانغا بىمالال ھالدا جۇڭگونىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى بازارلىرىنىڭ ئامېرىكىنىڭ مونوپول كاپىتالىستلىرىغا ئېچىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ،

ئۇرۇش مەزگىلىدىكى جۇڭگو ـ ئامېرىكا ھەمكارلىشىپ، ياپونىيە ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇشىنىڭ ئىستىقبالىنى تەسۋىرلەپ بەردى ھەمدە مېھمانغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ موسكۋاغا بېقىنماستىن ، مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ماۋ زېدۇڭ شۇنىسقا مۇنداق دېگەنىدى: جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسىنى كۆچۈرۈپ كەلگىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، گومىنداڭنىڭ بيۇروكرات كاپىتالىستلار ئارقىلىق سانائەتلەشتۈرۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇشىمۇ جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، جۇڭگو پەقەت ئەركىن كارخانا ۋە چەت ئەل كاپىتالىنىڭ ياردىمى ئارقىلىقلا سانائەتلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى ئويلىغاندا، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللىنىش شەرت ـ شارائىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىدى، يېقىن كەلگۈسىدىمۇ ئەھۋال يەنىلا شۇنداق بولىدۇ.

ماۋزېدۇڭ يەنە شۇنىسقا: ئەگەر ئامېرىكا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ھەمكارلاشسا، ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىكى تەسىرىنى كېمەيتىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدۈرۈپ ئۆتتى. ماۋ زېدۇڭ شۇنىسقا مۇنداق دېدى: سوۋېت ئىتتىپاقى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا غايەت زور تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇرۇشتىن كېيىن جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىيالمايدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشى پەقەتلا گومىنداڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئاشۇ سوۋېتكە قارشى ئۇنسۇرلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدۇ، ئۇلار شۇ ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن مۇۋاپىق «دېموكراتىك»

شەكىلدە باردى ـ كەلدى قىلىش ئېھتىمالىنى تېخىمۇ ئازايتىۋېتىدۇ. شۇڭا، ئەگەر ئامېرىكا جۇڭگودا توغرا سىياسەت يۈرگۈزەلىسە، ئۇ ھالدا «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىكى رولى ئامېرىكىدىن كېيىنكى ئورۇندا تۇرىدۇ»؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر ئامېرىكا جۇڭگودا بىر تەرەپلىمە ھالدا جىياڭ جېيشىنى قوللاش سىياسىتىنى يۈرگۈزىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ جىياڭ جېيشىنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىك بولۇشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا، ئامېرىكا بۇ «خەلقئارالىق زور مەسىلە» گە دۇچ كېلىدۇ. ماۋ زېدۇڭ شۇۋىسنى ئەگەر ئامېرىكا ئىجابىي ۋە دېموكراتىك دۆلەت بولىدىغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئىتى بىلەن جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىگە قارشى تۇرمايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرمەكچى بولغانىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەينى چاغدا مۇنداق بىر يەكۈنى، يەنى ئەگەر ئامېرىكىنىڭ سىياسىتى ئىجابىي غەيرىي دېموكراتىك سىياسەت بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ، دېگەن يەكۈنى ئېيتىش زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. شۇۋىس ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ بېشارىتىنى كۆڭلىدە چۈشەندى. 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شېۋىس ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا دوكلات قىلىپ مۇنداق دېدى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھازىر ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇۋاتىدۇ، بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر ئۇلار مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ مەقسىتى — ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە سۆيۈنگەن گومىنداڭنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا مەۋجۇت بولۇپ قېلىشتىن ئىبارەت».

كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىرى شۇسقا شۇ قەدەر مەنتىقە كۈچىگە ئىگە نۇقتىئىنەزەرلەرنى بايان قىلىشۋېتىپمۇ، ئۇنىڭغا يەنئەندىكى سوۋېتلىكلەرنىڭ سانىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىلدۈرمىگەنىدى. 1945 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، شۇس سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنئەندىكى ئادەملىرىنىڭ سانى توغرىسىدىكى دوكلاتىدا: يەنئەندە ئۈچ نەپەر سوۋېتلىك بار دېگەن بولسا، لېكىن ۋىلادىمىروۋ ئەمەلىيەتتە بەش ئادەم بار، دېگەنىدى. شۇس سوۋېت ئىتتىپاقى ئالاقە باغلاش گورۇپپىسىنىڭ ئەمەلدارى ۋىلادىمىروۋنىڭ يەنئەندە ئىكەنلىكىنى، بىر دانە سىمسىز رادىئونىڭ بارلىقىنى، 1943 - يىلى 10 - ئايدا بىر سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانىنىڭ يەنئەننى زىيارەت قىلغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. شۇس ئېنىق ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانى يەنئەننى ئاخىرقى قېتىم 1942 - يىلى 11 - ئايدا زىيارەت قىلدى، دېگەنىدى. ئۇ يەنە سوۋېتلىكلەر ئىچىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلىغان بىرمۇ كىشىنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئەمەلىيەتتە، ۋىلادىمىروۋ ماۋ زېدۇڭ، بوگۇ، كاڭ شېڭ ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر بىلەن ھەمىشە ئۇچرىشىپ تۇراتتى. شۇسنىڭ يەنئەندىكى چاغدا بۇنداق ئىشلار توغرىسىدىكى تەپسىلىي تەكشۈرۈشى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خادىملىرى بىلەن بولغان كەڭ كۆلەملىك ئۇچرىشىشىنى ئويلىغاندا، ئۇنىڭ بۇنداق خاتا ئاخباراتلارغا ئىگە بولۇشى چوقۇم تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. ئېھتىمال، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئامېرىكىلىقلارغا قايسى ئىشلارنى ئېيتىش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كاڭ شېڭنىڭ ئاخبارات خادىملىرى شۇسقا قەستەن يالغان ئاخبارات بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇس ئىجازەتكە ئېرىشىپ، ئىستىل تۈزىتىشكە دائىر نۇرغۇن

ماتېرىياللارنى توپلىغانىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
ھەتتا شۇ ئىسنى ئالاقىدار نۇتۇقلارنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى
بىلەنمۇ تەمىنلىگەنىدى. بۇ نۇتۇقلار ئىستىل تۈزىتىش
ھەرىكىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىلىرىنى
ئىلاھىيلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇش خاھىشىنى ئەكس
ئەتتۈرگەنىدى. شۇ ئىس بۇ دەلىل ـ ئىسپاتلاردىن «توغرا» يەكۈن
چىقىرىپ: ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە سوۋېتكە قارشى
خاھىش بار؛ «ئۆتكەنكى بىرقانچە يىل ئىچىدە جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى خىلمۇ خىل تىرمىشچانلىقلارنى
كۆرسىتىپ، روسىيە كوممۇنىزمىنى جۇڭگوغا قارىغۇلارچە
كۆچۈرۈپ كېلىدىغان ھادىسىلەرنى تازىلىغۇەتتى»، دېدى. ھەتتا
بوگۇمۇ (شۇ ئىس بوگۇنى «سوۋېتپەرەس» لەرنىڭ داھىيسى دەپ
قارايتتى) — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى ئاشۇ
نامى ياخشى بولمىغان سوۋېتپەرەسلەرمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ئەندىزىسىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشنى خالىمايدۇ، دېگەنىدى.
بوگۇ شۇ ئىسقا: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 100—200 يىل
ئىچىدە جۇڭگودا سوتسىيالىزم قۇرمايدۇ، دېگەن. جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بۇ رەھبىرى شۇ ئىسنى يۇقىرىقى
يەكۈننى چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغاندىن كېيىن يەنە
شۇ ئىسقا مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن موسكۋانىڭ
مۇناسىۋىتىدىن «توغرا» يەكۈن چىقاردىم، دېگەن.

ماۋ زېدۇڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى
راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىپ، موسكۋانى جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى موسكۋاغا قەتئىي سادىق، دېگەنگە
ئىشەندۈردى. ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ كۆزىتىش گۇرۇپپىسى
يەنئەنگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ماۋ زېدۇڭ موسكۋا بىلەن بولغان
مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى. بۇنىڭدىكى مەقسەت، روشەنكى، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئىشقا بولغان گۇمانىنى يوقىتىش ئىدى. 1944-

-يىلى 11 - ئايدا، ماۋ زېدۇڭ پرېزدېنت روزۋېلتنىڭ ۋەكىلى گېنېرال خېرلى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇزۇن سۆھبەتلەشتى. ۋىلادىمىروۋ ئۆزىنىڭ خېرلى بىلەن سۆھبەتلىشىش ئەھۋالىنى موسكۋاغا تېلېگراممىدا ئارقىلىق مەلۇم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. خېرلى يەنئەندىن ئەمدىلا كېتىپ تۇرۇشىغا، ماۋ زېدۇڭ موسكۋاغا يەنە تېلېگراممىدا يوللاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچى بىلەن ئىستىقبالىنى بايان قىلىپ بەردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ماۋ زېدۇڭ ستالىنغا ئۆتكەنكى سەككىز ئاي ئىچىدە جۇڭگودا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن تېزلىك بىلەن گومىنداڭنىڭ تەسىرىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، دېگەنىكەن.

موسكۋانىڭ يەنئەندىكى ۋەكىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئامېرىكا بىلەن ئۇچرىشىشىدىن ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن گۇمانلانغانىدى. ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ كۆزىتىش گۇرۇپپىسى يەنئەنگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ۋىلادىمىروۋ ماۋ زېدۇڭ بىلەن يەنئەن - ۋاشىنگتون مۇناسىۋىتىنى مۇھاكىمە قىلغانىدى. ماۋ زېدۇڭ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى مۇھىم رولىنى تەكىتلىدى ھەمدە ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنى ئۈمىد قىلدى. ۋىلادىمىروۋ بۇنى: ماۋ زېدۇڭ ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى مانجۇرىيىگە بېسىپ كىرىدۇ دەپ قورقۇشىدىن پايدىلىنىپ، غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئېرىقتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ چۈشەنگەنىدى؛ ۋىلادىمىروۋ: ماۋ زېدۇڭ ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورقۇش ھالىتىدىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى

قوللاتماقچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ ھېس قىلغانىدى.

بۇگو 1944 - يىلى 8 — 9 - ئايلاردا، ماۋ زېدۇڭنىڭ شۋىس بىلەن سۆھبەتلىشىش ئەھۋالىنى ۋىلادىمىروۋقا ئېيتقانىدى. ۋىلادىمىروۋ بۇنىڭدىن يەكۈن چىقىرىپ: ماۋ زېدۇڭ دەل «سوۋېت ئىتتىپاقى تەھدىتى» دېگەن بۇ قورقۇنچلۇق ئىشتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئويۇنىغا يول راسلاۋاتىدۇ، دېگەنىدى. ۋىلادىمىنوۋ يەنە مۇنداق دېگەنىدى: ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقى كېيىنكى مەزگىلگە بارغاندىلا يىراق شەرق ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ دەپ، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا ئۆزىنىڭ سالاچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ماۋ زېدۇڭ يىراق شەرق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى قېتىپ چىقىرىش ئۈچۈن، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سودا قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى؛ ماۋ زېدۇڭ يەنە ئامېرىكىغا شەنشى - گەنسۇ - نىڭشىيا چېگرا رايونىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى تالاشقا سېلىپ قويۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. 11 - ئايدا ۋىلادىمىروۋ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆزى بىلەن خېرلى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتكە بەرگەن ئىزاھاتىنى موسكۋاغا تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلغاندا، قوشۇمچە ئۆزىنىڭ پىكرىنىمۇ مەلۇم قىلدى، ماۋ زېدۇڭ يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى، ئامېرىكا ماۋ زېدۇڭنى قورال-ياراغ بىلەن تەمىنلەشنى رەت قىلدى. بۇ سوۋېت ئەمەلدارىنىڭ قارىشىچە، ماۋ زېدۇڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن تېخىمۇ ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇشىدا، ئاساسەن، ئىككى مۇھىم ستراتېگىيىلىك مەقسەت بار ئىدى: ئۇنىڭ بىرى، ماۋ زېدۇڭ شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سوۋېتتىن ئايرىلىشتىن ئىبارەت ھەقىقىي

غەربنى يوشۇرماقچىدى؛ يەنە بىرى، ناۋادا ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش مەغلۇپ بولۇپ قالسا، يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش ئىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ كۆتۈرۈۋالغىنى «بىخەتەرلىك كوزىرى» ئىدى.

ئامېرىكا بىلەن ئالاقىلىشىش كويىدا يۈرگەندە، ماۋ زېدۇڭ ئاشكارا ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىللە بولىدىغان سىياسەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى ۋە بۇنىڭغا ماس ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تېخىمۇ زور ياردەمگە ئېرىشىشنىڭ پېيىگە چۈشتى. 1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى (ماۋ زېدۇڭ بىلەن شۈسىتۇنجى قېتىم سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن)، ماۋ زېدۇڭ ۋىلادىمىنوۋقا تەكلىپ بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 10 مىڭ نەپەر 8 ـ ئارمىيە جەڭچىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سىبىرىيىگە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ، ناۋادا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە ئۇرۇش قىلىپ قالغۇدەك بولسا، بۇ تەلىم ـ تەربىيە ئالغان خادىملار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ، قىزىل ئارمىيە بىلەن مۈرنى مۈرىگە تىرەپ ئۇرۇش قىلىدۇ، دېدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش ئىشىغا كەلسەك، بىز پەقەت ۋىلادىمىنوۋ تەمىنلىگەن بىرلا پارچە ماتېرىيالنى كۆردۇق. ناۋادا ماۋ زېدۇڭ بۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىچۇ؟ ئۇ ھالدا بۇ، كىشىنى تەئەججۈپلەندۈرىدىغان ئىش بولىدۇ. ۋىلادىمىنوۋ ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپىنى، ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا جىددىي ھالەت پەيدا قىلماقچى، دەپ چۈشەنگەنىدى. ماۋ زېدۇڭ ئەسلىدە تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ فاشىزمغا قارشى بۈيۈك ئىتتىپاققا كىرىپ، ھەم ئامېرىكىنىڭ، ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشى مۇمكىن ئىدى. موسكۋا

ياۋروپادا يۇگوسلاۋىيە ئۇچۇن ئىنتايىن جەڭگىۋار كۈچكە ئىگە بولغان پارتىزانلارنى قورال بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىگە تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، چۈنكى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئۇلگە ياراتقاندىن كېيىنلا ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇشۇنداق قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ماۋ زېدۇڭ بەلكىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسىگە تەلىم - تەربىيە بېرىشنى ئامېرىكىنىڭ ھىندىستاندا گومىنداڭ ئارمىيىسىگە تەلىم - تەربىيە بەرگىنى بىلەن ئوخشاش ئىش، دەپ قارىغان بولسا كېرەك.

1944 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 1945 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قاراتقان ئۇرۇشىنىڭ خىلمۇ خىل ئالامەتلىرىگە يېقىندىن دىققەت قىلدى. «ئازادلىق گېزىتى» 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ستالىننىڭ ياپونىيە «تاجاۋۇزى» نى ئەيىبلەيدىغان نۇتۇقىنى باستى ھەمدە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا كېيىنكى چاغلاردا ئېلان قىلىنغان، ياپونىيىگە زەربە بېرىدىغان ماقالىلەرنىمۇ باستى. باشقا ئىشتىياقمەن كۆزەتكۈچىلەرگە ئوخشاش، يەنئەن شۇنى بىلەتتىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زەربە بېرىشىنىڭ كۈنسايىن ئۆرلىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخىرىدا يىراق شەرق ئۇرۇشىغا قاتنىشىشىغا سىياسىي جەھەتتىن قىلىنىۋاتقان تەييارلىق ئىدى. ۋىلادىمىنوۋنىڭ دېگىنى بويىچە، 1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «خەۋەرلەر» گېزىتى ماقالە ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى كۈچلىرىدىكى ئىتتىپاقلاشماسلىقتەك ئەھۋاللارنى تەنقىد قىلىپ، گومىنداڭغا كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. بۇ ماقالە يەنئەننىڭ ئىنتايىن زور قىزىقىشىنى قوزغىدى. ماۋ

زېدۇڭ بۇ ماقالىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەلگۈسىدە يىراق شەرق ئۇرۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىشىنىڭ دەلىلى، دەپ قارىدى. 1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «خەۋەرلەر» گېزىتىدىكى يەنە بىر پارچە ماقالە ئوخشاش ئىدىيىنى بايان قىلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ گومىنداڭدىن «بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسى»نى تاماملاشنى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتەك مەيدانىنى ئالقىشلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەشۋىقات ھۇجۇمىنى كۈچەيتىشى ئۆزىگە يالتا يىغىنىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغانىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يالتا يىغىنىنىڭ خىتابنامىسىنى قارشى ئالاتتى. خىتابنامىدە: ياۋروپادىكى ئازاد بولغان دۆلەتلەردە ئەركىن سايلام ئارقىلىق دېموكراتىك دۆلەت تەسىس قىلىنىدۇ، دەپ ۋەدە قىلىنغانىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بەلكىم ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ جياڭ جيېشىنى دېموكراتىك ئىنقىلاب يولىغا مېڭىشقا مەجبۇرلاش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى مۇشۇلاردىن بىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ماۋ زېدۇڭ بەلكىم ئەينى ۋاقىتتا يالتا كېلىشىمىنىڭ يىراق شەرق توغرىسىدىكى ماددىلىرىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن، يىغىندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي يۈز بەرگەن خىلمۇ خىل ئىشلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىدى: 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى موسكۋا ياپونىيە بىلەن ئىمزالىغان بىتەرەپلىك كېلىشىمىنىڭ ئۇزارتىلمايدىغان ئىناۋەتلىك مەزگىلىنى ئېلان قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئېھتىماللىقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى. ئەگەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئارمىيىسى شىمالىي جۇڭگو بىلەن مانجۇرىيىدە قىزىل ئارمىيە بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇرۇش قىلسا، بىر يولدا ئىلگىرىلىسە، ئۇ ھالدا جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسى بىر تەرەپتىن، ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ، ئېھتىمال يەنە قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قورال - ياراغلىرىنى توپلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئازاد رايونلاردا مەمۇرىي ھوقۇق يۈرگۈزەتتى. 1945 - يىلى 4—5 - ئايلاردىكى ئامېرىكىنىڭ سىياسەت بەس - مۇنازىرىسىدە «ئەكسىيەتچىلەر» نىڭ نۇقتىئىنەزەرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەچكە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن قىزىل ئارمىيىنىڭ ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىش چارىسى بارغانسېرى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولماقتا ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭىباشتىن يىراق شەرق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ۋاقىت جەھەتتىن ئومۇمەن، ئامېرىكا سىياسىتىنىڭ كۈنسايىن روشەن ھالدا گومىنداڭغا يان بېسىشقا باشلىغان ۋاقتى بىلەن بىردەك ئىدى. 1944 - يىلى 11 - ئايدا، جياڭ جيېشى ماۋ زېدۇڭ بىلەن پرېزدېنت روزۋېلتىنىڭ خۇسۇسىي ۋەكىلى خېرلى ماقۇل بولغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت تۈزۈش توغرىسىدىكى پىلاننى رەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خېرلى تېزلىك بىلەن ئۆز مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ، بىر ئۆرۈلۈپلا جياڭ جيېشىنىڭ لايىھىسىنى قوللىدى. كوممۇنىستلارنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە كىرىشىنى تەن ئالماسلىق دېگەن بۇ ئۇقۇم جياڭ جيېشى بىلەن خېرلى (11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خېرلىنىڭ ئورنىغا كېلارېنس گائۇس ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىكىگە تەيىنلەنگەنىدى) تەرىپىدىن: كوممۇنىستىك پارتىيە ئۆز ئارمىيىسىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن بەزى كوممۇنىستلار ئاشۇ چاغدىكى گومىن ھۆكۈمىتىگە كىرسە بولىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. جياڭ جيېشىنىڭ قاتتىق لۇشيەنى بىلەن خېرلىنىڭ يۈز ئۆرۈشىگە نىسبەتەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مۇستەقىل ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىش ھەمدە 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى گومىنداڭ بىلەن

بولغان سۆھبەتنى توختىتىش ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇردى. ئامېرىكىنىڭ بېسىمى ئاستىدا سۆھبەت 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن قاتمال ۋەزىيەت يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەردى. گومىنداڭ شەكىل جەھەتتە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھۆكۈمەتكە قاتنىشىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بەدىلىگە كوممۇنىستىك پارتىيە ئۆزىنىڭ ئارمىيىسىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھە فرانسىيىنىڭ 1944- يىلىدىكى ئۇسۇلى بىلەن بىردەك ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى گومىنداڭ ئۆزىنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگىنىنى تارقىتىۋېتىشى، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ھوقۇقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، دېگەندە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇردى. دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، ماۋ زېدۇڭ 1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پرېزىدېنت روزۋېلىت بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۆزى بىلەن جۇ ئېنلەينىڭ ۋاشىنگتوننى زىيارەت قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماۋ زېدۇڭ بۇ كارامەت ساياھەت ئارقىلىق خېرلىنى مەغلۇپ قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى، چۈنكى، ماۋ زېدۇڭ ئاللىبۇرۇنلا خېرلىنىڭ يەنئەن بىلەن ۋاشىنگتوننىڭ سەممىي، ئۇزۇل ـ كېسىل پىكىر ئالماشتۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغانىدى.

ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنئەندە تۇرۇشلۇق ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تېزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان ۋاشىنگتوننى زىيارەت قىلىشتىن ئىبارەت كۈتۈلمىگەن تەكلىپنى ئۇقتۇرمىدى. شۇنداقلا ماۋ زېدۇڭ تەدبىر قوللىنىپ، ئۆزى بىلەن موسكۋا ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى. چۈنكى، ناۋادا ۋاشىنگتون ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلسا، ئۇنىڭغا يەنە چېكىنىش يولىمۇ بولۇشى كېرەك ئىدى. 2 ـ ئايدا ماۋ زېدۇڭ

موسكۋاغا نۇرغۇن قېتىم تېلېگراما يوللىدى. بىر پارچە تېلېگراممىسىدا ماۋ زېدۇڭ ئاگاھلاندۇرۇپ ئامېرىكا بىلەن جياڭ جيېشى خىلمۇ خىل چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى غۇلاتماقچى بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، يەنئەن بىلەن موسكۋا زىچ ھەمكارلىشىپ، ئامېرىكا بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ سۇيىقەستىگە قارشى تۇرۇشى شۇنداقلا ئامېرىكا بىلەن جياڭ جيېشى ئوتتۇرىسىغا تىرىشىپ بىر پانا قېقىپ قويۇشى كېرەك، دېدى. يەنە بىر تېلېگراممىسىدا ماۋ زېدۇڭ ئاگاھلاندۇرۇپ، جياڭ جيېشى ئامېرىكىنىڭ قورالى ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى باستۇرماقچى، دېدى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ماۋ زېدۇڭ ستالىن ئەۋەتكەن پەقەت بىر جۈملىلىك تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدى. تېلېگراما ماۋ زېدۇڭ بىلەن جۇ دې ئىلگىرى ئەۋەتكەن تەبرىك تېلېگراممىسىغا جاۋابەن ئەۋەتىلگەنىدى. جاۋاب تېلېگراممىدا: «رەئىس ماۋ زېدۇڭ، گېنېرال جۇ دې: سىلەرنىڭ قىزىل ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 27 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىگەنلىكىڭلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ستالىن» دېيىلگەنىدى. ۋىلادىمىروۋنىڭ دېگىنى بويىچە، ماۋ زېدۇڭ بۇ تېلېگراممىنىڭ قىممىتىنى دەرھال بىلىپ يەتكەنىدى. ئۇ، تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋېلىش بىلەنلا دەرھال جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 7 - ئومۇمىي يىغىنى (ئەينى ۋاقىتتا ئومۇمىي يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى) نىڭ ھەيئەت رىياسەتچى يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا جۇ دې، ليۇ شاۋچى، رېن بىشى، جۇ ئېنلەي ۋە ماۋ زېدۇڭ شەخسەن ئۆزى قاتناشتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ماۋ زېدۇڭ بۇ تېلېگراممىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قوللىشى ۋە ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلىقىنىڭ بىر ئالامىتى، دەپ قارىغانىدى. ۋىلادىمىنوۋنىڭ تەھلىلى بويىچە، سوۋېت

ئىقتىساقدىكى گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ يېقىندىن بۇيان ئېلان قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قوللايدىغان ماقالىلىرى، يەنئەن بىلەن ئامېرىكا سۆھبىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، ستالىنىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى قاتارلىق ئامىللار قوشۇلۇپ، ماۋ زېدۇڭنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش «بىردىنبىر توغرا يول» ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرگەندى. سوۋېت ئىتتىپاقى ستالىنىنىڭ تېلېگراممىسىنى يەنئەندە ئېلان قىلىشقا قوشۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ گېزىتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى داھىيسىنىڭ ماۋ زېدۇڭ ۋە جۇ دېغا يوللىغان مىننەتدارلىق تېلېگراممىسىنى كۆرۈنەرلىك ئورۇنلىرىغا باستى. ھەمدە يەنئەن رادىئو ئىستانسىسى بۇ تېلېگراممىنى كەينى ـ كەينىدىن ئاڭلاتتى. بۇنداق قىلىشتا بىرنەچچە مەقسەت بار ئىدى: ئۇ، موسكۋانى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ساداقىتىگە ئىشەندۈرەتتى؛ ئۇ، ۋاشىنگتوننى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى موسكۋا تەرەپكە تېخىمۇ ئىتتىرىۋەتمەسلىككە ئاگاھلاندۇراتتى؛ ئۇ يەنە ئامېرىكىنىڭ يۈرگۈزۈش ئېھتىمالى بولغان كوممۇنىزمغا قارشى ھەربىي مۇداخىلىسىنى توسۇشقا ياردەم قىلاتتى. ئاخىرقى ئوي ـ پىكىر بەلكىم ئەڭ مۇھىم ئوي ـ پىكىر بولسا كېرەك. ۋىلادىمىروۋ: ماۋ زېدۇڭ گىرېتسىيە ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن دىققەت قىلماقتا، ئۇ يەردە ئەنگلىيە ئارمىيىسى كوممۇنىستلار رەھبەرلىكىدىكى ھاكىمىيەت تارتىۋېلىش قوزغىلىڭىنى ئەمدىلا باستۇرغان، دېگەنىدى.

ستالىنىنىڭ تېلېگراممىسى ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ماۋ زېدۇڭ شۈس بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى سۆھبىتىدە ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ،

ۋاشىنگتوننى جىياڭ جىيېشىنى ئۆتكۈنچى خاراكتېردىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشقا مەجبۇر قىلىش ھەمدە جىياڭ جىيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىشىنى توسۇشقا چاقىردى. شۇس مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئامېرىكىغا قايتىش ھارپىسىدا ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي، جۇ دېلار 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شۇس بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈپ، يۇقىرىقى پىكىرلەرنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى. بۇ چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە يېتىپ كېتىشى مۇمكىن دېگەندىن قايتا بىشارەت بەرمىدى. چۈنكى، ستالىننىڭ تېلېگراممىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بۇنداق بىشارەتنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كوزىرى ئارقىلىق ئامېرىكىغا تەسىر قىلىشنى ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنداشقا توغرا كېلەتتى. بۇ كوزىرنى ھەددىدىن زىيادە كۆز - كۆز قىلىش ئويلىغان نەتىجىنى بەرمەيتتى. شۇڭا، ئاي ئاخىرىغا بارغاندا شۇس جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرق ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئېھتىماللىقى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشتىن «بەكمۇ بىزار» ئىكەنلىكىنى بايقىغانىدى.

ۋاشىنگتوننىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتى توغرىسىدىكى مۇنازىرە 3 - ئايدا ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇرغان بولۇپ، نەتىجىدە گومىنداڭنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغان نۇقتىئىنەزەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى. گېنېرال ئالبېرت ۋېدېمېر (گېنېرال يوسف سىدىۋېلنىڭ ئورنىغا قويۇلغان كىشى) پرېزىدېنت روزۋېلت بىلەن مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن ۋاشىنگتونغا قايتىۋاتقانىدى. 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، مەسلىھەتكە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن شۇسمۇ ئامېرىكىغا چاقىرتىۋېلىندى. مۇھاكىمىنىڭ نەتىجىسى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئايان بولدى. شۇ چاغدا خېرلى بىلەن پرېزىدېنت روزۋېلت سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن

مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەندى. خېرلى ئۆز باياناتىدا: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پەقەت ئۆزىنىڭ قۇراللىق قوشۇنلىرىنى گومىن ھۆكۈمىتى ئارمىيىسىگە قوشۇۋېتىدىغانلا بولسا، ئامېرىكا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ياردەم بېرىدۇ، دېدى. ئۇ، ھۆكۈمەتنى كەڭرى ئاساستا ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئەمەس، بەلكى جياڭ جيېشى ئوتتۇرىغا قويغان كومپارتىيە بىرلەشمە كابىنېتقا كىرىشى كېرەك دېگەن كۆز قاراشنى قوللايتتى. خېرلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا جۇڭگوغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ سىياسىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىشىغا قارشى تۇرغان بەزى دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنى تازىلاشقا باشلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىتى خېرلىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارشى تۇرۇش تەكلىپىنى روزۋېلتقا قوبۇل قىلدۇرۇشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدى. ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلگەن 3 - ئايلىق سۆھبەتتە خېرلى پرېزىدېنت روزۋېلتقا گەرچە ستالىن يالتا كېلىشىمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قوللىماسلىق توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلماقتىن باشقا چارىسى يوق، ناۋادا يەنئەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەسلىكىنى بىلىپ يەتسە، ئۇ، گومىن ھۆكۈمىتىدىكى قانۇنىي، قورال -يارىغى بولمىغان ئاز سانلىق پارتىيە بولۇش ئورنىنى قوبۇل قىلىدۇ، دېگەندى.

ئەگەر خېرلىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى موسكۋا تەرەپكە تايىنىدۇ ۋە بويسۇنىدۇ دېگەن مۆلچەرى خاتا دېيىلىدىغان بولسا ، ئۇ ھالدا، كەم دېگەندىمۇ ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەيىل - رايىنىڭ قاياقتىلىقى توغرىسىدىكى مۆلچەرى توغرا ئىدى. ئۇ، جۇڭگوغا قايتىش يولىدا موسكۋادا توختاپ، ستالىن

ۋە مولوتوۋ بىلەن جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتىنى مۇھاكىمە قىلغانىدى. جۇڭگونى ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ستالىن: مەن، گومىنداڭ رەھبەرلىكىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە كىرىش توغرىسىدا ماۋ زېدۇڭغا ھەيدەكچىلىك قىلدىم، دېدى. سوۋېت ئىتتىپاقى مۇنداق مەخپىي كېڭىشىشتىن باشقا يەنە ئاشكارا تەشۋىقاتتىمۇ قوشۇمچە پايدىلانغانىدى. 1945 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقى جامائەت پىكرى جۇڭگودا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشنى ئاشكارا قوللىغانىدى.

## 5. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئاخىرقى تەييارلىقى

1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ قەيسەر ۋە قۇدرەتلىك، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان رەھبىرىگە ئايلانغانىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئېيتىشىغا ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تايانچ بازىلىرىدا تەخمىنەن 100 مىليون خەلق ياشايتتى. مۇنتىزىم ئارمىيىدە 910 مىڭ ئەسكەر، بۇنىڭدىن باشقا يەنە 19 ئازاد رايوندا 2 مىليون 200 مىڭ خەلق ئەسكىرى بار ئىدى. ئەينى چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۆز كۈچلىرىنى كۆككە كۆتۈرۈشى پۈتۈنلەي ئورۇنلۇق ئىدى. چۈنكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەقىقەتەن قۇدرەت تېپىپ قالغان، لېكىن ئۇنىڭ رەقىبى بولسا ئەكسىچە زەئىپلىشىپ كەتكەنىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتلەر تۇشمۇ تۇشتىن قوزغىلىپ، ئەلپازى شىددەتلىك بولماقتا ئىدى. گومىنداڭنىڭ مەزھەپلىرى ئەسلىدىنلا سامانەك بولۇپ، ئارمىيىنىڭ كەيپىياتى تۆۋەن ئىدى. خىرە ـ شىرە ئۈمىد، پەقەت، بەلكىم ئامېرىكا

ئارىلىشىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشىنى توسىدۇ، دېگەندىلا قالغان بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق ئۇمىد «ئەكسپېدىتچىلەر» نىڭ ۋاشىنگتوندىكى جۇڭگو سىياسىتى توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى تۈپەيلى تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى.

4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، يەنى موسكۋا ياپونىيە بىلەن ئىمزالىغان بىتەرەپلىك كېلىشىمىنىڭ ئىناۋەتلىك مەزگىلىنى قايتا ئۇزارتمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا چاقىرىلدى. ۋىلادىمىروۋنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە، ماۋزېدۇڭ بۇ قېتىمقى يىغىننى كېچىكتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزى سوۋېت ئىتتىپاقى يىراق شەرق ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ دەپ تونۇغان چاغدىلا ئاندىن ئاچقانىدى. گەرچە، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ زادى قاچان ئەسكەر چىقىرىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگىلى بولمىسىمۇ (شۆس ۋاشىنگتونغا دوكلات قىلىپ: جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىنى 1946 - يىلى باھاردا ئەسكەر چىقىرىدۇ دەپ ھېس قىلىدۇ، دېگەنىدى)، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخىرىدا شىمالىي جۇڭگو بىلەن مانجۇرىيىگە ئەسكەر چىقىرىشى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆزى بىلەن موسكۋا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە موھتاج ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. جۇڭگو كومپارتىيە ئارمىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇرۇش قىلالىشى ۋە مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلىشى ئۈچۈن، ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى سىياسىي جەھەتتىن ياخشى سەرەمجانلاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. خۇددى ماۋ زېدۇڭ 7 - قۇرۇلتايغا بەرگەن سىياسىي دوكلاتىدا ئېيتقاندەك، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۇختا تەييارلىق قىلىپ، گومىنداڭدىن

مۇستەقىل تۇرۇپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن بىۋاسىتە ھەمكارلاشقان ھالدا ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ، قىزىل ئارمىيە پۈتۈنلەي جۇڭگو كومپارتىيە ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇرۇش قىلىدۇ، دېگەنلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ماۋ زېدۇڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ نىشانى ئەڭ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ماۋ زېدۇڭ 7 - قۇرۇلتاي باشلانغان چاغدا، ئامېرىكىغا قاراتقان سىياسەتنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى كۆرسەتمىگەنىدى. لېكىن، يىغىنىنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى بارا - بارا قاتتىقلاشقىلى تۇردى. 4 - ئاينىڭ 24- كۈنى سىياسىي دوكلاتتا ماۋ زېدۇڭ ئامېرىكىنى فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەت دەپ تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاگاھلاندۇرۇپ: نۇرغۇن دۆلەتلەردە يەنىلا خېلى بىر قىسىم ئەكسىيەتچى كۈچلەر دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئىلغارلىقى ۋە ئازادلىق ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا، شۇڭا، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا جاپا - مۇشەققەت ۋە ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، دېگەنىدى. 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، يەنى 7 - قۇرۇلتاينىڭ يېپىلىدىغان كۈنى ماۋ زېدۇڭ ئامېرىكىغا قارىتا تېخىمۇ قاتتىق پوزىتسىيە قوللىنىپ، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ئەكسىيەتچى، ئەكسىلئىنقىلابىي ۋە كوممۇنىزمغا قارشى سىياسىتىنى ئەيىبلىگەنىدى. ماۋ زېدۇڭ: جاھانگىرلىك — جۇڭگو خەلقىنىڭ شىللىسىنى بېسىپ تۇرغان ئۈچ چوڭ تاغنىڭ بىرى، دەپ جاكارلىغانىدى. ئۇنىڭ سۆزلىگەن نۇتۇقىنىڭ مۇقامى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغۇچى بىرىنچى نومۇرلۇق جاھانگىر دۆلەتكە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ

بەرگەندى؛ ماۋ زېدۇڭ ستالىننىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: جاھانگىرلىك ئىلغار دۇنيانىڭ ئاساسلىق دۈشمىنى، دېگەندى؛ ئۇ: دۇنيا خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ھەرىكىتى تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ، تېخىمۇ گۈللەپ - ياشنىماقتا، دەپ كېسىپ ئېيتقانىدى.

ۋاشىنگتوننى ئاگاھلاندۇرغاندا ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەدھىيىلىگەنىدى. ئۇ «ئىككى جۇڭگونىڭ تەقدىرى» ماۋزۇلۇق ئېچىلىش نۇتقىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيە فاشىزمىنى مەغلۇپ قىلىشتا ئەڭ زور كۈچىنى تۆھپە قىلغانلىقىغا تەنتەنە قىلدى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ «پۈتۈن دۇنيا خەلقى، بولۇپمۇ سوۋېت خەلقىنىڭ ياردىمى تۇرغاندا»، شەرت - شارائىت يارىتىپ جۇڭگو خەلقىنى ئۆزۈل - كېسىل ئازاد قىلىپ، پارلاق يېڭى بىر جۇڭگو قۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىككىنچى كۈنى ماۋ زېدۇڭ قۇرۇلتايغا سىياسي دوكلات بەردى. ۋىلادىمىروۋ بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتناشتى ۋە يىغىندىن خاتىرە قالدۇردى. ماۋ زېدۇڭ دوكلاتىدا تېخىمۇ ئېنىق سۆزلەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دېدى: «سىياسي رېئاللىق ۋە ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسەتتىكى، خەلقئارا سەھنىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىزنىڭ بىردىنبىر ۋە ئەڭ ياخشى دوستىمىز، باشقىلىرى بولسا، پەقەت ئاتالمىش ئىتتىپاقداشلىرىمىز.» ۋىلادىمىروۋ قۇرۇلتايدا ماۋ زېدۇڭ ۋە باشقا سۆزگە چىققۇچىلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن مەدھىيىلىگەنلىكىگە دىققەت قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار مەركىزي كومىتېتقا كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ۋاڭ مىڭ بىلەن بوگۇمۇ بار ئىدى. ۋىلادىمىروۋنىڭ ئېيتقىنىغا بويىچە، ماۋ زېدۇڭ كاڭ شېڭ بىلەن رېن بىشىنىڭ قۇرۇلتايدا

ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى توغرىسىدا دوكلات بېرىشكە يول قويمىغانىدى. ماۋ زېدۇڭ سىياسىي دوكلاتىدا ئىستىل تۈزىتىشنى پەقەت بىرلا قېتىم تىلغا ئالغانىدى. ماۋ زېدۇڭ بىرنەچچە ئابزاس ئارقىلىق، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ماركسىزم - لېنىنىزملىق تەربىيە يۈرگۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىزاھلاپ ئۆتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئىزاھلىرى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى بىلەن ئاتالمىش سوۋېتپەرەس ئۇنسۇرلارنى تازىلاش مەسىلىسىنى بىر - بىرىگە باغلىمىغانىدى. ليۇ شاۋچى بىلەن جۇ ئېنلەينىڭ سۆزلىرىمۇ ئوخشاشلا ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىگە دارىماي دېگۈدەكلا ئۆتتى.

ليۇ شاۋچىنىڭ پارتىيىنىڭ تارىخى، ئىدىيىسى ۋە تەشكىلاتى (بۇ، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنىڭ تۈپ مەسىلىسى) توغرىسىدا بەرگەن دوكلاتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىرىنىڭ ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىگە ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقىنى ئەڭ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ئۇزۇن نۇتۇقتا ليۇ شاۋچى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدىن ئىمكانقەدەر ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بۇ ھەرىكەتنى پۈتۈن دوكلاتتا پەقەت ئىككى قېتىملا تىلغا ئېلىپ قويدى. ليۇ شاۋچى ھەتتا ماۋ زېدۇڭنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە ئوينىغان رولىنى تەكىتلىگەندىمۇ، ئىستىل تۈزىتىشنى ئاغزىغا ئالمىدى. ئەلۋەتتە، ليۇ شاۋچى ماۋ زېدۇڭنى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ئوقۇغۇچىسى دەپ ماختىغانىدى. پارتىيىنىڭ تارىخى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ «سول»، ئوڭ پۇرسەتپەرەسلىك خاھىشلىرىغا قارشى كۈرىشىنى قانات يايدۇرغانلىقىنى بايان قىلغان چاغدا، ليۇ شاۋچى پەقەت چېن دۇشيۇ بىلەن لى لىسەننىلا ئېغىزغا ئېلىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ

ئاساسىي دۈشمىنى — ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشقا قارشى ۋاڭ مىڭ — نى ئېغىزغا ئالمىدى؛ 1931 - يىلىدىكى «خاتا» لۇشيەن پەقەتلا «سول» پۇرسەتپەرەسلىك ۋە كېيىنكى چاغلاردىكى تەسلىمچىلىك، دېيىلدى، خالاس. ليۇ شاۋچى، روشەنكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن كۆچەپ ئۆزىنى قاچۇرغانىدى.

مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى: ئىتتىپاقلىق، يەنى بىر ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇپ، جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش قوزغىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە گومىنداڭ بىلەن تەڭ ئورۇندا قاتنىشىش؛ ئۇنىڭ سىياسىي نىشانى: جۇڭگونىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش لازىم دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق تەلەپنىڭ يەنئەنگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى نۇرغۇن سەۋەبلەر چۈشەندۈرۈپ بەردى؛ بۇنداق تەلەپ ئامېرىكا بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ قاپقىسىنى ئېچىۋەتكەنىدى؛ بۇ تەلەپ يەنە شەھەرنىڭ ھەرقايسى قاتلام زىيالىيلىرىنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشكەنىدى. بەلكىم، بۇ تەلەپنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى جياڭ جيېشىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەپ قويغانلىقى بولۇشى مۇمكىن. جياڭ جيېشى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى نۇتقىدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت تۇغرىسىدىكى لايىھىسىنى ئۈزۈل-كېسىل رەت قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش تۇغرىسىدىكى چاقىرىقى جياڭ جيېشىنى «بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسى» نى قوغداش ۋەزىيىتى ئىچىدە قويۇپ قويدى. ئەلۋەتتە، ماۋ زېدۇڭ، ئەڭ مۇھىمى، يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنى كۆزدە تۇتاتتى. ماۋ زېدۇڭنىڭ 7 - قۇرۇلتايدا چىقارغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش تۇغرىسىدىكى

چاقىرىقى، دېمىتروۋنىڭ 1944 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى يولىيورۇقى ئەينى چاغدا موسكۋا ياۋروپادىكى باشقا كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنى يۈرگۈزۈشكە مەجبۇرلىغان سىياسەتلەر بىلەن بىردەك ئىدى.

خۇددى بۇرۇندىن قىلىپ كەلگىنىگە ئوخشاش، ماۋ زېدۇڭ يەنە بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يولىيورۇقىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇپ شەرھلىدى. ئۇ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىقنى گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيىلىك ھاكىمىيەتتىن ئىبارەت ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىنى دەرھال تارقىتىۋېتىش كېرەك، دېگەنگە كېڭەيتتى. ئۇنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش جەھەتتىكى «ئەڭ تۆۋەن شەرتى»: گومىنداڭنىڭ مەخپىي ساقچى ئاپپاراتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ قولغا ئېلىنغان بارلىق كوممۇنىستلارنى قويۇپ بېرىش؛ گومىنداڭنىڭ شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونلىرىغا يۈرگۈزگەن ھەربىي قامالىنى بىكار قىلىش، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونى ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەينى چاغدىكى كونكرېت نىشان گومىنداڭنىڭ «بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسى»غا خاتىمە بېرىش، كوممۇنىستىك پارتىيىنى ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەركىن سايلام يۈرگۈزۈپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى رەسمىي قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەت توغرىسىدىكى شەرھىيىسى كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلىش ئەمەس، بەلكى گومىنداڭنىڭ «بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسى»غا خاتىمە بېرىشنى تەلەپ قىلىش ئىدى.

بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىق يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قورallىق كۈچلىرىنى ئىمكانقەدەر تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلىشنى نىقاب بىلەن تەمىنلەيتتى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ

7 ـ قۇرۇلتىيى ياپون قاراقچىلىرى ئىشغال قىلىۋالغان ئاساسلىق شەھەرلەرنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قوراللىق ھەرىكەتكە تەييارلىق قىلىش، ئەمەلىي خىزمەتنى يېزا ئازاد رايونلىرىدىكى خىزمەتلەرگە ئوخشاش مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى تېزلىك بىلەن كېڭەيتىش، پارتىزانلىق ئۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى ھەرىكەتچان ئۇرۇشنى تەشكىللەش، جۇڭگو كومپارتىيىسى قوشۇنىغا يەنە 100 مىڭ ئادەمنى قوبۇل قىلىش، مۇنتىزىم ئارمىيىنى 1 مىليون ئادەمگە كۆپەيتىش؛ يېڭىباشتىن 10 دىن 15 كىچە دىۋىزىيە تەشكىللەپ ھەرىكەتچان ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش، ئاساسلىق شەھەرلەرنى تارتىۋېلىش ۋە مۇداپىئە قىلىش كېرەك دەپ قارار قىلدى. ماۋ زېدۇڭ خۇددى ئۆزىنىڭ جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى باشلانغان چاغدا قىلغىنىدەك، بۇ ئۇرۇش ئاياغلىشاي دەپ قالغان چاغدا، موسكۋانىڭ سىياسىي لايىھىسىنى كۆرەر كۆز ئۈچۈنلا قوبۇل قىلغان بولىسمۇ، لېكىن بارلىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئىنقىلابىي كۈچلەرنى كېڭەيتىشتە چىڭ تۇردى. 1945 ـ يىلى پۈتۈن ياز پەسلىدە، ماۋ زېدۇڭ جياڭ جيېشىگە ئەڭ ئاخىرقى كارامەتنى ئاشكارا قىلىشىنىڭ ھەر خىل تەييارلىقلىرىنى تېزلىك بىلەن كۆردى. ۋەھالەنكى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن «جۇڭگو سوۋېت دوستلۇق-ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىغاچقا، ماۋ زېدۇڭ تېزلىك بىلەن قىلغان تەييارلىق خىزمەتلىرى بىردىنلا ئۈزۈپ قويۇلدى.

## 6. ئاچقۇچلۇق پەيتتە ستالىننىڭ بىۋاستە ئارىلىشىشى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ جانلىق تاقابىل تۇرۇش سىياستى

8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ـ

ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» موسكۋادا ئىمزالاندى. بۇ خەۋەر ماۋ زېدۇڭنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى. 1945 - يىلىدىن ئىلگىرىكى چاغلاردىلا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى يۇھان شۆسقا: سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىسىدىكى مەنپەئەت ئىمتىيازىنى تەلەپ قىلىشنى يىراق شەرق ئۇرۇشىغا قاتنىشىشنىڭ بەدىلى قىلمايدۇ، دەپ ئېيتقانىدى. ئۇلار شۆسقا ئالىبۇرۇنلا: «روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ دەۋرى ئاياغلاشتى»، دېگەنىدى. 1945 - يىلى يازدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى چۇڭچىڭ بىلەن موسكۋا ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى تىرىشىپ زىغىرلاپ باققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ زىغىرلاش مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ يەنئەندە تۇرۇشلۇق كۆزەتكۈچى گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىرى شەرتنامىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىمتىيازىغا ئالاقىدار ماددىلارنى كۆرگەندە خېلىلا چۆچۈپ كەتكەن.

جۇڭگو كومپارتىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىگە بولغان قارا نىيىتىگە نىسبەتەن ئالىبۇرۇنلا ئەيىبلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولغانىدى. 30 - يىللارنىڭ بېشىدا، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مانجۇرىيىدىكى پارتىيە تەشكىلاتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇستەھكەم تىزگىنلىشى ئاستىدا تۇرغانىدى. 1935 - يىلى 5- ئايدا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مانجۇرىيىدىكى پارتىيە تەشكىلاتىغا جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلماسلىق، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى، يەنى موسكۋادىكى ۋاڭ مىڭغا خىزمەتلەردىن دوكلات قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. شىمالدىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئەينى چاغدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بولغان

مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن مۇشكۇللۇكى بىلەن مانجۇرىيىدىكى ياپونغا قارشى پارتىزان ئەترىتىنىڭ كۈرەشلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيە ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئالىدىغان ھەرىكىتى بىلەن ماسلاشتۇرۇشنى نەزەردە تۇتقاندا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنىڭ مۇۋاپىق يەرلىرى بار ئىدى. لېكىن، 1938 - يىلى رېن بىشى ۋاڭ مىڭنىڭ ئورنىغا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش روشەن ھالدا زور بىر قىسىم ئەھمىيىتىنى يوقاتتى، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلىرىگە قارانىيەتلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ماۋ زېدۇڭنىڭ قەھرى غەزىپىنى قوزغاش ئېھتىمالىغا تولىمۇ يېقىن ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا قويغان خىلمۇ خىل تەلەپلىرى جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي ھېسسىياتىغا تەگكەنىدى. ھالبۇكى، ئېھتىمال تېخىمۇ مۇھىمى مۇنداق بىر ھەقىقەت، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمەلىيەتتە جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنى قوللاش توغرۇلۇق بەرگەن ۋەدىسى بولسا كېرەك. بۇ مۇددىئا جۇڭگو كومپارتىيىسىنى سىياسەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەرتىپكە سېلىشقا مەجبۇر قىلدى. گەرچە جۇڭگو كومپارتىيىسى 8 - ئاينىڭ بېشىدىمۇ يەنىلا رادىكال لۇشيەن يۈرگۈزۈۋاتقان بولسىمۇ، 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن بۇيان، چۇڭچىڭ بىلەن بولغان سۆھبەت قايتا - قايتا ئۈزۈلۈپ قېلىپ تۇردى. 6 - ئايدىن بۇيان، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى باشتىن - ئاخىر جياڭ جيېشى ۋە خېرلىدىن ئىبارەت بۇنداق «ئامېرىكا جاھانگىرلىكى» نى قاتتىق ئەيىبلىدى. ياپونىيە تەسلىم بولۇشقا ساناقلىق كۈنلەر قالغاندا،

يەنئەن ياپونىيە ئىشغال قىلىۋالغان جايلار ۋە قورالىلارنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلدى. 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، گېنېرال جۇ دې جۇڭگو كومپارتىيىسى ئارمىيىسىگە ياپونىيە قورچاق ئارمىيىسىنى قورالسىزلاندۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى ھەمدە ياپون قورچاق ئارمىيىسىنىڭ تەسلىمنامىسىنى قوبۇل قىلدى. جياڭ جيېشى جۇ دېنىڭ بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئۇرۇنغاندا، ماۋ زېدۇڭ جياڭ جيېشىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، جياڭ جيېشىنى «جۇڭگونىڭ فاشىست كاتتىبېشى» دەپ ئەيىبلىدى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى ئارمىيىسى مەغلۇپ قىلىنغان ياپون ئارمىيىسىنى قورالسىزلاندۇرۇشقا ھوقۇقلۇق، دەپ جاكارلىدى. 8- ئاينىڭ 13- كۈنى «ئازادلىق گېزىتى» دەرھال ھەرىكەتچان ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۈختا ئىشلەپ شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىشقا ئاشكارا چاقىردى. ۋىلادىمىروۋنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ماۋ زېدۇڭ بىر كۈن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جۇڭگو كومپارتىيىسىنى يەنە بىر قېتىم قوللاشنى تەلەپ قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ماۋ زېدۇڭ بۇ ياردەمنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇناسىۋەتنى بەلگىلەيدۇ، دەپ ئاتىغان.

«جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق - ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» نىڭ ئىمزالىنىشى ماۋ زېدۇڭنىڭ رادىكال سىياسىتىنى بىردىنلا قاپ بەلدىن ئۈزۈۋەتتى. شەرتنامە ئېلان قىلىنىپ ئىككىنچى كۈنى جۇڭگو كومپارتىيە مەركىزىي كومىتېتى گومىنداڭ بىلەن ئامېرىكىغا قاراتقان ھەنىۋا تەنقىدلىرىنى توختىتىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئارمىيىسىگە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگودا قۇرۇقلۇققا چىقىشىغا ماسلىشىشى ھەمدە ياپونىيە ئارمىيىسىنى قورالسىزلاندۇرۇشقا ياردەملىشىشى توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. 7 - قۇرۇلتاي

يېپىلغاندىن كېيىن، يەنئەن 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تۇنجى قېتىم ئامېرىكا خەلقىگە ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە خەت يازدى. 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ماۋزېدۇڭ جياڭ جيېشىغا مۇنداق دەپ تېلېگراما ئەۋەتتى:

«مەركىزىي ئاگېنتلىقىنىڭ 20 - كۈندىكى خەۋەرلەر تېلېگراممىسىدىن جانابلىرىنىڭ جاۋاب تېلېگراممىلىرىنى ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. شۇڭا ئىتتىپاقلىشىشتىن ئىبارەت بۈيۈك پىلان ئۈچۈن، ئاۋۋال يولداش جۇ ئېنلەينى ھوزۇرىڭىزغا ئالاھىدە ئەۋەتتۇق. يېتىپ بارغاندىن كېيىن قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.»

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جياڭ جيېشى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ماۋ زېدۇڭ شەخسەن ئۆزى ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا يېتىپ باردى.

ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى شۇكى، جۇڭگو كومپارتىيىسى چوڭ شەھەرلەرنى تارتىۋېلىش پىلانىدىن ۋاقتىنچە ۋاز كەچكەندى. 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىمالىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ كادىرلار يىغىنى بۇنىڭغا ئىزاھات بەردى. شىمالىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ شۇجىسى بۇ يىغىندا قىلغان بىر دوكلاتىدا، چوڭ شەھەرلەرنى تارتىۋېلىش ئەڭ ئاخىرقى نىشان، لېكىن نۆۋەتتىكى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بۇ نىشاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ، دېگەن. بۇ قىيىنچىلىقلار ئىچىدىكى قىيىنچىلىق ئەڭ ئاۋۋال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پوزىتسىيىسى ئىدى. «يىراق شەرق تىنچلىقىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزدى. بۇ جۇڭگو خەلقى ۋە دۇنيا خەلقى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق، ياپونىيە ۋە بارلىق ئۇرۇش بىدىكلىرىگە ئىنتايىن زىيانلىق. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ شەرتنامىگە پۈتۈنلەي مەسئۇل

بولۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىزگە بىۋاسىتە ياردەم بېرەلمەيدۇ، بەلكى كونكرېت چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدۇ.»

بۇ قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن بۇ شۇجى مۇنداق دېگەن: جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسى كەلگۈسىدە چوڭ شەھەرلەرنى تارتىۋېلىشقا ياخشى تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، نۆۋەتتە پەقەت كىچىك شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئازاد رايونلارنى كېڭەيتىپ، مۇھىم قاتناش يوللىرىنى تارتىۋالىدۇ ياكى ئۈزۈپ تاشلايدۇ.» چوڭ شەھەرلەرنى تارتىۋېلىش سىياسىتى توغرا بولسىمۇ لېكىن نۆۋەتتىكى بىۋاسىتە ۋەزىپە ئەمەس.

جۇڭگو كومپارتىيىسى لۇشيەنىنىڭ ئۆزگىرىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاسىتە ئارىلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. موسكۋادا گومىن ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ شىجيې ستالىندىن ماۋزېدۇڭنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ قايتا ـ قايتا ئەۋەتكەن تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، چۇڭچىڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ۋاڭ شىجيې بۇ مەسىلىنى گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى، دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى ۋە قانۇن تەسىس قىلىش پالاتاسىنىڭ جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق-ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» نى تەستىقلاش مەسىلىسى بىلەن باغلىغانىدى. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، موسكۋا ماۋ زېدۇڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ياردەم قىلىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى رەت قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، موسكۋانىڭ مەقسىتى يالغۇز بۇلا ئەمەس ئىدى. كېيىنكى چاغدا، ستالىن يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ بىر رەھبىرىگە: «ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن كېيىن، بىز (جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىرىگە) بىزنىڭ ھېس قىلىشىمىزچە، جۇڭگودا قوراللىق قوزغىلاڭ

كۆتۈرۈشنىڭ شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلمىدى، سىلەر جياڭ جېيشى بىلەن مۇرەسسە قىلىشىڭلار لازىم، دەيمىز، دېگەن. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆزى كېيىنكى چاغدا نارازى بولۇپ: ستالىن بۇ ئاچچىقچىلىق پەيتتە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىنقىلاب قىلىشىنى توسۇشقا ئۇرۇندى، دېدى.

«ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، دەسلەپ ئەگەر ئۇرۇش قىلىنسا جۇڭخۇا مىللەتلىرى هالاك بولۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ دەپ ئىنقىلاب قىلىشقا رۇخسەت قىلمىدى. ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن بولسا، بىزگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمىدى، ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىۋىدۇق، بىزدىن تىتوچە غەلىبە قازاندى دەپ يەنە گۇمانلاندى.»

ئارىدىن 40 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بىر نوپۇزلۇق مەتبۇئاتىدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىدە، بۇ مەزگىلدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ هەددى-هەرىكەتلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە خۇددى «موللا ئاكىلار» دەك رەهبەرلىك قىلىشقا ئۇرۇنۇش، دېيىلگەن. 1945-يىلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى خۇددى لۇشۇننىڭ مەشهۇر پوۋېستى «ئاكيۇنىڭ رەسمىي تەرجىمىهالى» دىكى «ساختا ئەجنەبىي شەيتان» غا ئوخشاش ئاكيۇنىڭ ئىنقىلابقا قاتنىشىشىنى توسۇشقا ئۇرۇندى.

ۋىلادىمىنوۋنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، موسكۋانىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بويىندىكى سىيرتماقنى چىڭ تارتىشقا ئۇرۇنۇشى ئۆزىگە مۇنداق بىر نۇقتىئىنەزەرنى، يەنى موسكۋا ماۋ زېدۇڭ، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا نىزا پەيدا قىلىش ئۈچۈن باشتىن - ئاخىر مەقسەتلىك هالدا ئىغۋارگەرلىك سىياسەت يۈرگۈزدى دەپ قارايدىغان نۇقتىئىنەزەرنى ئاساس قىلغانىدى. ماۋ زېدۇڭ خىلمۇ خىل «هىيلە ـ مىكىر» لەردىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن

ئامېرىكىنى ئۆرۈشتۈرماقچى بولغانىدى. ۋىلادىمىروۋ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېيتىشقا تىلى كۆيدىغان مەسىلىنى، يەنى جۇڭگو كومپارتىيىنى چەكلەش ستالىننىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا ئىمتىيازغا ئېرىشىش ئۈچۈن ماقۇل بولغان بىر قىسىم بەدەل ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مەسىلىنى ئېغىزغا ئالمىغانىدى. ئەگەر جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ قالسا، ئۇ ھالدا، گومىن ھۆكۈمىتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ بۇ ئىمتىيازلارنى داۋاملىق تەن ئېلىش - تەن ئالماسلىقى تازا بىر مەسىلە بولۇپ قالاتتى.

ماۋ زېدۇڭ موسكۋانىڭ مانجۇرىيىدە يېڭى ئىمتىيازغا ئېرىشىشى جۇڭگو كومپارتىيىسىنى قوللىماسلىق توغرىسىدا بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى بىلىش بىلەن بىللە، ماۋ زېدۇڭ يەنە ئەگەر موسكۋانى تەنقىد قىلسا ئۆزىنىڭ ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالماسلىقىنىمۇ بىلەتتى. شۇڭلاشقا، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تەشۋىقات قوراللىرى «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق - ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى»نى ماختاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيىنىڭ ئۈمىدسىز پوزىتسىيە تۇتۇۋاتقان كادىرلىرىغا شەرتنامىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، پارتىيە ئىچىدە تەشۋىقات تەربىيىسى ئېلىپ باردى. گەرچە ماۋ زېدۇڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىلىقلىرىدىن خۇشى كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئەگەر ئامېرىكا گومىنداڭغا زور كۈچ بىلەن ياردەم قىلسا، ماۋ زېدۇڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلاشماقتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. چۈنكى، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ھەمكارلاشماسلىقىغا ئۇچراپ ئىشنىڭ خېلىلا چىگىشلىكىنى ھېس قىلغانىدى. ئوبدانراق چارە يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىش، بۇ ھەمكارلىشىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىتىش ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىتىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۆزگىرىشىنى كۈتۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئارزۇسىدىن پايدىلىنىپ جياڭ جيېشىغا بېسىم ئىشلىتىشى مۇمكىن ئىدى. خۇددى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىمالىي جۇڭگو بيۇروسى سېكرېتارىنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلگەندەك، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر ئىككىسىلا جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرىپ، جياڭ جيېشىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئورنىنى شەرتلىك ھالدا تەن ئېلىشقا مەجبۇر قىلىش مۇمكىنلىكىگە قوشۇلمايتتى.

ماۋ زېدۇڭ بۇنداق ۋەزىيەتنى مۇقىم بولمىغان ئۆتكۈنچى باسقۇچ، بۇ باسقۇچ ئارقىلىق (ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى) گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆلىنى تەۋرىتىش خىزمىتىنى تېزلىتىپ، ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇمغا پۇختا تەييارلىق قىلىش كېرەك دەپ قارايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا پەيدا بولۇشى ئامېرىكىنى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا ئەسكەر ئەۋەتىش - ئەۋەتمەسلىك مەسىلىسىدە ئارىسالدى قىلىپ قوياتتى. بۇ دەل كېيىنكى چاغلاردا، جۇڭگونىڭ مەتبۇئاتلىرىدا كۆرسىتىلگەنگە ئوخشاش، بۇلارنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە نىسبەتەن ياردىمى تېگەتتى. 1949 - يىلى 6 - ئايدا، پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولۇش ھارپىسىدا ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 28 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئېلان قىلغان نۇتقىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنقىلابىي رولىنى تېخىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە شەرھلىگەنىدى: «جاھانگىرلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋردە، ھەرقانداق مەملىكەتنىڭ ھەقىقىي خەلق ئىنقىلابى خەلقئارالىق ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ تۈرلۈك شەكىللەردىكى ياردىمىسىز ئۆز غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. غەلىبە

قازانغاندىمۇ ئۇنى مۇستەھكەملىشى مۇمكىن ئەمەس... خەلق جۇڭگوسىدا شۇنداق بولۇۋاتىدۇ ۋە شۇنداق بولىدۇ، ئويلاپ كۆرۈڭلار، مۇبادا سوۋېت ئىتتىپاقى بولمىغان بولسا، مۇبادا فاشىزمغا قارشى 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى بولمىغان بولسا، مۇبادا ياپون جاھانگىرلىكى يوقىتىلمىغان بولسا، مۇبادا ھەرقايسى خەلق دېموكراتىيىسى ئەللىرى ۋۇجۇدقا كەلمىگەن بولسا، مۇبادا شەرقتىكى ئېزىلگەن مىللەتلەر كۈرەش قىلىۋاتمىغان بولسا، مۇبادا كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى خەلق ئاممىسى بىلەن ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر ئارىسىدىكى كۈرەش بولمىغان بولسا، مۇبادا مۇشۇلارنىڭ يىغىندىسى بولمىغان بولسا، ئۇ چاغدا، بېشىمىزغا تىكىلگەن خەلقئارا ئەكسىيەتچى كۈچلەر چوقۇم ھازىرقىدىن بىرقانچە ھەسسە كۆپ بولاتتى. مۇنداق ئەھۋالدا بىز غەلىبە قازىنالايتتۇقمۇ، ئەلۋەتتە غەلىبە قازىنالمايتتۇق. غەلىبە قازانغاندىمۇ ئۇنى مۇستەھكەملەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

گەرچە ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزى 1949 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۆزلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئامېرىكىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى ھەرىكىتىنى ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن زور دەرىجىدە چەكلىگەنىدى. بۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھەمكارلىقىنى سىياسىي ئاساس بىلەنمۇ تەمىنلىگەنىدى. ياپونىيە تەسلىم بولۇپ بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، سوۋېت ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ كۈنسايىن جىددىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىتىنى ئۆزگەرتكەن بولسا، جۇڭگو كومپارتىيىسى بۇ نوپۇسى كۆپ ، سانائىتى مەركەزلەشكەن رايوننىڭ ئۆتكۈزۈۋالغۇچىسىغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى.

# توققۇزىنچى باب

# مىللىي قەھرىمان — تارىخنىڭ جاۋابى

## 1. جياڭ جيېشى نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولدى

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان سىياسەتتە مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشتى. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ئۇرۇشىنى، بولۇپمۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە ناتسىستلار گېرمانىيىسى ئارىلىشىشنى خالىمىغان ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ جىددىي بولغان بىر باسقۇچىنى قوللىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ياپونىيە تارمار بولۇش گىرۋىكىگە كېلىشتىن ئىلگىرى، گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى جياڭ جيېشىنىڭ غەرەزى بويىچە بىۋاسىتە ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، 1940 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى «ئىچ ـ پەش تارتىشقان» قىسقا مەزگىلدىن تاشقىرى، جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى.

بۇ ئارىلىقتا جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلىرىنى شىنجاڭدىن غەلىبىلىك قوغلاپ چىقاردى. گەرچە بۇ ھەرىكەت جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى بىر مەزگىل جىددىي تۈۋەنلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن جياڭ جيېشى يەنىلا شەرقىي شىمالنى ۋە تەيۋەننى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىش، جۇڭگو دۇنيادىكى تۆت چوڭ

دۆلەتنىڭ قاتارىغا ۋە ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە بەش دائىمىي مۇدىرىيەت دۆلىتى قاتارىغا كىرىش، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى قايتا قولىماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەردە ستالىننىڭ قوللىشى ۋە ۋەدىسىگە داۋاملىق ئېرىشتى.

بۇنىڭدىن باشقا IX X ئەسىردە جۇڭگوغا تېڭىلغان بىر قاتار تەڭسىز شەرتنامىلەر ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە بىكار قىلىندى. گەرچە بۇ ئىشنىڭ ستالىن بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا جياڭ جيېشى ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا ماۋ زېدۇڭ بىلەن بىرلىكتە ياپونىيىنى مەغلۇپ قىلدى.

ۋەھالەنكى، جۇڭگونىڭ نىسپىي ئەمەلىي كۈچىدىن ئېيتقاندا، بۇ نەتىجىلەر جياڭ جيېشىنىڭ تاكتىكا ماھارىتى ۋە يەنە جياڭ جيېشىنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى نىشانىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكىنىڭ نىشانى بىلەن تاسادىپىي بىر يەردىن چىقىشىغا قانچىلىك دەرىجىدە مەنسۇپ بولالايدۇ؟ ناھايىتى ئېنىقكى، جياڭ جيېشىنىڭ نەتىجىلىرى بەزى ۋەقەلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇشتىن كەلگەن. ئەكسىچە ئۇ پىلانلىق ھالدا بەزى ۋەقەلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ نىشانىنى تۇرغۇزغان ئەمەس. جياڭ جيېشىنىڭ ئاساسلىق چوڭ دۆلەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىش تىرىشچانلىقى، مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىنى ئۇرۇش قوزغاشقا كۈشكۈرتۈش، سوۋېت - ياپونىيە ئىناق قوشنىدارچىلىقتا بىتەرەپ تۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىش، ئۇرۇش مەزگىلىدە سوۋېت - ئامېرىكا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە كېيىن سوۋېت بىلەن ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرقتىكى قارشىلىشىشىنى كەسكىنلەشتۈرۈش قاتارلىق ئىشلار پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. بىز يەنىلا جياڭ جيېشىنىڭ ۋەقەلەر تەرەققىياتىنى ئۆيان - بۇيان قىلىشتا ئىقتىدارسىز بولسىمۇ، لېكىن بارلىق پۇرسەتتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىدىغان بۇيۇك

ئۇستاز ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىشىمىز كېرەك. ئۇ، سوۋېت - ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك كەيپىياتىنىڭ ئۆسۈشىنى، سوۋېت ئىتتىپاقى غەرب بىلەن ھەمكارلىشىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ۋە ستالىن ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىشتىن قورقىدىغان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، جۇڭگو ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زور ياردىمىگە ئىگە بولدى. پۇرسەت پىشىپ - يېتىلگەندە ئۇ تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى بويىچە شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالدى؛ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ ئۇرۇش توختىتىشىدىن قورقىدىغانلىقىدىن ئىبارەت كوزىرنى كۆتۈرۈۋېلىش ئارقىلىق ئۇ ۋاشىنگتوننى موسكۋاغا نەسىھەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ تۆت چوڭ كۈچلۈك دۆلەت قاتارىدا تۇرۇشىنى ۋە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشىنى قوللاشقا قايىل قىلدى.

جياڭ جيېشى ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى دەپ پەرەز قىلساق، روشەن بىر زىددىيەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. گەرچە بەزى مۇھىم خەلقئارا ساھەلەردە جياڭ جيېشى پىلانىنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن شۇنچە تېزلىك بىلەن تارمار بولىدۇ؟ گەرچە جۇڭگونىڭ مىللەتچىلىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە شۇنچە زور كۈچ بولسىمۇ، جياڭ جيېشى نېمە ئۈچۈن جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىدۇ؟

بۇ خىل ئۆزئارا زىددىيەتلىك گۇمانىي، قىيىن مەسىلىلەرنىڭ تارمەنىلىك ۋە كەڭ مەنىلىك جاۋابى بولىدۇ. تار مەنىدىكى جاۋاب، يالتا كېلىشىمى ۋە 1945 - يىلىدىكى جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق شەرتنامىسى ھەمدە جۇڭگو جامائەتچىلىكىنىڭ ئۇلارغا بولغان ئىنكاسلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى، بۇ

شەرتنامە ـ كېلىشىملەر جياڭ جيېشىنىڭ نەتىجىلىرىنى غۇۋالاشتۇرۇپ قويدى. جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىغا جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا ئالاھىدە مەرتىۋە ۋە ئىمتىياز بەرگەنلىكتىن، تېخىمۇ ئېغىرى، سوۋېت ۋە ئامېرىكىنىڭ بېسىمى ئاستىدا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتىن. دېمەك، پۈتۈن خەلق بىرنەچچە يىل قان كېچىپ كۈرەش قىلغاندىن كېيىن، جياڭ جيېشى ئۆزىنى ئۆزى يېڭى لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلاپ قويدى. زېئالىزملىق قاراش بىلەن قارىغاندا، جياڭ جيېشى بەلكىم ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا قوزغىتىلغان مىللەتچىلىك ئارزۇسى چېكىدىن بەك ئېشىپ كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە جياڭ جيېشى غەلىبە قىلالمايدىغان قىيىن شارائىتقا پېتىپ قالغانىدى. ئۇ رېئال مۇرەسسە يولىنى تاللىۋېلىپ، چەكتىن ئېشىپ كەتكەن مىللەتچىلىك ھېسسىياتىنىڭ سەل قارىشىغا ئۇچرىدى.

قىسقىسى، جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ نەتىجىلىرىنى چارە ئويلاپ، تەشكىلىي، ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە قىلالمىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بەلكىم جياڭ جيېشى ھازىرقى زامانغا خاس داھىي ھېسابلانماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسلۇبى ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئاممىنى ئارىلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئەمەس، بەلكى پەقەت ھەرخىل تىپلىق سەرخىللار گۇرۇھلىرى بىلەن ستراتېگىيە نەيرىڭى ئىشلىتىش ۋە سودىلىشىش ئىدى. بۇ جەھەتتە جياڭ جيېشى كۆزگە كۆرۈنگەن پېرسوناژ ئىدى. بەلكى توغرا كېلىپ قېلىش ئەمەستۇر، يۇقىرى قاتلام دىپلوماتىيىسىمۇ دەل بۇنداق ماھارەتكە ئېتىبار بېرىدىغان بىر خىل سەنئەتتىن ئىبارەت. لېكىن، ئارمىيىنىڭ قوللىشىدىن باشقا، جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ نەتىجىسىدىن تۇغۇلغان ئاممىنىڭ قوللىشىنى بىر خىل تەشكىلىي

شەكىل بىلەن تىزگىنلىيەلمىدى ياكى يېتەكلىيەلمىدى. ماۋ زېدۇڭ سانى كۆپ بولغان ئاممىۋى تەشكىلات ۋە ئورگانلارنى قۇرۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خەلقنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەندە، جياڭ جېيشى ھەم قورقتى، ھەم بۇ خىل ئاممىۋى مېخانىزمنى چۈشەنمىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جياڭ جېيشى بىر ئەنئەنىۋى تىپتىكى رەھبەر بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا، جياڭ جېيشىنىڭ خەلقئارادىكى مۇۋەپپەقىيىتى دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھاتنىڭ تەخىرسىزلىكىنى سۇسلاشتۇرۇپ، جياڭ جېيشى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدە بىر خىل ساختا ئۆزىگە ئىشىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. جياڭ جېيشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خىل ۋەقەلەر، شۈبھىسىزكى، قانچە ئويلىسىمۇ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان مەسىلىلەر ئىدى. ئۇ جۇڭگو خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ، ھازىرقى زامان تارىخىدا تەڭداشسىز ئۇرۇشنى قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگونى بىر ئەسىر مابەينىدە تۇنجى قېتىم دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان ئورۇنغا ئىگە قىلغاندىن كېيىن، قاراپ تۇرۇپلا خەلقنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالدى.

جياڭ جېيشى ئېھتىمال خەلقئارادىكى زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن مەست بولۇپ، دۆلەت ئىچىدە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقماي قالغان رەھبەرلەر تىپىغا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى نىكسون ئۇنىڭغا تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. نىكسون خەلقئارادا زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى: ئامېرىكا ـ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنى پەسەيتتى، جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى، ۋيېتنام ئۇرۇشىنى ئاياغلاشتۇردى. لېكىن ئۇ ئۆزى دۆلەت ئىچىدىكى سىياسەت تۈپەيلى خەلققە ياقماي قالدى-دە، زۇڭتۇڭلۇق تەخت ـ سەلتەنىتىدىن ئايرىلدى. ئەگەر بۇ خىل رەھبەرلەر ئىچىدىن ئورتاقلىق تېپىشقا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ خەلقئارادىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇلارنى

قايمۇقتۇرۇۋەتكەن ھەمدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ماھىرلىقى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى خەلقنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنى ھەددىدىن زىيادە ئۇمىدۋارلىق بىلەن مۆلچەرلىگەن.

ئادەم ئاۋۋال ئازىدۇ، كېيىن ھالاك بولىدۇ.

ھېلىقى قىيىن زىددىيەتلەرگە بېرىلىدىغان كەڭ مەنىلىك جاۋاب مۇنداق: ئۇرۇش ئاخىرلاشقان ھەمدە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىنغانلىقتىن، دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي بىلەن سېلىشتۇرغاندا، خەلقئارا ۋاستىلەرنىڭ مۇھىملىقى تېز تۆۋەنلەشكە باشلىدى. جياڭ جيېشىنىڭ يېزىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، پۇلنى تۇراقلاشتۇرۇش، ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈش، ئوتتۇرا قاتلام سىنىپلارنىڭ سىياسىي ھوقۇقتا بولغان تەلىپىنى قاندۇرۇش قاتارلىق ئىچكى سىياسەتتىكى مەغلۇبىيىتى ئاخىرى خەلقئارادىكى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ قىممىتىدىن ھالقىپ كەتتى. مۇبادا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئېزىقتۇرۇش كۈچىگە تولۇق مىللەتچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقمىغان بولسا، ئۇنداقتا، گومىنداڭنىڭ ئىچكى سىياسەتتىكى خاتالىقىدىن پەيدا بولغان ئاممىنىڭ نارازىلىقى، بەلكىم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى بىۋاسىتە ياكى كۆڭۈلدە بىلگۈدەك قوللاشقا ئۆزگەرمىگەن بولاتتى. لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كىشىلەرنىڭ ئىشىنىشىگە ئېرىشكۈدەك مىللەتچى پارتىيىگە ئايلانغانىدى.

## 2. ماۋ زېدۇڭ نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى

ماۋ زېدۇڭنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ غەلىبىسى، ئېھتىمال ئۇنىڭ

پۈتۈن ئۆمرىدىكى زور غەلىبىسى — ئۇنىڭ جۇڭگو كۆممۇنىستىك پارتىيىسىنى ستالىنىنىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققانلىقى بولسا كېرەك. ھەممىگە مەلۇمكى، ستالىنىزم ھۆكۇمرانلىقىنىڭ يۇكسەك مەزگىلىدە بۇنداق زور نەتىجىنى قولغا كەلتۇرۇش ئۇنداق ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. پەقەت كېيىنكى چاغلاردا خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە پەيدا بولغان كۆپ مەركەزلىك كۆز قاراشنىڭ تەرەققىياتى ۋە كىشىلەرنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ مۇدھىش تىزگىنلىشىنى بارا - بارا ئۇنتۇپ قېلىشى بۇ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۇرۇشنىڭ مۇشەققەتلىكلىكىنى ئەستىن چىقاردى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۇرگەن نەتىجىلىرىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ئىنچىكە ئويلىنىش ئارقىلىق، مەسىلەن، ماۋ زېدۇڭ مەغلۇپ بولغان بولسا، جۇڭگو ئىنقىلابى قانداق تەرەققىي قىلاتتى، دېگەنلەرنى ئويلاش ئارقىلىق شەرھلىنەتتى. ئەگەر ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ماۋ زېدۇڭ ستالىنىنىڭ چالۋاقاشلىرىغا قاراپ تۇرغان بولسا، ئۇنداقتا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ياپونغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا نۇرغۇن غوللۇق كادىرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتى. شەرقىي شىمالدىكى ئىنقىلابىي بازىلار ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن كېيىن تەدرىجىي ئاجىزلاشقان بولاتتى. جۇڭگو كومپارتىيىسى قورallıq كۈچلىرىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقى جياڭ جيېشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشى مۇمكىن ئىدى. مەيلى قانداقلا بولسۇن، جياڭ جيېشىنىڭ ھۆكۇمرانلىقى زور سىياسىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، ئاجىز جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئۇنۇملۇك خىرىس قىلالايدىغانلىقىنى مۇتلەق مۇقىملاشتۇرۇشقا بولمايتتى، يەنمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتساق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى ياكى فىلىپپىن كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماڭغان يولدا مېڭىپ، ئەبەدىي ئۆكتىچى

پارتىيە ئورنىغا چۈشۈپ قېلىپ پاكى ئۆزۈن مۇددەتلىك، لېكىن ئاخىردا ھېچقانداق نەتىجىسى بولمايدىغان پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

تارىخ ئىسپاتلىدىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىزگىنلىشىنى قوبۇل قىلغان نۇرغۇن كوممۇنىستىك پارتىيىلەر ئۇرۇشتىن كېيىنكى مەملىكەت ئىچىدىكى داۋالغۇتۇپ تۇرغان كرىزىستىن پايدىلىنالمىدى. كۆپ ئەھۋاللار ئاستىدا بۇنداق نىسپىي ئاجىزلىق - ئىقتىدارسىزلىقنى، قىسمەن ھالدا، ئۇلارنىڭ ستالىنغا لەببەي دەپ تۇرغانلىقىغا ئىتتىرىشكە بولاتتى. مەسىلەن، بۇرژۇئازىيە 1940 - يىلىدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ناتسىستلار بىلەن قاتراپ يۈرۈپ ھەمكارلىشىپ سېسىق نامى پۇركەتكەن فرانسىيىدە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ پائالىيەت قىلىشىغا شەرت - شارائىت ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، 1941 - يىلى 6 - ئايدىن كېيىن، فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزىنى قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرى ئىچىدىكى بىر مۇھىم كۈچ، دەپ ئاتىيالايتتى. 1945- يىلىغا كەلگەندە، فرانسىيە كوممۇنىستلىرى X X ئەسىردە كاپىتالىزمنىڭ فرانسىيىگە قورقۇنچلۇق ئۇرۇش ئەكەلگەنلىكىنى، 30 - يىللاردا ئىقتىسادىي يىمىرىلىش ئەكەلگەنلىكىنى، 40- - يىللاردا ھاقارەتلىك ھەربىي مەغلۇبىيەت ئەكېلىپ، ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ فرانسىيىنى ئىشغال قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە تولۇق ئاساسى بار ئىدى. ئەلۋەتتە فرانسىيىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي ئەنئەنىسى ۋە قۇدرەتلىك ماركسىزم - لېنىنىزمچى ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنى بار ئىدى. لېكىن پەقەت بىرنەچچە يىلدىن كېيىن فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەڭگۈلۈك ئۆكتىچى پارتىيە ئورنىغا چۈشۈپ قالدى.

ئېغىشماي ستالىنغا سادىق بولۇش — بۇ ئاقىۋەتكە ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى. سانسىزلىغان

فرانسىيىلىكلەر فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ 1939 - يىلى 8 - ئايدا بىر كېچىدىلا، قوزغىلىپ فاشىزمغا قارشى تۇرۇشتىن فرانسىيىنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقىغا يوشۇرۇن بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بۇزغۇنچىلارغا ئايلىنىپ، كېيىن گېرمانىيە ئىشغالىيەتچى قوشۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشقا قىزىقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. 1941 - يىلى 6 - ئايغا كەلگەندە، ئۇلار يەنە تېزلىك بىلەن گېرمانىيىگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچكە ئايلانغانىدى. گەرچە فرانسىيە كومپارتىيىسى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا ئوخشىمايدىغان جەمئىيەت ۋە شارائىتتا سىياسىي ھاكىمىيەت ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو بىلەن فرانسىيە ئوخشاش بىر مەسىلىگە — ئۆزىنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىنى تەرتىپكە سېلىپ، ستالىنىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئېھتىياجىغا قانداق ماسلىشىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەنىدى. جۇڭگو - فرانسىيە پارتىيىلىرىنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى. نەتىجىدە، بۇ ئۇسۇل ئىككى پارتىيە تەقدىرىنىڭ تۈپتىن ئوخشاشماسلىقىغا ئەكەلدى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ستالىنىنىڭ چۇشەكلىرىنى بۇزۇۋېتىدىغان شارائىتقا ئەكەلگەنلىكىنى ئىنچىكە ئويلىنىش ئىنتايىن مۇھىم. سوۋېتلىكلەر ئىش باشلىنىش بىلەنلا، جۇڭگولۇقلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىزگىنلىشىگە قارشى تۇرىدىغان بىر خىل كۈچلۈك مىللەتچىلىك ھېسسىياتىغا ئىگە دەيدىغان كۆز قاراشنى يوقاتقانىدى. ئېنىقكى، ئىسپانىيىلىكلەر ۋە فرانسىيىلىكلەرنىڭ مىللەتچىلىكى جۇڭگولۇقلارنىڭكىدىن كەم ئەمەس ئىدى، لېكىن، ئىسپانىيە كوممۇنىستلىرى ۋە فرانسىيە كوممۇنىستلىرى 30 - ۋە 40 - يىللاردا ستالىنغا ھەرقانداق قۇللۇقنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرگەنىدى. ئوخشاشلا دىققەت قىلىشقا

ئەرزىيدىغىنى شۇكى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىمۇ ئەڭ دەسلەپكى 14 يىلدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدا مۇلايىم بىتىر «ياچىيكا» ئىدى. ئۇ چاغدا جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەتچىلىك كەيپىياتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىزگىنلىشىگە قارشى تۇرۇشقا كۇپايە قىلمايتتى.

جۇڭگونىڭ كۆڭزى تەلىماتى بىلەن ياۋروپا مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى غايەت زور پەرق خىلىلا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. روسىيىلىكلەر ئىرقىي قان تىپى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە جۇڭگولۇقلاردىن پەرقلىنەتتى. بۇنداق ئەھۋال ياۋروپا، ئامېرىكا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ. روسىيىلىكلەر ۋە باشقا غەربلىك كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال رەھبەرلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خەنزۇچە ئۆگىنىش ياۋروپا تىلىنى ئۆگىنىشكە قارىغاندا قىيىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو بىلەن ياۋروپانىڭ پەلسەپە ۋە پاراسەت جەھەتتىكى زور پەرقى غەربتىكى ئىنتېرناتسىئونال رەھبەرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ دوستى — جۇڭگولۇقلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنەلمەيدىغان دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويغانىدى. لېكىن بۇ پاكىت پەقەت قىسمەن جاۋاب بىلەنلا تەمىنلەيتتى. بىلىشىمىز كېرەككى، گەرچە ھەممىسى سلاۋيانلار بولسىمۇ، يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى ستالىنغا ئەگىشىشنى خالىمايدىغان ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەنىدى.

ناھايىتى ئېنىقكى، گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىشىدىن يارالغان پۇرسەت ماۋ زېدۇڭنىڭ ئاخىرىدا ستالىننىڭ تىزگىنلىشىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتۇلۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى. سوۋېتلىكلەر گىتلېر ئارمىيىسى تاجاۋۇز قىلىشتىن پەيدا بولغان ئەجەللىك تەھدىتكە پۈتۈن زېھنى بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، ماۋ زېدۇڭ نەزەرىيە ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن ستالىننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسى ئىچىدىكى تەسىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانىدى. 1942 - يىلىدىن ئىلگىرى ماۋ زېدۇڭ ستالىنغا مۇرەسسە قىلمىسا بولمايتتى. لېكىن ئىستىل تۈزىتىش ئارقىلىق، ستالىن قوبۇل قىلامدۇ - قىلمامدۇ بۇنىڭغا قارىماي ماۋ زېدۇڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يۇگوسلاۋىيىدە تېتومۇ ئوخشاشلا سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشىنىڭ ياخشى پۇرسىتىدىن پايدىلانغانىدى. لېكىن سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشىدىن ئىبارەت ياخشى پۇرسەت يەنىلا كىشىنى قايىل قىلالمايدىغان بىر ئىزاھ بولۇپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن باشقا كوممۇنىستىك پارتىيىلەر بۇنداق ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلمىگەن ئىدى. پەقەت ماۋ زېدۇڭ ۋە تېتو بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەنىدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ جاۋابىنى پەقەت بۇ ئىككى كىشىنىڭ تالانتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

ستالىننىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلىدىغان يۆنىلىش بېكىتىلگەن ھامان، بۇ نىشانغا يېتىش ماۋ زېدۇڭنىڭ سىياسىي ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىش پائالىيىتىگە ئايلانغانىدى. ئۇ بەزىدە ستالىننىڭ تىزگىنلىشىگە نارازى بولغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سالاھىيىتى تولۇق رەھبەرلىرىنىڭ، مەسىلەن، جاڭ ۋېنتيەن، ۋاڭ جياشياڭ، رېن بىشىلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى ۋە بۇنىڭغا ئېرىشتى، بۇ كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىشەنچلىك بىر يادروغا ئايلاندۇردى ھەمدە ئۇلارغا تايىنىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تىزگىنلىشىنى مەلۇم دەرىجىدە بىر تەرەپكە قايرىپ قويدى، كېيىن ماۋ زېدۇڭ تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى ئاساسىنى كېڭەيتتى. 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ جۇ ئېنلەي ۋە چېن يۈنلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، 1938 - يىلى كاڭ شېڭ ئۇنىڭ

غوللۇق كادىرى بولۇپ قالدى. ماۋ زېدۇڭ يەنە ليۇ شاۋچى، لىن بياۋدەك سادىق ياردەمچىلەرنى تەربىيىلەشكە دىققەت قىلىشقا باشلىدى. ماۋ زېدۇڭ بەزىدە تۈيۈقسىز پارتىيە ئىچىدىكى «ئىنتېرناتسىئونالىزمچى» لارغا ۋە ستالىنغا خىرىس قىلدى، لېكىن ئېھتىياجلىقلا بولىدىكەن، ھوقۇقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇرەسسە قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇردى. ماۋ زېدۇڭ ئوخشاشلا ئەتراپلىق پىلانلىغۇچى پىر ـ ئۇستاز ئىدى. سەككىز يىل ياپونغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا ماۋ زېدۇڭ ستالىننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تىزگىنلەش مېخانىزمىنى تارمار قىلدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ سىياسەت ۋە قوماندانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئىنكار قىلدى، بەلكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ستالىننىڭ ئامما ئىچىدىكى ئوبرازىغا سادىق بولۇش ئەھۋالى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. ماۋ زېدۇڭ يەنە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئارقىلىق ئاممىنىڭ مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى ئويغىتىشقا ئۇستا ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىنى شەرھلەش ۋە يېزىش ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇھىم ئىدىيىۋى قورالى ئىدى. ماۋ زېدۇڭ خېلىلا كۆپ زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ يولداشلىرىنى تەربىيىلىدى.

جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى دۇچ كەلگەن نۇرغۇن مەغلۇبىيەتلەرنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ تارىخ قارىشى بويىچە شەرھلەنگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كۆرەشلىرىدىكى تارىخىي ساۋاقلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. دەل ماۋ زېدۇڭنىڭ: ستالىننىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلغاندىلا، ئاندىن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دېگەن ئىدىيىسىنى ئالقىشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەتراپىغا

ئۇيۇشۇپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىنى قوللايدىغان پارتىيىنىڭ كۆپ سانلىقلىرىغا ئايلاندى.

## 3. كەلگۈسىدىكى تارىخىي شەرت: ماۋ زېدۇڭ، جياڭ جيېشى ۋە ستالىن توغرىسىدا تەھلىل

سىياسىي رەھبەرلەر داۋاملىق ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن زور ۋەقەلەرنىڭ ئاساسىي مۇددىئاسى ئۈستىدە خۇلاسە چىقىرىپ ھەمدە بۇ تارىخىي ساۋاقلاردىن پايدىلىنىپ كېيىنكى ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرىدۇ. گەرچە، دەسلەپكى تەجرىبە - ساۋاقلار ياشلىق دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ئوڭاي تەسىر قوبۇل قىلىدىغان دەۋرلەردىن باشلانغان بولسىمۇ، جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ 1937—1945 - يىللاردىكى تەۋرىنىپ تۇرغان مۇناسىۋەتلىرىدىن ئېرىشىدىغان تارىخىي ساۋاقلىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈش ئېھتىمال مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن.

جۇڭگولۇقلار ئەستە ساقلايدىغان مۇھىم تەجرىبە - ساۋاق، باشقا دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودىن پايدىلىنىپ يەنە باشقا تاجاۋۇزچىلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. جياڭ جيېشى ۋە باشقا زېرەك جۇڭگو سىياسىئونلىرىغا ئىنتايىن ئېنىق ئىدىكى، 1941 - يىلىدىن ئىلگىرى ستالىنىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرىشىدىكى مۇھىم مەقسەت ياپونىيىگە قاراتقان مۇداپىئەنى كۈچەيتىش ئىدى. ئۇلار بۇنداق بىر پاكىتنى چوقۇم بىلەتتىكى، ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن روزۋېلت، گىتلېر ۋە چېرچىل جۇڭگونى خۇددى ستالىنغا ئوخشاش مۇھىم دەپ قارايتتى ھەمدە جۇڭگودىن پايدىلىنىپ ھەربىرى ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇناتتى: ستالىنىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى سەپتە ئۇرۇش

قىلىش خەتىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىدى؛ گىتلېر جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىنى توختىتىپ، ياپونىيىنىڭ قولىنى بوشىتىپ، ياپونىيىنى ئەنگلىيە، ئامېرىكىغا تاقابىل تۇرغۇزۇشنى ئۈمىد قىلاتتى؛ روزۋېلت بىلەن چېرچىلنىڭ جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىنى قوللىشى ئۇلارنىڭ «ئاۋۋال ياۋروپا، كېيىن ئاسىيا» فاڭجېنى (يۆنىلىشى) نى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. جياڭ جيېشى بۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ مۇددىئاسىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە جياڭ جيېشىنى دىپلوماتىك سىياسىتى دەل مۇشۇ ئاساس ئۈستىدە قۇرۇلغانىدى. پرىنسىپ جەھەتتە ستالىن، روزۋېلت ۋە گىتلېرنىڭ ھەممىسى جۇڭگو كوزىرىنى ئوينايتتى. لېكىن، ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك بەدەل تۆلىشى كېرەك ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى تاشقى فاڭجېنى زور جەھەتتە مۇشۇ بەدەلنى تەدبىر قىلىشنى دەۋرىي قىلىپ قانات يايدۇرۇلغانىدى.

بۇ ئالاھىدە تارىخىي ساۋاقلارنى كۆرۈۋېلىش ئۈنچە قىيىن ئەمەس. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى باشقىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلىش ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ياكى ئامېرىكا بىلەن ھەددىدىن زىيادە ستراتېگىيىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالىماسلىق ئىدى. 1965 ـ يىلى ماۋ زېدۇڭ سىنوغا: سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونى ۋېيتنامدا ئامېرىكا بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا پاتۇرۇپ قويۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، دېگەنىدى. بۇ خۇددى 80 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە — ئامېرىكا سىياسىئونلىرى ۋە ئوبزورچىلىرى جۇڭگو كوزىرىدىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلىشىشنى ئىختىيارىي سۆزلىشىپ يۈرگەندە، جۇڭگو خەلقى قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى ئىپادىلىگەنگە ئوخشايتتى. گۇمانلىنىشقا بولمايدۇكى، جۇڭگونىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ دۆلەتتىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ

پايدىلىنىپ كېتىشىدىن ئىنتايىن سەزگۈر تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان نۇرغۇن سەۋەبلەر بار ئىدى. لېكىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ھېلىمۇ ئېسىدە ساقلىغانلىقى مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى.

سوۋېتلىكلەر 1937 — 1945 - يىللار ئارىلىقىدا ئېرىشكەن تەجرىبە - ساۋاقلارنىڭ بىرى، جۇڭگولۇقلار ئەنسىرەيدىغان- باشقىلار تەرىپىدىن قورال ئورنىدا پايدىلىنىلىش كەيپىياتى بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىدى. 1943 - يىلىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن ئىلگىرى جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشقا ئىزچىل ئۇرۇنۇپ كەلگەنىدى، ھەتتا، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن كۈچىنى ئايىمىغانىدى. گەرچە، سوۋېت - ياپونىيە ئۇرۇشىنى قوزغاشقا كەتكەن قاشاڭ تىرىشچانلىقلارنى (مەسىلەن، گېنېرال ياڭ جيېنىڭ 1937 - يىللاردىكى پائالىيىتى ۋە 1943 - يىلى 7 - ئايدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرائاسىياسى ئارقىلىق جۇڭگوغا ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ياردەم قىلغان ماددىي بۇيۇملارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشلىرىنى) جياڭ جيېشىغا ئارتىپ قويۇشقا بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ھەرىكەتلەر يەنىلا جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ نىشانىغا مۇۋاپىق ئىدى. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قارىتا مەلۇم تونۇشىنىڭ شەكىللىنىشىگە ياردەم بەرگەنىدى. ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىش ئەلۋەتتە ستالىننىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسى ئىدى. بەلكى بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى قاتتىق سىناقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، بەختىگە يارىشا ھايات قالغانلىقىدىكى مۇھىم سەۋەب ئىدى. لېكىن جياڭ جيېشى بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان نىشان ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

بۇ تارىخىي ساۋاقلار شۇ چاغلاردا زور تەسىر پەيدا قىلغانىدى. خرۇششوۋ ماۋ زېدۇڭنىڭ 1958 - يىلى تەيۋەن بوغۇزىدىكى ھەربىي ھەرىكەت ئارقىلىق سوۋېت - ئامېرىكىنىڭ يادرو ئۇرۇشىنى قوزغاشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىدىن گۇمانلىناتتى. لېكىن خرۇششوۋ: ماۋ زېدۇڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشى سوۋېت - ئامېرىكا توقۇنۇشىدىن پايدىلىنىپ نەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن، دەپ قارىغانىدى. بۇنى نەزەرگە ئېلىپ، 1963—1964 - يىللاردا ۋيېتنام جۇڭگونى ئارقا سەپ قىلىپ ئامېرىكىنىڭ ھىندىچىنىدىكى تاجاۋۇزچىلىقىغا زەربە بەرگەندە، خرۇششوۋ ۋيېتنامغا بېرىدىغان ياردەمنى پىلانلىق تۈردە ئازايتقانىدى.

كىشىلەرنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئېرىشكەن يەنە بىر تەجرىبە - ساۋىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ۋە تۈزۈمىنىڭ مەنپەئىتى ئوتتۇرىسىدىكى دائىمىي زىددىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 60 - يىللاردا ماۋ زېدۇڭ موسكۋا بىلەن ئادا- جۇدا بولۇشقان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئاستىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن پارتىيە ئىچىدىكى رېۋىزىيونىزمغا قارشى تۇرغان چاغدا، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى پارتىيە ئىچىدىكى «ئىنتېرناتسىئو- نالىزمچى» لار بىلەن بولغان كۈرەشنى ئەسلىگەن بولۇشى مۇمكىن، ماۋ زېدۇڭ پېڭ دېخۇەي، لورۇيچىن، لىيۇ شاۋچى قاتارلىق رېۋىزىيونىستلارنىڭ ۋاڭ مىڭغا ئوخشاش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «بىرلەشمە ھەرىكەت» قىلىپ، ئىنقىلابتىن ۋاز كېچىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. ماۋ زېدۇڭنىڭ خۇلاسىسى مۇنداق ئىدى: ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى پارتىيە ئىچىدىكى «ئىنتېرناتسىئونالىزمچى» لارغا ئوخشاش 50—60 - يىللاردىكى جۇڭگونىڭ رېۋىزىيونىستلىرىمۇ ئوخشاشلا

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۇماشتىلىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىشى ھەمدە
جۇڭگو ئىنقىلابىغا توسقۇنلۇق قىلىشتىن مەقسىتى موسكۋانىڭ
لۇشيەنىگە ئەمەل قىلىش ئىدى. ئۇلار ۋاڭ مىڭغا ئوخشاش،
ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق تىلنى ئىشلىتىپ، قىزىل بايراقنى
كۆتۈرۈۋېلىپ قىزىل بايراققا قارشى تۇرالىغانلىقتىن، خەتەرلىك
ئۇنسۇرلار ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ خىل كۆز قاراش پېڭ دېخۇەي،
لو رۇيچىن، لىيۇ شاۋچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئادالەتلىك
ئەمەس ئىدى. ۋاڭ مىڭنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار قوغلىنىشىدىغان
جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئىستىقبالى جۇڭگونى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
تىزگىنلىشى ئاستىغا قويۇش ئەمەس بەلكى باراۋەرلىك ئاساسىدا
ئوخشاشمىغان سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن
ھەمكارلىشىش يولىدا ئىزدىنىش ئىدى. ھالقىلىق مەسىلە شۇ
يەردىكى، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇزۇن مۇددەت موسكۋا بىلەن ئېلىپ
بارغان كۈرەش سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى ئىچىدىكى ھەرقانداق سوۋېتپەرەس ئەكسىيەتچىلەرنى
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يالاقچىسى دەپ قاراشقا يۈزلەندۈرگەنىدى.
كەلگۈسىدىكى تارىخشۇناسلار ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىچكى دۇنياسى
ئۈستىدە ئىزلىنىپ، نېمە ئۈچۈن ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆز دۆلىتىنى
«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ قالايمىقانچىلىقى ئىچىگە ئەكەلدى،
دېگەن مەسىلىنى چۈشەندۈرگەندە، ئۇلار ماۋ زېدۇڭنىڭ ياپونغا
قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ستالىن بىلەن ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش
قىلىشتىن ئېرىشكەن تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنىڭ تەسىرىنى
ئويلانماي تۇرالمايدۇ.

كىنايە خاراكتېرىگە ئىگە بولغان نەرسە شۇ ئىدىكى، ماۋ
زېدۇڭ ۋە جياڭ جيېشى ھەر ئىككىسى ستالىننىڭ جۇڭگوغا
سىڭىپ كىرىش مۇمكىنلىكىدىن قەۋەت ئەندىشە قىلاتتى.
ئەلۋەتتە، كىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۇماشتىسى دېگەن

مەسىلىدە ماۋ زېدوڭ ــ جياڭ جيېشى ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر ئىختىلاپ بار ئىدى، لېكىن ئۇلار بىردەك: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى جۇڭگونىڭ سىياسىي تەرەققىياتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن يولغا باشلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈشنى مەقسەت قىلغان، دەپ قارايتتى.

ماۋ زېدوڭ: ئەگەر ستالىن، ۋاڭ مىڭ ۋە باشقا «ئىنتېرناتسىئونالىزمچى»لار ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى تىزگىنلىسە، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نېمە قىلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىشى مۇمكىن؟ دەپ ئۆزىگە چوقۇم سوئال قويغان بولۇشى مۇمكىن، ماۋ زېدوڭنىڭ قارىشىچە ئەگەر بۇنداق ئەھۋال راستتىنلا يۈز بەرسە، ستالىن ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن ئاجىز جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ بىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى دەستەك قىلىپ، جياڭ جيېشىغا يول قويۇشقا بېسىم ئىشلىتەتتى. ئىككىنچىسى، قىسمەن ياكى پۈتۈن جۇڭگونى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلدۇرغان ئاجىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىغا قوياتتى، بۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال ئاستىدا، ستالىننىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ نىشانى ۋە ۋاستىسى جاھانگىر كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ماۋ زېدوڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتمۇ، مونوپول جاھانگىر دۆلەتكە ئوخشاش، جاھانگىرلىك بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىن، دەپ خۇلاسە چىقارغاندا، يەنىلا ماۋ زېدوڭنىڭ دەسلەپكى يىللاردا ستالىن بىلەن قىلغان كۆرۈشىنىڭ تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. ماۋ زېدوڭ: ستالىننىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا كۆرسەتكەن «تۆھپىسى سەۋەنلىكىدىن كۆپ»، دەپ قارىغانىدى. لېكىن ماۋ زېدوڭ

ستالىننىڭ تۆھپىسى ئەمەلىيەتتە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمىگەنىدى.

جۇڭگولۇقلار ئېسىدە ساقلاش زۆرۈر بولغان ئەڭ ئاخىرقى تەجرىبە - ساۋاق شۇكى، مەيلى قانداقلا بولسۇن، ستالىن جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنى قوللىدى ۋە قوبۇل قىلدى، تاشقى موڭغۇلىيە، شەرقىي شىمال ۋە شىنجاڭدىكى قىسمەن ھوقۇق - مەنپەئىتىدىن باشقا، ستالىن بۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگونى شەپقەتسىز شۇلىۋالمىدى. ئومۇملاشتۇرغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى جەھەتتىكى ئەڭ نېگىزلىك تەلىپىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى، بولۇپمۇ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلىدا ۋە كېيىنكى ئىككى يىلىدا شۇنداق بولغانىدى. دەل ستالىن 1945 - يىلى 8 - ئايدا چۈشەندۈرگەنگە ئوخشاش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ نىشانى كۈچلۈك، بىرلىككە كەلگەن جۇڭگونىڭ ئۆزى بىلەن بىر تەرەپتە تۇرۇپ ياپونىيە بىلەن قارشىلىششى ئىدى. 1937—1945 - يىللاردىكى تارىخ جۇڭگولۇقلارغا: پاكىت بۇنداق بولۇپلا قالماي بەلكى پەقەت بىر قۇدرەتلىك جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. XX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بۇ تەجرىبە - ساۋاقلار يەنىلا جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكۈسى!

责任编辑：阿·艾拜
责任校对：阿布列孜·阿巴斯

对手与盟友(维吾尔文)
[美]高 龙 著
吾斯曼江
斯得克阿吉 译

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001)
新疆新华书店发行 新疆建工印刷厂印刷
850×1168毫米 32开 印张 21.25
1994年12月第1版 1994年12月第1次印刷
印数：1—7070

ISBN7—5371—1922—8/I·653 定价：8.60元